# قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## تەپسىرى ئىبنى كەسىر

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن)

3

تەۋبە سۈرىسىدىن كەھف سۈرىسىگىچە

2011 م / 1432 ھ

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## ئىككىنچى نەشرى

| | |
|---|---|
| تەھرىر ۋە تۈزەتكۈچىلەر: | ئابدۇلباقى قاسىم<br>ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز<br>سابىرجان |
| يۇنىكودلاشتۇرغۇچى<br>بەت لايىھەلىگۈچى : | ئابدۇلباقى قاسىم |

## بىرىنچى نەشرى

| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچىلار: | ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز<br>مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم<br>مۆمىنجان سىدىق |
| تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: | ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللاھ<br>يۇسۇف قارىم<br>مۇھەممەد ئۆمەر<br>ئابدۇلھەمىد قارىھاجى |
| تەرجىمە تەھرىرلىرى: | مۇنەۋۋەر نىياز<br>ئابدۇسالام مۇسا<br>سابىرجان |
| رىياسەتچى: | ف. ئەل ئابدۇسسالام |
| تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: | ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم<br>پىروفېسسور ئابدۇررەھىم قەشقىرى |
| كومپيۇتېرغا ئالغۇچىلار: | ئا. رۇزى توختى<br>مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش) |

# المصباح المنير
## في تهذيب
# تفسير ابن كثير

للإمام إسماعيل بن عمر بن كثير رحمه الله

٣

من سورة التوبة إلى سورة الكهف

٢٠١١ م / ١٤٣٢ هـ

مركز الترجمة الأويغورية

## الطبعة الثانية

التحرير والمراجعة: عبد الغني عبد العزيز، عبدالباقي قاسم، صابرجان

تصميم الصفحة: عبدالباقي قاسم

---

## الطبعة الأولى

المترجمون: عبد الغني عبد العزيز، محمد عبد الله قاري، مؤمن جان صديق

المشاركون في الترجمة: عبد العزيز رحمة الله، يوسف قاري، محمد عمر، عبد الحميد قاري حاجي

التحرير: منورة بنت نياز، عبد السلام موسى، صابر جان

الإشراف: ف. عبد السلام

المراقب: الشيخ عبد المجيد صادق الآبادي، أ.د. عبد الرحيم القشقري

الحاسوب الآلي: ع. روزي توختي، موسى جان عبد القادر (بايتاش)

# مۇندەرىجە

## تەۋبە سۈرىسى


بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» نىڭ يېزىلمىغانلىقى ........ 23
مۇشرىكلارغا ئادا ـ جۇدا بولغانلىقنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ........ 24
ئەھدە تۈزۈپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىغان كىشىنىڭ ئەھدىسىنىڭ مۇددىتى تۈگىگىچە
كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى ........ 27
مۇشرىكلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈشنىڭ بۇيرۇلۇشى ........ 27
مۇشرىكلار ئامانلىق تىلىسە، ئۇلارغا ئامانلىق بېرىلىدىغانلىقى ........ 29
مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ تەكىتلەنگەنلىكى ........ 30
كۇپۇر كاتتىباشلىرىنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ ئېتىبارسىز ئىكەنلىكى ........ 33
مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم پايدىلىرى ........ 34
ئۇرۇش قىلىشتىكى ھېكمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى سىناشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ........ 35
مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ مەسچىتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرالمايدىغانلىقى ........ 37
مەسچىتلەرنى مۆمىنلەرنىڭ ئاۋاتلاشتۇرىدىغانلىقى ........ 37
ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مەسجىدى ھەرامنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنىڭ ئىمان ئېيتىش
ۋە جىھاد قىلىش بىلەن باراۋەر بولمايدىغانلىقى ........ 38
كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر مۇشرىكلارنى دوست تۇتماسلىقنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ........ 40
غەلىبىنىڭ غايىب ياردەمگە باغلىق ئىكەنلىكى ........ 42
ھۇنەين غازىتى ........ 43
مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسچىتىگە كىرىشىنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 47
ئەھلى كىتاب جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش
توغرىسىدا ........ 48
جىزيە تۆلەشنىڭ خارلىق ۋە كۇپۇرلۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى ........ 49
يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ شېرىك
كەلتۈرگەنلىكى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ئىكەنلىكى ........ 51
ئەھلى كىتابنىڭ ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى ........ 53
ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ........ 53
يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئۆلىمالاردىن ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى ئابىدلەردىن ھەزەر
ئەيلەش توغرىسىدا ........ 54
ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقانلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ........ 55
بىر يىلنىڭ 12 ئاي ئىكەنلىكى ........ 58
ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار ........ 60

ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا ........................ 61
شەرىئەت ئىشلىرىدا ئۆز قارىشىغا تايىنىپ ئىش تۇتۇشنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ......... 63
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي جىھادقا چىقمىغانلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا ........................................................................................ 65
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈچى ئىكەنلىكى ....... 66
ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى .............................. 68
مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ بايانى ..... 70
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ چىقماسلىقىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد ئۇچرىغانلىقى ........................................................................................ 71
مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش توغرىسىدا ............................ 73
مۇناپىقلارنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغانلىقى........................................... 78
سەدىقىلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە مۇناپىقلارنىڭ تەقسىماتتىن بېرىلىشىنى تەمە قىلىشى..... 79
زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى .................................................. 81
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ..... 85
يالغان قەسەم قىلىپ، كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭمۇ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى .............................................................. 86
سىرلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ........................................................................................ 87
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋە يالغان ئۆزرە تىلەشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ........................................................................................ 88
مۇناپىقلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ........................................................ 90
مۇناپىقلارنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا ................ 92
مۆمىنلەرنىڭ مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى.................................... 93
مۆمىنلەرگە مەڭگۈلۈك نازۇ ـ نېمەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى ................ 94
كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى........................................................................................ 96
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى....................................................... 97
مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىشى ...................... 98
پۇل ـ مال تەلەپ قىلىش، ئاندىن سەدىقە بېرىشكە بېخىللىق قىلىشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى........................................................................ 100
كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەش ۋە ئاز سەدىقە قىلغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.................................................... 101
مۇناپىقلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........................... 103
مۇناپىقلارنىڭ جىھادقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقى........................ 104
مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى........................... 106
مۇناپىقلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا.......................... 107
جىھادقا چىقماي قالغانلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا......................................... 108

جىھادقا قاتناشماسلىقنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئۆزرىلىرىنىڭ بايانى ................ 111
مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا................................ 113
ئەئرابىلارنىڭ كۇپۇرى ۋە مۇناپىقلىقىنىڭ تېخىمۇ زىيادە ئىكەنلىكى ........................ 114
مۇھاجىرلارنىڭ، ئەنسارىلارنىڭ ۋە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ
ئارتۇقچىلىقلىرى ................................................................................ 116
ئەئرابىيلار ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ مۇناپىقلىرى ............................................. 117
جىھادقا سەل قاراپ (ئۇنىڭغا) چىقمىغان مۆمىنلەر توغرىسىدا ............................ 119
زاكات ئېلىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا........................ 120
گۇناھكارلارغا بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ...................................... 122
جىھادقا چىقمىغان ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ الله تائالاغا قالدۇرۇلغانلىقى ....................... 123
زىيان يەتكۈزۈش ئاساسىدا سېلىنغان مەسچىت بىلەن تەقۋالىق ئاساسىدا سېلىنغان
مەسچىت توغرىسىدا ............................................................................. 124
قۇبا مەسچىتى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى.............................................. 126
مەزكۇر ئىككى مەسچىتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق .................................................. 127
الله تائالانىڭ مۇجاھىدلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى جەننەت بىلەن سېتىۋالغانلىقى ... 128
مۇشرىكلارغا دۇئا قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى.................................................. 131
بىرەر قەۋمنىڭ دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىلمەي تۇرۇپ جازالانمايدىغانلىقى.................... 133
تەبۇك غازىتىنىڭ بايانى............................................................................ 134
جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ قىسسىسى......................................................... 136
راست سۆزلەشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ............................................................. 142
تەبۇك غازىتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى ........................................................ 143
جىھاد قىلىشنى يېقىندىكى كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشتىن باشلاشنىڭ بۇيرۇلۇشى.......... 147
مۆمىنىنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىيىپ ۋە ئاجىزلاپ تۇرىدىغانلىقى، مۇناپىقلارنىڭ شەك ـ
شۈبھىلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئاشىدىغانلىقى.......................................................... 149
مۇناپىقلارنىڭ سىنىلىدىغانلىقى ................................................................ 150
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ الله تائالانىڭ ياخشىلىقى
ئىكەنلىكى ......................................................................................... 152

## يۇنۇس سۈرىسى

الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىنلا تاللايدىغانلىقى.................. 155
الله تائالانىڭ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ
قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى ........................................................................... 157
پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ بارىدىغان جايىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكى .......... 159
بارلىق شەيئىلەرنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە گۇۋاھ بولىدىغانلىقى .......................... 160
قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى ........................ 162
ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى....................... 162

الله  تائالانىڭ بەتدۇئانى ياخشى دۇئانى ئىجابەت قىلغاندەك ئىجابەت قىلمايدىغانلىقى ......164
ئىنسانلارنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەندە الله  نى ياد ئېتىپ، ياخشى كۈنلەردە ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقى ........................................................................................165
بۇرۇن هالاك قىلىنغان ئۈممەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا...........................166
قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى .........................................168
قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا ...........................168
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ئېتىقادلىرى.........................................171
شېرىكنىڭ پەيدا بولۇشى ...........................................................................172
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى .........................................................172
ئىنسانىنىڭ بېشىدىن مۇسىبەت كۆتۈرۈلۈپ رەھمەت قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى ........................................................................................175
دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى ...........................................................................178
مەڭگۈ يوقالمايدىغان نېمەتلەرگە قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا ...................................179
ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى .......................................................180
گۇناھكارلارنىڭ جازاسى ...........................................................................182
قىيامەت كۈنىدە مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى ......183
مۇشرىكلارنىڭ الله  تائالانىڭ ھەممىنى ئۆزى يالغۇز پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى........................................................................................186
قۇرئانىنىڭ الله  تائالانىڭ ھەق سۆزى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى .......................190
مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش توغرىسىدا.................................................193
قىيامەت مەيدانىغا توپلانغان چاغدا، دۇنيا ھاياتىنىڭ قىسقا ھېس قىلىنىدىغانلىقى ....195
الله  تائالانىڭ گۇناھكارلاردىن مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن چوقۇم ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى........................................................................................196
قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابقا ئالدىرىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب......198
قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكى........................................................................199
قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت، دىللارغا شىپا، رەھمەت ۋە ھىدايەت ئىكەنلىكى ....201
الله  تائالادىن باشقىسىنىڭ ھېچقانداق نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلالمايدىغانلىقى .....202
بارلىق چوڭ ـ كىچىك نەرسىلەرنىڭ الله  تائالانىڭ بىلىش دائىرىسىدە ئىكەنلىكى......203
الله  تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى.................................................................205
دۇنيادىكى خۇش خەۋەردىن راست چۈشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ...........................205
بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله  تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ......207
الله  تائالانىڭ ئايالى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكى ......................................208
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى.............................................210
ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى .................................210
گۇناھلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى.......................................................................212
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى.............................................214
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار.......................215

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن پەقەت ئازغىنا ياشلارنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى........................................................................ 216
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ...... 217
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقى................ 218
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا بەتدۇئا قىلغانلىقى............ 219
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قۇتۇلغانلىقى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ غەرق بولغانلىقى...... 221
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پاك، شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرۇلغانلىقى ................................................ 224
قۇرئان كەرىمنىڭ راستلىقى ھەققىدە ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ دەلىللەرنىڭ بارلىقى..... 225
ئازاب كېلىۋاتقان چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ پەقەت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگىلا مەنپەئەت قىلغانلىقى ...................................................................... 226
كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلاشنىڭ الله تائالانىڭ ھېكمىتىدىن ئەمەسلىكى...... 228
ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇش.................... 229
يالغۇز بىرلا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدا..... 231

## ھۇد سۈرىسى

ھۇد سۈرىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى ئاقارتىۋەتكەن سۈرىلەردىن ئىكەنلىكى ..................................................................... 233
قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ يالغۇز الله تەرىپىگىلا چاقىرىدىغانلىقى........................ 234
الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ........................... 236
الله تائالانىڭ ئىنسانلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارغىمۇ رىزىق بېرىشكە كېپىل ئىكەنلىكى....... 236
الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى ........................ 237
مۇشرىكلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەققىدىكى مۇنازىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابىنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىكى .................................................. 239
ئىنساننىڭ كەڭرىچىلىك ۋە قىيىنچىلىق ھالەتتىكى ئۆزگىرىشچانلىقى .................. 240
مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىنىڭ سىقىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەسەللى ................................................................ 241
قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ............................................................. 242
دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلىگەن كىشىگە ئاخىرەتتە ھېچ قانداق نېسىۋە يوقلۇقى........ 243
پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەمنىڭ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلىقى.................................................................... 244
ھەر بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ قۇرئاندا تېپىلىدىغانلىقى........................ 246
الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغۇچىلار ۋە الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارنىڭ ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ئىكەنلىكى ........................................................ 247
ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا ............................ 250
مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ مىسالى.................................................. 250

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى ...... 251

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى........................................ 253

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئازابنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب.... 256

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى........................................ 256

نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيى قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ........................................ 257

توپان بالاسىنىڭ باشلىنىشى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىگە ھەرخىل ھايۋاندىن بىر جۈپتىن سېلىشى ........................................ 258

كېمىگە چىقىش ۋە كېمىنىڭ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە مېڭىشى........................................ 260

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر ئوغلىنىڭ غەرق بولۇشى ........................................ 261

توپان بالاسىنىڭ ئاخىرلىششى ........................................ 262

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھەققىدە الله تائالاغا دۇئا قىلىشى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى ........................................ 263

ئامانلىق ۋە بەرىكەت بىلەن كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا........................................ 264

بۇ قىسسىلەرنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى ........................................ 265

ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئادنىڭ قىسسىسى ........................................ 266

ئاد قەۋمى بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ........................................ 267

ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشى ۋە ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ نىجات تېپىشى ........ 269

سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى........................................ 270

سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى سەمۇد ئارىسىدىكى مۇنازىرە........................................ 271

پەرىشتىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىسھاق ۋە يەئقۇب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى ........................................ 273

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەنلىكى ..... 276

پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىشى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سىقىلىشى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى ........................................ 277

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىزلىق ھېس قىلىشى، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشى........................................ 279

لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يۇرتىنىڭ دۈم كۆمتۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشى...... 281

مەديەن ئاھالىسىنىڭ قىسسىسى ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ........................................ 282

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى........................................ 283

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە رەددىيە بېرىشى ........................................ 284

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بەرگەن جاۋابى........................................ 286

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە رەددىيە بەرگەنلىكى........................................ 286

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە تەھدىت سالغانلىقى........................................ 287

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى........................................ 288

هالاك قىلىنغان يۇرتلاردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا ........................ 290
يۇرتلارنىڭ هالاك قىلىنىشىنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى....... 291
بەتبەختلەرنىڭ هالى ۋە بارىدىغان جايى توغرىسىدا ........................ 293
سائادەتمەنلەرنىڭ هالى ۋە بارىدىغان جايى........................ 294
شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ شەكسىز گۇمراهلىق ئىكەنلىكى ........................ 296
توغرا يولدا بولۇشقا بۇيرۇش........................ 297
ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش........................ 298
ياخشىلىقلارنىڭ يامانلىقنى ئۆچۈرىدىغانلىقى ........................ 298
قەبىھ ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى........................ 300
الله تائالانىڭ زېمىن ئەهلىنىڭ هەممىسىنى ئىمان ئېيتىشقا نېسىپ قىلمىغانلىقى ....... 302
خاتىمە........................ 303


## يۇسۇف سۈرىسى


بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى........................ 306
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ چۈشى ........................ 306
يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ (شەيتاننىڭ مىكرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) بۇ چۈشنى مەخپىي
تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىقى........................ 307
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىدىغانلىقى........................ 308
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىبرەتلەر........................ 309
قېرىنداشلىرىنىڭ يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت سورىغانلىقى ..... 310
يەئقۇب ئەلەيهىسسالامنىڭ جاۋابى ........................ 311
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقى ........................ 312
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئاتىسىغا ئىشلەتكەن هىيلە ـ مىكرىسى ..... 313
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ سېتىلغانلىقى........................ 314
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ مىسىردىكى كەچۈرمىشلىرى ........................ 316
ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ يۈسۈف ئەلەيهىسسالامغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا هىيلە ـ مىكرى
ئىشلەتكەنلىكى ........................ 317
خەۋەرنىڭ شەهەر ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يۈسۈف ئەلەيهىسسالامغا
هىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى ........................ 321
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنى زىندانغا تاشلاش قارارىنىڭ ئېلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا
قىلىنغانلىقى........................ 324
زىندانغا تاشلانغان ئىككى كىشىنىڭ چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنى يۈسۈف ئەلەيهىسسالامدىن
سورىغانلىقى........................ 324
يۈسۈف ئەلەيهىسسالام چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىككى كىشىنى الله تائالانىڭ بار
ۋە بىرلىكىنى تونۇشقا دەۋەت قىلغانلىقى ........................ 325
يۈسۈف ئەلەيهىسسالامنىڭ تۈرمىداشلىرىنىڭ چۈشلىرىگە بەرگەن تەبىرى ........................ 327

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىيغا: "مېنى پادىشاھنىڭ قېشىدا ئەسلەپ قويغىن" دېگەنلىكى ........................ 328
مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشى ........................ 329
پادىشاھنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى ........................ 330
يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ۋە باشقا مىسىر ئاياللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئېنىقلىنىشى ........................ 331
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى ........................ 334
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى ........................ 334
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىرغا كېلىپ ئاشلىق ئېلىپ قايتىشى ۋە ئەڭ كىچىك قېرىندىشىنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە قىلىشى ........................ 336
ئۇلارنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن بۇنيامىننىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ........................ 338
يۈك - تاقلارنىڭ ئارىسىدىن مال - مۈلۈكلەرنىڭ چىققانلىقى ........................ 339
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى مىسىر شەھىرىنىڭ باشقا - باشقا دەرۋازىلىرىدىن كىرىشكە بۇيرۇغانلىقى ........................ 340
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنيامىنغا تەسەللى بەرگەنلىكى ........................ 341
پادىشاھنىڭ قەدەھىنى قېرىندىشىنىڭ يۈك - تېقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇشى ۋە ئۇنى بۇ ھىيلە بىلەن تۇتۇپ قېلىشى ........................ 342
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئوغرىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىشى ... 344
قېرىنداشلارنىڭ بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىدىن بىرەيلەننىڭ تۇتۇپ قېلىنىشىنى تەكلىپ قىلىشى ۋە بۇ تەكلىپنىڭ رەت قىلىنىشى ........................ 345
قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭىنىڭ مەسلىھەتى ........................ 346
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ۋە بۇ ئېچىنىشلىق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ........................ 347
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە بۇنيامىننى ئىزدەشكە بۇيرۇشى ........................ 349
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا تونۇشلۇق بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشى... 350
يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ (كۆڭلىكىدىن ئۇنىڭ) ھىدىنى ئېلىشى.... 351
يەھۇزانىڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ خۇش خەۋەر بىلەن كەلگەنلىكى ........................ 352
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقى ........................ 353
يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنى قارشى ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چۈشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى ........................ 354
ئۆمرىنىڭ ئىسلام ئۈستىدە ئاخىرلىشىشىغا دۇئا قىلىش توغرىسىدا ........................ 355
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكى ........................ 356
ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئالامەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلىقى ........................ 358
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى ........................ 360
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن، شۇنداقلا ئەرلەردىن ئەۋەتىلگەنلىكى ........................ 361

پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى ............... 362
ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش................................ 362
پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا ياردەم بېرىلىدىغانلىقى ............... 363
ئىبرەت ئالىدىغان كىشىگە ئىبرەتنىڭ بارلىقى ........................................ 364

## رەئد سۈرىسى

قۇرئان ـ الله تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ............................................ 365
الله تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى بايان قىلىشى...................................... 366
الله تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى ........................................ 367
كۈن بىلەن ئاينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ سەير قىلىشى........................ 367
الله تائالانىڭ زېمىندىكى دەلىل ـ پاكىتلىرى .......................................... 368
ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش
ئىكەنلىكى.............................................................................. 370
كاپىرلارنىڭ ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىكى ...................................... 371
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ................... 373
پەقەت الله تائالانىڭلا غەيبنى بىلگۈچى ئىكەنلىكى.................................... 374
الله تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ئوراپ
تۇرىدىغانلىقى.......................................................................... 376
قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر توغرىسىدا ........................................................ 377
بۇلۇت، چاقماق ۋە گۈلدۈرماما قاتارلىقلارنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان
نەرسىلەر ئىكەنلىكى...................................................................... 378
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن چاغدا دۇئا قىلىش توغرىسىدا................................ 379
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىساللار ... 382
ھەممە نەرسىنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى..................................... 383
الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاش........................................... 384
ھەقنىڭ قېلىپ، باتىلنىڭ يوقىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال ...... 385
ئايەت بىلەن ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان سۈ بىلەن ئوتنىڭ مىساللىرى ............... 387
بەختلىك كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن بەدبەخت كىشىلەرگە بېرىلىدىغان جازا..... 388
مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى ........................................ 389
جەننەتكە كىرىدىغان سائادەتمەنلەرنىڭ سۈپەتلىرى..................................... 390
لەنەتكە ئۇچرايدىغان ۋە ئاخىرەتلىكى يامان بولىدىغان بەدبەختلەرنىڭ سۈپەتلىرى.... 392
رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى .................. 393
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە..................... 394
مۆمىنىنىڭ دىلىنىڭ الله تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغانلىقى ............... 395
خۇشاللىقنىڭ بايانى...................................................................... 396
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنىڭ ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئاننى

ئوقۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئىكەنلىكى ..... 397

كاپىرلارنىڭ قۇرئاننىڭ پەزىلىتىنى ئىنكار قىلىشى ..... 398

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىش ..... 401

الله بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق شېرىكچىلىكنىڭ يوقلۇقى ..... 402

كاپىرلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ بايانى ..... 404

ئەھلى كىتابتىن راستچىل بولغان كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاندىن خۇشاللىنىدىغانلىقى ..... 406

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولىدىغانلىقى ..... 408

الله تائالانىڭ ئىزنىسىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ..... 409

قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنىڭ بىكار قىلىنىشى ياكى ئۆز پېتى قالدۇرۇلۇشى توغرىسىدا ..... 409

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ پەقەت يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى، الله تائالانىڭ ھېساب ئالغۇچى ئىكەنلىكى ..... 411

كاپىرلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشى ..... 412

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە كىتاب (تەۋرات ۋە ئىنجىل) نى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكى ..... 413


## ئىبراھىم سۈرىسى


قۇرئاننى ۋە قۇرئاننىڭ مەقسىتىنى تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان كىشىگە بولىدىغان ئازاب توغرىسىدا ..... 415

ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ مىللەتتىن ئەۋەتىلگەنلىكى ..... 417

مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى ..... 418

ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقىرىشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ..... 421

پەيغەمبەرلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ..... 422

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ..... 423

ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە تەھدىت سالغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ شۇ پەيغەمبەرگە خۇش بېشارەت بەرگەنلىكى ..... 424

كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مىسالى ..... 429

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ پاكىتلىرى ..... 430

دوزاخ ئەھلىدىن ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ مۇنازىرىسى ..... 432

ئىبلىسنىڭ قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرىگە سۆز قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىدىغانلىقى ..... 434

ئىسلام كەلىمىسى بىلەن كۇفرى كەلىمىسىنىڭ مىسالى ..... 437

الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىمان كەلىمىسىدىن ئىبارەت ھەق سۆزدە مۇستەھكەم تۇرغۇزىدىغانلىقى ..... 438

الله تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە كۆپۈرلۈق قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى............443
ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا..........................445
الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى..........................446
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئورۇنلاشتۇرغاندا قىلغان دۇئاسى..........................448
الله تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ قىلمىشىدىن بىخەۋەر ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بەرگەنلىكى..........................452
ئازاب كەلگەندە مۆھلەت بېرىلمەيدىغانلىقى..........................453
الله تائالانىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقى..........................456
گۇناھكارلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى..........................458

## ھىجر سۈرىسى

كاپىرلارنىڭ قىيامەتتە: كاشكى مۇسۇلمان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدىغانلىقى.........461
ھالاك قىلىنىدىغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىنىڭ بارلىقى..............462
پەيغەمبەرگە سارائ دەپ تۆھمەت قىلغان ۋە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە..........................463
ھەر بىر ئۈممەت مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقى....464
ھەققە بوي ئەگمىگەن كاپىرلارنىڭ ھەر قانداق مۆجىزىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى..........................465
الله تائالانىڭ ئاسمان - زېمىندىكى قۇدرىتى ۋە ئالامەتلىرى..........................465
بارلىق خەزىنىلەرنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىكەنلىكى..........................468
شاماللارنىڭ پايدىسى..........................468
تاتلىق سۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن نېمەت ئىكەنلىكى..........................468
الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا ۋە قايتا تىرىلدۈرۈشكە ھازىر ئىكەنلىكى........469
ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلغان ماددىسى..........................470
ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئىبلىسنىڭ باش تارتقانلىقى..........................471
ئىبلىسنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىلگەنلىكى ......472
ئىبلىسنىڭ گۇناھقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقى..........................473
دوزاخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى توغرىسىدا..........................474
جەننەت ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى..........................475
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇل بالا بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى..........................476
پەرىشتىلەرنىڭ كېلىش سەۋەبى..........................477
پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى..........................478

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىدە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلغانلىقى ..... 478
شەھەر ئەھلىنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ قېشىغا ئۇلارنى ئەرلەر دەپ گۇمان قىلىپ كەلگەنلىكى..... 479
لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى........................................ 481
سەدۇمنىڭ يول ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر ئىكەنلىكى .......................................... 481
شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئەيكەلىكلەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى............... 482
سەمۇد قەۋمى بولغان ھىجرلىقلارنىڭ ھالاك قىلىنىشى............................................ 482
دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى..... 483
قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ......................... 485
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى ............................ 487
﴿پارچىلىۋەتكۈچىلەرگە﴾ دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى.................................................. 487
ھەقىقەتنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجرا قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى ............................. 489
مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش ۋە مەسخىرە قىلغۇچىلارغا الله تائالانىڭ ئۆزى تاقابىل تۇرىدىغانلىقى........................................................................................ 490
مۇشەققەتلەرگە چىداشقا ئۈندەش، تەسبىھ ئېيتىشقا، تاكى ئۆلگۈچە ئىبادەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ......................................................... 491

## نەھل سۈرىسى

قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا......................................... 493
الله تائالانىڭ خالىغان كىشىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىدىغانلىقى.............. 494
الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئىنساننى ياراتقانلىقى ............................... 495
چارۋا ـ ماللارنىڭ الله تائالانىڭ بىزگە يارىتىپ بەرگەن نېمەتلىرى ئىكەنلىكى ......... 497
دىنىي يوللارنىڭ بايانى ................................................................................ 499
يامغۇر ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى ............................................................................................. 500
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، كۈن بىلەن ئاينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىدا ۋە زېمىندىن چىقىرىلغان نەرسىلەردە الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقى ............... 501
دېڭىزلار، تاغلار، دەريا ـ ئۆستەڭلار، يوللار ۋە يۇلتۇزلاردىكى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر .......................................................................... 503
ئىبادەت قىلىنىشنىڭ الله تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ......................................... 504
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى يارىتىلغۇچى ئىكەنلىكى ....... 505
پەقەت الله تائالانىڭلا ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكى ............................................. 506
كاپىرلارنىڭ ۋەھىيدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئازابنىڭ ھەسسىلەپ بولىدىغانلىقى...... 507
ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئازابنىڭ بايانى ........................ 508
كاپىرلارنىڭ سەكراتتىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى.......................................... 510
تەقۋادارلارنىڭ ۋەھيي توغرىسىدىكى سۆزلىرى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات، ئۇلارنىڭ سەكراتتىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى........................................................ 511

”كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشنى كېچىكتۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئازابنى كۈتكەنلىكىدۇر“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ........ 513
مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكىگە تەقدىرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە ........ 514
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا اللّٰه تائالانىڭ ھېكمىتى بارلىقى ھەم بۇنىڭ اللّٰه تائالاغا ئاسان ئىكەنلىكى ........ 517
ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى ........ 519
اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىن ئەۋەتىدىغانلىقى ........ 520
گۇناھكارلارنىڭ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقى ........ 522
ھەممە نەرسىنىڭ اللّٰه تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى ........ 523
ئىبادەت قىلىنىشقا يالغۇز اللّٰه تائالانىڭلا لايىق ئىكەنلىكى ........ 525
اللّٰه تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشنىڭ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئىكەنلىكى ........ 526
مۇشرىكلارنىڭ قىز پەرزەنتنى يامان كۆرىدىغانلىقى ........ 527
گۇناھكارلارنىڭ دەرھال جازالانمايدىغانلىقى ........ 528
مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى اللّٰه تائالاغا نىسبەت بېرىدىغانلىقى ........ 529
ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئارقىلىق تەسەللى بېرىش توغرىسىدا ........ 530
قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەت ........ 531
مال ـ چارۋا، خورما ۋە ئۈزۈمدىكى نېمەت ۋە ئىبرەت توغرىسىدا ........ 531
ھەسەل ھەرىسى ۋە ئۇنىڭ ھەسىلىدە نېمەت ۋە ئىبرەتنىڭ بارلىقى ........ 533
ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى ئىبرەت توغرىسىدا ........ 535
ئىنساننىڭ تىرىكچىلىكىدە ئالامەت ۋە نېمەتلەرنىڭ بارلىقى ........ 535
ئايال، بالا ۋە نەۋرىلەرنىڭمۇ اللّٰه تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ........ 537
اللّٰه تائالادىن باشقىسىغا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى ........ 538
مۆمىن بىلەن كاپىر ئۈچۈن ياكى اللّٰه تائالا بىلەن بۇتلار ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللار ........ 538
يەنە بىر مىسال ........ 539
غەيبنى ۋە قىيامەتنىڭ قاچان، قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت اللّٰه تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى ........ 540
قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىقلارنىڭ اللّٰه تائالانىڭ نېمەتلىرى ئىكەنلىكى ........ 540
ئۇچار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىكى ئالامەتلەر ........ 542
ئۆيلەر، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ اللّٰه تائالانىڭ نېمەتلىرى ئىكەنلىكى ........ 543
سايىلەر، تاغلار، كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە تۆمۈرلەرنىڭمۇ اللّٰه تائالانىڭ نېمىتى ئىكەنلىكى ........ 543
پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا يەتكۈزۈپ قويۇش ئىكەنلىكى ........ 544
مۇشرىكلارنىڭ ھېساب كۈنىدىكى ئەھۋالى ........ 544
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى ........ 545
قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىنىڭ اللّٰه تائالاغا باش ئېگىدىغانلىقى ........ 546
بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغۇچى كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنىڭ قاتمۇقات بولىدىغانلىقى ........ 547

قىيامەت كۈنى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى.................548
قۇرئاندا ھەممە نەرسىنىڭ بايانىنىڭ بار ئىكەنلىكى ..........................................548
ئادىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ..........................................................550
ئۆرۈق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى، ئەخلاقسىز سۆز ـ
ھەرىكەت، يامان ئىش ۋە زۇلۇم قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى...............................550
ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا ئالاقىدار بىر ۋەقە ...........................................................551
ئەھدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا ..........................................................................552
مۇبادا الله تائالا خالىغان بولسا، بارلىق كىشىلەرنى بىر دىندا قىلالايدىغانلىقى ........555
كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچمەسلىك توغرىسىدا.................................556
دۇنيانى كۆزلەپ ئەھدىنى بۇزماسلىق توغرىسىدا .....................................................556
ياخشى ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ....................................................557
قۇرئاننى ئوقۇماقچى بولغاندا، الله تائالاغا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇش
توغرىسىدا..............................................................................................................558
بەزى ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقارغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە .....................559
مۇشرىكلارنىڭ قۇرئاننى مۇھەممەدكە ئىنسان ئۆگىتىپ قويىدى دېيىشكەنلىكى ۋە ئۇلارغا
بېرىلگەن رەددىيە ..................................................................................................560
كۇپرۇلۇققا قايتقان كىشى (مەجبۇرلانغانلار مۇستەسنا) نىڭ الله تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار
بولىدىغانلىقى.........................................................................................................562
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى..........................................................................563
كۇپرۇلۇققا مەجبۇرلانغۇچى (مەجبۇرلانغاندىن كېيىن) ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلسا،
گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى.......................................................................565
مەككە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال .....................................................................566
ھالال رىزىقتىن يېيىشكە ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرۇش ۋە ھارام نەرسىلەرنىڭ بايانى.....569
بىرگە ھالال بەزى نەرسىلەرنىڭ يەھۇدىيلارغىلا ھارام قىلىنغانلىقى..............................570
الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ...................................571
دەۋەتنى ھېكمەت ۋە ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن ئېلىپ بېرىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى....574
قىساس ئالغاندا، ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى كەم قويماستىن باراۋەر ئېلىش توغرىسىدا ....575

## ئىسرا سۈرىسى

ئىسرا سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى..................................................................................577
الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەرەم مەسچىتىدىن ئەقسا
مەسچىتىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى...............................................................578
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بايان قىلىپ
كەلگەن ھەدىسلەر...................................................................................................578
ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان ئىشنىڭ ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ چۈشىدە ئەمەس بەلكى تەن

ۋە روھ بىلەن ئويغاق ھالەتتە بولغانلىقى ...... 592
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنىڭ بېرىلگەنلىكى ...... 596
تەۋراتتا يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنىڭ بايان قىلىنغانلىقى ...... 598
يەھۇدىيلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ...... 598
ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقى ...... 599
قۇرئاننى مەدھىيىلەش ...... 600
ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇ ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە بەددۇئا قىلىپ قالىدىغانلىقى ...... 601
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ كاتتا قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى ...... 602
ھەر بىر ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قىلمىشلىرى يېزىلغان دەپتەرنىڭ بىللە بولىدىغانلىقى ...... 604
بىرى يەنە بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى ...... 606
پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەي تۇرۇپ ھېچ بىر ئادەمنىڭ ئازابلانمايدىغانلىقى ...... 607
ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللارنىڭ ھۆكمى ...... 607
بۇ مەسىلە توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ...... 609
قۇرەيشلەر ئۈچۈن قىلىنغان تەھدىت ...... 610
دۇنيانىلا كۆزلىگەن كىشىنىڭ جازاسى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلىگەن كىشىنىڭ مۇكاپاتى ...... 611
الله تائالانى بىردەپ بىلىش ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ...... 614
بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقىنىڭ (ئۇنىڭ) الله تائالاغا تەۋبە قىلىشى بىلەن كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى ...... 616
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز يەرگە ئىسراپ قىلىشتىن توسۇش ...... 617
تۇرمۇشتا ئوتتۇرا ھال بولۇش ...... 619
باللارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ...... 620
زىنا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇش ...... 621
ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش ...... 622
يېتىملارنىڭ ماللىرىدا ياخشى يولنى تۇتۇش، ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولۇش ...... 623
بىلمىگەن نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەسلىك ...... 624
ھاكاۋۇرلارچە مېڭىشنى ئەيىبلەش ...... 625
يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەھيى ۋە ھېكمەت ئىكەنلىكى ...... 626
"پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ قىزلىرىدۇر" دەپ گۇمان قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە ...... 627
ھەممە نەرسىلەرنىڭ الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى ...... 629
مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنىڭ پەردىلەنگەنلىكى ...... 631
قۇرەيشلىكلەرنىڭ قۇرئاننى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆزئارا پىچىرلىشىدىغانلىقى ...... 633
ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمىگەنلەرگە بېرىلگەن رەددىيە ...... 635
سۆز قىلغاندا ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئەدەب بىلەن سۆزلەش كېرەكلىكى ...... 638
بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى ...... 639

مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالاغا يېقىنلىششتا ۋاستە تەلەپ قىلىدىغانلىقى........................................640
كاپىرلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن گۇمران قىلىنىدىغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقى........................................641
مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكنىڭ سەۋەبى........................................642
الله تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن سىناق قىلغانلىقى........................................644
ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى........................................645
كىمنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى........................................649
كاپىرلارنىڭ الله تائالانى پەقەت ئاپەتكە يولۇققاندىلا ياد ئېتىدىغانلىقى........................................649
ئەگەر الله تائالا خالىسا، ئۇلارنى قايتىدىن دېڭىزغا قايتۇرىدىغانلىقى........................................650
ئىنسانلارنىڭ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى........................................651
ھەر بىر ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ يول باشلامچىسى بىلەن بىرگە چاقىرىلىدىغانلىقى........................................652
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ بەزى ۋەھيىنى ئۆزگەرتىش تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ قالغىنىدا، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنىڭ بولىدىغانلىقى........................................654
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى........................................655
نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى........................................656
پەرىشتىلەرنىڭ بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىدا توپلىنىدىغانلىقى........................................656
كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........................................657
ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........................................662
قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا قىلىنغان تەھدىت........................................663
قۇرئاننىڭ شىپا ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى........................................664
ئىنساننىڭ خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكتىكى مىجەز ئادىتى........................................665
روھ توغرىسىدا........................................667
روھ بىلەن جاننىڭ بايانى........................................668
ئەگەر الله تائالا خالىسا، قۇرئاننى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى........................................669
الله تائالانىڭ قۇرئان بىلەن جەڭ ئېلان قىلغانلىقى........................................669
قۇرەيشلەرنىڭ مۇئەييەن مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە....670
مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى........................................673
مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە........................................675
توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇۋېتىشنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى........................................677
ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەرنىڭ جازاسى........................................678
بېخىللىق قىلىشنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئىكەنلىكى........................................680
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز مۆجىزە........................................681
پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى........................................682

قۇرئاننىڭ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ چۈشكەنلىكى ........684
ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن بولغان ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى..........................................................................685
الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار ئىكەنلىكى ..............................................686
قىرائەتنى ئوتتۇرا ھال ئاۋاز بىلەن قىلىش كېرەكلىكى..........................................687
الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ بايانى..............................................688

## كەھف سۈرىسى

كەھف سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئون ئايەت، ئاخىرىدىكى ئون ئايەتنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ سۈرىنىڭ دەججالدىن ساقلايدىغانلىقى ..........................689
قۇرئاننىڭ خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەنلىكى..........690
بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى...........................................................691
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قارىتا ئەپسۇسلانماسلىققا بۇيرۇلغانلىقى.................................................................................693
بۇ دۇنيانىڭ سىناق مەيدانى ئىكەنلىكى......................................................693
ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسى ......................................................694
ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى .....696
ئۆڭكۈرنىڭ ئورنى ..........................................................................701
يىگىتلەرنىڭ ئۆڭكۈردە ئۇيقۇدا ياتقانلىقى ....................................................702
يىگىتلەرنىڭ ئويغانغانلىقى ۋە تاماق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتكەنلىكى.........703
شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئۇلارنى تاپقانلىقى ۋە ئەسلىمە يۈزىسىدىن ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە سالغانلىقى..........................................................................705
يىگىتلەرنىڭ سانى ...........................................................................707
بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا "الله تائالا خالىسا" دېيىش توغرىسىدا.....................709
يىگىتلەرنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتى.........................................................711
قۇرئاننى ئوقۇشقا ۋە مۆمىنلەر بىلەن سەۋرچان ھالدا بىللە بولۇشنىڭ بۇيرۇلىشى.......712
ھەق قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ جازاسى........................................................................................714
ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل - ئىبادەت قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ............................716
باي كاپىر بىلەن پېقىر مۇسۇلماننىڭ مىسالى...................................................717
پېقىر مۇسۇلماننىڭ جاۋابى....................................................................719
كاپىرلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ..................................................................721
بۇ دۇنيانىڭ مىسالى............................................................................723
الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مال - دۇنيا توپلىغاندىن ۋە بالا - چاقىلاردىن ياخشى ئىكەنلىكى............................................................................................724
قىيامەت بولغاندا يۈز بېرىدىغان قورقۇنچلۇق چوڭ ئىشلار.........................................725

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى........................ 729
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ بىرەر نەرسىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ
يارىتىلغانلىقىنىمۇ كۆرمىگەنلىكى........................ 731
"ﷲ تائالانىڭ شېرىكلىرى" دەپ قارالغانلارنىڭ جاۋاب قايتۇرالمايدىغانلىقى ۋە
گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى........................ 732
قۇرئاندا تۈرلۈك مىساللارنىڭ بايان قىلىنغانلىقى........................ 734
كاپىرلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ بايانى........................ 735
ﷲ تائالانىڭ ئايەتلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن
كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق ئۇۋال قىلغان كىشى بولىدىغانلىقى........................ 736
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى........................ 738
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىششى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ
مېڭىشى........................ 742
كېمىنى تېشىۋېتىشىنىڭ بايانى........................ 744
بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ بايانى........................ 745
تامنى تۈزەپ قويۇشىنىڭ بايانى........................ 746
كېمىنى تېشىۋېتىشىنىڭ سەۋەبى........................ 747
بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ سەۋەبى........................ 747
تامنى ھەقسىز تۈزەپ قويۇشىنىڭ سەۋەبى........................ 748
خىزىرنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكى........................ 749
خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر (يەنى يېشىل) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى........................ 749
زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى........................ 750
زۇلقەرنەيننىڭ كاتتا پادىشاھ ئىكەنلىكى........................ 750
زۇلقەرنەيننىڭ غەربكە بارغانلىقى........................ 751
زۇلقەرنەيننىڭ شەرق تەرەپكە بارغانلىقى........................ 753
زۇلقەرنەيننىڭ يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ زېمىنىغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە توسما سالغانلىقى...... 754
توسمىنىڭ يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ چىقىشىنى توسىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىيامەتكە يېقىن
تۈپتۈز قىلىنىپ كېتىلىدىغانلىقى........................ 756
قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ كاپىرلارغا ئاشكارا كۆرسىتىلىدىغانلىقى........................ 757
ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ بايانى........................ 758
ياخشى مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى........................ 760
ﷲ تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى........................ 761
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ، ﷲ تائالانىڭ يالغۇز
بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ بايانى........................ 762

# تەۋبە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 129 ئايەت

بَرَآءَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ١ فَسِيحُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ
وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى ٱللَّهِ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُخْزِى ٱلْكَٰفِرِينَ ٢

(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش(يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر﴿1﴾. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر الله (نىـڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (بىلىڭلاركى) الله كاپىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر﴿2﴾.

## بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» نىڭ يېزىلمىغانلىقى

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەڭ ئاخىرىدا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا تەۋبە سۈرىسى چۈشتى. بۇ سۈرە "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" بىلەن باشلانمىدى. چۈنكى ساھابىلار خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئانىدا[2] بۇ سۈرىنىڭ بېشىغا "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" نى يازمىغان. بەلكى ئۇلار خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشكەن ئاساستا شۇنداق قىلغان.

(1) نىسا سۈرىسى 176 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) خەلىپە ئوسمان تۈنجى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ شۆبىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر نەچچە نۇسخا قىلىپ تارقاتقان.

بۇ سۈرىنىڭ باش تەرىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، ھەجگە بېرىشنى نىيەت قىلغان چاغدا نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ بۇ يىل ھەج مەۋسىمىدە ئۆزلىرىنىڭ بەيتۇللاھنى قىپ ـ يالىڭاچ تاۋاپ قىلىش ئادىتى بويىچە ھەج قىلغىلى كېلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ھەج قىلىشنى ياقتۇرماي، بۇ يىل ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىشىلەرگە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىش، مۇشرىكلارغا بۇ يىلدىن كېيىن ھەج قىلماسلىقنى ئۇقتۇرۇش ۋە كىشىلەر ئارىسدا: **﴿(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر﴾** دەپ جاكارلىشى ئۈچۈن ھەج قىلغۇچىلارغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. ئەبۇبەكرى يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز.

## مۇشرىكلارغا ئادا ـ جۇدا بولغانلىقنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا

**﴿(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا ـ جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار﴾** بۇ ئايەت مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىمەي، مۇتلەق ئەھدە تۈزۈشكەن ياكى تۆت ئايدىن ئاز ئەھدە تۈزۈشكەنلەرگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى تۆت ئايدىن ئاز تۈزۈلگەن ئەھدىنىڭ ۋاقتى بۇ تۆت ئاي ئىچىدە تۈگەپ بولىدۇ. ئەمما مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىنىپ تۈزۈشكەن ئەھدىنىڭ ۋاقتى توشقىچىلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ ئەھدىسى ۋاقتى تۈگىگىچىلىك كۈچكە ئىگىدۇر».

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى مەدەنىي مۇھەممەد ئىبنى كەئب خۇرەزىي ۋە باشقىلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى ھەج مەۋسۇمىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنى ھەج قىلغۇچىلارغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى تەۋبە سۈرىسىنىڭ 30 ـ ياكى 40 ـ ئايىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئەلى بۇ ئايەتلەرنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ يەر يۈزىدە خالىغانچە تۆت ئاي يۈرۈشكە ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئەلى بۇ ئايەتلەرنى ئۇلارغا ئەرەپات كۈنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا زۇلھەججە ئېيىنىڭ قالغان 20 كۈنىنى، مۇھەررەم، سەپەر، رەبىئۇلئاۋۋال ئايلىرىنى ۋە رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىنى مۆھلەت قىلىپ بەلگىلەپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن كېيىن، بىرەر مۇشرىكنىڭ ھەج قىلىشى ۋە بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشى ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

وَأَذَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلنَّاسِ يَوْمَ ٱلْحَجِّ ٱلْأَكْبَرِ أَنَّ ٱللَّهَ بَرِىٓءٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ۙ وَرَسُولُهُۥ ۚ فَإِن تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى ٱللَّهِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣﴾

(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر، ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، **الله** (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴿3﴾.

﴿**(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە**﴾ يەنى ھەج پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ مەشھۇر ۋە كىشىلەر ئەڭ كۆپ توپلىنىدىغان قۇربانلىق قىلىش كۈنىدە ﴿**الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى**﴾ يەنى كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلان ۋە ئاگاھلاندۇرۇشكى ﴿**الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدادۇر**﴾ ئاندىن **الله** ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر (كۇفرىدىن)**﴾ يەنى شېرىك ۋە گۇمراھلىقتىن ﴿**تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر، ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، الله (نىڭ ئازابى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر**﴾ بەلكى **الله** سىلەرنى جازالاشقا قادىردۇر. سىلەر **الله** نىڭ چاڭگىلىدا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىدارە قىلىشى ئاستىدا سىلەر. ﴿**كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن**﴾ يەنى دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە توقماقلار، تاقاق ۋە زەنجىرلەر بىلەن ئازابلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۇ ھەجدىكى قۇربانلىق كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى: مىنادا بۇ يىلدىن كېيىن ھېچ بىر مۇشرىكنىڭ ھەج قىلىش ۋە بەيتۇللاھنى قىپ ـ يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ،ـ دەپ جاكارلىغۇچىلار قاتارىدا ئەۋەتتى. ھۇمەيد مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىنى كىشىلەر ئارىسدا ئېلان قىلىشقا بۇيرۇپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئارقىسدىن يولغا سالدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: قۇربانلىق كۈنى ئەلى بىز بىلەن بىرلىكتە مىنادا تۇرۇۋاتقانلارغا تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشىغا ۋە بەيتۇللاھنى قىپ ـ يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ،ـ دېگەن ئېلاننى جاكارلىدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇربانلىق كۈنى ئەبۇبەكرى مېنى مىنادا مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشىغا، بەيتۇللاھنى قىپ ـ يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ،ـ دەپ جاكارلىغۇچىلار قاتارىدا ئەۋەتتى. ئېيتىلىشىچە، كىشىلەر بۇ كۈننى كىچىك ھەج كۈنى دەپ ئاتىغان، بۇ ئايەت چۈشۈپ بۇ كۈننى ھەج كۈنى دەپ ئوچۇقلاشتۇرغان. ئەبۇبەكرى كىشىلەر ئارىسدا بۇنىڭدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ ھەج قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىنى قىلغان يىلى مۇشرىكلاردىن ھېچكىم ھەج قىلالمىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەۋبە سۈرىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنى ھەج قىلىدىغان كىشىلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتىپ بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىرەر ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزسەڭ بوپتىكەن، ـ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن بۇ ئايەتلەرنى پەقەت مېنىڭ ئائىلەمدىن بىر ئادەم يەتكۈزۈشى كېرەك» دېدى. ئاندىن ئەلىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: سەن تەۋبە سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى بۇ ئايەتلەر بىلەن يولغا چىققىن. قۇربانلىق كۈنى ئادەملەر مىناغا توپلانغان چاغدا، ئۇلار ئارىسىدا: شەك ـ شۈبھىسىزكى، كاپىر جەننەتكە كىرمەيدۇ، بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلار ھەج قىلمايدۇ، بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلمايدۇ، كىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئەھدىسى ۋاقتى توشقىچە كۈچكە ئىگىدۇر، ـ دەپ جاكارلىغىن!

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ئەزبا“ ئاتلىق تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ ئەبۇبەكرىگە يول ئۈستىدە يېتىشىۋالدى. ئەبۇبەكرى ئۇنى كۆرۈپ: سەن باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلدىڭمۇ ياكى بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئەلى: بىر ئىش بىلەن كەلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇردى. ئەبۇبەكرى كىشىلەرنى ھەج قىلدۇردى. شۇ يىلى ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادىتى بويىچە ھەج پائالىيەتلىرىنى قىلدى. قۇربانلىق كۈنى بولغاندا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئىنسانلار! شەك ـ شۈبھىسىزكى، كاپىر جەننەتكە كىرمەيدۇ، بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلار ھەج قىلمايدۇ، بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلمايدۇ. كىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئەھدىسى ۋاقتى توشقىچە كۈچكە ئىگىدۇر» دېگەن بۇيرۇقنى جاكارلىدى.

شۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلار ھەج قىلالمىدى. بەيتۇللاھنى قىپ ـ يالىڭاچ تاۋاپ قىلالمىدى. ئەبۇبەكرى بىلەن ئەلى ھەجدىن يېنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. تەۋبە سۈرىسىنىڭ بۇ ئايەتلىرى مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىمەي ئەھدە تۈزگەن ۋە مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ ئەھدە تۈزگەن مۇشرىكلار ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

* * * * * * *

إِلَّا ٱلَّذِينَ عَـٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنقُصُوكُمْ شَيْـًٔا وَلَمْ يُظَـٰهِرُوا۟ عَلَيْكُمْ أَحَدًا فَأَتِمُّوٓا۟
إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَىٰ مُدَّتِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٤﴾

ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ﴿4﴾.

## ئەھدە تۈزۈپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىغان كىشىنىڭ ئەھدىسىنىڭ مۇددىتى تۈگىگىچە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەنمەستىن، مۇتلەق ئەھدە تۈزگەن كىشىلەرگە بېرىلگەن تۆت ئايلىق مۇددەت ھۆكمىدىن ئايرىم ھۆكۈمدۇر. مۇتلەق ئەھدە تۈزگەنلەر تۆت ئاي ئىچىدە جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى خالىغان يەرگە كەتسە بولىدۇ. لېكىن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ تۈزگەنلەرنىڭ ئەھدىسى ئۇنىڭ ۋاقتى تۈگىگىچە كۈچكە ئىگىدۇر.

يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ تۈزگەن ئەھدىسى بولسا، ئۇنىڭ ۋاقتى تۈگىگىچە كۈچكە ئىگىدۇر» دېگەن ھەدىسلىرى بايان قىلىندى. بۇ، ئەھدە تۈزگەن كىشىلەرنىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى، مۇسۇلمانلارغا قارشى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلماسلىقى شەرت قىلىنغان ئاساستا كۈچكە ئىگىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئەھدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى تۈگىگىچە تولۇق رىئايە قىلىنىدۇ ۋە ئەمەل قىلىنىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله تەقۋادارلارنى**﴾ يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغانلارنى ﴿**دوست تۇتىدۇ**﴾.

*******

فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلْأَشْهُرُ ٱلْحُرُمُ فَٱقْتُلُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَٱحْصُرُوهُمْ وَٱقْعُدُوا۟ لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِن تَابُوا۟ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُا۟ ٱلزَّكَوٰةَ فَخَلُّوا۟ سَبِيلَهُمْ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥﴾

(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، **الله** (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر﴿5﴾.

## مۇشرىكلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈشنىڭ بۇيرۇلۇشى

مۇجاھىد، ئەمر ئىبنى شۇئەيب، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، قەتادە، سۇددى ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تۆت ئايدىن **الله** تائالانىڭ: ﴿**(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى (يەر يۈزىدە ئەركىن يۈرۈشنى كۆرسەتكەن) تۆت ئاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

﴿**(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە**﴾ يەنى بىز سىلەرگە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلغان ۋە ئۇلارغا خالىغان يەرگە كېتىۋېلىشنى بەلگىلەپ بەرگەن تۆت ئاي تۈگىسە، ﴿**مۇشرىكلارنى قەيەردە**﴾ يەنى زېمىننىڭ نەرىدە ﴿**ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار**﴾.

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي ئايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار بولسا، **الله** تائالانىڭ: ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كۆرسىتىلدى.

﴿**ئەسىرگە ئېلىڭلار**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىر ئېلىشنى خالىساڭلار ئەسىر ئېلىڭلار.

﴿**قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار**﴾ يەنى ئۇلارنى پەقەت ئۇچرىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ۋە سېپىللىرىدا قورشاشقا تىرىشىڭلار. ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ تار يەرگە قىستاپ، يا ئۆلۈمنى تاللاشقا ياكى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلاڭلار.

﴿**ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر**﴾ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى بەرمىگەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا، مۇشۇ ئايەت كەرىمگە ۋە مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدىغان ئايەتلەرگە ئاساسلاندى. چۈنكى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ئىسلامغا كىرىش ۋە ئىسلامنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش شەرتى بىلەن ھارام قىلىنغاندۇر. **الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن باشلاپ تەكىتلىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى (شاھادەت ئېيتىشتىن قالسىلا) غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالانىڭ ھەققى بولغان نامازنى ئادا قىلىشتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، زاكات بېرىشتۇر. زاكات پېقىرلارنىڭ ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتىكى ئاساسىي مەنبەسىدۇر. زاكات ئىجتىمائىي ھاياتتا ئالاقىدار بولغان ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. شۇڭا **الله** تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە ناماز بىلەن زاكاتنى بىر ئورۇندا بايان قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار: **الله** تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **الله** تائالانىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم».

بۇ ئايەت كەرىم مۆمىنلەرنى مۇشرىكلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە زەھھاك ئىبنى مۇزائىم مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ھەر قانداق ئەھدىنى ۋە ھەرقانداق مۇددەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەۋبە سۈرىسىنىڭ بۇ ئايەتلىرى نازىل بولغان ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان بۇ ئايلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدە پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. تەۋبە سۈرىسى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن ئەھدىنىڭ مۇددىتى تەۋبە سۈرىسى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان تۆت ئايدىن ئىبارەتتۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى 191 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * *

وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْلَمُونَ ﴿٦﴾

ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر﴿6﴾.

## مۇشرىكلار ئامانلىق تىلىسە، ئۇلارغا ئامانلىق بېرىلىدىغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر مۇشرىكلاردىن**﴾ يەنى سەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغان، ساڭا جانلىرى ۋە ماللىرى ھالال قىلىپ بېرىلگەن كاپىرلاردىن ﴿**بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە**﴾، ئۇنىڭ سەن ئوقۇپ بەرگەن قۇرئاننى ئاڭلىشى ۋە سېنىڭ الله تائالانىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى ئارقىلىق دىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشۈڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغىن!

﴿**ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن**﴾ يەنى ئۇ ئامانلىق ئىچىدە يۇرتىغا، ئۆيىگە ۋە ئۆزى خاتىرجەم بولىدىغان جايغا كېتىۋالسۇن.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر**﴾ يەنى بىز ئەنە شۇلارنىڭ ئامانلىقى، ئۇلارنىڭ الله نىڭ دىنىنى بىلىشى ۋە الله تائالانىڭ دەۋىتىنىڭ بەندىلەر ئارىسىدا تارقىلىشى ئۈچۈن يولغا قويدۇق.

ئىبنى ئەبۇنەجىيە مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: بىر ئىنسان سېنىڭ سۆزۈڭنى ۋە ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلاش ئۈچۈن قېشىڭغا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا، ئۇ سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋە خالىغان يېرىگە خاتىرجەم كەتكەنگە قەدەر ئامانلىق بېرىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا يول يورۇق سوراپ ياكى ئەلچىلىك بىلەن كەلگەن كىشىگە ئامانلىق بېرەتتى. مەسىلەن: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قۇرەيش تەرەپتىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد، مۇكرىز ئىبنى ھەپس، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ۋە باشقىلار بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى بۇ مەسىلە[1] ھەققىدە كېلىپ كېتىپ تۇردى. ئەلچىلەر بۇ جەرياندا مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يىل مەككىگە كىرىش ياكى كىرمەسلىك ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى بىرەر پادىشاھنىڭ ياكى قەيسەر[1] نىڭ ھۇزۇرىدا كۆرمىگەن ئىدى.

ئۇلار قايتىپ بېرىپ، قۇرەيش قەۋمىگە بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. بۇ ۋەقە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىدا چوڭ رول ئوينىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مۇسەيلىمە كەززابنىڭ ئەلچىسى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مۇسەيلىمەنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن: «ئەگەر ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدىغان بولمىسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ كاللاڭنى ئالاتتىم» دېدى. ئىبنى مەسئۇد كۇفە شەھىرىگە ۋالىي بولغاندا، ﷲ تائالا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا (ئىبنى مەسئۇدنى) مۇيەسسەر قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئىبنى نەۋاھە ئىدى. ئىبنى مەسئۇد ۋالى بولغان مەزگىللەردە، ئىبنى نەۋاھەنىڭ مۇسەيلىمە كەززاب پەيغەمبەردۇر، ـ دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ: ھازىر سەن ئەلچى ئەمەس، ـ دەپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ لەنىتىنىڭ كاللىسى ئېلىندى.

بۇ ئايەتتىن مەقسەت، ئۇرۇش بولۇۋاتقان كاپىرلارنىڭ زېمىنىدىن ئىسلام زېمىنىغا ئەلچىلىك ياكى تىجارەت ئۈچۈن ياكى سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ياكى جىزيە تۆلەش ئۈچۈن ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر سەۋەب بىلەن كەلگەن ئادەم خەلىپە ياكى خەلىپىنىڭ ئورۇنباسارىدىن ئامانلىق تىلىسە، ئۇنىڭغا ئىسلام زېمىنىدا يۈرگەن مەزگىلدە ۋە يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنگە قەدەر ئامانلىق بېرىلىدۇ.

*******

كَيۡفَ يَكُونُ لِلۡمُشۡرِكِينَ عَهۡدٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ رَسُولِهِۦٓ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّمۡ عِندَ
ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۖ فَمَا ٱسۡتَقَٰمُواْ لَكُمۡ فَٱسۡتَقِيمُواْ لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ٧

ﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان) مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟ ئەمما مەسجىدى ھەرام قېشىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ﷲ تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴿7﴾.



## مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنىڭ تەكتلەنگەنلىكى

ﷲ تائالا مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلارغا تۆت ئاي مۆھلەت بېرىش ۋە مۇشۇ تۆت ئاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قارىشىچە، (ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان)**

---

(1) ئەينى ۋاقىتتىكى رۇم پادىشاھى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مۇشرىكلاردا قانداقمۇ مۇئاھىدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟﴾** يەنى ئۇلار الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلاردا قانداقمۇ ئامانلىق بولسۇن؟

**﴿ئەمما مەسجىدى ھەرام قېشىدا سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار﴾** يەنى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ـ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى﴾[1].

**﴿ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەر مۇشرىكلار بىلەن 10 يىلغىچە ئۇرۇش توختىتىشقا كېلىشىپ سۈلھى تۈزدۈڭلار، بۇ سۈلھىگە ئۇلار قانچىلىك ئەمەل قىلسا، **﴿سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار بۇ ئەھدىگە ئەنە شۇنداق ۋاپا قىلدى. مەككىلىكلەر بىلەن تۈزۈشكەن بۇ ئەھدە ھىجرىيەنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدىن باشلاپ قۇرەيشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بەنۇبەكرى قەبىلىسىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسىگە) قارشى ياردەم بېرىپ ئەھدىنى بۇزغانغا قەدەر داۋام قىلدى. يەنى قۇرەيشلەر بەنۇ بەكىر قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ھەرەمدە خۇزائە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇلارغا قارشى غازات يۈرۈشى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ھەرەمنى مۇسۇلمانلارغا فەتھى قىلىپ بەردى ۋە كاپىرلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر الله تائالاغا خاستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ھۆكۈمرانلىقنى تولۇق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى قويۇپ بەردى. ئۇلار "قويۇپ بېرىلگەنلەر" دەپ ئاتالدى. ئۇلار تەخمىنەن 2000 كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ۋە كۇپۇرلۇقتىن يانمىغانلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئامانلىق بەردى ۋە ئۇلارنىڭ خالىغا يېرىگە كېتىۋېلىشى ئۈچۈن تۆت ئاي مۆھلەت بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇجەھل ۋە باشقىلار بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە ھىدايەت قىلدى. الله تائالا جىمى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مەدھىيىلەنگۈچىدۇر.

* * * * * * *

كَيۡفَ وَإِن يَظۡهَرُواْ عَلَيۡكُمۡ لَا يَرۡقُبُواْ فِيكُمۡ إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ يُرۡضُونَكُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَتَأۡبَىٰ قُلُوبُهُمۡ وَأَكۡثَرُهُمۡ فَٰسِقُونَ ﴿٨﴾

مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەرنىڭ تۇغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىقىقا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا

(1) فەتھ سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خۇش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن، كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەن تولغان). ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴿8﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنى دۈشمەن تۇتۇشقا ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا (مۆمىنلەرنى) رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەھدە تۈزۈشكە لايىق ئادەملەر ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئۈستۈنلىككە ئېرىشكەن تەقدىردە، مۇسۇلمانلار ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ.

*******

ٱشْتَرَوْا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُمْ سَآءَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩﴾ لَا يَرْقُبُونَ
فِى مُؤْمِنٍ إِلًّا وَلَا ذِمَّةً ۚ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُعْتَدُونَ ﴿١٠﴾ فَإِن تَابُوا۟ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُا۟
ٱلزَّكَوٰةَ فَإِخْوَٰنُكُمْ فِى ٱلدِّينِ ۗ وَنُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿١١﴾

ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴿9﴾ ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴿10﴾. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴿11﴾.

الله تائالا مۇشرىكلارنى ئەيىبلەپ ۋە مۆمىنلەرنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى (دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن) ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشتى﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىشنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ئويۇن ـ تاماشىلىرىغا تېگىشىۋەتتى.

**﴿(كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توستى﴾** يەنى مۆمىنلەرنى ھەقكە ئەگىشىشتىن توستى. **﴿ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾**.

*******

وَإِن نَّكَثُوٓا۟ أَيْمَـٰنَهُم مِّنۢ بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُوا۟ فِى دِينِكُمْ فَقَـٰتِلُوٓا۟ أَئِمَّةَ ٱلْكُفْرِ ۙ إِنَّهُمْ لَآ
أَيْمَـٰنَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنتَهُونَ ﴿١٢﴾

ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق﴿12﴾.

## كۇپۇر كاتتىباشلىرىنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ ئېتىبارسىز ئىكەنلىكى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سىلەر مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار **﴿قەسەملىرىنى﴾** يەنى تۈزۈشكەن ئەھدىلىرىنى بۇزسا **﴿ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە﴾** يەنى ئۇلار دىنىنى ئەيىبلىسە ۋە كەمسىتسە **﴿ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ كۇپرىدىن، ھەق بىلەن قارشىلىشىشتىن ۋە ئازغۇنلۇقتىن يېنىشلىرى ئۈچۈن **﴿كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق﴾** بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغان ياكى ئىسلام دىنىنى ئەيىبلىگەن ۋە ياكى ئىسلام دىنىنى كەمسىتكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ھۆكمى ئېلىنىدۇ.

قەتادە ۋە باشقىلار: كۇپۇر كاتتىباشلىرى ئەبۇجەھل، ئۇتبە، شەيبە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەپكە ئوخشاش كىشىلەردۇر، - دېدى ۋە يەنە بىر قانچە ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى ساناپ بەردى. ئەئمەش زەيد ئىبنى ۋەھبىدىن ھۇزەيفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلمىگەن كاتتىباشلار تېخى ئۆلتۈرۈلمىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى. توغرىسى شۇكى، گەرچە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى قۇرەيش مۇشرىكلىرى توغرۇلۇق بولغان بولسىمۇ، بىراق ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. بۇ ئايەت قۇرەيشلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا كۇپۇرنىڭ كاتتىباشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋەلىيد ئىبنى مۇسلىم سەفۋان ئىبنى ئەمىردىن ئابدۇراھمان ئىبنى جۇبەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا، ئۇ شامغا ئەۋەتكەن بىر بۆلۈك ئادەملەرگە باشلىق ئىدىم. ئۇ بىزنى ئۇزاتقان چاغدا، مۇنداق دېدى: شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەر باشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى چۈشۈرۈلگەن ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى شەيتاننىڭ تۇگۈنلىرىگە چېپىڭلار، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۈچۈن ئۇلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىم، باشقىلاردىن 70 ئادەمنى ئۆلتۈرگىنىمدىن ئارتۇقتۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار﴾** بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

أَلَا تُقَٰتِلُونَ قَوۡمٗا نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ وَهَمُّواْ بِإِخۡرَاجِ ٱلرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمۡ
أَوَّلَ مَرَّةٍۚ أَتَخۡشَوۡنَهُمۡۚ فَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَوۡهُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٣﴾ قَٰتِلُوهُمۡ يُعَذِّبۡهُمُ
ٱللَّهُ بِأَيۡدِيكُمۡ وَيُخۡزِهِمۡ وَيَنصُرۡكُمۡ عَلَيۡهِمۡ وَيَشۡفِ صُدُورَ قَوۡمٖ مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٤﴾
وَيُذۡهِبۡ غَيۡظَ قُلُوبِهِمۡۗ وَيَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٥﴾

(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسەمنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر﴿13﴾. ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ﴿14﴾. ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. الله خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿15﴾.

## مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم پايدىلىرى

بۇ ئايەتمۇ ئەھدە تۈزگەندە ئىچكەن قەسەملىرىنى بۇزغان ۋە پەيغەمبەرلىرىنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قوزغايدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار الله غا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى﴾[2]، ﴿(يەھۇدىيلار) سېنى (مەدىنە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزماسلىققا تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايتتى (يەنى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى)﴾[3].

﴿ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتىن بەدرى ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلغان، مۇشرىكلار سودا كارۋىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىقىپ، كارۋىنىنىڭ ساق ـ سالامەت قۇتۇلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەددىدىن ئاشقان ۋە چوڭچىلىق قىلغان ھالدا ئۇرۇش قىلىشنى كۆزلەپ داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، ـ دېدى.

بۇنى يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتىن مۇشرىكلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى ئۇلارغا قارشى قوشۇن تارتىپ بېرىشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر الله تائالاغا خاستۇر.

﴿ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر﴾ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار مېنىڭ قەھرى غەزىپىمدىن ۋە



(1) ئەنفال سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) مۇمتەھىنە سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

ئازابىمدىن بەندىلەرنىڭ قورقۇشىغا پەقەت مەنىلا لايىقمەن. ئىشلارنى قانداق تەسەررۇپ قىلىش مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر. مەن خالىغان ئىش ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خالىمىغان ئىش ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ.

ئاندىن **الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنى ئۆز دەرگاھىدىن بىر بۇيرۇق قىلىش بىلەنلا ھالاك قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق مۆمىنلەرگە جىھادنى يولغا قويۇشتىكى ھېكمەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ**﴾. بۇ ئايەت مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك قارىتىلغاندۇر.

مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە سۇددى قاتارلىقلار: ﴿**مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە: بۇلار خۇزائە قەبىلىسىنىڭ مۆمىنلىرىدۇر؛ ۋە: ﴿**ھەم ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىكىلەرمۇ ھەم خۇزائە قەبىلىسىنىڭ مۆمىنلىرىدۇر، ـ دېدى.

﴿**الله**﴾ بەندىلىرىدىن ﴿**خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. الله ھەممىنى**﴾ يەنى بەندىلىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ﴿**بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ بارلىق ئىشلىرىدا، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە شەرىئەت سۆزلىرىدە ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ **الله** تائالا خالىغان نەرسىنى قىلىدۇ، ئىرادە قىلغان نەرسىنى ھېكمەت بىلەن يارىتىدۇ. **الله** تائالا ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ. زەررىچىلىك ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

*******

أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تُتۡرَكُواْ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَلَمۡ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَلِيجَةٗۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٦﴾

**الله** سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، **الله** دىن، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز، (يەنى سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟ **الله** سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿16﴾.

## ئۇرۇش قىلىشتىكى ھېكمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى سىناشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿**الله سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى**﴾ بەلكى كۆرۈنۈشتە ۋە قەلبىدە **الله** تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سىرداش بولىدىغانلارنى ﴿**بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ سىلەر ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز، (يەنى سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟**﴾ يەنى بىز سىلەرنى يالغانچىلاردىن ئىرادىلىك، راستچىل

كىشىلەر ئايرىلىدىغان ئىشلار بىلەن سىنىماستىن بىھۇدە تاشلاپ قويامدۇق؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي)جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[2]، ﴿الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. الله سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك)غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴾[3].

يىغىپ ئېيتقاندا، الله تائالا بەندىلىرىگە جىھادنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بايان قىلدى. بۇ ھېكمەت بەندىلەردىن كىمنىڭ الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى سىناشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىشلارنى ۋە ۋۇجۇتقا كېلىدىغان ئىشلارنى بىلگۈچىدۇر. ۋۇجۇتقا كەلمىگەن ئىشلارنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەن تەقدىردە قانداق ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. الله تائالا بارلىق شەيئىلەرنى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قايسى ھالەتتە ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر. الله تائالا ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ۋە ھۆكۈم قىلغان ئىشنى ھېچكىم توسىيالمايدۇ.

* * * * * * *

مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُوا۟ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ شَٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم بِٱلْكُفْرِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حَبِطَتْ
أَعْمَٰلُهُمْ وَفِى ٱلنَّارِ هُمْ خَٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ
وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ فَعَسَىٰٓ أُو۟لَٰٓئِكَ أَن يَكُونُوا۟ مِنَ ٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٨﴾

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴿17﴾. الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، الله دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 1 ـــ 3 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 142 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 179 ـ ئايەت.

ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ﴿18﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ مەسچىتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرالمايدىغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالانىڭ ئىسمى بىلەن قۇرۇلغان الله تائالانىڭ مەسچىتلىرىنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكلارنىڭ ئاۋاتلاشتۇرۇشى لايىق ئەمەس. مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرىدە كۇپۇرلۇق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر سەن بىر خىرىستىئاندىن: دىنىڭ نېمە؟ـ دەپ سورىساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە: خىرىستىئان، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر يەھۇدىيدىن: دىنىڭ نېمە؟ـ دەپ سورىساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە: يەھۇدىي، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر بىر دىندىن چىقىپ، يەنە بىر دىنغا كىرگۈچىدىن: دىنىڭ نېمە؟ـ دەپ سورىساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە: دىندىن چىقىپ، دىنغا كىرىش، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر مۇشرىكتىن: دىنىڭ نېمە؟ـ دەپ سورىساڭ، ئۇمۇ ئەلۋەتتە: مۇشرىك، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ﴾** چۈنكى ئۇلار مۇشرىكتۇر. **﴿ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسجىدى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1].

## مەسچىتلەرنى مۆمىنلەرنىڭ ئاۋاتلاشتۇرىدىغانلىقى

الله تائالا مەسچىتلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلارنىڭ پەقەت مۆمىنلەرلا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، الله دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)﴾**.

ئابدۇرازاق ئەمر ئىبنى مەيمۇن ئەۋدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇلار: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەسچىتلەر الله تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى ئۆيلىرىدۇر. كىمكى ئۇ ئۆيلەردە الله تائالانى زىيارەت قىلسا، ئۇنى ھۆرمەتلەش الله تائالانىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ـ دېيىشىۋاتقان ئىكەن.

(1) ئەنفال سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

﴿**ناماز ئۆتىگەن**﴾ يەنى ناماز جىسمانى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ﴿**زاكات بەرگەن**﴾ يەنى زاكات ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشتا پايدىسى ئەڭ ياخشى بولغان ئەمەلدۇر.

﴿**الله دىن باشقىدىن قورقمىغان**﴾ يەنى پەقەت **الله** تائالادىنلا قورقىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان كىشىلەرلا مەسچىتلەرنى ﴿**ئاۋات قىلىدۇ**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان**﴾ يەنى **الله** تائالانى بار ۋە بىر دەپ تونىغان، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە **الله** تائالا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمگە ئىشەنگەن ﴿**ناماز ئۆتىگەن**﴾ يەنى بەش ۋاخ ناماز ئۆتىگەن ﴿**الله دىن باشقىدىن قورقمىغان**﴾ يەنى **الله** تائالادىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان ﴿**كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ**﴾.

﴿**ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ**﴾ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەنە شۇلارلا نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

* * * * * * *

۞ أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ ٱلْحَآجِّ وَعِمَارَةَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ كَمَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ وَجَـٰهَدَ فِى
سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسْتَوُۥنَ عِندَ ٱللَّهِ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَهَاجَرُوا۟ وَجَـٰهَدُوا۟
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِ وَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم
بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَٰنٍ وَجَنَّـٰتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ ﴿٢١﴾ خَـٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ
أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٢٢﴾

سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى **الله** غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ **الله** نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. **الله** زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿19﴾. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى **الله** نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿20﴾. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ﴿21﴾. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، **الله** نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار﴿22﴾.



## ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مەسجىدى ھەرامنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنىڭ ئىمان ئېيتىش ۋە جىھاد قىلىش بىلەن باراۋەر بولمايدىغانلىقى

ئەۋفي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار: بەيتۇللاھنى ئاۋات قىلغان، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەر **الله** تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە **الله** تائالا يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەردىن ياخشىدۇر، ـ دېيىشتى. ئۇلار ھەرەم بىلەن

پەخىرلىنەتتى. ئۆزلىرىنى: بىز ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ۋە ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلار، ـ دەپ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلاتتى. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ چوڭچىلىق قىلغانلىقىنى ۋە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلەتتى، (ئۇنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈپ) ئارقاڭلارغا چېكىنىۋالاتتىڭلار. ئۇلار ھەرەم ئەھلى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، كەچلىك پاراڭلىرىدا يامان سۆزلەرنى قىلىدۇ، (يەنى قۇرئانغا تەنە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆكىدۇ)﴾[1] يەنى ئۇلار ھەرەم بىلەن پەخىرلىنىپ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلاتتى. كەچلىك پاراڭلىرىدا قۇرئان كەرىمنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆكەتتى. ﷲ ، ﷲ تائالاغا ئىمان ئېيتىشنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھاد قىلىشنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمنى ئاۋاتلاشتۇرۇشىدىن ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىشىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مۇشرىكلار ھەرەمنى ئاۋاتلاشتۇراتتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئۇلارنىڭ شېرىكتە تۇرۇپ قىلغان بۇ ئەمەللىرى ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ.

**﴿ﷲ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ﷲ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرىنى بىز ھەرەمنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلار، ـ دەۋالغان بۇ مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ﷲ تائالا ئۇلارنى زالىم دەپ ئاتىدى. ئۇلارنىڭ ھەرەمنى ئاۋاتلاشتۇرۇشى ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ھەققىدە چۈشتى. ئۇ بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا: سىلەر ئىسلامغا كىرىش، ھىجرەت قىلىش ۋە ﷲ يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن بولساڭلارمۇ، بىز ھەقىقەتەن ھەرەم مەسچىتىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ ۋە موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كەلدۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا سۇبھانەھۇ ۋەتائالا: **﴿سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى ﷲ غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ﷲ نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ﷲ نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ﷲ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** دېدى. يەنى ئۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى مۇشرىك ھالەتتە قىلىندى. مەن مۇشرىك ھالەتتە قىلىنغان ئەمەللەرنى قوبۇل قىلمايمەن.

زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ئابباسنىڭ ۋە ئۇنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى مۇشرىكلىكى بىلەن ئەيىبلىدى. ئابباس: ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ ھەقىقەتەن ھەرەم مەسچىتىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ، بەيتۇللاھغا يوپۇق يېپىپ ۋە ھاجىلارنى پۇل بىلەن تەمىنلەپ كەلدۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئابدۇررازاق نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم: مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيمەن، ـ دېدى. يەنە بىر ئادەم: مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ھەرەم مەسچىتىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتىن باشقا بىرەر ئەمەلنى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيمەن، ـ دېدى. يەنە

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 66 ــــ 67 ـ ئايەتلەر.

بىر ئادەم: الله تائالا يولىدا جىھاد قىلىش سىلەر دەۋاتقان ئەمەللەردىن ئارتۇقتۇر، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى توسۇپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىنىڭ قېشىدا، ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار، ـ دېدى. ئۇ جۈمە كۈنى ئىدى. بىز جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن سورىدۇق. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەت نازىل بولدى.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَابَآءَكُمۡ وَإِخۡوَٰنَكُمۡ أَوۡلِيَآءَ إِنِ ٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡكُفۡرَ عَلَى ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمۡ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾ قُلۡ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ وَإِخۡوَٰنُكُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ وَعَشِيرَتُكُمۡ وَأَمۡوَٰلٌ ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٌ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٤﴾

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ)﴿23﴾. ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھە قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»﴿24﴾.

## كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر مۇشرىكلارنى دوست تۇتماسلىقنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا مۆمىنلەرنى كاپىرلاردىن (ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ياكى ئوغۇللىرى بولغان تەقدىردىمۇ) ئايرىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار كۇپۇرنى ئىماندىن ئارتۇق بىلسە، مۆمىنلەرنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشتىن توسىدۇ ۋە بۇنداق قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە

ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، **الله** ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ﴾[1].

ئىمام بەيھەقى ئابدۇللاھ ئىبنى شەۋزاتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ ئاتىسى بەدرى ئۇرۇشىدا ئەبۇئۇبەيدىگە بۇتلارنى ياخشى سۈپەتلەپ تۇرىۋالدى. ئۇ ئاتىسىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئاتىسى بۇتلارنى ماختاپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈردى. **الله** تائالا ئەبۇئۇبەيدە ھەققىدە: ﴿**الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ **الله** بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا **الله** ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، **الله** ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئاندىن **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بالا ـ چاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى **الله** تائالادىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە **الله** تائالا يولىدا جىھاد قىلغانلاردىن ئارتۇق كۆرگەنلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار**﴾ يەنى سىلەر ياخشى كۆرىدىغان چىرايلىق ۋە كۆركەم ئۆيلىرىڭلار قاتارلىق بۇ نەرسىلەر ﴿**سىلەر ئۈچۈن الله دىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتىھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»**﴾.

ئىمام ئەھمەد زەھرا ئىبنى مەئبەدتىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مەن ئۈچۈن ئۆزەمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك سەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچە ئۇ مۆمىن بولالمايدۇ» دېدى. شۇ چاغدا ئۆمەر: **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ھازىردىن باشلاپ سەن مەن ئۈچۈن مېنىڭ جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈك سەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! مانا ئەمدى مۆمىن بولدۇڭ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مالنى كۆرمەي تۇرۇپ ئېلىم ـ سېتىم قىلساڭلار، شەرىئەتكە خىلاپ ئېلىم ـ سېتىم قىلساڭلار[3]، چارۋىچىلىققا بېرىلىپ

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇجادەلە سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شەرىئەتكە خىلاپ سودا ـ سېتىق: مالنى كۆرمەي تۇرۇپ سودىلىشىش، بىرەر مالنى نېسىگە قىممەت سېتىپ دەل شۇ

كەتسەڭلار، تىرىقچىلىق بىلەن قانائەت قىلساڭلار ۋە الله تائالا يولىدا جىهاد قىلىشنى تاشلىساڭلار، الله تائالا سىلەرنى خارلىققا گىرىپتار قىلىدۇ تاكى سىلەر دىنىڭلارغا ھەقىقىي قايتمىغۇچە الله بۇ خارلىقنى ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ»[1].

* * * * * * *

لَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٖ وَيَوۡمَ حُنَيۡنٍ إِذۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡ كَثۡرَتُكُمۡ فَلَمۡ تُغۡنِ
عَنكُمۡ شَيۡـٔٗا وَضَاقَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ ثُمَّ وَلَّيۡتُم مُّدۡبِرِينَ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ
أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودٗا لَّمۡ تَرَوۡهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَتُوبُ ٱللَّهُ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ﴿٢٧﴾

الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار﴿25﴾. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ﴿26﴾. شۇنىڭدىن كېيىن، الله خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿27﴾.

## غەلىبىنىڭ غايىب ياردەمگە باغلىق ئىكەنلىكى

ئىبنى جۇرەيج مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مۆمىنلەرگە بېرىلگەن نېمەتلەر بايان قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەن (تەۋبە سۈرىسىدىكى) تۇنجى ئايەتتۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە ئاتا قىلغان مەرھەمىتىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلغان نۇرغۇن غازاتلىرىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇلارغا بەرگەن ياردىمىنى بايان قىلىدۇ. غەلىبە الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن پەقەتلا الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن كېلىدۇ. ھەرگىز ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى ۋە قورال ـ ياراغلىرىنىڭ سەرخىل بولغانلىقى ئۈچۈنلا كەلمەيدۇ، كەلگەنمۇ ئەمەس. الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسۇن

مالنى نەق پۇلغا سېتىۋېلىش، ھۆر ئادەملەرنى ئېلىپ ـ سېتىش قاتارلىق تىجارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) ئىسلام دىنىدا بۇ ئىشلارنى قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭغا بۆتۈنلەي بېرىلىپ كېتىپ، الله يولىدا جىهاد قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك مۇشۇنداق خارلىققا قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

ياكى كۆپ بولسۇن، بەرىبىر ئىكەنلىكىنى، ياردەمنىڭ ئۇلارغا پەقەت الله تائالانىڭ دەرگاھىدىنلا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ھۇنەين ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۆمىنلەر سانىنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللاندى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئۇلار سانى كۆپ تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ قويۇپ قاچتى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرگە ياردىمىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى كۈچلەندۈردى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ياردەم ۋە مەدەتنىڭ يالغۇز الله تائالا تەرىپىدىنلا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا (الله تائالا خالىسا) يەنە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

سانى ئاز نۇرغۇن قوشۇنلار الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن سانى كۆپ نۇرغۇن قوشۇنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلدى. الله ئۇرۇشتا چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.

## ھۇنەين غازىتى

ھۇنەين ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدا[1] يۈز بەرگەن بولۇپ، ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. مەككىلىكلەر ئومۇمىيۈزلۈك دىگۈدەك ئىسلامغا كىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ. شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاۋازىن خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن توپلىنىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ مالىك ئىبنى ئەۋف ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سەقىف قەبىلىسىنىڭ پۈتۈن ئادەملىرى، جۇشەم جەمەتىلىدىكىلەر، سەئد ئىبنى بەكر جەمەتىدىكىلەر، ھىلال جەمەتىدىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر، ئەمر ئىبنى ئامىر ۋە ئەۋف ئىبنى ئامىر جەمەتىدىكىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ توپلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئۇلار ئاياللىرىنى، بالىلىرىنى، قويلىرىنى، كالا ـ تۆگىلىرىنى ۋە باشقا پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان 10, 000 كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەنە ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن مەككىلىك 2000 ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ 12, 000 كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ، دۈشمەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىلىقىدىكى ھۇنەين دەپ ئاتىلىدىغان جىلغىدا ئۇچراشتى. ئۇرۇش بۇ جىلغىدا سەھەر ۋاقتىدا يۈز بەردى. مۇسۇلمانلار بۇ جىلغىغا كەلگەندە، دۈشمەنلەر ئاللىبۇرۇن جايلىشىپ بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇنى سەزمەي جىلغىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى. دۈشمەنلەر باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يوشۇرۇنىۋالغان يېرىدىن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ، ئوقىا تۈتۈپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش تەڭلا يۇپۇرۇلۇپ كەلدى. شۇ چاغدا، مۇسۇلمانلار خۇددى قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن مىدىرلىماي جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەھبا ئىسىملىك قېچىرنى

(1) ئىسلام كالىندارى بويىچە 10 ـ ئاي.

مىنىۋالغان بولۇپ، قېچىرنى دۈشمەن تەرەپكە دېۋىتەتتى. ئۇنىڭ تاغىسى ئابباس قېچىرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس قېچىرنىڭ سول تەرىپىگە ئېسىلىۋېلىپ، قېچىرنىڭ تېز مېڭىپ كېتىشىنى توسۇپ تۇراتتى. ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇ نېمە دېسە، شۇ سۆزنى تەكرارلاپ مۇسۇلمانلارنى قايتىپ كېلىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيتتى: «ئى اللّٰه نىڭ بەندىلىرى! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، مەن اللّٰه تائالانىڭ ئەلچىسىمەن، مەن تەرەپكە كېلىڭلار!» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە مۇنداق دېدى: «مەن اللّٰه تاللاپ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەرمەن. نامى ھەممىگە پۇر كەتكەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن»[1]. يۈزگە يېقىن ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەڭگىۋار ھالەتتە تۇردى. بەزى تارىخچىلار: ئۇلار سەكسەن ئادەم ئىدى، - دېگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئابباس، ئەلى، فەزل ئىبنى ئابباس، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس، ئەيمەن ئىبنى ئۇممۇئەيمەن، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار بار ئىدى. اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباسنى (دەرەخ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "سېنى تاشلاپ قاچمايمىز" دەپ "رىزۋان بەيئىتى" بەرگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنى) يۇقىرى ئاۋازدا: ئى دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار!- دەپ چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ئابباس ئاۋازى ناھايىتى يۇقىرى ئادەم ئىدى. ئۇ بىردە: ئى سۇمرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار!- دەپ توۋلىسا، بىردە: ئى بەقەرە سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغانلار!- دەپ توۋلايتتى. ساھابىلار: بىز سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنىمىز، بىز ساڭا ئىتائەت قىلىمىز، - دېيىشىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ھەتتا بىر ئادەم تۆگىسىنى كەينىگە قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمەي تۇرۇپ، ساۋۇتلىرىنى كەيدى - دە، تۆگىسىدىن چۈشۈۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. كەينىگە قايتقان ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دۈشمەنلەرگە ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى ۋە پەرۋەردىگارىغا: «ئى اللّٰه ! ماڭا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت قىلغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن» دەپ دۇئا قىلىپ، ياردەم تىلىگەندىن كېيىن، بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ دۈشمەنلەرگە قارىتىپ ئاتتى. دۈشمەنلەردىن بىرمۇ ئادەم قالماي ھەممىسىنىڭ كۆزىگە توپا كىردى. ئۇلار كۆزلىرىگە كىرىپ كەتكەن توپا بىلەن ئاۋارە بولۇپ جەڭ قىلالمىدى. نەتىجىدە، ئۇلار مەغلۇپ بولدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى ۋە بىر قىسمىنى ئەسىر ئالدى. ئەسىرلەرنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم شۆئبىدىن بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئۇنىڭغا: ئى بەرا! ھۆنەين غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ قاچتىڭلارمۇ؟- دېدى. بەرا مۇنداق دېدى: لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچمىدى، ھاۋازىن خەلقى ناھايىتى مەرگەن ئادەملەر ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ قاچتى، ئادەملەر غەنىمەتلەرنى يىغىشقا بېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، دۈشمەنلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنى ئوققا تۇتتى. بىز كەينىمىزگە قاراپ قاچتۇق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭ ئاق قېچىرىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن اللّٰه تاللاپ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەرمەن. نامى ھەممىگە پۇر كەتكەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن»

(1) ئوغلىدىن نەۋرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دېدى.

مەن (يەنى ئاپتور) مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ، مىسلى كۆرۈلمىگەن باتۇرلۇقتۇر. چۈنكى بۇ كۈندە ئۇرۇش قاتتىق بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەردىن مۇداپىئەسىز قالغان، ئۇ تېز يۈگۈرەلمەيدىغان، قېچىشقىمۇ، قايتارما زەربە بېرىشكىمۇ يارىمايدىغان بىر قېچىرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پەيتتىمۇ، قېچىرنى دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ دېۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سۆزلىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلايتتى. الله تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە سالامى قىيامەت كۈنىگىچە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا ئىشەنگەنلىكى، تەۋەككۈل قىلغانلىقى، الله تائالانىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

**﴿ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى﴾** ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر قاسىمدىن ئەۋف ئىبنى ئەبۇجەمىلە ئەئرابىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى بۇرسىنىنىڭ ئازادگەردىسى ئابدۇراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ماڭا ھۆنەين ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار بىلەن بىللە بولغان بىر ئادەم ئۇرۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ھۆنەين ئۇرۇشىدا ئۇچراشتۇق. مۇسۇلمانلار بىزگە بىر قوي ساغقان مۇددەتكىچىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. بىز ئۇلارنى يېڭىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ تاكى بىر ئاق قېچىرغا مىنىۋالغان ئادەمنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەن، بىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈزلىرى ئاق ۋە چىرايلىق ئادەملەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار بىزگە: ھەي قارا يۈزلەر! ئارقاڭلارغا قايتىڭلار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز مەغلۇب بولدۇق. ئۇلار گەدەنلىرىمىزگە دەسسىدى. ئۇلار پەرىشتىلەر ئىكەن.

**﴿شۇنىڭدىن كېيىن، الله خالىغان ئادەمگە تەۋبىنى نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** الله تائالا ھاۋازىن خەلقىدىن تىرىك قالغانلارغا تەۋبە قىلىشنى نېسىپ قىلدى. ئۇلار ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ سىپىغا قوشۇلدى. مەككىنىڭ جەئران دېگەن يېرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ ھۆنەين ئۇرۇشى بولۇپ، تەخمىنەن 20 كۈندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئۇلارغا ئولجىغا ئېلىنغان خوتۇن ـ بالىلىرىنى ياكى مال ـ مۈلكىنى (ئىككىسىدىن بىرىنى) تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى. ئەسىرگە ئېلىنغانلار كىچىك بالا ۋە ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەمئى 6000 ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى. مال ـ مۈلۈكلىرىنى بولسا، غەنىمەت ئالغانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. قۇرەيشتىن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە (ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش ئۈچۈن) غەنىمەتلەردىن يۈزلەپ ـ يۈزلەپ تۆگىلەرنى تارقىتىپ بەردى. يۈزدىن تۆگە ئالغانلارنىڭ ئىچىدە مالىك ئىبنى ئەۋفمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەۋمىگە بۇرۇنقىدەكلا باشلىق قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق قەسىدە ئوقۇدى:

كۆرمىدىم ئىنسلار ئىچىدىن ئەبەد،
مۇھەممەدكە ئوخشىغان ئادەمنى پەقەت.
سورالسا ئۇنىڭدىن ئەگەر بىر ھاجەت،
بىرەر ئۇ، شۇ ھامان قىلماي ھېچ بىر رەت.
ھەر قاچان خالاپ سورىساڭ سوئال،
دەپ بېرەر "ئەتە مۇنداق بولار" دەپ.
ئۇ چىقسا ئۇرۇشقا قىلماق بولۇپ جەڭ،
دۈشمەنىنىڭ باشلىقى قاچار تەمتىرەپ.
قورققاچقا كۆرۈنەر دۇنيا ئاڭا تار،
قاچىدۇ توسقاننى ئۇرۇپ، دۈشكەللەپ.
مۇھەممەد گوياكى چەبدەس بىر شىردۇر،
قىلىدۇ ھۇجۇمنى پۇرسەتنى پەملەپ.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلۡمُشۡرِكُونَ نَجَسٞ فَلَا يَقۡرَبُواْ ٱلۡمَسۡجِدَ ٱلۡحَرَامَ بَعۡدَ عَامِهِمۡ
هَٰذَاۚ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ عَيۡلَةٗ فَسَوۡفَ يُغۡنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦٓ إِن شَآءَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ
حَكِيمٞ ﴿٢٨﴾ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ
وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ
وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ﴿٢٩﴾

ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (**الله** نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) يېقىرلىقتىن قورقساڭلار، **الله** خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، **الله** (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿28﴾. سىلەر ئەھلى كىتابتىن **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى **الله** نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى **الله** نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، **الله** (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار﴿29﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ھەرەم مەسچىتىگە كىرىشىنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

الله تائالا دىنىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە پاك بولغان مۆمىن بەندىلىرىنى دىنىي جەھەتتە نىجىس بولغان مۇشرىكلارنى ھەرەم مەسچىتىگە كىرىشتىن توسۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ھەرەم مەسچىتىگە يېقىنلاشماسلىقى كېرەك. بۇ ئايەت ھىجرىيەنىڭ 9 - يىلى نازىل بولغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىپ، ئۇنى مۇشرىكلار ئارىسىدا: بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ. بەيتۇللاھ يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلىنمايدۇ، - دەپ جاكارلاشقا بۇيرىدى. الله تائالا بۇ ھۆكۈمنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە ئۇنى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قىلىپ بېكىتتى.

**﴿مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن)﴾** ئابدۇرازاق بۇ ئايەت ھەققىدە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇل ياكى زىممى بولسا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

ئىمام ئەبۇئەمىر ئەۋزائىي ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەت يېزىپ: يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىگە كىرىشتىن توسۇڭلار، - دېدى ۋە الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئەتا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا: **﴿مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن)﴾** دېگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرەمنىڭ ھەممىسى مەسچىت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئايەت كەرىم مۆمىنىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەندەك، مۇشرىكنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىن نىجىس بولمايدۇ».

**﴿ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ﴾** مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەملەر: ئەگەر بىز ئۇلارنى ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلساق، بازارلىرىمىز پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. سودىلىرىمىز توختايدۇ. بىز ئېلىۋاتقان پايدا - مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىمىز، - دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن: **﴿ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار... تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار﴾** دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى. يەنى مانا بۇ، سىلەر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورققان بازارلارنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن ئىنئامدۇر. الله تائالا ئۇلارغا مۇشرىكلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئورنىنى ئەھلى كىتابتىن ئېلىنىدىغان جىزيە بىلەن تولدۇرۇپ بەردى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

**﴿الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىشلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر. ئىنسانلارغا يۈرگۈزگەن بۇيرۇقىدا ئادىلدۇر. الله تائالا بۈيۈكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر. شۇڭا ئۇ مۆمىنلەرگە مۇشرىكلار تەرىپىدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ئورنىنى زىممىلاردىن ئېلىنىدىغان جىزيەدىن ئىبارەت مال ـ مۈلۈك بىلەن تولدۇرۇپ بەردى.

## ئەھلى كىتاب جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

**﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار﴾** شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەھلى كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىگە ۋە ئۇلار بىلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىمانى دۇرۇس ھالەتتە بولمايدۇ. ئەھلى كىتاب پەقەت ئۆز خاھىشلىرىغا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ۋە ئاتىلىرى تۇتۇپ كېلىۋاتقان يوللارغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار الله تائالا يولغا قويغان شەرىئەتكە ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار قوللىرىدىكى كىتابلارغا توغرا رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىمانى ئەلۋەتتە ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيتتى. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەردى ۋە قەۋملىرىنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى. لېكىن ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەردۇر. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىگە: بۇ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرىغا ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىغا ئەگىشىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە كەلتۈرگەن ئىمانى ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ مۇكەممەل ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى.

بۇ ئايەت كەرىم مۇشرىكلارنىڭ ئىشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئادەملەر الله تائالانىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەھلى كىتابقا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ چۈشكەن تۇنجى ئايەتتۇر. ئەرەب يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابقا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئۇرۇشقا چاقىردى ۋە بۇنى ئاشكارا جاكارلىدى. مەدىنە ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدۇردى. شۇنىڭ

بىلەن، ئوتتۇز مىڭغا يېقىن مۇجاھىد توپلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقتى. لېكىن مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەردىن مۇناپىقلار ۋە باشقا بەزى ئادەملەر بۇ ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالدى. بۇ قورغاقچىلىق بولغان يىلى بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن شامنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. ئۇ تەبۇك[1] دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە چۈشكۈن قىلدى. تەبۇكتىكى سۇنىڭ بويىدا تەخمىنەن 20 كۈن تۇردى. ئاندىن قايتىپ كېتىش ئۈچۈن الله تائالاغا ئىستىخارە نامىزى ئوقۇدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن شۇ يىلى مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەقەلىكنى (الله تائالا خالىسا) نۆۋەتتە كەلگەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## جىزيە تۆلەشنىڭ خارلىق ۋە كۈپۈرلۈقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى

**﴿تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر﴾** يەنى ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرمىسە، بېسىم بىلەن خارلانغان، ھاقارەتلەنگەن ۋە كەمسىتىلگەن ھالدا جىزيە تۆلەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا، زىممىلارنى ئەتىۋارلاش ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئارتۇق بىلىش دۇرۇس ئەمەس، بەلكى ئۇلار خارلىنىشى ۋە كەمسىتىلىشى كېرەك.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا ئالدىدا سالام قىلماڭلار، ئۇلاردىن بىرى يولدا ئۇچراپ قالسا، ئۇنى يولنىڭ ئەڭ تار يېرىگە قىستاڭلار».

شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىرىستىئانلار بىلەن سۈلھى تۈزگەن چاغدا، ئۇلارنى خارلاش، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلەش قاتارلىق ھەممىگە مەلۇم بولغان شەرتلەرنى يولغا قويغان ئىدى. مەشھۇر ئىماملار بۇنى ئابدۇراھمان ئىبنى غەنەم ئەشئەرىدىن تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلىدۇ (ئۇ مۇنداق دەيدۇ): ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاملىق خىرىستىئانلار بىلەن سۈلھى تۈزگەن چاغدا، ئۇنىڭغا سۈلھىنى مۇنداق يېزىپ بەردىم: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇ سۈلھى پالانى، پالانى شەھەرلىك خىرىستىئانلارنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى، مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر بىلەن تۈزگەن سۈلھىسىدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر مۇسۇلمانلار بىزگە قىلغان غەمخورلۇقىڭلار ئۈچۈن، بىز سىلەردىن ئۆزلىرىمىزگە، بالا ـ چاقىلىرىمىزغا، مال ـ مۈلكلىرىمىزگە ۋە دىنداشلىرىمىزغا ئامانلىق بېرىشىڭلارنى سورايمىز. بىز سىلەرگە پايدىلىق، ئۆزىمىزگە زىيانلىق بولغان تۆۋەندىكى شەرتلەرنى قوبۇل قىلدۇق: بىز شەھىرىمىزدە ۋە شەھىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئىبادەتخانىلارنى، چېركاۋلارنى ۋە بۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى ۋە تاغلارنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان ئىبادەتخانىلارنى يېڭىدىن سالمايمىز. بارلىرى كونىراپ بۇزۇلۇپ كەتسە، قايتىدىن يېڭىلاپ سالمايمىز. بۇ جايلار مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلمايمىز. مۇسۇلمانلاردىن بىرى كېچە ياكى كۈندۈزدە كېلىپ چېركاۋىمىزغا چۈشكۈن قىلسا، ئۇنى چەكلىمەيمىز. يولۇچىلارغا چېركاۋلىرىمىزنىڭ دەرۋازىلىرىنى

(1) ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان شەھەرنىڭ نامى.

كەڭ ئاچىمىز. مۇسۇلمانلاردىن بىزنىڭ قېشىمىزدا چۈشكۈن قىلغانلارنى ئۈچ كۈن مېھمان قىلىمىز. چېركاۋلىرىمىزدا ۋە تۇرالغۇ جايلىرىمىزدا جاسۇسلارغا ئورۇن بەرمەيمىز. مۇسۇلمانلارغا قارىتا يوشۇرۇن ئاداۋەت ساقلىيالمايمىز. بالىلىرىمىزغا قۇرئان ئۆگەتمەيمىز. شېرىك ئەقىدىسىنى ئاشكارا سۆزلىمەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ھېچ بىر ئادەمنى دەۋەت قىلمايمىز. ئەگەر ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرىمىزدىن بىرەر ئادەم ئىسلام دىنىغا كىرمەكچى بولسا، بىز ئۇنى توسمايمىز. مۇسۇلمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. ئەگەر ئۇلار ئولتۇرغان يەرلىرىمىزدە ئولتۇرماقچى بولسا، ئورۇنلىرىمىزنى بوشىتىپ بېرىمىز. باش كىيىم، سەللە ۋە ئاياغ قاتارلىق كىيىنىشلىرىمىزدە، چاچلىرىمىزنى ئايرىپ تاراشتا مۇسۇلمانلارغا ئوخشىۋالمايمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز قىلىش تەلەپپۇزىدا سۆز قىلىشمايمىز. ئۇلارنىڭ كىنايە ئىسىملىرىنى قوللانمايمىز. ئىگەرلەنگەن ئۇلاغلارغا مىنمەيمىز، يېنىمىزغا قىلىچ ئاسمايمىز، قورالغا تەۋە نەرسىلەرنى تۇتمايمىز ۋە ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمەيمىز. ئۈزۈكلىرىمىزگە ئەرەبچە خەت ئويمايمىز، ھاراق ساتمايمىز. باشلىرىمىزنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چاچلارنى قىسقارتىپ تۇرىمىز. قەيەردە بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئۆزىمىزنىڭ خاس كىيىملىرىمىزنى كىيىمىز. بەللىرىمىزگە زۇننار باغلايمىز. چېركاۋلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە كرېست بەلگىسى بېكىتمەيمىز. كرېستلىرىمىز ۋە كىتابلىرىمىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ يوللىرىدا، بازارلىرىدا ئاشكارا ئېلىپ يۈرمەيمىز. چېركاۋلىرىمىزدا قوڭغۇراقلىرىمىزنى تۆۋەن ئاۋازدا چالىمىز. چېركاۋلىرىمىزدا مۇسۇلمانلار بار چاغدا كىتابلىرىمىزنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇمايمىز. فەسىھ[1] بايرىمىدىن ئىلگىرى يەكشەنبىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىقمايمىز. فەسىھ بايرىمىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىبادەت قىلىش پائالىيىتىمىزنىمۇ قىلمايمىز. بىزدىن ئۆلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلىمايمىز. ئۆلگەن كىشىلەرنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ يوللىرىدا ۋە بازارلىرىدا ئوت كۆتۈرۈپ يۈرمەيمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا يېقىن ئەتراپلىرىغا ئۆلۈكلىرىمىزنى دەپنە قىلمايمىز. ئىگىدارچىلىقىمىزدىكى قۇللاردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى قۇل قىلمايمىز. مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى يول سورىسا، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ قويىمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى چارلاپ يۈرمەيمىز». مەن بۇ سۈلھىنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۆمەر بۇ سۈلھىگە تۆۋەندىكىلەرنى قوشتى: «بىز مۇسۇلمانلاردىن ھېچ بىر ئادەمنى ئۇرمايمىز. بۇ سۈلھىنى ئامانلىقنى ئۆزىمىزنىڭ ۋە دىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق شەرتى بىلەن تۈزدۇق ۋە بۇنىڭ بىلەن ئامانلىقنى قوبۇل قىلدۇق. ئەگەر بىز سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن بۇ سۈلھىنىڭ بىرەر شەرتىگە ۋە ئۆزىمىزگە بەلگىلىگەن بەلگىلىمىنىڭ بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلساق ئۇ چاغدا، بىزنىڭ ئارىمىزدا تۈزۈلگەن سۈلھى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ. سىلەرنىڭ ھەققە قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە يۈرگۈزىدىغان جازايىڭلار بىزگىمۇ تېگىشلىك بولىدۇ».

*******

وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ عُزَيْرٌ ٱبْنُ ٱللَّهِ وَقَالَتِ ٱلنَّصَـٰرَى ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ ٱللَّهِ ۖ ذَٰلِكَ قَوْلُهُم
بِأَفْوَٰهِهِمْ ۖ يُضَـٰهِـُٔونَ قَوْلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَبْلُ ۚ قَـٰتَلَهُمُ ٱللَّهُ ۚ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ
٣٠ ٱتَّخَذُوٓا۟ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَـٰنَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلْمَسِيحَ ٱبْنَ مَرْيَمَ وَمَآ
أُمِرُوٓا۟ إِلَّا لِيَعْبُدُوٓا۟ إِلَـٰهًا وَٰحِدًا ۖ لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ سُبْحَـٰنَهُۥ عَمَّا يُشْرِكُونَ ٣١

(1) خرىستىئانلارنىڭ ئىسائەلەيھىسسالامنىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەش بايرىمى.

يەھۇدىيلار: «ئۇزەير اللە نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ (يەنى ئىسا) اللە نىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر، (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر اللە نىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. اللە ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (اللە نىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (اللە نىڭ بالىسى بار دەپ) اللە غا يالغان چاپلايدۇ﴿30﴾. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە دىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴿31﴾.

## يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ئىكەنلىكى

يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن ئىبارەت اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى كاپىرلارنىڭ اللە تائالا ھەققىدە ئېيتقان بۇ بىمەنە سۆزلىرى ئۈچۈن، اللە تائالا مۆمىنلەرنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ”اللە تائالانىڭ ئوغلى“ دېدى. اللە ئوغلى بولۇشتىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

خرىستىئانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئازغۇنلۇقىغا كەلسەك، بۇ ھەممىگە ئاياندۇر. شۇڭا اللە تائالا بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەملەرنى يالغانغا چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزدۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق، ئۇ پەقەت يالغان ئويدۇرمىلاردىن ئىبارەتتۇر خالاس.

﴿**(ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر اللە نىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ**﴾ يەنى ئىلگىرىكى گۇمراھ بولغان ئۈممەتلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇلارمۇ ئەنە شۇلار گۇمراھ بولغاندەك گۇمراھ بولىدۇ.

﴿**اللە ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، (اللە نىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) ئۇلار قانداقمۇ (اللە نىڭ بالىسى بار دەپ) اللە غا يالغان چاپلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى**﴾ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى يېتىپ بارغاندا، مەن شامغا قېچىپ كەتكەن ئىدىم. مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن ئىدىم. ھەمشىرەم ۋە بىر قىسىم ئادەملىرىم ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمشىرەمگە ياخشىلىق قىلىپ، فىدىيە ئالماستىن قويۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ھەمشىرەم مېنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ مېنى ئىسلامغا كىرىشكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىگە كەلدىم.

مەن تەيئى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. ئاتام سېخىلىقى بىلەن نام چىقارغان ھاتىمى ئىدى. مېنىڭ كەلگەنلىكىم ھەققىدە سۆزلەشكىلى تۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇنىڭ بويىنۇمدا كۈمۈشتىن ياسالغان كرېست بەلگىسى بار ئىدى.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى. ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇلار ئۇلارغا چوقۇنمايدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئۇلارغا چوقۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلارغا ھالالنى ھارام قىلىپ بېرىدۇ. ھارامنى ھالال قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا ئۆلىمالىرىغا ئەگىشىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىغا چوقۇنغانلىقىدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئى ئەدىي! ”**الله** ئەكبەر“ (يەنى **الله** كاتتىدۇر) دېيىش سېنىڭ قېچىشىڭغا سەۋەبچى بولدىمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ **الله** تائالادىن كاتتا بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ سېنىڭ قېچىشىڭغا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ”لائىلاھە ئىللەللاھۇ“ (يەنى **الله** دىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق) دېيىش سېنىڭ قېچىشىڭغا سەۋەبچى بولدىمۇ؟ **الله** تائالادىن باشقا بىرەر مەبۇدنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىردى. مەن ئىسلامغا كىردىم ۋە شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتىم. ئەدىي مۇنداق دەيدۇ: مەن شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى كۆردۈم. ئۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار **الله** تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلاردۇر، خىرىستىئانلار توغرا يولدىن ئازغانلاردۇر» دېدى.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى**﴾ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلغان نەرسىلەردە ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى**﴾ يەنى پەقەت **الله** ھارام قىلغان نەرسە ھارامدۇر، ھالال قىلغان نەرسە ھالالدۇر. **الله** يولغا قويغان شەرىئەتكە ئەگىشىش كېرەك، **الله** ھۆكۈم قىلغان نەرسە ئىجرا قىلىنىدۇ.

﴿**ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر**﴾ يەنى **الله** يۈكسەكتۇر. ئۇلۇغدۇر، شېرىكلەردىن، ياردەمچىلەردىن ۋە بالا تۇتۇشتىن پاكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر.

* * * * * * *

يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾ هُوَ
ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياپەداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴿32﴾. الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴿33﴾.

## ئەھلى كىتابنىڭ ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئەنە شۇ كاپىرلار **﴿الله نىڭ نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياپەداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ﴾** يەنى الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتكەن توغرا يول ۋە ھەق دىنىنى ئۇلار پەقەت جېدەل قىلىش ۋە يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق يوق قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ مىسالى كۈن نۇرى بىلەن ئاي نۇرىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاي نۇرى بىلەن كۈن نۇرىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ھەق دىن (ئىسلام دىنى) نى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان نەرسىلىرىگە قارشى مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كاپىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ﴾**.

## ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى

**﴿الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾** ھىدايەت دېگىنىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن راست خەۋەرلەر، توغرا ئىمان ۋە پايدىلىق ئىلىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ھەق دىن دېگىنىمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى توغرا، پايدىلىق، ياخشى ئەمەللەردىن ئىبارەتتۇر.

**﴿الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن﴾** ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله ماڭا زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنى يىغىپ كۆرسەتتى. كەلگۈسىدە مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ پادىشاھلىقى زېمىندىن ماڭا يىغىپ كۆرسىتىلگەن يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ».

ئىمام ئەھمەد تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، - دەيدۇ: «بۇ دىن ئەلۋەتتە كېچە ۋە كۈندۈز بولىدىغان جاينىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ. الله بىرمۇ ئۆي ۋە چېدىرنى قالدۇرماستىن بۇ دىننى كىرگۈزىدۇ. الله ئەزىز كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ. خار كىشىنى خار قىلىدۇ. الله ئىسلام بىلەن ئەزىز قىلغان كىشى ئەزىزدۇر، كۇپۇرى بىلەن خار قىلغان كىشى خاردۇر».

تەمىم دارى مۇنداق دەيتتى: مەن بۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىتىدىن تونۇپ

يەتتىم. ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار ھەقىقەتەن ياخشىلىققا، شان ـ شەرەپكە ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشتى. كاپىر بولغانلار خارلىققا، كەمسىتىشلەرگە ۋە جىزيە تۆلەشكە دۇچار بولدى.

*******

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡأَحۡبَارِ وَٱلرُّهۡبَانِ لَيَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ
بِٱلۡبَٰطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۗ وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا
يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٣٤﴾ يَوۡمَ يُحۡمَىٰ عَلَيۡهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ
فَتُكۡوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمۡ وَجُنُوبُهُمۡ وَظُهُورُهُمۡۖ هَٰذَا مَا كَنَزۡتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ
تَكۡنِزُونَ ﴿٣٥﴾

ئى مۆمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللّٰه نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴿34﴾. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللّٰه نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴿35﴾.

## يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئۆلىمالاردىن ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى ئابىدلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ھىبرىلار يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدۇر، راھىبلار خىرىستىئانلارنىڭ ئابىدلىرىدۇر. سۇددىنىڭ ئېيتىقىنىدەك، ھىبرىلار ھەقىقەتەن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟﴾[1]

راھىبلار ھەقىقەتەن خىرىستىئانلارنىڭ ئابىدلىرىدۇر، قىسسىسلار ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى﴾[2] بۇ ئايەتتىن مەقسەت، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئۆلىمالار ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى ئابىدلاردىن ھەزەر ئەيلەشتۇر.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئۆلىمالىرىمىزدىن كىمنىڭ ئىستىلى بۇزۇلسا، ئۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئابىدلىرىمىزدىن كىمنىڭ ئىستىلى بۇزۇلسا، ئۇ خىرىستىئانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

(1) مائىدە سۈرىسى 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 82 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنغان: «سىلەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا قەدەممۇ قەدەم كىرىپ كېتىسىلەر». ساھابىلار: يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ يوللىرىغىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇلار بولماي كىم بولاتتى؟» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇلار: پارسلار ۋە رۇملارنىڭ يوللىرىغىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلاردىن كۆپىنچىسى شۇلار تۇرسا» دېدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك!

**﴿ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ﴾** بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى دىنىنىڭ نامىغا، كىشىلەر ئارىسىدىكى نوپۇزى ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ يەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر ئالدىدا ئالاھىدە نوپۇزلۇق ئىدى. ئۇلار يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا سوغا ـ سالام، ھەدىيەلەرنى بېرەتتى ۋە باج تۆلەيتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىنىدىمۇ يەھۇدىي ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى تەمە قىلىپ، ئىلگىرىكى ئازغۇنلۇقنى، كۇپۇرلۇقنى ۋە ھەق بىلەن قارشىلىشىشنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقىنى پەيغەمبەرلىكنىڭ نۇرى بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنى ئۇلاردىن ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى خارلىق ۋە ھاقارەتكە گىرىپتار قىلدى. ئۇلار الله تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

**﴿(كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھارامنى يېگەندىن سىرت، كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن توسىدۇ. ھەقىقەتكە باتىلنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن بىلىمسىز كىشىلەرگە ياخشىلىققا چاقىرىۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئەمەس، بەلكى ئۇلار دوزاخقا چاقىرغۇچىلاردۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلار ھېچبىر ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ.

## ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقانلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى

**﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴾** بۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۈچىنچى نوپۇزلۇق كىشىلەردۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار ئۆلىمالارغا، ئابىدلارغا ۋە پۇل ـ مال ئىگىلىرىگە باغلىنىپ ياشايدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى بۇزۇلسا، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى بۇزۇلىدۇ.

مالىك ئابدۇللاھ ئىبنى دىناردىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن زاكىتىنى بەرمىگەن مال ـ مۈلۈك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىمام بۇخارى زۆھرىدىن خالىد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىر يەرگە چىقتۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى زاكات ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈم ئىدى. زاكات ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، الله تائالا زاكاتنى مال ـ مۈلۈكنى پاكلىغۇچى قىلىپ بېكىتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئىراك ئىبنى مالىك قاتارلىقلارمۇ: مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇردى، ـ دېدى.

ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئاز يىغقانلارنى مەدھىيىلەپ، كۆپ يىغقانلارنى ئەيىبلەپ نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى. بىز بۇ ھەدىسلەردىن ھەممىسىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھەدىسنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئابدۇرازاق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن الله تائالانىڭ: **﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا...﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇن يىغقان كىشى زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر، كۈمۈش يىغقان كىشى زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار: ئۇنداقتا قايسى تۈردىكى پۇل ـ مالنى ساقلايمىز؟ ـ دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇنى سىلەرگە مەن سوراپ بېرەي، ـ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى سۆزۈڭ ساھابىلىرىڭگە ھەقىقەتەن ئېغىر تۇيۇلۇپتۇ، ئۇلار قايسى تۈردىكى پۇل ـ مالنى ساقلايمىز دېيىشىۋاتىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالاغا زىكىر ئېيتىپ تۇرىدىغان تىلنى، شۈكۈر قىلىدىغان دىلنى ۋە سىلەرگە دىنىڭلاردا ياردەمچى بولىدىغان ئايالنى ساقلاڭلار» دېدى.

**﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾** يەنى بۇ سۆز ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، تاپا ـ تەنە قىلىش ۋە كەمسىتىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ﴾[2] يەنى بۇ ئازاب سىلەرنىڭ توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ جازاسىدۇر. بۇ ئازابقا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يىغىش ئارقىلىق ئۆزەڭلار سەۋەبچى بولدۇڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەقتە مۇنداق قاراش بار: كىمكى بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرسە ۋە ئۇنى الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش يولىدا ئىشلىتىشتىن ئارتۇق بىلسە، ئۇ شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يىغقان شۇ كىشىلەر ئۇنى ساقلاشنى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىشتىن ئارتۇق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ساقلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشى بىلەن ئازابقا تارتىلىدۇ. لەنىتى ئەبۇلەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى، ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشكىنى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىمۇ ئۇ ئېرىنىڭ ئازابلىنىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. يەنى ئۇ ئايالنىڭ بويىنىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولۇپ، دوزاختا ئوتۇن يىغىپ ئېرىنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، دۇنيادا ئېرىگە كۆرسەتكەن

(1) تەۋبە سۈرىسى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) دۇخان سۈرىسى 48 ــــ 49 ـ ئايەتلەر.

مېھرى ـ شەپقەتنىڭ بەدىلىگە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭدەكلا بۇ پۇل ـ مال، ئىگىلىرىگە دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەڭ زىيانلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قاتتىق قىززىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىسىنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر سەۋباندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىدىن كېيىن بايلىق قالدۇرۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ بايلىق قوش زەھەرلىك تاز يىلان سۈرىتىدە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. ئۇ ئادەم: ساڭا ۋاي! سەن كىم بولىسەن؟ ـ دەيدۇ. يىلان: مەن سېنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى بايلىقىڭ بولىمەن، ـ دەيدۇ. يىلان ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ يۇتۇۋېتىدۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇتۇۋېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئىبنى ھەببان ۋە ئىبنى خۇزەيمە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى قىيامەت كۈنى ئوتتا قىززىتىلغان قىلىچلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسى، بېقىنى ۋە دۈمبىسى ئۇزۇنلىقى 50 مىڭ يىل كېلىدىغان كۈندە بەندىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغىچە شۇ قىلىچلار بىلەن داغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمگە جەننەت ياكى دوزاختا ماڭىدىغان يولى كۆرسىتىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە زەيد ئىبنى ۋەھبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇزەر بىلەن رەبزە دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ: سەن نېمىشقا بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالدىڭ؟ ـ دېدىم. ئۇ: بىز شامدا ئىدۇق. مەن: **﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللە نىڭ يولىداسەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم. مۇئاۋىيە: بۇ ئايەت بىز توغرۇلۇق چۈشكەن ئەمەس، ئۇ ئەھلى كىتاب ھەققىدە چۈشكەندۇر، ـ دېدى. مەن: بۇ ئايەت بىز ۋە ئەھلى كىتاب توغرۇلۇق چۈشكەن دېدىم[1].

* * * * * * *

إِنَّ عِدَّةَ ٱلشُّهُورِ عِندَ ٱللَّهِ ٱثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ يَوْمَ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ مِنْهَآ أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلْقَيِّمُ فَلَا تَظْلِمُوا۟ فِيهِنَّ أَنفُسَكُمْ وَقَٰتِلُوا۟ ٱلْمُشْرِكِينَ كَآفَّةً كَمَا يُقَٰتِلُونَكُمْ كَآفَّةً وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٦﴾

(1) بۇ ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، مۇئاۋىيە شامغا ۋالىي ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شامدا (سۈرىيە) دە ياشايتتى. ئۇ بۇ ئايەتنى مۇئاۋىيەگە ئوقۇپ بېرىپ، دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كەمبەغەللەرگە تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر قىسىم كەمبەغەللەر ئەبۇزەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەقە چوڭىيىپ كېتىدۇ. مۇئاۋىيە بۇ ۋەقەنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە چاقىرتىدۇ. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئوسمان بۇ ئەھۋالنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇزەرگە دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشۋالماي، چەترەك بىر جايغا كېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇزەر مەدىنىدىن بىر قانچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى رەبزە دېگەن جايغا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ جايدا ياشايدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى الله نىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12دۇر، ئۇلاردىن تۆتى (يەنى زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر، بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى الله نىڭ توغرا دىنىدۇر)، بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، الله چەكلىگەن گۇنا ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن الله دىن قورققۇچىلارغا الله نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)﴿36﴾.

## بىر يىلنىڭ 12 ئاي ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇبەكرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىلىڭلاركى، زامان ئايلىنىپ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندە، لەۋھۇلمەھپۇزغا بېكىتىلگەن ھالىتىگە كەلدى. بىر يىل 12 ئىككى ئايدۇر، ئۇنىڭدىن تۆت ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار بولۇپ، ئۈچ ئېيى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ. ئۇلار زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ئايلىرى ۋە جەمادىيەل ئاخىر ئېيى بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى رەجەپ ئېيىدۇر» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كۈنىنىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز سۈكۈت قىلدى. بىز: ئۇ بۇ كۈنگە باشقا ئىسىم قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ قۇربانلىق كۈنى ئەمەسمۇ؟» دېدى. بىز شۇنداق، ـ دېدۇق. ئاندىن ئۇ: «بۇ ئاينىڭ قايسى ئاي ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدۇق. ئۇ ئاز سۈكۈت قىلدى. بىز: ئۇ، بۇ ئايغا باشقا ئىسىم قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇق، ئۇ: «بۇ زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟» دېدى. بىز: شۇنداق، ـ دېدۇق. ئاندىن ئۇ: «بۇ قايسى شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدۇق. ئۇ بىر ئاز سۈكۈت قىلدى. بىز: ئۇ، بۇ شەھەرگە باشقا ئىسىم قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدۇق. ئۇ: «بۇ مەككە شەھىرى ئەمەسمۇ؟» دېدى. بىز: شۇنداق، ـ دېدۇق. ئۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ يۈز ـ ئابرويىنى تۆكۈش سىلەرگە بۇ كۈنۈڭلارنىڭ، بۇ ئېيىڭلارنىڭ ۋە بۇ شەھىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاش ھارام قىلىندى. كەلگۈسىدە پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئۇچرىشىسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئالىدۇ. بىلىڭلاركى، مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ گەدىنىگە قىلىچ ئۇرۇپ گۇمراھلىققا قايتماڭلار. بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزدۈم. بىلىڭلاركى، سىلەردىن بۇ جايدا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن، بۇ ھەدىس يەتكۈزۈلگەن بەزى كىشىلەر ئۇنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەرگە قارىغاندا چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى مۇمكىن» دېدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

دىنىي ئۆلىمالاردىن بىرى بولغان ئالىم سەخاۋى ئۆزىنىڭ ”مەشھۇر كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئىسىملىرى“ دېگەن كىتابىنىڭ بىر بۆلۈمىدە ھازىرقى ئىسلام كالىندارى بويىچە ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئايلارنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1 ـ ئاي مۇھەررەم ئېيى بولۇپ، مەنىسى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەررەم دەپ ئاتالغان. مېنىڭ (يەنى ئاپتورنىڭ) قارىشىمچە، بۇ ئاينىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن مۇھەررەم دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئەرەبلەر بۇ ئاينىڭ ئورنىنى يۆتكەپ بىر يىل ئىچىدە ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلاتتى.

2 ـ ئاي سەپەر ئېيى بولۇپ، مەنىسى بوش قالغان دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايدا ئۇرۇشقا ۋە سەپەرلەرگە چىقىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بوش قالغانلىقى ئۈچۈن سەپەر دەپ ئاتالغان.

3 ـ ئاي رەبىئۇل ئەۋۋەل بولۇپ، مەنىسى سوغۇق چۈشكەندە، ئۆيگە كىرىشنى باشلاشنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايدا ئۇلار ئۆيگە كىرىشنى باشلىغانلىقى ئۈچۈن رەبىئۇل ئەۋۋەل دەپ ئاتالغان.

4 ـ ئاي رەبىئۇلئاخىر بولۇپ، مەنىسى ئۆيگە كىرىشنى باشلاشنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايدا ئۇلارنىڭ ئۆيگە كىرىدىغان ۋاقتى ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن رەبىئۇل ئاخىر دەپ ئاتالغان.

5 ـ ئاي جەمادىيەل ئەۋۋەل بولۇپ، مەنىسى سۇ مۇز تۇتۇشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايدا سۇ مۇز تۇتۇشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن جەمادىيەل ئەۋۋەل دەپ ئاتالغان. سەخاۋىنىڭ بۇ سۆزى ئادەمنى ئانچە بەك قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئايلىرى ئاسماندىكى ئايغا ئاساسەن ھېسابلانغان بولسا، بۇ ئايلار چوقۇم ئايلىنىپ (ئۆزگىرىپ) تۇرىدۇ. ئەرەبلەر ئايلارغا ئىسىم قويغان ۋاقىتلار ئايلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، شۇڭا ئۇلار شۇنداق ئىسىملارنى قويغان بولۇشى مۇمكىن.

6 ـ ئاي جەمادىيەل ئاخىر بولۇپ، مەنىسى سۇ مۇز تۇتقان ئاخىرقى ۋاقىت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاي مۇز تۇتىدىغان ئىككىنچى ئاي بولغانلىقى ئۈچۈن جەمادىيەل ئاخىر دەپ ئاتالغان.

7 ـ ئاي رەجەپ بولۇپ، مەنىسى ئۇلۇغلاش دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايدا، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى ئۇلۇغلاپ رەجەپ دەپ ئاتىغان.

8 ـ ئاي شەئبان بولۇپ، مەنىسى تارقالغان، بۆلۈنگەن دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىسىم قەبىلىلەرنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

9 ـ ئاي رامىزان بولۇپ، مەنىسى قاتتىق ئىسسىق دېگەن بولىدۇ. بۇ ئايغا ئىسىم قويۇلغان ۋاقىت قاتتىق ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن رامىزان دەپ ئاتالغان.

سەخاۋى مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەر رامىزاننى الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى دېگەن. بۇ پۈتۈنلەي خاتا قاراش بولۇپ ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە (ئاپتور): رامىزاننىڭ الله

تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن بۇ ھەدىسنىڭ ئاساسىنى ئاجىز دەپ قارايمەن. مەن بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىلاتىنى ”روزا تۇتۇش“ ناملىق كىتابىمنىڭ باش تەرىپىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم.

10 ـ ئاي شەۋۋال بولۇپ، مەنىسى تۆگىلەرنىڭ قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئايغا ئىسىم قويۇلغان ۋاقىت شۇنداق پەسىل بولغانلىقى ئۈچۈن شەۋۋال دەپ ئاتالغان.

11 ـ ئاي زۇلقەئدە بولۇپ، مەنىسى ئولتۇرىدىغان ۋاقىت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايدا ئەرەبلەر ئۇرۇشقا ۋە سەپەرلەرگە چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن زۇلقەئدە دەپ ئاتالغان.

12 ـ ئاي زۇلھەججە بولۇپ، مەنىسى ھەج قىلىش ۋاقتى دېگەنلىكى بولىدۇ. بۇ ئاي ھەج قىلىدىغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن زۇلھەججە دەپ ئاتالغان.

## ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار

**﴿ئۇلاردىن تۆتى (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر﴾** جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرمۇ بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام دەپ قارايتتى. بۇنىڭغا كۆپ ساندىكى ئەرەبلەر ئەمەل قىلاتتى. پەقەت ئۇلاردىن بەسىل ناملىق قەبىلىدىكى ئەرەبلەر بۇنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى سەككىز ئاينى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... جەمادىيەل ئاخىر ئېيى بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى رەجەپ ئېيىدۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بەزىلەر: ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان رەجەپ ئېيى، شەئبان ئېيى بىلەن شەۋۋال ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى رامىزان ئېيىدۇر[1] دەپ بىلجىرلىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەجەپ ئېيىنىڭ جەمادىيەل ئاخىر بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئاي ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن. ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار پەقەت تۆت ئاي بولۇپ، ئۈچى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ. بىرى يالغۇز كېلىدۇ. بۇ ئايلاردا ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشى ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنى خاتىرجەم ئادا قىلىشى ئۈچۈن زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججە ئېيىدا ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىندى. ھەجگە ئەڭ يىراق يۇرتلاردىن كەلگەنلەرنىڭمۇ خاتىرجەم ھالدا يۇرتلىرىغا قايتىۋېلىشى ئۈچۈن، زۇلھەججە ئېيىدىن كېيىنكى مۇھەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشمۇ ھارام قىلىندى. يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ يىراق جايلىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ۋە ۋەتىنىگە خاتىرجەم قايتىۋېلىشى ئۈچۈن رەجەپ ئېيىدا ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىندى.

**﴿بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى الله نىڭ توغرا دىنىدۇر)﴾** يەنى **الله** ئۇرۇشۇشنى ھارام قىلغان بۇ ئايلارنىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدىكى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ھالىتىگە كېلىشى ۋە **الله** تائالانىڭ بۇ ئايلار ھەققىدىكى بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش توغرا بەلگىلەنگەن شەرىئەتتۇر.

(1) بۇ يىلدا بىر قېتىم روزا تۇتىلىدىغان رامىزان ئېيىدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، ﷲ چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار**﴾ چۈنكى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان بۇ ئايلاردا قىلىنغان گۇناھ باشقا ئايلاردا قىلغان گۇناھقا قارىغاندا ئېغىردۇر. ﷲ تائالا: ﴿كىمكى مەسجىدى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرەمدە گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ ھەسسىلەپ ئىشلەنگەن گۇناھىنىڭ جازاسىدەك ئېغىردۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ﴿**ئايلارنىڭ سانى ﷲ نىڭ دەرگاھىدا...**﴾ ۋە ﴿**بۇ ئايلاردا ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار**﴾ دېگەن ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى ھەممە ئايدا ئۆزلىرىگە زىيان سالماسلىققا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا تۆت ئاينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلىپ بېكىتتى، بۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇ ئايلاردا قىلغان گۇناھلارنىڭ جازاسىنى ئېغىر قىلدى ۋە قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ مۇكاپاتىنى زىيادە قىلدى.

قەتادە: ﴿**بۇ ئايلاردا ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا زۇلۇم قىلىش ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر ۋە شۇ ئايلاردا قىلغان زۇلۇم باشقا ئايلاردار قىلغان زۇلۇمغا قارىغاندا ئېغىر گۇناھتۇر. گەرچە زۇلۇم قىلىش ھەر قانداق ھالەتتە ئېغىر گۇناھ بولسىمۇ، لېكىن ﷲ ئۆزى خالىغان ئىشنىڭ گۇناھىنى ئېغىرلىتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىدىن بەزى شەيئىلەرنى تاللىدى. پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن بەزى پەرىشتىلەرنى ئەلچى قىلىپ تاللىدى. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلىپ تاللىدى، سۆزلەرنىڭ ئىچىدىن ﷲ تائالانى زىكرى قىلىشنى تاللىدى، زېمىن ئىچىدە مەسچىتلەرنى تاللىدى، ئايلار ئىچىدىن رامىزان ئېيىنى ۋە ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلارنى تاللىدى. كۈنلەر ئىچىدىن جۈمە كۈنىنى تاللىدى، كېچىلەر ئىچىدىن شەبى قەدرى كېچىسىنى تاللىدى. ﷲ ئۇلۇغلىغان نەرسىنى سىلەرمۇ ئۇلۇغلاڭلار. ھەقىقەتەن ﷲ ئۇلۇغلىغان ئىشلار چوڭقۇر چۈشەنچىگە ۋە ساغلام ئەقىلگە ئىگە كىشىلەر ئالدىدا ئۇلۇغلىنىدۇ.

## ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا

﴿**مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە**﴾ يەنى ھەممىسى بىرلىشىپ ﴿**ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ﷲ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ﷲ نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ﷲ دىن قورققۇچىلارغا ﷲ نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)**﴾ بىلىڭلاركى، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇشنى دەسلەپتە باشلاش ھەقىقەتەن ھارامدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ﷲ نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دا ئۇرۇش

(1) ھەج سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىش) نى ھالال سانىماڭلار﴾[1]، ﴿(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق). بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾[2]، ﴿(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[3].

**﴿مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾** بۇ ئايەتتە ئەگەر مۇشرىكلار ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ھۇجۇم قىلسا، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۆمىنلەرگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئۇرۇش) قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا دۈشمىنىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ). ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەڭ باراۋەر (يەنى ھۆرمىتى ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى باشقىلار دەپسەندە قىلسا، ئىنتىقام ئېلىش يۈزىسىدىن، سىلەرمۇ ئۇلارنى دەپسەندە قىلساڭلار ھېچ يامىنى يوق)﴾[4]، ﴿تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار﴾[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىف ئەھلىنى قورشاۋغا ئېلىشى ۋە قورشاۋنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي كىرگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئۇرۇش ھاۋازىن خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن سەقىف قەبىلىسىگە قارشى قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى قىسمىدۇر. ئۇلار ئادەملەرنى ئۇرۇشقا چاقىرىپ توپلىغان ۋە ئالدىدا ھۇجۇم قىلغان كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار تائىف سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سېپىلدىن قىستاپ چىقىرىش ئۈچۈن قورشاۋغا ئالدى. ئۇلار بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتتى. قورشاۋ مەنجانىق ۋە باشقا ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تەخمىنەن 40 كۈن داۋام قىلدى. ئۇرۇش، ئۇرۇش ھالال قىلىنغان ئايدا باشلانغان ئىدى. ئۇرۇش داۋام قىلىپ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايمۇ كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايدا ئۇرۇش بىر قانچە كۈن داۋام قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قورشاشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ دەسلەپتە كەچۈرمىگەن ئىشنى ئاستا ـ ئاستا كەچۈرەتتى. بۇ ھەممىگە مەلۇم ئىش بولۇپ، بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

*******

(1) مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تەۋبە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بەقەرە سۈرىسى 191 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ زِيَادَةٌ فِي ٱلۡكُفۡرِۖ يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُحِلُّونَهُۥ عَامًا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامًا لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُۚ زُيِّنَ لَهُمۡ سُوٓءُ أَعۡمَٰلِهِمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٧

ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ 12 ئېيىنى 13 ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر، بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار الله هارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل هالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى هارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار الله هارام قىلغان ئاينى هالال قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. الله كاپىر قەۋمنى هىدايەت قىلمايدۇ﴿37﴾.

## شەرىئەت ئىشلىرىدا ئۆز قارىشىغا تايىنىپ ئىش تۇتۇشنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە الله بەلگىلىگەن ئىشلاردا ئۆزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرى بويىچە ئىش تۇتقان، الله تائالانىڭ هۆكۈملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ـ خاهىشلىرى بويىچە ئۆزگەرتكەن، الله هارام قىلغان نەرسىلەرنى هالال قىلغان، الله هالال قىلغان نەرسىلەرنى هارام قىلغان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولغان ئارزۇلىرىنى قاندۇرماقچى بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا دۈشمەنلىشىش، هۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئېغى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدىغان ئۈچ ئاينىڭ مۇددىتىنى ئۆزارتىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇلار ئىسلامدىن ئىلگىرى بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلىش هارام قىلىنغان ئاي مۇهەررەم ئېيىنى سەپەر ئېيىغا كېچىكتۈرۈپ، مۇهەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هالال قىلدى. الله ئۇرۇش قىلىشنى هارام قىلغان تۆت ئاينىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇرۇش هالال قىلىنغان سەپەر ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هارام قىلدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلهە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەنادە ئىبنى ئەۋف كەنانى هەر يىلى هەج مەۋسۇمىدە مەككىگە كېلەتتى. ئۇ ئەبۇسۇمامە دېگەن كۇنيەت قىلىنغان ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ جاكارلايتتى: بىلىڭلاركى، ئەبۇسۇمامە گۇناهكار ئەمەس، ئەيىبلىنىشكىمۇ هەقلىق ئەمەس. بىلىڭلاركى، ئالدىنقى يىلنىڭ سەپەر ئېيى بۇ يىل ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن هالالدۇر. ئۇ كىشىلەرگە سەپەر ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى ئەنە شۇنداق هالال قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بىر يىلى سەپەر ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هارام قىلسا، يەنە بىر يىلى مۇهەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هارام قىلاتتى.

ئەنە شۇ الله تائالانىڭ: **﴿ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ 12 ئېيىنى 13 ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدۇر. مۇشرىكلار بىر يىلى مۇهەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى هالال قىلىپ، يەنە بىر يىلى هارام قىلاتتى. ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيم مۇجاهىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەنانە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم هەر يىلى هەج مەۋسۇمىدە ئېشەككە مىنىپ مەككىگە كېلەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ئى خالايىق! مەن هەقىقەتەن ئەيىبلىنىشكە هەقلىق ئەمەس، گۇناهكار ئەمەس، ئېيتقان

سۆزلىرىمگە رەددىيە قايتۇرۇلغۇچىمۇ ئەمەس. بىز ھەقىقەتەن مۇھەررەم ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلدۇق، سەپەر ئېيىنى ئارقىغا سۈردۇق». ئاندىن ئۇ كېلەر يىلى يەنە كېلىپ ھېلىقى سۆزىگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: بىز ھەقىقەتەن سەپەر ئېيىدا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلدۇق، مۇھەررەم ئېيىنى ئارقىغا سۈردۇق. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: **﴿ئۇلار الله ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا **الله** ھارام قىلغان تۆت ئاينى توشقۇزاتتى. ئۇلار **الله** ھارام قىلغان ئاينى ئارقىغا سۈرۈش بىلەن ھارام ئاينى ھالال قىلاتتى.

ئۇلار بىر يىلى مۇھەررەم ئېيىنى ھالال قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەپەر ئېيىنى ھارام قىلاتتى. سەپەر ئېيىنى رەبىئۇلئاۋۋال ئېيىغا، رەبىئۇلئاۋۋال ئېيىنى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىغا سۈرۈپ، يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئايلارنىڭ ئىسىملىرى، سانلىرى ۋە تەرتىۋى بويىچە شۇ ھالەتتە ئارقىغا سۈرەتتى. ئىككىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيىنى ھارام قىلىپ، بۇرۇنقى ھارام قىلىنغان ھالىتىدە قالدۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاي سەپەر ئېيى، ئاندىن رەبىئۇل ئەۋۋەل، ئاندىن رەبىئۇل ئاخىر ئېيى كېلىپ، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يىل ئاخىرلىشاتتى.

**﴿ئۇلار الله ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى ھارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار الله ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار بىر يىل ئىچىدىكى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان تۆت ئاينى توشقۇزۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ تۆت ئايدىن ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدىغان ئۈچىنچى ئاي مۇھەررەم ئېيىنى ئارقىغا كېچىكتۈرىدۇ.

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى" دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، ناھايىتى ياخشى ۋە پايدىلىق سۆزنى قىلىپ مۇنداق دېدى: ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئايلارنى ئارقىغا سۈرۈپ **الله** ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلغان ۋە **الله** ھالال قىلغان ئاينى ھارام قىلغان ئادەم قەلەممەس دېگەن ئادەمدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ھۇزەيفە ئىبنى ئابدۇفۇقەيم ئىبنى ئەدى ئىبنى ئامىردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبباد، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇببادنىڭ ئوغلى قەلە ئىبنى ئۇبباد، ئۇنىڭدىن كېيىن قەلەنىڭ ئوغلى ئۇمەييە ئىبنى قەلە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمەييىنىڭ ئوغلى ئەۋف ئىبنى ئۇمەييە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇسۇمامە جەنادە ئىبنى ئەۋف داۋام قىلدى. جانادە ئىبنى ئەۋف بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى كىشىدۇر. ئۇنىڭ زامانىسىدا ئىسلام كەلدى. ئەرەبلەر ھەج پائالىيىتىنى تۈگىتىپ بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشاتتى. ئۇ ئۇلارغا خىتاب قىلىپ رەجەپ، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججە ئايلىرىنى ھارام قىلاتتى. مۇھەررەم ئېيىنى بىر يىل ھالال قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەپەر ئېيىنى بېكىتىپ، **الله** ھارام قىلغان ئاينى ھالال، ھالال قىلغان ئاينى ھارام قىلاتتى.

*******

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ ٱنفِرُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱثَّاقَلْتُمْ إِلَى ٱلْأَرْضِ ۚ
أَرَضِيتُم بِٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا مِنَ ٱلْـَٔاخِرَةِ ۚ فَمَا مَتَـٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ
﴿٣٨﴾ إِلَّا تَنفِرُوا۟ يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْـًٔا ۗ
وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾

ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر﴿38﴾. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللە غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿39﴾.

## ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي جىھادقا چىقمىغانلارنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن، مېۋىلەر پىشقان، كۆڭۈللەر سايىنى تارتىدىغان بىر ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقمىغانلارنى ئەيىبلەشكە باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە**﴾ يەنى اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، ﴿**نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟**﴾ يەنى جىھادقا چىقىشقا سەل قاراپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ۋە كۆڭۈل تارتىدىغان مېۋە ـ چېۋىلەرگە بېرىلىپ كەتتىڭلار.

﴿**دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟**﴾ يەنى سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا شۇنداق قىلىسىلەر؟ ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دۇنياغا رازى بولۇپ شۇنداق قىلدىڭلارمۇ؟ ئاندىن اللە تائالا مۆمىنلەرنى دۇنياغا بېرىلمەي، ئاخىرەتكە يۈزلىنىشكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر**﴾ بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد مۇستەۋرىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيادىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتكە قارىغاندا، سىلەرنىڭ بىرىڭلار بارمىقىنى دېڭىزغا چىلاپ ئالغانچىلىكلا ئىشتۇر. ئۇ بارمىقىغا قانچىلىك سۇ يۇققانلىقىغا قاراپ باقسۇن». بۇ ھەدىسنى مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇھازىم ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان جان ئۈزۈش ئالدىدا يېنىدىكىلەرگە: مېنىڭ كېپەنلىكىمنى ئېلىپ كېلىڭلار. مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي،ـ دېدى. كېپەنلىك ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى: مېنىڭ دۇنيادا قالىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىم ئىچىدىن مۇشۇنىلا ئېلىپ كېتەمدىمەن؟ ئاندىن ئۇ ئارقىسىنى قىلىپ يىغلاپ كەتتى: ئى دۇنيا! سەن ئەجەپمۇ ئېچىنىشلىق ـ ھە! سەن نۇرغۇن كۆرۈنگەن ئىدىڭ، بۇ ئازغىنە نەرسە ئىكەن. يەنە كېلىپ بۇ ئازغىنە نەرسە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈگەيدىكەن، بىز سېنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېلىپتۇق ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى.

اللە تائالا جىھاد قىلىشنى تەرك ئەتكەن ئادەمنى قاتتىق قورقىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، اللە سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەردىن بىر قەبىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا چىقىشقا چاقىردى. لېكىن ئۇلار يۇرتلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي جىھادقا چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە

**الله** تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمىدى. مانا بۇ، ئۇلارغا قىلىنغان ئازاب ئىدى.

**﴿(سىلەرنى هالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾** يەنى پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلىش، ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر (**الله** نىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، **الله** سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى **الله** غا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[1].

**﴿سىلەر الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر﴾** يەنى سىلەر جىھادتىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنىڭغا سەل قاراپ يۇرتۇڭلاردىن چىقماسلىق بىلەن **الله** تائالاغا ھېچ قانداق زىيان سالالمايسىلەر. **﴿الله هەر نەرسىگە قادىردۇر﴾** يەنى **الله** دۈشمەنلەردىن سىلەرسىز ئىنتىقام ئېلىشقا قادىردۇر.

* * * * * * *

إِلَّا تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ثَانِىَ ٱثْنَيْنِ إِذْ هُمَا
فِى ٱلْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَٰحِبِهِۦ لَا تَحْزَنْ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَا ۖ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ
عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُۥ بِجُنُودٍ لَّمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلسُّفْلَىٰ ۗ
وَكَلِمَةُ ٱللَّهِ هِىَ ٱلْعُلْيَا ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٠﴾

ئەگەر سىلەر **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (**الله** ياردەم قىلىدۇ)، **الله** ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللا) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، **الله** ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، **الله** ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، **الله** نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿40﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈچى ئىكەنلىكى

**﴿ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)﴾** يەنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سىلەر ياردەم قىلمىساڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچىدۇر، كۈچلەندۈرگۈچىدۇر. ھەر جەھەتتە ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر ۋە ئۇنى قوغدىغۇچىدۇر. **الله** ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلىشقا ئىگە بولدى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى**

---

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى﴾ يەنى ھىجرەت قىلغان يىلى مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى ياكى سولاپ قويۇشنى ۋە ياكى يىراق جايغا پالاشنى پىلانلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قېچىپ قەدىناس دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەككىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ چىققان مۇشرىكلارنىڭ ئۈمىد ئۈزۈپ قايتىپ كېتىشى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ مەدىنىگە قاراپ خاتىرجەم مېڭىشى ئۈچۈن "سەۋر غارىدا" ئۈچ كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتى. بۇ جەرياندا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىرەر يامان ئىشنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ۋە ئۇنى خاتىرجەم بولۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيتتى. «ئى ئەبۇبەكرى! بىز ئىككىمىزدىن باشقا، ئۈچىنچى زات الله تۇرسا، يەنە نېمىگە ئەنسىرەيسەن» .

ئىمام ئەھمەد ئەنەستىن ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز غاردىكى چاغدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىسىلا، تۆۋەندە بىزنىڭ تۇرغانلىقىمىزنى ئەلۋەتتە كۆرۈپ قالىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇبەكرى! بىز ئىككىمىزدىن باشقا ئۈچىنچى زات الله تۇرسا، يەنە نېمىگە ئەنسىرەيسەن؟» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى﴾ يەنى ئۇنى كۈچلەندۈردى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى ئەبۇبەكرىگە ياردەم بەردى دەپ تەپسىر قىلغان.

﴿ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، الله نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلارنىڭ سۆزى شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالانىڭ سۆزى (شاھادەت كەلىمىسى) "الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان، قەبىلىۋازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان ۋە كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن رىيا قىلىپ ئۇرۇش قىلغان ئادەملەرنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى الله تائالانىڭ كەلىمىسىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ ئادەم الله يولىدا ئۇرۇشقان ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

﴿الله غالىبتۇر﴾ يەنى كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىشتا قۇدرەتلىكتۇر. الله تائالادىن پاناھلىق ئىزدىگەن ۋە الله تائالانىڭ سۆزىنى چىڭ تۇتقان ھەر قانداق كىشى زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. الله سۆزلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ .

* * * * * * *

ٱنفِرُواْ خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٤١﴾

(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇۋشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، ﷲ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴿41﴾.

## ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى

سۇفيان سەۋر ئاتىسىدىن ئەبۇزۇھا مۇسلىم ئىبنى سەبىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇۋشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار﴾** دېگەن بۇ ئايەت تەۋبە سۈرىسىدىن نازىل بولغان تۇنجى ئايەتتۇر.

مۇئتەمىر ئىبنى سۇلايمان ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەزرەمىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭغا مۇنداق خەۋەر يەتكەن: ئادەملەر ئىچىدە كېسەل ياكى ياشقا چوڭ بولۇپ قالغانلىرىدىن: مەن ئۇرۇشقا چىقمىساممۇ گۇناھكار بولمايمەن، ـ دەيدىغانلار بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنى رۇملۇق كاپىرلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابتىن بولغان ﷲ تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەبۇك غازىتى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشقا بۇيرۇدى. ﷲ مۆمىنلەرگە ئىختىيارى ياكى مەجبۇرى ئەھۋالدا بولسۇن، قىيىنچىلىق ياكى ئاسانچىلىق ئەھۋالدا بولسۇن، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشنى پەرز قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار﴾**.

ئەلى ئىبنى زەيد ئەنەستىن ئەبۇتەلھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قېرى ـ ياش ھەممىسى جىھادقا چىقىدۇ. ﷲ جىھادقا چىقمىغان ھېچكىمنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كېيىن ئۇ شامغا بېرىپ جىھادقا قاتنىشىپ، تاكى شېھىت بولغىچە جىھاد قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەبۇتەلھە تەۋبە سۈرىسىنى ئوقۇپ، **﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار، ﷲ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار﴾** دېگەن ئايەتكە كەلگەندە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتىن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ قېرى ـ ياش ھەممىمىزنىڭ جىھادقا ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشىمىزنى بۇيرۇغانلىقىنى چۈشەندىم. ئى بالىلىرىم! مېنى تەييارلاپ جىھادقا يولغا سېلىڭلار. بالىلىرى ئۇنىڭغا: ﷲ ساڭا رەھىم قىلسۇن! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ ۋاپات بولغىچە غازاتلارغا قاتناشتىڭ، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بىللە جىھاد قىلدىڭ، ئۆمەر بىلەنمۇ ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بىللە جىھاد قىلدىڭ، ئەمدى سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز جىھاد قىلايلى! ـ دېدى. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئاخىر ئۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ،

مۇجاھىدلار بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ دېڭىز ئۈستىدە ۋاپات بولدى. مۇجاھىدلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن 9 كۈندىن كېيىن ئاران بىر ئارالنى تاپتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ جەستى چىرىمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنى شۇ ئارالغا دەپنە قىلدى.

**﴿ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار﴾** سۈددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: باي ياكى كەمبەغەل بولۇڭلار، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇڭلار، ھەممە ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى مىقداد ئىسىملىك بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە سېمىز ئادەم ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. ئاندىن شۇ كۈنى: **﴿ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكمى كىشىلەرگە ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر﴾(1).

ئىبنى جەرىر ھىببان ئىبنى زەيد شەرئەبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سەفۋان ئىبنى ئەمرى بىلەن بىللە ئەپسۇس تەرەپتىكى جىمراجىمە دېگەن يەرگە ئۇرۇشقا چىقتۇق، سەفۋان "ھىمس" دېگەن جاينىڭ ۋالىسى ئىدى. مەن ھۇجۇمغا ئاتلانغان قوشۇننىڭ ئىچىدە ئۇلاغقا مىنىۋالغان ئۆزى دەمەشقلىق، ئىككى قېشى كۆزلىرىگىچە چۈشكەن ناھايىتى ياشانغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم ـ دە: ئى تاغا! **الله** ھەقىقەتەن سىزدەك ياشانغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدىغۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ ئىككى قېشىنى كۆتۈرۈپ: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! **الله** بىزدىن يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىلگىنكى، **الله** ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. ئاندىن **الله** ئۇنى قايتا تىرىلدۈرۈپ مەڭگۈ قالدۇرىدۇ. **الله** بەندىلىرىدىن پەقەت شۈكۈر قىلغان، سىناقلاردا چىداملىق بولغان، **الله** نى ياد ئېتىپ تۇرغان، غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالادىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان كىشىنىلا سىنايدۇ، ـ دېدى.

**الله** تائالا پۇل ـ مالنى **الله** يولىدا سەرپ قىلىشقا، **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان يولدا جاننى سەرپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ يولىدا ماللىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾** يەنى مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىدۇر. چۈنكى سىلەر ئازراق چىقىم قىلىسىلەر، ئاندىن **الله** سىلەرگە دۇنيادا دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى غەنىمەت قىلىپ بېرىدۇ. ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈن كاتتا مۇكاپاتنى تەييارلاپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «**الله** يولىدا جىھادقا چىققان مۇجاھىدقا، ئەگەر **الله** ئۇنى قەبزى روھ قىلسا، جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ئۆيىگە ساق ـ سالامەت ھالدا كاتتا ئەجىر بىلەن ياكى نۇرغۇن غەنىمەت بىلەن قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى».

(1) تەۋبە سۈرىسى 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئەنەستىن بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە: «ئىسلامغا كىرگىن» دەيدۇ، ئۇ: مەن ئىسلامغا كىرىشنى ياقتۇرمايمەن، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلامنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا كىرگىن» دەيدۇ.

* * * * * * *

لَوۡ كَانَ عَرَضٗا قَرِيبٗا وَسَفَرٗا قَاصِدٗا لَّٱتَّبَعُوكَ وَلَٰكِنۢ بَعُدَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلشُّقَّةُۚ وَسَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ
لَوِ ٱسۡتَطَعۡنَا لَخَرَجۡنَا مَعَكُمۡ يُهۡلِكُونَ أَنفُسَهُمۡ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿٤٢﴾

ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇرا ھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار الله بىلەن قەسەم ئىچىپ: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ، الله بىلىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر﴿42﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ بايانى

الله تائالا ئۆزۈرلۈك بولمىغان، بىراق ئۆزلىرىنى ئۆزۈرلۈك كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان مۇناپىقلارغا تاپا ـ تەنە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇرا ھال سەپەر بولىدىغان بولسا﴾** يەنى يېقىن ئەتراپتىن ئالىدىغان غەنىمەت ۋە يېقىنغا بارىدىغان سەپەر بولسا، **﴿ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىمەت ئېلىش مەقسىتىدە)﴾** سەن بىلەن بىللە **﴿چىقاتتى، لېكىن، بۇ ئارىلىق﴾** يەنى شامغىچە بولغان مۇساپە **﴿ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار الله بىلەن قەسەم ئىچىپ﴾** يەنى سىلەر مۇناپىقلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار سىلەرگە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: **﴿ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق﴾** يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بولمىغان بولسا، سىلەر بىلەن بىللە ئەلۋەتتە ئۇرۇشقا چىقاتتۇق، ـ دەيدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ، الله بىلىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر**﴾.

* * * * * * *

عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ لَهُمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُوا۟ وَتَعْلَمَ ٱلْكَـٰذِبِينَ ﴿٤٣﴾ لَا يَسْتَـْٔذِنُكَ ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ أَن يُجَـٰهِدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلْمُتَّقِينَ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَا يَسْتَـْٔذِنُكَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَٱرْتَابَتْ قُلُوبُهُمْ فَهُمْ فِى رَيْبِهِمْ يَتَرَدَّدُونَ ﴿٤٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) الله سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ﴿43﴾. (ئى مۇھەممەد!) الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿44﴾. (ئى مۇھەممەد) سەندىن پەقەت الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (الله نىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴿45﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ چىقماسلىقىغا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تەنبىھ ئۇچرىغانلىقى

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەۋفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇنىڭدىن چىرايلىق تەنبىھنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۇ تەنبە قىلىش ئىلگىرى كەچۈرۈم جاكارلانغان نىدادۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) الله سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ**﴾. مۇۋەررىق ئىجلى ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاڭلىغىنىڭلاردەك الله پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلغىنى ئۈچۈن تەنبە قىلدى، ئاندىن نۇر سۈرىسىدە ئايەت چۈشۈرۈپ، پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن خالىغان كىشىگە ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ئىزنى بېرىشكە رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن﴾[1]. ئەتا خۇراسانىينىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئادەملەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت سوراڭلار، ئەگەر سىلەرگە رۇخسەت قىلسا چىقماڭلار، رۇخسەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ

(1) نۇر سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىقماڭلار، دېگەن بەزى ئادەملەر ھەققىدە نازىل بولدى.

﴿(ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساڭا ئېنىق بولمىغىچە نېمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ﴾ يەنى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار سەندىن ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت سوراپ كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرىگىمۇ رۇخسەت بەرمىگەن بولساڭ، ساڭا ئىتائەت قىلىشتا ئۇلاردىن كىمنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتىڭ. ئۇلارغا رۇخسەت قىلمىغان بولساڭمۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۇرۇشقا چىقماسلىقنى قارار قىلىپ بولغان ئىدى.

شۇڭا الله پەيغەمبىرىگە الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىدىغان ھېچ بىر ئادەمنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا﴾ بارماسلىقى ئۈچۈن ﴿رۇخسەت سورىمايدۇ﴾ چۈنكى ئۇلار جىھادقا چاقىرىلسا، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ جىھادقا دەرھال چىقىدۇ.

﴿الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد) سەندىن پەقەت الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار﴾ يەنى قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار، ﴿دىللىرىدا (الله نىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار﴾ يەنى سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ توغرىلىقىغا دىللىرىدا شەك قىلىدىغانلار ھېچقانداق ئۆزرىسىز ھالەتتە ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ﴿رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسا، بىر قەدەم كەينىگە دەسسەپ گاڭگىراپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم مەيدانى بولمايدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرگىمۇ تەۋە ئەمەس، كاپىرلارغىمۇ تەۋە ئەمەس، ئوتتۇرىدا گاڭگىراپ يۈرۈپ ھالاك بولىدىغان قەۋمدۇر. الله گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھەرگىز توغرا يولغا باشلىيالمايسەن.

*******

﴿ وَلَوْ أَرَادُوا۟ ٱلْخُرُوجَ لَأَعَدُّوا۟ لَهُۥ عُدَّةً وَلَـٰكِن كَرِهَ ٱللَّهُ ٱنۢبِعَاثَهُمْ فَثَبَّطَهُمْ وَقِيلَ
ٱقْعُدُوا۟ مَعَ ٱلْقَـٰعِدِينَ ﴿٤٦﴾ لَوْ خَرَجُوا۟ فِيكُم مَّا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا وَلَأَوْضَعُوا۟ خِلَـٰلَكُمْ
يَبْغُونَكُمُ ٱلْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّـٰعُونَ لَهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾

ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى﴿46﴾. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ ـ تىڭلايدىغانلار بار، الله زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴿47﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش توغرىسىدا

﴿**ئەگەر ئۇلارنىڭ**﴾ سەن بىلەن بىللە ﴿**جىهادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى**﴾ يەنى الله ئۇلارنىڭ سەن بىلەن بىللە چىقىشىنى يامان كۆردى.

﴿**(ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى**﴾ ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن بىللە چىقىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى**﴾ چۈنكى ئۇلار توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلاردۇر.

﴿**ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى**﴾ يەنى ئاراڭلاردا چېقىمچىلىق قىلىش، دۈشمەنلىك ۋە پىتنە ـ پاسات تېرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

﴿**ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ ـ تىڭلايدىغانلار بار**﴾ يەن مۇناپىقلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەي ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ۋە ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالىدىغان كىشىلەر بار. بۇ ئەھۋال مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا سەۋەبچى بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىپ كەلگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، جىهادقا چىقماسلىققا رۇخسەت سورىغانلار يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە جەددۇ ئىبنى قەيس قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز قەۋملىرىنىڭ يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلىرى ئىدى. الله ، ئەگەر ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىهادقا چىققان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ قوشۇن ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى پىتنە تۇغدۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جىهادقا چىقىش ئىرادىسىنى سۇندۇردى. ئۇلار يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇن ئىچىدە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلار چاقىرغان نەرسىگە ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ ـ تىڭلايدىغانلار بار**﴾.

ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققان نەرسىنى، ۋۇجۇدقا چىقىدىغان نەرسىنى، ۋۇجۇدقا چىقمىغان نەرسىنى، ئەگەر ئۇ ۋۇجۇدقا چىققان تەقدىردە قانداق ھالەتتە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى**﴾ الله بۇ ئايەتتە ئۇلار جىهادقا چىقمىغان تۇرۇقلۇق، ئەگەر ئۇلار جىهادقا چىققان تەقدىردە، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان

ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[1]، ﴿ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴾[2]، ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق﴾[3] قۇرئان كەرىمدە بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

لَقَدِ ٱبْتَغَوُا۟ ٱلْفِتْنَةَ مِن قَبْلُ وَقَلَّبُوا۟ لَكَ ٱلْأُمُورَ حَتَّىٰ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَظَهَرَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَهُمْ كَـٰرِهُونَ ﴿٤٨﴾

ئىلگىرى ئۇلار تاكى الله نىڭ ياردىمى كەلگەنگە، الله نىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان، ساڭا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى، ھالبۇكى، ئۇلار بۇنداق بولۇشنى (يەنى دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴿48﴾.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلارغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىلگىرى ئۇلار تاكى الله نىڭ ياردىمى كەلگەنگە، الله نىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغان قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان، ساڭا ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى**﴾ يەنى ساڭا ۋە سېنىڭ ساھابىلىرىڭغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىش، دىنىڭنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش، دىنىنىڭ نۇرىنى ئۇزۇن مۇددەت ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇلار ھەقىقەتەن بارلىق چارە - تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار ھۇجۇم قىلاتتى. الله بەدرى ئۇرۇشىدا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قاتارلىق مۇناپىقلار: بۇ شۇنداقلا بولۇپ قالغان بىر ئىشتۇر، - دېيىشتى - دە، دىللىرىدا كۇپۇرنى يوشۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە ئىسلامغا كىردى. ئاندىن الله ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى كۈنسايىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەنسېرى مۇناپىقلار چىدىيالماي ئاچچىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشتى، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھالبۇكى، ئۇلار بۇنداق بولۇشنى (يەنى دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴾.

(1) ئەنئام سۈرىسى 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنفال سۈرىسى 23 - ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 66 ـــ 68 - ئايەتكىچە.

* * * * * * *

وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ ٱئۡذَن لِّي وَلَا تَفۡتِنِّيٓۚ أَلَا فِي ٱلۡفِتۡنَةِ سَقَطُواْۗ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٩﴾

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن)» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر﴿49﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا ساڭا: ﴿**ماڭا (يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن)**﴾ دېگۈچىلەرمۇ بار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى**﴾ يەنى ئۇلار بۇ سۆزلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ھەقىقەتەن چوڭ بالاغا گىرىپتار بولدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق رىۋايەت قىلىدۇكى، زۆھرى يەزىد ئىبنى رۇمان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكرى، ئاسىم ئىبنى قەتادە ۋە باشقىلارمۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپ، بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ قېرىندىشى جەددۇ ئىبنى قەيسكە: «ئى جەددۇ! بۇ يىل بەنۇئەسفەر قەبىلىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۇرۇشىغا چىقامسەن؟» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت قىلساڭ، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىساڭ، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ قەۋمىم مېنى ئوبدان بىلىدۇكى، مەن ئاياللارغا ناھايىتى ئامراق بىر ئادەممەن، ئەگەر مەن بەنۇئەسفەر قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنى كۆرسەم، سەۋر قىلالماي ئۇلار بىلەن گۇناھ قىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇپ: «ساڭا رۇخسەت قىلدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، جەددۇ ئىبنى قەيس ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿**ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن) دېگۈچىلەرمۇ بار**﴾ يەنى ئەگەر ئۇ بەنۇئەسفەر قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرگەن بولسا (بۇ ئۇنىڭ ئەسلى باھانىسى ئەمەس)، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقمىغانلىقى سەۋەبىدىن گىرىپتار بولغان ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۇنىڭ جېنىدىن ئارتۇق كۆرگەن گۇناھ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىدىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ جەددۇ ئىبنى قەيسنىڭ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. جەددۇ ئىبنى قەيس بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكى يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ ھەقتە ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنۇسەلىمە قەبىلىسىدىكىلەرگە: «ئى بەنۇ سەلىمە قەبىلىسىدىكىلەر! سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟» دېدى. ئۇلار: جەددۇ ئىبنى قەيستۇر، بىز ئۇنى بېخىل دەپ قارايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بېخىللىق كېسىلىنى قايسى داۋا بىلەن داۋالىغىلى بولسۇن،

لېكىن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار ياش، بۇدۇرچاچ، ئۆڭگى ئاق كىشى ـ بىشر ئىبنى بەرا ئىبنى مەئرۇردۇر» دېدى.

﴿**جەھەننەم كاپىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان ھېچقانداق پاناھ جاي يوقتۇر.

* * * * * * *

إِن تُصِبۡكَ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡۖ وَإِن تُصِبۡكَ مُصِيبَةٞ يَقُولُواْ قَدۡ أَخَذۡنَآ أَمۡرَنَا مِن
قَبۡلُ وَيَتَوَلَّواْ وَّهُمۡ فَرِحُونَ ﴿٥٠﴾ قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلَّا مَا كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوۡلَىٰنَاۚ
وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾

ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە: «ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ﴿50﴾. ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت الله نىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۆمىنلەر الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى الله غا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن)»﴿51﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت دۇشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە زەپەر قازىنىش قاتارلىق ئۇنى ۋە ساھابىلىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولىدۇ.

﴿**ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە**﴾ ئۇلار بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ساقلىنىپ ﴿**ئىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز**﴾ دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ. **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ بۇ دۇشمەنلىكىگە قارىتا (ئۇلارغا) جاۋاب بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا ﴿**ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت الله نىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ**﴾ يەنى بىز **الله** تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدادۇرمىز.

﴿**ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر**﴾ يەنى ئۇ بىزگە ياردەم ۋە پاناھلىق بېرىدۇ ﴿**مۆمىنلەر الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۆمىنلەر ھەممە ئىشنى الله غا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن)»**﴾ يەنى بىز **الله** تائالاغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز، **الله** بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ھىمايە قىلغۇچى ـ ھە!



* * * * * * *

قُلۡ هَلۡ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحۡدَى ٱلۡحُسۡنَيَيۡنِۖ وَنَحۡنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمۡ أَن يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٖ
مِّنۡ عِندِهِۦٓ أَوۡ بِأَيۡدِينَاۖ فَتَرَبَّصُوٓاْ إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾ قُلۡ أَنفِقُواْ طَوۡعًا أَوۡ كَرۡهٗا
لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمۡۖ إِنَّكُمۡ كُنتُمۡ قَوۡمٗا فَٰسِقِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَا مَنَعَهُمۡ أَن تُقۡبَلَ مِنۡهُمۡ نَفَقَٰتُهُمۡ إِلَّآ

أَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ وَلَا يَأْتُونَ ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَٰرِهُونَ ﴿٥٤﴾

ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ الله نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ (ئۆزەڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى»﴿52﴾. ئېيتقىنكى، «(ئى مۇناپىقلار جامائەسى!) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا (قانچىلىك پۇل - مال سەرپ قىلساڭلارمۇ) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم بولدۇڭلار»﴿53﴾. ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پۇل - مىلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ﴿54﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ﴿**ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ الله نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز**﴾ يەنى بىز الله تائالانىڭ سىلەرنى بىۋاستە جازالىشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى ئەسىرگە ئېلىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن جازالىشىنى كۈتىۋاتىمىز.

﴿**(ئۆزەڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى». ئېيتقىنكى، «(ئى مۇناپىقلار جامائەسى!) سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا (قانچىلىك پۇل - مال سەرپ قىلساڭلارمۇ) ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى سىلەر الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققان قەۋم بولدۇڭلار»**﴾ ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسىنى قوبۇل قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق خەۋەر قىلدى: ﴿**ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئەمەللەردە توغرا نىيەتنى كۆزلىمەيدۇ ﴿**(پۇل - مىلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ**﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ خەۋەر قىلدى: «شەك - شۈبھىسىزكى، ئەمەل - ئىبادەتتە سىلەرنى زېرىكىپ قالغىمغۇچە الله ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ. الله پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ» شۇڭا الله ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ سەرپ قىلغان پۇل - ماللىرىنى ۋە ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى الله تائالا پەقەت تەقۋادارلارنىڭلا ئەمەل - ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

* * * * * *

فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُمْ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٥٥﴾

ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، **الله** ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴿55﴾.

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر﴾[1]، ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[2].

﴿**الله ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن**﴾ يەنى پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋە **الله** تائالانىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن ﴿**ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشى ئۈچۈن، **الله** ئۇلارنىڭ جان ئۈزگەندە كۇپۇر ئۈستىدە جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ. **الله** بىزنى ئۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن!

* * * * * * *

وَيَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنَّهُمْ لَمِنكُمْ وَمَا هُم مِّنكُمْ وَلَٰكِنَّهُمْ قَوْمٌ يَفْرَقُونَ ﴿٥٦﴾ لَوْ يَجِدُونَ
مَلْجَـًٔا أَوْ مَغَٰرَٰتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَّوَلَّوْا۟ إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ ﴿٥٧﴾

ئۇلار: «بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن» دەپ، **الله** بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر﴿56﴾. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى﴿57﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ قورقۇنچىسى، ئەنسىرىشى ۋە ئۆز ـ ئۆزلىرىدىن ھودۇقۇشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر قىلىدۇ. ﴿**ئۇلار: «بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن» دەپ، الله بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس**﴾ يەنى سىلەر بىلەن بىر يولدا ئەمەس.

﴿**لېكىن ئۇلار (زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئېغىزىدا مۇسۇلمان) بولغان قورقۇنچاق قەۋمدۇر**﴾ يەنى بۇ قورقۇنچ ئۇلارنى قەسەم قىلىشقا ئېلىپ باردى.

﴿**ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان**﴾ يەنى مۇكۇنىدىغان بىرەر قەلئە، كىرىۋالىدىغان بىرە پاناھ جاي

---

(1) تاھا سۈرىسى 131 ـ ئايەت.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 55 ــــ 56 ـ ئايەتلەر.

﴿ياكى غار﴾ يەنى تاغلاردىكى ئۆڭكۈر ﴿ۋە ياكى گەمىنى تاپسا﴾ ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇلار سىلەر بىلەن سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى يامان كۆرگەن ئاساستا ئارىلىشىدۇ. ئۇلار ئىمكان قەدەر سىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىقنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە غەم ـ قايغۇ ۋە ھەسرەت ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار داۋاملىق غەلىبىگە ۋە ئۈستۈنلىككە ئېرىشىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار خۇشاللىقتا ئېرىشكەنسېرى ئۇلار بۇنىڭغا چىدىيالماي ئازابلىنىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن ئارىلاشماسلىقنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى﴾**.

*******

وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنْ أُعْطُوا۟ مِنْهَا رَضُوا۟ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْا۟ مِنْهَآ إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ ﴿٥٨﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ رَضُوا۟ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَقَالُوا۟ حَسْبُنَا ٱللَّهُ سَيُؤْتِينَا ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ وَرَسُولُهُۥٓ إِنَّآ إِلَى ٱللَّهِ رَٰغِبُونَ ﴿٥٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولۇشىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ﴿58﴾. ئەگەر ئۇلار الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولسا ۋە: «الله بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن الله دىن (الله نىڭ پەزلىنى، ئېھسانىنى) ئۈتۈنۈپ سورىغۇچىلارمىز» دېسە، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى﴿59﴾.

## سەدىقىلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە مۇناپىقلارنىڭ تەقسىماتتىن بېرىلىشنى تەمە قىلىشى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى﴾** يەنى مۇناپىقلارنىڭ بەزىسى **﴿سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ﴾** يەنى ئۇلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بۇ ھەقتە ساڭا تۆھمەت چاپلايدۇ. ئەسلىدە ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئۆزلىرىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىنىنىڭ نامىدىن ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىسىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ. شۇڭا **﴿ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولۇشىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئاچچىقلايدۇ.

قەتادە الله تائالانىڭ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىسى سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلغانلىقىڭ توغرۇلۇق تەنە قىلىشىدۇ. بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە، جاڭگالدا ياشايدىغان قەبىلە بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنى يېڭىدىنلا باشلىغان بىر ئادەم پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ: ئى مۇھەممەد! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىشقا بۇيرىغان بولسىمۇ، سەن ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلمىدىڭ، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ۋاي! مەن ئادىللىق قىلمىغان بولسام، ساڭا كىممۇ ئادىللىق قىلسۇن؟» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئادەمدىن ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەڭلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە بۇ ئادەمگە ئوخشاش ئادەملەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، بىراق قۇرئان كەرىم كېكىردىكىنىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدۇ[1]. ئەگەر شۇنداق ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار يەنە ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلارنى يەنە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار يەنە ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلارنى يەنە ئۆلتۈرۈڭلار». بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئۆز ئالدىمغا بىرەر نەرسە بېرەلمەيمەن ۋە سىلەرگە بېرىلگەن نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، مەن پەقەت خەزىنە باشقۇرغۇچى خالاس»[2].

قەتادە بايان قىلغان يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇسەئىدتىن ھۇرقۇسنىڭ قىسسىسى ھەققىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ قىسسە مۇنداق ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشىدىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا، ھۇرقۇس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئادىل تەقسىم قىلغىن! سەن راستىنلا غەنىمەتلەرنى ئادىل تەقسىم قىلمىدىڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن ئادىل بولمىسام، ھەقىقەتەن زىيان تارتىپ ھالاك بولۇپ كېتىمەن» دېدى. ئۇ ئارقىغا يېنىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭ پۇشتىدىن بىر قەۋم چىقىدۇ. سىلەر ئوقۇغان نامىزىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا نىسبەتەن، تۇتقان روزىڭلارنى ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسىغا نىسبەتەن ئاز ھېسابلايسىلەر. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن ئوقيادىن ئوق چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە ئەڭ ناچار ۋە ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئادەملەردۇر...».

الله تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر ئۇلار الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولسا ۋە: «الله بىزگە كۇپايە قىلىدۇ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن الله دىن (الله نىڭ پەزلىنى، ئېھسانىنى) ئۈتۈنۈپ سورىغۇچىلارمىز» دېسە، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى**﴾ بۇ ئايەت كەرىم ئېسىل ئەدەب ـ ئەخلاقنى، ئالاھىدە سىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەرگەن نەرسىگە رازى بولۇش، ﴿**الله بىزگە كۇپايە قىلىدۇ**﴾ دەپ، پەقەت يالغۇز الله تائالاغىلا تەۋەككۈل قىلىش، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىش، يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئەگىشىش قاتارلىق ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرۇشنى پەقەت يالغۇز الله تائالادىنلا تىلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ.

(1) قۇرئان كەرىمن قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ دېمەكچى.
(2) الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئىش تۇتىمەن دېمەكچى.

*******

﴿إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلۡغَٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۖ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٦٠﴾

زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿60﴾.

## زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى

الله تائالا نادان مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەدىقە ـ زاكاتلارنى تەقسىم قىلىشتا ئەيىبلىگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، زاكاتنى (الله تائالا) ئۆزى تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا زاكاتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولدى. ئۇنى تەقسىم قىلىشقا باشقا بىرىنى ئىگە قىلمىدى. زاكاتنى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەنە شۇ كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. الله تائالا زاكاتنى تەقسىم قىلىشتا بىرىنچى بولۇپ پېقىرلارنى تىلغا ئالدى. چۈنكى ئۇلار قاتتىق كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن، زاكاتقا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەردۇر.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەنبەسرى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىنمۇ پېقىرلارنىڭ سەدىقىغە ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەر ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى جەرىر ۋە بىر قانچە كىشى: پېقىر دېگەن، نومۇسچان، كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان ئادەمدۇر. مىسكىن دېگەن، ئايلىنىپ يۈرۈپ يىر نەرسە سورايدىغان ئادەمدۇر، ـ دەپ بايان قىلدى.

قەتادە: پېقىر دېگەن، مېيىپ ئادەمدۇر، مىسكىن دېگەن، تېنى ساغلام ئادەمدۇر، ـ دېدى. ئايەتتە بايان قىلىنغان، زاكات بېرىشكە تېگىشلىك 8 تۈرلۈك كىشىنىڭ ھەر بىرىگە ئالاقىدار ھەدىسلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. پېقىرلار توغرىسىدا:

ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېقىرلار ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زاكات بايغا ھالال ئەمەس، كۈچلۈك ۋە تېنى ساق ئادەمگىمۇ ھالال ئەمەس» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

### 2. مىسكىنلەر توغرىسىدا:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسكىنلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەيدىغان، (ھەر بىر

ئادەمدىن) بىر، ئىككى لوقما يېمەك ۋە بىر ئىككى ـ تال خورمىغا ئېرىشىدىغان ئادەم مىسكىن ھېسابلانمايدۇ».

ساھابىلار: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا، مىسكىن قانداق ئادەم؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىسكىن دېگەن، ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى قامدىغىدەك بىر نەرسە تاپالمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا زاكات بەرمەيدۇ. ئۇ تارتىنىپ كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

### 3 ـ زاكات خادىملىرى توغرىسىدا:

زاكات خادىملىرى زاكات يىغىشقا بەلگىلەنگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا بۇ خىزمىتى ئۈچۈن زاكاتتىن بىر ئۈلۈش بېرىلىدۇ. زاكات خادىملىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكات ئېلىشى ھارام بولغان تۇغقانلىرى ئىچىدىن تەيىنلىنىشى دۇرۇس ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى رەبىيئەتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ۋە فەزل ئىبنى ئابباس ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۆزلىرىنى زاكات يىغىشقا تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، زاكات مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ تۇغقانلىرىغا ھالال ئەمەس[1]، زاكات كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىڭ كىرلىرىدۇر» دەيدۇ.

### 4 ـ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار توغرىسىدا:

دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار مۇنداق بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛

① ئىسلامغا كىرىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ بېرىلىدىغانلار. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا قولغا ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييىگە بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇشرىك ئىدى. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئەڭ دۈشمەن كىشى ئىدى، ئۇ ماڭا غەنىمەتتىن بېرىۋېرىپ، ھەتتاكى مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمگە ئايلاندى، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد سەفۋان ئىبنى ئۇمەييىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن بەردى، ئۇ ماڭا ئەڭ دۈشمەن كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا غەنىمەتتىن بېرىۋېرىپ، ھەتتاكى مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمگە ئايلاندى. بۇنى ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

② ئىسلامنى ياخشىلاش ۋە دىلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن مۇستەھكەملەش كۆزدە تۇتۇلۇپ بېرىلىدىغانلار. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن ئازاد قىلىنىپ، يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن قۇرەيش كاتتىلىرى ۋە يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ئىبارەت بىر تۈركۈم ئادەملەرگە 100 دىن تۆگە بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن بىر ئادەمگە بىرەر نەرسىنى بېرىمەن (لېكىن بېرىشىم ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى

(1) فەزل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ زاكات يېيىشى ھالال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زاكات يىغىشقا بەلگىلىمىگەن.

ئەمەس). بىراق الله تائالانىڭ ئۇنى دوزاختا دائىم چۇشۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى بېرىمەن، ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك ئادەملەر بار».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇسەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەمەندىن بېكىدىن قېزىۋېلىنغان خام ئالتۇنلىرىدىن ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەقرە ئىبنى ھابىس، ئۇيەينە ئىبنى بەدرى، ئەلقەمە ئىبنى ئۇلاسە ۋە زەيدىل خەير قاتارلىق تۆت كىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «ئۇلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىۋاتىمەن».

③ ئۆزىگە ئوخشاش سىيەتتىكىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ بېرىلىدىغانلار.

④ ئەتراپتىكى كىشىلەردىن زاكات يىغىشقا تۈرتكە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ ياكى مۇسۇلمانلارغا ئەتراپتىكى يۇرتلاردىن كېلىدىغان زىياننى توسۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ بېرىلىدىغانلار.

### 5 ـ قۇللارنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا:

ھەسەنبەسرى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سەئىد ئىبنى جۇبەير، نەخەئى، زۆھرى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارنىڭ قۇللارنى ئازاد قىلىش ھەققىدە: بۇ قۇللار بولسا، خوجايىنلىرى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا (خوجايىنىغا) پۇل تېپىپ بېرىپ، ئازاد بولۇشقا توختاملاشقان قۇللاردۇر، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: بۇ زاكات خوجايىنى بىلەن توختاملاشقان قۇل ياكى سېتىۋېلىپ مۇستەقىل ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى قۇل ھەر ئىككىلا تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاممىباب سۆزدۇر.

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «الله قۇل ئازاد قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە، ھەتتا جىنسىي ئەزاسىنى جىنسىي ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاخنىڭ ئوتىدىن ئازاد قىلىدۇ. بۇ پەقەت مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن ئىكەنلىكىدىندۇر». الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازالىنىسىلەر﴾[1].

### قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئىمام ئەھمەد بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇل ئازاد قىلغىن ۋە خوجايىنى بىلەن توختاملاشقان قۇلنى ئاجرىتىپ قويغىن» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر ئىككىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، قۇلنى مۇستەقىل ئازاد قىلغىنىڭ قۇل ئازاد قىلغانلىقىڭ بولىدۇ. قۇلنىڭ ئازاد بولۇشىغا پۇل

(1) سافغات سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

ياردەم قىلغىنىڭ ئۇنى خوجايىنىدىن ئاجرىتىپ قويغانلىقىڭ بولىدۇ» دېدى.

### 6 ـ قەرزدارلار توغرىسىدا:

قەرزدارلار بىر قانچە قىسمغا بۆلۈنىدۇ. باشقىلارغا ياردەم قىلىش يولىدا قەرزدار بولۇپ قالغان ياكى قەرزگە كېپىل بولغان، ئاندىن ئۇنى تۆلەشكە توغرا كېلىپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى قەرز تۆلەش جەريانىدا قەرزدار بولۇپ قالغان ياكى گۇناھ قىلىپ قەرزدار بولۇپ قالغان، ئاندىن تەۋبە قىلغان قاتارلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىمنىڭ قەبىسە ئىبنى مۇخارىق ھىلالىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن باشقىلارغا ياردەم بېرىش جەريانىدا قەرزدار بولۇپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم ـ دە، ئۇنىڭدىن قەرزىمنى تۆلەش ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزگە زاكات يىغىلىپ كەلگىچە تۇرۇپ تۇرغىن، زاكات كەلگەندە، ئۇنىڭدىن ساڭا بېرىمىز» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى قەبىسە! شەك ـ شۈبھىسىزكى، پۇل سوراش پەقەت ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگىلا ھالال بولىدۇ. بىرى، باشقىلارغا ياردەم بېرىش جەريانىدا قەرزگە كىرىپ قالغان ئادەم. ئۇ قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن باشقىلاردىن پۇل سورىسا ھالالدۇر، قەرزنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇل سورىسا بولمايدۇ. يەنە بىرى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم بولۇپ، تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشكىچە باشقىلاردىن پۇل سورىسا ھالالدۇر. يەنە بىرى، پېقىرلىق يەتكەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ پېقىرلىقىغا ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئاقىلانە ئۈچ ئادەم گۇۋاھلىق بېرىپ، پالانى ھەقىقەتەن پېقىردۇر دېسە، ئۇ باشقىلاردىن پۇل سورىسا ھالالدۇر. ئۇلاردىن باشقىلار پۇل سورىسا، ھارامنى يېگەن بولىدۇ» دېدى.

ئەبۇسەئىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئادەمنىڭ سېتىۋالغان مېۋىلىرىگە ئاپەت تەگدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەرزدار بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىڭلار» دېدى. ساھابىلار ئۇنىڭغا سەدىقىلەرنى بەردى. بىراق سەدىقىلەر قەرزنى تۆلەشكە يەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز ئىگىلىرىگە: «ئۇنىڭدا بارنى ئېلىڭلار، قالغىنىدىن ئۆتۈپ كېتىڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

### 7 ـ الله نىڭ يولىدىكى توغرىسىدا:

الله يولىدا دېگىنىمىز، ئىسلام دۆلىتى نامىدىن مۇقىم مائاش ئېلىشقا تىزىملانغان مۇجاھىدلارنى كۆرسىتىدۇ.

### 8 ـ ئىبنى سەبىللەر توغرىسىدا:

ئىبنى سەبىللەر دېگىنىمىز، بىرەر يۇرتتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن سەپىرىدە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلىرى تۈگەپ كەتكەن يولۇچىلاردۇر. گەرچە ئۇلار ئۆز يۇرتىدا باي كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلارغا (زاكاتتىن) يۇرتىغا كېتىۋېلىشقا يەتكىدەك نەرسە بېرىلىدۇ. ئۆز يۇرتىدىن سەپەر قىلماقچى بولغان، لېكىن ھېچ نەرسىسى يوق ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇنداق

بولىدۇ. بۇ ئادەمگىمۇ (زاكاتتىن) بارماقچى بولغان يېرىگە بېرىپ، قايتىپ كەلگىچە يەتكىدەك نەرسە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مەزكۇر ئايەت ۋە تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زاكات بايلاردىن پەقەت بەش تۈرلۈك كىشىگە ھالال بولىدۇ. بىرىنچىسى، زاكات يىغىشقا تەيىنلەنگەن خادىم. ئىككىنچىسى، باشقىلارغا بېرىلگەن زاكاتنى ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان ئادەم[1]. ئۈچىنچىسى، قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەم. تۆتىنچىسى، الله يولىدا جىھادقا چىققان ئادەم. بەشىنچىسى، مىسكىنگە بېرىلگەن زاكات ھەدىيە قىلىنغان ئادەم قاتارلىقلاردۇر».

﴿بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر﴾ يەنى بۇ الله بەلگىلىگەن ھۆكۈم، الله بېكىتكەن پەرز ۋە تەقسىماتتۇر. ﴿الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى الله ئاشكار ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنى، بەندىلىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. سۆزلىرىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، بەلگىلىمىلىرىدە ۋە چىقارغان ھۆكمىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر.

*******

وَمِنْهُمُ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلنَّبِيَّ وَيَقُولُونَ هُوَ أُذُنٌ ۚ قُلْ أُذُنُ خَيْرٍ لَّكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَيُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِينَ وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنكُمْ ۚ وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ رَسُولَ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦١﴾

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرگە (سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق) ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە (پەيغەمبەرنى) «ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(دۇرۇس، ئۇ) سىلەرگە پايدىلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشىنىدۇ، الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ، مۆمىنلەرنىڭ سۆزىگە (ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى بىلگەنلىكتىن) ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر». الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿61﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىرى ئارقىلىق ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنى: ﴿ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ﴾ دەيدۇ. يەنى كىم ئۇنىڭغا بىزنىڭ ھەققىمىزدە بىرەر نەرسە دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىم ئۇنىڭغا

(1) ئەگەر بېرىلگەن زاكات نەق پۇل بولماي مال بولۇپ قالغاندا، زاكات بېرىلگۈچىدىن شۇ مالنى نەق پۇلغا سېتىۋالغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزلەپ بەرسە، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بەرسەك، ئۇ بىزگىمۇ ئىشىنىدۇ. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇن رىۋايەت قىلىنىدۇ.

﴿ئېيتقىنكى، «(دۇرۇس، ئۇ) سىلەرگە پايدىلىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشىنىدۇ، **الله** نىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ﴾ يەنى ئۇ كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىلىۋالىدۇ.

**﴿الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ، مۆمىنلەرنىڭ سۆزىگە (ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى بىلگەنلىكتىن) ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر»﴾** كاپىرلارغا قارشى پاكىتتۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**.

* * * * * * *

يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ لِيُرۡضُوكُمۡ وَٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَحَقُّ أَن يُرۡضُوهُ إِن كَانُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٦٢﴾
أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّهُۥ مَن يُحَادِدِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَأَنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدٗا فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡخِزۡيُ
ٱلۡعَظِيمُ ﴿٦٣﴾

ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) **الله** بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، **الله** نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى﴿62﴾. (بۇ مۇناپىقلار) **الله** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر﴿63﴾.

## يالغان قەسەم قىلىپ، كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭمۇ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

**﴿ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە خەۋە قىلىنىشىچە، مۇناپىقلاردىن بىر ئادەم: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ ئەنە شۇ چوڭلىرىمىز[1] ئەلۋەتتە بىزدىن ياخشى ۋە شەرەپلىك كىشىلەردۇر، گەرچە مۇھەممەدنىڭ دەۋاتقىنى ھەق بولسىمۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېشەكتىنمۇ ئەتىۋارى يوق، ـ دېدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ دەۋاتقىنى ئەلۋەتتە ھەقتۇر. سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ئېشەكتىنمۇ قەدىرسىز نەرسە، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بۇ سۆزنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇناپىققا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرىپ كېلىپ: «سېنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشىڭغا

(1) مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى دېمەكچى.

نېمە سەۋەبچى بولدى؟» دېدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە لەنەت ئېيتىپ ۋە الله بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇ سۆزنى قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى مۇسۇلمان ئادەم: ئى الله ! راستچىلنى راستچىلغا چىقارغىن، يالغانچىنى يالغانچىغا چىقارغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله ﴿**ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن (پەيغەمبەرگە تېگىدىغان گەپنى قىلمىدۇق دەپ) الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستلا مۆمىن بولىدىغان بولسا، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشلىرى كېرەك ئىدى**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**(بۇ مۇناپىقلار) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن**﴾ يەنى الله تائالاغا قارشىلىق قىلىپ جەڭ ئېلان قىلىدىكەن، ﴿**ئۇنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر**﴾ يەنى ئەنە شۇ چوڭ خارلىق ۋە بەختسىزلىكتۇر.

*******

﴿يَحۡذَرُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ أَن تُنَزَّلَ عَلَيۡهِمۡ سُورَةٞ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمۡۚ قُلِ ٱسۡتَهۡزِءُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ مُخۡرِجٞ مَّا تَحۡذَرُونَ ٦٤﴾

مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى نىفاقىنى) مۆمىنلەرگە خەۋەر بېرىشتىن قورقىدۇ. ئېيتقىنكى، «(سىلەر الله نىڭ دىنىنى (خالىغىنىڭلارچە) مەسخىرە قىلىڭلار، سىلەر (پاش بولۇشتىن) قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى) الله چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ»﴿64﴾.

## سىرلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقلار ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ، ئاندىن: الله بۇ سىرلىرىمىزنى پاش قىلىۋەتمىسىكەن، ـ دەيدۇ». بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، الله ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «الله نېمىشقا بۇ سۆزىمىز بىلەن بىزنى جازالىمايدۇ!» دەيدۇ، دوزاخ ئۇلارغا كۇپايىدۇر، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «سىلەر الله نىڭ دىنىنى (خالىغىنىڭلارچە) مەسخىرە قىلىڭلار، سىلەر (پاش بولۇشتىن) قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى) الله چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ»**﴾ يەنى الله پەيغەمبىرىگە ئايەت نازىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى رەسۋا قىلىدۇ ۋە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئۇنىڭغا ئېچىپ تاشلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) الله ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن. الله

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1] شۇڭا قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ”مۇھەممەد سۈرىسى مۇناپىقلارنىڭ ئەيتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان سۈرە“ دەپ ئاتىلاتتى.

*******

وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ ۚ قُلْ أَبِاللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ وَرَسُولِهِۦ كُنتُمْ تَسْتَهْزِءُونَ ﴿٦٥﴾ لَا تَعْتَذِرُوا۟ قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْ ۚ إِن نَّعْفُ عَن طَآئِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ طَآئِفَةًۢ بِأَنَّهُمْ كَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿٦٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: «بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق» دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) «سىلەر **الله** نىڭ دىنىنى، **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن﴿65﴾. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز﴿66﴾.

## ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋە يالغان ئۆزرە تىلەشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: تەبۇك غازىتىدا بىر ئادەم بىر سورۇندا: بىزنىڭ ئەنە شۇ قارى ـ قۇرئانلىرىمىزغا ئوخشاش قورساققا ئامراق، يالغان سۆزلەيدىغان، جەڭ مەيدانىدا قورقۇنچاقلىق قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆرمىدىم، ـ دېدى. مەسچىتتە تۇرغان بىر ئادەم: يالغان ئېيتتىڭ، سەن ھەقىقەتەن مۇناپىق ئىكەنسەن، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چوقۇم يەتكۈزىمەن، ـ دېدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ باردى. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئايەتمۇ نازىل بولدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇ مۇناپىقنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ بەل تاسمىسىغا ئېسىلىۋالغانلىقىنى، تاشلارغا پۇتلىشىپ پۇتلىرىنىڭ جاراھەتلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ سۆزنى راستىن ئەمەس، پەقەت چاخچاق قىلىپ (ئوينىشىپ) دەپ قويغان ئىدۇق، ـ دېگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**«سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟»**﴾ دېگەنلىكىنى كۆردۈم.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇمەييە ئىبنى زەيد جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېرىندىشى ۋەدىئە ئىبنى سابىت، بەنۇسەلىمە

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 29 ــ 30 ـ ئايەتلەر.

قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئەشجە قەبىلىسىدىن مۇخەششەن ئىبنى ھۇمەييىر قاتارلىق ئادەملەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا ماڭغاندا، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ـ بەزىلىرىگە: بەنۇئەسفەر قەبىلىسىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى ئەرەبلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقىنىغا ئوخشاش ئاسان دەپ ئويلامسىلەر؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پات يېقىندا سىلەرنى ئارغامچىلار بىلەن باغلانغان ھالەتتە كۆرىمىز، ـ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى مۆمىنلەرنى قورقۇتۇش ۋە ۋەھىمىگە سېلىش ئۈچۈن ئىدى. مۇخەششەن ئىبنى ھۇمەييىر: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنى 100 قامچىدىن ئۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. سىلەرنىڭ بۇ سۆزۈڭلار ئۈچۈن بىزنىڭ ھەققىمىزدە قۇرئان نازىل بولسا، بىز يېڭىلىپ قالىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەممار ئىبنى ياسىرغا: «سەن بېرىپ ئۇ ئادەملەرنى تاپقىن، ئۇلار ھەقىقەتەن كۆيۈپ كەتتى[1]. ئۇلاردىن ئېيتقان سۆزلىرىنى سوراپ باققىن، ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئېتىراپ قىلمىسا: ئۇنداق ئەمەس، سىلەرمۇ مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى قىلدىڭلار، ـ دېگىن» دېدى. ئەممار ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرىنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۆزرە تىلەپ كەلدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ۋەدىئە ئىبنى سابىت تۆگىنىڭ بەل تاسمىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىز راستىن ئەمەس، پەقەت چاقچاق قىلىپ (ئوينىشىپ) دەپ قويدۇق، ـ دېدى. مۇخەششەن ئىبنى ھۇمەييىر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىسمىمنى ۋە ئاتامنىڭ ئىسمىنى يۆتكىۋېتەي، مېنى كەچۈرگىن! ـ دېدى.

بۇ ئايەتتە ئەپۇ قىلىنغانلار ئىچىدە مۇخەششەن ئىبنى ھۇمەييىر بار ئىدى. ئۇ ئىسمىنى ئابدۇراھمانغا يۆتكىۋەتتى ۋە الله تائالادىن ئۆزىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىنمەيدىغان بىر جايدا شېھىت ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈشىنى تىلىدى. كېيىن ئۇ يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولدى. ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ئىز دېرىكى بولمىدى.

**﴿سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق﴾** يەنى سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەپۇ قىلمايمىز. سىلەرنىڭ بىرىڭلار چوقۇم جازالىنىشى كېرەك. **﴿يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز﴾**.

* * * * * * *

ٱلۡمُنَٰفِقُونَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتُ بَعۡضُهُم مِّنۢ بَعۡضٖۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمُنكَرِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَقۡبِضُونَ أَيۡدِيَهُمۡۚ نَسُواْ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمۡۚ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٦٧﴾ وَعَدَ
ٱللَّهُ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ هِيَ حَسۡبُهُمۡۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُۖ
وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٦٨﴾

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى نىفاق سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دوزاختا چۆشۈپ كۆيىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى (يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر﴿67﴾. الله مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿68﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مۆمىنلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان بىر ۋاقىتتا ئەنە شۇ مۇناپىقلار ﴿**يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ)**﴾ يەنى پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلمايدۇ، ﴿**ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى (يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى)**﴾ يەنى ئۇلار الله تائالانى ئەسلەشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالامۇ ئۇلارغا (ئۇلارنى) ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلىنى قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)﴾[1].

﴿**شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار ھەق يولدىن چىقىپ، گۇمراھ يولغا كىرىپ قالغۇچىلاردۇر. ﴿**الله مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە كۇففارلارغا**﴾ **ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ ئىشلىرى ئۈچۈن** ﴿**دوزاخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ يەنى مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ﴿**دوزاخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى**﴾ يەنى الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ﴿**ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾.

* * * * * * *

كَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنكُمۡ قُوَّةٗ وَأَكۡثَرَ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا فَٱسۡتَمۡتَعُواْ بِخَلَٰقِهِمۡ
فَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِخَلَٰقِكُمۡ كَمَا ٱسۡتَمۡتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُم بِخَلَٰقِهِمۡ وَخُضۡتُمۡ كَٱلَّذِي خَاضُوٓاْۚ
أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ٦٩

(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۇممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە

(1) جاسىيە سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىغاندا كۆپ ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار؛ ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۈڭلار؛ ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿69﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارغا دۇنيادا ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە يەتكەن الله تائالانىڭ ئازابى يەتتى ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئۇلارغا يەتكەن ئازاب يېتىدۇ. **﴿سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار﴾**.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنى: سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئۆز دىنىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ ئۆز دىنىڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار، ـ دەپ تەپسىر قىلغان. **﴿ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۈڭلار؛ ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ. **﴿ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾** چۈنكى ئۇلار ئەمەللىرى ئۈچۈن ھېچ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بۈگۈنكىلەرنىڭ ئىشى ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىشىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە! **﴿(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ﴾** ئىلگىرى ئۆتكەن ئەنە شۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدۇر. الله بىزنى ئۇلارغا ئوخشاتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بىلىمەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر يەھۇدىيلارغا ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ئۇلاردىن بىرى كېلەنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتسە، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ كامارغا كىرىپ كېتىسىلەر».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ يوللىرىغا ئەلۋەتتە غېرىچمۇ غېرىچ، گەزمۇ گەز، غۇلاچمۇ غۇلاچ ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كېلەنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتسىمۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇ كامارغا كىرىپ كېتىسىلەر». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىملەر، ئەھلى كىتابمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بولماي كىم بولاتتى؟» دېدى.

*******

أَلَمْ يَأْتِهِمْ نَبَأُ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَقَوْمِ إِبْرَٰهِيمَ
وَأَصْحَٰبِ مَدْيَنَ وَٱلْمُؤْتَفِكَٰتِ ۚ أَتَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ ۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٧٠﴾

ئۇلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، كۆمتۈرۈۋېتىلگەن قىشلاقلارنىڭ (يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى قىشلاقلىرىنىڭ) خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلدى (بۇ مۆجىزىلەرنى ئۇلار ئىنكار قىلدى). ﷲ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق، لېكىن ئۇلار (كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿70﴾.

## مۇناپىقلارنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەش توغرىسىدا

ﷲ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇناپىقلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، كۆمتۈرۈۋېتىلگەن قىشلاقلارنىڭ (يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمى قىشلاقلىرىنىڭ) خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى سىلەرگە سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى يەتكۈزۈلمىدىمۇ؟ ﷲ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنى سۇغا غەرق قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى.

ئاد قەۋمى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، شىددەتلىك قارا بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىپ، مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن تۆگىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلىندى. ﷲ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە قارشى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈپ، قەۋمىنىڭ پادىشاھى لەنىتى نەمرۇد ئىبنى كەنئانىنى ھالاك قىلدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مەديەن ئاھالىسى قاتتىق ئاۋاز ۋە سايە كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن ھالاك قىلىندى. كۆمتۈرۈۋېتىلگەن قىشلاقلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ، ئۇلار مەدائىندا ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

ﷲ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿لۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرىۋەتتى، ئۇنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى﴾[1] بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇلار سەدۇم دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان، ـ دەپ قارايدۇ. مەقسەت ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۇلاردىن ئىلگىرى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان قەبىھ ئىش ـ بەچچىۋازلىقنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدى.

﴿**ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلدى**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرسەتتى. ﴿**ﷲ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق**﴾ يەنى ﷲ ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە بىلمەيتتىمىز دېيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق.

﴿**لېكىن ئۇلار (كاپىر بولۇش ۋە گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ئازابقا ۋە ھالاكەت دۇچار بولدى.

(1) نەجم سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

*******

وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ سَيَرۡحَمُهُمُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٧١﴾

مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ﷲ غا ۋە ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ﷲ رەھىم قىلىدۇ، ﷲ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿71﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى

ﷲ تائالا مۇناپىقلارنىڭ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۆمىنلەرنىڭ مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر**﴾ يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدۇ. بىر ـ بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنىنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشى خۇددى بىر ـ بىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان بىنانىڭ تاملىرىغا ئوخشايدۇ» . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مىسالنى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇپ كۆرسەتتى.

ئىمام بۇخارى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەر بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇش ۋە بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشتا خۇددى بىر تەننىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ تەنىنىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، تەنىنىڭ قالغان ئەزالىرىدىمۇ شۇ ئاغرىقنىڭ تەسىرى بولۇپ، ئۇ ئادەم قىززىپ ئۇيقۇسىرايدۇ» .

﴿**ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ**﴾ ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن﴾[1]، ﴿**نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ﷲ تائالاغا ئىتائەت قىلىدۇ. زاكات بېرىش ئارقىلىق ﷲ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىدۇ.

﴿**ﷲ غا ۋە ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ**﴾ يەنى ﷲ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ. ﷲ توسقان ئىشتىن يانىدۇ ﴿**ئەنە شۇلارغا ﷲ رەھىم قىلىدۇ**﴾ يەنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەرگە ﷲ مەرھەمەت قىلىدۇ.

﴿**ﷲ ھەقىقەتەن غالىبتۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالاغا ئىتائەت قىلغان كىشىنى ﷲ غەلىبىسىگە ئىگە

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدۇ. چۈنكى غەلىبە الله تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ ئەنە شۇ مۆمىنلەرگە بۇ سۈپەتلەرنى خاس قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. چۈنكى الله قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. الله بۈيۈكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

*******

وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ
طَيِّبَةً فِي جَنَّٰتِ عَدْنٍ ۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٧٢﴾

الله مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەممىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) الله نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴿72﴾.

## مۆمىنلەرگە مەڭگۈلۈك نازۇ ـ نېمەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى

الله تائالا مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ﴿**ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر**﴾ دە ئېسىل ۋە مەڭگۈلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرنى تەييارلىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ﴿**ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەممىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى**﴾ يەنى چىرايلىق بىنالارنى ۋە كۆركەم تۇرالغۇ جايلارنى ۋەدە قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قاچا ـ قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرى ئالتۇندىن بولغان ئىككى جەننەت بار. قاچا ـ قۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرى كۈمۈشتىن بولغان ئىككى جەننەت بار. جەننەت ئەھلىنىڭ (ھەممىشە تۇرىدىغان جەننەتتە) پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى پەقەت الله تائالانىڭ زاتىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئۇلۇغلۇق پەردىسىلا توساپ تۇرىدۇ».

يەنە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە ھەر بىر مۆمىنگە بىر تال كاۋاك مەرۋايىتتىن بولغان، ئېگىزلىكى 60 گەز كېلىدىغان بىر چېدىر بېرىلىدۇ. ئۇ چېدىردا ئۇ مۆمىننىڭ ئاياللىرى تۇرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاياللار بىر ـ بىرىنى كۆرمەيدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتسا، نامازنى ئادا قىلسا، رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئۇ الله يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىدىن چىقماي

ئۆلتۈرسۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالانىڭ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ھەقلىقتۇر» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلمايلىمۇ؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە ھەقىقەتەن 100 دەرىجە بار، اللە ، اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا ئۇ جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ھەر ئىككى جەننەتنىڭ ئارىلىقىدا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك پەرق بار. ئەگەر اللە تائالادىن جەننەت سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار. ئۇ ئەڭ ئۈستىدىكى ۋە ئەڭ ئوتتۇرىدىكى جەننەتتۇر. ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە مېھرىبان اللە تائالانىڭ ئەرشى باردۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ماڭا دۇرۇد ئېيتساڭلار، اللە تائالادىن ماڭا ۋەسىلىنى سوراڭلار» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ۋەسىلە دېگەن نېمە؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەسىلە جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىدۇر. ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ئادەم ئېرىشىدۇ، مەن شۇ ئادەم بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمۇسلەدىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە جەننەت ۋە جەننەتنىڭ بىنالىرىنىڭ نېمىدىن بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن،ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جەننەتنىڭ تاملىرىنىڭ بىر كېسەكى ئالتۇن بولسا، يەنە بىر كېسەكى كۈمۈشتىن، سۇۋاقلىرى ئىپار، تاشلىرى مەرۋايىت بىلەن ياقۇت، توپىسى زەپىراندىن بولىدۇ. كىم جەننەتكە كىرسە، نازۇ ـ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. جاپا چەكمەيدۇ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، قېرىمايدۇ ۋە كىيىملىرى كونىرىمايدۇ».

**﴾ئۇلار ئېرىشىدىغان) اللە نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر﴿**

بۇ ھەقتە ئىمام مالىك ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، غالىب ۋە بۈيۈك اللە جەننەت ئەھلىگە نىدا قىلىپ: ئى جەننەت ئەھلى!ـ دەيدۇ. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز نىدايىڭنى ئاڭلىدۇق، بىز بۇيرۇقىڭغا تەييارمىز، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر،ـ دەيدۇ. اللە : ئېرىشكەن نېمەتلەرگە رازى بولدىڭلارمۇ؟ـ دەيدۇ. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ رازى بولماسلىقىقا نېمە ھەددىمىز، سەن بىزگە ھەقىقەتەن بەندىلىرىڭدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىنى بەردىڭ،ـ دەيدۇ. اللە : سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى بېرەيمۇ؟ـ دەيدۇ. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز، قايسى نەرسە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر؟ـ دەيدۇ. اللە : مەن سىلەرگە رازىلىقىمنى ھالال قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز ئاچچىقلانمايمەن،ـ دەيدۇ».

*******

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ
٧٣ يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ مَا قَالُواْ وَلَقَدۡ قَالُواْ كَلِمَةَ ٱلۡكُفۡرِ وَكَفَرُواْ بَعۡدَ إِسۡلَٰمِهِمۡ وَهَمُّواْ بِمَا لَمۡ

يَنَالُواْۚ وَمَا نَقَمُوٓاْ إِلَّآ أَنۡ أَغۡنَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ مِن فَضۡلِهِۦۚ فَإِن يَتُوبُواْ يَكُ خَيۡرٗا لَّهُمۡۖ وَإِن يَتَوَلَّوۡاْ
يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ عَذَابًا أَلِيمٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَا لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٧٤﴾

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلغىن، ئۇلارغا (قارشى غازات قىلىش ۋە قورقۇنچ سېلىش بىلەن) قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴿73﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا **الله** بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)، ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت **الله** نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئەگەر ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، **الله** ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا (ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ﴿74﴾.

## كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلىشقا ۋە ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلىشقا ۋە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. **الله** ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، قانات ئاستىغا ئېلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. **الله** ئۇنىڭغا كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلدى.

**﴿كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلغىن﴾** ئىبنى مەسئۇد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلارغا قارشى قولى بىلەن جىهاد قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاپىقىنى تۈرۈپ نەپرەت بىلەن قارايدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن، مۇناپىقلارغا قارشى تىل بىلەن جىهاد قىلىشقا ۋە ئۇلارغا شەپقەت قىلماسلىققا بۇيرۇدى. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن جىهاد قىلغىن، مۇناپىقلارغا قاتتىق سۆزلەرنى قىلغىن، مانا بۇ، ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلغانلىقتۇر.

مۇقاتىل ۋە رەبىئ قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى زەھھاكقا ئوخشاش تەپسىر قىلغان. ھەسەن ۋە قەتادە: مۇناپىقلارغا قارشى جىهاد قىلىش ئۇلارنى شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە جازالاشتۇر، ـ دېدى. يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. چۈنكى ئۇلارغا ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىرىدە ئۇنداق جازا بېرىلسە، بىرىدە مۇنداق جازا بېرىلىدۇ.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئۇمەۋىي "غازاتلار" دېگەن كىتابىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئابدۇللاھتىن ئۇنىڭ چوڭ دادىسى كەئب ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن بىللە جىھاد قىلىشقا چىقمىغان ۋە ئۇلار ھەققىدە قۇرئان نازىل بولغان مۇناپىقلارنىڭ ئىچىدە جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد دېگەن مۇناپىقمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇمەير ئىبنى سەئىدنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇمەير ئۇنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان ئۆگەي ئوغلى ئىدى. قۇرئان نازىل بولۇپ، ﷲ مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، جۇلاس: ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ دەۋاتقىنى راست بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئېشەكتىنمۇ بەتتەر ئادەملەر بولىمىز، ـ دېدى. ئۇمەير ئىبنى سەئىد ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى جۇلاس! سەن ماڭا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكسەن ۋە ئەڭ ياخشىسىسەن. مەن سەن ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنىڭ ساڭا يېتىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. سەن شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭكى، ئەگەر ئۇنى ئاشكارا قىلسام، سېنى كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا قىلىپ قويىمەن. ئەگەر يوشۇرسام، سەن مېنىڭ ھالاك بولۇشىمغا سەۋەبچى بولىسەن. ماڭا نىسبەتەن بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە قارىغاندا ئاساندۇر، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، جۇلاسنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋال جۇلاسقا يەتكەندە، ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ﷲ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ئۇمەير ئىبنى سەئىد ساڭا دېگەن سۆزلەرنى مەن قىلمىدىم، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا يالغاننى چاپلىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك ﷲ ئۇنىڭ ھەققىدە: ﴿**ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ﷲ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى، ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)، ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت ﷲ نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئەگەر ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، ﷲ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا (ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇلاس نىفاقلىقتىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي تارتىپ ھەقىقىي تەۋبە قىلغان.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بىر ئادەم كېلىدۇ. ئۇ سىلەرگە شەيتان كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئەگەر ئۇ كەلسە، ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭلار» دېدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كۆك كۆز بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى چاقىرىپ: «سەن ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ نېمىشقا مېنى تىللايسىلەر؟» دېدى. ئۇ ئادەم كېتىپ ھەمراھلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: ھېچنېمە دېمىدۇق، ـ دەپ ﷲ بىلەن قەسەم قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك ﷲ : ﴿**ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا ﷲ بىلەن قەسەم قىلىدۇ...**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

## مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىشى

﴿**ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)**﴾ بەزىلەر: بۇ ئايەت جۇلاس ھەققىدە نازىل بولغان، چۈنكى ئۆگەي ئوغلى ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ قويىمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ـ دېدى ۋە بەزىلەر: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە نازىل بولدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەستلىدى، ـ دېدى.

سۇددى: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازى بولمىغانلىقىغا قارىماي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە تاج كەيدۈرمەكچى بولغان كىشىلەر[1] ھەققىدە نازىل بولدى، ـ دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، بىر گۇرۇھ مۇناپىق ئۇنى يولدا كېتىۋاتقان كېچىلەرنىڭ بىرىدە قەستلەپ ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بولغان. ئۇلار 10 نەچچە نەپەر ئادەم ئىدى.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت شۇلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئىمام ئەبۇبەكىر بەيھەقىنىڭ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بۇ ئەھۋالنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ نۇقتىسىدىن تۇتۇپ يېتىلەۋاتاتتىم. ئەممار تۆگىنى ئارقىسىدىن ھەيدەۋاتاتتى. بىز بىر داۋاندا كېتىۋاتقاندا، ئۇلاغقا مىنگەن 12 ئادەم تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىققىتىنى ئۇلارغا قاراتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ توۋلىدى. ئاندىن ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «بۇ ئادەملەرنى تونۇدۇڭلارمۇ؟» دېدى. بىز: ياق، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار يۈزلىرىنى ئورىۋالغان ئىكەن. لېكىن بىز ئۇلارنىڭ مىنگەن ئۇلاغلىرىنى تونۇۋالدۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئۆلگۈچە مۇناپىقلىق قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: ياق، ـ دېدۇق. ئۇ: «ئۇلار داۋاندا الله نىڭ پەيغەمبىرىنى قىستاپ، داۋاندىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى» دېدى. بىز: ھەر بىر قەۋم ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، ساڭا ئەۋەتسە بولمامدۇ؟ ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدا: مۇھەممەد ئۆزىگە ئەگەشكەن ئادەملەر بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى، الله ئۇنى ئۇلار بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە يۈزلەندى، ـ دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ئى الله ! ئۇ مۇناپىقلارنى ”دۇبەيلە“ بىلەن ئاتقىن» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ”دۇبەيلە“ دېگەن نېمە؟ ـ دېدۇق. ئۇ: «ئۇ بىر كۆيدۈرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپ ئۆلتۈرىدۇ» دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇتۇفەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: داۋانغا چىققان ئادەملەردىن بىرى بىلەن ھۇزەيفەنىڭ ئارىسىدا ئازراق جېدەل بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەم ھۇزەيفەگە: الله نىڭ نامى بىلەن داۋانغا چىققانلارنىڭ قانچە ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىشىڭنى تەلەپ

(1) ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلىماقچى بولغان.

قىلىمەن، ـ دېدى. باشقا ئادەملەرمۇ ھۇزەيفەگە: ئۇ سەندىن ئۇلارنىڭ سانىنى سورىغاندىكىن دەپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدى. ھۇزەيفە: بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇلار 14 ئادەم ئىدى. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدا بولسام، 15 ئادەم بولىمىز. **الله** نىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇلاردىن 12 ئادەم بۇ دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بېرىدىغان قىيامەت كۈنىدە **الله** تائالاغا ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغۇچىلاردۇر، ـ دېدى. ئۇلاردىن ئۈچى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلار جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭسۇن، ـ دېگەن نىداسىنى ئاڭلىماپتۇق ۋە ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان سۇيقەستىنى بىلمەپتۇق، ـ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سايلىقتا كېتىۋېتىپ: «ئالدىمىزدا ئاز سۇ بار، سۇنىڭ قېشىغا مەندىن بۇرۇن ھېچكىم بارمىسۇن» دېدى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنىڭ بويىغا بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارغا لەنەت ئېيتتى.

ئىمام مۇسلىم ئەممار ئىبنى ياسىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ساھابىلىرىمدىن 12 مۇناپىق جەننەتكە تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتەلىگەنگە قەدەر كىرەلمەيدۇ ۋە جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. ئۇلاردىن سەككىزىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆيدۈرگە يېتەرلىكتۇر. كۆيدۈرگە ئۇلارنىڭ دولىلىرىغا چىقىدۇ، ئاخىرىدا كۆكرەكلىرىگە كېڭىيىدۇ». شۇڭا ھۇزەيفە ھېچكىم بىلمەيدىغان ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىرنى بىلىدۇ دەپ قارىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھېچكىمگە دەپ بەرمەي ھۇزەيفەگە دەپ بەرگەن.

**﴿ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾** يەنى **الله** ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى بىلەن باي قىلغاندىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھى يوق. **الله** پەيغەمبىرىگە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلدى. ئەگەر بۇ بەخت ـ سائادەت ئۇلار ئارىسىدا ئومۇملاشسا ئىدى، **الله** ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەلۋەتتە ھىدايەت قىلغان بولاتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، سىلەر ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئەمەسمىدىڭلار؟ **الله** مەن ئارقىلىق سىلەرنى ھىدايەت قىلدى. سىلەر چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، **الله** تائالا مەن ئارقىلىق سىلەرنى بىرلەشتۈردى. سىلەر كەمبەغەل ئىدىڭلار، **الله** مەن ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر سۆزنى قىلغاندا، ئەنسارىلار: **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مىننەت قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، ـ دېيىشتى. ئاندىن **الله** تائالا مۇناپىقلارنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلسا، ئۆزلىرىگە ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، الله ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ﴾** يەنى ئەگەر ئۇلار مۇناپىقلىق يولىنى داۋاملاشتۇرسا، **الله** ئۇلارنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈش، قايغۇ ـ ھەسرەتكە سېلىش بىلەن قاتتىق جازالايدۇ. ئاخىرەتتە خار ۋە رەسۋا قىلغۇچى قاتتىق دەرتلىك ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ.

**﴿يەر يۈزىدە ئۇلارغا (ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت بېغىشلايدىغان، ياردەم قىلىدىغان

هېچ بىر ئادەم تېپىلمايدۇ. ئۇلار نە ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، نە ئۆزىگە كەلگەن يامانلىقنى توسىيالمايدۇ.

*******

۞ وَمِنْهُم مَّنْ عَٰهَدَ ٱللَّهَ لَئِنْ ءَاتَىٰنَا مِن فَضْلِهِۦ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾
فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُم مِّن فَضْلِهِۦ بَخِلُوا۟ بِهِۦ وَتَوَلَّوا۟ وَّهُم مُّعْرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِى قُلُوبِهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ
يَلْقَوْنَهُۥ بِمَآ أَخْلَفُوا۟ ٱللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُوا۟ يَكْذِبُونَ ﴿٧٧﴾ أَلَمْ يَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ
سِرَّهُمْ وَنَجْوَىٰهُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿٧٨﴾

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: «ئەگەر **الله** بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ **الله** غا ئەھدە قىلدى﴿75﴾. **الله** ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، **الله** غا ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى)﴿76﴾. ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) **الله** غا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، **الله** غا مۇلاقات بولىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ دىللىرىدا (يىلتىز تارتىپ) تۇرۇشىنى **الله** ئۇلارنىڭ (ئىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى﴿77﴾. **الله** نىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆز ئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴿78﴾.

## پۇل - مال تەلەپ قىلىش، ئاندىن سەدىقە بېرىشكە بېخىللىق قىلىشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلاردىن بەزىلەر **الله** تائالاغا ۋەدە بېرىپ ئەگەر **الله** بىزنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلسا، بىز ئەلۋەتتە **الله** رىزىق قىلىپ بەرگەن بۇ بايلىقتىن سەدىقە بېرەتتۇق ۋە چوقۇم ياخشى كىشىلەردىن بولاتتۇق، ـ دەيدۇ. ئۇلار بايلىققا ئېرىشكەندە، بۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ ۋە قىلغان دەۋاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ. **الله** ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا نىپاقلىقنى تاكى قىيامەت كۈنى ئۇلار غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالاغا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يىلتىز تارتقۇزىدۇ. **الله** بىزنى بۇ نىپاقلىقتىن ساقلىسۇن!

**﴿ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز، ياخشىلاردىن بولىمىز دەپ) الله غا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى، (ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلىشتىكى) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، **الله** ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقنى ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ».

**﴿الله نىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆز ئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيبلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ سىرلارنى ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ۋە مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىغا يوشۇرغان نەرسىلىرىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. مۇناپىقلار: ئەگەر بىز بايلىققا ئېرىشسەك، ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلاتتۇق ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكۈر قىلاتتۇق، ـ دەپ جار سالغان بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا يوشۇرغان نەرسىلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا پۈتۈن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا غەيبلەرنى، ھەرقانداق ئىچكى سىرلارنى، يوشۇرۇن سۆزلەرنى، ئاشكارا ۋە مەخپىي نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

*******

ٱلَّذِينَ يَلۡمِزُونَ ٱلۡمُطَّوِّعِينَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ وَٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهۡدَهُمۡ فَيَسۡخَرُونَ مِنۡهُمۡ سَخِرَ ٱللَّهُ مِنۡهُمۡ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ٧٩

(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، الله ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿79﴾.

## كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەش ۋە ئاز سەدىقە قىلغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

بۇمۇ ھەم مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ھېچقانداق ئادەم ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. ھەتتا سەدىقە بەرگۈچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر سەدىقە قىلغۇچىلاردىن بىرى پۇل ـ مالنى كۆپ ئېلىپ كەلسە، مۇناپىقلار: بۇ رىياخور ئادەم، ـ دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئاز نەرسە ئېلىپ كەلسە، ئۇلار: الله ھەقىقەتەن بۇ ئاز نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، ـ دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇۋائىلدىن ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇش ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندا، بىز سەدىقىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كېلەتتۇق. بىرەر ئادەم جىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، مۇناپىقلار: بۇ رىياخور ئادەم ئىكەن، ـ دېيىشتى. يەنە بىر ئادەم بىرەر سا[1] نەرسە سەدىقە قىلسا: الله ھەقىقەتەن بۇ سەدىقىدىن بىھاجەتتۇر، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن **﴿(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن**

(1) سا ـ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر سا 3.8 كىلوگىرامغا تەڭ.

**(كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ﴿** دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ قىسسىنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «سەدىقىلىرىڭلارنى يىغىڭلار» دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر سەدىقىلىرىنى يىغدى. بىر ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا بىر سا خورما ئېلىپ كەلدى ۋە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىر سا خورمىدۇر. مەن كېچىچە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىككى سا خورمىغا ئېرىشتىم، بىر سا خورمىنى ئۆزەمگە ئېلىپ قېلىپ، يەنە بىر سا خورمىنى سەدىقە بېرىش ئۈچۈن ساڭا ئېلىپ كەلدىم،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خورمىنى يىغىلغان سەدىقىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈشكە بۇيرۇدى. مۇناپىقلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەقىقەتەن بۇ سەدىقىدىن بىھاجەتتۇر، سېنىڭ بۇ بىر سا خورمائىڭنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نېمە قىلسۇن؟- دېيىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەدىقە بەرمىگەن بىرەر ئادەم قالدىمۇ؟- دېدى. ئۇ: «سەندىن باشقا ھېچكىم قالمىدى» دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئۇنىڭغا: مېنىڭ سەدىقە قىلىشقا ئاتاپ قويغان 100 ئۇقىيە[1] ئالتۇنۇم بار،- دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە: سەن ساراڭ بولدىڭمۇ؟- دېدى. ئۇ: مەن ساراڭ ئەمەس،- دېدى. ئۆمەر: راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟- دېدى. ئۇ: ھەئە، شۇنداق قىلدىم. مېنىڭ 800 دەرھەم[2] ئالتۇنۇم بار، 400 دەرھەمنى پەرۋەردىگارىمغا قەرز بەردىم، 400 دەرھەمنى ئۆزەمگە ئېلىپ قالدىم،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «الله ساڭا ئۆزەڭگە ئېلىپ قالغان بايلىقىڭدا ۋە سەدىقە بەرگەن بايلىقىڭدا بەرىكەت بەرسۇن» دېدى. مۇناپىقلار ئابدۇراھماننى ئەيىبلەپ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئابدۇراھمان سەدىقە قىلغان نەرسىنى رىيا قىلىپ بەردى،- دېيىشتى. ئۇلار يالغانچىلاردۇر. ئابدۇراھمان پەقەت مەرتلىك قىلىپ شۇنداق كۆپ سەدىقە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى بىر سا خورمىنى سەدىقە قىلغان ھەمراھىنى ئاقلاپ قۇرئاندا ئايەت نازىل قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴾**(مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ﴿** بۇ قىسسە مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشىدىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر ئىچىدىن مەرتلىك بىلەن كۆپ سەدىقە قىلغانلارنىڭ قاتارىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بار ئىدى. ئۇ 400 دەرھەم سەدىقە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئەجلان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېرىندىشى ئاسىم ئىبنى ئەدىيمۇ بار ئىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە قىزىقتۇردى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئورنىدىن تۇرۇپ 400 دەرھەم سەدىقە قىلدى. ئاسىم ئىبنى ئەدىي ئورنىدىن تۇرۇپ 100 ۋەسەق[3] خورما سەدىقە قىلدى. مۇناپىقلار ئۇ ئىككىسىنى ئەيىبلەپ: بۇلار رىيا قىلىش ئۈچۈن

(1) بىر ئۇقىيە 119 گىرامغا توغرا كېلىدۇ.
(2) بىر دەرھەم 2.975 گىرامغا توغرا كېلىدۇ. 40 دەرھەم بىر ئۇقىيەگە توغرا كېلىدۇ.
(3) بىر ۋەسەق 228 كىلو گىرامغا تەڭ.

شۇنداق كۆپ سەدىقىلەرنى قىلدى، ـ دېيىشتى. ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئۇنەيىن ئەراشى جەمەتىدىكىلەرنىڭ قېرىندىشى ئەبۇئۇقەيل تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان بىر سا خورمىنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يىغىلغان سەدىقىلەرنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. مۇناپىقلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى ۋە: ﷲ ھەقىقەتەن ئەبۇئۇقەيلنىڭ بىر سا خورمىسىدىن بىھاجەتتۇر، ـ دېيىشتى.

﴿**ﷲ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ**﴾ بۇ ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا ۋە مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىغا قارىتا بېرىلگەن جازادۇر. چۈنكى، جازا ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. ﷲ بۇ دۇنيادا مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇناپىقلارنى مەسخىرىگە قالدۇرۇپ جازالايدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارغا دەرتلىك ئازابنى تەييارلايدۇ.

* * * * * * *

ٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ أَوۡ لَا تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ إِن تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ سَبۡعِينَ مَرَّةٗ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ
كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٨٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ﷲ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ﷲ نى ۋە ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ﷲ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿80﴾.

## مۇناپىقلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەنە شۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۇنىڭ مەغپىرەت تىلىشىگە لايىق ئەمەس كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلارغا 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ﷲ نىڭ ئۇلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان 70 قېتىمنىڭ ئەرەبلەرنىڭ سۆز قىلىش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن سۆزنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ قېتىم سانىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە ئەگەر قېتىم سانىنى بەلگىلەش ئۈچۈن بولسا ئىدى، 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلىنسا، ﷲ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىپ قالاتتى، ـ دەيدۇ. يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ 70 مەلۇم ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، ـ دەيدۇ.

شەئبىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئاتام سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ جان ئۈزگەندە، سىزنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇشۇڭنى، ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشۈڭنى خالايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىسمىڭ نېمە؟» دېدى. ئۇ: ھۇباب ئىبنى ئابدۇللاھ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسمىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ

بولسۇن، ھۇباب دېگەن ھەقىقەتەن شەيتاننىڭ ئىسمىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ھازىر بولدى. ئۇنىڭغا كۆڭلىكىنى كەيدۈرۈپ قويدى. ئۇ ئورۇقلاپ قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جىنازە نامىزىنى ئوقۇدى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇ مۇناپىق تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى ئوقۇيسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «**الله** تائالا ھەقىقەتەن ﴿**ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ**﴾ دېدى، مەن ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم 70 قېتىم، يەنە 70 قېتىم ۋە يەنە 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن». ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، مۇجاھىد ۋە قەتادە ئىبنى دەئامە قاتارلىقلاردىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنى ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

فَرِحَ ٱلۡمُخَلَّفُونَ بِمَقۡعَدِهِمۡ خِلَٰفَ رَسُولِ ٱللَّهِ وَكَرِهُوٓاْ أَن يُجَٰهِدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِ وَقَالُواْ لَا تَنفِرُواْ فِي ٱلۡحَرِّۗ قُلۡ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرّٗاۚ لَّوۡ كَانُواْ يَفۡقَهُونَ ﴿٨١﴾ فَلۡيَضۡحَكُواْ قَلِيلٗا وَلۡيَبۡكُواْ كَثِيرٗا جَزَآءَۢ
بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨٢﴾

رەسۇلۇللا غا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بىخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار **الله** نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىززىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللا بىلەن بىرگە چىقاتتى)»﴿81﴾. ئۇلار قىلمىش (گۇناھ) لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن﴿82﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ جىھادقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقى

**الله** تائالا تەبۇك غازىتىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيلىرىدە قالغانلىقى بىلەن خۇشاللانغان مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ﴿**(بىر ـ بىرىگە) ئىسسىقتا چىقماڭلار دېيىشتى**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا چاقىرىلغان ۋاقىت ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەن، كۆڭۈل سايىلارنى ۋە باغلارنى تارتىدىغان بىر چاغ ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇناپىقلار بىر ـ بىرىگە: ﴿**ئىسسىقتا چىقماڭلار**﴾ دېيىشتى. **الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى**﴾ سىلەر پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن بارىدىغان ﴿**جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىززىقتۇر**﴾ يەنى جەھەننەمنىڭ ئوتى سىلەر قاچقان ئىسسىقتىن ۋە دۇنيانىڭ ئوتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە قىزىقتۇر.

ئىمام مالىك ئەئرەجدىن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم ئەۋلادى دۇنياداياندۇرىۋاتقان ئوت جەھەننەم ئوتىنىڭ يەتمىش پارچىسىدىن بىر پارچىسىدۇر» دېدى. ساھابىلار: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! شۇ بىر پارچە ئوتمۇ جەھەننەمدە ئەلۋەتتە يېتەركەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا 69 ھەسسە ئوت ئارتۇق قىلىندى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ھاكىم نوئمان ئىبنى بەشىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغان ئادەمگە جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن بوغقۇچلۇق ئىككى ئاياق كەيدۈرۈلۈپ قويىلىدۇ. بۇ ئىككى ئاياقنىڭ ھارارىتىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى خۇددى قازاندا سۇ قاينىغاندەك قاينايدۇ، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن ھېچكىم مەندەك قاتتىق ئازاب چەكمىدى دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەڭ يەڭگىل ئازابقا دۇچار بولغان ئادەمدۇر». بۇ ھەقتە بۇ ھەدىستىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر. (يەنى بۇ گۇناھكار كاپىر مۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنغان ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تېرىسىنى شىلىدۇ﴾[1]، ﴿(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كۇففارلار اللّٰه نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، مۆمىنلەر اللّٰه نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار اللّٰه نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ ـ باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم ـ قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا) كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار (دېيىلىدۇ)﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز﴾[3]

اللّٰه تائالا بۇ ئايەت كەرىمدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىززىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا**﴾ ھەسسىلەپ قىززىق بولغان جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە اللّٰه يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئەلۋەتتە چىقاتتى.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئەنە شۇ مۇناپىقلارنى بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار قىلمىش (گۇناھ) لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن**﴾ ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دۇنيانىڭ مۇددىتى ناھايىتى ئازدۇر. شۇڭا مۇناپىقلار دۇنيادا خالىغانچە كۈلسۇن، دۇنيا

(1) مەئارىج سۈرىسى 15 ــــ 16 ـ ئايەتلەر.
(2) ھەج سۈرىسى 19 ــــ 22 ـ ئايەتكىچە.
(3) نىسا سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

توگەپ ئۇلار غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى مەڭگۈ توختىمايدىغان يىغىغا ئايلىنىدۇ.

* * * * * * *

فَإِن رَّجَعَكَ ٱللَّهُ إِلَىٰ طَآئِفَةٍ مِّنۡهُمۡ فَٱسۡتَـٔۡذَنُوكَ لِلۡخُرُوجِ فَقُل لَّن تَخۡرُجُواْ مَعِيَ أَبَدًا وَلَن تُقَٰتِلُواْ مَعِيَ عَدُوًّاۖ إِنَّكُمۡ رَضِيتُم بِٱلۡقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٖ فَٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡخَٰلِفِينَ ﴿٨٣﴾

ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا: (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بىخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار»﴿83﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا**﴾ بۇ ھەقتە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇلار 12 ئادەم ئىكەن.

﴿**ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا: (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار**﴾ يەنى بۇنداق دېيىلىشى مۇناپىقلارغا ئېغىر بېسىم قىلىش ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۈچۈندۇر. ئاندىن الله تائالا بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بىخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)﴾[1] شەك ـ شۈبھىسىزكى، يامانلىقنىڭ جازاسى يامانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ياخشىلىق بولغىنىغا ئوخشايدۇ. الله تائالا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بايان قىلىنغان سۈرىدىمۇ مۇنداق دېگەن: ﴿(ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن چىققان ۋاقىتلىرىدا﴾[2].

﴿**ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار»**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەرمۇ غازاتقا چىقماي قېلىپ قالغان ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇڭلار.

(1) ئەنئام سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فەتھ سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَىٰ قَبْرِهِۦٓ ۖ إِنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَمَاتُوا۟ وَهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى﴿84﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا، مۇناپىقلاردىن بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇماسلىققا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ياكى دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تۇرماسلىققا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇلار الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى ھەم شۇ ھالەتتە ئۆلدى. بۇ، مۇناپىقلىقى ئاشكارىلانغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي ھۆكمىدۇر. لېكىن بۇ ئايەت مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە چۈشكەن.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭلىكىنى بېرىشنى، بۇ كۆڭلەك بىلەن ئاتىسىنى كېپەنلەيدىغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىكىنى بەردى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇمسەن؟ پەرۋەردىگارىڭ سېنى ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن توسقانغۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ماڭا پەقەت ئىختىيارلىقنى بېرىپ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، الله ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ﴾**[1] دېگەن، مەن 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن» دېدى. ئۆمەر: ئۇ ھەقىقەتەن مۇناپىقتۇر، ـ دېدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن غالىب ۋە بۈيۈك الله : **﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ۋە جىنازا بىلەن قەبرىستانلىققا بېرىپ، تاكى ئۇ دەپنە قىلىنىپ بولغىچە، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تۇردى. مەن ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلىشقا

(1) تەۋبە سۈرىسى 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جۈرئەت قىلغانلىقىمدىن ئۆزەممۇ ھەيران قالدىم. **اللّٰه** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نېمە قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. **اللّٰه** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شۇ ۋاقىتتىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار اللّٰه نى ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غالىب ۋە بۈيۈك **اللّٰه** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قەبزە روھ قىلغۇچە، ئۇ ھېچبىر مۇناپىقنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى ۋە قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

*******

وَلَا تُعۡجِبۡكَ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَأَوۡلَٰدُهُمۡۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُعَذِّبَهُم بِهَا فِي ٱلدُّنۡيَا وَتَزۡهَقَ أَنفُسُهُمۡ وَهُمۡ كَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾

ئۇلارنىڭماللىرى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. **اللّٰه** دۇنيادا بۇلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى، ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴿85﴾.

بۇ ئايەت كەرىمنىڭ تەپسىرى بۇ سۈرىنىڭ 55 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە ئوخشايدۇ. جىمى ھەمدۇسانالار ۋە مەدھىيىلەر **اللّٰه** تائالاغا خاستۇر.

*******

وَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٌ أَنۡ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَجَٰهِدُواْ مَعَ رَسُولِهِ ٱسۡتَـٔۡذَنَكَ أُوْلُواْ ٱلطَّوۡلِ مِنۡهُمۡ وَقَالُواْ ذَرۡنَا نَكُن مَّعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٨٦﴾ رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَفۡقَهُونَ ﴿٨٧﴾

بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «**اللّٰه** غا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە **اللّٰه** نىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مالدارلار سەندىن (غازاتتىن قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بىخرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ﴿86﴾ ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ﴿87﴾.

## جىھادقا چىقماي قالغانلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

**اللّٰه** تائالا بۇ ئايەتتە جىھادقا چىقىشقا قادىر ۋە پۇل ـ مېلى جىھادقا تەييارلىق قىلىشقا يېتىدىغان تۇرۇقلۇق، جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان مۇناپىقلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار

جىهادقا چىقماسلىققا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ مۇنداق دېدى: ﴿**«بىزنى قوي، (غازاتقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بىخىرامان) ئولتۇرغۇچىلار بىلەن بىللە بولايلى»**﴾ ئۇلار ئۆزلىرىگە بولىدىغان ئار ـ نۇمۇسقا ۋە ئەسكەرلەر جىهادقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيلىرىدە قالغان ئاياللار بىلەن يۇرتتا بىللە قىلىشقا رازى بولۇشتى.

ئۇلار ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئەڭ قورقۇنچاقلىق قىلىدىغان، خاتىرجەملىك بولسا، ئەڭ تولا گەپ قىلىدىغان ئادەملەردۇر. **الله** تائالا ئۇلار ھەققىدە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ﴾[1] يەنى تىنچلىق چاغدا ئۇلارنىڭ تىللىرى سۆزلەشتە ناھايىتى ئىتتىكلىشىپ سىلەرنى رەنجىتىدۇ. ئۇرۇش بولغاندا ئۇلار ئەڭ قورقۇنچاقلىق قىلىدۇ.

**الله** تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەر (جىهادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «نېمىشقا (جىهاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ، جىهاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساكا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ساكا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار **الله** غا سادىق بولۇشسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى﴾[2].

﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ جىهادقا چىقىشتىن باش تارتقانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە **الله** يولىدا جىهادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. ﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىهادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە نېمىدىن پايدا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇ نەرسىنى قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۆزلىرىگە نېمىدىن زىيان كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇ نەرسىدىن يىراقلىششى كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

* * * * * * *

لَٰكِنِ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَهُۥ جَٰهَدُوا۟ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْخَيْرَٰتُ ۖ
وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٨٨﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ ذَٰلِكَ
ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٨٩﴾

لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىهاد قىلدى، ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ، ئەنە شۇلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴿88﴾. **الله** ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى

(1) ئەھزاب سۈرىسى 19 ـ ئايەت.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 20 ــــ 21 ـ ئايەتلەر.

تەييارلىدى. ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر﴿89﴾.

الله تائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن مۆمىنلەرنى ماختاپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلانغان نازۇ ـ نېمەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لېكىن، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىهاد قىلدى...**﴾ بۇ ئىككى ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ياخشى ئاقىۋىتى بايان قىلىندى.

﴿**ئەنە شۇلار (ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ**﴾ يەنى ئاخىرەتتە فىردەۋس جەننەتلىرىدە ۋە ئالىي مەرتىۋىلەردە بولىدۇ.

* * * * * * *

وَجَآءَ ٱلْمُعَذِّرُونَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ لِيُؤْذَنَ لَهُمْ وَقَعَدَ ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۚ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٩٠﴾

ئەئرابىلاردىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار (جىهادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. (ئىماننى دەۋا قىلىپ) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىهادقا چىقمىدى (يەنى ئەئرابىلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىهادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى). ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿90﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە جىهادقا چىقماسلىققا ئۆزرە ئېيتىپ كەلگەن (ئۆزرىلىك) كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى، جىهادقا چىقىشقا قادىر ئەمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىن كەلگەن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزرىلىك كىشىلەردۇر.

چۈنكى الله تائالا بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**(ئىماننى دەۋا قىلىپ) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىهادقا چىقمىدى (يەنى ئەئرابىلاردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىهادقىمۇ چىقمىدى، ئۆزرە بايان قىلىپمۇ كەلمىدى)**﴾ ئاندىن الله ئۇلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾.

* * * * * * *

لَّيْسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ وَلَا عَلَى ٱلْمَرْضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا
نَصَحُوا۟ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ مَا عَلَى ٱلْمُحْسِنِينَ مِن سَبِيلٍ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩١﴾ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ
إِذَا مَآ أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ قُلْتَ لَآ أَجِدُ مَآ أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوا۟ وَّأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ
ٱلدَّمْعِ حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا۟ مَا يُنفِقُونَ ﴿٩٢﴾ ۞ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَسْتَـْٔذِنُونَكَ
وَهُمْ أَغْنِيَآءُ ۚ رَضُوا۟ بِأَن يَكُونُوا۟ مَعَ ٱلْخَوَالِفِ وَطَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٩٣﴾

ئاجىزلار (يەنى ياشانغان بوۋايلار)، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿91﴾. يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ. ئۇلار (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى﴿92﴾. ئۆزلىرى باي تۇرۇپ، (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك، ئۇلار (جىھادقا چىقمىغان ئاياللار، كېسەللەر، ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ﴿93﴾.

## جىھادقا قاتناشماسلىقنىڭ شەرئىتە بەلگىلەنگەن ئۆزرىلىرىنىڭ بايانى

الله تائالا بۇ ئايەتتە جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرسىمۇ، گۇناھ بولمايدىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئاجىز ئادەمدۇر. ئۇنىڭ بەدىنىگە تەبىئىي ئاجىزلىق يەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئاجىزلىقتىن خالى بولالمايدۇ. مۇنداق ئادەم جىھادتا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. شۇنداقلا قارىغۇ، توكۇر ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مېيىپ ئادەملەرمۇ ئاجىزلار قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتنى ئاجىزلارنى ئالدىدا بايان قىلىش بىلەن باشلىدى. ئۇلاردىن يەنە بىرى كېسەل ئادەملەردۇر، كېسەل ئادەم بەدىنىدە ۋاقىتلىق پەيدا بولغان كېسەلنىڭ سەۋەبى بىلەن الله يولىدا جىھادقا چىقىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ئۇلاردىن يەنە بىرى كەمبەغەل ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قادىر بولالمايدۇ. ئەنە شۇ كىشىلەر جىھادقا چىقماي ئۆيىدە ئولتۇرسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلار جىھادقا چىقمىغان ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشى، ئادەملەرنى قورقۇتۇپ جىھاد ئىرادىسىنى سۇندۇرماي، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

ئەۋزائى مۇنداق دەيدۇ: ئادەملەر سۇ تەلەپ قىلىش نامىزىنى ئوقۇشقا چىقتى. بىلال ئىبنى سەئىد ئادەملەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن: جامائەت! سىلەر گۇناھ قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، ـ دەپ بولۇپ: ئى الله ! بىز گۇناھكارمىز، ـ دېيىشتى. بىلال: ئى الله ! بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ: ﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر**﴾ دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدۇق. ئى الله ! بىز ئۆزىمىزنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق. بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە مەرھەمەت قىلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ـ دېدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوللىرىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىدەك يامغۇر ياغدى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۇ

ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى ئۆزى بىلەن بىرگە غازاتقا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مۇزەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ جىھادقا مىنىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغ بەرگىن!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن سىلەرنى مىندۈرۈپ قويغىدەك ئات ـ ئۇلاغ تاپالمايمەن» دېدى. ئۇلار يىغا ـ زارە قىلىشقان ھالدا قايتىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ جىھادتا سەرپ قىلىدىغان پۇل ـ مال، مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغ تاپالماي جىھادقا چىقمىغانلىقى ئۇلارغا قاتتىق ئېغىر كەلگەن ئىدى. الله ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ھېرىسمەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، قۇرئاندا: ﴿**ئاجىزلار**﴾ دېگەن يەردىن ﴿**ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ**﴾ دېگەن يەرگىچىلىك ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى.

﴿**يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ**﴾ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان مۇقەررىن جەمەتىدىكىلەر ھەققىدە نازىل بولدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ھەسەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مەدىنىدە بىر گۇرۇھ ئادەملەرنى قالدۇرۇپ جىھادقا چىقتىڭلار، بۇ جىھاد يولىدا سىلەر مەيلى سەرپ قىلغان پۇل ـ مال، مەيلى كېسىپ ئۆتكەن جىلغا، مەيلى دۈشمەنلەر بىلەن قىلغان جىھاد بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئېرىشىدىغان ئەجىرگە ئۇلارمۇ چوقۇم شېرىك بولىدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېدىڭ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەدىنىدە بىر گۇرۇھ ئادەملەر قېلىپ قالدى. سىلەر مەيلى بىرەر جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈڭلار، مەيلى بىرەر جاينى بېسىپ ئۆتۈڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللىدۇر». ساھابىلار: ئۇلار مەدىنىدە تۇرسا؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جىھادقا چىقالمىدى» دېدى. ئاندىن الله تائالا مالامەت قىلىشنى باي تۇرۇپ جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت سورىغانلارغا قاراتتى ۋە ئۇلارنى سەپەرلەرگە چىقمايدىغان ئاياللار بىلەن يۇرتتا بىللە قىلىشقا رازى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلىدى. ﴿**الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ**﴾.

* * * * * * *

يَعۡتَذِرُونَ إِلَيۡكُمۡ إِذَا رَجَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡۚ قُل لَّا تَعۡتَذِرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ لَكُمۡ قَدۡ نَبَّأَنَا ٱللَّهُ
مِنۡ أَخۡبَارِكُمۡۚ وَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ
وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٩٤ سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ
إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ

يَكْسِبُونَ ﴿٩٥﴾ يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ ۖ فَإِن تَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَرْضَىٰ
عَنِ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ ﴿٩٦﴾

ئۇلارنىڭ يېنىغا (يەنى مەدىنىگە تەبۇك غازىتىدىن) قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە (غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقلىرى توغرىسىدا) ئۆزرە بايان قىلىدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا: «ئۆزرە بايان قىلماڭلار، سىلەرنىڭ (سۆزۈڭلارغا) ئىشەنمەيمىز، اللّٰه سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى (ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى) بىزگە خەۋەر قىلدى، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟)، ئاندىن كېيىن (يەنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى (اللّٰه ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، اللّٰه سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن﴿94﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر﴿95﴾. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى اللّٰه پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ﴿96﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىپ، مۇسۇلمانلار تەبۇك غازىتىدىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، مۇناپىقلارنىڭ (جىھادقا بىللە چىقمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۇلاردىن ئۆزرە تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا: «ئۆزرە بايان قىلماڭلار، سىلەرنىڭ (سۆزۈڭلارغا) ئىشەنمەيمىز، اللّٰه سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى (ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى) بىزگە خەۋەر قىلدى﴾** يەنى اللّٰه بىزگە سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ئېنىق بىلدۈردى.

**﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ (مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟)﴾** يەنى اللّٰه دۇنيادا سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاشكارىلايدۇ.

**﴿ئاندىن كېيىن (يەنى ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى (اللّٰه ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، اللّٰه سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن﴾** يەنى اللّٰه سىلەرگە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى خەۋەر قىلىدۇ ۋە شۇ ئەمەللەرگە قارىتا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

اللّٰه تائالا (مۆمىنلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ يالغان ئۆزرە بايان قىلىپ، اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. سىلەر ئۇلارغا مالامەت قىلماستىن ئۇلارنى كەمسىتكەن ئاساستا (ئۇلاردىن) يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى ئۇلار نىجىستۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرى

ۋە ئېتىقادلىرى بۇزۇقتۇر.

﴿**قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن**﴾ يەنى گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. **الله** تائالا مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قىلغان قەسەملىرىگە مۇسۇلمانلار رازى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

﴿**چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ ئىتائىتىدىن ۋە **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلار پاسىق ھېسابلىنىدۇ.

* * * * * * *

ٱلْأَعْرَابُ أَشَدُّ كُفْرًا وَنِفَاقًا وَأَجْدَرُ أَلَّا يَعْلَمُوا۟ حُدُودَ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ
حَكِيمٌ ﴿٩٧﴾ وَمِنَ ٱلْأَعْرَابِ مَن يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغْرَمًا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ ٱلدَّوَآئِرَ ۚ عَلَيْهِمْ دَآئِرَةُ ٱلسَّوْءِ ۗ
وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٩٨﴾ وَمِنَ ٱلْأَعْرَابِ مَن يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا
يُنفِقُ قُرُبَٰتٍ عِندَ ٱللَّهِ وَصَلَوَٰتِ ٱلرَّسُولِ ۚ أَلَآ إِنَّهَا قُرْبَةٌ لَّهُمْ ۚ سَيُدْخِلُهُمُ ٱللَّهُ فِى رَحْمَتِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ
غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩٩﴾

ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، **الله** پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىكتە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر، **الله** (مەخلۇقاتىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿97﴾. ئەئرابىلاردىن بەزىلىرى (**الله** يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن، **الله** (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿98﴾. ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (**الله** يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى **الله** غا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستلا **الله** غا بولغان يېقىنلىققا ئېرىشىدۇ، **الله** ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، **الله** ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر﴿99﴾.

## ئەئرابىلارنىڭ كۇپۇرى ۋە مۇناپىقلىقىنىڭ تېخىمۇ زىيادە ئىكەنلىكى

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەئرابىلاردىن كاپىرلار، مۇناپىقلار ۋە مۆمىنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ كۇپۇرى ۋە مۇناپىقلىقىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ زىيادە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن بەلگىلىمىلەرنىڭ چەك ـ چېگرىلىرىنى بىلمەيدۇ.

ئەئمەش بۇ ھەقتە ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئەئرابى زەيد ئىبنى سەۋھاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئادەملەرگە سۆز قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولى ناھاۋەند

ئۇرۇشىدا مېيىپ بولۇپ قالغان ئىدى. ئەئرابى: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ سۆزۈڭ ھەقىقەتەن مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى. بىراق قولۇڭ ھەقىقەتەن مېنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدى، ـ دېدى. زەيد: مېنىڭ قولۇم سېنى نېمىشقا گۇمانلاندۇرۇپ قويدى[1]، ئۇ سول قول تۇرسا؟ ـ دېدى. ئەئرابى: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئوڭ قول كېسىلەمدۇ ياكى سول قول كېسىلەمدۇ؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. زەيد ئىبنى سەۋھان: اللە : ﴿**ئەئرابىلارنىڭ كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، اللە پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر، اللە (مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ دەپ تولىمۇ راست ئېيتقان ئىكەن، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىم سەھرادا ئولتۇراقلاشسا، قوپال ۋە توڭ مىجەز بولۇپ قالىدۇ، كىم ئوۋچىلىققا بېرىلىپ كەتسە، غاپىللىقتا قالىدۇ. كىم پادىشاھقا يېقىنلاشسا، دىنىدا پىتنىگە قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئىلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بىر نەرسىنى ھەدىيە قىلىپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ئۇ ھەدىيەسىنىڭ ئورنىغا نەچچە ھەسسە ئارتۇق نەرسە ئالغاندىن كېيىنلا رازى بولغان ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن ھەقىقەتەن قۇرەيشلەر ياكى سەقەفىيلىكلەر ياكى ئەنسارىلار ۋە ياكى دەۋسىيلىكلەردىن باشقا ھېچكىمدىن ھەدىيە قوبۇل قىلماسلىققا نىيەت قىلدىم» دېگەن ئىدى. چۈنكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر شەھەرلەردە يەنى مەككە، تائىپ، مەدىنىدە ۋە يەمەندە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەردۇر. ئەئرابىلار بولسا، مىجەزى قوپال ۋە توڭ كىشىلەردۇر.

﴿اللە (مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ يەنى اللە كىمنىڭ ئىمانغا ۋە ئىلىمگە ھەقلىق كىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بەندىلىرى ئارىسىدا ئىلىم بىلەن نادانلىقنى، ئىمان بىلەن كۇپۇرنى ۋە مۇناپىقلىقنى تەقسىم قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللە ئىشلارنى ئالدىنئالا بىلگەنلىكى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدۇ.

اللە ئەئرابىلاردىن مۇنداق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ئۇلاردىن ﴿**بەزىلىرى (اللە يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ بالايى ـ ئاپەتلەرگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئۇچرىسۇن**﴾ يەنى ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، بالايى ـ ئاپەت ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ.

﴿**اللە (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى**﴾ يەنى اللە بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. كىمنىڭ غەلىبىگە، كىمنىڭ مەغلۇبىيەتكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

(1) بۇ ئەئرابى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن بولغاچقا، زەيد ئىبنى سەۋھاننىڭ قولى ئوغرىلىق قىلىپ كېسىلگەن ئوخشايدۇ دېگەن گۇماندا بولغان.

**﴿ئەئرابىلارنىڭ بەزىلىرى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ، (اللە يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى اللە غا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ﴾** مانا بۇ، خىلدىكى ئەئرابىلارنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار اللە يولىدا سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنى اللە تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىگە بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىشىنى تىلەيدۇ. **﴿ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستلا اللە غا بولغان يېقىنلىققا ئېرىشىدۇ، اللە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ، اللە ھەقىقەتەن (مۆمىن بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾**.

* * * * * * *

وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلۡأَوَّلُونَ مِنَ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ وَٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُم بِإِحۡسَٰنٖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ
عَنۡهُ وَأَعَدَّ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي تَحۡتَهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿١٠٠﴾

ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن اللە رازى بولدى، ئۇلارمۇ اللە دىن مەمنۇن بولدى. اللە ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر﴿100﴾.

## مۇھاجىرلارنىڭ، ئەنسارىلارنىڭ ۋە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار ۋە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەنلەردىن رازى بولغانلىقىنى، ئۇلارمۇ اللە تائالانىڭ ئۆزلىرىگە تەييارلىغان ناز ـ نېمەتلىك ۋە مۇقىم تۇرالغۇ جايىدىن ئىبارەت جەننەتلەرنى تەييارلىغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالادىن مەمنۇن بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

شەئبىي بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلاردىن مۇھاجىرلار، ئەنسارىلاردىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار: مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىككى قىبلىگە[1] قاراپ ناماز ئوقۇغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ئۇلۇغ اللە ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن رازى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلغان ياكى ئۇلارنى تىللىغان ياكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە ياكى بەزىلىرىنى تىللىغان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى كاتتا

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، دەسلەپكى 16 ئاي بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلىپ، (ئۇنىڭغا قاراپ) ناماز ئوقۇغان، كېيىن قىبلە كەئبىگە ئۆزگەرتىلگەن.

ساھابىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى تىللىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ساھابىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى خەلىپە ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

راپىزىلەر[1] دىن ئىبارەت بىر بۆلۈك ئازغۇنلار ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە تىللايدۇ. **الله** تائالاغا سىغىنىپ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئەقلىنىڭ نەقەدەر كەمتۈكلىكىنى ۋە دىللىرىنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىكلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار **الله** رازى بولغان ئادەملەرنى تىللىسا، ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان ئىمانى نەدە قالدى؟ سۈننىي ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەقىقەتەن **الله** رازى بولغان ئادەملەردىن رازى بولىدۇ. **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تىللىغان ئادەملەرنى تىللايدۇ، **الله** دوست تۇتقان ئادەملەرنى دوست تۇتىدۇ. **الله** دۈشمەن تۇتقان ئادەملەرنى دۈشمەن تۇتىدۇ. ئۇلار ھىدايەت ئۈستىدە ماڭغانلارغا ئەگىشىدۇ. ئىسلام دىنىدا يوق ئىشلارنى پەيدا قىلمايدۇ، توغرا ئىش قىلغانلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار **الله** تائالانىڭ نىجات تاپقۇچى جامائەسىدۇر، **الله** تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىدۇر.

* * * * * * *

وَمِمَّنْ حَوْلَكُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ مُنَٰفِقُونَ ۖ وَمِنْ أَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ ۖ مَرَدُوا۟ عَلَى ٱلنِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْ ۖ نَحْنُ نَعْلَمُهُمْ ۚ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٍ ﴿١٠١﴾

ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ﴿101﴾.

## ئەئرابىيلار ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ مۇناپىقلىرى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە مۇناپىقلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىچىدىمۇ مۇناپىقلارنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿**مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **الله** تائالانىڭ ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا بىلدۈرەتتۇق، چوقۇم ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيتتۇڭ، سەن ئەلۋەتتە سۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئۇلارنى تونۇيسەن﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت مۇناپىقلار تونۇلىدىغان سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالامەتلەرگە قارىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىق مۇناپىقلارنى ۋە ئىسلام دىنىغا گۇمان بىلەن قارايدىغانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تونۇيدۇ، ـ دېگەنلىك چىقمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئاھالىسىدىن

(1) راپىزىلەر شىئە مەزھىپىگە تەۋە بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېزىپ كەتكەن قەۋمدۇر.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىگە ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان بەزى ئادەملەرنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار ئىشقا ئاشمايدىغان ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى)﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەگە مۇناپىقلاردىن 14 نى ياكى 15 نى دەپ بەردى. بىراق بۇ بىر قىسىم مۇناپىقلارغا قارىتىلغان ئايرىم ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە مۇناپىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېنىق بىلىدۇ، ـ دېگەنلىك چىقمايدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ﷲ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

ئابدۇرازاق مەئمەردىن قەتادەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نېمىشقىدۇركى، بەزى ئادەملەر: پالانى جەننەتكە كىرىدۇ، پۈستانى دوزاخقا كىرىدۇ، ـ دەپ كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە دائىر بىلىملەر بىلەن ئۆيىنىشىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق سورىساڭ، ئۇ: بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، سەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالنى ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ياخشى بىلەمسەن؟ سەن ھەقىقەتەن سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىر نەرسە دېمىگەن ئىشقا باھا بېرىۋاتىسەن. مەسىلەن: ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالام: ﴿مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن﴾[2] دېگەن. ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: ﴿ﷲ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىققان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن»﴾[3] دېگەن. ﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ: **﴿ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز﴾** دەيدۇ.

**﴿ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ﴾** ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد بۇ ئايەت ھەققىدە: ﷲ ئۇلارنى دۇنيادا مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادلىرى بىلەن جازالايدۇ، ـ دېدى ۋە ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن﴾[4] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى. ئابدۇراھمان سۆزىنى داۋام قىلىپ: مانا بۇ، مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلار مۇناپىقلار ئۈچۈن ئازاب، مۆمىنلەر ئۈچۈن ئەجىر ھېسابلىنىدۇ. ﷲ مۇناپىقلارنى ئاخىرەتتە دوزاخ بىلەن جازالايدۇ. چۈنكى ﷲ : **﴿ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ﴾** دەيدۇ، ـ دېدى.

*******

وَءَاخَرُونَ ٱعۡتَرَفُواْ بِذُنُوبِهِمۡ خَلَطُواْ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَءَاخَرَ سَيِّئًا عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٠٢﴾

(1) تەۋبە سۈرىسى 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 86 ـ ئايەت.
(4) تەۋبە سۈرىسى 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى). ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، ﷲ نىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، ﷲ ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿102﴾.

## جىھادقا سەل قاراپ (ئۇنىڭغا) چىقمىغان مۆمىنلەر توغرىسىدا

ﷲ تائالا ھەقنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارىتا شەكتە بولغان ھالدا جىھادلارغا قەستەن چىقمىغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەقكە ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىپ، جىھادقا سەل قاراپ، ئۇنىڭغا چىقمىغان گۇناھكار مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى)**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللىرى بولۇپ، جىھادقا چىقمىغانلىق گۇناھىنى بۇ ياخشى ئەمەللىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. ئەنە شۇلار ﷲ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە مەغپىرەت قىلىشى ئاستىدىدۇر.

بۇ ئايەت مۇئەييەن كىشىلەر ھەققىدە نازىل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى گۇناھ ۋە خاتا ئىشلارنى ياخشى ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ھەممە گۇناھكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى ئابباس: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان ئەبۇلۇبابە ۋە ئۇنىڭ بىر گۇرۇھ ھەمراھلىرى ھەققىدە نازىل بولدى، - دەيدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇلار ئەبۇلۇبابە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بەش ئادەم ئىدى، - دېدى. بەزىلەر: ئەبۇلۇبابە بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي سەككىز ئادەم ئىدى، - دېدى ۋە بەزىلەر: ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئون ئادەم ئىدى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلىدى ۋە: بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچكىم يەشمىسۇن، - دەپ قەسەم ئىچىشتى. ئاندىن ﷲ تائالا: ﴿**يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى**﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قويۇپ بەردى ۋە ئەپۇ قىلدى.

ئىمام بۇخارى سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇ كېچە مېنىڭ قېشىمغا ئىككى ئادەم كېلىپ، مېنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار مېنى ئېلىپ بىنالىرىنىڭ تاملىرىنىڭ بىر كېسىكى ئالتۇندىن، يەنە بىر كېسىكى كۈمۈشتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە كەلدى. ئۇ شەھەردە بىزگە بەدىنىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، قالغان يېرىمى ئەڭ سەت ئادەملەر ئۇچرىدى. ئۇ ئىككىسى بۇ ئادەملەرگە: سىلەر بېرىپ ئاۋۇ ئۆستەڭگە چۆشۈڭلار، - دېدى. ئۇلار ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئاندىن بىزنىڭ قېشىمىزغا قايتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىكى سەت قىياپەت تۈگەپ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق سۇرەتكە كىرگەن ئىدى. ئۇ ئىككىسى ماڭا: بۇ مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتتۇر، بۇ سېنىڭ مەڭگۈ تۇرىدىغان جايىڭدۇر. بەدىنىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ سەت ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار ھەقىقەتەن

ياخشى ئىشلارنى يامان ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ئادەملەردۇر. **الله** ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى، ـ دېدى». ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان.

*******

خُذْ مِنْ أَمْوَٰلِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ ۖ إِنَّ صَلَوٰتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٣﴾
أَلَمْ يَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ وَيَأْخُذُ ٱلصَّدَقَٰتِ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، **الله** ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿103﴾. ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) **الله** نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە **الله** نىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴿104﴾

## زاكات ئېلىشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن زاكات ئېلىشقا، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلاشقا ۋە ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىشكە بۇيرۇيدۇ. بەزىلەر بۇ ئايەتنى گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان، ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان بىر قىسىم كىشىلەرگە قاراتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. ئەرەب قەبىلىلىرىدىن زاكاتنى بېرىشكە ئۇنىمىغان بەزى ئادەملەر: زاكات خەلىپىگە بېرىلمەيدۇ، زاكات ئېلىش پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس ئىدى، ـ دەپ ئېتىقاد قىلغان. شۇڭا ئۇلار بۇ قارىشىغا **الله** تائالانىڭ ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى**﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇرمىلانغان بۇ خاتا چۈشەنچىسىگە ئەبۇبەكرى سىددىق ۋە باشقا ساھابىلار رەددىيە بېرىپ، ئۇلار زاكاتنى خەلىپىگە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگىنىدەك بەرگەنگە قەدەر (ئۇلارغا قارشى) ئۇرۇش قىلدى.

ئەبۇبەكرى سىددىق بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆلەپ كېلىۋاتقان زاكاتتىن بىر ئوغلاق چاغلىق نەرسىنى بەرمەيدىكەن، مەن ئەلۋەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن.

﴿**ئۇلارغا دۇئا قىلغىن**﴾ يەنى ئۇلارغا دۇئا قىلىپ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋفانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زاكىتىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. مېنىڭ ئاتام زاكىتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئى **الله**! ئەبۇئەۋفانىڭ ئائىلە ـ تەۋابىئاتلىرىغا

مەغپىرەت قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا رەھمەت ئېلىپ كېلىدۇ. **﴿الله ﴾** سېنىڭ دۇئايىڭنى **﴿ئاڭلاپ تۇرغۇچى﴾** سېنىڭ دۇئايىڭغا ئۇلاردىن كىملەرنىڭ مۇناسىپ ۋە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى **﴿بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

**﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴾** بۇ ئايەت بەندىلەرنى تەۋبە قىلىشقا ۋە زاكات بېرىشكە چاقىرىدۇ. تەۋبە بىلەن زاكات بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتتە (الله تائالاغا) تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى، ھالال كەسىپدىن زاكات بەرگەن كىشىنىڭ زاكىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھالال كەسىپتىن قىلىنغان زاكاتنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ھەتتا بىر تال خورما ئوھۇد تېغىدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى سىلەرگە خۇددى سىلەر تايچاقنى بېقىپ چوڭ قىلغاندەك چوڭايتىپ بېرىدۇ. ھەتتا بىر لوقما نەرسمۇ ئوھۇد تېغىدەك چوڭىيىپ كېتىدۇ».

بۇنىڭ دەلىلى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ كىتابىدىكى: ﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴾ ۋە: ﴿الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلەردۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەدىقە (ئۇنى) سورىغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن: **﴿ئۇلار (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟﴾** دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.

* * * * * * *

وَقُلِ ٱعْمَلُواْ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٠٥﴾

(1) بەقەرە سۈرىسى 276 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله ، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (الله ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، الله قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ»﴿105﴾.

## گۇناھكارلارغا بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

مۇجاھىد: بۇ ئايەت گۇناھكارلارغا بېرىلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر،ـ دېدى. الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرى بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە كۆرسىتىلىدۇ. بۇ قىيامەت كۈنى چوقۇم يۈز بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ كۈندە سىلەر (الله غا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾[1]، ﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴾[2]، ﴿دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا﴾[3] الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى دۇنيادىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئاشكارا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەلى سېنى ھەيران قالدۇرسا، ئېيتقىنكى: **﴿«(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله ، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾**.

بۇ مەزمۇندا ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر بىرەر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە قاراپ ھەيران قالماڭلار، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا قاراڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم ئۆمرىدە مەلۇم بىر زامانغىچە ياخشى ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ ئەمەل ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، جەننەتكە كىرگەن بولاتتى. ئەمما ئۇ ئادەم ياخشى ئەمەل قىلىشتىن يامان ئەمەل قىلىشقا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم ئۆمرىدە مەلۇم بىر زامانغىچە يامان ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ ئەمەل ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، دوزاخقا كىرگەن بولاتتى. ئەمما ئۇ ئادەم ياخشى ئەمەل قىلىشقا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر الله بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىدۇ.» ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله ئۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ئۇنى ياخشى ئەمەل قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى شۇ ياخشى ئەمەل ئۈستىدە قەبزە روھ قىلىدۇ» دېدى.

*******

وَءَاخَرُونَ مُرْجَوْنَ لِأَمْرِ ٱللَّهِ إِمَّا يُعَذِّبُهُمْ وَإِمَّا يَتُوبُ عَلَيْهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠٦﴾

(1) ھاققە سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(2) تارىق سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(3) ئادىيات سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

يەنە بىر قىسىم (جىھادقا چىقمىغان) كىشىلەر (نىڭ ئىشى) الله نىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى، الله يا ئۇلارنى (تەۋبە قىلمىسا) جازالايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ (ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ). الله ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿106﴾.

## جىھادقا چىقمىغان ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ الله تائالاغا قالدۇرۇلغانلىقى

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، زەھھاك ۋە بىر قانچە كىشى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئۈچ كىشى تەۋبە قىلىشقا كېچىكىپ قالدى، ئۇلار مۇزارە ئىبنى رەبىئ، كەئب ئىبنى مالىك ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە قاتارلىقلاردۇر. بۇلارمۇ راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن، ئىسسىقتا جىھاد قىلىشتىن سالقىن جايلاردا تۇرۇشنى ئارتۇق كۆرگەن، ھەقكە شەك ۋە مۇناپىقلىق بىلەن قارىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى جىھادقا سەل قاراپ، تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان كىشىلەر قاتارىدا ئىدى. ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئەبۇلۇبابە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىلغاندەك ئۆزلىرىنى مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، ئۇنداق قىلمىدى. بۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەزكۇر ئۈچ ئادەمدۇر. بۇلاردىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى تۈۋرۈكلىرىگە باغلىغان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. بۇلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ ئىشى الله تائالاغا قالدۇرۇلۇپ، ئۇلار توغرىسىدىكى ئايەتلەر كېچىكتۈرۈلۈپ نازىل قىلىندى.

﴿الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى﴾[1]، ﴿جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان﴾[2] بۇ ھەقتە كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قىسسىسىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

**﴿الله يا ئۇلارنى (تەۋبە قىلمىسا) جازالايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر الله ئۇلارنى جازالاشنى خالىسا، ئەپۇ قىلماستىن جازالايدۇ. ئەگەر الله ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنى خالىسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن الله تائالانىڭ رەھمىتى غەزىپىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

**﴿الله ئۇلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى الله كىمنىڭ جازالىنىشقا، كىمنىڭ ئەپۇ قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئىشلىرىنى ۋە سۆزلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مَسۡجِدٗا ضِرَارٗا وَكُفۡرٗا وَتَفۡرِيقَۢا بَيۡنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَإِرۡصَادٗا لِّمَنۡ حَارَبَ ٱللَّهَ

(1) تەۋبە سۈرىسى 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَرَسُولَهُۥ مِن قَبۡلُۚ وَلَيَحۡلِفُنَّ إِنۡ أَرَدۡنَآ إِلَّا ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١٠٧﴾ لَا تَقُمۡ فِيهِ أَبَدٗاۚ
لَّمَسۡجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقۡوَىٰ مِنۡ أَوَّلِ يَوۡمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِ رِجَالٞ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ
ٱلۡمُطَّهِّرِينَ ﴿١٠٨﴾

بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇ ئامىر راھىب) نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر﴿107﴾. ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿108﴾.

## زىيان يەتكۈزۈش ئاساسىدا سېلىنغان مەسچىت بىلەن تەقۋالىق ئاساسىدا سېلىنغان مەسچىت توغرىسىدا

بۇ ئۇلۇغ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىشتىن ئىلگىرى، مەدىنىدە خەزرەج قەبىلىسىدىن "ئەبۇ ئامىر راھىب" دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە خىرىستىئان دىنىغا كىرگەن ۋە ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئابىد دەپ ئاتىلىپ، خەزرەج قەبىلىسىدە ناھايىتى چوڭ يۈز تاپقان ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى. ئىسلام شۇئارى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. الله تائالا مۇسۇلمانلارنى بەدرى ئۇرۇشىدا غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، لەنىتى ئەبۇئامىر ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ مەككىدىكى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىگە قېتىلغان ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇھۇدقا كەلدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارغا بىر مۇنچە مۇسىبەت يەتتى. غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇلارنى سىنىدى، ئاخىرقى غەلىبە تەقۋادارلارغا مەنسۇپ بولدى.

بۇ پاسىق مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەرگە بىر مۇنچە ئورەكلەر قېزىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئورەكلەرنىڭ بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ يۈزى جاراھەتلەندى. ئاستىنقى ئوڭ تەرەپتىكى ئۇدۇل چىشى چىقىپ كەتتى، بېشى يېرىلدى. ئەبۇئامىر ئۇرۇش باشلىنىشنىڭ ئالدىدا سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ قەۋمىدىكى ئەنسارىلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئۆزىگە قوشۇلۇشقا چاقىردى. ئەنسارىلار ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن: ئى پاسىق! ئى الله نىڭ دۈشمىنى! الله بىزنى ساڭا ياردەم بېرىشتىن ساقلىسۇن، ـ دېدى. ئۇلار ئۇنى ھاقارەت قىلىپ تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: الله نىڭ

نامى بىلەن قەسەمكى، مەندىن كېيىن قەۋمىگە ھەقىقەتەن يامانلىق يېتىپتۇ، ـ دېگىنىچە قايتىپ كەتتى. ئۇ مەككىگە قېچىپ كېتىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى الله تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىپ، قۇرئان ئوقۇپ بەرگەن ئىدى. بىراق ئۇ ئىسلامغا كىرمەي، كۈپۈرلۈقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يىراق جايدا سۈرگۈن ھالەتتە ئۆلۈشىگە بەددۇئا قىلدى. بۇ دۇئا ئىجابەت بولغان ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، ئەبۇئامىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ يەنىلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، رۇم پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ياردەم سورىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە بېرىپ ئۇنى ئۈمىدلەندۈردى ۋە قېشىدا بىر مەزگىل تۇرغۇزدى. ئەبۇئامىر قەۋمى خەزرەج قەبىلىسى ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا شەك بىلەن قارىغۇچىلارغا ۋە مۇناپىقلىق قىلغۇچىلارغا خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقىلى قوشۇن باشلاپ كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ھەمدە ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈردى. ئۇ يەنە خېتىدە ئۇلارنى ئۆزى تەرىپىدىن ئۇلارغا خەت ئېلىپ كەلگەن كىشى چۈشىدىغان، كېيىنچە ئۆزى كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە كۆزىتىش ئورنى بولىدىغان بىر جاي ھازىرلاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قۇبا مەسچىتىگە يېقىن بىر جايغا مەسچىت سېلىشقا تۇتۇش قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن بۇرۇن مەسچىتنى پۈختا ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ پۈتتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتلىرىگە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامىزى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزلىرى سالغان مەسچىتنى تەستىقلىغانلىقىغا دەلىل قىلماقچى بولدى. ئۇلار بۇ مەسچىتنى پەقەت ئاجىزلارنى ۋە قاراڭغۇ كېچىدە يىراققا بارالمايدىغان مېيىپلارنى كۆزدە تۇتۇپ سالغانلىقىنى بايان قىلىشتى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشتىن ساقلاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز، الله خالىسا سەپىرىمىزدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باراي» دېدى. ئۇ تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ، مەدىنىگە كېلىشكە بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىت قالغاندا، ئۇنىڭ قېشىغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەسچىتنى مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپۇرنى كۆپەيتىش، بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىتتىكى مۆمىنلەرنىڭ جامائەتنى پارچىلاش قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ سالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ مەسچىتنى چېقىشقا ئادەم ئەۋەتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر گۇرۇھ كىشى بىر مەسچىت سالدى. ئەبۇئامىر ئۇلارغا: بىر مەسچىت سېلىڭلار ۋە كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە كۈچ ـ قۇۋۋەت، قورال ـ ياراغ تەييارلاڭلار، مەن رۇم پادىشاھى قەيسەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، رۇم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىمەن. مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، ـ دېگەن ئىدى. ئۇلار بۇ مەسچىتنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بىز مەسچىتىمىزنى پۈتتۈرۈپ بولدۇق، بىز سىنىڭ بۇ مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇشىڭنى ۋە بىزگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشىڭنى خالايمىز، ـ دېدى. ئاندىن غالىب ۋە بۈيۈك الله : **﴿ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن﴾** دېگەن يەردىن: **﴿الله زالىم قەۋمنى**

**ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** دېگەن يەرگىچىلىك بولغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

**﴿«بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ﴾** يەنى بۇ مەسچىتنى سالغانلار: بىز بۇ مەسچىتنى پەقەت كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىش ئۈچۈنلا سالدۇق، - دەپ قەسەم قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار كۆزلىگەن مەقسەت ۋە نىيەت قىلغان نەرسىلىرىدە يالغانچىلاردۇر. ئۇلار بۇ مەسچىتنى پەقەت قۇبا مەسچىتىگە زىيان يەتكۈزۈش، الله تائالاغا بولغان كۇپۇرنى كۈپەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم ئەبۇئامر راھىبنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە سالدى.

**﴿ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن﴾** الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشتىن توستى. بۇ ئۈممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇشى مەڭگۈ چەكلىنىدۇ.

## قۇبا مەسچىتى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا جاي ھازىرلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىت - قۇبا مەسچىتىدە ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

**﴿بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر﴾** بۇ ئايەتتە كۆرسەتكەن مەسچىت قۇبا مەسچىتىدۇر.

شۇڭا ئىمام ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قۇبا مەسچىتىدە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئوخشاشتۇر».

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبا مەسچىتىنى ئۇلاغقا مىنىپ ياكى پىيادە بېرىپ زىيارەت قىلىپ تۇراتتى.

ئىمام داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى، ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، قۇبا مەسچىتىنى سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلىنى قويغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا قىبلە تەرەپنى بەلگىلەپ بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبا مەسچىتىگە كېلىپ جامائەتكە: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ مەسچىتىڭلارنىڭ قىسسىسىدە سىلەرنى "پاك بولۇشنى سۆيىدىغان" كىشىلەر دەپ ماختىدى. سىلەردىكى پاك بولغان نەرسە نېمە؟» دېدى. ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ھېچنەرسىنى بىلمەيمىز، پەقەت بىزنىڭ يەھۇدىي قوشنىلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلار چوڭ تەرەت قىلغاندا، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى. بىزمۇ ئۇلار ئىستىنجا قىلغاندەك سۇ بىلەن

ئىستىنجا قىلدۇق، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، الله (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾** بۇ ئايەت تۇنجى بىنا قىلىنىشىدىن تارتىپلا ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئاساسىدا سېلىنغان قەدىمى مەسچىتلەردە ۋە ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا نامازنى ياخشى جامائەت بىلەن، ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىدىغان، تاھارەتنى ھەمىشە مۇكەممەل ئېلىشقا تىرىشىدىغان، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاسكىنا نەرسىلەردىن پاك تۇتىدىغان بەندىلەر بىلەن ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى ۋە نامازدا رۇم سۈرىسىنى ئوقۇۋېتىپ ئېزىپ كەتتى. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن تاھارەتنى ياخشى ئالمايدىغان ئادەملەر بىزنىڭ قىرائەتتە ئېزىپ كېتىشىمىزگە سەۋەبچى بولىدۇ. كىم بىز بىلەن نامازغا ھازىر بولسا، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ كەلسۇن». بۇ ھەدىس تاھارەتنى كامىل ئېلىشنىڭ ئىبادەتنى ئادا قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، كامىل تاھارەتنىڭ ئىبادەتنى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بويىچە تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىشقا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

* * * * * * *

أَفَمَنْ أَسَّسَ بُنْيَـٰنَهُۥ عَلَىٰ تَقْوَىٰ مِنَ ٱللَّهِ وَرِضْوَٰنٍ خَيْرٌ أَم مَّنْ أَسَّسَ بُنْيَـٰنَهُۥ عَلَىٰ شَفَا
جُرُفٍ هَارٍ فَٱنْهَارَ بِهِۦ فِى نَارِ جَهَنَّمَ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٠٩﴾ لَا يَزَالُ بُنْيَـٰنُهُمُ ٱلَّذِى
بَنَوْا۟ رِيبَةً فِى قُلُوبِهِمْ إِلَّآ أَن تَقَطَّعَ قُلُوبُهُمْ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١١٠﴾

(دىنىنىڭ) بىناسىنى الله نىڭ تەقۋادارلىقى ۋە رازىلىقى ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿109﴾. تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە ـ پارە بولۇپ ئۆلمىگىچە، ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى (يەنى مەسجىدى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق) نىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، الله (مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى جازالاشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿110﴾.

## مەزكۇر ئىككى مەسچىتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغان، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن ئاساستا مەسچىت سالغان ئادەم بىلەن، مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپۇرنى كۈچەيتىش،

مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، **اللە** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش ئاساسىدا مەسچىت سالغان ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلار مەسچىتنى پەقەت **﴿يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ گىرۋىكىگە﴾** سالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. يەر قومۇرۇلۇپ چۈشسە، مەسچىتمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. بۇ ئادەم **﴿دوزاخ ئوتىغا﴾** مانا مۇشۇنداق يىقىلىپ چۈشىدۇ. **﴿اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** يەنى ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ياخشى ئەمەل قىلمايدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن سېلىنغان مەسچىتنى (ئۇنىڭدىن) ئىس چىقىۋاتقان ھالەتتە كۆردۈم.

**﴿تاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۆلمىگىچە، ئۇلارنىڭ سالغان مەسجىدى (يەنى مەسجىدى زىرار) دىللىرىدىكى گۇمان (مۇناپىقلىق) نىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ﴾** يەنى موزايىغا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ دىللىرىغا ئۇنى ياخشى كۆرۈش يىلتىز تارتىپ كەتكىنىدەك، ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ ئىشنى قىلىشقا قەدەم باسقانلىقى سەۋەبىدىن **اللە** تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىشنى مىراس قىلىپ قالدۇرىدۇ.

**﴿اللە ﴾** بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى **﴿بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە قارىتا ئۇلارغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىشتە **﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ ٱشْتَرَىٰ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلْجَنَّةَ ۚ يُقَـٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ ۖ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ وَٱلْقُرْءَانِ ۚ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِ ۚ فَٱسْتَبْشِرُوا۟ بِبَيْعِكُمُ ٱلَّذِى بَايَعْتُم بِهِۦ ۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١١١﴾

شۈبھىسىزكى، **اللە** مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار **اللە** نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (**اللە** نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە **اللە** دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى **اللە** دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴿111﴾.



## اللە تائالانىڭ مۇجاھىدلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى جەننەت بىلەن سېتىۋالغانلىقى

**اللە** تائالا بۇ ئايەتتە ئەگەر مۆمىن بەندىلىرى جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى **اللە** يولىدا تەقدىم قىلسا، ئۇلارغا جەننەتنى بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ **اللە** تائالانىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن مەرھەمىتى، ھۆرمىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر. **اللە** ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچى بەندىلىرىگە چوڭ مەرھەمەت

كۆرستىش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى قوبۇل قىلدى.

شۇڭا ھەسەنبەسرى ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى سېتىۋالدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ جانلىرى ئىنتايىن قىممەت باھاغا توختىدى. شەمىر ئىبنى ئەتىيە: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ گەردىنىدە غالىب ۋە بۈيۈك الله بىلەن قىلىشقان سودا بار. ئۇ بۇ بۈيۈك سودىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ياكى ئەمەلگە ئاشۇرماستىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله يولىدا قورال كۆتۈرۈپ چىققان ئادەمنى: الله بىلەن سودىلاشتى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ـ دەپ ئاتايدۇ.

**﴿ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرسۇن ياكى ئۆزلىرى شېھىت بولسۇن ۋە ياكى بىر قىسىم دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن شېھىت بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى چوقۇم ۋاجىب بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى الله يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقسا، الله تائالا: بۇ بەندەم پەقەت مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىش، پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش ئۈچۈنلا چىقتى دەپ، ئەگەر ئۇ كىشى قەبرى روھ قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە؛ ئۆيىگە (سالامەت) قايتۇرۇلسا، جىھاد يولىدا ئېرىشكەن ئەجرى ياكى ئالغان غەنىمىتى بىلەن قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ».

**﴿(جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر﴾** بۇ ئايەت ۋەدىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ ۋە الله تائالانىڭ ئۇ ۋەدىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، بۇ ۋەدىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان تەۋرات، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئىنجىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئان قاتارلىق كاتتا كىتابلاردا پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

**﴿ۋەدىسىگە الله دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق)﴾** الله تائالا ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله دىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى سۆزدە، ۋەدىسىدە الله دىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق)﴾[1]، ﴿الله دىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ)﴾[2].

**﴿قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾** يەنى كىم بۇ سودىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىسا ۋە بۇ ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر ئالسۇن.



* * * * * * *

ٱلتَّٰٓئِبُونَ ٱلۡعَٰبِدُونَ ٱلۡحَٰمِدُونَ ٱلسَّٰٓئِحُونَ ٱلرَّٰكِعُونَ ٱلسَّٰجِدُونَ ٱلۡأٓمِرُونَ

(1) نىسا سۈرىسى 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَٱلنَّاهُونَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡحَٰفِظُونَ لِحُدُودِ ٱللَّهِۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١١٢﴾

(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (**الله** غا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، **الله** نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى **الله** نىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴿112﴾.

**الله** تائالا مانا بۇ گۈزەل سۈپەت ۋە ئالىي خىسلەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى سېتىۋالدى.

﴿**تەۋبە قىلغۇچىلار**﴾ يەنى ھەممە گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغۇچىلار ۋە گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئەتكۈچىلەر.

﴿**ئىبادەت قىلغۇچىلار**﴾ يەنى سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلغۇچىلار. سۆز ئارقىلىق قىلىدىغان ئەڭ خالىس ئىبادەت **الله** تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(الله غا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار**﴾.

ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق قىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت روزا تۇتۇشتۇر. روزا تۇتۇش يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**روزا تۇتقۇچىلار**﴾.

**الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىمۇ بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن ﴿**روزا تۇتقۇچى ئاياللار**﴾[1]. رۇكۇ قىلىش ۋە سەجدە قىلىش ناماز ئوقۇش دېمەكتۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار**﴾.

ئۇلار بۇ ئىبادەتلىرىنى قىلىش بىلەن بىرگە، **الله** تائالانىڭ بەندىلىرىگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئارقىلىق **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇلار نېمىنى قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ۋە نېمىنى قىلماسلىقنىڭ لازىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار **الله** تائالانىڭ شەرىئەتتە بەلگىلىگەن ھالال ـ ھارامدىن ئىبارەت بەلگىلىمىلىرىنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئاساستا قوغدايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار **الله** تائالاغا سەممىي ئىبادەت قىلىش، **الله** تائالانىڭ بەندىلىرىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن**﴾ چۈنكى ئىمان يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىسلەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

(1) تەھرىم سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن يَسْتَغْفِرُوا۟ لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوٓا۟ أُو۟لِى قُرْبَىٰ مِنۢ بَعْدِ
مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿١١٣﴾ وَمَا كَانَ ٱسْتِغْفَارُ إِبْرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن
مَّوْعِدَةٍ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوٌّ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنْهُ إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٌ ﴿١١٤﴾

پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴿113﴾. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ الله نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا، ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴿114﴾.

## مۇشرىكلارغا دۇئا قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇسەييىبتىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇتالىب سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇنىڭ قېشىدا ئەبۇجەھل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى تاغا! "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" يەنى الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ شاھادەت ئېيتقىن. مەن غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ ئېيتقان شاھادىتىڭنى سېنىڭ پايداڭ ئۈچۈن پاكىت قىلىمەن» دېدى.

ئەبۇجەھل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەييە: ئى ئەبۇتالىب! سەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىن[1] يۈز ئۆرۈمسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇتالىب: مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا مەغپىرەت تىلەشتىن چەكلەنمىسەملا، ساڭا چوقۇم مەغپىرەت تىلەيمەن» دېدى. ئاندىن: ﴿**پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدەدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە، بىر قەبرە ئىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مۇناجات قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن ئىنتايىن غەمكىن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. بىز: ئى الله نىڭ

(1) ئابدۇلمۇتەللىب ئەبۇتالىبنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئۇمۇ مۇشرىكلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.
(2) قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭنى كۆردۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىزنى سورىدىم، ئۇ ماڭا ئىزنى بەردى ۋە ئۇنىڭدىن ئانامغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا ئىزنى سورىدۇم، ئۇ ماڭا ئىزنى بەرمىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈندىكىدەك كۆپ يىغلاپ باققان ئەمەس ئىدى.

ئەۋفىي الله تائالانىڭ: **﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىغا مەغپىرەت تىلىمەكچى بولدى، غالىب ۋە بۈيۈك الله ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى. ئۇ: «الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققەتەن ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىگەنغۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: **﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئەلىي ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەت ھەققىدە يەنە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆلگەن مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توختىدى. بىراق ئۇلار تىرىك مۇشرىكلارغا (ئۇلار ئۆلگەنگە قەدەر) مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن چەكلەنمىدى. ئاندىن الله : **﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

**﴿ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ الله نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى﴾** ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا ئىزچىل ھالدا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇردى. ئاخىرى ئاتىسى مۇشرىك ھالەتتە ئۆلدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولدى. مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن.

ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسىدىن قىيامەت كۈنى (ئاتىسى دوزاخقا تاشلىنىدىغان چاغدا) ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتىسىنىڭ يۈزىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ قارىداپ كېتىدۇ. ئۇ: ئى ئىبراھىم! مەن ھەقىقەتەن دۇنيادا ساڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەنمەن، بۈگۈن ساڭا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن، ـ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا خالايىق ھېساب بېرىش ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟ مەن ئۈچۈن ئاتامنى سېنىڭ رەھمىتىڭدىن مەھرۇم قىلىشىڭدىنمۇ ئارتۇق رەسۋالىق بارمۇ؟ ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا: ئارقاڭدىكى نەرسىگە قارىغىن، ـ دېيىلىدۇ. ئۇ ئارقىسىغا قارىسا، ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالغان قاپلان تۇرغان. يەنى ئاتىسىنىڭ سۈرىتى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. ئاندىن ئۇ ھايۋان تۆت

يۈتىدىن تۇتۇپ، سۆرۈلۈپ دوزاختا تاشلىنىدۇ.

**﴿ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾** ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ دۇئا قىلغۇچى ئادەم ئىدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ الله تائالاغا بەك يالۋۇرغۇچى ئىدى، ـ دېدى. بەزىلەر: ئۇ ناھايىتى مېھرىبان ئىدى، ـ دېدى. بەزىلەر: ئۇ الله تائالاغا ھەقىقىي ئىشەنگۈچى مۆمىن ئىدى، ـ دېدى. بەزىلەر: ئۇ الله تائالاغا كۆپ تەسبىھ ئېيتقۇچى ئىدى، ـ دېدى.

*******

وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۚ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿١١٦﴾

الله بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿115﴾. شۈبھىسىزكى، ئاسمانىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ دوست ۋە مەدەتكار يوق﴿116﴾.

## بىرەر قەۋمنىڭ دەلىل ـ پاكىت كۆرستىلمەي تۇرۇپ جازالانمايدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن ۋە ئادىل ھۆكمىدىن خەۋەر بېرىپ، بىرەر قەۋمنى (ئۇلارغا) پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەقنى يەتكۈزمەي ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ گۇمراھ قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1].

**﴿الله بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئالىي ۋە بۈيۈك الله بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى تاشلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشنى ياكى ئىتائەت قىلىشنى ئۇمۇمىي ھالدا بايان قىلىدۇ. الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىغانلار ياكى ئورۇنلىماسلار، بۇ سىلەرگە باغلىقتۇر.

ئىبنى جەرىر ئېيتىدۇكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: الله سىلەرگە ھىدايەتنى رىزىق قىلىپ بەرگەن، سىلەرنى الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشكە مۇۋەپپەق قىلغاندىن كېيىن،

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

سىلەرنى ئۆلگەن مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسماي تۇرۇپ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە گۇمراھلىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ. الله سىلەرنى ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسقاندىن كېيىن، سىلەر ئۇنىڭدىن يېنىشىڭلار كېرەك.

ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى الله سىلەرگە بايان قىلىپ، سىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشتىن ئىلگىرى، سىلەر ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولساڭلار، ئاندىن الله سىلەرنى ئۇنىڭدىن توسسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلار، الله سىلەرگە ھەرگىز گۇمراھلىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ. ئىتائەت قىلىش ياكى ئاسىيلىق قىلىش پەقەت بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلغان ياكى ئۇنى قىلىشتىن توسۇلغان چاغدىلا مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلمىسا ياكى ئۇنى قىلىشتىن توسۇلمىسا، ئۇ بۇيرۇلمىغان ئىشنى ياكى چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىتائەت قىلغۇچى ياكى ئاسىيلىق قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ،سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ دوست ۋە مەدەتكار يوق﴾** ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى مۇشرىكلارغا ۋە كاپىرلارنىڭ پادىشاھلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھى الله تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە، الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىدىن قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ الله تائالادىن باشقا ھېچ دوستى ۋە مەدەتكارى يوقتۇر.

* * * * * * *

لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلْمُهَٰجِرِينَ وَٱلْأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلْعُسْرَةِ مِنۢ
بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِّنْهُمْ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ إِنَّهُۥ بِهِمْ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٧﴾

الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿117﴾.

## تەبۇك غازىتىنىڭ بايانى

مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت تەبۇك غازىتى ھەققىدە نازىل بولدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مۇسۇلمانلار تەبۇك غازىتىغا ئىنتايىن ناچار شارائىتتا، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن يىلدا، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇ ئىنتايىن كەمچىل بولغان بىر پەيتتە چىققان ئىدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: تەبۇك غازىتى بولغان يىلى مۇسۇلمانلار تومۇز ئىسسىقتا شامغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى الله تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلار بۇ غازاتتا ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. بىرگە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇلار ھەتتا بىر

تال خورمىنى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ يېگەن، بەزى ئادەملەر خورمىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ بىرسى شۈمۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرسى شۈمۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچىپ جان كەچۈرگەن. بەزىلەر بۇ قىيىنچىلىقىقا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھەقتىن يېنىپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىق ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز قاتتىق ئىسسىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەبۇك غازىتىغا چىقتۇق. بىر جايدا چۈشكۈن قىلدۇق، بىز ئۇ جايدا سۇ كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقىقا ئۇچرىدۇق. ھەتتا بىز سۇ تېپىپ ئىچەلمەي، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ كەتتۇق. بىزدىن بىر ئادەم سۇ ئىزدەپ كېتىپ قايتىپ كەلمىسە، ئۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. ھەتتا بەزىلەر تۆگىسىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ يېنىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچەتتى ۋە ئۇنىڭ تىرپىسىنى جىگىرىنىڭ ئۇدۇلىغا تاڭاتتى. شۇ پەيتتە ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! غالىب ۋە بۈيۈك **الله** ھەقىقەتەن سېنى ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلىشقا ئادەتلەندۇردى. بىز ئۈچۈن دۇئا قىلغىن!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شۇنداق قىلىشمنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېدى ئۇ: ھەئە،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئۇ قولىنى دۇئادىن چۈشۈرمەستىنلا يامغۇر شاقىراپ يېغىپ، بىر ئازدىن كېيىن توختىدى. ئادەملەر ئۆزلىرىدە بار بولغان قاچا ـ قۇچىلارغا سۇ تولدۇرىۋالدى. بىز ئەتراپقا قاراپ، يامغۇرنىڭ ئەسكەرلەر چۈشكۈن قىلغان يەرنىڭ سىرتىغا ياغمىغانلىقىنى بىلدۇق.

﴿**الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە**﴾ يەنى ئىشلىتىدىغان پۇل ـ مال، مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغ، يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئىچىدىغان سۇ قاتارلىقلار يېتىشمىگەن قىيىنچىلىق پەيتتە ﴿**ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە**﴾ يەنى بۇ سەپەردە ۋە غازاتتا ئۇلار قاتتىق ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن شەكلىنىشكە ﴿**تاس قالغاندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى**﴾ يەنى **الله** ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرەپكە قايتىپ، ئۇنىڭ دىنى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى رىزىق قىلىپ بەردى. ﴿**الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

* * * * * *

وَعَلَى ٱلثَّلَٰثَةِ ٱلَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّىٰٓ إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ ٱلْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنفُسُهُمْ
وَظَنُّوٓاْ أَن لَّا مَلْجَأَ مِنَ ٱللَّهِ إِلَّآ إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١١٨﴾
يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَكُونُواْ مَعَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿١١٩﴾

جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ **الله** قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن

ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار **الله** غا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ **الله** نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، **الله** ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. **الله** تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿118﴾. ئى مۆمىنلەر! **الله** دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴿119﴾.

## جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ قىسسىسى

ئىمام ئەھمەد كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب (بۇ زات كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئىچىدىن كەئبنى يېتىلەپ يۈرىدىغان بالىسى ئىدى) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (يەنى ئاتامدىن) ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقمىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

كەئب مۇنداق دەيدۇ: مەن تەبۇك غازىتىدىن باشقا ھېچ بىر غازاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقماي قالغىنىم يوق. بىراق بەدرى غازىتىغا چىقمىغانلىقىمغا كەلسەك، بۇ غازاتقا چىقمىغان بىرەر ئادەممۇ ئەيىبلەنگەن ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشى ئۈچۈن مەدىنىدىن چىققاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەقسىتى قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇش ئىدى. نەتىجىدە، **الله** مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەرنى كۈزلىمىگەن بىر جايدا ئۇچراشتۇرۇپ قويىدى. بىز ئەقەبە[1] كېچىسى ئىسلام دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئەھدە قىلىشقان ۋاقتىمىزدا، مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. گەرچە خەلق ئارىسىدا بەدرى ئۇرۇشى مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن مەن ئەقەبە كېچىسىنى بەدرى ئۇرۇشىدىن تۆۋەن چاغلىمايمەن.

تەبۇك ئۇرۇشىدا مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقماي قېلىشىمغا كەلسەك، مەن شۇ چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھەم ئىقتىدارلىق بولۇپ باققان ئەمەس. **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچقاچان بۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارغا ئىككى ئۇلاغ تەييارلىمىغان ئىدىم (يەنى تەبۇك ئۇرۇشىغا ئىككى ئۇلاغ تەييارلىغان ئىدىم). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچان بىر ئۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، باشقا بىر ئۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، ئەسلى قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا ناھايىتى ئىسسىق ۋاقىتتا يۈرۈش قىلدى. سەپەر ئۇزۇن بولۇپ، يولدا چوڭ باياۋان بار ئىدى، دۈشمەنمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن، بارىدىغان جايىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلار كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالماقچى بولغان ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ: **الله** دىن ۋەھيي كېلىپ قالمىسا، ئۇرۇشقا چىقمىغىنىم بىلىنمەيدىغۇ، ـ دەپ ئويلايتتى.

---

(1) ئەقەبە ـ مەككە بىلەن مىنانىڭ ئارىلىقىدىكى بىر جاي بولۇپ، مەككىدىن تەخمىنەن 3.3 كىلومېتىر كېلىدۇ. پەيغەمبەرلىكنىڭ 12 ـ يىلى ھەج مەۋسۇمىدە مەدىنىدىن كەلگەن 70 نەچچە ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىللە بولۇشقا بەيئەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلغاندا، مېۋىلەر تازا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن، سايىلار تاشلانغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭلاشقا مېنىڭ مەيلىم ئۇنىڭغا تارتىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلار تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ھەر ئەتىگىنى ئۆيۈمدىن تەييارلىق قىلىش نىيىتىدە چىقاتتىم، كەچتە تەييارلىق قىلالماي قايتىپ كېلەتتىم ۋە كۆڭلۈمدە: ئەگەر مەن بۇ غازاتقا تەييارلىق قىلاي دېسەم، ئۇنى پۈتتۈرۈشكە ھەرزامان قادىرغۇ، ـ دەيتتىم. مەن شۇ خىيالدا ئۆتتۈۋەردىم. كىشىلەرنىڭ تەييارلىقى رەسمى پۈتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سەھەردە مۇسۇلمانلار بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. مەن بولسام، ھېچبىر تەييارلىقسىز ئىدىم. شۇ كۈنى سەھەردە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چىقىپمۇ كەچتە ھېچبىر تەييارلىقسىز قايتىپ كەلدىم. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالىمەن دېگەن خىيالدا يۈرۈۋەردىم. كىشىلەر يولغا چىقىپ يىراقلاپ كەتتى. ھەتتا غازاتقا چىقىش ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

مەن ئەسلىدە سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالاي دېگەن خىيالدا بولغان ئىدىم. شۇنداق قىلغان بولسامچۇ كاشكى، بۇماڭا نېسىپ بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن كوچىلارغا چىقسام، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى. چۈنكى مەن كوچىلاردا مۇناپىقلارنى ياكى جىھادقا چىقىشقا پۈتۈنلەي ئاجىز كەلگەن كىشىلەردىن باشقا ئۆزەمنىڭ چىقمىغانلىقىغا ئۈلگە بولغۇدەك بىرەر كىشىنى ئۇچراتمىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا يېتىپ بارغىچە، مېنى ئېسىگە ئالماپتۇ. تەبۇكقا بارغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن ئادەملەر بىلەن ئولتۇرغىنىدا: «كەئب ئىبنى مالىكقا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! كەئبنى تونىنى كىيىپ (ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ) ئىككى يانغا بېقىشلىرى ئۇنى ئۇرۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ؟ ـ دەپتۇ.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇرادەر! سەن يامان سۆز قىلدىڭ. ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز كەئبنىڭ پەقەت ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز، ـ دەپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماپتۇ. ئۇ شۇنداق تۇرغان بىر پەيتتە، يىراقتىكى توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن ئاق تونلۇق بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئەبۇخەيسەمە بولۇپ قالغىدىڭ» دەپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ ئادەم ئەبۇخەيسەمە ئەنسارى بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ، ھېلىقى بىر سا[1] خورمىنى سەدىقە بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇناپىقلار تەرىپىدىن زاڭلىق قىلىنغان كىشى ئىدى.

كەئب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇكتىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ غېمىم باشلاندى. مەن يالغاننى ئويلاشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلەمدىكىلەردىنمۇ پىكىر ئېلىپ باقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلاشقانلىق خەۋىرى يەتكەندە، مەندىكى بۇزۇق ئىدىيە بىردىنلا يوققا چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن ھەر قانداق يالغانچىلىق بىلەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئاخىرىدا راست سۆزلەش نىيىتىگە كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە رەسمىي يېتىپ كەلدى.

(1) بىر سا 2.75 كىلوگىرامغا تەڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن مەسچىتكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئولتۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا چىقمىغانلار قەسەمىيادلار بىلەن ئۆزرىلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار 80 نەچچە ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاشكارا كۆرسەتكەن ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلدى، بەيئەتلىرىنى ئالدى ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى الله غا قويدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغان ئادەمنىڭ كۈلكىسىدەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن: «كەل» دېدى.

مەن ئاستا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سېنى ئۇرۇشتىن نېمە توسۇپ قويدى؟ سەن ئۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، ئۇنىڭ غەزىپىدىن بىرەر باھانە بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيتتىم. مەندە بۇنچىلىك سۆز ئىقتىدارى بار. لېكىن مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئەگەر مەن بۈگۈن سېنى رازى قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا الله ۋەھيى ئارقىلىق سېنى ماڭا غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولىسەن. مەن ھەقىقەتەن راست سۆزۈم بىلەن الله تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن سەن بىلەن ئۇرۇشقا چىقمىغان چېغىمدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ھەم ئىقتىدارلىق بولۇپ باققان ئەمەس ئىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەقىقەتەن راست سۆزلىدىڭ. سەن تاكى الله سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغىچە كۈتۈپ تۇرغىن» دېدى.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقتىم. بەنى سەلەمەدىن بولغان بىر مۇنچە كىشىلەر ماڭا ئەگىشىۋېلىپ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بۇندىن ئىلگىرى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلمەيمىز، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقىلار ئۆزرە ئېيتقاندەك، ئۆزرە ئېيتىشقىمۇ ئاجىزلىق قىلدىڭ، ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، سېنىڭ گۇناھىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (سەن ئۈچۈن) تىلىگەن مەغپىرىتى كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ ـ دېيىشتى.

الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋەرگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ يالغان ئېيتىشقا تاسلا قالدىم. ئاندىن مەن ئۇلارغا: ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان باشقا بىرى بارمۇ؟ ـ دېدىم.

ئۇلار: ھەئە، ساڭا ئوخشاش يەنە ئىككى كىشى بار. ئۇلارمۇ سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا ساڭا ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتتى، ـ دېدى. مەن: ئۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇلار: مۇرارە ئىبنى رەبىئۇلئەمرى بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفى، ـ دېدى. ئۇلار بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان بۇ ئىككى ئۆلگىلىك، ياخشى ئادەمنى تىلغا ئالدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە تۇرىۋەردىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى جەڭگە چىقمىغانلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت بىز ئۈچەيلەن

بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىزدىن يىراقلاشتى ۋە ياكى بىزگە بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. ھەتتا زېمىن ماڭا بۇرۇن تونۇشلۇق بولغان زېمىن ئەمەستەك يات تۇيۇلدى. بىز مۇشۇ ئەھۋالدا 50 كۈننى ئۆتكۈزدۇق.

بۇ جەرياندا مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىم ئۆيلىرىگە بېكىنىۋېلىپ، يىغلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەمما مەن بولسام ئۇ ئىككىسىدىن ياشراق، غەيرەتلىكرەك ئىدىم. مەن سىرتلارغا چىقاتتىم، نامازغا مەسچىتلەرگە باراتتىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. لېكىن ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايتتى. نامازدىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم ۋە ئىچىمدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتىمۇ؟- يوق، دەيتتىم.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن يەردە ناماز ئوقۇيتتۇم ۋە ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامىزىم بىلەن بولۇپ كەتسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قارايتتى. مەن ئۇ تەرەپكە قارىسام، يۈزىنى مەندىن بۇرىۋالاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى مەن تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتۈم. ئۇ ماڭا كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىن ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەرسەم، ئۇ سالام قايتۇرمىدى. مەن ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇقەتادە! اللە نىڭ نامى بىلەن سورايكى، سەن مېنىڭ اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟- دېدىم. ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاپ ئۆتۈنۈپ سورىدىم، ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. مەن يەنە قايتا ئۆتۈنۈپ سورىۋىدىم. ئۇ: اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، مەن تامدىن ئارتىلىپ قايتىپ چىقتىم. مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرسەم، مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كىرگەن شام دېھقانلىرىدىن بىرى: كىم ماڭا كەئب ئىبنى مالىكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ؟- دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا مېنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ كېلىپ غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ماڭا بەردى. مەن خەت يېزىشنى ھەم ئوقۇشنى بىلەتتىم. مەن خەتنى ئوقۇدۇم. خەتتە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: ”مەقسەتكە كەلسەك، بىزگە سېنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ ساڭا باشقىچە مۇئامىلىدە بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرى يەتتى. اللە سېنى خار زېمىندا قەدىرسىز ياشاشقا مەجبۇرلىغان ئەمەس، بىزگە قوشۇلغىن، بىز ساڭا ياخشىلىق قىلىمىز“. خەتنى ئوقۇپ بولۇپ: بۇمۇ بىر سىناق بولسا كېرەك، - دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، خەتنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرىۋەتتىم.

بىز اللە تائالانىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن 50 كۈننىڭ ـ 40 كۈنى ئۆتۈپ بولغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ۋەھيي چۈشمىدى. شۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى كېلىپ ماڭا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرسۇن دەيدۇ، - دېدى. مەن ئۇنىڭغا: تالاق قىلامدىكەنمەن ياكى قانداق قىلىدىكەنمەن؟- دېدىم. ئەلچى: بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرغىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغىن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئىككى ھەمراھىمغىمۇ مۇشۇ يوسۇندا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئايالىمغا: مۇشۇ ئىش توغرىسىدا اللە ھۆكۈم چىقارغىچە، سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇر، - دېدىم.

ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە بولسا ئاجىز، قېرى كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتچىسىمۇ يوق.

مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام، خاپا بولامسەن؟- دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنلاشمىسۇن» دەپتۇ. ئۇ ئايال: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ھېچ قانداق نەرسىگە رايى يوق. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن تا بۈگۈنگە قەدەر يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ،- دەپتۇ.

مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىنمۇ بەزىلىرى: سەنمۇ ئايالىڭ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ باقساڭ بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغا (ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا) رۇخسەت قىلىپتىغۇ؟- دېيىشتى. مەن: بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سورىمايمەن. مەن ياش تۇرۇقلۇق بۇ توغرىدا ئىزنى سورىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دەپ قالىدۇ؟- دېدىم.

شۇ ھالەتتە يەنە ئون كۈننى ئۆتكۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىگەن كۈندىن تارتىپ، تولۇق 50 كۈن تاماملاندى. 50 - كۈنى سەھەردە بامدات نامىزىنى ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا، مەن الله تائالا بىز توغرۇلۇق قۇرئاندا تىلغا ئالغىنىدەك نەپسىم سىقىلىپ، زېمىن ماڭا تار كەلگەندەك ھالەتتە ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ سەلئى دېگەن تاغ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ئى كەئب ئىبنى مالىك! خۇش بېشارەت ئالغىن،- دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇئان سەجدىگە باش قويدۇم. ئازادىلىكنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ئەسلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بىزگە تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى (بامدات نامىزىدا) كىشىلەرگە ئېلان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىزگە خۇش بېشارەت بېرىشكە مېڭىپتۇ. مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىمگىمۇ كىشىلەر خەۋەر قىلغىلى كېتىپتۇ.

بىر كىشى مەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئەسلەم قەبىلىسىدىن يەنە بىر كىشى شاتىرىنىڭ مېڭىشىدا يۈگۈرەپتۇ، ئۇ ئاۋاز ئاتتىنمۇ تېز دەپ ئويلاپ، تاغقا چىقىپ ۋارقىراپتۇ. ماڭا ئاۋازى ئاڭلانغان خۇش بېشارەت بەرگەن ئادەم يېنىمغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بەرگەن خۇش بېشارىتى ئۈچۈن، ئۇچامدىكى ئىككى كىيىمنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈنلەردە مېنىڭ قولۇمدا بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. مەن يەنە ئىككى كىيىمنى ئارىيەتكە ئېلىپ كىيىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاپتىم. يول بويى كىشىلەر ماڭا توپ - توپ ئۇچرىشىپ، ماڭا تەۋبە ئاتا قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ: الله ساڭا تەۋبە ئاتا قىلىپتۇ، مۇبارەك بولغاي!- دېيىشتى.

مەن مەسچىتكە كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ مۇبارەكلىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن تەلھەدىن باشقىسى ئورنىدىن تۇرمىدى. مەن تەلھەنىڭ قىلغىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇلمايمەن.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشاللانغانلىقىدىن يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا: «سەن ئاناڭدىن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈندىن خۇش بېشارەت ئالغىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بېشارەت سەن تەرەپتىنمۇ ياكى الله تەرىپىدىنمۇ؟- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ الله تائالا تەرىپىدىندۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەر قاچان خۇشال بولسا، يۈزلىرى نۇرلىنىپ گوياكى تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتەتتى، بىز بۇنى بىلەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى شەرىپىگە مېنىڭ بارلىق نەرسىلىرىم اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بىر قىسىم ماللىرىڭنى ئۆزەڭگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭ ياخشى» دېدى. مەن: خەيبەردىكى نېسۋەمنى قالدۇرۇپ قوياي،ـ دېدىم. مەن يەنە: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! اللّٰه مېنى راستچىللىقىم بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. ھاياتلا بولسام، راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ قاتارىدىن بولغاي،ـ دېدىم.

اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دېگەندىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر اللّٰه تائالانىڭ مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشىنى راستچىللىقتا مېنى سىنىغاندىن ياخشىراق سىنىغانلىقىنى بىلمەيمەن، اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا شۇ سۆزنى قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىرەر يالغاننى ئويلاپمۇ باقمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدىمۇ اللّٰه نىڭ مېنى يالغاندىن ساقلىشىنى تىلەيمەن.

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەرنى بىزنىڭ ھەققىمىزدە نازىل قىلدى: ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، اللّٰه ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اللّٰه ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ كىشى[1]نىڭ تەۋبىسىنىمۇ اللّٰه قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار اللّٰه غا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ اللّٰه نىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، اللّٰه ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. اللّٰه تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۆمىنلەر! اللّٰه دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾[2].

كەئب مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆز كۆڭلۈمدە: اللّٰه تائالا مېنى ئىسلامغا باشلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يالغان ئېيتماي، راستچىل بولغىنىمدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بەرمىدى،ـ دەپ ئويلىدىم. ئۇنداق بولمىغاندا باشقا يالغانچىلار ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتەتتىم.

اللّٰه تائالا ۋەھيي چۈشۈرگەن چاغدا، يالغان ئېيتقانلارغا ھېچ كىشىگە دەپ باقمىغان يامان سۆزنى قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىپلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ) اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر. قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. سىلەرنىڭ

(1) ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! مۇھەممەد سالىھ ھاجىم تەۋبە سۈرىسىنىڭ 118 ـ ئايىتىنىڭ بۇ قىسمىنى باشقا تەپسىرلەردىن پايدىلىنىپ: ﴿**جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشى**﴾ دەپ تەرجىمە قىلغان. لېكىن بۇ يەردە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلىندى. ۋاقىپ بولغايسىز.
(2) تەۋبە سۈرىسى 117 ـــ 119 ـ ئايەتكىچە.

رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ﴾[1].

كەئب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا چىقماي قالغانلارنىڭ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئېيتقان ئۆزرىسى ۋە بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغاندا، بىز ئۈچ كىشىنى الله تائالانىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ كىشى...**﴾. لېكىن بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقان "كېچىكتۈرۈلگەن" دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ بىزنىڭ غازاتتىن قالغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ، الله نىڭ قالدۇرۇشى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردىن قالدۇرۇپ قويۇشى ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىس بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەڭ ياخشى ۋە كەڭ دائىرىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم بۇ ھەدىس بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بىر قانچە كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنى ئەئمەشمۇ ئەبۇسۇفياندىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ الله تائالانىڭ: ﴿**جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى**﴾ دېگەن ئايىتىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار كەئب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مۇرارە ئىبنى رەبىئ قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇچىلىسى ئەنسارىلار ئىدى.

## راست سۆزلەشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئەنە شۇ ئۈچ ئادەمگە (مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنى 50 كۈن ئەتراپىدا تەرك ئەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىيىن ئەھۋالغا) چىقىش يولى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، زېمىن شۇنچە كەڭرى تۇرۇقلۇق ئۇلارغا تار تۇيۇلغان ئىدى. ئۇلار بۇ غازاتقا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزرىسىز چىقمىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ راست سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ ئۆزلىرىگە چىقىش يولى بېرىشىنى كۈتۈپ، الله تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىدى. ئۇلارغا شۇ 50 كۈن مۇددەت ئىچىدە ھېچكىمگە ئارىلىشالماسلىق جازاسى بېرىلگەن ئىدى. ئاندىن الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ راستچىللىقى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ۋە تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار**﴾ يەنى راست سۆزلەڭلار ۋە راست سۆزلەشكە ئادەتلىنىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولىسىلەر، ھالاكەتتىن نىجات تاپىسىلەر، الله سىلەرگە ئىشلىرىڭلاردا چىقىش يولى بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر راست سۆزلەڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، راست سۆزلەش ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، بىر ئادەم ھەمىشە راست سۆزلەيدۇ ۋە راست

(1) تەۋبە سۈرىسى 95 ــــ 96 ـ ئايەتلەر.

سۆزلەشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا ئۇ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغان سۆزلەشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، يالغان سۆزلەش يامانلىققا باشلايدۇ، يامانلىق دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەمىشە يالغان سۆزلەيدۇ ۋە يالغان سۆزلەشكە ئۇرۇنىدۇ. ھەتتا الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

*******

مَا كَانَ لِأَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُوا۟ عَن رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرْغَبُوا۟ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِۦ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ لَا يُصِيبُهُمْ ظَمَأٌ وَلَا نَصَبٌ وَلَا مَخْمَصَةٌ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَطَـُٔونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ ٱلْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِۦ عَمَلٌ صَٰلِحٌ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٢٠﴾

مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللا بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴿120﴾.

## تەبۇك غازىتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مەدىنە ئاھالىسىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلاردىن جىھادتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىشىدىن قېچىپ، تەبۇك غازىتىغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقمىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلار جىھادتا ئېرىشىدىغان ئەجىردىن مەھرۇم قالدى. چۈنكى: **﴿مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللا بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ﴾** الله مۇجاھىدلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىغا يېزىپ، كاتتا ساۋاب بېرىدۇ.

**﴿الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴾[1].

(1) كەھف سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

*******

وَلَا يُنفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢١﴾

ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىهاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ﴿121﴾.

**﴿ئۇلارنىڭ﴾** يەنى الله يولىدا جىهاد قىلغۇچى ئەنە شۇ مۇجاھىدلارنىڭ **﴿مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن﴾** يەنى مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، **﴿سەرپ قىلغان نەرسىنى ۋە جىهاد ئۈچۈن﴾** دۈشمەنلەر تەرەپكە **﴿باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ﴾** خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت كەرىمدىن تولۇق ۋە كاتتا نېسىۋىسىنى ئالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ بۇ غازاتقا نۇرغۇن مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (ئۇنىڭ تەبۇك غازىتىغا قوشۇن تەييارلىشى ئۈچۈن) مىڭ تىللا ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا تۆكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇنلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قارىدى ۋە مۇنداق دېدى: «بۈگۈندىن باشلاپ ئوسمان ئىبنى ئەففان ياخشى ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى.

**﴿ۋە جىهاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله يولىدا جىهادقا چىققۇچىلار بالا ـ چاقىلىرىدىن قانچىلىك يىراقلاشقانسېرى الله تائالاغا شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ.

*******

۞ وَمَا كَانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُوا۟ كَآفَّةً ۚ فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا۟ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُوا۟ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴿١٢٢﴾

مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىهادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىهادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنني ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴿122﴾.

بۇ ئايەت الله تائالانىڭ ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا بۇيرۇيدىغان ھۆكمگە بېرىلگەن ئىلاۋىدۇر. بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتكە مۇنداق دەپ قارايدۇ: اللە تائالا: ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار﴾[1]، ﴿اللە نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[2] دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھادقا چىقسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جىھادقا چىقىشى پەرز بولغان ئىدى. ئاندىن ئۇ ھۆكۈم بۇ ئايەت (يەنى تەپسىرى بولۇۋاتقان ئايەت) نىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ئايەتكە مۇنداق مەنىمۇ بېرىلىدۇ: بۇ ئايەت اللە تائالانىڭ ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى، ھەر بىر قەبىلىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ چوقۇم چىقىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدىكى ھۆكمگە بېرىلگەن ئىلاۋىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھادقا چىققۇچىلار ئۇنىڭغا جىھاد جەريانىدا نازىل بولغان ۋەھيىنى ئۆگىنىپ ئالىم بولىدۇ، ئاندىن جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە قەۋمىگە، دۈشمەنىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى دۈشمەنىنىڭ يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا چىقىشتا ئىككى خىل پايدىغا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يۇرتىدىن چىقىشى ئىلىم تەلەپ قىلىپ دىنىدا ئالىم بولۇش ياكى جىھاد قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرز كۇپايىدۇر[3].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىپ كېتىشى لايىق ئەمەس.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى**﴾ بۇ بىر بۆلۈك قوشۇن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى چىقماستىن ئۇلارنى جىھادقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يوق چاغدا نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۇرۇشقا چىقماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قالغانلار ئۆگىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا اللە ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىڭلارغا قۇرئاندىن ئايەتلەر نازىل قىلدى دەپ، بۇ ئايەتلەرنى دەپ بېرىدۇ. جىھادقا چىققانلار بۇ قېتىم ئۆزلىرى يوق چاغدا پەيغەمبىرىگە نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھادقا باشقىلارنى ئەۋەتىدۇ. ئەنە شۇ اللە تائالانىڭ: ﴿**دىنى ئالىم بولۇپ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. ئۇلار اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. جىھادقا چىقىپ كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندە، ﴿**قەۋمىنىڭ اللە دىن قورقۇشى ئۈچۈن**﴾ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ.

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەر بىر يۇرتتىن ئىلىم تەلەپ قىلىش ياكى جىھاد قىلىش ئۈچۈن شۇ يۇرتقا يېتەرلىك بىر تۈركۈم ئادەم چىقسا، قالغانلار گۇناھكار بولمايدۇ. بولمىسا، شۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار سەھرالارغا ئايلانغىلى چىقتى، بىر قىسىم ئادەملەر ئۇلارغا ياخشىلىق قىلدى. ساھابىلار پايدىلىنىشقا تېگىشلىك مۇنبەت يەرلەرنى تاپتى. ساھابىلار ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا چاقىردى. بۇ ئادەملەر ساھابىلەرگە سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئادەملىرىنى تاشلاپ قويۇپ، دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدىڭلارمۇ؟ ـ دېدى. ساھابىلار ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىئارام بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەھرادىن قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك **الله** مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن﴾** ياخشىلىق قىلىشنى ئىزدەيدىغان **﴿يەنى بىر تۈركۈم دىنىي ئالىم بولۇپ﴾** كىشىلەردىكى بىلىملەرنى ۋە **الله** تائالا ئۇلار يوق چاغدا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئۆگىنىپ **﴿ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى﴾**.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت **الله** پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتقا چىقىشقا بۇيرۇغان قوشۇنلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن بىر بۆلۈك قوشۇن ھەققىدە نازىل بولغان. بىر بۆلۈك ئادەم دىندا ئالىم بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قالاتتى. يەنە بىر بۆلۈك ئادەم قەۋمىنى دەۋەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنى **الله** تائالادىن قورقۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشقا باراتتى.

**﴿مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس﴾** بۇ ئايەت جىھاد ھەققىدە نازىل بولغان ئەمەس. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇزەر قەبىلىسىگە قەھەتچىلىك بىلەن بەددۇئا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا قەھەتچىلىك ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ قەبىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەھەتچىلىكتىن قېچىپ مەدىنىگە كۆچۈپ كەلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى دەۋا قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار يالغانچىلاردۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە ئايەت نازىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۆمىن ئەمەسلىكىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆز قەبىلىلىرىگە قايتۇرىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى مۇنداق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئەنە شۇ **الله** تائالانىڭ: **﴿ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَـٰتِلُوا۟ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا۟ فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٣﴾

ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، **الله** تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى **الله** تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)﴿123﴾.

# جىهاد قىلىشنى يېقىندىكى كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشتىن باشلاشنىڭ بۇيرۇلىشى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە جىهاد قىلىشنى ئالدى بىلەن ئىسلام هاكىمىيىتى دەۋر سۈرگەن رايونغا يېقىن بولغان كاپىرلاردىن باشلاپ، ئۇلارغا قارشى قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەشكە بۇيرىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىهاد قىلىشنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلاردىن باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى قىلغان جىهادنى ئاياغلاشتۇرغان، اللە تائالا ئۇنىڭغا مەككە، مەدىنە، تائىف، يەمەن، يەمامە، هىجىر، خەيبەر، هەزرىمەۋت ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى باشقا جايلارنى پەتھى قىلىپ بەرگەن، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرى اللە تائالانىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەھلى كىتابقا قارشى جىهاد قىلىشنى باشلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋە ئەھلى كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىشقا ئەڭ هەقلىق بولغان رۇملارغا قارشى جىهاد قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ تەبۇكقا باردى. ئاندىن يۇرتلاردا قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەنلىكى، قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ هىجرىيەنىڭ 9 - يىلى ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هىجرىيەنىڭ 10 - يىلى ۋىدالىشىش ھەججى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ ھەجدىن 81 كۈن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتتى. اللە تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىدا تەييارلىغان ماكانغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى، دوستى ۋە ئورۇنباسارى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. دىندا بىر داۋالغۇچ بولۇپ، ئادەملەر دىندىن يېنىپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى. اللە تائالا ئەبۇبەكرى سىددىق ئارقىلىق دىننى ھەر جەھەتتىن مۇستەھكەملىدى. دىندىن يېنىۋالغانلارنى دىنغا قايتۇردى.

ئەبۇبەكرى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان مۇرتەدلەرنى دىنغا قايتۇرۇپ كىردى. زاكاتنى بېرىشكە ئۇنىمىغان جاھىللاردىن زاكاتنى ئالدى. ھەقنى بىلمىگەنلەرگە ئۇنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلىدى. ئاندىن ئىسلام قوشۇنىنى كرېست بەلگىسىگە چوقۇنغۇچى رۇملارغا، ئوتقا چوقۇنغۇچى پارسلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. اللە ئۇنىڭ سەپەرۋەرلىكىنىڭ بەرىكىتى بىلەن شەھەرلەرنى پەتھى قىلىپ بەردى. پارسلارنىڭ پادىشاھى كىسرا، رۇملارنىڭ پادىشاھى قەيسەر ۋە بۇ ئىككىسىگە بويسۇنۇپ كېلىۋاتقانلار قاتتىق پالاكەتكە ئۇچرىدى. بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ توپلىغان مال - دۇنياسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر قىلغىنى بويىچە اللە يولىغا سەرپ قىلدى. ئەبۇبەكرى سىددىقتىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ داۋامىنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، ”ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى“ دەپ نام ئالغان، مېھرابتا شېھىت بولۇش شەربىتىنى ئىچكەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋاملاشتۇردى. اللە تائالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ قاتتىق ئەدىبىنى بەردى، شەرق ۋە غەربتىكى مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلدى. يىراق - يېقىن جايلاردىكى خەزىنىلەردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مال - دۇنيالار ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ بۇ مال - دۇنيانى شەرىئەت ھۆكمىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ قانائەتلىنەرلىك رەۋىشتە تارقىتىپ بەردى. ئۇ دۇنيادا ماختاشقا سازاۋەر بولۇپ ياشىدى.

ئۇ شېھىت ھالەتتە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ئىبارەت ساھابىلار ئۆز ئۆيىدە شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچكەن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىگە بەيئەت قىلدى.

ئوسماننىڭ خەلىپىلىكى ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئۆزىگە لايىق تون كەيدۈرۈلدى. ئىسلام دىنى الله تائالانىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى يەتكۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بەندىلىرىنىڭ تىرىشچانلىق قىلىشى بىلەن ئەتراپلارغا كېڭىيىپ، غەرب ۋە شەرق زېمىنلىرىدا غەلىبىگە ئېرىشتى. نەتىجىدە، الله تائالانىڭ دىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. توغرا يولنى بويلاپ ماڭغان ئىسلام مىللىتى الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئەدىۋىنى قالتىس بەردى. ئۇلار الله تائالانىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)﴾** دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ، بىر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىنكى، ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچى گۇناھكار قەۋمگە قاراپ جىھادقا ئاتلىناتتى.

**﴿سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)﴾** يەنى سىلەر كۇپپارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇلار سىلەرنى قاتتىق قول ھېس قىلسۇن، چۈنكى ئىمانى كامىل مۆمىن ئۆزىنىڭ مۆمىن قېرىندىشىغا يۇمشاق قول، دۈشمىنى بولغان كاپىرغا قاتتىق قول بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾[1]، ﴿مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾[2]، ﴿سەن كۇففارلار بىلەن ۋە مۇناپىقلار بىلەن كۈرەش قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن﴾[3].

**﴿بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)﴾** يەنى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار ۋە جىھاد قىلىشتا الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله تائالادىن قورقساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭلار، الله ھەر زامان سىلەر بىلەن بىللىدۇر. بۇ ئۈممەتتىن دەسلەپكى ئۈچ ئەسىرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىشى مانا مۇشۇنداق بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىرى بولۇپ، الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا ئەڭ يۇقىرى باسقۇچتا بولغاچقا، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن داۋاملىق غەلىبە قىلغان ئىدى. شەھەرلەر قەدەممۇ قەدەم پەتھى قىلىنىپ، دۈشمەنلەر ئارقىمۇ ئارقا يېڭىلگەن ۋە قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغان ئىدى.

ئاندىن كېيىن، مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا پىتنە - پاسات، ھەرخىل پىكىر ئىېقىمى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىختىلاپلار يۈز بەردى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن دۈشمەنلەر قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان

(1) مائىدە سۈرىسى 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فەتھ سۈرىسى 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تەھرىم سۈرىسى 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇرتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش تەمەسىدە (ئۇنىڭغا قاراپ) ئىلگىرىلىدى. مۇسۇلمان پادىشاھلار ئۆزئارا ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنى توسىدىغان كىشى چىقمىدى. ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى بېسىۋالدى. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش الله تائالانىڭ باشقۇرۇشىدۇر. ئىسلام پادىشاھلىرىدىن ھەقنى بەرپا قىلغان، الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلغان ۋە بارلىق ئىشلىرىدا الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلغان ھەر بىر پادىشاھ الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن شەھەرلىرىنى پەتھى قىلدى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەنلەر تارتىۋالغان زېمىنلارنى قايتۇرىۋالدى. الله مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلارنىڭ كوكۇلىسىدىن ئېلىشقا قادىر قىلىشقا، ئۇلارنىڭ شۇئارىنى پۈتۈن ئىقلىملاردا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىلدۇر. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى سېخى ۋە كەرەملىكتۇر.

*******

وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنًا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَزَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴿١٢٤﴾ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَتْهُمْ رِجْسًا إِلَىٰ رِجْسِهِمْ وَمَاتُوا۟ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿١٢٥﴾

(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴿124﴾. دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴿125﴾.

## مۆمىنىنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىيىپ ۋە ئاجىزلاپ تۇرىدىغانلىقى، مۇناپىقلارنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئاشىدىغانلىقى

**﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴾** بۇ ئايەت ئىمانىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى ۋە ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. شۇنداقلا بۇ كۆپ ساندىكى سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇنىڭغا مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بىر قانچە كىشى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە سەھىھ بۇخارىنىڭ شەرھىسىنىڭ باش تەرىپىدە تەپسىلي سۆزلەنگەن.

**﴿دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)﴾** يەنى بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشى شەك ـ شۈبھىلىرىگە تېخىمۇ كۆپ شەك ـ شۈبھىلەرنى قوشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[1]، ﴿مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[2]. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ بەتبەختلىكى بولۇپ، دىللارنى ھىدايەت قىلىدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ۋە گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خۇددى ناچار خاراكتېردىكى ئادەم ھىدايەت قىلىدىغان نەرسە بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلسا، ئۇنىڭ ناچار خاراكتېرى ۋە زىيانكارلىقى تېخىمۇ ئېشىپ بارغىنىغا ئوخشايدۇ.

* * * * * * *

أَوَلَا يَرَوْنَ أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾ وَإِذَا مَآ أُنزِلَتْ سُورَةٌ نَّظَرَ بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ هَلْ يَرَىٰكُم مِّنْ أَحَدٍ ثُمَّ ٱنصَرَفُوا۟ صَرَفَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُم بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ ﴿١٢٧﴾

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ). ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ﴿126﴾. (ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى﴿127﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ سىنىلىدىغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ مۇناپىقلار **﴿ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم**

(1) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

**سىنىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىدىغانلىقىنى)﴾** بىلمەمدۇ؟

**﴿ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ). ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئىلگىرىكى گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلمايدۇ، كەلگۈسىدىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىبرەت ئالمايدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇناپىقلار قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق بىلەن سىنىلىدۇ.

**﴿(ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى﴾** بۇمۇ ھەم مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇنىڭغا بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، **﴿ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: «سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ» دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالىدۇر. ئۇلار ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرمايدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدۇ. گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋا ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد) كاپىرلارغا نېمە بولدىكىن، ئۇلار سەن تەرەپكە تېز كېلىشىپ، ئوڭ ـ سول تەرىپىڭدە توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ﴾[2] يەنى ھەقتىن قېچىپ باتىلغا يۈگۈرۈپ سېنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭدە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇرغان قەۋمگە نېمە بولغاندۇ؟

**﴿ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى﴾** يەنى ئۇلار اللّٰه تائالانىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنى چۈشىنىشكىمۇ ئېنتىلمەيدۇ ۋە خالىمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە يىراقلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇنداق جازاغا دۇچار بولدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اللّٰه ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى﴾[3] .

* * * * * * *

لَقَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ عَزِيزٌ عَلَيۡهِ مَا عَنِتُّمۡ حَرِيصٌ عَلَيۡكُم بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ رَءُوفٞ رَّحِيمٞ ﴿١٢٨﴾ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُلۡ حَسۡبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى 49 ـــ 51 ـ ئايەتكىچە.
(2) مەئارىج سۈرىسى 36 ـــ 37 ـ ئايەتلەر.
(3) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴿128﴾. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، سەن: «الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم (يەنى الله غا يۆلەندىم، الله دىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن﴿129﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنىڭ الله تائالانىڭ ياخشىلىقى ئىكەنلىكى

الله تائالا مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ (ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ) ئۆز تىپىدىن بولغان ۋە ئۆز تىلىدا سۆزلەيدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ياخشىلىقنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن﴾[1].

الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الله مۆمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى﴾[2].

**﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئۆزەڭلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان پەيغەمبەر كەلدى. بۇ ھەقتە جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەجاشىغا، مۇغىيرە ئىبنى شۆئبە كىسرانىڭ ئەلچىسىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بىز ئۇنىڭ نەسەبىنى، سۈپىتىنى، مېڭىش ـ تۇرۇشىنى، راستچىل ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز.

**﴿سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ﴾** يەنى ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۈلپەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەت چېكىشى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ دىن ئاسانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن بەلگىلىمىلىرى ئاسان، قولاي ۋە مۇكەممەلدۇر. الله تائالا ئۇنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىگە (بۇ بەلگىلىمىلەر) ئاساندۇر».

(1) بەقەرە سۈرىسى 129 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر﴾** يەنى ئۇ سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلارغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىشىڭلارغا ناھايىتى ھېرىستۇر.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا بىرەر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى كەلگۈسىدە سىلەردىن بىرەرىڭلارنىڭ خەۋەردار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ھارام قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ بەلبېغىڭلاردىن تۇتۇپ، سىلەرنىڭ خۇددى پەرۋانە ياكى چېۋىنلەرنىڭ ئوتقا چۈشۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئوتقا چۈشۈپ كېتىشىڭلاردىن توسىمەن».

**﴿مۆمىنلەرگە ئامىراقتۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن. ئەگەر خىش ـ ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدامەن» دېگىن. ناھايىتى غالىب، مېھرىبان **الله** غا يۆلەنگىن﴾[1].

بۇ ئايەت كەرىمدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، سەن: «الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم (يەنى الله غا يۆلەندىم، الله دىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[2].

**﴿ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾** يەنى ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر. چۈنكى ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆگزىسى بولغان بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئەرشنىڭ ئاستىدىدۇر. **الله** تائالانىڭ قۇدرىتىگە بويسۇنغۇچىدۇر. **الله** تائالانىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر. **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەر نەرسىدە ئىجرا بولغۇچىدۇر. **الله** ھەر نەرسىنى ھىمايە قىلغۇچىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى﴾** دېگەن بۇ ئايەتتىن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەر قۇرئاننى كەرىمدىكى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەردۇر.

ئىمام بۇخارى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئايەتلەرنى خۇزەيمە ئىبنى سابىت ياكى ئەبۇخۇزەيمىدىن ئاڭلىدىم[3]. بىز

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 215 ـــ 217 ـ ئايەتكىچە.

(2) مۇزەممىل سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

(3) زەيد ـ ئەبۇبەكرىنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا قۇرئان توپلىغۇچىلارغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇ قۇرئاننى توپلاشتا ھەر بىر ئايەتنى ئۆزى يادا بىلگەندىن سىرت باشقا بىرىنىڭ يادا بىلىشىنى شەرت قىلغان، ئۇ بۇ شەرتكە ئاساسەن تەۋبە

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ساھابىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىپ يادا ئالغان. خۇزەيمە ئىبنى سابىتمۇ بۇ ئايەتلەرنى قۇرئان توپلىغۇچىلارغا ئوقۇپ بەرگەن چاغدا، بۇ ئايەتلەرنى باشقا بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ يادا ئالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تەۋبە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاخىرلاشتى. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر!

سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئايەتلەرنى خۇزەيمە ئىبنى سابىتنىڭ يادا بىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ يادا بىلىدىغىنى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن قۇرئان توپلىمىغا كىرگۈزگەن.

# يۇنۇس سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 109 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الٓر ۚ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِ ٱلْحَكِيمِ ﴿١﴾ أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰ رَجُلٍ مِّنْهُمْ أَنْ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ
وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَنَّ لَهُمْ قَدَمَ صِدْقٍ عِندَ رَبِّهِمْ ۗ قَالَ ٱلْكَٰفِرُونَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ مُّبِينٌ ﴿٢﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەتلىك كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر﴿1﴾. ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر» دېدى﴿2﴾.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدىكى بايان بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا تەپسىلىي بېرىلدى.

﴿**بۇ، ھېكمەتلىك كىتاب (يەنى قۇرئان) ئايەتلىرىدۇر**﴾ يەنى بۇ پۇختا بولغان ئۇچۇق بايان قىلىنغان قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر.

## اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىنلا تاللايدىغانلىقى

اللە تائالا ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەر تاللاپ ئەۋەتكەنلىكىگە كاپىرلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (اللە نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان**

**ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئىنسان بىزنى توغرا يولغا باشلامدۇ؟﴾[1] ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالاملار ئۆز قەۋملىرىگە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇفرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟»﴾[2] الله تائالا قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش﴾[3].

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئەرەبلەر ياكى بىر قىسىم ئەرەبلەر: الله تائالانىڭ مۇھەممەدكە ئوخشاش بىر ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش بولدى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: **﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە: **﴿مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۆمىنلەرنىڭ بەختلىك بولۇشى ئاللىبۇرۇن لەۋھىلمەھفۇزغا يېزىلىپ بولۇنغان.

ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەر بۇرۇن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن، ئۇبدان مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. مۇجاھىد مۇنداق دېدى: مۆمىنلەرنىڭ نامىزى، روزىسى، سەدىقىسى ۋە ئېيتقان تەسبىھى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ئەمەللەرنى قىلغانلارغا شاپائەت قىلىدۇ.

**﴿كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر» دېدى﴾** يەنى بىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئۆز جىنسىنى جەننەت بىلەن خۇش ـ خەۋەر بەرگۈچى ۋە دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن تۇرۇقلۇق **﴿كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر» دېدى﴾** ئۇلار بۇ سۆزلىرىدە يالغانچىلاردۇر.

* * * * * * *

إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ مَا مِن شَفِيعٍ

(1) تاغابۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(3) ساد سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ إِذۡنِهِۦۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُوهُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾

شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار الله دۇر، ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. الله خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھەرقانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن الله نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟﴿3﴾

## الله تائالانىڭ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىدىن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئالتە كۈن، ھازىر بىز ياشاۋاتقان كۈنلەرگە ئوخشاشتۇر دېگەن قاراش ۋە: ئۇ كۈنلەرنىڭ ھەر بىر كۈنى ئىنسانلار ساناۋاتقان يىلنىڭ مىڭ يىلىغا باراۋەر كېلىدۇ، ـ دېگەن قاراشمۇ بار.

**﴿ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى﴾** يەنى ئەرش يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر ۋە ئەڭ ئۈستىدىدۇر.

**﴿الله خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله دىن يىراق ئەمەستۇر﴾[1] يەنى الله تائالانىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئىشنى ئىدارە قىلىشى يەنە بىر ئىشنى ئىدارە قىلىشىغا دەخلە قىلمايدۇ، شۇنداقلا بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش الله تائالانى خاتالاشتۇرالمايدۇ. دۇئادا چىڭ تۇرۇپ كۆپ نەرسە تىلىگۈچىلەرنىڭ دۇئاسى الله تائالانى زېرىكتۈرەلمەيدۇ. تاغلاردىكى، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى، ئاۋات زېمىندىكى ۋە چۆللەردىكى چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش الله تائالانىڭ كىچىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەممەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان﴾[2]، ﴿(دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[3].

دەراۋەردى سەئىد ئىبنى ئىسھاقتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار الله دۇر، ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى﴾** دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلەرگە كۆرۈنۈشتە ئەرەبلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان كاتتا بىر كارۋان ئۇچراشتى. ساھابىلار كارۋاندىكىلەردىن: كىم سىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. كارۋاندىكىلەر: بىز جىنلارمىز، بىز

(1) سەبە سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .
(2) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەدىنىدىن كېلىۋاتىمىز، بىزنى مۇشۇ ئايەت مەدىنىدىن چىقىرىۋەتتى، - دېدى. بۇ قىسسىنى ئىبنى هاتەم رىۋايەت قىلغان.

**﴿(قىيامەت كۈنى) هەرقانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن الله نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ﴾** الله بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ الله نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن﴾[1]، ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى هېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[2]، ﴿الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاهىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾[3].

**﴿ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾** يەنى ئىبادەتنى پەقەت هېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغىلا قىلىڭلار.

**﴿ۋەز - نەسىهەت ئالماسىلەر؟﴾** يەنى ئى مۇشرىكلار جامائەسى! سىلەر الله تائالانىڭ هەممە مەخلۇقاتلارنى ئۆزى يالغۇزلا ياراتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، الله تائالاغا باشقا باتىل ئىلاهلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئىشىڭلاردا نېمە ئۈچۈن هەققانىيەتچىلىك بىلەن ئويلىنىپ، ۋەز - نەسىهەت قوبۇل قىلمايسىلەر؟

مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ هەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى ئايەتلەر دەلىلدۇر: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله» دەيدۇ﴾[4]، ﴿ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟» ئۇلار: «الله» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟»﴾[5] بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدا ۋە كەينىدە كەلگەن ئايەتلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

* * * * * * *

إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا إِنَّهُۥ يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ لِيَجْزِىَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
بِٱلْقِسْطِ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٤﴾

(قىيامەت كۈنى) هەممىڭلار الله نىڭ دەرگاهىغا قايتىسىلەر، الله نىڭ ۋەدىسى هەقتۇر، شۈبهىسىزكى، مەخلۇقاتنى دەسلەپتە الله ياراتقان، (ئۇلارنى هالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ، كاپىرلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايىنىغان سۇ بولىدۇ. هەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿4﴾.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 255 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەجم سۈرىسى 26 - ئايەت.
(3) سەبە سۈرىسى 23 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) زۇخرۇف سۈرىسى 87 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) مۆئمىنۇن سۈرىسى 86 — 87 - ئايەتلەر.

## پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ بارىدىغان جايىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى بارلىق مەخلۇقاتنىڭ بارىدىغان جايىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىدىن، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى قالدۇرماي باشتا ياراتقاندەك قايتا يارىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1].

**﴿(ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرىدۇ﴾** يەنى ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا تولۇق مۇكاپات بېرىدۇ.

**﴿كاپىرلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن، (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايىنىغان سۇ بولىدۇ﴾** يەنى كاپىرلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن بەدەنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان قاتتىق قىززىق شامال، ئۇقرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سايە قاتارلىق تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ئازابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىززىق سۇدۇر، قان ـ يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار﴾[2]، ﴿بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر. ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ)﴾[3].

* * * * * * *

هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ ٱلشَّمْسَ ضِيَآءً وَٱلْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُۥ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ ۚ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ يُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥﴾ إِنَّ فِى ٱخْتِلَـٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَـَٔايَـٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ ﴿٦﴾

الله قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى. الله ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، الله ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) بىلىدىغان (ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴿5﴾. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، الله ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (الله دىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (الله نىڭ

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساد سۈرىسى 57 ــــ 58 ـ ئايەتلەر.
(3) راھمان سۈرىسى 43 ــــ 44 ـ ئايەتلەر.

بارلىقنى ۋە بىرلىكنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿6﴾.

## بارلىق شەيئىلەرنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە گۇۋاھ بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەرنى ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا قۇياش جىسمىدىن چىققان نۇرنى يورۇتقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتقۇچىدۇر. قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئۆزئارا ئوخشىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى پەرقلىق قىلىپ ياراتتى. قۇياشنى كۈندۈزگە، ئاينى كېچىگە ھۆكۈمران قىلدى. ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىدى. ئاي دەسلەپتە چىققاندا، ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى ۋە نۇرى تەدرىجىي چوڭىيىپ، تولۇن ئاي شەكلىگە كىرىدۇ. ئاندىن تەدرىجىي كىچىكلەشكە باشلاپ، ئاي ئاخىرىدا يېڭى چىققان ھالىتىگە قايتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1]، ﴿(سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[2].

﴿**يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى**﴾ يەنى قۇياش ئارقىلىق كۈنلەرنى، ئاي ئارقىلىق ئاي ۋە يىللارنى بىلىش ئۈچۈن ئاي ۋە قۇياشنى يارىتىپ بەردى.

﴿**الله ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[3]، ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق ـ پادىشاھ الله ئۇستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[4].

﴿**الله ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىينى) بىلىدىغان (ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى بىلىدىغان قەۋمگە پاكىت ـ ھۆججەتلىرىنى تەپسىلىي، ئوچۇق بايان قىلىمىز.

﴿**كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا**﴾ يەنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى كېلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئازراقمۇ ئىلگىرى ياكى كېيىن قالماي نۆۋەتلىشىپ

---

(1) ياسىن سۈرىسى 39 ــ 40 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ساد سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(4) مۆئمىنۇن سۈرىسى 115 ــ 116 ـ ئايەتلەر.

تۇرۇشىدا ئوچۇق ئالامەتلەر بار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)﴾[1]، ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس﴾[2]، ﴿الله سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، الله كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[3].

﴿الله ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە﴾ يەنى الله تائالا ئاسمان ـ زېمىندا ياراتقان، الله تائالانىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلاردا الله تائالانىڭ بارلىقىنىڭ ئالامەتلىرى باردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[4]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[5]، ﴿ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قارىمامدۇ؟﴾[6]، ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار﴾[7].

﴿(الله دىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (الله نىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾ يەنى الله تائالانىڭ جازاسى، ئۆچ ئېلىشى ۋە ئازابىدىن قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە پاكىت بولىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر باردۇر.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا وَرَضُواْ بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَٱطۡمَأَنُّواْ بِهَا وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِنَا غَٰفِلُونَ ﴿٧﴾ أُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ﴿٨﴾

شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى الله غا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە

(1) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 96 ـ ئايەت.
(4) يۈسۈف سۈرىسى 105 ـ ئايەت.
(5) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت
(6) سەبە سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) ئال ئىمران سۈرىسى 190 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار﴿7﴾. ئەنە شۇلارنىڭ جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاخ بولىدۇ﴿8﴾.

## قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ جايىنىڭ دوزاخ بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدە الله بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان، مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىغىلا رازى بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى دۇنيا ھاياتى بىلەن خۇش ئېتىدىغان بەختسىزلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن رازى بولغىدەك دەرىجىدە چىرايلىق ۋە ئۈستۈن بىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلار الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىن غاپىل بولۇپ، الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر توغرىسىدا ئويلانمايدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە بويسۇنمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ الله تائالادىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە قىيامەت كۈنىدىن تانغانلىقى، دۇنيادا گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ يَهۡدِيهِمۡ رَبُّهُم بِإِيمَٰنِهِمۡۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٩﴾ دَعۡوَىٰهُمۡ فِيهَا سُبۡحَٰنَكَ ٱللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٞۚ وَءَاخِرُ دَعۡوَىٰهُمۡ أَنِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٠﴾

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ناز ـ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ﴿9﴾. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴿10﴾.



## ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە ئىشەنگەن، پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەختلىك كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنى ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن توغرا يولغان باشلايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن**

**ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾** بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ھالىدىن بېرىلگەن خەۋەر بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ مەزمۇننى تەكىتلەپ كەلگەن.

﴿ئۇلار اللە غا مۇلاقات بولغان كۈندە ئۇلارغا اللە تەرىپىدىن يوللىنىدىغان سالام (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن (دېگەن سۆزدىن ئىبارەت)، اللە ئۇلارغا ئېسىل مۇكاپات تەييارلىدى﴾[1]، ﴿ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت «سالام! سالام!» سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ﴾[2]، ﴿مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾[4].

**﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾** بۇ ئايەتتە اللە تائالانىڭ مەڭگۈ ماختالغۇچى ۋە مەڭگۈ ئىبادەت قىلىنغۇچى زات ئىكەنلىكىگە دەلىل باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىشنى باشلىغاندا، قۇرئاننى باشلىغاندا ۋە ئۇنى نازىل قىلىشنى باشلىغاندا ئۆز زاتىنى ماختىدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، (اللە ئىنسانلارنى ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾[5]، ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان اللە غا خاستۇر!﴾[6] ھەقىقەتەن اللە تائالا ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ ئاخىرىدا، ھاياتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ماختالغۇچىدۇر.

ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەقىقەتەن اللە تائالا جەننەت ئەھلىگە تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشنى ئۇلارغا خۇددى نەپەس ئېلىشنى ئىلھام قىلغاندەك ئىلھام قىلىدۇ».

جەننەت ئەھلىنىڭ اللە تائالاغا شۇنداق تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىشى اللە تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە بېرىدىغان نېمەتلىرىنىڭ داۋاملىق كۆپەيتىلىپ تۇرىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. اللە تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە بەرگەن نېمەتلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ ۋە ئازلاپمۇ قالمايدۇ. اللە تائالادىن

(1) ئەھزاب سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى 25 ـــ 26 ـ ئايەتلەر.
(3) ياسىن سۈرىسى 58 ـ ئايەت.
(4) رەئد سۈرىسى 23 ـــ 24 ـ ئايەتلەر.
(5) كەھف سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(6) ئەنئام سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. اللہ تائالادىن باشقا ھېچ پەرۋەردىگار يوقتۇر.

*******

وَلَوْ يُعَجِّلُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ ٱلشَّرَّ ٱسْتِعْجَالَهُم بِٱلْخَيْرِ لَقُضِىَ إِلَيْهِمْ أَجَلُهُمْ ۖ فَنَذَرُ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَآءَنَا فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١﴾

ئەگەر اللہ كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز﴿11﴾.

## اللہ تائالانىڭ بەتدۇئانى ياخشى دۇئانى ئىجابەت قىلغاندەك ئىجابەت قىلمايدىغانلىقى

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز بەندىلىرىگە مېھرىبانلىقىدىن، بەندىلىرىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزلىرىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە ياكى بالىلىرىغا قىلغان بەتدۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان بەتدۇئاسىدا يامانلىقنى نىيەت قىلمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ بەتدۇئاسىنى ئۆزلىرىگە ياكى مال ـ مۈلكىگە ياكى بالىلىرىغا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت تىلەپ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغاندەك ئىجابەت قىلمايدۇ. مانا بۇ، اللہ تائالانىڭ كۆيۈمچانلىقى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

**﴿ئەگەر اللہ كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى)﴾** يەنى اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ھەر قاچان قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ھالاك بولۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەتدۇئانى كۆپ قىلىش مۇسۇلمانغا لايىق ئەمەستۇر.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەززار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزەڭلارنىڭ، بالىلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار، دۇئالىرىڭلار اللہ تائالانىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغان سائىتىگە توغرا كېلىپ قالسا، اللہ تائالا سىلەرنىڭ قىلغان بەتدۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىۋېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەتدۇئا قىلىدۇ﴾[1].

(1) ئىسرا سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئەگەر اللە كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى هالاك بولاتتى)﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ دۇئا ئىنساننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئاچچىقى كەلگەندە: ئى اللە! ئۇنىڭغا بەرىكەت بەرمىگىن ياكى ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن!ـ دېگەندەك دۇئالاردىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر اللە تائالا ئۇلارنىڭ بەتدۇئاسىنى ياخشى دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغاندەك تېز ئىجابەت قىلغان بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇلار ھالاك بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

* * * * * * *

وَإِذَا مَسَّ ٱلْإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَآئِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمْ يَدْعُنَآ إِلَىٰ ضُرٍّ مَّسَّهُۥ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٢﴾

ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴿12﴾.

## ئىنسانلارنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەندە اللە نى ياد ئېتىپ، ياخشى كۈنلەردە ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقى

اللە تائالا: ﴿ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (اللە غا يۈزلىنىپ) ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ﴾[1] دېگەندەك، بۇ ئايەتتىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇسىبەت يەتكەندە، اللە تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىدىغانلىقىدەك ناچارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى ئوخشاشتۇر. چۈنكى، ئىنسانغا مۇسىبەت يەتكەندە، بىئارام بولۇپ قورقىدۇ. شۇ چاغدا ياتقان، ئولتۇرغان، ئۆرە تۇرغان ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇسىبەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى تىلەپ اللە تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىدۇ. اللە تائالا ئۇ ئىنسانغا بىر چىقىش يولى بېرىپ، يەتكەن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، دۇئا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە دۇئا قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئۇ بۇرۇن ھېچ دۇئا قىلىپ باقمىغاندەك، يامان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ، **﴿گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ﴾**.

اللە تائالا يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾** يەنى اللە تائالا ئۆزى ھىدايەت قىلغان، توغرا يولغا باشلىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغان كىشى ئۇنىڭ سىرتىدىدۇر.

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر)﴾[1].

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر الله بىر مۆمىنگە ھەرقانداق ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ئىش مۆمىن ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر مۆمىنگە بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، مۆمىن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر مۆمىنگە بىرەر خۇشاللىق يېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر. بۇنداق ياخشىلىققا پەقەت مۆمىنلا ئېرىشەلەيدۇ».

* * * * * * *

وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَا ٱلۡقُرُونَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَمَّا ظَلَمُواْ وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٣﴾ ثُمَّ جَعَلۡنَٰكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ لِنَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٤﴾

سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر زۇلۇم قىلغاندا (يەنى كاپىر بولغاندا، گۇمراھلىقتا ھەددىدىن ئاشقاندا)، ھەقىقەتەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرگە) ئىمان كەلتۈرمىدى. گۇناھكار قەۋمنى (يەنى مەككە مۇشرىكلىرىنى) شۇنىڭغا ئوخشاش جازالايمىز﴿13﴾. سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان) دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق﴿14﴾.

## بۇرۇن ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئوچۇق پاكىتلار ۋە ئېنىق مۆجىزىلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئەنە شۇ ھالاك قىلىنغان قەۋمگە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنى ئورۇنباسار قىلدى. ئۇلارنىڭ الله تائالاغا قانچىلىك ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبىرىگە قانچىلىك ئەگىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتتى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا ھەقىقەتەن شېرىن ۋە چىرايلىقتۇر. جەزمەن الله سىلەرنى بۇ دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار ۋە ئاياللاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بەنى ئىسرائىلغا چۈشكەن پىتنە دەسلەپتە ئاياللاردىن باشلانغاندۇر».

ئىبنى جەرىر ئەۋفي ئىبنى مالىكنىڭ ئەبۇبەكرىگە: مەن چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر ئارغامچىنىڭ

(1) ھۇد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تارتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ ئارغامچا قايتا تاشلىنىپ سىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بويىنىنىڭ مىتىرلانغانلىقىنى، ئۆمەرنىڭ مۇنبەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۈچ گەز ئارتۇق چىققانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېدى. (بۇ يەردە ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ بار ئىدى) ئۆمەر: ئۇ چۈشۈڭنى قوي! بىزنىڭ بۇنداق چۈشلەرگە ھاجىتىمىز يوق، ـ دېدى. ئۆمەر خەلىپە بولغاندا: ئى ئەۋف! سەن كۆرگەن چۈشۈڭنى قايتا بايان قىلغىن، ـ دېدى. ئەۋف: مېنىڭ چۈشۈمگە ھاجىتىڭ يوق ئەمەسمىدى؟ ـ دېدى. ئۆمەر: ساڭا ۋاي! مەن ساڭا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسىگە ئۆلۈم خەۋىرىنى بېرىشىڭنى يامان كۆرگەچكە شۇنداق دېگەن، ـ دېدى. ئەۋف كۆرگەن چۈشىنى ئۆمەرگە قايتا بايان قىلىپ: "ئۆمەر مۇنبەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۈچ گەز ئارتۇق كەلدى" دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئۈچ گەزنىڭ بىرى، ماڭا بېرىلگەن خەلىپىلىكتۇر. ئىككىنچىسى، مېنىڭ الله يولىدا مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقىمدۇر. ئۈچىنچىسى، مېنىڭ شېھىت بولۇشىمدۇر.

ئاندىن ئۆمەر الله تائالانىڭ: **﴿سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان) دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: ئى ئۆمەر! سەن مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولدۇڭ، قانداق قىلىدىغانلىقىڭغا قارىغىن، سېنىڭ: "مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايمەن" دېگىنىڭ، الله خالىسا، ئەمەلگە ئاشىدۇ. "شېھىت قىلىنىمەن" دېگەن سۆزۈڭگە كەلسەك مۇسۇلمانلار سېنى ھەممە تەرىپىڭدە قوغداپ تۇرسا، شېھىتلىق ساڭا قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن؟ ـ دېدى. (نەتىجىدە ئۆمەرنىڭ بەرگەن تەبىرى راست چىقىپ، شېھىت قىلىندى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

* * * * * * *

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَاتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَآءَنَا ٱئْتِ بِقُرْءَانٍ غَيْرِ هَٰذَآ أَوْ
بَدِّلْهُ قُلْ مَا يَكُونُ لِىٓ أَنْ أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلْقَآئِ نَفْسِىٓ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ إِنِّىٓ أَخَافُ إِنْ
عَصَيْتُ رَبِّى عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٥﴾ قُل لَّوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا تَلَوْتُهُۥ عَلَيْكُمْ وَلَآ أَدْرَىٰكُم بِهِۦ
فَقَدْ لَبِثْتُ فِيكُمْ عُمُرًا مِّن قَبْلِهِۦٓ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦﴾

ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار): «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن (يەنى ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەننىڭ ئورنىغا مەدھىيلە، ھارامنى ھالال قىل)» دەيدۇ. «مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھىيگىلا ئەمەل قىلىمەن؛ ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن﴿15﴾. «ئەگەر الله ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، الله مۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى

بىلىشكە) ئەقىلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن﴿16﴾.

## قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تانغۇچى قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن ئىبارەت كاپىرلارنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ مۆجىزىلىك كىتابى قۇرئاننى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇلار: سەن بىزگە بۇ قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى (يەنى قۇرئاننى قايتۇرۇۋېتىپ بۇنىڭدىن باشقا بىر ئۇسلۇبتىكى كىتابنى) ئېلىپ كەل ياكى ئۇنى باشقا بىر ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتكىن!ـ دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە بىنائەن الله تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«**مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن**﴾ يەنى بۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن پەقەت بۇيرۇلغاننى قىلىدىغان بەندە ۋە الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى يەتكۈزىدىغان بىر ئەلچى. ﴿**مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن؛ ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن**﴾.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«**ئەگەر الله ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، الله مۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى**﴾ يەنى مەن پەقەت قۇرئاننى الله تائالانىڭ ئىزنى، خالىشى ۋە ئىرادە قىلىشى بىلەنلا سىلەرگە ئېلىپ كەلدىم. بۇنىڭ پاكىتى مەن ئۆز خاھىشىم بىلەن يالغاننى توقۇپ چىقالمايمەن ۋە ئويدۇرالمايمەن. سىلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىشتىن ئاجىزسىلەر. غالىب ۋە بۈيۈك الله مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەر مېنىڭ راستچىل ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. بۇ ئارىدا سىلەر مېنى بىرەر قېتىم بىرەر يېتەرسىزلىكىم سەۋەبىدىن كەمسىتكەن ۋە تەنقىد قىلغان ئەمەس.

﴿**ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە) ئەقىلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئېتىپ، ھەقنى تونىغىدەكمۇ ئەقلىڭلار يوقمۇ؟ شۇڭا رۇم پادىشاھى ھىرەقل ئەبۇسۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى سورىغاندا، ئەبۇسۇفيان ۋە ھەمراھلىرىغا: مۇھەممەد ئۆزىنى الله نىڭ پەيغەمبىرى دەپ جاكارلاشتىن بۇرۇن، سىلەر ئۇنى يالغانچى دەپ قارامتىڭلار؟ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان: ياق،ـ دەيدۇ. ئەبۇسۇفيان شۇ چاغدا مەككە كاپىرلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ۋە مۇشرىكلارنىڭ تايانچلىق ئادىمى ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ھەق ئالدىدا يالغان گەپ قىلالمىدى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇنداق دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ھەقىقي ئېتىراپ قىلىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. ھىرەقل ئەبۇسۇفيانغا مۇنداق دېدى: شەك

ـ شۈبھىسىزكى، مۇھەممەدنىڭ كىشىلەرگە يالغان سۆزلىمىگەن تۇرۇپ الله تائالانىڭ نامىدا يالغان سۆزلەيدىغانلىقى مۇمكىن ئەمەس دېپ قارايمەن.

جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستان[1] نىڭ پادىشاھى نەجاشىيغا مۇنداق دېدى: الله بىزگە بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى، بىز ئۇنىڭ راستچىل، ئېسىل نەسەبلىك ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدە 40 يىل تۇرغان...

* * * * * * *

فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿١٧﴾

الله غا يالغاننى چاپلىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ﴿17﴾.

**﴿الله غا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟﴾** يەنى ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك زالىم، ئۇنىڭدەك سەركەش ۋە ئۇنىڭدەك قاتتىق گۇناھكار ئەمەس. الله تائالاغا يالغاننى توقۇغان، الله پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىسىمۇ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئاتىۋالغاندىنمۇ قاتتىق گۇناھكار ۋە ئەشەددىي زالىم يوق. بۇنداق كىشىنىڭ ئىشىنى دۆت ئادەملەرمۇ بىلىۋالالايدۇ. بۇنداق كىشىنى پەيغەمبەرلەرگە قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ كىمكى راستتىن ياكى يالغاندىن بۇنداق سۆزلەرنى قىلسا، ئۇنىڭ ياخشى ياكى پاسىق ئىكەنلىكىگە الله تائالا چوقۇم كۆندىنمۇ ئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ.

ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسەيلەمە كاززابنىڭ ئارىسىدىكى پەرق، بۇ ئىككىسىنى كۆرگەن كىشى ئۈچۈن چاشگاھ ۋاقتىدىكى كۈننىڭ يورۇقلۇقى بىلەن زۇلمەت كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنىڭ پەرقىگە ئوخشاش ئېنىقتۇر. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرىدىن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل، مۇسەيلەمەنىڭ كاززاب، سەجاھ ۋە ئەسۋەد ئەنسىي[2] قاتارلىقلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، بەزى كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا گۇمان بىلەن قارىدى، مەنمۇ شۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدىم. ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭ چىرايىدىن يالغانچىلىقنىڭ ھېچقانداق بىر ئەسىرى چىقمايتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇنجى قېتىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم: «ئى خالايىق! سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزۈڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار، كېچىدە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، جەننەتكە سالامەت كىرىسىلەر».

زامان ئىبنى سۇئلەبە ئۆزىنىڭ قەۋمى بەنى سەئىد ئىبنى بەكرى تەرىپىدىن پەيغەمبەر

(1) ھازىرقى ئېفىئوپىيە.
(2) سەجاھ ۋە ئەسۋەد ئەنسىمۇ پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ چىققانلاردىندۇر.

ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە: بۇ ئاسماننى كىم ئىگىز قىلدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله » دېدى. ئۇ: بۇ تاغلارنى كىم تىكلىدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله » دېدى. ئۇ: زېمىننى كىم يايدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله » دېدى. ئۇ: ئاسماننى ئېگىز قىلغان، تاغلارنى تىكلىگەن ۋە زېمىننى يايغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله سېنى پۈتكۈل جاھان ئەھلىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناماز، زاكات، ھەج ۋە روزا توغرۇلۇق سورىدى. ئۇ ھەر بىر سوئالنى سورىغاندا، مەزكۇر قەسەمنى قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ كىشىگە مەزكۇر قەسەمنى قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى. ئاندىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن راست گەپ قىلدىڭ، سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئاشۇ ئەمەللەرنى كېمەيتىپمۇ قويمايمەن ۋە ئارتۇقمۇ قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئادەم شۇ ئەمەل ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلەندى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەمر ئىبنى ئاس مۇسەيلەمە كاززابنىڭ قېشىغا كەلگەن. ئۇ ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇسەيلەمە كاززابنىڭ دوستى ئىدى. ئەمر ئىبنى ئاس تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن ئىدى. مۇسەيلەمە: ئى ئەمر ساڭا ۋاي! سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) مۇشۇ يېقىندا قايسى ۋەھيي نازىل قىلىندى؟ ـ دېدى. ئەمر: ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما قىسقا بىر سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. مۇسەيلەمە: ئۇ قايسى سۈرە؟ ـ دېدى. ئەمر: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1] دېگەن سۈرىنى ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇسەيلەمە بىردەم ئويلىنىپ مۇنداق دېدى: ماڭىمۇ شۇ سۈرىگە ئوخشاش بىر سۈرە نازىل قىلىندى، ـ دېدى. ئەمر: ئۇ قانداق سۈرە؟ ـ دېدى. مۇسەيلەمە: ئى ۋەبر! ئى ۋەبر![2] سەن ئىككى قۇلاقلىق ۋە كۆكرەكلىك، باشقا يەرلىرىڭ تۆشۈك ـ تۆشۈك. ئى ئەمر! قانداقراقكەن؟ ـ دېدى. ئەمر: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆزەڭنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭنى مېنىڭ بىلىپ قالغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلدىڭ، ـ دېدى. بىر كىشى مۇشرىك ھالىتىدە تۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە لەنىتى مۇسەيلەمە كاززابنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى مانا مۇشۇنداق بىلىۋالىدىغان تۇرسا، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، زېرەك، ساغلام، ئەقىللىق ۋە توغرا پىكىرلىك كىشىلەر قانداقمۇ بىلىۋالالمىسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن ياكى الله نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟﴾[3]

**﴿الله غا يالغاننى چاپلىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم**

(1) ئەسىر سۈرىسى 1 ـــ 3 ـ ئايەتلەر.
(2) بۇ توشقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئافرىقا ۋە كىچىك ئاسىيادا ياشايدىغان ھايۋان.
(3) ئەنئام سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ﴾** شۇنداقلا پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ زىيىنىغا پاكىت تۇرغۇزغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوق.

* * * * * * *

وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡ وَيَقُولُونَ هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا
عِندَ ٱللَّهِۚ قُلۡ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعۡلَمُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا
يُشۡرِكُونَ ﴿١٨﴾ وَمَا كَانَ ٱلنَّاسُ إِلَّآ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ فَٱخۡتَلَفُواْۚ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ
مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيۡنَهُمۡ فِيمَا فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٩﴾

ئۇلار **الله** نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) **الله** نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ، ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى **الله** نىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى **الله** بىلمەي قېلىپ، سىلەر **الله** غا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ **الله** ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴿18﴾. ئىنسانلار (ئەسلىدە) بىر دىن (يەنى ئىسلام دىنى) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى دىنلار كۆپەيدى، بۇتلارغا چوقۇنۇشتى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى (يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى)﴿19﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرى ھەققىدىكى ئېتىقادلىرى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە "قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ" دەپ گۇمان قىلىپ، **الله** تائالاغا بۇتلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىدۇ ۋە ئۇ بۇتلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىدىن، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىدىن، قىيامەت كۈنىدە ئۇلاردىن كۈتكەن نەرسىنىڭ ھەرگىز يۈز بەرمەيدىغانلىقىدىن ۋە بۇ ئىشنىڭ مەڭگۈ ئۇلار ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى الله نىڭ شېرىكى ياكى شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى الله بىلمەي قېلىپ، سىلەر الله غا ئۇنى ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا يۈز بەرمەيدىغان ئىشتىن **الله** تائالاغا خەۋەر بېرەمسىلەر؟

ئاندىن **الله** تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىنى ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن ۋە كۇپۇرلۇق قىلغان نەرسىلىرىدىن پاكلاپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴾**.

## شېرىكنىڭ پەيدا بولۇشى

الله تائالا ئەسلىدە شېرىك يوق بولۇپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى، شېرىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت پەقەت بىرلا دىنىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىغان ئارىلىقى 10 ئەسىر بولۇپ، بۇ جەرياندا ھەممىلا كىشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان باشقا نەرسىلەر ۋە بۇتلارغا چوقۇندى.

شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا روشەن ۋە كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتتى. ﴿الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى﴾[1].

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىنئالا ئېيتقان سۆزى (يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (يەنى دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى)﴾** يەنى ئەگەر الله تائالا بىرەرسىنى جازالىماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قارشى پاكىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن جازالاشنى ۋە مەخلۇقاتلارغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەشنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، ئىختىلاپ قىلىشقانلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىپ، مۆمىنلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، كاپىرلارنى جازالىغان بولاتتى.

*******

وَيَقُولُونَ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۖ فَقُلۡ إِنَّمَا ٱلۡغَيۡبُ لِلَّهِ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٢٠﴾

ئۇلار (يەنى ئەھلى مەككە): «نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «غەيبنى بىلىش پەقەت الله غا خاس (مۆجىزىلەرنى الله كەلتۈرىدۇ، مەن پەقەت تەبلىغ قىلغۇچىمەن)، سىلەر (الله نىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن»﴿20﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى

ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار: نېمىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆز پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟ ـ دەيدۇ. ئۇلار الله سەمۇد

(1) ئەنفال سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەۋمگە تۆگىنى مۆجىزە قىلىپ بەرگەندەك، ئۆزلىرىگىمۇ بىر مۆجىزىنىڭ بولۇشىنى ياكى سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى ياكى مەككىنىڭ تاغلىرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنىغا بوستانلىق باغلارنى ۋە ئۆستەڭلارنى بىنا قىلىپ بېرىشىنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا الله قادىر بولغان نەرسىدىن بىرەرنى كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن الله تائالا سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى. ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق﴾[1]، ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئىنسانلارغا تۇتقان يولۇم شۇكى، مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ سورىغان نەرسىلىرىنى بەرسەم، ئۇلار ئىمان ئېيتىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، ئۇلارنى جازالاشنى تېزلىتىمەن.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلار سورىغان نەرسىنى بېرىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى كېرەكلىكى، ئۇنداق قىلمىسا يا ئۇلارنى جازالاش ياكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش ئىختىيارى بېرىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆھلەت بېرىلىشنى ئىختىيار قىلدى. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە قېتىم چۈشىدە كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا سورىغان نەرسىگە جاۋاب بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «غەيبنى بىلىش پەقەت الله غا خاس (مۆجىزىلەرنى الله كەلتۈرىدۇ، مەن پەقەت تەبلىغ قىلغۇچىمەن)**﴾ يەنى ئىشنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا خاستۇر. الله ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

﴿**سىلەر (الله نىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن»**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر سورىغان نەرسىنى كۆرمىگىچە، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولساڭلار، الله تائالانىڭ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈڭلار. مۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب، ئۇلار توپلىشىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 14 كۈنلۈك ئايغا بىر ئىشارەت قىلىشى بىلەن (الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن) ئاي ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلۈكى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە يەنە بىر بۆلۈكى تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇشىدەك (ئۇلار ئۆزلىرى سورىغان مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان) بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن. بۇ مۆجىزە زېمىندىكى ئۇلار سورىغان ۋە سورىمىغان باشقا مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ سورىغان مۆجىزىلىرىدە توغرا يولغا مېڭىشنى ۋە ھەقنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە، الله ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى بەرگەن بولاتتى. لېكىن الله ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە بويۇنتاۋلىق قىلىش يۈزىسىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنى شەك ۋە گۇمان ئىچىدە قالدۇردى. الله ئۇلاردىن بىرىنىڭمۇ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

(1) فۇرقان سۈرىسى 10 ــــ 11 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىسرا سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1]، ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2] يەنى ئۇلار تەكەببۇر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ)، ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ﴾[3]، ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە: «بۇ توپىلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ﴾[4]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتماسلىقتۇر﴾[5].

ئۇنداق كىشىلەرنىڭ سورىغان تىلىكى ناھايىتى ئاز ئىجابەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلىكىنى بېرىش پايدىسىزدۇر. ئۇلار گۇناھ ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان بولغاچقا، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە ئۇنىڭغا باش ئەگمەسلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر (الله نىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى) كۈتۈڭلار، شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن (شۇنى) كۈتكۈچىلەردىنمەن»﴾.**

* * * * * * *

وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةٗ مِّنۢ بَعۡدِ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُمۡ إِذَا لَهُم مَّكۡرٞ فِيٓ ءَايَاتِنَاۚ قُلِ ٱللَّهُ أَسۡرَعُ مَكۡرًاۚ إِنَّ رُسُلَنَا يَكۡتُبُونَ مَا
تَمۡكُرُونَ ﴿٢١﴾ هُوَ ٱلَّذِي يُسَيِّرُكُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ وَجَرَيۡنَ بِهِم بِرِيحٖ طَيِّبَةٖ وَفَرِحُواْ بِهَا
جَآءَتۡهَا رِيحٌ عَاصِفٞ وَجَآءَهُمُ ٱلۡمَوۡجُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ أُحِيطَ بِهِمۡ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنۡ أَنجَيۡتَنَا مِنۡ
هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٢٢﴾ فَلَمَّآ أَنجَىٰهُمۡ إِذَا هُمۡ يَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَا
بَغۡيُكُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۖ مَّتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُكُمۡ فَنُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٣﴾



كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن زىيان ـ زەخمەتنى كۈتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ــــ 97 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.
(3) ھىجىر سۈرىسى 14 ــــ 15 ـ ئايەتلەر.
(4) تۇر سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(5) ئەنئام سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىشكە (يەنى ئىنكار قىلىشقا) ئالدىرايدۇ. ئېيتقىنكى، «الله ئۇلارنى قىلغان مىكرى ئۈچۈن ئەڭ تېز جازالايدۇ». شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز مىكىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ﴿21﴾. الله سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ﴿22﴾. الله ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ، (سىلەر) بۇ دۇنيا (نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى) دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ)، ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز﴿23﴾.

## ئىنساننىڭ بېشىدىن مۇسىبەت كۆتۈرۈلۈپ رەھمەت قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى

الله تائالا قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق، قاتتىقچىلىقتىن كېيىن مەمۇرچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن يامغۇر ئاتا قىلىشتەك ھەرخىل مۇسىبەتلەردىن كېيىن (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە قارىتا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۈستىدە مىكىر ئىشلىتىشكە (يەنى ئىنكار قىلىشقا) ئالدىرايدۇ﴾**.

مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مەسخىرە ۋە ئىنكار قىلىشقا ئالدىرايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ﴾[1].

سەھىھۇلبۇخارىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: كېچىچە يامغۇر يېغىپ توختىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ بۇ كېچىدە نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا: بەندىلىرىمدىن ماڭا مۆمىن بولغان ھالەتتە ۋە ماڭا كاپىر بولغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان كىشىلەر بار. كىمكى الله تائالانىڭ كارامىتى ۋە رەھمىتى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇلۇپ بېرىلدى دېسە، بۇ كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەمما، كىمكى پالانى ۋە پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇلدى دېسە، بۇ كىشى ماڭا كاپىر بولۇپ، يۇلتۇزغا ئىمان ئېيتقان بولىدۇ، ـ دېدى»[2] دېدى.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەر يامغۇرنىڭ يېغىشىنى مەلۇم يۇلتۇزلاردىن كۆرەتتى. شۇڭا بۇ ھەدىستە كىمكى

﴿**ئېيتقىنىكى، «الله ئۇلارنى قىلغان مىكرى ئۈچۈن ئەڭ تېز جازالايدۇ»**﴾ يەنى گۇناھكارلارغا مەن ئازابلىنمايدىكەنمەن دەپ گۇمان قىلغۇدەك دەرىجىدە قىلغان گۇناھ ئىشلىرىدا تەدرىجى غاپىل قالدۇرىدۇ ۋە مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇ پەقەت مۆھلەت ئىچىدىدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۇنى تۇيۇقسىز تۇتىدۇ. ئۇ گۇناھكارنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرىنى ھۆرمەتلىك خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر يېزىپ (ساناپ) قويىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى الله تائالانىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇ گۇناھكارنىڭ چوڭ ـ كىچىك گۇناھلىرىغا، ھەتتا زەررىچىلىك كىچىك گۇناھىغىمۇ تېگىشلىك جازا بېرىدۇ.

﴿**الله سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرنى قوغدايدۇ ۋە سىلەرنى كۆزىتىپ داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

﴿**سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان كېمىلىرىنىڭ سۈرئىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرغاندا، تۇساتتىن دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ، كېمىلەر دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ. كېمىدىكىلەر بۇنداق كۈچلۈك دولقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ ـ دە، الله تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان ئىلاھلىرىغا دۇئا قىلماي، يالغۇز الله تائالاغىلا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت الله لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا الله دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، الله سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى الله نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[1].

﴿**(چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ**﴾ يەنى: ئى الله ! بىزنى بۇ ھالەتتىن قۇتقۇزساڭ، بىز شۇئاندا ساڭا بېرىلىپ دۇئا قىلغىنىمىزدەك، قۇرۇقلۇققا چىققان چېغىمىزدىمۇ ئىبادەتنى چوقۇم ساڭىلا قىلىمىز، ساڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.

---

يامغۇرنىڭ يېغىشىنى الله تائالادىن كۆرمەي، شۇ كونا قارىشى بويىچە يۇلتۇزلاردىن بولغان دېسە، ئۇ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ دەپ كەلدى. شۇنىڭدەك ھەر قانداق كىشى دۇنيادا بولۇۋاتقان تەبىئىي ھادىسىلەرنى يەنى ئايال كىشىنىڭ تۇغۇشى ياكى تۇغماسلىقى، ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدەك... ئىشلارنى الله تائالادىن كۆرمەي، باشقا بىر نەرسە تەرىپىدىن بولغان دەپ قارايدىكەن. ئۇ كىشىمۇ ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك كاپىرلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ.

(1) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

**﴿اللّٰه ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنى ئاشۇنداق ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالساق، ئۇلار خۇددى اللّٰه تائالاغا ھېچ بىر دۇئا قىلمىغاندەك، يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ﴿گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ﴾[1].

**﴿ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ قىلغان بۇ گۇناھىڭلارنىڭ جازاسى پەقەت ئۆزەڭلارغىلا بولىدۇ. بۇ گۇناھىڭلار بىلەن ئۆزەڭلاردىن باشقا ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر.

ئىمام ئەبۇداۋۇد بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زۇلۇم قىلىش ۋە تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇش ھەرقانداق گۇناھقا قارىغاندا اللّٰه تائالانىڭ دۇنياغا چۈشۈرىدىغان ئازابىنى تېزلىتىدۇ ۋە اللّٰه تائالا ئۇنى ئاخىرەتتىمۇ قاتتىق جازالايدۇ».

**﴿(سىلەر) بۇ دۇنيا (نىڭ باقاسى يوق شەھۋەتلىرى) دىن بەھرىمەن بولىسىلەر (بۇنىڭ ھەسرىتى ئاخىرەتكە قالىدۇ)﴾** يەنى سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر. **﴿ئاندىن سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر﴾** يەنى سىلەرنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر.

**﴿سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمىز﴾** يەنى قىلغان ئەمەللىڭلارنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق خەۋەر بېرىمىز ۋە ئەمەللىڭلارغا قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىمىز. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئۇ اللّٰه تائالاغا شۈكۈر قىلسۇن. كىمكى بۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمىسە، ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلسۇن.

*******

إِنَّمَا مَثَلُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ مِمَّا يَأْكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلْأَنْعَٰمُ
حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَآ أَنَّهُمْ قَٰدِرُونَ عَلَيْهَآ أَتَىٰهَآ أَمْرُنَا لَيْلًا
أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَٰهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِٱلْأَمْسِ ۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾
وَٱللَّهُ يَدْعُوٓا۟ إِلَىٰ دَارِ ٱلسَّلَٰمِ وَيَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٢٥﴾

ھاياتي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىرى - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى - دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر

(1) يۇنۇس سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴿24﴾. الله (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴿25﴾.

## دۇنيا ھاياتىنىڭ مىسالى

الله تائالا بۇ ئايەتتە دۇنيا ھاياتىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرى، گۈزەل مەنزىرىلىرى، ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن يامغۇر سۈيى بىلەن زېمىندىن ئۈستۈرۈلگەن ئۆسۈملۈكلەرنى، ئىنسانلار يەيدىغان ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنى، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلارنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ تېز خارابلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى.

**﴿ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا﴾** يەنى زېمىندىكى ھەرخىل، ھەررەڭدىكى زىرائەتلەر پىشىپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، مېۋە ـ چېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ، ۋايىغا يەتكەندە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرى ھوسۇل يىغىۋېلىشقا قادىر بولالايمىز دەپ ئىشىنىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز گۈلدۈرماما بىلەن چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ ياكى قاتتىق سوغۇق شامال كېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

**﴿ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)﴾** يەنى يېشىللىقا پۈركىنىپ، گۈزەل تۈس ئالغاندىن كېيىن، بوران ئۇنى دەسلەپكى ھېچنېمە يوق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: گويا ئىگىلىرى ھېچ نەرسىدىن بەھرىمەن قىلىنمىغاندەك ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقالغاندىن كېيىن، مانا مۇشۇنداق يوقلۇق ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «دۇنيادا ئەڭ كۆپ نېمەت بېرىلگەن كىشى (قىيامەت كۈنى) كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا بىر چۆكۈرۈلۈپ، ئاندىن: سەن دۇنيادىكى چېغىڭدا بىرەر ياخشىلىق كۆردۈڭمۇ؟ بىرەر نازۇ ـ نېمەتتىن بەھرىمەن بولدىڭمۇ؟» دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دۇنيادا ئەڭ كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان كىشى (قىيامەت كۈنى) كەلتۈرۈلۈپ جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى بىرلا تېتىتىپ، ئاندىن: سەن دۇنيادا بىرەر جاپا ـ مۇشەققەت تارتتىڭمۇ؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئۆلتۈرغان پېتى قېتىپ قالدى. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن﴾[1].

**﴿پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾** يەنى

(1) ھۇد سۈرىسى 67 ـــ 68 ـ ئايەتلەر.

دۇنيا ئەھلى ئۇ نەرسىلەردىن مەغرۇرلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ھوسۇللىرىنى يىغىۋېلىش ۋاقتىدا ھوسۇلغا ئىشەنچ باغلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ نەرسىلەر ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن تېز يوقىلىدىغانلىقىدىن ۋە سېسىق، كېرەكسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مىسال بىلەن ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىتلارنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز. ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ تەبىئىتى بۇنى قوغلىغاندىن قېچىش، قاچقانلارنى قوغلاشتۇر.

ﷲ تائالا قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە دۇنيا تىرىكچىلىكىنى زېمىن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق مىسال كەلتۈردى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]. شۇنىڭدەك، باشقا سۈرىلەردىمۇ ﷲ تائالا دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ مىسالىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا بايان قىلىدۇ.

## مەڭگۈ يوقالمايدىغان نېمەتلەرگە قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

ﷲ تائالا دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تېز يوقىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنى مەڭگۈ يوقالمايدىغان جەننەتكە قىزىقتۇردى ۋە ئۇنىڭغا چاقىردى. ﷲ تائالا جەننەتنىڭ ئەيىب ـ نوقسان، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە بالايى ـ ئاپەتلەردىن ئامان جاي ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ﷲ (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾.

ئىبنى جەرىر جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمىزغا چىقىپ، بىزگە مۇنداق دېدى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باش تەرىپىمدە، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياغ تەرىپىمدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئىككىسىدىن بىرى يەنە بىرىگە: مۇھەممەدكە سەن مىسال بايان قىلغىن، ـ دېدى. ئىككىسىدىن بىرى: ئى مۇھەممەد! قۇلاق سالغىن، قۇلاقلىرىڭ ئاڭلايدۇ. ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن، قەلبىڭ چۈشىنىدۇ. ھەقىقەتەن سېنىڭ مىسالىڭ بىلەن سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ مىسالى قەسىر بىنا قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئۆي سالغان، ئاندىن ئۇ ئۆيگە زىياپەت تەييارلىغان، ئاندىن زىياپەتكە كېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى چاقىرىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن بىر پادىشاھنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. چاقىرغانلار ئىچىدىن ئەلچىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىمۇ ۋە ئۇنى رەت قىلىدىغان كىشىمۇ بار. ﷲ تائالا شۇ پادىشاھتۇر، قەسىر بولسا ئىسلامدۇر. قەسىردىكى ئۆي بولسا جەننەتتۇر. ئى مۇھەممەد! سەن ئەلچىدۇرسەن. كىمكى سېنىڭ ئەلچىلىكىڭنى قوبۇل قىلسا، ئىسلامغا كىرگەن بولىدۇ. كىمكى ئىسلامغا كىرسە جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭ زىياپەتلىرىدىن يەيدۇ، ـ دېدى».

ئىمام ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) كەھف سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر كۈنى كۈن چىققاندا، قۇياشنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى پەرىشتە تۇرۇپ: ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىگە تېز كېلىڭلار! ھەقىقەتەن ئاز بولسىمۇ، يېتەرلىك بولغان نەرسە، كۆپ بولۇپ بىھۇدە بولغان نەرسىدىن ياخشىدۇر، ـ دەپ توۋلايدۇ. ئۇ ئاۋازنى ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن باشقا الله تائالانىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرى ئاڭلايدۇ».

ئەبۇدەردا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**الله (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».

* * * * * * *

﴿ لِّلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ ٱلْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌۭ ۖ وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌۭ وَلَا ذِلَّةٌ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٢٦﴾

ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۇ قالغۇچىلاردۇر﴿26﴾.

## ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە دۇنيادا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىگە ئاخىرەتتە چوقۇم ياخشى مۇكاپاتنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[1].

﴿**ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ**﴾ يەنى بىر ياخشى ئەمەلنىڭ ساۋابىنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

ھەسسىلەپ بېرىلگەن ساۋاب قەسىرلەر، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر، ياخشى ئەمەل ئىگىلىرىدىن الله تائالانىڭ رازى بولۇشى ۋە ئۇلارغا الله تائالا ساقلاپ قويغان، ئۇلار ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت مۇكاپاتلارنى ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل بولغان مۇكاپات ـ ئۇلۇغ الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالانىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈش ھەقىقەتەن الله بەرگەن مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولۇپ، بۇ مۇكاپاتقا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلار ئۆز ئەمەللىرى بىلەنلا ھەقلىق بولالمايدۇ. بەلكى ئۇلار الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغ الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدىغانلىقى ئەبۇبەكرى

---

(1) راھمان سۈرىسى 60 ـ ئايەت.

سىددىق، ھۇزەيفە ئىبنى يامان، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنھۇما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا، ئابدۇراھمان ئىبنى سابىت، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئامىر ئىبنى سەئد، ئەتا، زەھھاك، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقا سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئىمام ئەھمەد سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە اللە تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرگەن چاغدا، اللە تەرىپىدىن بىر جاكارچى: ئى جەننەت ئەھلى! چوقۇم سىلەر ئۈچۈن اللە تائالانىڭ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتى بار، اللە ئۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، مۇكاپاتنى تولۇق بېرىشنى خالايدۇ، ـ دەپ جاكارلايدۇ. جەننەت ئەھلى: بىزگە قىلغان ئۇ ۋەدە قايسى؟ اللە بىزنىڭ ياخشىلىق تارازىمىزنى ئېغىر ۋە يۈزلىرىمىزنى نۇرانە قىلمىدىمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختىن قۇتقۇزمىدىمۇ؟ ـ دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا، اللە تائالا ئۇلارغا جامالىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار اللە تائالانىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەت ئەھلى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق كۆڭۈل خۇرسەن بولىدىغان ئىپسىل نېمەت بولمايدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم ـ قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ)**﴾ يەنى مەھشەرگاھ مەيدانىدا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ يۈزلىرىنى گۇناھكار كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىۋالغانىدەك خارلىق ۋە قارىلىق قاپلىۋالمايدۇ. ئۇلار ھېچقانداق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا كەمسىتىشكە ۋە ئاھانەتكە ئۇچرىمايدۇ. اللە تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خۇشاللىقتىن نۇرلانغان ۋە دىللىرى خۇرسەنلىك بىلەن تولغان بولىدۇ. اللە تائالا ئۆز پەزلى، مەرھەمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن ـ ئامىن!!!

* * * * * *

وَٱلَّذِينَ كَسَبُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ جَزَآءُ سَيِّئَةٍۭ بِمِثْلِهَا وَتَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌۖ مَّا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنْ عَاصِمٍۖ كَأَنَّمَآ أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مُظْلِمًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧﴾

(دۇنيادا) يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار، (بىر يامانلىقنى قىلسا، قىلغان يامانلىقىغا) ئوخشاش (يەنى شۇنىڭغا لايىق) جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغانىدەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿27﴾.

(1) ئىنسان سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

## گۇناھكارلارنىڭ جازاسى

الله تائالا بەختلىك كىشىلەرگە ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، بەختسىز كىشىلەرنىڭ ھالىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە گۇناھ ئەمەللەرنى قىلغانلارغا قىلچە زىيادە قىلماي، قىلغان گۇناھىغا لايىق، ئادىل جازا بېرىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇ گۇناھكارلار قىلمىشلىرى ۋە گۇناھلىرىنىڭ ھېساباتىدىن قورققانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنى خارلىق ئورىۋالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ قورققان، خارلانغان ھالدا، (دوزاخقا) كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىسەن﴾[1]، ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالى بولۇپ قالىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[2]

﴿**ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرغۇچى زادى بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلاپ ۋە توسۇپ قالغۇچى يوق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (الله نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر﴾[3].

﴿**ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ**﴾ بۇ ئايەت گۇناھكارلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ ئاخىرەتتە قارا بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ، يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» يۈزى ئاقارغانلار الله نىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ﴾[4]، ﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن

---

(1) شۇرا سۈرىسى 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 42 ــ 44 ـ ئايەتكىچە.
(3) قىيامەت سۈرىسى 10 ــ 12 ـ ئايەتكىچە.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 106 ـ 107 ـ ئايەتلەر.

بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر﴾[1].

* * * * * * *

﴿وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوا مَكَانَكُمْ أَنتُمْ وَشُرَكَاؤُكُمْ ۚ فَزَيَّلْنَا بَيْنَهُمْ ۖ وَقَالَ شُرَكَاؤُهُم مَّا كُنتُمْ إِيَّانَا تَعْبُدُونَ ﴿٢٨﴾ فَكَفَىٰ بِاللَّهِ شَهِيدًا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ إِن كُنَّا عَنْ عِبَادَتِكُمْ لَغَافِلِينَ ﴿٢٩﴾ هُنَالِكَ تَبْلُو كُلُّ نَفْسٍ مَّا أَسْلَفَتْ ۚ وَرُدُّوا إِلَى اللَّهِ مَوْلَاهُمُ الْحَقِّ ۖ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَفْتَرُونَ ﴿٣٠﴾

شۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە (مۆمىنلەرنى، كاپىرلارنى) ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (اللە غا شېرىك كەلتۈرگەن) بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار» دەيمىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ئېيتىدۇ: «سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلمىغان ئىدىڭلار (بەلكى نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار)﴿28﴾. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا اللە كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز غاپىل ئىدۇق (يەنى بىز كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان جانسىز ئىدۇق)»﴿29﴾. بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۈستىدە سىنىلىدۇ (يەنى ياخشىمۇ ـ يامانمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ)، ئۇلار ھەقىقى ئىگىسى ـ اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ دەۋا قىلغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ﴿30﴾.

## قىيامەت كۈنىدە مۇشرىكلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

**﴿شۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە (مۆمىنلەرنى، كاپىرلارنى) ھەممىسىنى يىغىمىز﴾** يەنى قىيامەت كۈنىدە جىن ۋە ئىنسانلار، ياخشى ۋە گۇناھكارلاردىن ئىبارەت زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى توپلايمىز. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾[2].

**﴿ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (اللە غا شېرىك كەلتۈرگەن) بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار» دەيمىز﴾** يەنى سىلەر ۋە شېرىك كەلتۈرگەن نەرسەڭلار مۆمىنلەر تۇرىدىغان ئورۇندىن ئايرىلىپ، مۇئەييەن بىر ئورۇندا تۇرۇڭلار.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[3]، ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر ـ

(1) ئەبەسە سۈرىسى 38 ـــ 42 ـ ئايەتكىچە.
(2) كەھف سۈرىسى 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ياسىن سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

بىردىن ئايرىلىدۇ﴾[1]، ﴿بۇ كۈندە ئۇلار (نىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴾[2] يەنى پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. مۆمىنلەر: بىزنى مۇشۇ ئورۇندا راھەتلەندۈرۈپ قويساڭ دەپ، الله تائالانىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇلار بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ ئايرىلىپ تۇرغۇزۇلىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنغان...[3]

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى بىز كىشىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە بولىمىز». بۇ ئايەت كەرىمدە الله تائالا قىيامەت كۈنى مۇشرىكلارنى ۋە بۇتلارنى مۆمىنلەردىن ئايرىلىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (الله غا شېرىك كەلتۈرگەن) بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنىڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار» دەيمىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ئېيتىدۇ: «سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلمىغان ئىدىڭلار (بەلكى نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار)**﴾ ھەقىقەتەن ئۇ بۇتلار مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[4]. ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ﴾[5]، ﴿الله نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[6].

الله تائالا مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان چاغدا، بۇتلارنىڭ سۆزلەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا الله كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز غاپىل ئىدۇق (يەنى بىز كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان جانسىز ئىدۇق)**﴾ يەنى بۇتلار مۇنداق دەيدۇ: بىز سىلەرنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلغانلىقىڭلارنى سېزىدىغان ۋە بىلىدىغان ھالەتتە ئەمەس ئىدۇق. سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار، بىراق بىز سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغانلىقىڭلارنى بىلمەيتتۇق. الله تائالا سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. ھەقىقەتەن بىز سىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋە بۇيرۇغانمۇ ئەمەس ۋە سىلەرنىڭ بىزگە ئىبادەت قىلغانلىقىڭلارغا رازى بولغانمۇ ئەمەس.

﴿**بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۈستىدە سىنىلىدۇ (يەنى ياخشىمۇ ـ يامانمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ)**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا ھەرقانداق جان

(1) رۇم سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) رۇم سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بۇ ئورۇن ئەسلى قولىيازمىدىمۇ بوش قالدۇرۇلغان ئىكەن.
(4) مەريەم سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(5) بەقەرە سۈرىسى 166 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

ئىگىسى سىناققا دۇچ كېلىدۇ. ئىلگىرى قىلغان ياخشى يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴾[1]، ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[2]، ﴿ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴾[3].

**﴿ئۇلار ھەقىقى ئىگىسى ـ الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** يەنى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى الله تائالاغا قايتىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپ، جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلىنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. **﴿ئۇلار ھەقىقى ئىگىسى ـ الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانى قويۇپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ.

* * * * * * *

قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَـٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ وَمَن يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُ ۚ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾ فَذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَمَاذَا بَعْدَ ٱلْحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَـٰلُ ۖ فَأَنَّىٰ تُصْرَفُونَ ﴿٣٢﴾ كَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓا۟ أَنَّهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾

(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «الله » دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(الله دىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟﴿31﴾ (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ الله دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»﴿32﴾. پەرۋەردىگارىڭنىڭ الله غا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ﴿33﴾.

(1) تارىق سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(2) قىيامەت سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 13 ــ 14 ـ ئايەتلەر.

## مۇشرىكلارنىڭ اللە تائالانىڭ ھەممىنى ئۆزى يالغۇز پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى

اللە تائالا مۇشرىكلارنىڭ اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، ھەممىنى تەربىيىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟﴾ يەنى ئۆز قۇدرىتىمىز ۋە خاھىشىمىز بىلەن ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ زېمىننى يېرىپ: ﴿سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، ئوتياشلارنى، زەيتۇننى، خورمىنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۈرلۈك مېۋىلەرنى، ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق﴾[1] بۇلارنى كىم چىقارغان؟ اللە تائالادىنمۇ باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ - دېيىلسە، ﴿ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «اللە » دەيدۇ﴾، ﴿ئەگەر اللە رىزقىنى تۇتۇپ قالسا، سىلەرگە كىم رىزىق بېرىدۇ﴾[2].

﴿سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟﴾ يەنى سىلەرگە مۇشۇ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى بەرگەن زات اللە تائالادۇر. ئەگەر خالىسا سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىڭلارنى يوق قىلىۋەتەتتى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «اللە سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر اللە سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى اللە دىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟»﴾[4].

﴿تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟﴾ يەنى اللە تائالا ئۆزىنىڭ كاتتا قۇدرىتى ۋە ئومۇمىي رەھمىتى بىلەن پەيدا قىلىدۇ.

﴿(خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟﴾ يەنى ھەر نەرسىنى باشقۇرۇش ئۆز ئىلكىدە بولغان زات اللە قىلىدۇ. اللە پاناھ بېرىدۇ. لېكىن ئۆزى پاناھ تىلىمەيدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىگە ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكمىدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ. قىلغان ئىشىدىن سوراق قىلىنمايدۇ. لېكىن ئىنسانلار بولسا، قىلمىشلىرىدىن سوراق قىلىنىدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە اللە دىن (مەدەت ۋە رىزىق) تىلەيدۇ (يەنى ھەممە اللە غا موھتاجدۇر)، اللە ھەر كۈنى بىر ھالەتتىدۇر (يەنى اللە ھەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەھۋاللارنى ئېگىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ)﴾[5] ئاسمان - زېمىندىكى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار، جىنلار، ئۇستۈنكى ۋە تۆۋەنكى

---

(1) ئەبەسە سۈرىسى 27 ـــ 31 ـ ئايەتلەر.
(2) مۇلك سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(3) مۇلك سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) راھمان سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

ئالەملەردىكى ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ مۈلكىدۇر. الله تائالاغا موھتاجدۇر. الله تائالانىڭ قۇللىرىدۇر ۋە الله تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر.

**﴿ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): «الله » دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ.

**﴿ئېيتقىنكى، «(الله دىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن الله نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟﴾** يەنى ئۆز خاھىشىڭلار ۋە بىلىمسىزلىكىڭلار بىلەن الله تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىپ، ئىبادەت قىلىشتىن قورقمامسىلەر؟!

**﴿(يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ الله دۇر﴾** يەنى سىلەر ئېتىراپ قىلغان بۇ زات سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق ھەقىقىي ئىلاھ ۋە ھەممىنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگاردۇر.

**﴿ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس﴾** يەنى شېرىكى يوق بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەممە نەرسە باتىلدۇر. **﴿نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟﴾** يەنە سىلەر الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقان ۋە ھەممە نەرسىنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا باتىل ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىپ كېتىسىلەر؟!

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ الله غا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) ئىمان ئېيتمايدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلار الله تائالانىڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەرنى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەرنى الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە چاقىرىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ كاپىر بولغانلىقى، داۋاملىق تۈردە الله تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىپ، ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئازابلاشتىن ئىبارەت ھۆكمى ھەقلىق بولدى. ئۇلار دوزاختا تۇرغۇچىدۇر، بەختسىزلەردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾[1].

* * * * * * *

قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٣٤﴾ قُلْ
هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَهْدِى لِلْحَقِّ ۗ أَفَمَن يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا
يَهِدِّىٓ إِلَّآ أَن يُهْدَىٰ ۖ فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ ﴿٣٥﴾ وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا ۚ إِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغْنِى مِنَ ٱلْحَقِّ
شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

(1) زۇمەر سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «الله مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»﴿34﴾. ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «الله گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (بۇتلارغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟»﴿35﴾ ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنىڭ قىلmىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴿36﴾.

مانا بۇ، مۇشرىكلارنىڭ الله تائالاغا باشقا باتىل ئىلاھلارنى شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا ۋە شېرىكلىرىگە چوقۇنۇپ قىلغان دەۋاسىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟»﴾** يەنى ئېيتقىنكى، بۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقلۇقتىن ياراتقان، ئاندىن ئۇ ئىككىسىدە مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلغان، ئاسمان جىسىملىرى بىلەن زېمىننى بىر - بىرىدىن ئايرىغان، ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇددىتى تۈگىشى بىلەن ئۇ ئىككىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئاندىن كېيىن پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى يېڭىدىن يارىتىدىغان زات كىم؟

**﴿ئېيتقىنكى، «الله مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ﴾** يۇقىرىقى ئىشلارنى ھېچقانداق شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالا ئۆزى مۇستەقىل قىلىدۇ.

**﴿نېمىشقا (ھەقتىن باتىل تەرەپكە) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟»﴾** يەنى قانداقمۇ توغرا يولدىن باتىل يولغا يۈزلىنىپ كېتىسىلەر؟

**﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «الله گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ﴾** يەنى سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن باتىل ئىلاھلىرىڭلارنىڭ ئازغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىيالمايدىغانلىقىنى، تېڭىرقاپ قالغان ۋە ئازغان كىشىلەرنى پەقەت الله تائالا توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر. دىللارنى باتىل يولدىن توغرا يولغا يۈزلەندۈرگۈچى زات الله تائالادۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.

**﴿(گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (بۇتلارغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟﴾** يەنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان ۋە ھەقىقەتنى پاكىت بىلەن بىلگەن كىشىگە ئەگىشىش كېرەكمۇ ياكى ھېچ نەرسىگە يېتەكلىيەلمەيدىغان، ئەكسىچە، قارىغۇ ۋە گاچا بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن يېتەكلىنىدىغان كىشىگە ئەگىشىش كېرەكمۇ؟ الله تائالا بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا

ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن﴿[1]، ﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر»﴾[2] بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ الله بىلەن الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنى قانداقمۇ تەڭ ۋە باراۋەر قىلىسىلەر؟ الله تائالاغا ۋە بۇتلارغا قانداقمۇ بىرلىكتە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغ، ھەممىگە ئىگە بولغۇچى ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى، ئازغۇنلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى پەرۋەردىگارىڭلا بېرىلىپ ئىبادەت قىلمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا ۋە تەۋبىنى خالىس قىلمايسىلەر؟

ئاندىن الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھېچقانداق پاكىت ۋە ھۆججەتكە ئەگەشمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دىنى ھەقىقەتەن گۇمان ۋە خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ھېچ نەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾** بۇ ئۇلارغا تەھدىت سېلىش ۋە قاتتىق قورقۇتۇشتۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارغا قىلمىشلىرىغا قارىتا تولۇق جازا بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

* * * * * * *

وَمَا كَانَ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ أَن يُفْتَرَىٰ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن تَصْدِيقَ ٱلَّذِى بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا رَيْبَ
فِيهِ مِن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٣٧﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ مَنِ ٱسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ
ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ بَلْ كَذَّبُوا۟ بِمَا لَمْ يُحِيطُوا۟ بِعِلْمِهِۦ وَلَمَّا يَأْتِهِمْ تَأْوِيلُهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣٩﴾ وَمِنْهُم مَّن يُؤْمِنُ بِهِۦ وَمِنْهُم مَّن لَّا يُؤْمِنُ بِهِۦ ۚ
وَرَبُّكَ أَعْلَمُ بِٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٤٠﴾

بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ الله غا ئىپتىرا قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ)، لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، الله بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴿37﴾. ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار»﴿38﴾. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن

(1) مەريەم سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(2) سافقات سۈرىسى 95 ــــ 96 ـ ئايەتلەر.

ئۇممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن﴿39﴾. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ﴿40﴾.

## قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ ھەق سۆزى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى

بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى ياكى ئون سۈرىنى ياكى بىرەر سۈرىنىمۇ كەلتۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر بولالمايدۇ. قۇرئان كەرىم سۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك ۋە گۈزەل بولۇشى، تىلىنىڭ ئىخچام، مەنىلىرىنىڭ مول ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت بېرىدىغان مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى بىلەن ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىشلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغان **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدىن كەلگەندۇر. **الله** تائالانىڭ سۆزى مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ الله غا ئىپتىرا قىلىشى ئەقىلغە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ)﴾** يەنى بۇ قۇرئان پەقەت **الله** تەرىپىدىنلا نازىل قىلىنغان كىتابتۇر. ئۇ ئىنساننىڭ سۆزىگە ھەرگىزمۇ ئوخشاپ قالمايدۇ.

**﴿لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ئۇنىڭدا ئۆزگەرتىلگەن، ئالماشتۇرۇلغان ھۆكۈملەرنى قوغدىغۇچى ۋە ئايدىڭلاشتۇرغۇچىدۇر.

**﴿الله بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾** يەنى قۇرئان كەرىم ھۆكۈملەرنى ھالال ۋە ھارامنى ئەتراپلىق ۋە يېتەرلىك بايان قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر.

**﴿ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار»﴾** يەنى سىلەر بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد توقۇپ چىققان دەپ دەۋا قىلىپ ئۇنىڭ **الله** تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا شەك قىلساڭلار ۋە بۇ قۇرئان چوقۇم مۇھەممەد تەرىپىدىن توقۇلغان دەپ يالغان سۆزلىسەڭلار، مۇھەممەدمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. ئۇ سىلەر ئويلىغاندەك بۇ قۇرئاننى ئۆزى توقۇۋالغان بولسا، سىلەرمۇ بۇ قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىگە ئوخشاش بىرەر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، بۇنى قىلىش ئۈچۈن قۇدرىتى يېتىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى ياردەمگە چاقىرىڭلار.

بۇ كاپىرلارغا ئېلان قىلىنغان ئۈچىنچى قېتىملىق جەڭدۇر. يەنى **الله** تائالا بىرىنچى قېتىم ئۇلارنى ئەگەر ئۇلار قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن توقۇلغان دېگەن دەۋاسىدا راستچىل بولسا، مۇھەممەد ئۆزى يالغۇز **الله** تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى كەلتۈرۈپ، مۇھەممەدكە قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۇنى كەلتۈرۈشكە ئۆزلىرى خالىغان كىشىدىن ياردەم سوراشقا چاقىرىپ

جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشتا ھېچ يول يوقلۇقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[1].

ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قۇرئانغا ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈشكە چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار»﴾[2].

ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئۇلارنى قۇرئانغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈشكە چاقىرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار»﴾** شۇنىڭدەك، مەدىنىدە نازىل بولغان بەقەرە سۈرىسىدىمۇ الله تائالا ئۇلارنى قۇرئانغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرىپ جەڭ ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىزمۇ قادىر بولالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزغۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾[3].

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە ئەرەبلەر تىل سەنئىتىدە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قاپىيەلەشتۈرۈپ سۆزلەش، پاساھەتلىك ئۇسلۇبتا شېئىرلارنى يېزىش ۋە بېيىت توقۇش جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن ئىدى. لېكىن، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا الله تائالا تەرىپىدىن ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئۇسلۇبتا كەلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مەيلى سۆزلىرىدىكى پاساھەت جەھەتتە، مەيلى قاپىيە جەھەتتىكى مۇكەممەللىكتە، مەيلى بايان قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ماھارەت ئۈستۈنلىكىدە ياكى مەزمۇنلىرىنىڭ مول، ئوقۇلۇش رىتىمى يېقىملىق ۋە گۈزەل بولۇش جەھەتلەردە ئەرەبلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاشۇ يۇقىرى سەۋىيەسىدىنمۇ كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بىر قىسىم ئەرەبلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئەڭ بىلىملىك كىشىلەر بولۇپ، خۇددى سېھىرگەرلىك ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سېھىرىدىن ھالقىپ كەتكەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، بۇ پەقەت الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ قولى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ مۆجىزىنىڭ الله تائالانىڭ ئىزنىسىز ھېچقانداق ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنىدەك، ئۇلارمۇ قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنى ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا ساغلام چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە قاتتىق بويسۇنغان كىشىلەردۇر.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ تىببىي ئىلىم ۋە داۋالاش ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان زاماندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغما كورنى، ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان ۋە الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزە بىلەن كەلدى. گەرچە تىببىي ئىلمى ھەرقانچە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزە باشقا ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمىگەچكە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ۋە الله تائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن) ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئىنسانلار قارىسىلا مۆجىزە ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىدىغان مۆجىزىلەر بېرىلدى. الله تائالانىڭ ماڭا بەرگەن مۆجىزىسى ماڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمدۇر. مەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان پەيغەمبەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن».

﴿**ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى**﴾ يەنى ئۇلار قۇرئاننى يالغان دېدى، ئۇنى چۈشەنمىدى ۋە تونۇپ يەتمىدى. ئۇلار بىلىمسىزلىكى ۋە ئەقىلسىزلىكى تۈپەيلىدىن قۇرئان كەرىمنى يالغان دەپ، ئۇنىڭدىكى توغرا يولغا ۋە ھەق دىنغا ئېرىشەلمىدى.

﴿**ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باققىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، ئۆزلىرىنى ئۇستۇن تۇتقان، كۇپرىلىق قىلغان، ھەقىقەتكە بويسۇنمىغان ۋە جاھىللىق قىلغان زالىملارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىغا قارىغىن. ئى پەيغەمبەرنى يالغان دېگۈچىلەر! سىلەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك كىشىلەرگە يەتكەن ئازابنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلا بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئىچىدىن مۇشۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغان، ساڭا ئەگىشىدىغان ۋە ساڭا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىك بىلەن مەنپەئەتلىنىدىغان كىشىلەر بار.

﴿**ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار**﴾ يەنى قۇرئانغا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدىغان كىشىلەرمۇ بار.

﴿**پەرۋەردىگارىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىڭ ھىدايەتكە ھەقلىق كىشىنى بىلگۈچى ھەم ئۇ كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر. كىمنىڭ ئازغۇنلۇققا لايىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگۈچى ھەم بۇ كىشىنى ئازدۇرغۇچىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ ئادىل، زۇلۇم قىلمايدىغان، بەلكى ھەر بىر كىشىگە ھەقلىق بولغان نەرسىنى بېرىدىغان، بۈيۈك، يۈكسەك، ئۇلۇغ ۋە پاك، ھەققىي، يەككە ـ يېگانە ئىلاھتۇر.

* * * * * * *

وَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي عَمَلِي وَلَكُمْ عَمَلُكُمْ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعْمَلُ وَأَنَا۠ بَرِيٓءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٤١﴾

وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَ ۚ أَفَأَنتَ تُسْمِعُ ٱلصُّمَّ وَلَوْ كَانُوا۟ لَا يَعْقِلُونَ ﴿٤٢﴾ وَمِنْهُم مَّن يَنظُرُ إِلَيْكَ ۚ أَفَأَنتَ تَهْدِى ٱلْعُمْىَ وَلَوْ كَانُوا۟ لَا يُبْصِرُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ ٱلنَّاسَ شَيْـًٔا وَلَـٰكِنَّ ٱلنَّاسَ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٤٤﴾

ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى قىلىشتا چىڭ تۇرسا: «مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ ئەمەلىمدىن سىلەر ئادا ـ جۇدا سىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن مەنمۇ ئادا ـ جۇدامەن (يەنى بىراۋ يەنە بىر بىراۋنىڭ قىلغان گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس)» دېگىن﴿41﴾. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، سەن گاسلارغا (يەنى اللّٰه ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئېلىپ تاشلىغانلارغا) ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئاڭلىتالامسەن؟﴿42﴾ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (يەنى پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ ئېنىق ئالامەتلىرىنى بايقايدىغانلار بار، لېكىن ئۇلار بايقىغانلىرىدىن پايدىلانمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كوردۇر). (ھەقىقەتەنمۇ) كۆرەلمىسىمۇ كورلارنى ھىدايەت قىلالامسەن؟﴿43﴾ شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ﴿44﴾.

## مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر مۇشرىكلار سېنى يالغانچىغا چىقارسا، سەن ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولغىن. ﴿**«مېنىڭ ئەمەلىم ئۆزەم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر»**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللّٰه غا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللّٰه غا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن»﴾

اللّٰه تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆز قەۋمىنىڭ مۇشرىكلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللّٰه غا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ»﴾[1].

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدە، (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار**﴾ يەنى سېنىڭ ياخشى سۆزۈڭنى، كاتتا قۇرئاننى، توغرا، پاساھەتلىك، دىللارغا، روھلارغا ۋە بەدەنلەرگە پايدىلىق بولغان ھەدىسلىرىڭنى ئاڭلايدىغانلار بار. بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر. لېكىن ئاڭلىتىش سەن تەرەپتىنمۇ ئەمەس، ئاڭلاش ئۇلار تەرەپتىنمۇ ئەمەس. اللّٰه خالىمىسا، سەن ئۇلارغا ئاڭلىتىشقا قادىر بولالمايسەن، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشقىمۇ قادىر بولالمايسەن.

---

(1) كافىرۇن سۈرىسى 1 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار**﴾ يەنى ئەقىللىق ۋە زېرەك كىشىلەر اللە تائالا ساڭا ئاتا قىلغان ئېغىر ـ بېسىق، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى سۈپەت قاتارلىق نەرسىلەرگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق دەلىللەرگە ياخشى كۆزى بىلەن نەزەر سالىدۇ. كاپىرلار ساڭا خۇددى باشقىلار نەزەر سالغاندەك نەزەر سالىدۇ، بىراق ئۇلار باشقىلار ھىدايەتكە ئېرىشەلىگەندەك ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. مۆمىنلەر ساڭا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ. كاپىرلار بولسا، ساڭا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىپلا: «اللە پەيغەمبەر، قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى). كىمنىڭ يولىنىڭ ئەڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازابنى كۆرگەن چاغدا بىلىدۇ﴾[1].

گەرچە اللە تائالا ھىدايەتكە لايىق كىشىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىدايەت قىلغان، ھەقىقەتنى كۆرەلمىگەن كور كۆزلەرنى كۆرىدىغان قىلغان، گاس قۇلاقلارنى، قۇلۇپلانغان دىللارنى ئاچقان ۋە ئازغۇنلۇقتا لايىق كىشىلەرنى ئازدۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. اللە تائالا ئۆز مۈلكى ئۈستىدە خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان، ئىلىملىك، ھېكمەتلىك ۋە ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ئىشلىرىدىن سورالمايدىغان بەلكى باشقىلارنى سوراق قىلىدىغان زاتتۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، اللە ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلىدۇ**﴾ ئىمام مۇسلىم ھەدىس قۇددۇسىدا ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا: مەن ھەقىقەتەن زۇلۇمنى ئۆزەمگە ھارام قىلدىم ۋە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. ئۆزئارا زۇلۇم قىلماڭلار... ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇلار سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بىر ـ بىرلەپ ھېسابلاپ قويىمەن ۋە ئۇ ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا سىلەرگە تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بېرىمەن، كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە ماڭا ھەمدۇ ئېيتسۇن، كىمكى يامانلىققا ئېرىشسە پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلسۇن!ـ دەيدۇ.»

* * * * * * *

وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّنَ ٱلنَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ ۚ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿٤٥﴾

قىيامەت كۈنى اللە ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ اللە غا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى﴿45﴾.

(1) مۆمىنۇن سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قىيامەت مەيدانىغا توپلانغان چاغدا، دۇنيا ھاياتىنىڭ قىسقا ھېس قىلىنىدىغانلىقى

اللە تائالا كىشىلەرگە قىيامەتنىڭ قائىم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقىپ قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿قىيامەت كۈنى اللە ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ﴾**.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىردەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ) ﴾[2]، ﴿بۇ سۈر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز. (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: «سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾[3]، ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى. ئىلمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئېيتتى: «سىلەر اللە نىڭ تەقدىرى بويىچە (دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە) قىيامەت كۈنىگىچە قالدىڭلار، مانا بۇ، قىيامەت كۈندۇر، لېكىن سىلەر بىلمەيتتىڭلار (يەنى قىيامەتنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيتتىڭلار)»﴾[4].

بۇ ئايەتلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرەتتە ناھايىتى قىسقا بىلىنىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(سىلەردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى بۈگۈن مۇكاپاتلىدىم، ئۇلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. اللە (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي - كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە) دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ). اللە «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾[5].

**﴿ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ﴾** يەنى باللار ئاتا - ئانىلارنى، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر- بىرىنى خۇددى دۇنيادا تونۇغاندەك تونۇيدۇ. لېكىن ھەر بىر كىشى ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي

(1) فۇرقان سۈرىسى 41 ـــ 42 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەھقاف سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نازىئات سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(4) تاھا سۈرىسى 102 ـــ 104 ـ ئايەتلەر.
(5) رۇم سۈرىسى 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾[1]، ﴿(ھەر ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (ھال) سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياق، ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر﴾[2].

**﴿ئۆزلىرىنىڭ الله غا مۇلاقات بولۇشىنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:** ﴿بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾[3] چۈنكى ئۇلار قىيامەت كۈندە ئۆزلىرىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى زىيان تارتقۇزىدۇ. بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ ئوپئوچۇق زىيانكارلىقتۇر. ھېچقانداق زىيان، ھەسرەت ۋە نادامەت، قىيامەت كۈندە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بارلىق يېقىن ئادەملىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر بولمايدۇ.

* * * * * * *

وَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعْضَ ٱلَّذِى نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ ٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا يَفْعَلُونَ ﴿٤٦﴾ وَلِكُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولٌ فَإِذَا جَآءَ رَسُولُهُمْ قُضِىَ بَيْنَهُم بِٱلْقِسْطِ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٤٧﴾

ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا كۆرسىتىمىز (يەنى بۇ دۇنيادىلا، سەن ھايات ۋاقتىڭلا كۆرسىتىمىز) ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى قەبزى روھ قىلىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ (مەيلى بالدۇر بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز)، ئاندىن الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھ بولىدۇ﴿46﴾. (ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ) ھەر بىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿47﴾.

## الله تائالانىڭ گۇناھكارلاردىن مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن چوقۇم ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى

**﴿ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى ساڭا كۆرسىتىمىز (يەنى بۇ دۇنيادىلا، سەن ھايات ۋاقتىڭلا كۆرسىتىمىز)﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن ھايات چېغىڭدا ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىمىز.

**﴿ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى قەبزى روھ قىلىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ (مەيلى بالدۇر بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، ئۇلارنى چوقۇم جازالايمىز)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. سەندىن كېيىن الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا گۇۋاھچىدۇر.

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 111 ـــ 114 ـ ئايەتلەر.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(3) مەئارىج سۈرىسى 10 ـــ 15 ـ ئايەتلەر.

**﴿(ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ) ھەر بىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾** اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1] يەنى ھەر بىر ئۈممەت نۆۋەت بىلەن ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر، ئۇلارغا گۇۋاھ بولۇشقا قويۇلغان نامە ـ ئەمەل دەپتەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى يازغان پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىدا اللّٰه تائالانىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ئاخىرىدا يارىتىلغان بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز دۇنياغا كېلىشتە ئاخىرقى ئۈممەتمىز، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب بېرىشتە ئالدىدا تۇرغۇچىدۇرمىز ۋە باشقا ئۈممەتتىن ئىلگىرى ھۆكۈم قىلىنغۇچىدۇرمىز». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تا قىيامەت كۈنىگىچە اللّٰه تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى بولسۇن! (ئامىن)

* * * * * * *

وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٤٨﴾ قُل لَّآ أَمْلِكُ لِنَفْسِى ضَرًّا وَلَا نَفْعًا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُ ۗ لِكُلِّ
أُمَّةٍ أَجَلٌ ۚ إِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ فَلَا يَسْتَـْٔخِرُونَ سَاعَةً ۖ وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ ﴿٤٩﴾ قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوْ
نَهَارًا مَّاذَا يَسْتَعْجِلُ مِنْهُ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٥٠﴾ أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ ءَامَنتُم بِهِۦٓ ۚ ءَآلْـَٰٔنَ وَقَدْ كُنتُم بِهِۦ تَسْتَعْجِلُونَ
﴿٥١﴾ ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْخُلْدِ هَلْ تُجْزَوْنَ إِلَّا بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ ﴿٥٢﴾

ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار (بىزگە ئېيتىپ بېرىڭلاركى) بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟» دەيدۇ﴿48﴾. ئېيتقىنكى، «اللّٰه خالىمىسىلا، مەن ئۆزەمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن، ھەر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ»﴿49﴾. ئېيتقىنكى: «ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر اللّٰه نىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (بۇنىڭدىن سىلەرگە نېمە پايدا؟) گۇناھكارلار (يەنى مۇشرىكلار) ئازابتىن قايسى نەرسىگە ئالدىرايدۇ؟﴿50﴾. (اللّٰه نىڭ) ئازابى يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدى (ئېيتقان ئىمانىڭلار پايدىسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەسخىرە قىلىش بىلەن) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار»﴿51﴾. ئاندىن كېيىن (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ﴿52﴾.

(1) مۇرسەلات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

# قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابقا ئالدىرىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىپ ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىكىدىن ۋە ئۇ ئازابنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتىدىن بۇرۇن كېلىشىدىن ئىبارەت ئۆزلىرىگە ھېچ پايدىسى يوق سوئالنى سورىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇ ئازاب چوقۇم يۈز بېرىدۇ. گەرچە ئۇلار ئازابنىڭ چۈشىدىغان مۇئەييەن ۋاقتىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ ئازاب ھامان چۈشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا جاۋاب بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «الله خالىمىسىلا، مەن ئۆزەمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن**﴾ مەن پەقەت ماڭا **الله** تائالا ئۆگەتكەن نەرسىنىلا دەيمەن. ماڭا **الله** تائالا بىلىشكە مۇيەسسەر قىلغان نەرسىنىلا بىلەلەيمەن. مەن **الله** تائالانىڭ بەندىسى ۋە سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىسىدۇرمەن. مەن سىلەرگە قىيامەتنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بەردىم، قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. لېكىن **الله** تائالا ماڭا قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىدىن خەۋەر بەرمىدى.

﴿**ھەر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ**﴾ يەنى ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئۆمرىنىڭ بەلگىلەنگەن بىر مۇددىتى بار، ﴿**شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، **الله** قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2].

**الله** تائالا ئۇلارغا ئازابنىڭ تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى: «ئېيتىڭلارچۇ! ئەگەر الله نىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (بۇنىڭدىن سىلەرگە نېمە پايدا؟) گۇناھكارلار (يەنى مۇشرىكلار) ئازابتىن قايسى نەرسىگە ئالدىرايدۇ؟ (الله نىڭ) ئازابى يۈز بەرگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدى (ئېيتقان ئىمانىڭلار پايدىسىزدۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەسخىرە قىلىش بىلەن) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلار»**﴾ يەنى ئۇلارغا ئازاب كەلگەن چاغدا، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[3]، ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر **الله** غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (**الله** غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) **الله** نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾[4].

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 69 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇنافىقۇن سۈرىسى 11 ـ ئايەت.
(4) سەجدە سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئاندىن كېيىن (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ﴾** بۇ سۆز ئۇلارغا قىيامەت كۈنى تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلىش يۈزىسىدىن دېيىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «مانا بۇ، سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر. دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[1].

* * * * * * *

وَيَسۡتَنۢبِـُٔونَكَ أَحَقٌّ هُوَۖ قُلۡ إِي وَرَبِّيٓ إِنَّهُۥ لَحَقّٞۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٥٣﴾ وَلَوۡ أَنَّ لِكُلِّ نَفۡسٖ ظَلَمَتۡ مَا فِي
ٱلۡأَرۡضِ لَٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُاْ ٱلۡعَذَابَۖ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿٥٤﴾

ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن﴿53﴾. ئەگەر ھەر بىر زۇلۇم قىلغان ئادەم (يەنى كاپىر) يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە مالىك بولىدىغان بولسا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ ھەممىسىنى) فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا نادامەتنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ (يەنى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ (يەنى خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿54﴾.

## قىيامەتنىڭ ھەق ئىكەنلىكى

**﴿ئۇلار سەندىن: «ئۇ (يەنى ۋەدە قىلىنغان ئازاب، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ﴾** يەنى: جەسەتلەر تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلىدىغانلىقى راستمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. **﴿سەن: «ھەئە، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن﴾** يەنى: سىلەر تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، الله تائالا سىلەرنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغاندەك، قايتا تىرىلدۈرۈشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. ﴿الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[2].

قۇرئاندا بۇ ئايەتكە ئوخشىشىدىغان ئىككىلا ئايەت بار. الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار: «بىزگە قىيامەت كەلمەيدۇ» دەيدۇ،

(1) غافىر سۈرىسى 84 ــ 85 ـ ئايەتلەر.
(2) ياسىن سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

ئېيتقىنكى، «ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، قىيامەت سىلەرگە چوقۇم كېلىدۇ﴾[1]، ﴿كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ اللّٰه غا ئاساندۇر»﴾[2].

اللّٰه تائالا قىيامەت بولغاندا كاپىرلارنىڭ زېمىن توشقىچە ئالتۇن بېرىپ بولسىمۇ، اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: **﴿ئەگەر ھەر بىر زۇلۇم قىلغان ئادەم (يەنى كاپىر) يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە مالىك بولىدىغان بولسا (اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە (ئۇنىڭ ھەممىسىنى) فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا نادامەتنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ (يەنى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ). ئۇلارنىڭ (يەنى خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾**.

* * * * * * *

أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ أَلَآ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٥٥﴾ هُوَ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٥٦﴾

راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر اللّٰه نىڭ مۈلكىدۇر، راستلا اللّٰه نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، لېكىن ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) نىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴿55﴾. اللّٰه (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر﴿56﴾.

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىدىن، ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىدىن، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ۋە تىرىكنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىدىن، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ قايتىدىغان جايىنىڭ اللّٰه تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. جەسەتلەر پارچە ـ پارچە تىتىلىپ، زېمىننىڭ ھەر يېرىگە، دېڭىزلارغا ۋە چۆللەرگە چېچىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، اللّٰه ئۇنى بىلگۈچىدۇر ۋە ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا قايتۇرۇشقا قادىردۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَشِفَآءٌ لِّمَا فِى ٱلصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾ قُلْ بِفَضْلِ ٱللَّهِ وَبِرَحْمَتِهِۦ فَبِذَٰلِكَ فَلْيَفْرَحُوا۟ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿٥٨﴾

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى﴿57﴾. ئېيتقىنكى، «ئۇلار اللّٰه نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن) ياخشىدۇر»﴿58﴾.

(1) سەبە سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

# قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت، دىللارغا شىپا، رەھمەت ۋە ھىدايەت ئىكەنلىكى

ﷲ تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە كاتتا قۇرئاننى نازىل قىلىش ئارقىلىق مەخلۇقاتلىرىغا مەرھەمەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى**﴾ يەنى قۇرئان ناچار سۆز ۋە قىلىقلاردىن، قەبىھ ئىشلاردىن توسىدۇ. كۆڭۈللەردىكى گۇمان، شەكلەرنى، پەس ۋە يىرگىنچلىك قىلمىشلارنى يوقىتىدۇ. قۇرئان كەرىم بىلەن ﷲ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە ھىدايىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ رەھمەت ۋە ھىدايەت پەقەت قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنى تەستىقلىغان ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە قەتئىي بويسۇنغانلارغا بولىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر﴾[2].

﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇلار ﷲ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن**﴾ يەنى ئۇلار ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىن ۋە توغرا يول بىلەن خۇشال بولسۇن. بۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇشال بولۇشقا ئەڭ لايىقتۇر.

﴿**بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن) ياخشىدۇر»**﴾ يەنى دۇنيانىڭ تۈگەپ كېتىدىغان مال ـ دۇنياسىدىن، توزۇپ كېتىدىغان گۈل ـ چېچەكلىرىدىن ﷲ نىڭ توغرا يولى ياخشىدۇر.

*******

قُلْ أَرَءَيْتُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا وَحَلَٰلًا قُلْ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى
ٱللَّهِ تَفْتَرُونَ ﴿٥٩﴾ وَمَا ظَنُّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى
ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٦٠﴾



ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە ﷲ چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار، ﷲ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى ﷲ غا يالغاننى چاپلامسىلەر؟»﴿59﴾. ﷲ غا يالغاننى چاپلايدىغانلار قىيامەت كۈنى قانداق ئويلايدۇ؟ (يەنى جازاغا تارتىلمايمىز، دەپ ئويلامدۇ؟) شۈبھىسىزكى، ﷲ ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر (چۈنكى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كېچىكتۈردى)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ﷲ نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴿60﴾.

(1) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# الله تائالادىن باشقىسىنىڭ ھېچقانداق نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلالمايدىغانلىقى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، ئابدۇراھمان، ئىبنى زەيدى ئىبنى ئەسلەم ۋە باشقىلار: «بۇ ئايەتلەر مۇشرىكلارنىڭ بەھىرە، سائىبە ۋە ۋەسىلە[1] قاتارلىق ھايۋانلاردىن خالىغىنىنى ھارام قىلىپ، خالىغىنىنى ھالال قىلىشتەك قىلمىشلىرىغا رەددىيە بېرىپ چۈشتى» دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ...﴾[2].

ئىمام ئەھمەد مالىك ئىبنى نەزلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كونا كىيملىرىمنى كىيگەن ھالەتتە كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ مال ـ مۈلكىڭ بارمۇ؟» دېدى. مەن: ھەئە، بار، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مالىڭ قايسى تۈرلىرىدىن بار؟» دېدى. مەن: ھەممە تۈرلىرىدىن يەنى قۇل، تۆگە، ئات ۋە قوي قاتارلىقلاردىن بار، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاچانكى الله تائالا ساڭا مال ـ مۈلك بەرسە، ئۇنىڭ ئەسىرى سەندە كۆرۈلۈشى لازىم» دېدى ۋە يەنە: «سېنىڭ تۆگىلىرىڭ ساق بوتۇلاقلارنى تۇغىدۇ. ئاندىن سەن ئۇستۇرا بىلەن ئۇنىڭغا ئەن سالىسەن ۋە: بۇ ئەن سىلىنغان تۆگىدۇر، ـ دەيسەن. ئۇنىڭ تېرىلىرىنى تىلىسەن ـ دە: بۇ بەلگە قويۇلغان تۆگىدۇر، ـ دەيسەن. ئەن سېلىنغان ۋە تېرىلىرى تىلىنغان تۆگىلەرنى ئۆزەڭگە ۋە ئائىلەڭدىكىلەرگە ھارام قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟» دېدى. مەن: شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن الله تائالا ساڭا بەرگەن نەرسە ھالالدۇر. الله تائالانىڭ قۇۋۋىتى سېنىڭ قۇۋۋىتىڭدىن كۈچلۈكتۇر. الله تائالانىڭ ئۇستۇرى سېنىڭ ئۇستۇرىڭدىن ئۆتكۈرتۇر» دېدى.

ھېچقانداق ئاساس ۋە پاكىت يوق تۇرۇپ ئۆز كۆز قاراشلىرى ۋە كۆڭۈل خاھىشى بىلەن الله تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلغان ياكى الله تائالا ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلغان كىشىلەرگە (الله تائالا) قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله غا يالغاننى چاپلايدىغانلار قىيامەت كۈنى قانداق ئويلايدۇ؟ (يەنى جازاغا تارتىلمايمىز، دەپ ئويلامدۇ؟)﴾** يەنى ئۇلار دەرگاھىمىزغا بارىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان ھېساب ھەققىدە قانداق گۇمان قىلىدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر (چۈنكى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى**

---

(1) بەھىرە ـ سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى. سائىبە ـ چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى، ۋەسىلە ـ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە.
(2) ئەنئام سۈرىسى 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**كېچىكتۈردى)﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالانىڭ ئۇلارنى دۇنيادا جازالاشنى كېچىكتۈرۈشى **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر.

**الله** تائالانىڭ دۇنيادا ئۆزى ياراتقان پايدىلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا ھالال قىلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ دىنىغا ۋە دۇنيالىقىغا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىشى (مانا بۇلار) **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر.

**﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار **الله** تائالا ئىنئام قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ھارام قىلىپ، ئۆزلىرىگە تەسچىلىك پەيدا قىلىدۇ. يەنە ئۆزلىرىچىلا بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ ۋە بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. مۇشرىكلار ئۆزلىرى بەلگىلىۋالغان نەرسىلەردە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلدى ۋە ئەھلى كىتابمۇ دىنىدا پەيدا قىلغان بىدئەت ئىشلىرىدا مۇشۇنداق قىلدى.

* * * * * * *

وَمَا تَكُونُ فِي شَأْنٍ وَمَا تَتْلُوا۟ مِنْهُ مِن قُرْءَانٍ وَلَا تَعْمَلُونَ مِنْ عَمَلٍ إِلَّا كُنَّا عَلَيْكُمْ شُهُودًا إِذْ تُفِيضُونَ فِيهِ ۚ وَمَا يَعْزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي ٱلْأَرْضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَآ أَصْغَرَ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٦١﴾

سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى **الله** نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴿61﴾.

## بارلىق چوڭ - كىچىك نەرسىلەرنىڭ الله تائالانىڭ بىلىش دائىرىسىدە ئىكەنلىكى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەر بىر سائەت، مىنۇت، سېكونت ئىچىدە ئۇنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئەڭ چوڭ نەرسىلەر بىلەن زەررىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىلغان بولۇپ، ھېچ نەرسىنىڭ **الله** تائالانىڭ ئىلمى ۋە كۆرۈپ تۇرۇشىدىن سىرتتا قالدۇرۇلمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى **الله** نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا **الله** بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى **الله** بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن **الله** بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل

ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

الله تائالا يەنە ئۆزىنىڭ دەل ـ دەرەخلەر ۋە باشقا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر)﴾[2]، ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ﴾[3] الله تائالا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بىلگەن يەردە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلمەي قالارمۇ؟ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ناھايىتى غالىب، مېھرىبان الله غا يۆلەنگىن. الله سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾[4].

**﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز﴾** يەنى سىلەر بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىڭلاردا بىز سىلەرنىڭ قىلىشىڭلاردا ھازىر بولۇپ كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇرمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېھسان توغرۇلۇق سورىغاندا: «الله تائالاغا خۇددى سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىن. گەرچە سەن الله تائالانى كۆرمىسەڭمۇ، الله تائالا سېنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

*******

أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٦٢﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ
يَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ لَا تَبۡدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ
هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٦٤﴾

راستلا الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر﴿62﴾. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴿63﴾. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، الله نىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر﴿64﴾.

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) شۇئەرا سۈرىسى 217 ـــ 219 ـ ئايەت.

## اللّٰه تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى

اللّٰه تائالا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە (اللّٰه ئۇلار ھەققىدە بايان قىلغاندەك تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللّٰه تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغان ھەر بىر كىشى اللّٰه تائالانىڭ يېقىن بەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

﴿**راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر**﴾ يەنى ئاخىرەتتىكى ھېسابنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەرقانداق جان ئىگىسى قاتتىق قورقۇنچ ھېس قىلىدىغان چاغدا، ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ يوق. ھاياتى دۇنيادىكى قېلىپ قالغان نەرسىلىرى ئۈچۈن غەم قىلىشمۇ بولمايدۇ.

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق بەندىلەر باركى، ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ». ساھابىلار: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قانداق كىشىلەر؟ ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بىرسىنى دوست تۇتقاندا مال ـ دۇنياسىنى كۆزلىمەستىن، نەسەب سۈرۈشتە قىلماستىن، اللّٰه تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوستلىشىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار نۇرلۇق تەختلەرنىڭ ئۈستىدە يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا تۇرىدۇ. كىشىلەر قورققان چاغدا ئۇلاردا قورقۇنچ بولمايدۇ. كىشىلەر نادامەت چېكىپ، پۇشايمان يېگەن ۋە كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان چاغدا، ئۇلار بۇ ئىشلاردىن خالىي بولىدۇ» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**راستلا اللّٰه نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر**﴾.

## دۇنيادىكى خۇش خەۋەردىن راست چۈشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى

ئىبنى جەرىر ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ﴿**ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، اللّٰه نىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)**﴾ دېگەن ئايەتتىن ئاخىرەتتىن بېرىلگەن خۇش بېشارەتنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق، ئۇنداقتا دۇنيادا بېرىلىدىغان خۇش بېشارەت نېمە؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىننىڭ كۆرگەن ياخشى چۈشى بۇ دۇنيادىن بېرىلگەن خۇش خەۋەر، ئۇ ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىقتىن بىرى ياكى يەتمىشتىن بىرىدۇر»[1] دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەبۇزەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىر ئادەم بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، باشقىلار ئۇنى ياخشى ئىش قىلغانلىقى

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ۋەھىي چۈش ئارقىلىق بولغان بولۇپ، بۇ ئىش ئالتە ئاي داۋاملاشقان ئىدى. شۇڭا ياخشى چۈشنى پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىقتىن بىرى ياكى يەتمىشتىن بىرى دېدى.

ئۇچۇن ماختىسا قانداق بولىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ماختاشلار ئاشۇ مۆمىنگە ئالدىن بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿**ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ**﴾ يەنى ياخشى چۈش مۆمىنگە بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر. ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق توققۇزدىن بىرىدۇر. كىمكى ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى باشقىلارغا دەپ بەرسۇن. كىمكى يامان چۈش كۆرسە، ئۆزىنىڭ سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن ۋە: (**الله** ئەكبەر دەپ) **الله** تائالاغا تەكبىر ئېيتسۇن. يامان چۈشنى ھېچكىمگە دېمىسۇن. چۈنكى يامان چۈش شەيتان تەرىپىدىن بولۇپ، شەيتان كىشىنى ئۇ چۈش بىلەن قايغۇغا سالىدۇ».

بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتە دېيىلگەن خۇش ـ خەۋەردىن مۆمىن سەكراتقا چۈشكەندە، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا جەننەت ۋە مەغپىرەت بىلەن بەرگەن خۇش خەۋىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز **الله** دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (**الله** ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مۆمىنگە ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇنىڭ قېشىغا يۈزلىرى نۇرلۇق ۋە ئاق كىيىملىك پەرىشتىلەر كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پاك جان! راھەت ـ پاراغەتكە، خۇش ـ پۇراقلىق رەيھان جەننىتىگە سەندىن رازى بولغۇچى پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىگە چىققىن. شۇنىڭ بىلەن، جان ئۇنىڭ ئېغىزىدىن خۇددى تولۇمنىڭ ئېغىزىدىن سۇ تامچىسى تامغاندەك ئاسان چىقىدۇ».

مۆمىنلەرگە ئاخىرەتتە بېرىلگەن خۇش ـ خەۋەرگە كەلسەك، **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «**الله** سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇ كۈندە مۆمىن ئەرلەرنى، مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن سىلەرگە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىسىلەر، بۇ ئۇلۇغ مۇۋاپىپەقىيەتتۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[3].

﴿**الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا بۇ ۋەدىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇ ۋەدىسنى چوقۇم ئورۇنلىغۇچىدۇر. ﴿**ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر**﴾.

* * * * * * *

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـــ 32 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

وَلَا يَحۡزُنكَ قَوۡلُهُمۡۘ إِنَّ ٱلۡعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًاۚ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦٥﴾ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَن فِي
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا يَتَّبِعُ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ شُرَكَآءَۚ إِن
يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ هُمۡ إِلَّا يَخۡرُصُونَ ﴿٦٦﴾ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ
فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ﴿٦٧﴾

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ (ساڭا سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن دېگەن) سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت الله غا مەنسۇپ (الله ساڭا مەدەتكاردۇر). الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿65﴾. راستلا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىسىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). الله نى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت يوقلۇق پەرەزگىلا تايىنىدۇ، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ﴿66﴾. ئى ئىنسانلار! ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە كېچىنى ياراتتى، نەرسىلەرنى كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى، (ئىبرەت قۇلىقى بىلەن) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿67﴾.

## بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ساڭا سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن دېگەن) سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن﴾** ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ سۆزىدۇر. ئۇلارغا قارشى الله تائالادىن ياردەم سورىغىن ۋە الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن **﴿پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت الله غا مەنسۇپ (الله ساڭا مەدەتكاردۇر)﴾** يەنى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ھەممىسى الله تائالاغا، پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

**﴿الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمانلارغا ۋە زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىدىن، مۇشرىكلارنىڭ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىدىن، ھېچ پايدا - زىيان ئېلىپ كېلەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنىشىدا ھېچقانداق بىر دەلىلنىڭ يوقلۇقىدىن، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپلا ئۇلارغا چوقۇنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئاندىن الله تائالا يەنە ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەت قىلىپ چارچىغاندا، ئارام ئېلىپ راھەتلىنىشى ئۈچۈن (ئۇلارغا) كېچىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى: **﴿ئى ئىنسانلار! ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە كېچىنى ياراتتى﴾**.

شۇنداقلا كۈندۈزنى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى، سەپەر قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ پايدىلىق ئىشلىرىنى قىلىشى ئۈچۈن يورۇق قىلدى. **﴿نەرسىلەرنى كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن كۈندۈزنى ياراتتى، (ئىبرەت قۇلىقى بىلەن) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾** يەنى مۇشۇ دەلىل ۋە پاكىتلاردا قۇلاق سالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن روشەن ئالامەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەندىلەر ھەممىنى ياراتقۇچى، بەلگىلەپ بەرگۈچى ۋە ھەرىكەت قىلدۇرغۇچى الله تائالانىڭ

بۇيۇكلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم.

*******

قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَـٰنَهُۥ ۖ هُوَ ٱلْغَنِىُّ ۖ لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ إِنْ
عِندَكُم مِّن سُلْطَـٰنٍۭ بِهَـٰذَآ ۚ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾ قُلْ إِنَّ ٱلَّذِينَ
يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ ﴿٦٩﴾ مَتَـٰعٌ فِى ٱلدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ
ٱلْعَذَابَ ٱلشَّدِيدَ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾

ئۇلار (يەنى كاپىرلار): «**الله** نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، **الله** (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، بىھاجەتتۇر (يەنى بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۇچۇن بولىدۇ، **الله** بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە **الله** نىڭ مۈلكىدۇر، (**الله** نىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن **الله** غا چاپلامسىلەر؟﴿68﴾ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «**الله** غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ»﴿69﴾. ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴿70﴾.

## الله تائالانىڭ ئايالى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك ئىكەنلىكى

**الله** تائالا: "**الله** تائالانىڭ بالىسى بار" دەپ تۆھمەت قىلغان كىشىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، بىھاجەتتۇر (يەنى بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۇچۇن بولىدۇ، الله بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)**﴾ يەنى **الله** تائالا بالىسى بولۇشتىن پاكتۇر. **الله** تائالا ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر. لېكىن ھەممە نەرسە **الله** تائالاغا موھتاجدۇر.

﴿**ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ ياراتقان نەرسىسىدىن قانداقمۇ بالىسى بولسۇن، ئەمەلىيەتتە بارلىق مەخلۇقاتلار **الله** تائالانىڭ قۇلى ۋە مۈلكىدۇر. ﴿**(الله نىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق**﴾.

﴿**سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن الله غا چاپلامسىلەر؟**﴾ بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن قاتتىق رەددىيە، تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «**الله** نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار **الله** نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. بالىسى بولۇش **الله** غا لايىق ئەمەستۇر. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا **الله** غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ

دەرگاھىمىزغا تەنها كېلىدۇ﴾[1] ئاندىن الله تائالا گۇمان بىلەن الله تائالانىڭ بالىسى بار دېگۈچى يالغانچىلارغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. گەرچە دۇنيادا ئۇلارغا پۇرسەت بېرىلگەن ۋە ئازغىنا مەنپەئەتلىنىش مۆھلىتى بېرىلگەن بولسىمۇ، ﴿ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[2].

**﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا ۋاقىتلىق، ئازغىنە مەنپەئەتلىنىش بار. **﴿ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ﴾** قىيامەت كۈنىدە **﴿كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بوھتان توقۇپ، يالغاننى ئويدۇرۇپ، كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى، الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق دەرتلىك ئازابنى تېتىتىمىز.

* * * * * * *

﴿ وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ نُوحٍ إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ إِن كَانَ كَبُرَ عَلَيْكُم مَّقَامِى وَتَذْكِيرِى بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ
فَعَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْتُ فَأَجْمِعُوٓاْ أَمْرَكُمْ وَشُرَكَآءَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُنْ أَمْرُكُمْ عَلَيْكُمْ غُمَّةً ثُمَّ ٱقْضُوٓاْ إِلَىَّ
وَلَا تُنظِرُونِ ﴿٧١﴾ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَمَا سَأَلْتُكُم مِّنْ أَجْرٍ ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ ۖ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ
مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿٧٢﴾ فَكَذَّبُوهُ فَنَجَّيْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ وَجَعَلْنَٰهُمْ خَلَٰٓئِفَ وَأَغْرَقْنَا ٱلَّذِينَ
كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا ۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُنذَرِينَ ﴿٧٣﴾

ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى الله نىڭ ئايەتلىرى بىلەن قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن بولسا، مەن الله غا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى الله غا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار﴿71﴾. ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەردىن (يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان) ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت الله دىن سورايمەن، مەن (الله غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى﴿72﴾. لېكىن ئۇلار نۇھنى يالغانچى قىلدى. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغۇچى (مۆمىن) لەرنى قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى (يەنى بىز قۇتقۇزغان كىشىلەرنى) (غەرق بولغانلارنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق، بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى (توپان بالاسى بىلەن) غەرق قىلدۇق، (ئى مۇھەممەد!) ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلار (يەنى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى قىلغانلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴿73﴾.

---

(1) مەريەم سۈرىسى 88 ـــ 95 ـ ئايەتلەر.
(2) لوقمان سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

﴿**ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! سېنى يالغانچى دېگەن ۋە ساڭا قارشىلىق قىلغان مەككە كاپىرلىرىغا ﴿**نۇھنىڭ قىسسىسىنى**﴾ يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىنى، شۇڭا الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇغا غەرق قىلىپ، قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگىن. مەككە كاپىرلىرى ئۆزلىرىگىمۇ (ئۇلارغا يەتكەن) شۇ ھالاكەتنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

﴿**ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى الله نىڭ ئايەتلىرى بىلەن قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن بولسا، مەن الله غا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى الله غا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)**﴾ يەنى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇرۇشۇم، الله تائالانىڭ دەلىل ۋە پاكىتلىق ئايەتلىرى بىلەن سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشىم سىلەرگە ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن ۋە سىلەرگە ئېغىر كېلىش ياكى كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن ھەرگىز توختاپ قالمايمەن.

﴿**سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار**﴾ يەنى سىلەر الله تائالانى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان باشقا ئىلاھلىرىڭلار ۋە بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىشىڭلار.

﴿**ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن)**﴾ يەنى قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى يوشۇرۇن قىلماي، ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەڭلارنى ئوچۇق قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارنى توغرا ئىش قىلغۇچىلارمىز دەپ گۇمان قىلساڭلار، ماڭا قىلماقچى بولغان قەستىڭلارنى ئىجرا قىلىڭلار.

﴿**ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي، مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار**﴾ يەنى ماڭا قىلماقچى بولغان قەستىڭلارنى ئازراقمۇ كېچىكتۈرمەڭلار، نېمىگە كۈچۈڭلار يەتسە، شۇنى قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن ۋە سىلەردىن قورقمايمەن. چۈنكى سىلەر توغرا يولدا ئەمەس. بۇ ھەقتە ھۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«مەن ھەقىقەتەن الله نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلدىم، الله نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[1].



## ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى

﴿**ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار**﴾ يەنى مېنى يالغانچى دېسەڭلار ۋە ماڭا بويسۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ﴿**سىلەردىن (يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان) ھەق**

(1) ھۇد سۈرىسى 54 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

سورىغىنىم يوق﴾.

**﴿مەن ئەجرىمنى پەقەت الله دىن سورايمەن، مەن (الله غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴾** يەنى مەن ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىجرا قىلىمەن. گەرچە شەرىئەت ئەھكاملىرى تۈرلۈك ۋە تۈتقان يوللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئىسلام دىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[1].

نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **﴿«مەن (الله غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴾** الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! الله سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴾[2] يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»﴾[3] مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى قەۋمىم! ئەگەر الله غا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، الله غا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى الله غا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا الله غا يۆلىنىڭلار)»﴾[4] مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن سېھىرگەرلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»﴾[5].

سۈلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان يەمەننىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىس مۇنداق دەيدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن (الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، سۈلايمان بىلەن بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا بويسۇندۇم (يەنى سۈلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)»﴾[6].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار﴾[7]، ﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴾[8].

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 131 ــــ 132 ـ ئايەتلەر.
(3) يۈسۈف سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 84 ـ ئايەت.
(5) ئەئراف سۈرىسى 126 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) نەمل سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(8) مائىدە سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، ئىنسانلارنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، هاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. الله نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز الله غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»﴾[1] يەنى مۇشۇ ئۈممەتتىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئەۋۋىلىدۇرمەن.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز بىر ئاتا ۋە باشقا ـ باشقا ئانىلاردىن بولغان پەيغەمبەرلەر جامائەسىدۇرمىز. بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر». يەنى گەرچە بىزنىڭ شەرىئەت يوللىرىمىز تۈرلۈك بولسىمۇ، بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ دىنى ھېچقانداق شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

## گۇناھلارنىڭ يامان ئاقىۋىتى

**﴿لېكىن ئۇلار نۇھنى يالغانچى قىلدى. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغۇچى (مۆمىن) لەرنى قۇتقۇزدۇق﴾** يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا بولغان مۆمىنلەرنى كېمە بىلەن قۇتقۇزدۇق. **﴿ئۇلارنى (يەنى بىز قۇتقۇزغان كىشىلەرنى) (غەرق بولغانلارنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدۇق﴾** يەنى زېمىندا ئورۇنباسار قىلدۇق.

**﴿بىزنىڭ مۆجىزىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى (توپان بالاسى بىلەن) غەرق قىلدۇق، (ئى مۇھەممەد!) ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلار (يەنى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى قىلغانلار) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ مۆمىنلەرنى قانداق قۇتقۇزىدىغانلىقىمىزغا ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېگۈچىلەرنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن.

*******

ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ رُسُلًا إِلَىٰ قَوۡمِهِمۡ فَجَآءُوهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ بِهِۦ مِن قَبۡلُۚ
كَذَٰلِكَ نَطۡبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٧٤﴾

نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، (قەۋمىگە) ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر كېلىشتىن) ئىلگىرى ئىنكار قىلىشقان نەرسىگە ئىمان ئېيتىشمىدى. (كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەشۇنداق پېچەتلەيمىز﴿74﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۆز قەۋملىرىگە ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى. **﴿ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر كېلىشتىن) ئىلگىرى ئىنكار قىلىشقان نەرسىگە ئىمان ئېيتىشمىدى﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەرنى يالغانچىغا چىقارغانلىقى سەۋەبىدىن كېيىنكى بارلىق ئۈممەتلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىككە ئىشەنمىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق

(1) ئەنئام سۈرىسى 162 ـــ 163 ـ ئايەتلەر.

دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز﴾[1].

**﴿(كۇفرىدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەشۇنداق پېچەتلەيمىز﴾** يەنى الله تائالا ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئىمان ئېيتىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. شۇنىڭدەك، الله تائالا ئۇلاردىن كېيىن قىلمىشلىرى ئۇلارغا ئوخشاپ قالغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا مۆھۈر باسىدۇ ۋە پېچەتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دەرتلىك ئازابنى كۆرمىگىچە ئىشەنمەيدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ھەقىقەتەن الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېگۈچى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەن كىشىلەرنى قۇتقۇزدى. شۇ ئىشلار نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يۈز بەردى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ تاكى ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇشنى پەيدا قىلغانغا قەدەر، ئۇلار ئىسلام دىنىدا ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغاندا، الله تائالا ئۇلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى مۆمىنلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا شاپائەت تىلەپ بارغاندا: سەن الله تائالانىڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبىرى، ـ دەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت 10 ئەسىر بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾[2] بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغان پەيغەمبەر دېگەن ئەرەب مۇشرىكلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغان دېگەن كىشىلەرگە الله تەرىپىدىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ھالاكەت يەتكەن يەردە، ئۇلاردىنمۇ چوڭ گۇناھلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ مۇشرىكلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟!

* * * * * * *

ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ وَهَٰرُونَ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ بِـَٔايَٰتِنَا فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمٗا
مُّجۡرِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلۡحَقُّ مِنۡ عِندِنَا قَالُوٓاْ إِنَّ هَٰذَا لَسِحۡرٞ مُّبِينٞ ﴿٧٦﴾ قَالَ مُوسَىٰٓ أَتَقُولُونَ
لِلۡحَقِّ لَمَّا جَآءَكُمۡۖ أَسِحۡرٌ هَٰذَا وَلَا يُفۡلِحُ ٱلسَّٰحِرُونَ ﴿٧٧﴾ قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِتَلۡفِتَنَا عَمَّا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ
ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا ٱلۡكِبۡرِيَآءُ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا نَحۡنُ لَكُمَا بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٧٨﴾



ئۇلاردىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى﴿75﴾. ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىردۇر» دېدى﴿76﴾. مۇسا: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى﴿77﴾. ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا ـ

(1) ئەنئام سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەمل سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى) نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز» دېدى﴿78﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

﴿**ئۇلاردىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) بويۇنتاۋلىق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى**﴾ يەنى ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە دەلىل ـ ئىسپات ۋە مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگەشمەي ۋە بويسۇنماي، ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ گۇناھكار قەۋملەردىن بولدى.

﴿**ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «بۇ ھەقىقەتەن روشەن سېھىردۇر» دېدى**﴾ ئۇلار دېگەن سۆزلىرىنىڭ يالغان ۋە بوھتان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا شۇ سۆزلىرى بىلەن قەسەم قىلدى. الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿«**سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە ئۇنى سېھىر دەمسىلەر؟ ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ**»﴾ دېدى. ﴿**ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى) نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز، ـ دېدى.»**﴾

* * * * * * *

وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ٱئۡتُونِي بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ﴿٧٩﴾ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ
﴿٨٠﴾ فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ قَالَ مُوسَىٰ مَا جِئۡتُم بِهِ ٱلسِّحۡرُۖ إِنَّ ٱللَّهَ سَيُبۡطِلُهُۥٓۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُصۡلِحُ عَمَلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ
﴿٨١﴾ وَيُحِقُّ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ﴿٨٢﴾

پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى﴿79﴾. سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «(ئارغامچا ۋە ھاسىلىرىڭلاردىن) تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى﴿80﴾. ئۇلار تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھىردۇر، الله چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، الله بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ» دېدى﴿81﴾. گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، الله پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ﴿82﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى 120 ـــ 122 ـ ئايەتلەر.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سېھىرگەرلەرنىڭ قىسسىسىنى ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلدى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئۇ ئورۇندا تەپسىلىي سۆزلەندى. بۇ سۈرە (يۇنۇس سۈرىسى)، تاھا سۈرىسى ۋە شۇئەرا سۈرىلىرىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. پىرئەۋن (الله ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) سېھىرگەرلەر ۋە كۆز بويامچىلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ كىشىلەرنى ئالداپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئوپئوچۇق ھەقىقەتكە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئىش دەل ئەكسىگە ئۆرۈلدى. پىرئەۋنىنىڭ يامان نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئىلاھىي دەلىل ـ پاكىتلار كۆپچىلىك ئالدىدا ئاشكارا بولدى. ﴿سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)»﴾[1].

پىرئەۋن ھەقىقەتەن سېھىرگەرلەر بىلەن سىرلارنى بىلگۈچى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقىپ، ئۇنىڭغا جەننەت ھارام، دوزاخ ھالال بولدى.

**﴿پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «(ئارغامچا ۋە ھاسىلىرىڭلاردىن) تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى﴾** مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا شۇنداق دېدى. چۈنكى ئۇلار تاللانغان سېھىرگەرلەر بولۇپ، پىرئەۋن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر غەلىبە قىلساڭلار، مېنىڭ يېقىنلىرىمدىن بولىسىلەر ۋە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر، ـ دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. ﴿مۇسا: «بەلكى سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى﴾[2].

مۇسا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرلەرنىڭ سېھرىنى ئاۋۋال كۆرۈشىنى، ئاندىن ھەقىقىي مۆجىزىنى كۆرسىتىپ، سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى مات قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، سېھىرگەلەرگە: سىلەر ئاۋۋال باشلاڭلار، ـ دېدى. سېھىرگەرلەر سېھىر ئارغامچىلىرىنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى بويىدى ۋە ئاجايىپ چوڭ سېھىرلەرنى ئىشلىتىپ كىشىلەرنى قورقۇتتى. ﴿(بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴾[3].

سېھىرگەرلەر ھاسا، ئارغامچىلىرىنى تاشلىغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام: **﴿«سىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىڭلار سېھىردۇر، الله چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ، الله بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى ئەلۋەتتە تۈزىمەيدۇ» دېدى. گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، الله پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ﴾**.

* * * * * * *

(1) تاھا سۈرىسى 66 ــ 67 ـ ئايەتلەر.
(2) تاھا سۈرىسى 67 ــ 69 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەئراف سۈرىسى 129 ـ ئايەت.

فَمَآ ءَامَنَ لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٌ مِّن قَوْمِهِۦ عَلَىٰ خَوْفٍ مِّن فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِمْ أَن يَفْتِنَهُمْ ۚ وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٨٣﴾

مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان هالدا ئىمان ئېيتتى. پىرئەۋن زېمىندا (يەنى مىسىر زېمىنىدا) شەك ـ شۈبهىسىز مۇتەكەببىردۇر، ئۇ ئەلۋەتتە هەددىدىن ئاشقۇچىلاردىندۇر﴿83﴾.

## مۇسا ئەلەيهىسسالامغا پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن پەقەت ئازغىنا ياشلارنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى

مۇسا ئەلەيهىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئوچۇق مۆجىزىلەر، كەسكىن هۆججەتلەر ۋە روشەن پاكىتلارغا پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن پەقەت بىر تۈركۈم ئازغىنا ياشلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى بۇرۇنقى كۇپۇرلۇق هالىتىگە قايتۇرۇشىدىن قورقۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى پىرئەۋن زالىم، هەقكە بوي ئەگمەيدىغان، ئاسىيلىق قىلىشتا ۋە سەركەشلىكتە چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قەهرى غەزىپى ۋە هەيۋىتىدىن قاتتىق قورقاتتى ۋە ئەيمىنەتتى.

**﴿مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان هالدا ئىمان ئېيتتى﴾** ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ بۇ ئايەت هەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇ ئايەتتە دېيىلگەن) مۇسا ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ياشلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن باشقا كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پىرئەۋننىڭ (قەۋمىدىن ئۇنىڭ) ئايالى ۋە پىرئەۋننىڭ يېقىنلىرىدىن بىر كىشى، پىرئەۋننىڭ خەزىنىچىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئازغىنا كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر».

ئىسرائىل ئەۋلادىغا كەلسەك، ئېنىقكى، ئۇلار مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى، سۈپىتىنى ۋە پەيغەمبەرلىك خۇش بېشارىتىنى ئىلگىرىكى كىتابلاردىن تونۇپ، اللہ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى پىرئەۋننىڭ ئاسارىتىدىن مۇسا ئەلەيهىسسالام ئارقىلىق قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ۋە پىرئەۋننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، هەممىسى مۇسا ئەلەيهىسسالامغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ خەۋەر پىرئەۋنگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېهتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ هەممىسىدە ئېهتىيات قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ئېهتىياتچانلىقىدىن هېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. اللہ تائالا مۇسا ئەلەيهىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زامانلار دەل پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەڭ قاتتىق ئەزىيەت يەتكۈزۈۋاتقان زامانلار ئىدى. ﴿ئۇلار: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ هامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى هالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارشى مۇھەققەقتۇر» دېدى﴾[1].

(1) زۇمەر سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىغا الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىمۇ دەلىلدۇر.

*******

وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوۡمِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ فَعَلَيۡهِ تَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّسۡلِمِينَ ٨٤ فَقَالُواْ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلۡنَا رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ٨٥ وَنَجِّنَا بِرَحۡمَتِكَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٨٦

مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر الله غا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، الله غا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى الله غا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا الله غا يۆلىنىڭلار)» دېدى﴿84﴾. ئۇلار ئېيتتى: «الله غا تەۋەككۇل قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن﴿85﴾. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن»﴿86﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىنى الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى

**﴿مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر الله غا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، الله غا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى الله غا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا الله غا يۆلىنىڭلار)» دېدى﴾** يەنى الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلغان كىشىگە الله يېتەرلىك كېپىل بولغۇچىدۇر. ﴿الله بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟﴾[1]، ﴿كىمكى الله غا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾[2].

الله تائالا كۆپىنچە ھاللاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن تەۋەككۇل قىلىشنى بىر ئورۇندا كەلتۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ شۇنىڭ قاتارىدىندۇر. ﴿الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾[3]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان الله دۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدۇق، سىلەر كىمنىڭ روشەن گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كەلگۈسىدە بىلىسىلەر»﴾[4]، ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[5] الله تائالا مۆمىنلەرنى ھەر بىر ۋاخ نامىزىدا: ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[6] دېگەن ئايەتنى بىر

(1) تالاق سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۈلك سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(4) مۇزەممىل سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(5) فاتىھە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(6) تاھا سۈرىسى 131 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قانچە قېتىم ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

﴿**ئۇلار ئېيتتى: «الله غا تەۋەككۈل قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن**﴾ يەنى ئۇلارنى بىزگە غالىب ۋە ھۆكۈمران قىلمىغىن! ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەق ئۈستىدە، بىزنى باتىل ئۈستىدە دەپ ئويلاپ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ، دىنىمىزدىن ئازدۇرىدۇ. ئەبۇمىجلەز ۋە ئەبۇزۇھادىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىنغان.

﴿**بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن»**﴾ يەنى بىزنى ھەقنى ئىنكار قىلغان ۋە ھەقنى يوشۇرغان كاپىرلاردىن رەھمىتىڭ ۋە ياخشىلىقىڭ بىلەن قۇتۇلدۇرغىن. بىز ھەقىقەتەن ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق ۋە ساڭىلا تەۋەككۈل قىلدۇق.

* * * * * * *

وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوۡمِكُمَا بِمِصۡرَ بُيُوتٗا وَٱجۡعَلُواْ بُيُوتَكُمۡ قِبۡلَةٗ وَأَقِيمُواْ
ٱلصَّلَوٰةَۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٨٧﴾

بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، مۆمىنلەرگە (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴿87﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن قۇتۇلدۇرۇش سەۋەبىنى ھەم ئۇلارنى قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى مىسىردا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيلەرنى بىنا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار**﴾.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى سەۋەبى بىلەن نامازلىرىمىزنى ئاشكارا ئوقۇشقا قادىر بولالمايمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارغا ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئۆيلىرىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ سېلىشقا بۇيرۇدى.

مۇجاھىد بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىل ئەۋلادى ئىبادەتخانىلىرىدا ناماز ئوقۇسا، پىرئەۋن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورققان چاغدا، ئۆيلىرىنى كەبىگە يۈزلەندۈرۈپ مەسچىت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدا مەخپىي ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدى. قەتادە ۋە زەھھاكمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەرنى بايان قىلدى.

* * * * * * *

وَقَالَ مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيۡتَ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةٗ وَأَمۡوَٰلٗا فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن
سَبِيلِكَۖ رَبَّنَا ٱطۡمِسۡ عَلَىٰٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ وَٱشۡدُدۡ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُواْ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٨٨﴾ قَالَ
قَدۡ أُجِيبَت دَّعۡوَتُكُمَا فَٱسۡتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَآنِّ سَبِيلَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٨٩﴾

مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن»﴿88﴾. الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»﴿89﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا بەتدۇئا قىلغانلىقى

مانا بۇ، الله تائالا تەرىپىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ھەقنى قوبۇل قىلمىغان، ئازغۇنلۇق ۋە كۇپۇرلۇقتا چىڭ تۇرغان، زۇلۇم قىلىپ، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشقان، تەكەببۇرلۇق ۋە بويۇنتاۋلىق قىلىپ، ھەقتىن تانغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قىلغان بەتدۇئاسىدىن قىلىنغان خەۋەردۇر.

﴿**مۇسا ئېيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ»**﴾ يەنى: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ھەقىقەتەن سەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ جامائەسىگە دۇنيانىڭ جابدۇقلىرى ۋە مەنپەئەتلىنىدىغان مېلىدىن مۇشۇ ھاياتى دۇنيادا كۆپ بەردىڭ. ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، تۈيدۈرماي جازالاش ئۈچۈن ئۇ نەرسىلەرنى ئۇلارغا بەردىڭ. ھەقىقەتەن سەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىسەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى ئۇنىڭدا پىتنىگە سېلىشىمىز ئۈچۈن﴾[1].

باشقىلار بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭدىن سەن خالىغان كىشىلەرگە بۇنچىلا كۆپ نېمەتلەرنى بېرىشىڭ ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشى، سەن ئازدۇرغان كىشىنىڭ: الله بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، ـ دەپ ئويلاپ قېلىشى ئۈچۈندۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھالاك قىلغىن.

زەھھاك، ئەبۇئالىيە ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۇ ماللارنى ئۆز ھالىتى بويىچە نەقىشلەنگەن تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئۇلارنىڭ

(1) نۇھ سۈرىسى 26 ـــ 27 ـ ئايەتلەر.

دىللىرىنى پىچەتلىۋەتكىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەپ چۈشەندۈردى.

﴿«**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن»**﴾ بۇ دۇئا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** نىڭ رازىلىقى ۋە **الله** تائالانىڭ دىنى ئۈچۈن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە غەزەبلەنگەندە قىلغان دۇئاسىدۇر. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىن ھەقىقەتەن ھېچقانداق بىر ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقى ئايان بولغان ئىدى.

بۇ ھال خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكىدەك دۇئا قىلغىنىغا ئوخشايدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىم! يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن. ئەگەر ئۇلارنى قويساڭ، شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىڭنى ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ تاپقان باللىرىمۇ پەقەت فاجىر، كاپىر بولىدۇ»﴾[1].

شۇڭا **الله** تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان بۇ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا، قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام: ئامىين، ئامىين!ـ دېدى.

﴿**الله ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»**﴾ يەنى سىلەرنىڭ پىرئەۋننى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت تىلىكىڭلارنى ئىجابەت قىلدۇق. سىلەر مېنىڭ دىنىمغا دەۋەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار. ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ دىنىمدىن ئىبارەت يولۇمغا مېڭىڭلار.

* * * * * * *

﴿ وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ وَجُنُودُهُۥ بَغۡيٗا وَعَدۡوًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدۡرَكَهُ ٱلۡغَرَقُ
قَالَ ءَامَنتُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتۡ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴿٩٠﴾ ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ عَصَيۡتَ
قَبۡلُ وَكُنتَ مِنَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٩١﴾ فَٱلۡيَوۡمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنۡ خَلۡفَكَ ءَايَةٗۚ وَإِنَّ كَثِيرٗا
مِّنَ ٱلنَّاسِ عَنۡ ءَايَٰتِنَا لَغَٰفِلُونَ ﴿٩٢﴾

بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى﴿90﴾. (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتىڭ ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى **الله** غا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴿91﴾. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴿92﴾.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

# ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قۇتۇلغانلىقى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ غەرق بولغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى سۇغا قانداق غەرق قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا مىسىردىن چىققاندا، ئۇلارنىڭ سانى (بالىلاردىن باشقا) 600 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئۇلار قىبتى قەۋمىدىن نۇرغۇنلىغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. شۇڭا پىرئەۋن ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ھەر جايدىكى شەھەر ۋە رايونلارغا ئەسكەر توپلاشقا ئادەم ئەۋەتتى.

پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىش ئۈچۈن، الله تائالا ئىرادە قىلغان (غەرق قىلىنىدىغان) جايغا زور قوشۇن بولۇپ ئاتلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن چوڭ ـ كىچىك ھوقۇقدارلارنىڭ ھەممىسى قوشۇن بىلەن بىرگە چىققان ئىدى. ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىغا كۈن چىققان مەزگىلدە يېتىشىۋالدى. ﴿ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالدىغان بولدى» دېدى﴾[1].

ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىز بويىغا بارغاندا، پىرئەۋن ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا پەقەت ئۇرۇش قىلماقتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرى: بىز بۇ قىيىنچىلىقتىن قانداق قۇتۇلىمىز؟ ـ دېيىشىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ھەقىقەتەن مەن بۇ جايغا كېلىشكە بۇيرۇلدۇم: ﴿«ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ»﴾[2] دەپ جاۋاب بەردى.

ئىش شۇ دەرىجىدە تەسلەشكەندە، الله تائالا ئاسانچىلىق ئاتا قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشقا بۇيرىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز بۆلۈندى. بۆلۈنگەن سۇنىڭ ھەر بىر تەرىپى گويا ناھايىتى چوڭ بىر تاغقا ئوخشايتتى. ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن 12 يول ئېچىلدى، الله تائالا شامالغا بۇيرۇق بېرىۋىدى، شامال دېڭىزدىن ئېچىلغان يوللارنى قۇپقۇرۇق قىلىۋەتتى. ﴿بىز شەك ـ شۈبھىسىز مۇساغا ۋەھيى قىلدۇقكى، «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەت، سەن (ھاساڭنى) دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋننىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ) يېتىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) قورقمىغىن»﴾[3].

ھەر بىر قەۋمنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىنى ھالاك بولدۇق دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يوللارنىڭ ئارىسىدىكى سۇ تور شەكلىگە ئوخشاش تۆشۈك قىلىندى. ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدىن ئۆتۈپ، ساق ـ سالامەت قىرغاققا چىقىپ بولغاندا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېتىپ كەلدى. باشقا رەڭلىك ئاتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

(1) شۇئەرا سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 77 ـ ئايەت.
(3) غاپىر سۈرىسى 84 ـــ 85 ـ ئايەتلەر.

پىرئەۋن يۈزمىڭ كىشىلىك قاراكىر ئاتلىق قوشۇن بىلەن بىللە ئىدى. پىرئەۋن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قاتتىق قورققانلىقتىن (ئۇنى) سۇر بېسىپ كەتتى. ئاندىن كەينىگە داجىدى ۋە چېكىنىشنى ئويلىدى. بىراق ئۇنىڭغا قۇتۇلۇش يولى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن تەقدىر ئىجرا بولىدىغان، ئۇنىڭغا ئوقۇلغان لەنەت، قىلىنغان بەتدۇئالار ئىجابەت بولىدىغان پەيت كەلگەن ئىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەڭ تۇۋاقلىق دۇلدۇل ئاتقا مىنىپ، پىرئەۋننىڭ ئېتىنىڭ يان تەرىپىگە كەلدى. جىبرىئىلنىڭ ئېتى پىرئەۋننىڭ ئېتىغا قاراپ كىشنىدى، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېتى بىلەن دېڭىزغا شۇڭغىدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىدىنلا پىرئەۋننىڭ ئېتىمۇ دېڭىزغا قاراپ چاپتى. پىرئەۋن خۇدىنى يوقىتىپ، قول ئاستىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرىغا ئاتلىرىنى قامچىلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ئىسرائىل ئەۋلادى دېڭىزغا كىرىشكە بىزدىن ھەقلىق ئەمەس.

بارلىق قوشۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئارقىسىدىن دېڭىزغا كىردى. مىكائىل ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ قويماي دېڭىزغا ھەيدىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا تولۇق كىرىپ بولغاندا، شۇنداقلا دېڭىزغا ئاۋۋال كىرگەنلەر دېڭىزنىڭ ئۇ قىرغىقىغا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، قۇدرەتلىك الله دېڭىز سۈيىنى قوشۇلۇپ، ئۇلارنى غەرق قىلىشقا بۇيرۇدى. دېڭىز سۈيى بىرلەشتى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ساق قالماي دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئىچىدە قالدى. دولقۇنلار پىرئەۋننى ئورىۋالغاچقا، ئۇ ئۆلۈم خەۋپى ئىچىدە قالدى.

شۇ ھالەتتە قالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: ﴿**«ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن»**﴾ پىرئەۋن ئىمان قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدىغان چاغدا ئىمان ئېيتتى. ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر **الله** غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (**الله** غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) **الله** نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾[1].

پىرئەۋن يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېگەن چاغدا، **الله** تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى الله غا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ**﴾ يەنى سەن مۇشۇ ۋاقىتتا ئىمان ئېيتامسەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سەن **الله** بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلاردا **الله** تائالاغا ئاسىيلىق قىلدىڭ ۋە زېمىندا كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان بۇزغۇنچىلاردىن بولدۇڭ ﴿ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۈندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ)﴾[2].

**الله** تائالانىڭ بىزگە پىرئەۋننىڭ شۇنداق ھالەتتە ئىمان ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشى يوشۇرۇن سىرلاردىن بولۇپ، **الله** تائالا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن.

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

(1) قەسەس سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 137 ـ ئايەت.

دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: پىرئەۋننىڭ اﷲ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دېڭىز سۈيىنى قاماللاپ قەھرىم بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىقىۋاتقانلىقىمنى كۆرسەڭ ئىدىڭ». بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)﴾ يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭگە ۋە ھالاك بولغانلىقىڭغا، اﷲ تائالانىڭ ھەر نەرسىنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ۋە ھېچ نەرسىنىڭ اﷲ تائالاغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا پاكىت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئېگىزرەك بىر ئورۇنغا چىقىرىپ قويىمىز.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بەزىسى پىرئەۋننىڭ راست ئۆلگەنلىكىدىن شەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ۋە ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈشى ئۈچۈن، اﷲ تائالا دېڭىزغا ئۇنىڭ جانسىز جەسىتىنى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان تۆمۈر چاپىنى بىلەن دېڭىز ساھىلىدىكى ئېگىزرەك ئورۇنغا چىقىرىپ، تىك تۇرغۇزۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

﴿نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾ يەنى ئۇلار پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ غەرق قىلىنىپ، ھالاك بولۇشىدىن ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە ۋەز - نەسىھەت قوبۇل قىلمايدۇ.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ئاشۇرا كۈنىدە ھالاك قىلىنغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلدى، مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «سىلەر روزا تۇتىۋاتقان بۇ كۈن قانداق كۈن؟» دەپ سورىدى. يەھۇدىيلار: بۇ كۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈن، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان روزىسىنى تۇتۇشتا يەھۇدىيلاردىنمۇ ھەقلىقراق سىلەر، بۇ كۈنى روزا تۇتۇڭلار» دېدى.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ بَوَّأۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مُبَوَّأَ صِدۡقٖ وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ فَمَا ٱخۡتَلَفُواْ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُۚ إِنَّ رَبَّكَ يَقۡضِي بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿٩٣﴾

شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى (ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن) ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارغا ئىلىم (يەنى اﷲ نىڭ ھۆكمىنى ئېچىپ ئالغان تەۋرات) كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى. پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴿93﴾.

# ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پاك، شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرۇلغانلىقى

الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئىنئام قىلغان دىنىي ۋە دۇنيالىق نەرسىلەردىن خەۋەر بەردى. ﴿**شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى (ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن) ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق**﴾ بۇ ياخشى جاي مىسىر زېمىنىنى ۋە شام زېمىنىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە ياندىشىپ تۇرىدىغان يەرلىرىنى ۋە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام دۆلىتىنىڭ سۇلتانلىقى مىسىرنىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىگە تولۇق كېڭەيدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىز ئۇلارنى (يەنى پىرئەۋن بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى) باغلاردىن، بۇلاقلاردىن، خەزىنىلەردىن ۋە ئېسىل تۇرالغۇدىن ئايرىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق﴾[2]، ﴿ئۇلار (غەرق بولۇپ) نۇرغۇن باغلارنى، بۇلاقلارنى، زىرائەتلەرنى، چىرايلىق جايلارنى قالدۇردى﴾[3].

لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھىرى بولغان بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆزلەپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بەيتۇلمۇقەددەستە ئەمالىقە قەۋمى بار ئىدى. بىراق ئىسرائىل ئەۋلادى بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىنلاشقاندا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن يېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنى تەيھ چۆلىدە 40 يىل ئازدۇردى. ئۇ چۆلدە ئالدى بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇلار يۈشە ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا بۇ چۆلدىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارغا بەيتۇلمۇقەددەسنى پەتھى قىلىشنى نېسىپ قىلدى. ئۇلار بۇ جايدا بىر زامانلارغىچە سەلتەنەتلىك دەۋر سۈردى.

﴿**ئۇلارنى شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق**﴾ يەنى تەبىئى جەھەتتە پاك، پايدىلىق ۋە شېرىن، شەرئى جەھەتتە ھالال بولغان رىزىقلارنى ئاتا قىلدۇق. ﴿**ئۇلارغا ئىلىم (يەنى الله نىڭ ھۆكمىنى ئىچىگە ئالغان تەۋرات) كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئاندىن ئىختىلاپ قىلىشتى**﴾ يەنى دىنىي جەھەتتىن بىرەر مەسىلىدە ئېنىق بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. الله تائالا ئۇلارغا مەسىلىلەرنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇلاردىكى شەك ـ شۈبھىلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، ئۇلار ئىختىلاپلاشماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئىمام ھاكىم "مۇستەدرەك" دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 57 ـــ 59 ـ ئايەتلەر.
(2) دۇخان سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت.

رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن يەھۇدىيلار ئىختىلاپ قىلىشىپ 71 پىرقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. خىرىستىئانلار ئىختىلاپ قىلىشىپ 72 پىرقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. كەلگۈسىدە بۇ ئۈممەت 73 پىرقىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلاردىن بىر پىرقىسى جەننەتتە، 72 پىرقىسى دوزاختا بولىدۇ». ساھابىلار: ئۇ جەننەت ئەھلى كىملەر؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم ماڭغان يولدا ماڭغانلاردۇر» دېدى. ﴿پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾.

*******

فَإِن كُنتَ فِي شَكٍّ مِّمَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ فَسۡـَٔلِ ٱلَّذِينَ يَقۡرَءُونَ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكَۚ لَقَدۡ جَآءَكَ ٱلۡحَقُّ
مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَتَكُونَ مِنَ
ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٩٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ حَقَّتۡ عَلَيۡهِمۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَوۡ جَآءَتۡهُمۡ كُلُّ ءَايَةٍ
حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٩٧﴾

مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ھەق (قۇرئان) كەلدى. سەن ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴿94﴾. سەن ھەرگىز الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، (ئۇنداق بولساڭ) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن﴿95﴾. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴿96﴾. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴿97﴾.

## قۇرئان كەرىمنىڭ راستلىقى ھەققىدە ئىلگىرىكى كىتابلاردىمۇ دەلىللەرنىڭ بارلىقى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۈممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾[1] ئۇلار كىتابلىرىدىن ئۆگەنگەن بىلىم ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونىغاندەك تونۇپ تۇرۇپمۇ، ئۇ بىلىمگە شەك قىلىدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆزلىرىگە قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلغان تۇرۇقلۇق، (ئۇلار) ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىمان ئەسقاتىدىغان چاغدا ئىمان ئېيتماي، ئەكسىچە ئىمان ھېچ بىر جانغا ئەسقاتمايدىغان چاغدا ئىمان

(1) يۇنۇس سۈرىسى 88 ـ ئايەت.

ئېيتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە بەتدۇئا قىلغاندا مۇنداق دېگەن: ﴿«ئى پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنى يولۇڭدىن ئازدۇرۇشى ئۈچۈن ـ ئى پەرۋەردىگارىمىز! ـ پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان ئېيتماي قاتتىق ئازابنى كۆرسۇن»﴾[1] الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2].

* * * * * * *

فَلَوْلَا كَانَتْ قَرْيَةٌ ءَامَنَتْ فَنَفَعَهَآ إِيمَٰنُهَآ إِلَّا قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ ءَامَنُوا۟ كَشَفْنَا عَنْهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَمَتَّعْنَٰهُمْ إِلَىٰ حِينٍ ﴿٩٨﴾

(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴿98﴾.

## ئازاب كېلىۋاتقان چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ پەقەت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگىلا مەنپەئەت قىلغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن بىز ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە تولۇق ئىمان ئېيتقان بىرمۇ شەھەر ئاھالىسى يوق. ئى مۇھەممەد! سەندىن بۇرۇن بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىسەكلا، ئۇنى ئۇنىڭ قەۋمى ياكى ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى يالغانچىغا چىقاردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچى) بەندىلەرگە ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى﴾[3]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھىرگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى﴾[4]، ﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴾[5].

(1) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.
(2) ياسىن سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(3) زارىيات سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(4) زارىيات سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
(5) زۇخرۇف سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا پەيغەمبەرلەر كۆرسىتىلدى، ئاندىن پەيغەمبەرلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بەزى پەيغەمبەرلەر بىلەن توپ ـ توپ جامائەت بىللە ئىدى. بەزى پەيغەمبەر بىلەن بىرلا ئادەم، بەزى پەيغەمبەر بىلەن پەقەت ئىككىلا ئادەم بار ئىدى ۋە بەزى پەيغەمبەر بىلەن ھېچ كىشى يوق ئىدى». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممىتىنىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ ئۇپۇقىنى توسۇۋالغىدەك دەرىجىدە كۆپلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇنىڭدىن مەقسەت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن باشقا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن پۈتۈن ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بىرمۇ شەھەر يوق ئىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى نەينەۋا يۇرتىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار پەيغەمبىرى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ۋە پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ ئازابنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن قورققانلىقتىن ئىدى. شۇ چاغدا، ئۇلار الله تائالاغا نالە پەرياد قىلىپ دۇئا قىلدى. بالا ـ چاقىلىرى ۋە مال ـ ۋارانلىرىنى يىغىپ، الله تائالاغا يالۋۇرۇپ يىلىندى. الله تائالادىن پەيغەمبىرى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ئۆزلىرىدىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى ھەم ئەجىلىنى كېچىكتۈردى.

**﴿(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن باشقا ھېچقانداق بىر شەھەر ئەھلىگە كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئازاب ھازىر بولغان چاغدا، ئىمان كەلتۈرۈشى بىلەن ئۇ ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى چۈشەندى. الله تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەۋبە قىلىشنى سالدى. ئۇلار يىرىك يۇڭدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيدى. چارۋا ـ ماللىرىنى قوزىلىرىدىن ئايرىدى. ئاندىن الله تائالاغا نالە ـ پەرياد قىلىپ، 40 كېچە دۇئا قىلدى. ئۇلار ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىغا چىن دىلىدىن پۇشايمان قىلغانلىقى ۋە تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ بولغان ئازابنى كۆتۈرۈۋەتتى. ھەقىقەتەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى موسۇل[1] دېگەن يەرنىڭ نەيناۋا يۇرتىدىن ئىدى.

ئىبنى مەسئۇد، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئىلگىرىكى سەلەپلەردىن بىر قانچە كىشىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.



* * * * * *

وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَءَامَنَ مَن فِى ٱلْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا ۚ أَفَأَنتَ تُكْرِهُ ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَمَا
كَانَ لِنَفْسٍ أَن تُؤْمِنَ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَجْعَلُ ٱلرِّجْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٠٠﴾

(1) بۇ ئىراقتىكى موسۇل شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾99﴿. ھەرقانداق كىشى پەقەت اللّٰه نىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (اللّٰه نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى اللّٰه ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ﴾100﴿.

## كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلاشنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ھېكمىتىدىن ئەمەسلىكى

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى﴾** ئى مۇھەممەد! ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىغان بولسا ئىدى، سەن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىككە زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشىنىشىگە ئىزنى بەرگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى. لېكىن اللّٰه تائالانىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ھېكمەت باردۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. اللّٰه ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى. كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴾[1]، ﴿ئەگەر اللّٰه خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى مۆمىنلەر بىلمىدىمۇ؟ (مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت)﴾[2].

**﴿سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾** يەنى ئۇلارغا تاڭامسەن ۋە ئۇلارنى ئىمان ئېيتىپ مۆمىن بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ ئۇلارنى ئىمان ئېيتقۇزۇش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ئەمەس. بەلكى ئۇ اللّٰه تائالاغا تەۋە ئىشتۇر.

﴿اللّٰه ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە اللّٰه نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن اللّٰه خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[4]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ

(1) ھۇد سۈرىسى 118 ــ 119 - ئايەتلەر.
(2) رەئد سۈرىسى 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فاتىر سۈرىسى 8 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 272 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇمكىن﴾[1]، ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن﴾[2]، ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[3]، ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[4].

الله تائالانىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقى، ھېكمەت ۋە ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغان باشلايدىغان، ئۆزى خالىغان كىشىنى ئازغۇنلۇققا قويۇپ بېرىدىغان، ھەممە ئىش الله تائالانىڭ خالىغىنى بويىچە بولىدىغان زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان مەزكۇر ئايەتلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر باردۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ھەرقانداق كىشى پەقەت الله نىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى الله ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ دەلىل ۋە پاكىتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان، تەپەككۇر قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا ۋە گۇمراھلىققا دۇچار قىلىدۇ. الله تائالا ھىدايەت قىلىشقا لايىق كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىشتا ۋە ئازدۇرۇشقا لايىق كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا قويۇپ قويۇشتا ئادىل يول تۇتقۇچىدۇر.

* * * * * * *

قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَا تُغۡنِي ٱلۡأٓيَٰتُ وَٱلنُّذُرُ عَن قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠١﴾ فَهَلۡ
يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثۡلَ أَيَّامِ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ قُلۡ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿١٠٢﴾
ثُمَّ نُنَجِّي رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ حَقًّا عَلَيۡنَا نُنجِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿١٠٣﴾

ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴿101﴾. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن كۈنلەرنىڭ (يەنى ئازابنىڭ) (ئۆزلىرىگە كېلىشىنى) كۈتىدۇ». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (زۇلۇمىنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن (سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى) كۈتكۈچىمەن»﴿102﴾. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى، مۆمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز﴿103﴾.

## ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇش

الله تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن الله تائالا ئاسمان ۋە زېمىندا ياراتقان نەرسىلەردە؛ ئاسمانلاردىكى يورۇق ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلار، سەييارىلەر، قۇياش ۋە ئاي، كېچە - كۈندۈز قاتارلىقلاردا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ بىر - بىرىگە

(1) شۇئەرا سۈرىسى 3 - ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 56 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەئد سۈرىسى 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .
(4) غاشىيە سۈرىسى 21 — 22 - ئايەتلەر.

قارمۇ قارشى بولۇشىدا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېچىنىڭ كۈندۈزگە، كۈندۈزنىڭ كېچىگە ئۇلىشىپ كېتىشىدە، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزىراپ قىسقىراپ تۇرۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىك بولۇشىدا، ئاسماننىڭ ئېگىز ۋە كەڭرى، نۇقسانسىز، چىرايلىق يارىتىلىشىدا ۋە الله تائالانىڭ يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك مېۋىلەر، زىرائەتلەر، گۈل ـ چېچەكلەر ۋە خىلمۇخىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىشىدە، رەڭلىرى تۈرلۈك، يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتلىرى ھەرخىل بولغان ھايۋاناتلارنى يارىتىشىدا، زېمىندىكى ئېگىز تاغلارنى، بىپايان كەتكەن تۈزلەڭلىكلەرنى، چۆل ـ باياۋانلارنى، ئاۋاتلاشقان ياكى خارابلاشقان ماكانلارنى، دېڭىزدىكى ئاجايىب ـ غارايىب نەرسىلەرنى ۋە تاغدەك دېڭىز دولقۇنلىرىنى يارىتىشىدا، سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كېمىلەرنىڭ مەيىن شامالدا مېڭىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك الله تائالانىڭ دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بېرىشىدە پىكىر قىلىشقا تېگىشلىك ۋە الله تائالانىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلار بار. الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچىمۇ يوقتۇر.

**﴿مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾** يەنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله تائالانىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلار، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن مۆجىزىلەر ۋە ئۇچۇق دەلىل ـ پاكىتلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

**﴿ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن كۈنلەرنىڭ (يەنى ئازابنىڭ) (ئۆزلىرىگە كېلىشىنى) كۈتىدۇ»﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! يالغان پەيغەمبەر دېگۈچىلەر پەقەت ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان ئۈممەتلەرگە (الله تائالانىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) چۈشۈرگەن ئازابلىق كۈنلىرىگە ئوخشاش كۈنلەرنىڭ ئۆزلىرىگە كېلىشىنى كۈتىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن (سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى) كۈتكۈچىمەن». ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى، مۆمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق﴾** پەيغەمبەرلەرنى يالغان پەيغەمبەر دېگۈچىلەرنى ھالاك قىلىمدۇق. **﴿مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇشقا مۇشۇنداق مەسئۇل بولىمىز﴾** شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مۆمىنلەرنى قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن ئۈستىگە ئالدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾[2].

*******

قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمْ فِى شَكٍّ مِّن دِينِى فَلَآ أَعْبُدُ ٱلَّذِينَ تَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَـٰكِنْ أَعْبُدُ ٱللَّهَ
ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُمْ ۖ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٤﴾ وَأَنْ أَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ــ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٥﴾ وَلَا تَدْعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَ ۖ فَإِن فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا مِّنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٦﴾ وَإِن
يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَآدَّ لِفَضْلِهِۦ ۚ يُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ
مِنْ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٧﴾

(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرنىڭ **الله** نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا مەن چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان **الله** غا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴿104﴾. يەنە (ماڭا): «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن﴿105﴾. **الله** نى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا ئىبادەت قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن بولىسەن﴿106﴾. ئەگەر **الله** ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز **الله** دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر **الله** ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، **الله** نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، **الله** پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، **الله** (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر» (دېيىلدى)﴿107﴾.

## يالغۇز بىرلا الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدا

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگىن دەيدۇ: ئى بەندىلەر! (مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن) **الله** تائالا ماڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن توغرا دىن ـ ئىسلام دىنىغا شەك قىلساڭلار، مەن سىلەرنىڭ **الله** تائالانى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن پەقەت شېرىكى يوق بىر **الله** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىمەن. ئۇ سىلەرگە ھاياتلىق بەرگىنىدەك ھەم ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. ئەگەر سىلەرنىڭ **الله** تائالانى قويۇپ چوقۇنىۋاتقان ئىلاھلىرىڭلار راست بولسا، مەن ئۇ ئىلاھلىرىڭلارغا چوقۇنمايمەن، سىلەر ئىلاھلىرىڭلارنىڭ ماڭا زىيان يەتكۈزىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ئىلاھلىرىڭلار ماڭا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە پايدىمۇ بېرەلمەيدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پايدا ـ زىيان ئۆز ئىلكىدە بولغان زات، ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز **الله** تائالادۇر. **﴿لېكىن مەن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدىغان الله غا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾**.

**﴿يەنە (ماڭا): «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ، توغرا دىنغا يۈزلەنگىن﴾** يەنى شېرىكتىن ئۆزەڭنى تارتىپ، بىر **الله** تائالاغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگىن، **﴿مۇشرىكلاردىن بولمىغىن﴾**.

**﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز الله دىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، الله نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، الله پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ﴾** بۇ ئايەتتە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ۋە پايدا بىلەن زىياننىڭ پەقەت بىر **الله** تائالا تەرىپىدىنلا بولىدىغانلىقى، بۇ ئىشلاردا **الله** تائالاغا ھېچكىمنىڭ شېرىك بولالمايدىغانلىقى، ئىبادەتنىڭ بىر **الله** تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكى ۋە

ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە دائىر ئوچۇق بايانلار بار.

**﴿الله (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا)مېھرىباندۇر» (دېيىلدى)﴾** يەنى مەيلى شېرىك كەلتۈرگەنلىك گۇناھى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلار بولسۇن، الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، بۇ گۇناھلارنى قايتا قىلماسلىق نىيىتى بىلەن تەۋبە قىلغان كىشىگە الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

*******

قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ
عَلَيْهَا ۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٨﴾ وَٱتَّبِعْ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ وَٱصْبِرْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿١٠٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەق دىن كەلدى، كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن»﴿108﴾. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن (يەنى ئۇنىڭغا ئۆزەڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن). الله (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) چىدىغىن، الله ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر﴿109﴾.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ الله تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىكىنىڭ شەكلىنىشكە بولمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، كىمكى بۇ بۇھەقىقەت ئارقىلىق توغرا يول تاپسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشسە، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزى ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى، كىمكى ھەق يولدىن ئازسا، بۇنىڭ جازاسىمۇ ئۆزىگىلا بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا ۋە: **﴿مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەسمەن﴾** يەنى مەن سىلەرنىڭ مۆمىن بولۇشىڭلارغا كېپىل ئەمەسمەن. مەن پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. ھىدايەت قىلىش الله تائالاغىلا خاستۇر، ـ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن (يەنى ئۇنىڭغا ئۆزەڭ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۇنى يەتكۈزگىن). الله (سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارغۇچە (دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدىكى مۇشەققەتلەرگە) چىدىغىن﴾** يەنى الله ساڭا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ۋەھيى قىلغان نەرسىگە چىڭ ئېسىلغىن. الله تائالا سېنىڭ بىلەن ساڭا قارشىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچە سەۋر قىلغىن.

**﴿الله ئەڭ ھەققانىي ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئەڭ ئادىل ۋە ھېكمەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ پەزلى بىلەن يۇنۇس سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# هۇد سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 123 ئايەت

## هۇد سۈرىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى ئاقارتىۋەتكەن سۈرىلەردىن ئىكەنلىكى

ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! چېچىڭ ئاقىرىپ كېتىپتىغۇ؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېچىمنى هۇد، ۋاقىئە، مۇرسالات، نەبە ۋە تەكۋىر سۈرىلىرى ئاقارتىۋەتتى» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: « هۇد سۈرىسى ۋە ئۇنىڭغا مەزمۇنداش سۈرىلەر چېچىمنى ئاقارتىۋەتتى» دېگەن.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الٓر كِتَٰبٌ أُحْكِمَتْ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِن لَّدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ ﴿١﴾ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ إِلَّا ٱللَّهَ إِنَّنِى لَكُم مِّنْهُ
نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ ﴿٢﴾ وَأَنِ ٱسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيْهِ يُمَتِّعْكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى وَيُؤْتِ كُلَّ
ذِى فَضْلٍ فَضْلَهُۥ وَإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ كَبِيرٍ ﴿٣﴾ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ
شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٤﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴿1﴾. (ئىبىتتقىنكى) «سىلەر پەقەت الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن

(كاپىر بولساڭلار سىلەرنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، (ئىمان ئېيتساڭلار الله نىڭ ساۋابى بىلەن سىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن﴿2﴾. سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، الله سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، (ئازابقا دۇچار بولىسىلەر) سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن﴿3﴾. (ئۆلگەندىن كېيىن) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر»﴿4﴾.

## قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ يالغۇز الله تەرىپىگىلا چاقىرىدىغانلىقى

ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدىكى مەزمۇن بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇنى قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. توغرا يولغا ئېرىشىش پەقەت الله تائالا تەرىپىدىنلا بولىدۇ. ئەمما الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر**﴾ يەنى بۇ قۇرئان سۆزلىرىدە ۋە چىقارغان ھۆكۈملىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، سۆز - ئىبارىلىرى پۇختا، مەنىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شەكىل ۋە مەنا جەھەتتە مۇكەممەل بولغان كىتابتۇر. بۇ ئايەتنى مۇجاھىد، قەتادە ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.

﴿**(ئېيتقىنكى) «سىلەر پەقەت الله غا ئىبادەت قىلىڭلار»**﴾ (سۆز - ئىبارىلىرى پۇختا، مەنىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان) بۇ قۇرئان كەرىم ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2].

﴿**شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، (كاپىر بولساڭلار سىلەرنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، (ئىمان ئېيتساڭلار الله نىڭ ساۋابى بىلەن سىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر الله تائالاغا بويسۇنمىساڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنى الله تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. ئەگەر الله تائالاغا بويسۇنساڭلار، كاتتا ساۋاب بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچىمەن.

سەھىھ ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفا تېغىغا چىقىپ

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 - ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قۇرەيش قەبىلىسىدىكى نەسەب جەھەتتە يېقىنلىرىنى چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىغىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى قۇرەيش گۇرۇھى! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر مەن سىلەرگە: ئاتلىق بىر قوشۇن تاڭ ئاتقاندا ئۈستىڭلارغا باستۇرۇپ كېلىدۇ دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى كۆرمىدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېدى.

الله مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، الله سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ﴾** مەن سىلەرنى بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىڭلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا ۋە ئازاب كېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ، غالىب ۋە بۈيۈك الله تەرەپكە قايتىشقا ۋە داۋاملىق شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيمەن. شۇنداق قىلساڭلار، الله سىلەرنى ئەجىلىڭلار توشقىچە دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ. ئاخىرەتتە كۆپ ساۋاب بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[1]. **﴿ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، (ئازابقا دۇچار بولىسىلەر) سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن﴾** بۇ ئايەت الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەرگە قىلىنغان قاتتىق تەھدىتتۇر. بۇنداق كىشىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

**﴿«(ئۆلگەندىن كېيىن) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر»﴾** يەنى قىيامەت كۈنىدە سىلەرنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. الله ئۆز دوستلىرىغا ئېھسان قىلىشقا، دۈشمەنلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ۋە قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشتەك ئۆزى خالىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا قادىردۇر. ئىلگىرىكى ئايەت كىشىلەرنى الله تائالانىڭ نېمىتىگە قىزىقتۇردى. تۆۋەندىكى ئايەت بولسا، الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىتىدۇ.

* * * * * * *

أَلَآ إِنَّهُمۡ يَثۡنُونَ صُدُورَهُمۡ لِيَسۡتَخۡفُواْ مِنۡهُۚ أَلَا حِينَ يَسۡتَغۡشُونَ ثِيَابَهُمۡ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٥﴾

راستىنلا ئۇلار (يەنى كاپىرلار) (رەسۇلۇللا، قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلىرىدە) ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ، راستلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر﴿5﴾.

(1) نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

## الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۇياتلىق جايلىرىنى ئاچقاندا، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ئاسمانغا قاراشنى ياقتۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام بۇخارى مۇھەممەد ئىبنى ئۇببادتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئىبنى ئابباستىن بۇ ئايەت ھەققىدە سورىغاندا، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئۆز ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە ياكى كىيىملىرىنى سالغاندا، خىجىل بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى.

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر كىيىملىرىنى سالغاندا ياكى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، ئاسمانغا قاراشتىن ھايا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى».

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ﴿**ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا**﴾ دېگەن ئايەتنى: ئۇلار باشلىرىنى يۆگىۋالغانلىرىدا، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

* * * * * * *

﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ رِزۡقُهَا وَيَعۡلَمُ مُسۡتَقَرَّهَا وَمُسۡتَوۡدَعَهَاۚ كُلّٞ فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ٦﴾

يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴿6﴾.

## الله تائالانىڭ ئىنسانلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارغىمۇ رىزىق بېرىشكە كېپىل ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ يەر شارىدىكى مەيلى قۇرۇقلۇقتا بولسۇن، مەيلى دېڭىزدا بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك ھايۋاناتلاردىن ئىبارەت بارلىق مەخلۇقاتلارغا رىزىق بېرىشكە كېپىل بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ يېتىپ بارىدىغان جايىنى ۋە تۇرار جايىنى بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ﴿**روشەن كىتاب**﴾ تا تەپسىلىي يېزىلغاندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر

(يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (الله ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان روشەن دەلىلگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ۋەھىگە) ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس، بارچە ھۆكۈم الله غا خاس، الله ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، الله ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر»﴾[2].

*******

وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُۥ عَلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُوَكُمْ
أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۗ وَلَئِن قُلْتَ إِنَّكُم مَّبْعُوثُونَ مِنۢ بَعْدِ ٱلْمَوْتِ لَيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ
هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾ وَلَئِنْ أَخَّرْنَا عَنْهُمُ ٱلْعَذَابَ إِلَىٰٓ أُمَّةٍ مَّعْدُودَةٍ لَّيَقُولُنَّ مَا يَحْبِسُهُۥٓ ۗ أَلَا
يَوْمَ يَأْتِيهِمْ لَيْسَ مَصْرُوفًا عَنْهُمْ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٨﴾

الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) الله نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى). (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن (مەككە كۇففارلىرىغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ، كاپىرلار چوقۇم ئېيتىدۇ: «بۇ (سۆزنى ئىچىگە ئالغان قۇرئان) پەقەت روشەن سېھىردۇر»﴿7﴾. ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك، ئۇلار چوقۇم (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ؟» دەيدۇ، راستلا ئۇلارغا الله نىڭ ئازابى چۈشكەن كۈندە، ئۇلار قاچىدىغان يەر تاپالمايدۇ، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ﴿8﴾.

## الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقىنى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئەرشىنىڭ سۇ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى تەمىم ئەۋلادى! خۇش بېشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار» دېگەندە، ئۇلار: ھەقىقەتەن بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدىڭ، قېنى ئۇنى بىزگە بەرمەمسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى يەمەن ئەھلى! خۇش بېشارەتنى قوبۇل قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار: بىز چوقۇم قوبۇل قىلدۇق. بىزگە دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلىۋىدە قانداق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى الله مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئەرشى سۇ

(1) ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 57 ـ ئايەت.

ئۈستىدە ئىدى. الله تائالا ھەر نەرسىنىڭ مەلۇماتىنى لەۋھۇلمەھپۇزدا يازدى» دېدى. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: دەل شۇ چاغدا بىر ئادەم مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ئى ئىمران! تۆگەڭ باغلاقلىق يەردىن بوشاپ كېتىپتۇ، ـ دېدى. مەن تۆگىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى بەلگىلىۋەتكەن. الله تائالانىڭ ئەرشى ئەسلىدە سۇ ئۈستىدە ئىدى».

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ۋە بۈيۈك الله مۇنداق دەيدۇ: سەن مال ـ مۈلكۈڭنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن سەرپ قىلغىن، ساڭا ھەسسىلەپ بېرىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ قولى كەڭدۇر، ئۇ مال ـ مۈلكىدىن كېچە ـ كۈندۈز سەرپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە خوراپ قالمايدۇ. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، الله ئاسمانلار ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ مەخلۇقاتلارغا رىزىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ الله تائالانىڭ خەزىنىسىدىن بىرەر نەرسىنى كېمەيتەلىدىمۇ؟ الله تائالانىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. الله تائالانىڭ قولىدا تارازا بولۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە تۆۋەن تۇتىدۇ (يەنى خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ)، خالىغان كىشىگە ئېگىز تۇتىدۇ (يەنى خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ)».

**﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله (ئۇلارنى ياراتتى)﴾** يەنى الله تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۆزىگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن ياراتقان بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[1]، ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ پادىشاھ ـ ھەق الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[2]، ﴿ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن﴾[3].

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى)﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە: سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ

(1) ساد سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 115 ــ 116 ـ ئايەت.
(3) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن،ـ دېدى. قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى كۆپ ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن،ـ دېمىدى. چۈنكى ھەر قانداق ئەمەل غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالاغا خالىس ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق بولمىسا، ئۇ ئەمەل ياخشى ئەمەل ھېسابلانمايدۇ. ھەرقانداق ئەمەل بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرىنى يوقىتىپ قويسا، بۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەققىدىكى مۇنازىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىكى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن (مەككە كۇففارلىرىغا): «سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر!» دېسەڭ﴾** يەنى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ئەنە شۇ مۇشرىكلارغا الله نىڭ ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن خۇددى الله ئۇلارنى دەسلەپتە ياراتقىنىدەك تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلساڭ ۋە الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ئۇلارنى كىم ياراتقانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم الله دەيدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «الله » دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾[2] دەپ خەۋەر قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلار الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان بىردىن بىر الله ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدۇ.

الله تائالاغا نىسبەتەن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۇلارنى دەسلەپتە ياراتقانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاساندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[3]، ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[4].

كاپىرلار مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ (سۆزنى ئىچىگە ئالغان قۇرئان) پەقەت روشەن سېھىردۇر﴾** يەنى ئۇلار كۇپۇرلۇق ۋە ھەققە قارشى چىقىش يۈزىسىدىن: سېنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىمىز،ـ دېگەن سۆزۈڭگە ئىشەنمەيمىز، پەقەت سەن سېھىر قىلغان كىشىلا شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ ۋە سېنىڭ سۆزلىرىڭگە ئەگىشىدۇ،ـ دەيدۇ.

**﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا نازىل بولىدىغان ئازابنى چەكلىك ۋاقىت كېچىكتۈرسەك﴾** يەنى ئەنە شۇ مۇشرىكلارنى جازالاشنى ۋە قاتتىق تۇتۇشنى بىز ئۇلارغا ۋەدە قىلغان چەكلىك مۇددەت ۋە ساناقلىق كۈنگىچىلىك كېچىكتۈرسەك، ئۇلار ئۇنىڭغا ئالدىرىغان ۋە ئىنكار قىلغان ھالەتتە: **﴿ئازاب نېمىشقا چۈشمەيدۇ﴾** يەنى بۇ ئازابنى نېمىشقا بىزگە نازىل قىلىشتىن كېچىكتۈرىدۇ،ـ دەيدۇ. شەك ـ

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شەك قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئازابتىن ھېچ قاچالمايتتى ۋە تەپ تارتمايتتى.

* * * * * * *

وَلَئِنۡ أَذَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِنَّا رَحۡمَةٗ ثُمَّ نَزَعۡنَٰهَا مِنۡهُ إِنَّهُۥ لَيَـُٔوسٞ كَفُورٞ ﴿٩﴾ وَلَئِنۡ أَذَقۡنَٰهُ
نَعۡمَآءَ بَعۡدَ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُ لَيَقُولَنَّ ذَهَبَ ٱلسَّيِّـَٔاتُ عَنِّيٓۚ إِنَّهُۥ لَفَرِحٞ فَخُورٌ ﴿١٠﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٞ كَبِيرٞ ﴿١١﴾

ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق (يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك)، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ﴿9﴾. ئەگەر بىز (پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىق قاتارلىق) بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ)» دەپ شەك ـ شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ﴿10﴾. پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر). ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴿11﴾.

## ئىنساننىڭ كەڭرىچىلىك ۋە قىينچىلىق ھالەتتىكى ئۆزگىرىشچانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنساندىن ۋە (الله تائالا مەرھەمەت قىلغان مۆمىن بەندىلەردىن باشقا) ئىنسانلاردىكى ناچار سۈپەتلەردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەگەر ئۇ ئىنسانغا نېمەت بېرىلگەندىن كېيىن بىرەر قاتتىقچىلىق يەتسە، ئۇ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۆتمۈشكە نىسبەتەن گويا ئۇ ھېچ بىر ياخشىلىقنى كۆرمىگەندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ بىر چىقىش يولىنى ئۈمىد قىلمايدىغاندەك كۇپۇرلۇق قىلىش بىلەن ئىلگىرىكى نېمەتتىن تانىدۇ. شۇنداقلا، ئەگەر ئۇ ئىنسانغا يامانلىققا يولۇققاندىن كېيىن نېمەت بېرىلسە: ﴿**ئۇ چوقۇم مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دەپ**﴾ يەنى بۇ بالايىئاپەت ۋە يامانلىقتىن كېيىن ماڭا ھېچ بىر يامانلىق يەتمەيدۇ دەپ، ﴿**شەك ـ شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ ۋە مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ**﴾ يەنى قولىدىكى نېمەتلەر بىلەن خۇشاللىنىپ ۋە پەخىرلىنىپ، باشقىلار ئالدىدا كۆرەڭلەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەقەت**﴾ بالالارغا ۋە يامانلىقلارغا يولۇققاندا ﴿**سەۋر قىلغان**﴾ بەختكە ۋە سالامەتلىككە ئېرىشكەن چاغدا ﴿**ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشى كىشىلەردۇر)**﴾ ئۇلارغا يەتكەن بالالارنىڭ سەۋەبى بىلەن ﴿**ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ**﴾ نېمەت بېرىلگەن چاغدا، قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ﴿**ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ**﴾.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مۆمىن ئادەمگە يەتكەن غەم ـ قايغۇ، جاپا ـ مۇشەققەت، بىئاراملىق، ھەتتا ئۇنىڭغا كىرىپ كەتكەن بىر تال تىكەن ئۈچۈنمۇ الله تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالا مۆمىن ئادەمگە بىرەر ياخشى ياكى يامان ھۆكۈمنى قىلسىلا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كەڭرىچىلىك يەتسە، ئۇ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق يەتسە، ئۇ سەۋر قىلسا، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر. بۇنىڭغا مۆمىن ئادەمدىن باشقا كىشى ئېرىشەلمەيدۇ».

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1]، ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق ياكى كېسەللىك ياكى قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[2] بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر قۇرئاندا ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

فَلَعَلَّكَ تَارِكُۢ بَعۡضَ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَضَآئِقُۢ بِهِۦ صَدۡرُكَ أَن يَقُولُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ جَآءَ
مَعَهُۥ مَلَكٌۚ إِنَّمَآ أَنتَ نَذِيرٌۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ وَكِيلٌ ﴿١٢﴾ ۞ وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ
رِزۡقُهَا وَيَعۡلَمُ مُسۡتَقَرَّهَا وَمُسۡتَوۡدَعَهَاۚ كُلّٞ فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٖ ﴿٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ
فِي سِتَّةِ أَيَّامٖ وَكَانَ عَرۡشُهُۥ عَلَى ٱلۡمَآءِ لِيَبۡلُوَكُمۡ أَيُّكُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗاۗ وَلَئِن ﴿١٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنى تەستىقلايدىغان) بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ، سەن پەقەت (ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، الله ھەممە نەرسىنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر﴿12﴾. ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار»﴿13﴾. ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا، بىلىڭلاركى، قۇرئان الله نىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (الله غا) بويسۇنامسىلەر؟﴿14﴾



## مۇشرىكلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىنىڭ سىقىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەسەللى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن بىمەنە

(1) ئەسر سۈرىسى.
(2) مەئارىج سۈرىسى 19 ــ 22 ـ ئايەتلەر.

سۆزلىرىدىن سىقىلغانلىقى ئۈچۈن تەسەللى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇشرىكلاردىن مۇنداق خەۋەر قىلغان: ﴿مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى. يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى﴾[1].

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىنى سىقماسلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇ بىھۇدە سۆزلەر ئۇنىڭ ئۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ يولىغا چاقىرىشقا توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[2].

الله تائالا بۇ ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە چۈشمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇنى تەستىقلايدىغان) بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ، يەتكۈزۈشتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ شۇ سۆزلىرى ئۈچۈن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ؟ سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىڭ ساڭا ياخشى ئۈلگىدۇر. ئۇلارمۇ ئىنكار قىلىنغان، ئەزىيەت تارتقان ۋە ئۇلارغا سەۋر قىلغان، ئاخىرىدا ئۇلارغا غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ ياردىمى كەلگەن.

## قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، ھېچ بىر كىشىنىڭ مەزمۇن ۋە سۆز ـ ئىبارىلىرى جەھەتتە قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئون سۈرىنى ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش پەقەت بىر سۈرىنى كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلار الله تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، خۇددى الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشاپ قالمىغىنىدەك، مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالانىڭ زاتىغىمۇ ھېچ نەرسە ئوخشىمايدۇ. الله يۈكسەكتۇر، ئۇلۇغدۇر. بارلىق نوقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ ۋە تەربىيىچى يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا﴾** ئەگەر ئۇلار سىلەر چاقىرغان نەرسىگە قارشى تۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كېلەلمىسە، بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇنداق قىلىشتىن ئاجىزدۇر. بۇ قۇرئان الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ الله تائالانىڭ ئىلمىنى ئەمر ـ پەرمانىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **﴿الله دىن باشقا**

(1) فۇرقان سۈرىسى 7 ـــ 8 ـ ئايەتلەر.
(2) ھىجىر سۈرىسى 97 ـــ 99 ـ ئايەتلەر.

ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (الله غا) بويسۇنامسىلەر؟﴾

* * * * * * *

مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَٰلَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ ﴿١٥﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِى ٱلْءَاخِرَةِ إِلَّا ٱلنَّارُ ۖ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا۟ فِيهَا وَبَٰطِلٌ مَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٦﴾

(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ﴿15﴾. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴿16﴾.

## دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلىگەن كىشىگە ئاخىرەتتە ھېچ قانداق نېسىۋە يوقلۇقى

ئەۋفىي بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، رىياخورلارغا ياخشىلىقلىرى بۇ دۇنيادىلا بېرىلىدۇ. ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. كىمكى، پەقەت مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ روزا تۇتۇش ياكى ناماز ئوقۇش ۋە ياكى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا ئوخشاش بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا دۇنيادا كۆزلىگەن نەرسىسىنى تولۇق بېرىمەن، ئۇنىڭ مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ قىلغان ئەمەلى بىكار قىلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ.

مۇجاھىد، زەھھاك ۋە باشقا بىر قانچە كىشىلەردىنمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىندى. ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە ھەسەن: بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار ھەققىدە چۈشتى،ـ دېگەن. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: كىمنىڭ نىيىتى، مەقستى ۋە تەلىۋى مال ـ دۇنيا توپلاش بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى دۇنيادىلا بېرىدۇ. ئاندىن ئاخىرەتكە قۇرۇق قول قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىلگىنىدەك، بىرەر ياخشىلىق بولمايدۇ. مۆمىن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا دۇنيادا مۇكاپات ، ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى

پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾[1]، ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾[2].

* * * * * * *

أَفَمَن كَانَ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّهِۦ وَيَتْلُوهُ شَاهِدٌ مِّنْهُ وَمِن قَبْلِهِۦ كِتَٰبُ مُوسَىٰٓ إِمَامًا وَرَحْمَةً ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۚ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ مِنَ ٱلْأَحْزَابِ فَٱلنَّارُ مَوْعِدُهُۥ ۚ فَلَا تَكُ فِى مِرْيَةٍ مِّنْهُ ۚ إِنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٧﴾

پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل (يەنى قۇرئان) غا ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ھاياتىي دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا الله تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ، قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇساغا نازىل قىلىنغان كىتاب (يەنى تەۋرات) (ئىسرائىل ئەۋلادىغا) يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ (نازىل قىلىندى)، ئەنە شۇنداق كىشىلەر قۇرئانغا (ھەقىقىي) ئىشىنىدۇ (كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر، قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ﴿17﴾.

## پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىلگە ئاساسلانغان ئادەمنىڭ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار الله تائالا بەندىلىرىنى ياراتقان توغرا دىن ئۈستىدە بولۇپ، الله تائالانى الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ تونۇيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يېڭى تۇغۇلغان ھەر قانداق بوۋاق ئىسلام دىنى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان ۋەياكى ئوتپەرەس قىلىپ چوڭ قىلىدۇ. بۇ خۇددى بىر ھايۋان بالىسىنى قۇلاق، بۇرۇنلىرى ساق ھالەتتە تۇغقىنىغا ئوخشاشتۇر. سىلەر شۇ ھايۋان بالىسىنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرى كېسىلگەن ھالەتتە تۇغۇلىدۇ دەپ

(1) ئىسرا سۈرىسى 18 ــ 21 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(3) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېس قىلامسىلەر؟»

ئىمام مۇسلىم ئەياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا: شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن بەندىلىرىمنى توغرا دىن ئۈستىدە ياراتتىم. ئاندىن ئۇلارغا شەيتانلار كېلىپ (ئۇلارنى) دىنىدىن ئازدۇردى. ئۇلارغا مەن ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئۇلارغا مەن ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ماڭا شېرىك قىلىشقا بۇيرىدى» . مۆمىن ئادەم بۇ دىن ئۈستىدە قالغۇچىدۇر.

﴿**ئۇنىڭغا اللە تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ**﴾ يەنى اللە تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھچى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام اللە تائالا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن تاماملىنىدىغان پاك، مۇكەممەل ۋە بۈيۈك شەرىئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كېلىدۇ. مۆمىن ئادەمدە شەرىئەتنى تونۇيدىغان تەبىئەت بولىدۇ. ئۇ تەپسىلاتىنى شەرىئەتتىن ئۆگىنىدۇ. تەبىئىتى ئۆگەنگەنلىرىنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن روشەن دەلىل (يەنى قۇرئان) غا ئاساسلانغان ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) (ھاياتى دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاشمۇ؟). ئۇنىڭغا اللە تەرىپىدىن كەلگەن گۇۋاھلىق بەرگۈچى (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىدۇ**﴾ يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە يەتكۈزىدۇ.

﴿**قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇساغا نازىل قىلىنغان كىتاب (يەنى تەۋرات) (ئىسرائىل ئەۋلادىغا) يېتەكچى ۋە رەھمەت قىلىپ (نازىل قىلىندى)**﴾ يەنى اللە تائالا تەۋراتنى ئەنە شۇ ئۈممەتكە (ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان) يېتەكچى ۋە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن نازىل قىلدى. تەۋرات اللە تەرىپىدىن ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن رەھمەتتۇر. كىمكى تەۋراتقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىمانى ئۇنى قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇنداق كىشىلەر (ھەقىقىي) ئىشىنىدۇ**﴾.

ئاندىن اللە تائالا قۇرئاننى ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلغان كىشىنى قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر**﴾ يەنى زېمىن ئەھلىدىن مەيلى مۇشرىكلار، كاپىرلار، ئەھلى كىتابلار بولسۇن ياكى ئادەم ئەۋلادىدىن مەيلى ھەرخىل ئىرق، چىراي ۋە شەكىلگە مەنسۇپ باشقا گۇرۇھتىكى كىشىلەر بولسۇن، قۇرئان يەتكەن كىشىلەردىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

اللە تائالا قۇرئاننى پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتەكچى قىلىپ نازىل قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن

(1) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[1].

﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾ ئىمام مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇممەتتىن مەيلى يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان بولسۇن، بىرەر كىشى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئاڭلاپ ئاندىن ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ».

## ھەر بىر ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ قۇرئاندا تېپىلىدىغانلىقى

ئەييۇب سەختىيانى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرەر ھەدىسنى ئاڭلىسام، قۇرئاندىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ياكى ئۇنى تەستىقلىغانلىقىنى تاپاتتىم. ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ ئۇممەتتىن مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىئان بولسۇن، ھەر قانداق كىشى مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئاڭلاپ، ئاندىن ماڭا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەنلىكى يەتتى.

ئاندىن مەن: ئۇ ھەدىسنىڭ قۇرئاندىكى مەزمۇنى قەيەردىدۇ؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسنىڭ تەستىقىنى قۇرئاندا تاپاتتىم، ـ دەپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئاخىرى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بۇ ئايەتتە تاپتىم: ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى، قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾ بۇ ئايەت پۈتۈن مىللەتلەردىن قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿قۇرئانغا شەك كەلتۈرمىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر﴾ يەنى قۇرئان الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچ شەك ـ شۈبھە يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر﴾[2]، ﴿بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾[3].

﴿لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (قۇرئاننىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[4]، ﴿ئەگەر سەن يەر ـ يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن

(1) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سەجدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
(4) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

ئازدۇرىدۇ﴾[1]، ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۆمىنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى﴾[2].

* * * * * * *

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَىٰ رَبِّهِمْ وَيَقُولُ ٱلْأَشْهَٰدُ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ أَلَا لَعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٨﴾ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا وَهُم بِٱلْءَاخِرَةِ هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿١٩﴾ أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا۟ بِعَشْرِ سُوَرٍ مِّثْلِهِۦ مُفْتَرَيَٰتٍ وَٱدْعُوا۟ مَنِ ٱسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿١٣﴾ فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُوا۟ لَكُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَآ أُنزِلَ بِعِلْمِ ٱللَّهِ وَأَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ فَهَلْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٤﴾ مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا وَزِينَتَهَا ﴿٢٢﴾

(**الله** نىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دەپ) **الله** غا يالغاننى چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئەنە شۇلار (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىغا توغرىلىنىدۇ، گۇۋاھچىلار: «بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر» دەيدۇ. راستلا **الله** نىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى **الله** زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴿18﴾. ئۇلار (كىشىلەرنى) **الله** نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، **الله** نىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر﴿19﴾. ئەنە شۇلار زېمىندا **الله** نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا **الله** دىن باشقا (ئىگە بولىدىغان) ياردەمچىلەرمۇ بولمايدۇ، ئۇلار قاتمۇ قات ئازابقا دۇچار بولىدۇ، (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ﴿20﴾. ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى﴿21﴾. شەك يوقكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿22﴾.

## الله تائالاغا يالغاننى چاپلىغۇچىلار ۋە الله نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارنىڭ ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ئىكەنلىكى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە **الله** تائالاغا يالغاننى چاپلىغۇچىلارنىڭ ھالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە پەرىشتىلەر، ئەلچىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە باشقا پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار ئالدىدا رەسۋا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد سەفۋان ئىبنى مىھرەزنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتاتتىم، تۇساتتىنلا بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى پىچىرلاش توغرىسىدا نېمە دېگەنلىكىنى

(1) ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سەبە سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

ئاڭلىدىڭ؟ ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، غالىب ۋە بۈيۈك **اللّٰه** مۆمىنگە يېقىنلىشىدۇ ـ دە، رەھمىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ. ئۇنى گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ: پالان گۇناھىڭنى، پالان گۇناھىڭنى، پالان گۇناھىڭنى تونۇمسەن؟ ـ دەيدۇ. مۆمىن ئۇ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، كۆڭلىدە ئەمدى تۈگەشتىمغۇ دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، **اللّٰه** ئۇنىڭغا: مەن ھەقىقەتەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چېغىڭدا يوشۇردۇم، بۈگۈنمۇ ھەقىقەتەن ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن ـ دەيدۇ» . ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللىرى يېزىلغان دەپتىرى بېرىلىدۇ. ئەمما گۇۋاھچىلار كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارغا: ﴿«بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر»﴾ دەيدۇ. راستىنلا **اللّٰه** تائالانىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ. ﴿(يەنى **اللّٰه** زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴾ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇلار (كىشىلەرنى) اللّٰه نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، اللّٰه نىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلار كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن، غالىب ۋە بۈيۈك **اللّٰه** تائالاغا يەتكۈزىدىغان ھىدايەت يولىغا مېڭىشتىن توسىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى جەننەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ يوللىرىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى بولۇشىنى كۆزلەيدۇ.

﴿**ئۇلار ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى قىيامەتتىن تېنىپ، ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى يالغانغا چىقارغۇچىلاردۇر. ﴿**ئەنە شۇلار زېمىندا اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئۇلارغا اللّٰه دىن باشقا (ئىگە بولىدىغان) ياردەمچىلەر بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار **اللّٰه** تائالانىڭ غەزىپى ۋە قەھرى ئاستىدىدۇر. **اللّٰه** تائالانىڭ چاڭگىلى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئىچىدىدۇر.

**اللّٰه** ئۇلاردىن قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى، دۇنيادىكى چاغدىلا ئىنتىقام ئېلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. لېكىن: ﴿**اللّٰه** ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈنىنىڭ رەھمىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **اللّٰه** زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇنى تۇتقان چاغدا ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ» . شۇڭا **اللّٰه** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار قاتمۇقات ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار (ھەقنى) ئاڭلاشقا ۋە (ھەقنى) كۆرۈشكە قادىر بولالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەسسىلەپ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، **اللّٰه** تائالا ئۇلارغا قۇلاق، كۆز ۋە دىللارنى بەردى. بىراق ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە دىللىرى ئۇلارغا ئەسقاتمىدى. بەلكى ئۇلار ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن كور ئىدى. **اللّٰه** تائالا ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرگەن چاغدىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ﴾[2]، ﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) **اللّٰه** نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇلك سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بۇيرۇلۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنى تەرك ئەتكەن ھەر بىر ئىشى ئۈچۈن ۋە چەكلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى قىلغان ھەر بىر گۇناھ ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالدى، چۈنكى ئۇلار ھارارەتلىك دوزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدا ئازابلىنىدۇ، ئازاب ئۇلاردىن بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴾[2].

﴿**ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇتلىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى**﴾ يەنى الله تائالانى قويۇپ، ئويدۇرۇپ چىقارغان شېرىكلىرى ۋە بۇتلىرى ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئەسقاتماي كېتىپ قالىدۇ. بەلكى ئۇلارغا ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيان سالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[3]، ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ﴾[4] ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى ۋە ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شەك يوقكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئاخىرەت يۇرتىدا ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ئەڭ چوڭقۇر دوزاخلارغا تېگىشتى. جەننەتلەرنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىنى دوزاخنىڭ قايناقسۈيىگە، ئېغىزى پېچەتلەنگەن ساپ شارابنى دوزاخنىڭ ئاتەشلىك شامىلىغا، يۇقىرى دەرىجىلىك قايناقسۇغا ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سايىگە تېگەشتى، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى يىرىڭدىن بولغان تائامغا، جەننەتنىڭ ئالىي قەسىرلىرىنى دوزاخنىڭ قىززىق ئوتىغا، ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالاغا يېقىنلىشىشنى ۋە ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى الله تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازاب ئوقۇبىتىگە يولۇقۇشقا ئالماشتۇردى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاخىرەتتە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردىندۇر.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَأَخْبَتُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّهِمْ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٣﴾ ۞ مَثَلُ ٱلْفَرِيقَيْنِ كَٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْأَصَمِّ وَٱلْبَصِيرِ وَٱلسَّمِيعِ ۚ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلًا ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾

(1) نەھل سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 166 ـ ئايەت.

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿23﴾. (كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟﴿24﴾

## ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات توغرىسىدا

الله تائالا بەختسىز كىشىلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بەختلىك كىشىلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلدى. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرى ئىمان ئېيتىدۇ. ئەزالىرى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت مەيلى سۆز بولسۇن، مەيلى ئىش ـ ھەرىكەت بولسۇن، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا بۇلار بىلەنلا ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلەرنى، رەت ـ رەت قويۇلغان تەختلەرنى، قولنى سۇنۇپ خالىغانچە ئۈزۈپ يېگىلى بولىدىغان مېۋىلەرنى، ئېگىز سېلىنغان تۆشەكلەرنى، چىرايلىق خوتۇنلارنى، خىلمۇ خىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى، ئىشتىھانى ئاچىدىغان يېمەكلىكلەرنى ۋە لەززەتلىك شارابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەننەتلەرگە ۋارىس بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇ نازۇ ـ نېمەت ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلار جەننەتتە ئۆلمەيدۇ، قېرىمايدۇ، كېسەل بولمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت ئىپارنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش تەر چىقىدۇ.

## مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ مىسالى

ئاندىن الله تائالا كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنىڭ مىسالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار﴾ يەنى الله تائالا دەسلەپكى پىرقىنى بەختسىزلەر، مۆمىنلەرنى بەختلىكلەر دەپ سۈپەتلىدى.

كاپىرلار ﴿ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ﴾ مۆمىنلەر كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. كاپىرلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر. ئۇلار ياخشىلىق تەرىپىگە يول تاپالمايدۇ ۋە ئۇنى تونۇيالمايدۇ. دەلىل ـ پاكىتلارنى ئاڭلاشتىن گاستۇر، ئۇلار ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ. ﴿ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴾[1].

مۆمىن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ ھۇشيار، زېرەك ۋە ئەقىللىقتۇر، ئۇ ھەقنى كۆرىدۇ. ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالايدۇ. ياخشىلىقتا ئەگىشىپ يامانلىقنى تەرك ئېتىدۇ. دەلىل ـ پاكىتلارنى



(1) ئەنفال سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ئاڭلايدۇ. دەلىل ـ پاكىت بىلەن شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. باتىل ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈستۈنلۈكتە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى مۆمىن بىلەن كاپىر باراۋەر بولامدۇ؟

﴿**ئىبرەت ئالامسىلەر؟**﴾ يەنى ئىبرەت ئېلىپ، ئەنە شۇ كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پەرق ئەتمەمسىلەر؟ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1]، ﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، **الله** (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن. سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن. ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[2].

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦٓ إِنِّى لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٢٥﴾ أَن لَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ أَلِيمٍ ﴿٢٦﴾ فَقَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ مَا نَرَىٰكَ إِلَّا بَشَرًا مِّثْلَنَا وَمَا نَرَىٰكَ ٱتَّبَعَكَ إِلَّا ٱلَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا بَادِىَ ٱلرَّأْىِ وَمَا نَرَىٰ لَكُمْ عَلَيْنَا مِن فَضْلٍۭ بَلْ نَظُنُّكُمْ كَٰذِبِينَ ﴿٢٧﴾

شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴿25﴾. بىر **الله** دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى﴿26﴾. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى﴿27﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلاردىن ئىبارەت زېمىن ئەھلىگە **الله** تائالا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتكەن تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ﴿**ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن**﴾ يەنى ئەگەر سىلەر **الله** تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلساڭلار، مەن سىلەرنى **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن ئاشكارا

(1) ھەشر سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 19ـــ 24 ـ ئايەت.

ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ،ئۇ مۇنداق دېدى: **﴿بىر الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن﴾** يەنى ئەگەر سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرساڭلار، الله سىلەرنى ئاخىرەت يۇرتىدا دەرتلىك ۋە ئەلەملىك قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ.

**﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن»﴾** يەنى پەرىشتە ئەمەس، ئىنسانسەن. بىز تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ساڭا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ۋەھيي چۈشىدۇ؟

**﴿بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن﴾** يەنى ساڭا نادان، دۆت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئەگەشكەن. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن يۈز ـ ئابرويلۇق ۋە ئەمەلدارلار ساڭا ئەگەشمىگەن. ساڭا ئەگەشكەن كىشىلەر پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، پىكىر قىلىش ۋە يىراقنى نەزەر سېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇلار پەقەت سېنىڭ مۇنداقلا دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ئاۋاز قوشقان ۋە ساڭا ئەگەشكەن.

**﴿بىزنىڭچە ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن، بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچ قانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق﴾** يەنى بىزچە سىلەرنىڭ بىزدىن مەيلى ئەخلاقتا، يارىتىلىشتا ياكى بۇ دىنىڭلارغا كىرگەندىن كېيىنكى ھالىتىڭلاردا بولسۇن، ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق.

**﴿«بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز» دېدى﴾** يەنى سىلەر ئېيتقان ياخشى ئىشلار، ياخشى ئەمەللەر، ئىبادەتلەر ۋە سىلەر ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇ يەردە ئېرىشىدىغان بەخت ـ سائادەت قاتارلىقلارنى يالغان دەپ ئويلايمىز. مانا بۇ، كاپىرلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە بىلدۈرگەن ئېتىرازىدۇر.

بۇ ئۇلارنىڭ نەقەدەر نادان، بىلىمسىز ۋە ئەقىلسىز ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن بولۇشى ھەقىقەتنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتكە مەيلى يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلەر ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئەگەشسۇن، ئۇ بەرىبىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ پەرقلەر ئۇنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ھەقىقەتتە ھېچ قانداق شەك يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئەنە شۇ كىشىلەر شەرەپلىك كىشىلەردۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى رەت قىلغانلار ئابرويلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەنە شۇلار پەسكەش كىشىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچە ئەھۋالدا ھەقىقەتكە ئەگىشىدىغانلار تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەردۇر. ھەقىقەتكە قارشى چىقىدىغانلار يۈز ـ ئابرويلۇق ۋە ئەمەلدار كىشىلەردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴾[1].

رۇم پادىشاھى ھىرەقلى ئەبۇسۇفياندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە سورىغاندا: ئۇنىڭغا يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئەگەشتىمۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئەگەشتىمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان: «ئۇنىڭغا تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئەگەشتى، ـ دېدى. شۇ چاغدا ھىرەقلى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى.

ئۇلارنىڭ: ﴿**يەڭگىللىك بىلەن**﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆكۈش ۋە ئەيىبلەش ئەمەس. چۈنكى ھەق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان چاغدا، ئۇ ھەقتە ھېچ قانداق ئويلىنىشقا ۋە پىكىر قىلىشقا ئورۇن يوق بولۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەگىشىش كېرەك. بۇ ھالەت ھەر قانداق زېرەك ۋە ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن ئورتاقتۇر. مۇنداق ئورۇندا پەقەت دۆت ياكى گاللۇاڭ كىشىلا ئويلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) ھەقىقەتەن ئوچۇق ـ ئاشكارا پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى.

﴿**بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق**﴾ ئۇلار ئارىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر. ئۇلار ھەقنى ئاڭلىيالمايدۇ ۋە كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار گۇمان ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ. نادانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. ئۇلار ئويدۇرمىچى، يالغانچى، كەم ئەقىل ۋە پەسكەش كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

*******

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَءَاتَىٰنِي رَحۡمَةٗ مِّنۡ عِندِهِۦ فَعُمِّيَتۡ عَلَيۡكُمۡ أَنُلۡزِمُكُمُوهَا وَأَنتُمۡ لَهَا كَٰرِهُونَ ﴿٢٨﴾

نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم، ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىگە (يەنى پەيغەمبەرلىككە) سازاۋەر بولغان بولسام، ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا، سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا سىلەرنى مەجبۇرلامدۇق؟﴿28﴾

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى

الله تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە (بۇ ھەقتە) بەرگەن جاۋابىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان (دەۋىتىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام**﴾ يەنى ئىشەنچلىك پاكىت، ئوچۇق دەلىل ۋە الله تەرىپىدىن ماڭا ۋە سىلەرگە بېرىلگەن كاتتا رەھمەتتىن ئىبارەت راست پەيغەمبەرلىككە

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ئاساسلانسام، ﴿ئۇ دەلىل سىلەر ئۈچۈن مەخپىي بولسا﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭدىن ھىدايەت تاپالمىساڭلار ۋە ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەلمىسەڭلار، بەلكى ئۇنى يالغانغا چىقىرىشقا ۋە رەت قىلىشقا ئالدىرىساڭلار، **﴿سىلەر ئۇنى يامان كۆرسەڭلار، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا سىلەرنى مەجبۇرلامدۇق؟﴾**

* * * * * * *

وَيَٰقَوۡمِ لَآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ مَالًاۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۚ إِنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ
وَلَٰكِنِّيٓ أَرَىٰكُمۡ قَوۡمًا تَجۡهَلُونَ ﴿٢٩﴾ وَيَٰقَوۡمِ مَن يَنصُرُنِي مِنَ ٱللَّهِ إِن طَرَدتُّهُمۡۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣٠﴾

ئى قەۋمىم! سىلەرگە (دىنىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەردىن پۇل ـ مال تەلەپ قىلمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت **الله** ئۆز ئۈستىگە ئالغان، مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن، (چۈنكى) ئۇلار، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدۇ، لېكىن مەن سىلەرنى نادان قەۋم كۆرىمەن﴿29﴾. ئى قەۋمىم! ئەگەر مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتسەم، **الله** نىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ ئويلىنىپ باقمامسىلەر؟﴿30﴾

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەجرىگە سىلەردىن پۇل مال تىلەپ قىلمايمەن. مەن ئەجرىنى پەقەت غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالادىنلا تەلەپ قىلىمەن. **﴿مەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى (يېنىمدىن) قوغلىۋەتمەيمەن﴾** بۇ ئايەتتىن ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن نومۇس قىلىپ ۋە سەسكىنىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن مۆمىنلەرنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا ئوخشاش بەتبەختلەرمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بىر تۈركۈم ئاجىز مۇسۇلمانلارنى يېنىدىن قوغلىۋېتىشنى ۋە ئۆزلىرى بىلەن خاس سورۇندا ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

﴿**الله** نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ: «**الله** ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي ـ چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). **الله** شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى **الله** ھىدايەت قىلىدۇ)﴾[2].

* * * * * * *

وَلَآ أَقُولُ لَكُمۡ عِندِي خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ وَلَآ أَقُولُ إِنِّي مَلَكٞ وَلَآ أَقُولُ لِلَّذِينَ تَزۡدَرِيٓ
أَعۡيُنُكُمۡ لَن يُؤۡتِيَهُمُ ٱللَّهُ خَيۡرًاۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا فِيٓ أَنفُسِهِمۡ إِنِّيٓ إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣١﴾

(1) ئەنئام سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

مەن سىلەرگە، مەندە **اللە** نىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، غەيبنى بىلمەن دېمەيمەن، مەن ئەلۋەتتە (ئۆزەمنى) پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن ھەمدە سىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەرنى **اللە** ئۇلارغا ياخشىلىق بەرمەيدۇ دېمەيمەن، **اللە** ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، بولمىسا مەن چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمەن»﴿31﴾.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتتە ئۇلارغا ئۆزىنى **اللە** تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز **اللە** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا (**اللە** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن) دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى، قىلغان دەۋىتى ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇ مەيلى يۇز - ئابرويلۇق كىشى بولسۇن ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشى بولسۇن، ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ كىشىنى دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى، كىم دەۋەتنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

يەنە ئۆزىنىڭ **اللە** تائالانىڭ خەزىنىلىرىنى سەرپ قىلىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى، غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت **اللە** تائالا بىلدۈرگەن نەرسىنىلا بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەرىشتە ئەمەس بەلكى ئىنسان بولۇپ، مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

(نۇھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ): سىلەر كەمسىتىۋاتقان، كۆزگە ئىلمايۋاتقان ئەنە شۇ كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا **اللە** تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلمەيدۇ، - دېمەيمەن. ﴿**اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى ئوبدان بىلىدۇ**﴾ ئەگەر ئۇلار تاشقى كۆرۈنۈشىدە مۆمىن بولغىنىدەك، قەلبىدىمۇ مۆمىن بولسا، ئۇلار ياخشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇلارغا ھەر قانداق بىر ئادەم يامانلىق بىلەن كەسكىن ھۆكۈم چىقارسا، ئۇ چوقۇم ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىدە ھۆكۈم چىقارغان زالىملاردىن بولغان بولىدۇ.

* * * * * * *

قَالُوا۟ يَـٰنُوحُ قَدْ جَـٰدَلْتَنَا فَأَكْثَرْتَ جِدَٰلَنَا فَأْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿٣٢﴾
قَالَ إِنَّمَا يَأْتِيكُم بِهِ ٱللَّهُ إِن شَآءَ وَمَآ أَنتُم بِمُعْجِزِينَ ﴿٣٣﴾ وَلَا يَنفَعُكُمْ نُصْحِىٓ إِنْ أَرَدتُّ أَنْ أَنصَحَ
لَكُمْ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يُغْوِيَكُمْ ۚ هُوَ رَبُّكُمْ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٣٤﴾



ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ. ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى﴿32﴾. نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا پەقەت **اللە** لا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر﴿33﴾. مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، **اللە** سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ، **اللە** سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەر **اللە** نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر»﴿34﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئازابنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب

الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ الله تائالانىڭ غەزىپىنى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى نۇھنىڭ قەۋمى): «ئى نۇھ! بىز بىلەن مۇنازىرىلەشتىڭ، ناھايىتى كۆپ مۇنازىرىلەشتىڭ**﴾ بىز ساڭا ئەگەشمەيمىز، ﴿**ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى چۈشۈرۈپ باققىن» دېدى**﴾ يەنى بىزگە خالىغان نەرسە بىلەن بەددۇئا قىلغىن. بىزگە سەن دۇئا قىلغان ئازاب چۈشسۇن، ـ دېدى.

﴿**نۇھ ئېيتتى: «ئۇنى (يەنى ئازابنى) ئەگەر خالىسا پەقەت الله لا چۈشۈرەلەيدۇ، سىلەر ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر**﴾ يەنى سىلەرنى جازالايدىغان، سىلەرگە ئازابنى تېزلىتىدىغان زات پەقەت الله تائالادۇر. الله تائالادىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

﴿**مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، الله سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ**﴾ يەنى الله سىلەرنى ئازدۇرماقچى ۋە ھالاك قىلماقچى بولسا، مېنىڭ سىلەرگە تەبلىغ قىلغانلىقىم ۋە سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغانلىقىم ۋە سىلەرگە نەسىھەت قىلغانلىقىم ھېچ قانداق پايدا بەرمەيدۇ.

﴿**الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر»**﴾ يەنى الله تائالا ھەممە ئىشلارنى تىزگىنلىگۈچى پادىشاھتۇر. خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. الله ھېچقانداق زۇلۇم قىلمايدۇ. ھەممە نەرسىنى الله تائالا ياراتتى. ھەممە ئىش الله تائالاغا تەئەللۇقتۇر. ئۇ مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە يوقلۇقتىن ياراتتى ۋە ئۇلارنى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر.

* * * * * * *

أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَعَلَىَّ إِجْرَامِى وَأَنَا۠ بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُجْرِمُونَ ﴿٣٥﴾

ياكى ئۇلار (يەنى قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى) قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى ئىجاد قىلدى دېيىشەمدۇ؟ «ئەگەر ئۇنى مەن ئىجاد قىلغان بولسام، ئۆز گۇناھىمغا ئۆزەم مەسئۇل، مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن» دېگىن﴿35﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

بۇ بايان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ ئارىسىغا، بۇ قىسسىنى تەكىتلىگەن ۋە مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئاساستا قىستۇرۇپ ئۆتۈلگەندۇر. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ھەقنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان دېيىشەمدۇ؟

﴿«ئەگەر ئۇنى مەن ئىجاد قىلغان بولسام، ئۆز گۇناھىمغا ئۆزەم مەسئۇل، مەن سىلەرنىڭ **گۇناھىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن» دېگىن**﴾ يەنى قۇرئان توقۇلغان ئەمەس، چۈنكى مەن **اللە** تائالاغا يالغان چاپلىغان كىشىنىڭ **اللە** تائالانىڭ دەرگاھىدا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

* * * * * * *

وَأُوحِيَ إِلَىٰ نُوحٍ أَنَّهُۥ لَن يُؤْمِنَ مِن قَوْمِكَ إِلَّا مَن قَدْ ءَامَنَ فَلَا تَبْتَئِسْ بِمَا كَانُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾
وَٱصْنَعِ ٱلْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا وَلَا تُخَٰطِبْنِى فِى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ ۚ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ﴿٣٧﴾ وَيَٰقَوْمِ لَآ
أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ مَالًا ۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَمَآ أَنَا۠ بِطَارِدِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ ۚ إِنَّهُم مُّلَٰقُوا۟ رَبِّهِمْ وَلَٰكِنِّىٓ
أَرَىٰكُمْ قَوْمًا تَجْهَلُونَ ﴿٢٩﴾ وَيَٰقَوْمِ مَن يَنصُرُنِى مِنَ ٱللَّهِ ﴿٣٩﴾

نۇھقا (مۇنداق) ۋەھيى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن﴿36﴾. بىزنىڭ كۆز ئوڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ»﴿37﴾. نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى، نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز﴿38﴾. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش) نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (يەنى جەھەننەم ئازابى) نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر»﴿39﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھيي قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى

**اللە** تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ قەۋمى ئالدىرىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەتدۇئا قىلغان ئىدى. **اللە** تائالا ئۇنىڭ بەتدۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾[1]، ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى﴾[2].

شۇ چاغدا، **اللە** تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيي قىلدى: ﴿**قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلارغا قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ھەرگىز پەرۋا قىلمىغىن. ﴿**بىزنىڭ كۆز ئوڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن**﴾ يەنى بىزنىڭ

(1) نۇھ سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئۆگەتكىنىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن. ﴿**(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىغا) غەرق قىلىنىدۇ**﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق تەۋراتتىن[1] نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى چىنار ياغىچىدىن كېمە ياساشقا، كېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 80 گەز، كەڭلىكىنى 50 گەز قىلىشقا، كېمىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى قارىماي بىلەن مايلاشقا، سۇنى يېرىپ مېڭىشى ئۈچۈن كېمىنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچ قىرلىق شەكىلدە ياساشقا بۇيرۇدى. كېمىنىڭ ئېگىزلىكى 30 گەز بولۇپ، ئۈچ قەۋەت قىلىپ ياسالغان ئىدى. ھەر بىر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 10 گەز كېلەتتى. ئاستىقى قەۋىتى چارۋا ـ ماللار ۋە ياۋايى ھايۋانلار ئۈچۈن، ئوتتۇرا قەۋىتى ئىنسانلار ئۈچۈن، ئۈستۈنكى قەۋىتى ئۇچار قۇشلار ئۈچۈن ياسالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىكى يان تەرەپتە بولۇپ، ئىشىكنىڭ قاپقىقى ئۈستى تەرەپتىن چۈشۈرۈلۈپ تاقىلاتتى.

﴿**نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى**﴾ يەنى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قورقۇتقان (غەرق بولۇشتىن ئىبارەت) ئازابنى ئىنكار قىلدى.

﴿**نۇھ ئېيتتى: «ئەگەر سىلەر (بۈگۈن) بىزنى مەسخىرە قىلساڭلار (كېلەچەكتە سىلەر غەرق قىلىنغاندا)، سىلەر بىزنى مەسخىرە قىلغاندەك بىزمۇ سىلەرنى چوقۇم مەسخىرە قىلىمىز. خار قىلغۇچى ئازاب (يەنى توپان بالاسى بىلەن غەرق بولۇش) نىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغانلىقىنى، دائىمىي ئازاب (يەنى جەھەننەم ئازابى) نىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى كېلەچەكتە بىلىسىلەر»**﴾ بۇ ئايەت كاپىرلارغا قىلىنغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

* * * * * * *

حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَمۡرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ قُلۡنَا ٱحۡمِلۡ فِيهَا مِن كُلّٖ زَوۡجَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَأَهۡلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيۡهِ ٱلۡقَوۡلُ
وَمَنۡ ءَامَنَۚ وَمَآ ءَامَنَ مَعَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلٞ ﴿٤٠﴾

(توپان بالاسى توغرىسىدىكى) بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا: «كېمىگە ھايۋاناتلاردىن (ئەركەك چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴿40﴾.

## توپان بالاسىنىڭ باشلىنىشى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىگە ھەرخىل ھايۋاندىن بىر جۈپتىن سېلىشى

توختىماي ۋە ئۈزۈلمەي، شىددەت بىلەن قۇيۇلۇپ ياغىدىغان قاتتىق يامغۇردىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ئەمرى كەلگەن چاغ دەل الله تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەدىسىنىڭ

(1) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتاب.

يېتىپ كەلگەن پەيتىدۇر. يامغۇرنىڭ قاتتىق ياغىدىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، (الله تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىش) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى (بىر ـ بىرىگە) قوشۇلدى. نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق)﴾[1].

**﴿ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا﴾** يەنى يەر يۈزى بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىدىغان بۇلاقلارغا ئايلىنىدۇ. ھەتتا ئوت كۆيىدىغان تونۇرلاردىنمۇ سۇ بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ، كۆپ ساندىكى سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

شۇ چاغدا الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى كېمىگە ھەر خىل جانلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىدىن بىر جۈپتىن سېلىشقا بۇيرۇيدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ ئەركەك ـ چىشىسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان دەيدۇ. يەنى بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە ئەڭ دەسلەپتە ئۇچار ـ قۇشلاردىن شاتۇتنى، ئەڭ ئاخىرىدا ھايۋاناتلاردىن ئېشەكنى چىقاردى. ئىبلىس شەيتان ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالدى. ئېشەك كېمىگە چىقىشقا تەمشەلگەندە، ئىبلىس شەيتان ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى چىققىلى قويمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئېشەككە: ساڭا ۋاي! نېمە بولدى؟ كېمىگە چىققىن، ـ دېدى. ئېشەك چىقىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ چىقالمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام: سەن بىلەن ئىبلىس بىللە بولسىمۇ چىققىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئېشەك بىلەن شەيتان كېمىگە بىرلىكتە چىقتى.

**﴿ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ـ ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن» دېدۇق﴾** يەنى كېمىگە ئائىلەڭدىكىلەرنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى ۋە قەۋمىڭدىن ئىمان ئېيتقانلارنى سالغىن. ئائىلەڭدىكىلەردىن الله تائالاغا ئىمان ئېيتمىغان، ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنى كېمىگە سالمىغىن. كېمىگە سېلىنمىغانلارنىڭ ئىچىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يام ۋە (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئايالى بار ئىدى. ئۇ ئايال الله تائالاغا ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا كاپىر بولغان ئىدى.

**﴿ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنا كىشىلەر ئىمان ئېيتتى﴾** يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەللىك يىل كەم مىڭ يىل (950 يىل) تۇرۇپ شۇنچە ئۇزۇن دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئازغىنە كىشىلا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىمان ئېيتقانلار (ئاياللار بىلەن قوشۇلۇپ) 80 كىشى ئىدى.

* * * * * * *

﴿وَقَالَ ٱرْكَبُواْ فِيهَا بِسْمِ ٱللَّهِ مَجْرٜىٰهَا وَمُرْسَىٰهَآ ۚ إِنَّ رَبِّى لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٤١﴾ وَهِىَ تَجْرِى بِهِمْ فِى مَوْجٍ

(1) قەمەر سۈرىسى 11 ـــــ 14 ـ ئايەتلەر.

كَٱلْجِبَالِ وَنَادَىٰ نُوحٌ ٱبْنَهُۥ وَكَانَ فِى مَعْزِلٍ يَـٰبُنَىَّ ٱرْكَب مَّعَنَا وَلَا تَكُن مَّعَ ٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿٤٢﴾
قَالَ سَـَٔاوِىٓ إِلَىٰ جَبَلٍ يَعْصِمُنِى مِنَ ٱلْمَآءِ قَالَ لَا عَاصِمَ ٱلْيَوْمَ مِنْ أَمْرِ ٱللَّهِ إِلَّا مَن رَّحِمَ وَحَالَ
بَيْنَهُمَا ٱلْمَوْجُ فَكَانَ مِنَ ٱلْمُغْرَقِينَ ﴿٤٣﴾

نۇھ (ئىمان ئېيتقان تەۋەلىرىگە) ئېيتتى: «كېمىگە چىقىڭلار، كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەندۇر، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴿41﴾. كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى، نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى﴿42﴾. ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى. نۇھ: «بۈگۈن ﷲ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى ـ دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى﴿43﴾.

## كېمىگە چىقىش ۋە كېمىنىڭ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە مېڭىشى

ﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن بىللە كېمىگە ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇلغان كىشىلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿**كېمىگە چىقىڭلار كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە توختىشى ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەندۇر**﴾ يەنى كېمىنىڭ سۇ يۈزىدە مېڭىشى ﷲ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا توختىشىمۇ ﷲ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ﷲ غا خاستۇر» دېگىن. ھەمدە: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن﴾[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېمىگە چىقىش، ئات ـ ئۇلاغقا مىنىش ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىغا چىقىشقا باشلىغاندا ﷲ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاش مۇستەھەبتۇر (يەنى ئىسلامدا ياخشى دەپ قارالغان ئىشتۇر).

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر﴾[2].

شۇنداق قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەرمۇ رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنىڭ تەپسىلاتى (ﷲ خالىسا) زۇخرۇف سۈرىسىدە بايان قىلىنىدۇ. ﴿**مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە**

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 28 ــــ 29 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 12 ــــ 14 ـ ئايەتلەر.

**قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** الله نىڭ بۇ ئورۇندا ئۆزىنىڭ كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلىپ ئۆلاردىن ئىنتىقام ئالغانلىقىنى، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى تولىمۇ مۇناسىپتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت) قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۈمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴾[2].

بۇنىڭدىن باشقا، الله تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن جازاسى بىرلىكتە بايان قىلىنىپ كەتكەن ئايەتلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿كېمە ئۇلارنى ئېلىپ تاغدەك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ باراتتى﴾** يەنى كېمە ئۇلارنى ئېلىپ، يەر يۈزىنى پۈتۈن قاپلىۋالغان، ھەتتا ئېگىز تاغلارنىمۇ قاپلاپ ئۇلارنىڭ چوققىسىدىنمۇ 15 گەز ئۆرلىگەن سۇ يۈزىدە ئۈزەتتى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ سۇنى ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىسىدىن 80 مىل[3] ئۆرلىگەن دەيدۇ. بۇ كېمە سۇ يۈزىدە الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن الله تائالانىڭ ھىمايىسى، كۆزىتىشى ۋە قوغدىشى ئاستىدا ئۈزەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، (نۇھنىڭ زامانىدا) چوڭ سۇ يامراپ كەتكەن چاغدا، سىلەرنى (يەنى ئەجدادىڭلارنى) بىز كېمىگە سالدۇق، سىلەرگە ئۇنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، تۇتۇۋالىدىغان قۇلاقلارنىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن (بىز شۇنداق قىلدۇق)﴾[4]، ﴿نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق. كېمە بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ماڭاتتى، ئىنكار قىلىنغاننى (يەنى نۇھنى) مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (نۇھنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلدۇق). ئۇنى (يەنى توپان بالاسىنى) ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾[5]

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىر ئوغلىنىڭ غەرق بولۇشى

**﴿نۇھ كېمە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن يىراقتا تۇرغان ئوغلىنى: «ئى ئوغلۇم، بىز بىلەن بىللە كېمىگە چىققىن، كاپىرلار بىلەن بىللە بولمىغىن» دەپ توۋلىدى﴾** بۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، ئىسمى يام ئىدى. ئۇ كاپىر ئىدى. ئاتىسى كېمىگە چىقىۋاتقاندا، ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېمىگە چىقىشقا، كاپىرلارغا ئوخشاش سۇغا غەرق بولۇپ كەتمەسلىككە چاقىردى.

**﴿ئۇ: «مېنى سۇدا غەرق بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىمەن» دېدى﴾** ئۇ نادانلىقىدىن: توپان بالاسىنىڭ سۇيى تاغلارنىڭ چوققىسىغا چىقمايدۇ. ئەگەر مەن بىرەر

(1) ئەئراف سۈرىسى 167 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بىر دېڭىز مىلى 1848 مېتىر كېلىدۇ.
(4) ھاققە سۈرىسى 11 ــــ 12 ـ ئايەتلەر.
(5) قەمەر سۈرىسى 13 ــــ 15 ـ ئايەتلەر.

تاغنىڭ چوققىسىغا چىققۇالسام، ئۇ جاي مېنى سۇغا غەرق بولۇشتىن ئەلۋەتتە ساقلاپ قالىدۇ،- دەپ ئويلىدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا: ﴿«**بۈگۈن الله رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچ ئادەم ئۇنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ»**﴾ يەنى بۈگۈن الله تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق،- دېدى. ﴿**ئۇلارنىڭ ئارىسىنى دولقۇن ئايرىۋەتتى - دە، ئۇ غەرق بولۇپ كەتتى**﴾.

* * * * * * *

وَقِيلَ يَٰٓأَرۡضُ ٱبۡلَعِي مَآءَكِ وَيَٰسَمَآءُ أَقۡلِعِي وَغِيضَ ٱلۡمَآءُ وَقُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ وَٱسۡتَوَتۡ عَلَى ٱلۡجُودِيِّۖ وَقِيلَ بُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾

«ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن، ئى بۇلۇت تارقىغىن» دېيىلدى، سۇ سوغۇلدى، الله نىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى، كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى، «زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى﴿44﴾.

## توپان بالاسىنىڭ ئاخىرلىششى

الله تائالا بۇ ئايەتتە كېمىگە چىققانلاردىن باشقا بارلىق زېمىن ئەھلىنى سۇغا غەرق قىلغاندىن كېيىن، زېمىنغا ئورنىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋە ئۈستىدىن يىغىلغان سۇلارنى يۇتۇشقا، بۇلۇتلارنى يامغۇر ياغدۇرۇشتىن توختاشقا بۇيرۇدى.

﴿**سۇ سوغۇلدى**﴾ يەنى سۇ ئازلاشقا باشلىدى. ﴿**الله نىڭ (كاپىرلارنى غەرق قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمى ئىجرا قىلىندى**﴾ يەنى يەر يۈزىدىكى الله غا كاپىر بولغان كىشىلەردىن بىرىنمۇ قالدۇرماي ھالاك قىلىش ئىشى ئورۇنلاندى. مۆمىنلەر ئولتۇرغان ﴿**كېمە جۇدى تېغىنىڭ[1] ئۈستىدە توختىدى**﴾.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «جۇدى تېغى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر تاغدۇر. شۇ كۈندىكى غەرق بولۇش ۋەقەسىدە تاغلار ئېگىزلەپ ۋە ئۇزىراپ قالدى. جۇدى تېغىمۇ غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالاغا بويسۇندى، غەرق بولۇپ كەتمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختىدى».

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «كېمە جۇدى تېغى ئۈستىدە بىر ئاي تۇردى. ئاندىن مۆمىنلەر كېمىدىن چۈشتى، الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى جۇدى تېغى ئۈستىدە كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن قالدۇردى».

(1) جۇدى تېغىنى بەزىلەر ئىراقنىڭ مۇسۇل شەھىرىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى دېسە، بەزىلەر سىنا يېرىم ئارىلىدىكى تۇر تېغى دېگەن.

ئۇ كېمىنى بۇ ئۈممەتتىن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن) ئىلگىرى ياشىغانلار كۆرگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىن كېيىن ياسالغان نۇرغۇن كېمىلەر ئۇ كېمىدىن ئىلگىرى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن.

﴿**«زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن» دېيىلدى**﴾ يەنى ئۇلار ھالاك بولسۇن، زىيان تارتسۇن ۋە **الله** تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنسۇن، ـ دېيىلدى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىزى قالدۇرۇلماستىن ھالاك قىلىندى.

* * * * * * *

وَنَادَىٰ نُوحٌ رَّبَّهُۥ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ٱبْنِى مِنْ أَهْلِى وَإِنَّ وَعْدَكَ ٱلْحَقُّ وَأَنتَ أَحْكَمُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٤٥﴾ قَالَ يَٰنُوحُ
إِنَّهُۥ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ ۖ إِنَّهُۥ عَمَلٌ غَيْرُ صَٰلِحٍ ۖ فَلَا تَسْـَٔلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ ۖ إِنِّىٓ أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ
﴿٤٦﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّىٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْـَٔلَكَ مَا لَيْسَ لِى بِهِۦ عِلْمٌ ۖ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِى وَتَرْحَمْنِىٓ أَكُن مِّنَ
ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٤٧﴾

نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى﴿45﴾. **الله** ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»﴿46﴾ نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن»﴿47﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ھەققىدە الله تائالاغا دۇئا قىلىشى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى

بۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ غەرق بولغان بالىسىنىڭ ھالىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن تىلىگەن تىلىكىدۇر. ئۇ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر**﴾ يەنى سەن ۋەدەڭگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايسەن، ئوغلۇم قانداقمۇ غەرق بولسۇن. ﴿**سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى**﴾.

﴿**الله ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ (مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس**﴾ چۈنكى مەن پەقەت سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەردىن ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭلا نىجات تېپىشىنى

ۋەدە قىلدىم. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن ـ ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغانلار (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋائىلە بىلەن ئوغلى كەنئان) بۇنىڭ سىرتىدا ـ ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن كېمىگە چىققىن»﴾[1] بۇ بالا كاپىر بولغانلىقى، ئاتىسى ھەم الله نىڭ پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، سۇغا غەرق قىلىنىپ ھالاك بولۇشى ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەر قاتارىدىن ئىدى.

**﴿ئۇ (مەن نىجات تېپىشنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئابدۇررازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر. بىراق ئۇ ئاتىسىغا ئەمەل ۋە نىيەت جەھەتتە قارشى چىققان.

* * * * * * *

قِيلَ يَٰنُوحُ ٱهۡبِطۡ بِسَلَٰمٖ مِّنَّا وَبَرَكَٰتٍ عَلَيۡكَ وَعَلَىٰٓ أُمَمٖ مِّمَّن مَّعَكَۚ وَأُمَمٞ سَنُمَتِّعُهُمۡ ثُمَّ يَمَسُّهُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٤٨﴾

ئېيتىلدى (يەنى الله ئېيتتى): «ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتىي دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ»﴿48﴾.

## ئامانلىق ۋە بەرىكەت بىلەن كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ ئايەتتە كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىغاندا، الله تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرگە ۋە ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان ئەۋلادلىرىدىن ھەر بىر مۆمىنگە الله تەرىپىدىن بولغان ئامانلىق بىلەن كېمىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئامانلىققا قىيامەت كۈنىگىچە ئىمان ئېيتقان ھەر بىر مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئايال كىرىدۇ. شۇنداقلا، ئازابقا ۋە ھاياتى دۇنيادىن بەھرىمەن بولۇشقا قىيامەت كۈنىگىچە كاپىر بولىدىغان ھەر بىر كاپىر ئەر ۋە كاپىر ئايال كىرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا توپان بالاسىنى توختاتماقچى بولغاندا، يەر يۈزىگە شامال ئەۋەتتى. سۇ سىڭدى، زېمىننىڭ بۇلاقلىرى ۋە ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى مەھكەم يېپىلدى. الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿«ئى زېمىن سۈيىڭنى يۇتقىن...﴾** شۇنىڭ بىلەن سۇ كېمىيىپ، سىڭىپ كەتتى.

تەۋرات ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، توپان بالاسى يۈز بېرىپ يەتتە ئاي 17 كۈن ئۆتكەندە،



(1) ھۇد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېمە جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. توپان بالاسى باشلىنىپ، 10 ـ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاغلارنىڭ چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ چىقىش ئىشىكىنى ئاچتى. ئاندىن سۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قاغىنى قويۇپ بەردى. قاغا قايتىپ كەلمىدى. ئاندىن كەپتەرنى قويۇپ بەردى. كەپتەر قونغىلى جاي تاپالماستىن قايتىپ كەلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام قولىنى كەپتەرگە سۇندى ۋە ئۇنى تۇتۇپ كېمىگە سالدى. ئاندىن يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈپ، سۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە كەپتەرنى قويۇپ بەردى. كەچ كىرگەندە، كەپتەر بىر تال زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى چىشلىگىنىچە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ ئازلىغانلىقىنى بىلدى. يەنە 7 كۈن ئۆتكۈزۈپ، كەپتەرنى يەنە قويۇپ بەردى. كەپتەر قايتىپ كەلمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن زېمىننىڭ قۇرىغانلىقىنى بىلدى.

ﷲ تائالا توپان بالاسىنى ئەۋەتكەندىن باشلاپ نۇھ ئەلەيھىسسالام كەپتەرنى قويۇپ بەرگۈچە ساق بىر يىل ئۆتتى. ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى زېمىن يۈزى قۇرۇپ قۇرۇقلۇق ئېچىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى. شۇ يىلى (يەنى 2 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: **﴿«ئى نۇھ! ساڭا، سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەرىكەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن﴾** دەپ ۋەھيي قىلدى.

* * * * * * *

تِلْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهَآ إِلَيْكَ ۖ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَآ أَنتَ وَلَا قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَٰذَا ۖ فَٱصْبِرْ ۖ إِنَّ ٱلْعَٰقِبَةَ لِلْمُتَّقِينَ ﴿٤٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴿49﴾.

## بۇ قىسسىلەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى

ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بۇ قىسسە ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قىسسىلەر **﴿غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر﴾** شۇڭا ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئېچىلماي قالغان خەۋەرلەردىندۇر. گويا سەن ئۇ قىسسىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ساڭا ۋەھيي قىلدۇق. **﴿ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق﴾** يەنى ساڭا ئۇنى بىز ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردۇق.

**﴿سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار﴾** يەنى سېنى ئىنكار قىلىدىغانلار: سەن ئۇ قىسسىنى چوقۇم پالانىدىن ئۆگەنگەنسەن،ـ دېيىشتى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇ قىسسە ھەققىدە سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ھېچقانداق ئىلمى يوق.

بەلكى الله  تائالا ئۇنى ساڭا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا سەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. قەۋمىڭدىن سېنى يالغانچى دېگەنلەرگە ۋە ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرگە سەۋر قىلغىن. بىز ئۆز ھىمايىمىز بىلەن ساڭا ياردەم بېرىمىز ۋە سېنى قوغدايمىز. بىز ياخشى ئاقىۋەتنى دۇنيا ۋەئاخىرەتتە ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە نېسىپ قىلىمىز. بىز ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەرلەرگە شۇنداق قىلدۇق. ئۇلارغا دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەم بەردۇق، ـ دېدى.

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1]، ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[2].

*******

وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓۖ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا مُفْتَرُونَ
﴿٥٠﴾ يَٰقَوْمِ لَآ أَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًاۖ إِنْ أَجْرِىَ إِلَّا عَلَى ٱلَّذِى فَطَرَنِىٓۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٥١﴾ وَيَٰقَوْمِ
ٱسْتَغْفِرُوا۟ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِ يُرْسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيْكُم مِّدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمْ
وَلَا تَتَوَلَّوْا۟ مُجْرِمِينَ ﴿٥٢﴾

ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (الله دىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (الله غا) يالغاننى توقۇغۇچىلارسىلەر»﴿50﴾. «ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان الله ئۈستىگە ئالغان، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»﴿51﴾ «ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار»﴿52﴾.

## ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئادنىڭ قىسسىسى

**﴿ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق﴾** ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله  تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى ياسىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلاھلارنىڭ ئىسملىرىنى قويىۋالغان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسايدۇ.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بۇ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە تەبلىغنى قىلغانلىقىغا ئۇلاردىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ساۋابىنى پەقەت ئۆزىنى ياراتقان الله  تائالادىن تەلەپ

---

(1) غافىر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) سافقات سۈرىسى 171 ــــ 172 ـ ئايەتلەر.

قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ﴿سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ يەنى ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلماستىن سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە پايدىلىق بولغان نەرسىگە چاقىرغان كىشىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ ئاندىن ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا، تەۋبە قىلىشقا، تەۋبە بىلەن كېلەچەككە يۈزلىنىشكە بۇيرۇدى.

كىمكى بۇ سۈپەتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرسە، **الله** ئۇنىڭ رىزقىنى قولايلاشتۇرىدۇ. ئىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾**.

* * * * * * *

قَالُوا۟ يَـٰهُودُ مَا جِئْتَنَا بِبَيِّنَةٍ وَمَا نَحْنُ بِتَارِكِىٓ ءَالِهَتِنَا عَن قَوْلِكَ وَمَا نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ (٥٣)
إِن نَّقُولُ إِلَّا ٱعْتَرَىٰكَ بَعْضُ ءَالِهَتِنَا بِسُوٓءٍ ۗ قَالَ إِنِّىٓ أُشْهِدُ ٱللَّهَ وَٱشْهَدُوٓا۟ أَنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ (٥٤)
مِن دُونِهِۦ ۖ فَكِيدُونِى جَمِيعًا ثُمَّ لَا تُنظِرُونِ (٥٥) إِنِّى تَوَكَّلْتُ عَلَى ٱللَّهِ رَبِّى وَرَبِّكُم ۚ مَّا مِن دَآبَّةٍ إِلَّا هُوَ
ءَاخِذٌۢ بِنَاصِيَتِهَآ ۚ إِنَّ رَبِّى عَلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ (٥٦)

ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز﴿53﴾. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن **الله** نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ **الله** نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار﴿54 ـ 55﴾. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان **الله** غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، **الله** نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴿56﴾.

## ئاد قەۋمى بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ: **﴿«ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنى راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ﴾** يەنى سەن دەۋا قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن كۆرسىتەلمىدىڭ.

**﴿سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز﴾** يەنى بىز سېنىڭ: ئىلاھلىرىڭلارنى تاشلاڭلار، ـ دېگەن سۆزۈڭ بىلەنلا ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟!

**﴿بىزنىڭ سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز»﴾** يەنى ئۇلار: بىز پەقەت سېنىڭ ئىلاھلىرىمىزغا ئىبادەت قىلىشتىن بىزنى توسقانلىقىڭ ۋە ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئىلاھلىرىمىز سېنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ

ۋە ئەقلىڭدىن ئاداشتۇرۇپتۇ دەپ ئويلايمىز، ـ دېيىشىدۇ.

**﴿هۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن اللّٰه نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ اللّٰه نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن﴾** يەنى مەن پۈتۈن شېرىكلەردىن ۋە بۇتلاردىن ئادا ـ جۇدامەن **﴿ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەر ۋە ئىلاھلىرىڭلار (ئەگەر ئۇلار ھەق ئىلاھلار بولسا) بىرلىشىپ ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار.

**﴿ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلەر﴾** يەنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىكمۇ مۆھلەت بەرمەڭلەر **﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللّٰه غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، اللّٰه نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر﴾** يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتلار اللّٰه تائالانىڭ باشقۇرۇشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر. اللّٰه ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. اللّٰه تائالانىڭ ھۆكمىدە ھېچنەرسىگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدۇر.

بۇ ئايەت ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ راستلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان يېتەرلىك پاكىت ۋە كەسكىن دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇ بۇتلار جانسىز بولۇپ، ھېچنەرسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆرمەيدۇ، دوست تۇتالمايدۇ ۋە دۈشمەنمۇ تۇتالمايدۇ، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشقا پەقەت ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز اللّٰه تائالالا ھەقلىقتۇر. بارلىق مەخلۇقات ئۇنىڭ پادىشاھلىقى، باشقۇرۇشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىدۇر. اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر.

* * * * * * *

فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقَدْ أَبْلَغْتُكُم مَّآ أُرْسِلْتُ بِهِۦٓ إِلَيْكُمْ ۚ وَيَسْتَخْلِفُ رَبِّى قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّونَهُۥ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ رَبِّى عَلَىٰ كُلِّ
شَىْءٍ حَفِيظٌ ﴿٥٧﴾ وَلَمَّا جَآءَ أَمْرُنَا نَجَّيْنَا هُودًا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحْمَةٍ مِّنَّا وَنَجَّيْنَٰهُم مِّنْ عَذَابٍ غَلِيظٍ
﴿٥٨﴾ وَتِلْكَ عَادٌ ۖ جَحَدُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمْ وَعَصَوْاْ رُسُلَهُۥ وَٱتَّبَعُوٓاْ أَمْرَ كُلِّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ ﴿٥٩﴾ وَأُتْبِعُواْ فِى هَٰذِهِ
ٱلدُّنْيَا لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ أَلَآ إِنَّ عَادًا كَفَرُواْ رَبَّهُمْ ۗ أَلَا بُعْدًا لِّعَادٍ قَوْمِ هُودٍ ﴿٦٠﴾

ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار (يۈز ئۆرۈگىنىڭلارنىڭ ماڭا زىيىنى يوق)، سىلەرگە مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم (پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر)، پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، (شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) اللّٰه غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»﴿57﴾. بىزنىڭ (ئازابلاش) بۇيرۇقىمىز كەلگەندە، ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتقۇزدۇق، ئۇلارنى قاتتىق ئازابتىن خالاس قىلدۇق﴿58﴾. ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلدى، ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى ھەقكە قارشىلىق قىلىپ جېدەللەشكۈچى) نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى﴿59﴾. ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەت قىلىندى، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىنىدۇ، بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن

پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھۇد قەۋمى بولغان ئاد ھالاك بولسۇن﴿60﴾.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار**﴾ يەنى مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت نەرسىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە مېنى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىكنى سىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىم بىلەن سىلەرگە قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلۇپ بولدى.

﴿**پەرۋەردىگارىم (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ**﴾ ئۇلار يالغۇز اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. اللە سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سىلەر كۇپۇرلۇقلىرىڭلار بىلەن اللە تائالاغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرەلمەيسىلەر، بەلكى ئۇنىڭ ئۇۋالى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى بەندىلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ۋە خاتىرىلەپ تۇرغۇچىدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىدۇ.

## ئاد قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىشى ۋە ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ نىجات تېپىشى

﴿**بىزنىڭ (ئازابلاش) بۇيرۇقىمىز كەلگەندە**﴾ ئۇ ئازاب قاتتىق چىققان بوراندۇر. اللە ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدى. اللە تائالا ئۆز مەرھەمىتى ۋە مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزدى.

﴿**ئەنە شۇ ئاد قەۋمى پەرۋەردىگارىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلدى**﴾ ئۇلار اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. گەرچە ئۇلار پەقەت ھۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلەرگە ئاسىيلىق قىلدى دەپ بايان قىلىندى. چۈنكى بىر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش ھەممە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانغا باراۋەر بولۇپ، بىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق. ئاد قەۋمى ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قاتارىدىن بولدى.

﴿**ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى ھەقكە قارشىلىق قىلىپ جىدەللەشكۈچى) نىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى**﴾ ئۇلار توغرا يولغا باشلىغۇچى پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشنى تاشلاپ، ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىزنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار دۇنيادا ھەر بىر ئەسلەنگىنىدە، اللە تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ لەنىتى ئۇلارغا ياندۇ. اللە تائالا ئۇلارنى قىيامەت كۈنى گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىغا چاقىرىدۇ. ﴿**بىلىڭلاركى، ئاد قەۋمى ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى**﴾.

* * * * * *

﴿وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥ ۖ هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ
وَٱسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَٱسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُوٓا۟ إِلَيْهِۚ إِنَّ رَبِّى قَرِيبٌ مُّجِيبٌ ﴿٦١﴾

سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر، قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، اللە دىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر» ﴿61﴾.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى

**﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾** سەمۇد قەۋمى تەبۇك[1] بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەر ئارىسىدىكى ھىجىر شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاد قەۋمىدىن كېيىن ياشىغان ئىدى. اللە تائالا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ، ئۇلارنى يالغۇز اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى﴾** يەنى سىلەرنىڭ دەسلەپكى يارىتىلىشىڭلار تۇپراقتىن بولۇپ، ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى شۇنىڭدىن ياراتتى.

**﴿سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى﴾** يەنى سىلەرنى زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان قىلدى. **﴿اللە تىن مەغپىرەت تىلەڭلار﴾** يەنى ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەڭلار. **﴿ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار﴾** يەنى تەۋبە بىلەن كېلەچەككە يۈزلىنىڭلار.

**﴿پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾[2].

*******

قَالُوا۟ يَٰصَٰلِحُ قَدْ كُنتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَٰذَآۖ أَتَنْهَىٰنَآ أَن نَّعْبُدَ مَا يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا وَإِنَّنَا لَفِى شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَآ
إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٦٢﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ أَرَءَيْتُمْ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّى وَءَاتَىٰنِى مِنْهُ رَحْمَةً فَمَن يَنصُرُنِى
مِنَ ٱللَّهِ إِنْ عَصَيْتُهُۥ ۖ فَمَا تَزِيدُونَنِى غَيْرَ تَخْسِيرٍ ﴿٦٣﴾

(1) ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شىمال قىسمىغا جايلاشقا شەھەر.
(2) بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز» دېيىشتى﴿62﴾. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق الله غا قارشىلىق قىلسام، الله نىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (مېنى ئۆزەڭلارغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىش بىلەن) ماڭا پەقەت زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلالمايسىلەر﴿63﴾.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى سەمۇد ئارىسىدىكى مۇنازىرە

الله تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئارىسىدىكى بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەرنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر نادان، تەرسا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار: «ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ سۆزنى ئېيتىشىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسامسەن؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتەن بىز سەن دەۋەت قىلغان ئىشقا زور گۇماندىمىز» دېيىشتى. سالىھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان ئېنىق دەلىلگە ئاساسلانسام**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىم مەن ئارقىلىق سىلەرگە ئەۋەتكەن ئىشەنچلىك ۋە روشەن پاكىتقا ئاساسلانسام ﴿**ۋە ئۇنىڭ رەھمىتى (يەنى پەيغەمبەرلىك) گە سازاۋەر بولسام، شۇنداق تۇرۇقلۇق الله غا قارشىلىق قىلسام، الله نىڭ ئازابىدىن مېنى كىم قۇتقۇزىدۇ**﴾ يەنى ئەگەر مەن سىلەرنى ھەقىقەت تەرەپكە، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى تاشلىسام، ماڭا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيسىلەر ۋە ماڭا: ﴿**زىياندىن باشقىنى**﴾ زىيادە قىلالمايسىلەر.

* * * * * * *

وَيَٰقَوۡمِ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمۡ ءَايَةٗ فَذَرُوهَا تَأۡكُلۡ فِيٓ أَرۡضِ ٱللَّهِۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٖ
فَيَأۡخُذَكُمۡ عَذَابٞ قَرِيبٞ ﴿٦٤﴾ فَعَقَرُوهَا فَقَالَ تَمَتَّعُواْ فِي دَارِكُمۡ ثَلَٰثَةَ أَيَّامٖۖ ذَٰلِكَ
وَعۡدٌ غَيۡرُ مَكۡذُوبٖ ﴿٦٥﴾ فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا صَٰلِحٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ
مِّنَّا وَمِنۡ خِزۡيِ يَوۡمِئِذٍۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلۡقَوِيُّ ٱلۡعَزِيزُ ﴿٦٦﴾ وَأَخَذَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ
فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٦٧﴾ كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَآ إِنَّ ثَمُودَاْ كَفَرُواْ رَبَّهُمۡۗ أَلَا بُعۡدٗا
لِّثَمُودَ ﴿٦٨﴾

ئى قەۋمىم! بۇ الله (بىۋاسىتە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر،

ئۇنى الله نىڭ زېمىنىغا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا سىلەرنى پات كېلىدىغان ئازاب ھالاك قىلىدۇ»﴿64﴾. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، سالىھ ئېيتتى: «ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس»﴿65﴾. بىزنىڭ (ئازاپ قىلىش) ئەمرىمىز كەلگەندە، سالىھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى رەھمىتىمىز بىلەن شۇ كۈننىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴿66﴾. زالىملارغا قاتتىق ئاۋاز يۇزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴿67﴾. يا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەمزات تەرىپىدىن ئاۋات قىلىنمىغاندەك) بولۇپ قالدى، بىلىڭلاركى، سەمۇد پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلدى، سەمۇد ھالاك بولسۇن﴿68﴾.

بۇ قىسسە ھەققىدە ئەئراف سۈرىسىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن، شۇڭا ئۇنى بۇ ئورۇندا قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش الله تەرىپىدىندۇر.

* * * * * * *

وَلَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُنَآ إِبْرَٰهِيمَ بِٱلْبُشْرَىٰ قَالُوا۟ سَلَٰمًا ۖ قَالَ سَلَٰمٌ ۖ فَمَا لَبِثَ أَن جَآءَ بِعِجْلٍ حَنِيذٍ
﴿٦٩﴾ فَلَمَّا رَءَآ أَيْدِيَهُمْ لَا تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ وَأَوْجَسَ مِنْهُمْ خِيفَةً ۚ قَالُوا۟ لَا تَخَفْ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ
إِلَىٰ قَوْمِ لُوطٍ ﴿٧٠﴾ وَٱمْرَأَتُهُۥ قَآئِمَةٌ فَضَحِكَتْ فَبَشَّرْنَٰهَا بِإِسْحَٰقَ وَمِن وَرَآءِ إِسْحَٰقَ يَعْقُوبَ ﴿٧١﴾
قَالَتْ يَٰوَيْلَتَىٰٓ ءَأَلِدُ وَأَنَا۠ عَجُوزٌ وَهَٰذَا بَعْلِى شَيْخًا ۖ إِنَّ هَٰذَا لَشَىْءٌ عَجِيبٌ ﴿٧٢﴾ قَالُوٓا۟
أَتَعْجَبِينَ مِنْ أَمْرِ ٱللَّهِ ۖ رَحْمَتُ ٱللَّهِ وَبَرَكَٰتُهُۥ عَلَيْكُمْ أَهْلَ ٱلْبَيْتِ ۚ إِنَّهُۥ حَمِيدٌ مَّجِيدٌ ﴿٧٣﴾

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى﴿69﴾. ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خوش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى﴿70﴾. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴿71﴾. ئۇ (يەنى سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى﴿72﴾. ئۇلار: «الله نىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. الله ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى﴿73﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىسھاق ۋە يەئقۇب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى

﴿**شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار: پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىسھاق ناملىق ئوغلى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى، ـ دېدى ۋە بەزىلەر: پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى، ـ دېدى.

دەسلەپكى قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىگە الله تائالانىڭ بۇ ئايەتتىن كېيىنلا كېلىدىغان: ﴿ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى﴾ دېگەن ئايىتى دەلىل بولىدۇ.

﴿**ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئەكەلدى**﴾ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلىك بىلەن سىرتقا چىقىپ، قىززىتىلغان تاشقا يېقىپ كاۋاپ قىلىنغان بىر موزاينىڭ گۆشىنى ئېلىپ كىردى. بۇ ئايەتنى ئىبنى ئابباس، قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر» دېدى﴾[1] بۇ ئايەت مېھمان كۈتۈشنىڭ نۇرغۇن ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

﴿**ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرىشتىلەر يېمەكلىكتىن يېمىدى، ئۇنىڭغا ئېشتىھا قىلمىدى ۋە قاراپمۇ قويمىدى. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ موزاينىڭ كاۋىپىغا تامامەن پەۋرا قىلماي، ئۇنى كۆرمىگەندەك ئولتۇرغان ھالىنى (كۆرگەندە ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى) ياقتۇرمىدى.

﴿**ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى**﴾ سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا پەرىشتىلەرنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەندە، ئۇلار كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدە پىيادە مېڭىپ كېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولغىلى چۈشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئېسىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ﴿ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر» دېدى﴾[2] يەنى موزاينى بوغۇزلىدى، ئاندىن ئۇنى قىززىتىلغان تاشقا يېقىپ كاۋاپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە داستىخاندا ئولتۇردى. ئۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغان تېخىمۇ يېقىن سۈرۈپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى. پەرىشتىلەر: «ئى ئىبراھىم! ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ئاندىن

(1) هۇد سۈرىسى 74 ـ ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 26 ــــ 27 ـ ئايەت.

يەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «جەزمەن بۇنىڭ يولى باردۇر» دېدى. پەرىشتىلەر: «ئۇنىڭ يولى نېمە؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئۇنى يېيىشكە باشلىغاندا، الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىسىلەر (بىسمىللاھ دەيسىلەر)، ئۇنى يەپ بولغاندا الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مىكائىل ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: «شۇڭا ئۇنى پەرۋەردىگارىنىڭ دوست تۇتۇشى ھەق ئىكەن» دېدى.

**﴿ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ خۇش كۆرمىدى﴾** يەنى ئىبراھىم ئۇلارنىڭ كاۋاپنى يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئەنسىرىدى ۋە ئىچىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئىكرام قىلغانلىقىغا، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىغا قاراپ كۈلۈپ تاشلىدى ـ دە، مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بۇ مېھمانلىرىمىز غەلىتىغۇ؟ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ خىزمىتىنى ئۆزىمىز قىلدۇق، ھالبۇكى ئۇلار تامىقىمىزنى يېمەيۋاتىدىغۇ؟»

الله تائالا پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى﴾** شۇنىڭ بىلەن، سارە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ كۆپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋە قاتتىق كۇپرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تۇغۇت يېشىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىپ مۇكاپاتلاندى.

**﴿بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾** يەنى سارەنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭمۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا نەسلى قالىدىغان ئوغلى بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر الله غا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق دەپ ئاتالغان بالىسىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىگە دەلىل كۆرسىتىدىغانلار بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. قۇربانلىق دەپ ئاتالغان ئوغلىنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يەئقۇب ئاتلىق بىر ئوغلى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلدى. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام كىچىك بالا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بار ۋاقىتتا تۇغۇلۇشى ۋەدە قىلىنغان يەئقۇب ئاتلىق بالىسى تېخى تۇغۇلمىغان تۇرسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا، قانداقمۇ بۇيرۇلسۇن؟ الله تائالانىڭ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق تۇرسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا



(1) بەقەرە سۈرىسى 133 ـ ئايەت.

بۇيرۇلغانلىقى مۇئەييەنلىشىدۇ. مانا بۇ، ئەڭ ياخشى، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئوچۇق پاكىتتۇر. الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن.

**﴿ئۇ (يەنى سارە): «ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى﴾** بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ سۆزى خۇددى يەنە بىر ئايەتتە ئۇنىڭ قىلىقى ھېكايە قىلىنغاندەك ھېكايە قىلىندى. ﴿ئىبراھىمنىڭ ئايالى سۈرەن سېلىپ كېلىپ (ئەجەپلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ) يۈزىنى كاچاتلاپ: «مەن تۇغماس موماي تۇرسام (قانداق تۇغىمەن؟)» دېدى﴾[1]. بىرەر ئىشتىن ھەيران قالغاندا، شۇنداق سۆزلەرنى ۋە قىلىقلارنى قىلىش ئاياللارنىڭ ئادىتىدۇر.

**﴿ئۇلار: «الله نىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟...» دېدى﴾** يەنى پەرىشتىلەر سارەگە: الله نىڭ ئەمرىدىن ئەجەبلەنمەڭ. ئەگەر الله بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ ـ دە، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سىز بۇنىڭدىن ئەجەپلەنمەڭ. گەرچە سىز بىر تۇغماس موماي، ئېرىڭىز بىر قېرى بوۋاي بولساڭلارمۇ، الله تائالانىڭ خالىغان نەرسىنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق، ـ دېدى.

**﴿الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. الله ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر﴾** يەنى الله تائالا جىمى ئىشلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ماختاشقا لايىقتۇر. جىمى سۈپەتلىرىدە ۋە ئۆز زاتىدا مەدھىيىلىنىپ، ئۇلۇغلىنىشقا لايىقتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا سالام يوللاشنى بىلدۇق. بىراق ساڭا قانداق رەھمەت يوللايمىز؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ! سەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مەرھەمەت قىلغاندەك مەرھەمەت قىلغىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلىنىشكە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق سەن[2] دەڭلار» دېدى.

* * * * * * *

فَلَمَّا ذَهَبَ عَنْ إِبْرَٰهِيمَ ٱلرَّوْعُ وَجَآءَتْهُ ٱلْبُشْرَىٰ يُجَٰدِلُنَا فِى قَوْمِ لُوطٍ ﴿٧٤﴾ إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ لَحَلِيمٌ أَوَّٰهٌ مُّنِيبٌ
﴿٧٥﴾ يَٰٓإِبْرَٰهِيمُ أَعْرِضْ عَنْ هَٰذَآ إِنَّهُۥ قَدْ جَآءَ أَمْرُ رَبِّكَ وَإِنَّهُمْ ءَاتِيهِمْ عَذَابٌ غَيْرُ مَرْدُودٍ ﴿٧٦﴾

ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن

(1) زارىيات سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(2) ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن، كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ۋە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلا ئالى مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد.

لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى﴿74﴾. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) الله غا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر﴿75﴾. (پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»﴿76﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن (پەرىشتىلەر تاماقنى يېمىگەن چاغدا ئۇلاردىن ھېس قىلغان) قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، (شۇنىڭدىن كېيىن) پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بالا بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى يەتكۈزگەن چاغدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى»﴾[1] دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئۈچ يۈز مۆمىن بار بىر شەھەرنى ھالاك قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار: ياق، ـ دېدى. ئۇ: ئىككى يۈز مۆمىن بار بىر شەھەرنى ھالاك قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار: ياق، ـ دېدى. ئۇ: قىرىق مۆمىن بار بىر شەھەرنى ھالاك قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار: ياق، ـ دېدى. ئۇ: ئوتتۇز مۆمىن بولسىچۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار: ياق، ـ دېدى. ھەتتا ئۇ: بەش مۆمىن بولسىچۇ؟ ـ دېگەن يەرگىچىلىك سورىدى. ئۇلار: ياق، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: مەن سىلەرگە دەپ باقايچۇ؟ ـ ئەگەر ئۇ شەھەردە بىر مۆمىن بولۇپ قالسا، ئۇ شەھەرنى ھالاك قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. پەرىشتىلەر: ياق، ـ دېدى. شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿«ئۇ شەھەردە لۇت بارغۇ (يەنى لۇتقا ئوخشاش بىر ياخشى پەيغەمبەر تۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىسىنى قانداقمۇ ھالاك قىلىسىلەر؟)»﴾[2] دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن توختىدى ۋە كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىبراھىم بولسا، ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) الله غا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر﴾** ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەندى.

**﴿(پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان**

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»﴾** يەنى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدىغان قاتتىق ئازابنىڭ ئۇلارغا چۈشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولدى.

* * * * * * *

وَلَمَّا جَآءَتۡ رُسُلُنَا لُوطٗا سِيٓءَ بِهِمۡ وَضَاقَ بِهِمۡ ذَرۡعٗا وَقَالَ هَٰذَا يَوۡمٌ عَصِيبٞ ﴿٧٧﴾ وَجَآءَهُۥ قَوۡمُهُۥ
يُهۡرَعُونَ إِلَيۡهِ وَمِن قَبۡلُ كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ قَالَ يَٰقَوۡمِ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِي هُنَّ أَطۡهَرُ لَكُمۡۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَلَا تُخۡزُونِ فِي ضَيۡفِيٓۖ أَلَيۡسَ مِنكُمۡ رَجُلٞ رَّشِيدٞ ﴿٧٨﴾ قَالُواْ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنۡ حَقّٖ وَإِنَّكَ
لَتَعۡلَمُ مَا نُرِيدُ ﴿٧٩﴾

بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى﴿77﴾. لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتەت قىلاتتى). لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، الله دىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟»﴿78﴾. ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۈنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»﴿79﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىشى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سىقىلىشى ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەلچىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى الله تائالانىڭ شۇ كېچىدە ھالاك قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ (تېرىلغۇ) يېرىدە ئىدى، - دېدى ۋە بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ چاغدا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىدى، - دېدى.

پەرىشتىلەر يۈزلىرى چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا چۈشتى. بۇ، الله تائالانىڭ سىنىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېكمەت ۋە يېتەرلىك پاكىت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى لۇت ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى ۋە ئۇلارنى ئۆزى مېھمان قىلمىسا، قەۋمىدىن بىرەرسىنىڭ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقتى.

﴿ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى﴾ ئىبنى ئابباس ۋە بىر قانچە كىشى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ بىر بالاسى قاتتىق كۈندۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارنى قوغدىشى لازىملىقىنى ۋە ئۇلارنى قوغداشنىڭ قىيىنغا چۈشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرىدە ئىدى. پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھايا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىگە) تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى مېھمانلار! مەن يەر يۈزىدە بۇ شەھەر ئەھلىدىن بۇزۇق بىرەر شەھەر ئەھلىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئاندىن ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى سۆزىنى ئۇلارغا يەنە دېدى. ھەتتا ئۇ سۆزىنى تۆت قېتىم تەكرارلىدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇزۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىنىگە قەدەر، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھالاك قىلماسلىققا بۇيرۇلغان ئىدى.

﴿لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى﴾ يەنى ئۇلار مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇشال بولۇشۇپ، يۈگۈرگەن پېتى ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىشتى. ﴿ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتە قىلاتتى)﴾ يەنى ئۇلار شۇ ھالەتنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. تاكى ئۇلار ھالاك قىلىنغاندىمۇ شۇ ھالەتتە ھالاك قىلىندى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر﴾ لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھالال خوتۇنلىرى بىلەن بىر يەردە بولۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتى ئۈچۈن ئاتىنىڭ ئورنىدىدۇر.

شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ پايدىلىق بولغان نەرسىگە تەۋسىيە قىلدى. باشقا ئايەتلەردە ئۇنىڭ ئۇلارغا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»﴾[1]، ﴿ئۇلار: «بىز سېنى كەلگەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟» دېدى﴾[2] يەنى بىز سېنى ئەرلەرنى مېھمان قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟

﴿لۇت: «بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم (يەنى قەۋمىمنىڭ قىزلىرى) دۇر، ئەگەر (قازائى شەھۋەت) قىلماقچى بولساڭلار (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾[3] لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قىزلىرى ئەمەس، بەلكى شۇ ئۈممەتنىڭ قىزلىرىدۇر.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 165 ـــ 166 ـ ئايەتلەر.
(2) ھىجىر سۈرىسى 70 ـ ئايەت.
(3) ھىجىر سۈرىسى 71 ـــ 72 ـ ئايەتلەر.

چۈنكى ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىنىڭ ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. قەتادە ۋە بىر قانچە كىشىنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

﴿الله دىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار﴾ يەنى سىلەر مەن بۇيرىغان ئىشقا يۈزلىنىپ، ھالال ئاياللىرىڭلار بىلەنلا چەكلىنىڭلار. ﴿ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟»﴾ يەنى مەن بۇيرىغاننى قوبۇل قىلىدىغان، مەن توسقاندىن يانىدىغان ياخشى ئادەم يوقمۇ؟

﴿ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن﴾ يەنى سەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ خوتۇنلىرىمىزغا ھاجىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۇلارغا كۆڭلىمىز تارتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن. ﴿شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»﴾ يەنى بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەقەت ئەرلەردۇر. سەن بۇنى ئوبدان بىلىسەن. بۇ سۆزنى بىزگە تەكرار دېيىشىڭگە نېمە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

* * * * * * *

قَالَ لَوْ أَنَّ لِي بِكُمْ قُوَّةً أَوْ ءَاوِيٓ إِلَىٰ رُكْنٍ شَدِيدٍ ﴿٨٠﴾ قَالُواْ يَٰلُوطُ إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَن يَصِلُوٓاْ إِلَيْكَۖ
فَأَسْرِ بِأَهْلِكَ بِقِطْعٍ مِّنَ ٱلَّيْلِ وَلَا يَلْتَفِتْ مِنكُمْ أَحَدٌ إِلَّا ٱمْرَأَتَكَۖ إِنَّهُۥ مُصِيبُهَا مَآ أَصَابَهُمْۚ إِنَّ
مَوْعِدَهُمُ ٱلصُّبْحُۚ أَلَيْسَ ٱلصُّبْحُ بِقَرِيبٍ ﴿٨١﴾

لۇت ئېيتتى: «كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ - قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم)»﴿80﴾. ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى﴿81﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجىزلىق ھېس قىلىشى، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشى

الله تائالا پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ﴿كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى﴾ مەن ئۆزەم ياكى جەمەتىم بىلەن بىرلىشىپ سىلەرنىڭ ئەدىۋىڭلارنى تازا بىر بېرەتتىم ۋە سىلەرگە قاتتىق زەربە بېرەتتىم.

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭ ئىلتىجا قىلىدىغان

كۈچلۈك جەمەتى ـ غالىب ۋە بۈيۈك الله سى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن الله تائالا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسە، قەۋمىنىڭ ئىچىدىن جەمەتى كۆپ كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى». شۇ چاغدا پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى، قەۋمىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامغا چېقىلالمايدىغانلىقىنى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

﴿**ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ...» دېدى**﴾ پەرىشتىلەر ئۇنى ئىمان ئېيتقان ئادەملىرىنى ئېلىپ، كېچىنىڭ ئاخىرىدا شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە، ئۆزى ئۇلارنى قوغداپ ئارقىدا مېڭىشقا بۇيرىدى.

﴿**سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن**﴾ يەنى ئۇلارغا چۈشكەن ئازابتىن ئاۋاز چىقسا، ئۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازلار سىلەرنى ھەرگىز قورقۇتىۋەتمىسۇن. سىلەر يولۇڭلارنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار.

﴿**ئايالىڭدىن باشقا**﴾ كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى: ئايالىڭ سەن بىلەن بىرگە چىقماي، ئۆيىدە قالسۇن ۋە ھالاك بولسۇن دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى: پەقەت ئايالىڭلا ئارقىسىغا قارىسۇن دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ئۇ ئايال لۇت ئەلەيھىسسالاملار بىلەن بىللە چىقتى. ئۇ ئازابنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئارقىسىغا قارىدى ـ دە: ئېسىت قەۋمىم!ـ دەپ ۋايسىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاسماندىن بىر تاش چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. چۈنكى لۇت ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەردىن ئۇلارنى مۇشۇ سائەتتىلا ھالاك قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەرىشتىلەر: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟»**﴾ دېدى.

مانا بۇ، شۇ ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالدۇر، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولسا، ئىشىك ئالدىغا توپلاشقان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام بولسا، ئىشىك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆيگە كىرىشتىن توسۇپ، ئۇلار قىلماقچى بولغان يامان ئىشلىرىدىن ئۇلارنى چەكلەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايلا قالماي، بەلكى ئۇنى قورقۇتۇپ، تەھدىت سالاتتى. دەل شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چىقىپ، قانىتى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولۇپ، ماڭىدىغان يولىنى پەرق ئېتەلمەي ئارقىلىرىغا قايتىشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار لۇتتىن مېھمانلىرىنى (يەنى ئادەمزات شەكلىدە كەلگەن پەرىشتىلەرنى) (ئۇلار بىلەن لىۋاتە قىلىش ئۈچۈن) قوغدىماسلىقنى سورىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتۇق، (ئۇلارغا) «ئازابىمنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمنى تېتىڭلار» (دېدۇق)﴾.



* * * * * * *

فَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا جَعَلۡنَا عَٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمۡطَرۡنَا عَلَيۡهَا حِجَارَةٗ مِّن سِجِّيلٖ مَّنضُودٖ ﴿٨٢﴾
مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَۖ وَمَا هِيَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ بِبَعِيدٖ ﴿٨٣﴾

بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق

(يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق﴿82﴾. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس﴿83﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يۇرتىنىڭ دۈم كۆمتۈرۈلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنىشى

﴿**بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە**﴾ شۇ چاغ كۈن چىقىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ﴿**ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)**﴾ ئۇ ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن يۇرت سەدۇم يۇرتىدۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى﴾[1] ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لايدىن پىشۇرۇلغان تاش ياغدۇرىمىز﴾[2] يەنى لايدىن پىشۇرۇلۇپ، قاتتىق تاش تۈسىنى ئالغان تاشلارنى ياغدۇرىمىز. ئىمام بۇخارى مۇنداق دېدى: قاتتىق ھەم چوڭ تاشلارنى ياغدۇرىمىز.

﴿**بەلگە سېلىنغان**﴾ يەنى ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرى شۇ تاشقا ئويۇلغان، ھەر بىر تاشنىڭ ئۈستىگە شۇ تاش ئۈستىگە چۈشىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلغان. قەتادە ۋە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: تاقاق قىلىنغان ۋە ئۈستىگە قىزىل رەڭ سۈرتۈلگەن.

ئېيتىلىشىچە، تاش شەھەرلىكلەرنىڭ ۋە شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان يېزا ـ كەنتلەردىكى تارقاق كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ئۇلاردىن بىرسى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا ئاسماندىن بىر تاش كېلىپ (كىشىلەر ئارىسىدىن) ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى ـ دە، ئۇنى ھالاك قىلاتتى. باشقا يۇرتلارغىمۇ تاشلار يېغىپ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي تەلتۆكۈس يوقاتتى.

﴿**ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس**﴾ يەنى زۇلۇم قىلىشتا ئۇلارغا ئوخشاپ قالغان كىشىلەرگە بۇ تۈردىكى ئازابنىڭ كېلىشى يىراق ئەمەس. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر بىر كىشىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار».

* * * * * * *

﴿ وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًا ۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥ ۖ وَلَا تَنقُصُوا۟
ٱلْمِكْيَالَ وَٱلْمِيزَانَ ۚ إِنِّىٓ أَرَىٰكُم بِخَيْرٍ وَإِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ مُّحِيطٍ ﴿٨٤﴾

مەديەن (ئەھلى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ

(1) قەمەر سۈرىسى 37 ـ ئايەت.
(2) نەجم سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرمەڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن﴿84﴾.

## مەديەن ئاھالىسىنىڭ قىسسىسى ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز مەديەنگە پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. مەديەن ئاھالىسى ئەرەب قەبىلىسىدىن بولۇپ، شام بىلەن ھىجاز ئارىسىدىكى مەئان دېگەن يەرگە يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئۇلار "مەديەنلىكلەر" دەپ ئاتىلاتتى. ﷲ تائالا ئۇلارغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك كىشى ئىدى. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق**﴾ ئۇ ئۇلارنى ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆلچەم ـ تارازىلارنى كەم تۇتۇشتىن توسىدۇ.

﴿**مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن باي ھېسابلايمەن**﴾ يەنى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار پاراۋان ۋە رىزقىڭلار مولدۇر. مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ چەكلىگەن نەرسىلەرنى قىلىشىڭلار سەۋەبىدىن، سىلەردىكى پاراۋان تۇرمۇشنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقىمەن. ﴿**مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغۇچى كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشىڭلاردىن قورقىمەن**﴾.

*******

وَيَٰقَوۡمِ أَوۡفُواْ ٱلۡمِكۡيَالَ وَٱلۡمِيزَانَ بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا تَبۡخَسُواْ ٱلنَّاسَ أَشۡيَآءَهُمۡ وَلَا تَعۡثَوۡاْ
فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ﴿٨٥﴾ بَقِيَّتُ ٱللَّهِ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيۡكُم بِحَفِيظٖ ﴿٨٦﴾

ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار﴿85﴾. ﷲ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار. مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن»﴿86﴾.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۇلارنى (كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرگەندە) ئۆلچەم ۋە تارازىلارنى كەم تۇتۇشتىن توستى، ئاندىن ئۇلارنى ئۆلچەم ۋە تارازىلارنى كىشىلەردىن بىر نەرسە ئالغاندا ۋە ئۇلارغا بەرگەندە ئادىللىق بىلەن توغرا تۇتۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە ـ پاسات تېرىشتىن توستى. ئۇلار يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلاتتى. ﴿**ﷲ سىلەرگە قالدۇرغان ھالال رىزىق (سىلەر يىغقان ھارامدىن) ياخشىدۇر**﴾.

ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئۆلچەم ۋە تارازىلارنى توغرا تۇتقاندىن كېيىن ﷲ سىلەرگە قىلغان ئارتۇق پايدا، سىلەر ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالغىنىڭلاردىن ياخشىدۇر».

ئىبنى ئاباسنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللہ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دەپ قارايمەن.

﴿**مەن سىلەرگە مۇھاپىزەتچى ئەمەسمەن**﴾ يەنى مەن سىلەرنى كۆزىتىپ ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغۇچى ئەمەسمەن. سىلەر ئۇ ئىشلارنى غالىب ۋە بۈيۈك اللہ نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىڭلار، سىلەر ئۇ ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى غالىب ۋە بۈيۈك اللہ تائالانىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن قىلىڭلار.

* * * * * * *

قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ أَصَلَوٰتُكَ تَأۡمُرُكَ أَن نَّتۡرُكَ مَا يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَآ أَوۡ أَن نَّفۡعَلَ فِيٓ أَمۡوَٰلِنَا مَا
نَشَٰٓؤُاْۖ إِنَّكَ لَأَنتَ ٱلۡحَلِيمُ ٱلرَّشِيدُ ﴿٨٧﴾

ئۇلار: «ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە» دېدى﴿87﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى

ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ ـ اللہ تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن ـ مۇنداق دېدى: ﴿**سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟**﴾ سېنىڭ سۆزۈڭگە ئاساسلىنىپ، ئۆلچەمنى كەم تۇتۇپ ئالىدىغان پايدىلىرىمىزنى تەرك ئېتەمدۇق؟ ئۇ بىزنىڭ مۈلكىمىزدۇر. بىز ئۇنىڭدا خالىغىنىمىزنى قىلىمىز.

ھەسەن اللہ تائالانىڭ: ﴿**سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى، ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: اللہ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ نامىزى چوقۇم ئۇلارنى ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىمام سەۋر اللہ تائالانىڭ: ﴿**...ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن ئۇلار زاكات بېرىدىغان مالنى كۆزدە تۇتماقچى.

---

(1) مائىدە سۈرىسى 100 ـ ئايەت.

**﴿سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە» دېدى﴾** ئىبنى ئابباس، مەيمۇن ئىبنى مېھران، ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى ئەسلەم ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بۇ سۆزنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى بولغان ئادەمنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن دېيىشىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلىپ، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى.

* * * * * * *

قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَءَيۡتُمۡ إِن كُنتُ عَلَىٰ بَيِّنَةٖ مِّن رَّبِّي وَرَزَقَنِي مِنۡهُ رِزۡقًا حَسَنٗاۚ وَمَآ أُرِيدُ أَنۡ أُخَالِفَكُمۡ إِلَىٰ مَآ
أَنۡهَىٰكُمۡ عَنۡهُۚ إِنۡ أُرِيدُ إِلَّا ٱلۡإِصۡلَٰحَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُۚ وَمَا تَوۡفِيقِيٓ إِلَّا بِٱللَّهِۚ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ أُنِيبُ ٨٨

شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴿88﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە رەددىيە بېرىشى

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، **﴿پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟)﴾** يەنى مەن دەۋا قىلىۋاتقان نەرسىدە پاكىتقا ئاساسلانغان تۇرسام، الله تائالا ماڭا پەيغەمبەرلىك ۋە ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ الله تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلالايمەن؟

**﴿سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەۋر مۇنداق دېدى: مەن سىلەرنى يامان ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ، ئاندىن ئۆزەم ئۇنى سىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قىلىپ، سۆزۈمگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئەمەسمەن.

قەتادەمۇ مۇنداق دېگەن: ئۆزەم بىر يامان ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ، سىلەرنى ئۇ ئىشنى قىلىشتىن توسقۇچى ئەمەسمەن.

**﴿مەن پەقەت (سىلەرنى قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن﴾** يەنى مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلاردا پەقەت كۈچۈمنىڭ ۋە تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە سىلەرنى تۈزەشنى خالايمەن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمدا ھەقىقەتكە يېتىشتە **﴿مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾** يەنى الله تائالا تەرەپكىلا قايتىمەن. مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇنى شۇنداق تەپسىر قىلغان.

*******

وَيَٰقَوۡمِ لَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شِقَاقِيٓ أَن يُصِيبَكُم مِّثۡلُ مَآ أَصَابَ قَوۡمَ نُوحٍ أَوۡ قَوۡمَ هُودٍ أَوۡ قَوۡمَ صَٰلِحٖۚ وَمَا قَوۡمُ
لُوطٖ مِّنكُم بِبَعِيدٖ ﴿٨٩﴾ وَٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِۚ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٞ وَدُودٞ ﴿٩٠﴾

ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس﴿89﴾. پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر»﴿90﴾.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن**﴾ يەنى سىلەر كۇپۇرلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقتا چىڭ تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ سىلەرگە نەپرەتلىنىشىم ۋە سىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشىم سىلەرنى نۇھنىڭ قەۋمى، ھۇدنىڭ قەۋمى، سالىھنىڭ قەۋمى ۋە لۇتنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلمىسۇن.

قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەردىن ئايرىلىشىم سىلەرنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. سۇددى مۇنداق دېدى: سىلەر گۇمراھلىقتا ۋە كۇپرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقىڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ سىلەرنى دۈشمەن تۇتۇشۇم، سىلەرنىڭ ئۇلار دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار بولۇشىڭلارغا سەۋەب بولۇپ قالمىسۇن.

﴿**لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتە زامان كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېگەن. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: لۇت قەۋمى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تېخى تۈنۈگۈنلا ھالاك بولغان. بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەتتە ماكان كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېگەن. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، زامان ۋە ماكانىنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ﴿**پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار**﴾ يەنى تەۋبە قىلىپ، يەنە يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يېنىڭلار.

﴿مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر﴾ يەنى تەۋبە قىلغانلارنى دوست تۇتقۇچىدۇر.

*******

قَالُواْ يَٰشُعَيۡبُ مَا نَفۡقَهُ كَثِيرٗا مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَىٰكَ فِينَا ضَعِيفٗاۖ وَلَوۡلَا رَهۡطُكَ لَرَجَمۡنَٰكَۖ وَمَآ أَنتَ
عَلَيۡنَا بِعَزِيزٖ ﴿٩١﴾ قَالَ يَٰقَوۡمِ أَرَهۡطِيٓ أَعَزُّ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَٱتَّخَذۡتُمُوهُ وَرَآءَكُمۡ ظِهۡرِيًّاۖ إِنَّ
رَبِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ﴿٩٢﴾

ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز، سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق، سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن» دېدى﴿91﴾. شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە **الله** دىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟ سىلەر **الله** نى ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار (يەنى **الله** غا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە **الله** نى ئۇنۇتقانلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر﴿92﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بەرگەن جاۋابى

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: **﴿«ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز﴾** سەۋر مۇنداق دەيدۇ: شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ”پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ناتىقى“ دەپ قارىلىدۇ.

**﴿بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز﴾** سۇددى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سەن ئەڭ ئاجىز بىر ئادەمسەن. ئەبۇرەۋق مۇنداق دېدى: سەن خار ئادەمسەن، چۈنكى سېنىڭ جەمەتىڭ سېنىڭ دىنىڭدا ئەمەس.

**﴿سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق﴾** يەنى سېنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىڭ بىزگە ئەزىز كىشىلەردىن بولمىغاندا ئىدى. بىز سېنى ئەلۋەتتە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق. بەزى تەپسىرشۇناسلار: بىز سېنى ئەلۋەتتە تىللايتتۇق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. **﴿سەن بىزگە ئەتىۋارلىق ئەمەسسەن﴾** يەنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا سېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ يوق.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە رەددىيە بەرگەنلىكى

**﴿شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ قەۋم قېرىنداشلىرىم سىلەرگە الله دىنمۇ ئەتىۋارلىقمۇ؟﴾** بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگار **الله** تائالاغا بويسۇنۇشنى ئۇنۇتۇپ، ماڭا چېقىلىشنى ۋە **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە يامانلىق قىلىشنى تاشلىماي، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىمنى چوڭ بىلىپ تاشلىمامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى **﴿ئارقاڭلارغا چۆرۈۋەتتىڭلار (يەنى الله غا ئىتائەت قىلمىدىڭلار ۋە الله نى ئۇنۇتقانلار)، پەرۋەردىگارىم سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەرداردۇر﴾** يەنى **الله** تائالا سىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَيَٰقَوۡمِ ٱعۡمَلُواْ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمۡ إِنِّي عَٰمِلٞۖ سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ مَن يَأۡتِيهِ عَذَابٞ يُخۡزِيهِ وَمَنۡ
هُوَ كَٰذِبٞۖ وَٱرۡتَقِبُوٓاْ إِنِّي مَعَكُمۡ رَقِيبٞ ﴿٩٣﴾ وَلَمَّا جَآءَ أَمۡرُنَا نَجَّيۡنَا شُعَيۡبٗا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ
بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَأَخَذَتِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ ٱلصَّيۡحَةُ فَأَصۡبَحُواْ فِي دِيَٰرِهِمۡ جَٰثِمِينَ ﴿٩٤﴾ كَأَن لَّمۡ يَغۡنَوۡاْ فِيهَآۗ أَلَا
بُعۡدٗا لِّمَدۡيَنَ كَمَا بَعِدَتۡ ثَمُودُ ﴿٩٥﴾

ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن»﴿93﴾. بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴿94﴾. گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن!﴿95﴾

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە تەھدىت سالغانلىقى

الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا، مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ﴿**سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار**﴾ بۇ ئايەت ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق تەھدىتتۇر.

﴿**مەنمۇ ئەلۋەتتە ئۆز يولۇم بويىچە ھەرىكەت قىلاي! ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ رەسۋا قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر**﴾ يەنى مەن يالغانچىمۇ ياكى سىلەر يالغانچىمۇ بۇنى يېقىندا كۆرۈسىلەر.

﴿**(ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار! شۈبھىسىزكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمەن». بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز (دىن پەيدا بولغان زىلزىلە) يۈزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى.**﴾ يەنى ئۇلار ھەرىكەتسىز ھالدا جىمىپ كەتتى. الله تائالا بۇ ئورۇندا: ئۇلارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى دەپ؛ ئەئراف سۈرىسىدە: ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، دەپ؛ ۋە سۈرە شۇئەرادا ئۇلارنى: ﴿سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1] دەپ بايان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بىر ئۈممەتتۇر. ئۇلارغا ئازاب كەلگەن كۈنى، بۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

الله تائالا ھەر بىر ئورۇندا شۇ ئورۇنغا مۇناسىپ ئايەتنى بايان قىلدى. مەسىلەن، ئەئراف سۈرىسىدە ئۇلار: ﴿ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز﴾[2] دېگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ ئورۇندا قاتتىق زىلزىلىنى بايان قىلىش مۇناسىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن، شۇ قاتتىق زىلزىلە ئۇ زېمىندا زۇلۇم قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۇ زېمىندىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغان زالىملارنى ھالاك قىلدى. بۇ ئورۇندا ئۇلار پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەندە، ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق ئاۋاز كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەبەدى جىمىقتۇرۇلغانلىقى بايان قىلىندى. شۇئەرا سۈرىسىدە بولسا، ئۇلار: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن﴾[3]

(1) شۇئەرا سۈرىسى 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

دېگەنلىكى ئۈچۈن، الله تائالا: ﴿ئۇلار شۇئەيبنى ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈننىڭ ئازابى ئىدى﴾[1] دېدى. مانا بۇ، قۇرئاننىڭ ناھايىتى ئىنچىكە سىرلىرىدۇر. جىمى ھەمدۇسانا دائىم الله تائالاغا خاستۇر.

**﴿گويا ئۇلار ئۆيلىرىدە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن!﴾** مەديەن ئاھالىسى سەمۇد قەۋمىنىڭ قوشنىسى بولۇپ، يۇرت جەھەتتە ئۇلارغا يېقىن ئىدى، كۇپۇرلۇق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش جەھەتتە ئۇلارغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇلارمۇ سەمۇد قەۋمىگە ئوخشاش ئەرەب مىللىتىدىن ئىدى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَا وَسُلْطَـٰنٍ مُّبِينٍ ﴿٩٦﴾ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱتَّبَعُوٓا۟ أَمْرَ فِرْعَوْنَ ۖ وَمَآ أَمْرُ فِرْعَوْنَ بِرَشِيدٍ ﴿٩٧﴾ يَقْدُمُ قَوْمَهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَأَوْرَدَهُمُ ٱلنَّارَ ۖ وَبِئْسَ ٱلْوِرْدُ ٱلْمَوْرُودُ ﴿٩٨﴾ وَأُتْبِعُوا۟ فِى هَـٰذِهِۦ لَعْنَةً وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ ۚ بِئْسَ ٱلرِّفْدُ ٱلْمَرْفُودُ ﴿٩٩﴾

بىز مۇسانى ھەقىقەتەن ئايەتلىرىمىز (يەنى الله دىن نازىل بولغان دىنىي ئەھكاملار) ۋە روشەن دەلىللەر (يەنى مۆجىزىلەر) بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى﴿97 ـ 96﴾. پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!﴿98﴾ ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴿99﴾

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى روشەن مۆجىزىلەر ۋە ئوچۇق دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن قىبتىنىڭ پادىشاھى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ چوڭلىرىغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

**﴿ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى﴾** يەنى پىرئەۋننىڭ ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت تۇتقان يولىغا، تۈزۈمىگە ۋە پىرىنسىپلىرىغا بويسۇندى.

**﴿پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى﴾** يەنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا ھىدايەت ۋە توغرىلىق يوق. ئۇ پەقەت نادانلىق، گۇمراھلىق، كۇپۇرلۇق ۋە ھەق بىلەن قارشىلىشىشتىنلا ئىبارەتتۇر. دۇنيادىكى چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكى، ئۇنىڭمۇ ئۇلارنى يېتەكلەپ، باشلامچىلىق قىلغىنىغا ئوخشاش، قىيامەت كۈنىمۇ ئۇ ئۇلارنى جەھەننەم ئوتىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ قايناق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. پىرئەۋن ئۈچۈن بۇ چوڭ ئازابتىن تولۇق نېسىۋە بار.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 189 ـ ئايەت.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن پەيغەمبەرگە (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلدى (يەنى پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماي، ئۇنى يالغانغا چىقاردى، ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغاندەك، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى)، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاتتىق جازالىدۇق﴾[1]، ﴿پىرئەۋن (**اللە** نىڭ پەيغەمبىرى مۇسانى) ئىنكار قىلدى ۋە (**اللە** نىڭ ئەمرىگە) ئاسىيلىق قىلدى. ئاندىن پىرئەۋن (مۇسادىن) يۈز ئۆرۈپ (ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە) كىرىشتى. (ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى، تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن». **اللە** ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **اللە** دىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ﴾[2].

**﴿پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كېلىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!﴾** شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ قىيامەت كۈنى ئازابتىن تولۇق نېسىۋىدار بولىدۇ. **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى) بىلمەيسىلەر﴾[3].

**اللە** تائالا كاپىرلارنىڭ دوزاختا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن»﴾[4].

**﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴾** يەنى بىز ئۇلارنى دوزاخ ئازابى بىلەن ئازابلىغانلىقىمىزنىڭ ئۈستىگە، دۇنيادا لەنەتكە ئۇچرىتىمىز. قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارغا بېرىلىدىغان سوغا نېمىدېگەن يامان!

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار قىيامەت كۈنى تېخىمۇ كۆپ لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ لەنەت دۇنيادا بېرىلگەن لەنەت بىلەن ئىككى قاتلىنىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇنىڭ: **﴿ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتكە ئۇچرايدۇ،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ زەھھاك ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېگەن.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۈندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ). ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەتنى ئەگەشتۈردۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا **اللە**، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇلار **اللە** نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر﴾[5]،

(1) مۇززەممىل سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 21 ـــ 26 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەئراف سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەھزاب سۈرىسى 67 ـــ 68 ـ ئايەتلەر.
(5) قەسەس سۈرىسى 41 ـــ 42 ـ ئايەت.

﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرگۈزۈڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾[1].

*******

ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْقُرَىٰ نَقُصُّهُۥ عَلَيْكَ ۖ مِنْهَا قَآئِمٌ وَحَصِيدٌ ﴿١٠٠﴾ وَمَا ظَلَمْنَٰهُمْ وَلَٰكِن ظَلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ ۖ فَمَآ أَغْنَتْ عَنْهُمْ ءَالِهَتُهُمُ ٱلَّتِى يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ لَّمَّا جَآءَ أَمْرُ رَبِّكَ ۖ وَمَا زَادُوهُمْ غَيْرَ تَتْبِيبٍ ﴿١٠١﴾

مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن ئىزى قالغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار)، ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغانلىرىمۇ بار)﴿100﴾. بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى﴿101﴾.

## ھالاك قىلىنغان يۇرتلاردىن ئىبرەت ئېلىش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى، ئۇلار بىلەن ئۇممەتلىرى ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى، كاپىرلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىنى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قانداق قۇتقۇزۇلغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن ئىزى قالغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار)، ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغانلىرىمۇ بار)**﴾ بىز ئۇلارنى ھالاك قىلغاندا، ﴿**ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى يالغانغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ چوقۇنغان ۋە ئىلتىجا قىلغان بۇتلىرى ئۇلارنى قۇتقۇزالمىدى. ﴿**ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى**﴾ مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ۋەيران ۋە ھالاك بولۇش سەۋەبى ئۇلارنىڭ پەقەت شۇ بۇتلارغا ئەگەشكەنلىكىدۇر. شۇڭا ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتتى.



*******

وَكَذَٰلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَآ أَخَذَ ٱلْقُرَىٰ وَهِىَ ظَٰلِمَةٌ ۚ إِنَّ أَخْذَهُۥٓ أَلِيمٌ شَدِيدٌ ﴿١٠٢﴾

(1) غافىر سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، **الله** نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴿102﴾.

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنكار قىلغۇچى، ئاھالىسى زالىم يۇرتلارنى ھالاك قىلغىنىمىزدەك، قىلمىشلىرى ئۇلارغا ئوخشايدىغانلارنىمۇ ھالاك قىلىمىز. **﴿الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇنى تۇتقان چاغدا ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ» دېگەنلىكىنى، ئاندىن: **﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

*******

إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً لِّمَنْ خَافَ عَذَابَ الْآخِرَةِ ۚ ذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ النَّاسُ وَذَٰلِكَ يَوْمٌ مَّشْهُودٌ ﴿١٠٣﴾ وَمَا نُؤَخِّرُهُ إِلَّا لِأَجَلٍ مَّعْدُودٍ ﴿١٠٤﴾ يَوْمَ يَأْتِ لَا تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلَّا بِإِذْنِهِ ۚ فَمِنْهُمْ شَقِيٌّ وَسَعِيدٌ ﴿١٠٥﴾

ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە) دىن، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴿103﴾. ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز﴿104﴾. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەرقانداق ئادەم پەقەت **الله** دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴿105﴾.

## يۇرتلارنىڭ ھالاك قىلىنىشىنىڭ قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى ئىكەنلىكى

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلغانلىقىمىز ۋە مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغانلىقىمىزدا قىيامەتنى قايىم قىلىشتىن ئىبارەت ۋەدىمىزنىڭ راستلىقىغا ئەلۋەتتە ئىبرەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بار.

291

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1]، ﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيي قىلدى: زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز﴾[2].

**﴿ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ

(1) غافىر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىلگىرىكىلىرىنىمۇ، كېيىنكىلىرىنىمۇ يىغىلىدىغان كۈندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾**[1].

**﴿ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴾** يەنى ئۇ كاتتا بىر كۈن بولۇپ، ئۇ كۈندە پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، پەيغەمبەرلەر يىغىلىدۇ. ئىنسانلار، جىنلار، ئۇچار قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ۋە چارۋا ماللار قاتارلىق بارلىق مەخلۇقاتلار توپلىنىدۇ. ئۇ كۈندە الله تائالا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[2].

**﴿ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز﴾** يەنى بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىمىز. ئۇنىڭ مۇددىتى ئازراقمۇ ئېشىپ كەتمەيدۇ ياكى كېمىيىپ قالمايدۇ.

**﴿قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەر قانداق ئادەم پەقەت الله دىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان الله نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ﴾[3]، ﴿مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن﴾[4].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىش ھەققىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇ كۈندە پەقەت پەيغەمبەرلەرلا سۆزلەيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ كۈندىكى دۇئاسى پەقەت مۇنداق بولىدۇ: ئى الله ! سالامەت قىلغىن، سالامەت قىلغىن».

**﴿ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾** يەنى توپلانغان كىشىلەردىن بەتبەختلىرىمۇ بار، سائادەتمەنلىرىمۇ بار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ كۈندە) بىر پىرقە (كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ﴾[5].

ھافىز ئەبۇيەئلا ئىبنى ئۆمەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمىگە ئاساسەن ئەمەل قىلىمىز؟ تەقدىردە يېزىلىپ بولغان ئىشقا ئاساسەن ئەمەل قىلامدۇق ياكى تەقدىردە يېزىلمىغان ئىشقا ئاساسەن ئەمەل قىلامدۇق؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! تەقدىردە يېزىلىپ بولغان ئىشقا ئاساسەن ئەمەل قىلىمىز. قەلەملەر ئۇنى يېزىپ بولدى. لېكىن ھەر ئادەم تەقدىردە يېزىلغىنىغا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ» دېدى.

ئاندىن الله تائالا بەتبەختلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ.

(1) كەھف سۈرىسى 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(3) نەبە سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) تاھا سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) شۇرا سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

******

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُواْ فَفِي ٱلنَّارِ لَهُمۡ فِيهَا زَفِيرٞ وَشَهِيقٌ ﴿١٠٦﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٞ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٠٧﴾

بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاختا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ﴿106﴾. (دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴿107﴾.

## بەتبەختلەرنىڭ ھالى ۋە بارىدىغان جايى توغرىسىدا

**﴿ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس: ئۇلار ناھايىتى سەت ئاۋاز بىلەن، خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن شۇنداق قىلىدۇ. الله تائالاغا سېغىنىپ، ئۇ ئازابتىن پاناھ تىلەيمىز!

**﴿(دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ﴾** ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەردە بىرەر نەرسىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى سۈپەتلىمەكچى بولسا، "بۇ نەرسە ئاسمان ـ زېمىن داۋام قىلغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ" دەپ سۈپەتلەيدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن شۇ نەرسىنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلاتتى. شۇڭا بۈيۈك الله تائالامۇ ئۇلارغا ئۇلار ئۆز ئارا بىلىشىدىغان نەرسە بىلەن خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿(دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ﴾**.

مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) مۇنداق قارايمەن: بۇ ئايەتتىكى ئاسمان ـ زېمىندىن مۇتلەق ئاسمان ـ زېمىن كۆزدە تۇتۇلىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. چۈنكى، ئاخىرەت دۇنياسىدىمۇ چوقۇم ئاسمان ۋە زېمىن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ﴾[1] شۇڭا ھەسەنبەسرىمۇ الله تائالانىڭ: **﴿ئاسمان ـ زېمىن يوقالمايلا تۇرسا﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاسمان دۇنيانىڭ بۇ ئاسمىنىدىن باشقا بىر ئاسماندۇر. ئۇ زېمىن دۇنيانىڭ بۇ زېمىنىدىن باشقا بىر زېمىندۇر. ئەنە شۇ ئاسمان ۋە زېمىن يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا الله خالىغان مۇددەتكىچە داۋاملىق تۇرىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ، ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر الله نىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[2].

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتىن الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىدىغان گۇناھكارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالا ئۇلارنى پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ شاپائەت قىلىشى بىلەن دوزاختىن چىقىرىدۇ. ھەتتا چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلارغىمۇ شاپائەت قىلىنىدۇ. ئاندىن ئەڭ مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ رەھمىتى كېلىدۇ ـ دە، ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىغان، ئەمما ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى: الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ـ دەپ قويغان كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئەنەس، جابىر، ئەبۇسەئىيد، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا سۆزلىگەن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلىرى رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن دوزاختا پەقەت مەڭگۈ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرلا قالىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇ، نۇرغۇن سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ئايەت كەرىمگە بەرگەن تەپسىرىدۇر.

* * * * * * *

﴿وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُوا۟ فَفِى ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَ ۖ عَطَآءً غَيْرَ مَجْذُوذٍ ﴿١٠٨﴾

سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ (بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴿108﴾.

## سائادەتمەنلەرنىڭ ھالى ۋە بارىدىغان جايى

﴿**سائادەتمەنلەرگە كەلسەك**﴾ ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدۇر، شۇڭا ﴿**ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تۇرار جايى جەننەت بولىدۇ. ﴿**(جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ نازۇ ـ نېمەت ئىچىدە مەڭگۈ تۇرىشى ئۆزلىكىدىن بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ الله تائالانىڭ خالىشىغا باغلىقتۇر. الله تائالا ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنى جەننەتتە مەڭگۈ تۇرغۇزىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا خۇددى ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشى ئىلھام قىلىنغاندەك، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىشى ئىلھام قىلىنىپ تۇرىدۇ.

زەھھاك ۋە ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلگەن گۇناھكارلارغا قارىتىلغان. ئۇلار دوزاختا مەلۇم مۇددەت قالىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن چىقىرىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئەبۇئالىيە ۋە باشقا بىر قانچە كىشى مۇنداق دەيدۇ: شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتكە ئۇلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر**﴾ مۇنداق ئەگەشتۈرۈپ بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ﴿**پەرۋەردىگارىڭ خالىغان**

**زامانغىچە﴾** دەپ بايان قىلىنغان ئايەتتىن بىرەر ئادەم خاتا چۈشەنچە ئېلىپ، جەننەت مەڭگۈلۈك ئەمەس ئوخشايدۇ ياكى ئاربدا ئۈزۈلۈش بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. جەننەتكە كىرگەن كىشى مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتىمۇ **الله** تائالا دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاختا دائىم ئازابلىنىدىغانلىقىنى، ھەممە ئىشنىڭ **الله** تائالانىڭ خالىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، **الله** ئۆز ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنى ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىڭ، ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾**[1].

**﴿(بۇ ئۇلارغا قىلىنغان) ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر﴾** بۇ ئايەت بىلەن دىللار جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ قالىدىغانلىقىغا ئارام تاپىدۇ ۋە مەقسەت ئايدىڭلىشىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆلۈم يۇڭى ئاقىرىپ قالغان قارا قوچقارنىڭ سۈرىتىدە كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن: ئى جەننەت ئەھلى! جەننەتتە مەڭگۈ قېلىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز ئۆلۈم يوق. ئى دوزاخ ئەھلى! دوزاختا مەڭگۈ قېلىڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگىمۇ ھەرگىز ئۆلۈم يوق، ـ دېيىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى جەننەت ئەھلى! شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ ياشايسىلەر، ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر. مەڭگۈ ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر. مەڭگۈ ساغلام تۇرىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولۇپ قالمايسىلەر. نازۇ ـ نېمەتتىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىسىلەر، ھەرگىز جاپا چەكمەيسىلەر».

* * * * * * *

فَلَا تَكُ فِى مِرْيَةٍ مِّمَّا يَعْبُدُ هَٰٓؤُلَآءِ ۚ مَا يَعْبُدُونَ إِلَّا كَمَا يَعْبُدُ ءَابَآؤُهُم مِّن قَبْلُ ۚ وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمْ نَصِيبَهُمْ غَيْرَ
مَنقُوصٍ ﴿١٠٩﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ فَٱخْتُلِفَ فِيهِ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ ۚ
وَإِنَّهُمْ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ ﴿١١٠﴾ وَإِنَّ كُلًّا لَّمَّا لَيُوَفِّيَنَّهُمْ رَبُّكَ أَعْمَٰلَهُمْ ۚ إِنَّهُۥ بِمَا يَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ﴿١١١﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ (گۇمراھلىق) ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمە، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ بىز ساڭا قىسسىسىنى بايان قىلغان ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا چوقۇنىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەي بېرىمىز﴿109﴾. شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىندى (يەنى ئۇنىڭ قەۋمى بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشتى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن چىقارغان (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇشۇ دۇنيادىلا

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە) چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) زور گۇماندىدۇر﴿110﴾. پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، الله ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴿111﴾.

## شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ شەكسىز گۇمراھلىق ئىكەنلىكى

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشىنىڭ (گۇمراھلىق) ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمە﴾** شەك ـ شۈبھىسىزكى، شېرىك كەلتۈرۈش باتىلدۇر، نادانلىقتۇر ۋە ئازغۇنلۇقتۇر. مۇشرىكلار پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىلگىرى چوقۇنغان نەرسىگىلا چوقۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇشىدا نادانلىق بىلەن: ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا ئەگىشىۋاتىمىز، ـ دېگەندىن باشقا ھېچ قانداق پاكىتى يوق. كەلگۈسىدە الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا تولۇق جازا بېرىدۇ. ئۇلارنى ھېچكىمنى ئازابلىمايدىغان ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى بولغان تەقدىردە، الله تائالا (ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا) ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن (دۇنيادىكى چېغىدىلا) تولۇق مۇكاپاتىنى بېرىپ بولغان. **﴿بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەستىن بېرىمىز﴾** ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلغان.

ئاندىن الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كىتاب بەرگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇ كىتاب ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقانلىقىنى، ئۇ كىتابقا ئىمان ئېيتقانلارنىڭمۇ ۋە كاپىر بولغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردە سەن ئۈچۈن ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئۈلگە بار. مۇشرىكلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشىدىن ئاچچىقلانمىغىن ۋە ئۇنىڭغا بىئارام بولمىغىن.

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن چىقارغان (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە) چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىلاتتى﴾** ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ الله تائالانىڭ ئازابنى مەلۇم مۇددەتكىچە كېچىكتۈرۈش ھۆكمى ئىلگىرىلا چىقىرىلمىغان بولسا ئىدى، الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىراتتى، ـ دېگەنلىكتۇر. يەنە الله تائالا دەلىل ـ پاكىتنى تۇرغۇزماي ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ھېچ كىمنى ئازابلىمايدۇ، ـ دېگەنلىكمۇ كۆزدە تۇتۇلۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[1]، ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە) قىلىنىۋەتكەن ھۆكمى ۋە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى) چوقۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن﴾[2].

ئاندىن الله تائالا ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قارىتا ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىق جازا بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، الله ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ

(1) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 129 ـــ 130 ـ ئايەتلەر.

ھەممىسنى چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ، كۆزگە چېلىقىدىغىنىنىمۇ ۋە كۆزگە چېلىقمايدىغىنىنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن) ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

فَٱسۡتَقِمۡ كَمَآ أُمِرۡتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطۡغَوۡاْۚ إِنَّهُۥ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿١١٢﴾ وَلَا تَرۡكَنُوٓاْ إِلَى ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ فَتَمَسَّكُمُ ٱلنَّارُ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِنۡ أَوۡلِيَآءَ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ ﴿١١٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) اللە سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) اللە نىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، اللە قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿112﴾. زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە اللە دىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر﴿113﴾.

## توغرا يولدا بولۇشقا بۇيرۇش

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىن بەندىلىرىنى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشقا ۋە داۋاملىق شۇ يولدا مېڭىشقا بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا، قارشى چىققانلارغا قارشى چىقىشقا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ياردەمدۇر. اللە تائالا ئۇلارنى ھەددىدىن ئېشىشتىن توستى. ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش كىشىنى (گەرچە ئۇ شۇ ئەمەلدە مۇشرىككە قارشى تۇرغان بولسىمۇ) مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھېچنەرسىدىن غاپىل ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

﴿**زالىملارغا مايىل بولماڭلار**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى زالىملارغا ئالدانماڭلار. ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى زالىملارغا مايىل بولماڭلار. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزى ئورۇنلۇقتۇر. يەنى زالىملاردىن ياردەم سورىماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا رازى بولغان بولۇپ قالىسىلەر.

﴿**(مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە اللە دىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر**﴾ يەنى سىلەرگە اللە تائالادىن باشقا دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھېچ دوست، ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدىغان ھېچ ياردەمچى بولمايدۇ.

* * * * * *

(1) ياسىن سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ طَرَفَيِ ٱلنَّهَارِ وَزُلَفٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِۚ إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ ذَٰلِكَ ذِكۡرَىٰ لِلذَّٰكِرِينَ ١١٤ وَٱصۡبِرۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١١٥﴾

كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿114﴾. (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴿115﴾.

## ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش

**﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: بۇ ئايەتتە بامدات نامىزى بىلەن شام نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەسەن ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن. مۇجاھىد: كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدىن بامدات نامىزى ۋە كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدىن پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

**﴿ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە خۇپتەن نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى مۇبارەكتىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە ھەسەن مۇنداق دېگەن: شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى نامازلار شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدۇر» دېدى.

مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ: ئۇ شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىدۇر، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ ئىسرا كېچىسى بەش ۋاخ ناماز پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى نازىل بولغان بولىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. چۈنكى بەش ۋاخ ناماز پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ئىككى ۋاخ ناماز پەرز ئىدى. كېچىدە ناماز ئوقۇشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۈممىتىگە ۋاجىب ئىدى. كېيىن ئۈممىتىدىن ساقىت قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاجىب قىلىنغان پېتى بىر مەزگىل قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ساقىت قىلىندى.



## ياخشىلىقلارنىڭ يامانلىقنى ئۆچۈرىدىغانلىقى

**﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾** ئەگەر بىر كىشى ياخشى

ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى يۇيۇلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىس ئاڭلىسام، الله تائالا ئۇ ھەدىستىن ماڭا خالىغان نەرسە بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزەتتى. ئەگەر بىرەر ئادەم ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرسە، بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەسەم قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتىم. ئەگەر ئۇ ماڭا قەسەم قىلىپ بەرسە، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. بىر قېتىم ئەبۇبەكرى ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەردى. ئەبۇبەكرى راست سۆزلەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «بىر مۇسۇلمان بىر گۇناھنى قىلسا، ئاندىن تاھارەت ئالسا ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، ئاندىن مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «كىمكى مېنىڭ بۇ تاھارىتىمگە ئوخشاش تاھارەت ئالسا، ئاندىن كۆڭلىدە ھېچ نەرسە ئويلىماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سۈيى لىق ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بولسا، ئۇ ئادەم ھەركۈنى بەش قېتىم ئۆستەڭدە يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىردىن ئەسەر قالامدۇ؟» ساھابىلار: ياق، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەش ۋاخ نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، الله تائالا ئۇ نامازلار بىلەن گۇناھلارنى ۋە خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئىنسان چوڭ گۇناھلارنى قىلمىغانلا بولسا، بەش ۋاخ ناماز بىر نامازدىن يەنە بىر نامازغىچە، جۈمە نامىزى بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە، رامىزاننىڭ روزىسى بىر رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھلارنى يۇيىدۇ».

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم بىر ئايالنى سۆيۈۋالدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: **﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ماڭىلا خاسمۇ؟ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر ئايالنىڭ نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالنى قازناق ئۆيگە ئەكىرىپ جىمادىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۆمەر: ساڭا ۋاي! ئۇنىڭ ئېرى الله يولىدا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن،-[1] دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، شۇنداق،- دەيدۇ. ئۆمەر: ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىغىن،- دەيدۇ. ئۇ ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ. ئۇمۇ ئۆمەرگە ئوخشاشلا: ئۇنىڭ ئېرى الله يولىدا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىغىن،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا: ئۇنىڭ ئېرى الله يولىدا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. شۇ چاغدا قۇرئاندىكى: **﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ماڭىلا خاسمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقمۇ؟- دەيدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ: ياق! ساڭىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر،- دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆمەر راست ئېيتتى» دەيدۇ.

*******

فَلَوْلَا كَانَ مِنَ ٱلْقُرُونِ مِن قَبْلِكُمْ أُولُوا۟ بَقِيَّةٍ يَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْفَسَادِ فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّنْ أَنجَيْنَا
مِنْهُمْ ۗ وَٱتَّبَعَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ مَآ أُتْرِفُوا۟ فِيهِ وَكَانُوا۟ مُجْرِمِينَ ﴿١١٦﴾ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ
ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ ﴿١١٧﴾

سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر﴿116﴾. پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ﴿117﴾.

## قەبىھ ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان يامانلىق، ئەسكىلىك ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ياخشى كىشىلەر بولمىدى؟ **﴿ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن**

(1) بۇ يەردە ئېرى الله يولىدا جىھادقا ياكى دەۋەت ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا چىقىپ كەتكەن بولسا، قىلغان گۇناھىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

**ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ تۈردىكى ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇلار كۆپ ئەمەس. **الله** تائالانىڭ تويۇقسىز غەزىپى ۋە ئازابى چۈشكەندە، **الله** تائالا ئۇلارغا نىجاتلىق بېرىدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا بۇ شەرەپلىك ئۈممەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بولۇشىغا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

ئىبنى ماجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىكى (يەنى يامان ئىش قىلغۇچىنى يامانلىقتىن توسماسلىقى) **الله** تائالانىڭ ئازابىنىڭ ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ».

**﴿سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئىلگىرى قىلىپ كېلىۋاتقان گۇناھلارنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. ئۇنداق قىلىشتىن توسقان ياخشى كىشىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئازاب كېلىدۇ. **﴿ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر﴾**.

ئاندىن **الله** تائالا ھېچبىر شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلمىغۇچە ھالاك قىلمىغانلىقىنى، ئۇلارنى پەقەت ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندىلا ئاندىن ھالاك قىلغانلىقىنى، ئاھالىسى ياخشى بولغان شەھەرگە ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانغا قەدەر ئازاب كەلمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[3].

*******

وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةً وَٰحِدَةً ۖ وَلَا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ ﴿١١٨﴾ إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَ ۚ وَلِذَٰلِكَ خَلَقَهُمْ ۗ وَتَمَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ لَأَمْلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١١٩﴾

ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. **الله** ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن»

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴿118 ـ 119﴾.

## الله تائالانىڭ زېمىن ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى ئىمان ئېيتىشقا نېسىپ قىلمىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىماندا ياكى كۇفرىدا بىر ئۇممەت قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى﴾[1]، **﴿ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** يەنى ئىنسانلار دىنلىرىدا، مىللەتلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىدا، تۇتقان يوللىرىدا ۋە كۆز قاراشلىرىدا داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. پەقەت پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىپ، الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرى يەتكۈزگەن دىنىدا بۇيرۇلغان ئىشلارغا چىڭ يېپىشىپ، مەرھەمەتكە ئېرىشكەنلەر ئىختىلاپ قىلىشمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ داۋاملىق كۆزلىگەن نىشانىدۇر. ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئۇنى تەستىقلىدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتى. چۈنكى ئۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى جامائەدۇر.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خرىستىئانلار 72 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كەلگۈسىدە بۇ ئۇممەت 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت بىر پىرقىدىن باشقا ھەممىسى دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ئۇ بىر پىرقە كىملەر؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ يولىنى تۇتقانلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴾** الله تائالا ھەممە نەرسىنى ئالدىنئالا تولۇق بىلگەنلىكى ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ھېكمىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەخلۇقاتلاردىن جەننەتكە لايىق بولغانلارنىڭمۇ، دوزاخقا لايىق بولغانلارنىڭمۇ بارلىقىغا ئىلگىرىلا ھۆكۈم قىلغۇەتكەنلىكىنى ۋە بەلگىلىۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا جەھەننەمنى چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلارنىڭ گۇناھكارلىرى بىلەن توشقۇزىدۇ. بۇنىڭدا الله تائالانىڭ يېتەرلىك پاكىتى ۋە تولۇق ھېكمىتى بار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرىلىشىپ قالدى. جەننەت: نېمىشقا ماڭا پەقەت ئاجىز ۋە مىسكىن ئىنسانلار كىرىدۇ؟ ـ دېدى. دوزاخ: مەن ماڭا تەكەببۇرلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ كىرىشىگە تاللاندىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالا جەننەتكە: سەن مېنىڭ رەھمىتىم. سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىگە مەرھەمەت قىلىمەن، ـ دېدى. دوزاخقا: سەن مېنىڭ ئازابىم. سەن بىلەن ئۆزۈم خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىمەن. ھەر ئىككىڭلار توشقۇزۇلىسىلەر، ـ دېدى. جەننەتكە كەلسەك، ئۇنىڭدا داۋاملىق بىر ئارتۇق جاي بولىدۇ. ھەتتا الله تائالا جەننەتنىڭ

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئارتۇق يېرىدە ئولتۇراقلىشىدىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. دوزاخقا كەلسەك، ئۇ ھەمىشە: يەنە بارمۇ؟ ـ دەپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا، ئەزىز پەرۋەردىگار قەدىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوزاخ: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى بولدى، بولدى، تولۇپ كەتتىم، ـ دەيدۇ».

*******

وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِۦ فُؤَادَكَ ۚ وَجَآءَكَ فِى هَٰذِهِ ٱلْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٢٠﴾

كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴿120﴾.

## خاتىمە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! (بىز ساڭا بايان قىلىپ بەرگەن) سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇممەتلىرى ھەققىدىكى قىسسىلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرگە يۈكلەنگەن بوھتان ۋە يەتكۈزۈلگەن ئەزىيەتلەر، الله تائالانىڭ مۆمىنلەر گۇرۇھىغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكى، دۈشمەنلىرىدىن ئىبارەت كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ۋە ساڭا ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىڭنىڭ (ساڭا) ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن ساڭا سۆزلەپ بېرىمىز.

**﴿بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴾** ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە بىر تۈركۈم سەلەپ ئالىملىرى: بۇ يەردە بۇ سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەت، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ توغرىدۇر. يەنى بۇ سۈرە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسىلەرنى، الله تائالانىڭ ئۇلارنى ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى ۋە كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئى مۇھەممەد! بۇ سۈرىدە ساڭا ھەقىقىي قىسسىلەر، راست خەۋەرلەر، كاپىرلارنى چۆچۈتىدىغان ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە مۆمىنلەر ئالىدىغان ئىبرەتلەر بايان قىلىندى.



*******

وَقُل لِّلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنَّا عَٰمِلُونَ ﴿١٢١﴾ وَٱنتَظِرُوٓا۟ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٢٢﴾

ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى﴿121﴾. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»﴿122﴾.

الله تائالا پەيغەمبىرىنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا تەھدىت سېلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: **﴿سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار﴾** يەنى ئۆز پرىنسىپىڭلار بويىچە قىلىڭلار. **﴿بىزمۇ ئۆز يولىمىز﴾** يەنى ئۆز پرىنسىپىمىز **﴿بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە، (شۇنى) كۈتىمىز﴾** يەنى ياخشى ئاقىۋەتنىڭ كىمگە بولىدىغانلىقىنى پات يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، زالىملار نىجات تاپالمايدۇ. الله تائالا پەيغەمبىرىگە قىلغان ۋەدىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. ئۇنى كۈچلەندۈردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى خار قىلدى. الله تائالا غالىبتۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

*******

وَلِلَّهِ غَيۡبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَإِلَيۡهِ يُرۡجَعُ ٱلۡأَمۡرُ كُلُّهُۥ فَٱعۡبُدۡهُ وَتَوَكَّلۡ عَلَيۡهِۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿١٢٣﴾

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش الله غا خاستۇر، ھەممە ئىش الله غا قايتۇرۇلىدۇ، الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۈل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴿123﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى، قايتىپ بارىدىغان ئورۇننىڭ ئۆزىنىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلاردىن ھېساب ئالىدىغان كۈنى ھەر بىر ئادەمگە ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىنى، بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىشنىڭ الله تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە ئىشنىڭ الله تائالاغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىنى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قايتقان كىشىگە الله تائالا يېتەرلىكتۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سېنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى الله تائالاغا مەخپىي ئەمەستۇر. بەلكى الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا ئۇلارغا كەلگۈسىدە (ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەڭ قاتتىق جازا بېرىدۇ. ئۇلارغا قارشى ساڭا ئەگەشكەنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ.

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! ھۇد سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# يۇسۇف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 111 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡمُبِينِ ﴿١﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيّٗا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٢﴾ نَحۡنُ
نَقُصُّ عَلَيۡكَ أَحۡسَنَ ٱلۡقَصَصِ بِمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ وَإِن كُنتَ مِن قَبۡلِهِۦ
لَمِنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، را. بۇ، روشەن كىتاب ئايەتلىرىدۇر﴿1﴾. شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴿2﴾. بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ﴿3﴾.

## قۇرئاننىڭ سۈپەتلىرى

**﴿ئەلىف، لام، را﴾** بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆزۈپ ئوقۇلىدىغان بۇ ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇلدى. **﴿بۇ، روشەن كىتاب ئايەتلىرىدۇر﴾** يەنى بۇ، روشەن بايان قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى بولۇپ، ئوچۇق بولمىغان نەرسىلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق.

**﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾** ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەرەب تىلى ئەڭ پاساھەتلىك، ئەڭ راۋان، سۆزلۈككە ئەڭ باي، كۆڭۈلدىكىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ

كۈچلۈك بولغان بىر تىلدۇر.

شۇڭا الله تائالا ئەڭ شەرەپلىك كىتاب قۇرئاننى ئەڭ شەرەپلىك تىل ئەرەبچە بىلەن ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ شەرەپلىك پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەڭ شەرەپلىك زېمىن مەككە ـ مەدىنىدە، ئەڭ شەرەپلىك ئاي رامىزاندىن باشلاپ نازىل قىلدى. يەنى قۇرئان ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل كىتابتۇر.

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق**﴾ يەنى بۇ قۇرئاننى بىزنىڭ ساڭا ۋەھيي قىلغانلىقىمىز سەۋەبى بىلەن ﴿**ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز**﴾.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە قىسسە سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿**ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

*******

إِذْ قَالَ يُوسُفُ لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَبًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ رَأَيْتُهُمْ لِي سَٰجِدِينَ ﴿٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئۆز ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە 11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى﴿4﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاتىسىغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدۇر. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھيىدۇر. تەپسىرشۇناسلار بۇ چۈشكە تەبىر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئون بىر يۇلتۇز يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن باشقا، ئون بىر ئوغۇل ئىدى. كۈن بىلەن ئاي، ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ ئىبنى ئابباس، زەھھاك، قەتادە، سۇفيان سەۋر ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ چۈش 40 يىلدىن كېيىن ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن. بەزى تەپسىرشۇناسلار

سەكسەن يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن، ـ دەپمۇ قارايدۇ. ئۇ چۈش، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان، قېرىنداشلىرى ئالدىدا قاراپ تۇرغان چاغدا ئەمەلىيەتكە ئايلاندى: ﴿ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۈسۈفكە سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستىغا چىقاردى﴾[1].

* * * * * * *

قَالَ يَٰبُنَيَّ لَا تَقۡصُصۡ رُءۡيَاكَ عَلَىٰٓ إِخۡوَتِكَ فَيَكِيدُواْ لَكَ كَيۡدًاۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لِلۡإِنسَٰنِ عَدُوّٞ مُّبِينٞ ﴿٥﴾

ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «ئى ئوغلۇم! چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» دېدى﴿5﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ (شەيتاننىڭ مىكرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) بۇ چۈشنى مەخپىي تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا (ئۇ كۆرگەن چۈشنى ئاتىسىغا ئېيتىپ بەرگەن چاغدا)، ئېيتقان سۆزىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ چۈشنىڭ تەبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ باش ئېگىشى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ بىلگەنلىكتىن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ۋە ھۆرمەتلەپ سەجدە قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بىرەرىگە بۇ چۈشنى سۆزلەپ بەرسە، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا (ھەسەتخورلۇقتىن) قەست قىلىپ قويۇشىدىن قورقتى ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿چۈشۈڭنى قېرىنداشلىرىڭغا ئېيتمىغىن، ساڭا سۇيىقەست قىلىپ سالمىسۇن﴾** يەنى ھىيلە ئىشلىتىپ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىپ قالمىسۇن.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى سۆزلەپ بەرسۇن. ئەگەر يامان چۈش كۆرسە، يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ياتسۇن، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، الله تائالاغا سېغىنىپ شۇ چۈشنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن. ئۇ چۈشنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىسۇن. شۇنداق قىلسا، ئۇ چۈش ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيان سالمايدۇ».

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە قۇشەيرىدىن رىۋايەت قىلغان باشقا بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىلمىسە، ئۇ چۈش رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تەبىر بېرىلسە، ئۇ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ».

---

(1) يۈسۈف سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

*******

وَكَذَٰلِكَ يَجْتَبِيكَ رَبُّكَ وَيُعَلِّمُكَ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ وَيُتِمُّ نِعْمَتَهُۥ عَلَيْكَ وَعَلَىٰٓ ءَالِ يَعْقُوبَ
كَمَآ أَتَمَّهَا عَلَىٰٓ أَبَوَيْكَ مِن قَبْلُ إِبْرَٰهِيمَ وَإِسْحَٰقَ ۚ إِنَّ رَبَّكَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٦﴾

شۇنىڭغا (يەنى ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىگە) ئوخشاش، پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ، ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك، ساڭىمۇ، يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿6﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاللاپ بۇ يۇلتۇزلار بىلەن كۈن ۋە ئاينى ساڭا سەجدە قىلدۇرۇپ چۈش كۆرسەتتى، ـ دېگەنلىكىنى بايان قىلدى.

﴿**شۇنىڭغا (يەنى ساڭا ئۇلۇغ چۈش كۆرسەتكىنىگە) ئوخشاش، پەرۋەردىگارىڭ سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ، ساڭا چۈش تەبىرىنى بىلدۈرىدۇ**﴾ سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ ۋە ساڭا ۋەھيي قىلىش بىلەن ﴿**ئەجدادلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاقلارغا ئىلگىرى الله ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بەرگىنىدەك، ساڭىمۇ، يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېمىتىنى بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئۆز مەرھەمىتىگە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا پەيغەمبەرلىكنى كىمگە بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

*******

لَّقَدْ كَانَ فِى يُوسُفَ وَإِخْوَتِهِۦٓ ءَايَٰتٌ لِّلسَّآئِلِينَ ﴿٧﴾ إِذْ قَالُوا۟ لَيُوسُفُ وَأَخُوهُ أَحَبُّ إِلَىٰٓ أَبِينَا مِنَّا وَنَحْنُ
عُصْبَةٌ إِنَّ أَبَانَا لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٨﴾ ٱقْتُلُوا۟ يُوسُفَ أَوِ ٱطْرَحُوهُ أَرْضًا يَخْلُ لَكُمْ وَجْهُ أَبِيكُمْ وَتَكُونُوا۟
مِنۢ بَعْدِهِۦ قَوْمًا صَٰلِحِينَ ﴿٩﴾ قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ لَا تَقْتُلُوا۟ يُوسُفَ وَأَلْقُوهُ فِى غَيَٰبَتِ ٱلْجُبِّ يَلْتَقِطْهُ بَعْضُ
ٱلسَّيَّارَةِ إِن كُنتُمْ فَٰعِلِينَ ﴿١٠﴾



يۈسۈفنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ (قىسسىسىدە) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿7﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز (كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز، ئاتىمىز (ىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر» دېيىشتى﴿8﴾. (ئۇلار) «يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ، بۇ (گۇناھ) تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم

بولۇپ كېتىسلەر» دېيىشتى﴿9﴾. ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ: «يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى﴿10﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىبرەتلەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىرى ھەققىدىكى خەۋەردە، بۇ توغرۇلۇق سورىغۇچىلار ۋە ئۇنى بىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر بار. ئۇ ئاجايىپ خەۋەر بولۇپ، ئۇنى خەۋەر قىلىش ھەقلىقتۇر. **﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر﴾** يەنى ئۇلار ئۇيلىغىنى بويىچە قەسەم قىلىشىپ: الله تائالا بىلەن قەسەمكى، يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى بۇنيامىن ئەلۋەتتە **﴿ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز (كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز﴾** يەنى بىز بىر جامائەتتۇرمىز. بۇ ئىككى ئادەم قانداقمۇ بىر جامائەتتىن ئۆتە سۆيۈملۈك بولسۇن؟!

**﴿ئاتىمىز (نىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر» دېيىشتى﴾** يەنى ئاتىمىزنىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇشى ۋە بىزدىن ئارتۇق (ياخشى) كۆرۈشى ئەلۋەتتە خاتادۇر، - دېيىشتى.

**﴿(ئۇلار) «يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ»﴾** ئۇلار: ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سىلەرگە قېلىشى ئۈچۈن، ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتىنى سىلەردىن تارتىۋالغان بۇ ئادەمنى (ئاتاڭلارنىڭ كۆز ئالدىدىن) يوقىتىۋېتىڭلار. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى يىراق بىر جايغا تاشلىۋېتىش بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر ۋە سىلەر ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى بىلەن قالىسىلەر، - دېيىشتى.

**﴿«بۇ (گۇناھ) تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسلەر» دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ﴾** قەتادە ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: سۆزنى قىلغۇچى ئۇلارنىڭ ھەممىدىن چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى روبىل ئىدى، - دېدى. سۇددى: ئۇ سۆزنى قىلغىنى يەھۇزادۇر، - دېدى. مۇجاھىد: ئۇ شەمئۇن سافادۇر، - دېدى.

**﴿يۈسۈفنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾** يەنى ئۇنى ئۆچ كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش (سىلەرنى) ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارمىسۇن، - دېدى. ئۇلارغا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. چۈنكى الله تائالا ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بىلەن ۋەھيي قىلىش، ئۇنى مىسىر زېمىنىغا ئىگە قىلىش ۋە پادىشاھ قىلىش قاتارلىق ئىشلار چوقۇم ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە ئەمەلىيلىشىدۇ. الله تائالا روبىلنىڭ سۆزى بىلەن ئۇلارنى يۈسۈفنى ئۆلتۈرۈشتىن ياندۇردى. ئۇلار يۈسۈفنى روبىلنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن قۇدۇققا تاشلىۋەتتى.

**﴿«ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن» دېدى﴾** يەنى ئۇنى يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئېلىۋالسۇن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

**﴿ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار﴾** يەنى ئەگەر ئېيتقانلىرىڭلارنى قىلىشقا نىيەت قىلساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار. ئىبنى ئەبۇھاتەم سەلىمە ئىبنى فەزلىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ھەقىقەتەن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش، ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشىتىش، ھېچ گۇناھى بولمىغان (ئېغىزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان) نارىسىدە بالىغا مېھرى ـ شەپقەت قىلماسلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەزىلەت ئىگىسى بولغان، ياشىنىپ قالغان ئادەمگە ھۆرمەت قىلماسلىق قاتارلىق چوڭ گۇناھ ئىشنى قىلىشقا بىرلىككە كەلدى. ئۇنىڭ خەتىرى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى چوڭدۇر. ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئاتىسىنىڭ ياشىنىپ، كۆڭلىنىڭ نازۇكلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، بالا بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئاتىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى. نارىسىدە بالىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى يۇقىرىدۇر. ئۇلار ئاجىز، يېشى كىچىك، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ۋە مۇھەببىتىگە موھتاج بولغان بىر كىچىك بالىنى ئاتىسىدىن ئايرىۋەتتى. الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسۇن! الله تائالا ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالدى.

* * * * * * *

قَالُواْ يَـٰٓأَبَانَا مَا لَكَ لَا تَأۡمَ۫نَّا عَلَىٰ يُوسُفَ وَإِنَّا لَهُۥ لَنَـٰصِحُونَ ﴿١١﴾ أَرۡسِلۡهُ مَعَنَا غَدٗا يَرۡتَعۡ وَيَلۡعَبۡ
وَإِنَّا لَهُۥ لَحَـٰفِظُونَ ﴿١٢﴾

ئۇلار ئېيتتى: «ئى ئاتىمىز! نېمىشقا يۈسۈف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز﴿11﴾. ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز»﴿12﴾.

## قېرىنداشلىرىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت سورىغانلىقى

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ قېرىندىشى روبىلنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشكە بىردەك كېلىشكەندىن كېيىن، ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ مۇنداق دېيىشتى: **﴿نېمىشقا يۈسۈف توغرىسىدا بىزگە ئىشەنمەيسەن؟ ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى نىيەتتىمىز﴾** بۇ بىر سەپسەتە ۋە قۇرۇق دەۋا بولۇپ (ئاتىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىگە دىللىرىدا ھەسەت قىلغانلىقلىرىدىن)، ئۇنىڭ دەل ئەكسىنى قىلماقچى بولدى. **﴿ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن﴾** يەنى ئۇنى بىز بىلەن ئەۋەتكىن.

**﴿يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: يۈگۈرۈپ ئويناپ، كۆڭلى ئېچىلىپ كىرسۇن. قەتادە، زەھھاك، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

**﴿ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز»﴾** ئۇلار: بىز ئۇنى قوغدايمىز، (سەن ئۈچۈن) ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز، ـ دېيىشتى.

* * * * * * *

قَالَ إِنِّي لَيَحْزُنُنِيٓ أَن تَذْهَبُوا۟ بِهِۦ وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ ٱلذِّئْبُ وَأَنتُمْ عَنْهُ غَٰفِلُونَ ﴿١٣﴾ قَالُوا۟ لَئِنْ
أَكَلَهُ ٱلذِّئْبُ وَنَحْنُ عُصْبَةٌ إِنَّآ إِذًا لَّخَٰسِرُونَ ﴿١٤﴾

يەئقۇب: «ئۇنى (يەنى يۈسۈفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن، سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن» دېدى﴿13﴾. ئۇلار: «بىز (كۈچلۈك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴿14﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى

اللہ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا (ئۇلار ئاتىسىدىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرى بىلەن سەھرادىكى ئوتلاقتا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىغاندا) جاۋابەن مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ:

**﴿ئۇنى (يەنى يۈسۈفنى) ئېلىپ كەتسەڭلار راستلا خاتىرجەم بولالمايمەن﴾** يەنى سىلەر ئۇنى ئېلىپ كەتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېيىشى ئۇنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ كاتتا ياخشىلىق، پەيغەمبەرلىك، يارىتىلىش ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى كامالەت قاتارلىق ئالامەتلەردىن دېرەك بەرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. اللہ تائالانىڭ سالامى ۋە مەرھەمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن!

**﴿سىلەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن﴾** يەئقۇب ئەلەيھىسسالام: سىلەر ئوقيا ئېتىش، ماللىرىڭلارغا قاراش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولماي قېلىپ، سىلەر دىققەت قىلمىغان چاغدا ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن قورقىمەن، ــ دېدى. ئۇلار ئاتىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنى يۈسۈفكە قىلماقچى بولغان قەستلىرى ئۈچۈن بانا قىلماقچى بولۇشتى.

ئۇلار ئاتىسىغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز (كۈچلۈك) بىر جامائە تۇرۇقلۇق، ئۇنى بۆرىگە يېگۈزۈپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾** ئۇلار بىز بىر توپ كىشى تۇرۇقلۇق، (ئەگەر بۆرە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ) ئۇنى ئارىمىزدىن يەپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىز ئەلۋەتتە، ھالاك بولغۇچىلار ۋە ئاجىز كېلىپ قالغان كىشىلەر بولۇپ قالىمىز، ــ دېيىشتى.

* * * * * * *

فَلَمَّا ذَهَبُوا۟ بِهِۦ وَأَجْمَعُوٓا۟ أَن يَجْعَلُوهُ فِى غَيَٰبَتِ ٱلْجُبِّ ۚ وَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِ لَتُنَبِّئَنَّهُم بِأَمْرِهِمْ هَٰذَا وَهُمْ لَا
يَشْعُرُونَ ﴿١٥﴾

ئۇلار يۇسۇفنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا، بىز يۇسۇفكە: «كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە ئېيتقىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴿15﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقى

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى ئاتىسىدىن قايتا ـ قايتا سوراپ، ئاخىرى ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىقىپ: ﴿**ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشنى بىردەك قارار قىلىشقان چاغدا**﴾ بۇ قارار ئۇلارنىڭ يۇسۇفكە قىلغانلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشقا كېلىشتى. ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ چىقىشتى.

ئېيتىلىشىچە، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا قوشۇپ قويغان چاغدا، ئۇنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان ئىكەن.

سۇددى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ، كۆرۈنمىگىدەك جايغا بارغاندا، بىردىنلا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئەزىيەت بېرىشكە ئۆزگەرتىپ، تىللاش، ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇنى تاشلاشقا كېلىشىۋالغان قۇدۇقنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ قۇدۇققا ساڭگىلاتتى. ئەگەر ئۇ ئۇلاردىن بىرىگە يالۋۇرۇپ يېلىنسا، ئۇنى ئۇراتتى ۋە ھاقارەت قىلاتتى. ئەگەر ئۇ قۇدۇقنىڭ چۆرىسىگە ئېسىلىۋالسا، ئۇنىڭ ئىككى قولىغا ئۇراتتى. ئۇلار ئۇنى ساڭگىلىتىپ قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا يەتكەندە، ئارغامچىنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سۇغا چۈشۈپ چۆكۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى راغۇفە دەپ ئاتىلىغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.

﴿**بىز يۇسۇفكە: «كەلگۈسىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى (سېنىڭ يۇسۇف ئىكەنلىكىڭنى) ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە ئېيتقىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق**﴾ **الله** تائالا ئۆزىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى، مەرھەمىتىنى ۋە قىيىن ھالەتتە ئاسانلىقنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام شۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ تەسەللى تېپىشى ۋە خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق ۋەھيي قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: ئى يۇسۇف! سەن دۇچ كەلگەن بۇ ئىشلاردىن قايغۇرما، ساڭا بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى بىر چارىسى تېپىلىدۇ. **الله** ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىدۇ. سېنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ. مەرتىۋەڭنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. كەلگۈسىدە (سەن) ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان بۇ قىلمىشلىرىنى (ئۇلارغا) ئېيتىپ بېرىسەن.

﴿**ئۇلار ئۇقمايدىغان پەيتتە**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: ئۇلار سېنى تونىمايدىغان ۋە ئۇقمايدىغان پەيتتە، (سەن) ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان بۇ قىلمىشلىرىنى (ئۇلارغا) ئېيتىپ بېرىسەن.

*******

وَجَآءُوٓ أَبَاهُمۡ عِشَآءٗ يَبۡكُونَ ١٦ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّا ذَهَبۡنَا نَسۡتَبِقُ وَتَرَكۡنَا يُوسُفَ عِندَ مَتَٰعِنَا
فَأَكَلَهُ ٱلذِّئۡبُۖ وَمَآ أَنتَ بِمُؤۡمِنٖ لَّنَا وَلَوۡ كُنَّا صَٰدِقِينَ ١٧ وَجَآءُو عَلَىٰ قَمِيصِهِۦ بِدَمٖ كَذِبٖۚ
قَالَ بَلۡ سَوَّلَتۡ لَكُمۡ أَنفُسُكُمۡ أَمۡرٗاۖ فَصَبۡرٞ جَمِيلٞۖ وَٱللَّهُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ١٨

ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى﴿16﴾. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! يۈسۈفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن» دېيىشتى﴿17﴾. ئۇلار يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. يەئقۇب: بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە الله مەدەتكاردۇر» دېدى﴿18﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئاتىسىغا ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكرىسى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن كۆرسەتكەن باناسىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغا ـ زارە قىلىشقان، يۈسۈف ئۈچۈن پۇشايمان ۋە نادامەتلىرىنى ئىزھار قىلىشقان ۋە ئاتىسىنىڭ غېمىنى يېيىشكەن قىياپەتتە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار "يۈز بەردى" دەپ ئويدۇرۇپ چىققان بۇ ئىشتىن ياسالمىلىق بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ مۇنداق دېيىشتى: ﴿**يۈسۈفنى نەرسىلىرىمىزنىڭ يېنىدا**﴾ يەنى كىيىم ـ كېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنىڭ قېشىدا ﴿**قويۇپ يۈگۈرۈشكىلى كېتىپ قېلىپتۇق، ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ**﴾ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەنسىرىگەن ۋە ھەزەر ئەيلىگەن ئىش مانا مۇشۇ ئىدى.

﴿**راست گەپ قىلساقمۇ سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن**﴾ ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتى چوڭ ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇلار: بىز بىلىمىز، ئەگەر بىز راستچىللاردىن بولغان بولساقمۇ، بۇ ئىشتا سەن بىزگە ئىشەنمەيسەن، بۇ قانداق بولغىنى؟ سەن بىزگە تۆھمەت قىلىۋاتىسەن. چۈنكى سەن ئۇنى بۆرە يەپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىڭ. ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. يۈز بەرگەن بۇ ئىشنىڭ غەلىتە بولغانلىقى ۋە شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزغا تولۇقىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا سەن بىزنى يالغانچى دېيىشكە ھەقلىق ئەمەسسەن، ـ دېيىشتى.

﴿**ئۇلار يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى يالغاندىن قانغا بوياپ ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى**﴾ ئۇلار بۇ ئىشى بىلەن ئۆزلىرى كېلىشىۋالغان ھىيلە ـ مىكرىنى راستقا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

مۇجاھىد، سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بىر قوزىنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى بويىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن، بۆرە ئۇنى بۇ كۆڭلىكى بىلەن يەپ كېتىپتۇ، كۆڭلىكى ئۇنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ كېتىپتۇ دېگەن گۇمانغا سالماقچى بولغان. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇغان. شۇڭا بۇ قىلمىش الله نىڭ پەيغەمبىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغان.

يەئقۇب ئەلەيهىسسالام كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ ئىشىدىن گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن**﴾ يەنى سىلەر كېلىشىپ قىلغان بۇ ئىشقا (**الله** ئۆز ياردىمى ۋە مېھرى - شەپقىتى بىلەن ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرغىچە) مەن چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن.

﴿**سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە الله مەدەتكاردۇر**﴾ يەنى سىلەر دەۋاتقان مۇشۇ يالغان سۆزلىرىڭلارنى ۋە ھىيلە - مىكرىڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە **الله** تائالا مەدەتكاردۇر.

* * * * * * *

وَجَآءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُوا۟ وَارِدَهُمْ فَأَدْلَىٰ دَلْوَهُۥ ۖ قَالَ يَـٰبُشْرَىٰ هَـٰذَا غُلَـٰمٌ ۚ وَأَسَرُّوهُ بِضَـٰعَةً ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِمَا
يَعْمَلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍۭ بَخْسٍ دَرَٰهِمَ مَعْدُودَةٍ وَكَانُوا۟ فِيهِ مِنَ ٱلزَّٰهِدِينَ ﴿٢٠﴾

بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلىدى ۋە: «خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا» دېدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى **الله** بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿19﴾. ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى﴿20﴾.

## يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇدۇقتىن چىقىرىلىپ سېتىلغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ (قېرىنداشلىرى ئۇنى ھېلىقى قۇدۇققا تاشلاپ يالغۇز قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن) بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر قىلىدۇ.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياش مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيهىسسالام قۇدۇقتا ئۈچ كۈن تۇرغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى قۇدۇققا تاشلىغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئۇلار قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىغا ۋە قانداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كارۋاننى كېلىشكە مۇيەسسەر قىلدى. كارۋان شۇ قۇدۇققا يېقىن بىر جايغا چۈشكۈن قىلىپ، سۇچىسىنى قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سۇچى قۇدۇق بېشىغا كېلىپ چېلەكنى قۇدۇققا ساڭگىلاتقاندا، يۇسۇف ئەلەيهىسسالام چېلەككە چىڭ ئېسىلىۋالدى. سۇچى ئۇنى تارتىپ چىقىپ، خۇشال بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: ﴿**«خۇش خەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا»**﴾.

﴿**ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى**﴾ ئەۋفى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئىشىنى مەخپىي تۇتۇشتى. ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى يوشۇردى. يۇسۇف ئەلەيهىسسالاممۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ ئۆز ئىشىنى يوشۇردى ۋە سېتىلىشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى كارۋاننىڭ سۇچىسىغا يۇسۇفنىڭ سېتىلىدىغان بالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سۇچى ھەمراھلىرىغا: ﴿**«خۇش خەۋەر! مانا بىر**

**ئوغۇل بالا»﴾** ئۇ سېتىلىدىكەن، ـ دەپ تونۇلدى. شۇنداق قىلىپ، (ئۇنىڭ) قېرىنداشلىرى ئۇنى سېتىۋەتتى.

**﴿ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ۋە ئۇنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا قادىردۇر. لېكىن الله تائالانىڭ بۇ ئىشتا ھېكمىتى ۋە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى شۇ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئالدىنئالا چىقىرىلغان ھۆكۈم بويىچە ئىجرا قىلىنىشقا قالدۇردى. ﴿يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾[1].

تەپسىر قىلىنىۋاتقان بۇ ئايەتلەردە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: مەن سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ساڭا يەتكۈزۈۋاتقان ئەزىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن. مەن ئۇلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا قادىرمەن. لېكىن مەن ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن. ئاندىن خۇددى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قېرىنداشلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ۋە ياخشى ئاقىۋەتنى ئاتا قىلغىنىمدەك، ساڭىمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ۋە ياخشى ئاقىۋەتنى ئاتا قىلىمەن، ـ دېمەكچى بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنماقتا ۋە بىلدۈرۈلمەكتە.

**﴿ئۇلار يۈسۈفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى﴾** مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە: الله تائالا بۇ ئايەتتە: قېرىنداشلىرى ئۇنى ئازغىنا پۇلغا سېتىۋەتتى دەيدۇ، ـ دېدى. يەنى ئۇلار ئۇنى ناھايىتى ئەرزان باھادا ساتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا قىزىقمايتتى. ئەگەر سېتىۋالغۇچىلار ئۇنى ھەقسىز تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بۇنى چوقۇم قوبۇل قىلاتتى. ئۇلار ئۇنى ئەڭ ئەرزان باھادا ساتقانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا: **﴿ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى﴾** دېدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇلار ئۇنى 20 تەڭگىگە ساتقان، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس، نەۋف بەككالى، سۇددى، قەتادە ۋە ئەتىيە ئەۋفىي قاتارلىقلارمۇ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش دېدى ۋە: ئۇلار 20 تەڭگىنى ئىككى تەڭگىدىن بۆلۈشتى، ـ دېگەننى قوشۇپ قويدى.

**﴿چۈنكى ئۇلار يۈسۈفكە قىزىقمىغان ئىدى﴾** زەھھاك بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.



* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِى ٱشْتَرَىٰهُ مِن مِّصْرَ لِٱمْرَأَتِهِۦٓ أَكْرِمِى مَثْوَىٰهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوْ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدًا ۚ وَكَذَٰلِكَ
مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلِنُعَلِّمَهُۥ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ ۚ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمْرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿٢١﴾ وَلَمَّا بَلَغَ أَشُدَّهُۥٓ ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٢٢﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يەنى يۈسۈفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۈسۈفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، اللە (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴿21﴾. يۈسۈف قىرانىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿22﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىكى كەچۈرمىشلىرى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا بولغان مېھرى ـ شەپقىتىدىن ئۇنىڭغا مىسىرلىق ئادەمنى ئۇچراشتۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ھۆرمەت قىلدى ۋە ئائىلىسىنى ئۇنىڭغا ياخشى قاراشقا تەۋسىيە قىلدى. ئۇ ئادەم يۈسۈف ئەلەيھىسسالامدىكى ياخشىلىق ئالامەتلىرىنى بايقىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايالىغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار ياكى بالا قىلىۋالارمىز**﴾ ئۇنى سېتىۋالغان ئادەم مىسىرنىڭ ۋەزىرى ئەزىز ئىدى.

ئەبۇئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەڭ پاراسەتلىك ئىنسان ئۈچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئايالىغا: ﴿**ئۇنى ياخشى كۈتكىن**﴾ دېگەن مىسىرلىق ئەزىزدۇر. ئىككىنچىسى، ئاتىسىغا: ﴿ئى ئاتا! ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر﴾[1] دېگەن ئايالدۇر. ئۈچىنچىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەپ قويغان ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

﴿**شۇنىڭدەك (يەنى يۈسۈفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۈسۈفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، اللە (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر**﴾ يەنى ئەگەر اللە تائالا بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ھېچقانداق توسالغۇغا ۋە قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. بەلكى اللە تائالا ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىبتۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە تائالانىڭ: ﴿**اللە (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر**﴾ دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: يەنى اللە تائالا ئۆزى خالىغان نەرسىنى قىلغۇچىدۇر.

﴿**لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار اللە تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىكى ھېكمىتىنى، مېھرى ـ شەپقىتىنى ۋە خالىغان نەرسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ.

﴿**يۈسۈف قىرانىغا يەتكەندە**﴾ يەنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ ئەقلى توشقان، تەن قۇرۇلۇشى يېتىلگەن چاغدا: ﴿**ئۇنىڭغا ھېكمەت بىلەن ئىلىم ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى بەردۇق.

(1) قەسەس سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئەنە شۇ قەۋملەر ئارىسىدا ئاتا قىلدى. ﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى شۇنداق مۇكاپاتلايمىز**﴾ يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋە ﷲ تائالاغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەمەل قىلغۇچى ئىدى.

* * * * * * *

وَرَٰوَدَتۡهُ ٱلَّتِي هُوَ فِي بَيۡتِهَا عَن نَّفۡسِهِۦ وَغَلَّقَتِ ٱلۡأَبۡوَٰبَ وَقَالَتۡ هَيۡتَ لَكَۚ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ رَبِّيٓ أَحۡسَنَ مَثۡوَايَۖ إِنَّهُۥ لَا يُفۡلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾

يۇسۇف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: «بېرى كەل!» دېدى. يۇسۇف: «خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى. ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى﴿23﴾.

## ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ھىيلە - مىكرى ئىشلەتكەنلىكى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر قىلىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىردا بۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئەزىز ئايالىغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ياخشى قاراشقا تەۋسىيە قىلغان ئىدى. بۇ ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇ ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن، گۈزەل چىرايىغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئاشىقلىق ئۇنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا چىرايلىق ياسىنىشقا ئېلىپ باردى. ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە چاقىرىپ: ﴿**«بېرى كەل!» دېدى**﴾.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى ۋە: ﴿**«خۇدا پاناھ بەرسۇن! ئۇ (يەنى ئېرىڭ) ھەقىقەتەن مېنىڭ خوجايىنىمدۇر، ئۇ مېنى ياخشى كۈتتى**﴾ يەنى سېنىڭ ئېرىڭ مېنىڭ خوجايىنىمدۇر. ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلدى، مەن ئۇنىڭ ئايالىغا ئەسكىلىك قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرمايمەن. ﴿**ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجات تاپالمايدۇ» دېدى**﴾ بۇ ئايەتنى مۇجاھىد، سۇددى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار شۇنداق تەپسىر قىلغان.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ هَمَّتۡ بِهِۦۖ وَهَمَّ بِهَا لَوۡلَآ أَن رَّءَا بُرۡهَٰنَ رَبِّهِۦۚ كَذَٰلِكَ لِنَصۡرِفَ عَنۡهُ ٱلسُّوٓءَ وَٱلۡفَحۡشَآءَۚ إِنَّهُۥ مِنۡ عِبَادِنَا ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٢٤﴾

ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە

سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى﴿24﴾.

﴿**يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى**﴾ بۇ ئايەتنى ئىمام بەغەۋىي بىر قىسىم تەكشۈرۈپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزگۈچى تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ: يۇسۇفمۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشنى ئويلاپ قالغان بولاتتى، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

ئاندىن ئىمام بەغەۋىي بۇ ئورۇندا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنلىكىنى دەلىل ئاساسىدا كەلتۈردى: «**الله** تائالا پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ: ئەگەر بىر بەندەم بىرەر ياخشىلىقنى قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ نىيىتى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىشنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ بىر يامان ئىشنى نىيەت قىلسا، ئاندىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىقنى يېزىڭلار. ئۇ پەقەت ئۇنى قىلىشنى مەندىن قورقۇپ تەرك ئەتتى. ئەگەر ئۇ يامان ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، ئۇنىڭغا بىر يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يېزىڭلار» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بەزى تەپسىرشۇناسلار مەزكۇر ئايەتنى: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى ئۇرۇشقا بەلباغلىغان، ـ دەپ تەپسىر قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كۆرگەن روشەن دەلىلگە كەلسەك، بۇ ھەقتە بىر قانچە خىل قاراش بولۇپ، ئىبنى جەرىر مۇنداق دېگەن: ئۇ **الله** تائالانىڭ ئۆزى قىلىشنى ئويلىغان شۇ يامان ئىشتىن توسىدىغان دەلىللىرىدىن بىرىنى كۆردى.

بۇ دەلىل يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى پەرىشتىنىڭ سۈرىتى بولۇشىمۇ ياكى شۇ ئىشتىن توسىدىغان بىر پارچە خەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. يۇقىرىقىلاردىن بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھېچقانداق پاكىت يوق. شۇڭا ئەڭ توغرىسى ئۇنى **الله** تائالا ئېيتقاندەك شۇ پېتى قالدۇرۇش كېرەك.

﴿**بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا پاكىت كۆرسىتىپ، ئۇنى مايىل بولغان ئىشتىن ساقلىغىنىمىزدەك، (بىز ئۇنى) ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا يامان ۋە قەبىھ ئىشتىن ساقلايمىز.

﴿**شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى**﴾ يەنى ئۇنى تاللانغان، پاك ۋە ياخشى كىشىلەردىن قىلدۇق. **الله** تائالانىڭ مەغپىرىتى ۋە سالامى ئۇنىڭغا بولسۇن!

* * * * * * *

وَٱسۡتَبَقَا ٱلۡبَابَ وَقَدَّتۡ قَمِيصَهُۥ مِن دُبُرٖ وَأَلۡفَيَا سَيِّدَهَا لَدَا ٱلۡبَابِۚ قَالَتۡ مَا جَزَآءُ مَنۡ أَرَادَ بِأَهۡلِكَ
سُوٓءًا إِلَّآ أَن يُسۡجَنَ أَوۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٥﴾ قَالَ هِيَ رَٰوَدَتۡنِي عَن نَّفۡسِيۚ وَشَهِدَ شَاهِدٞ مِّنۡ أَهۡلِهَآ إِن
كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن قُبُلٖ فَصَدَقَتۡ وَهُوَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٢٦﴾ وَإِن كَانَ قَمِيصُهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٖ فَكَذَبَتۡ
وَهُوَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٢٧﴾ فَلَمَّا رَءَا قَمِيصَهُۥ قُدَّ مِن دُبُرٖ قَالَ إِنَّهُۥ مِن كَيۡدِكُنَّۖ إِنَّ كَيۡدَكُنَّ عَظِيمٞ ﴿٢٨﴾
يُوسُفُ أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَاۚ وَٱسۡتَغۡفِرِي لِذَنۢبِكِۖ إِنَّكِ كُنتِ مِنَ ٱلۡخَاطِـِٔينَ ﴿٢٩﴾

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى (يۇسۇف چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، زۇلەيخا ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن) ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈشتى. (بۇ چاغدا) ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن (تارتىپ) يىرتىۋەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) ئېرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك» دېدى﴿25﴾. يۇسۇف: «ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى» دېدى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ سۆزى راست، يۇسۇفنىڭ سۆزى يالغان﴿26﴾. يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان، يۇسۇفنىڭ سۆزى راست» دېدى﴿27﴾. ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەي ئاياللار جامائەسى! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى﴿28﴾. (يەنى ئېيتتى) «يۇسۇف! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن. (ئايالىم) سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ»﴿29﴾.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ ئايالنىڭ يۈگۈرۈشكەن پېتى ئىشىك ئالدىغا چىققان چاغدىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قاچقان، ئۇ ئايال ئۇنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلىغان، شۇ ئەسنادا ئايال ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ كۆڭلىكىنى ئارقا تەرەپتىن چىڭ تۇتقان، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلەكنى يىرتىۋەتكەن ئىدى. ئېيتىلىشىچە، كۆڭلەك ئۇنىڭ ئۈچىسىدىن چۈشۈپ قالغان ئىكەن. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قاچقان ھالەتتە، ئۇ ئايال قوغلىغان ھالەتتە ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئەزىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

شۇ چاغدا ئايال دەرھال ھوشىنى تېپىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ (ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئارتىپ)، تۆھمەت قىلىپ ئېرىگە مۇنداق دېدى: **﴿«سېنىڭ ئەھلىيەڭنى دەپسەندە قىلماقچى بولغان ئادەمنى پەقەت زىندانغا تاشلاش ياكى قاتتىق قىيناش بىلەن جازالاش كېرەك»﴾** يەنى ئايالىڭ بىلەن پاھىشە قىلماقچى بولغان ئادەمنى تۈرمىگە سولاش ياكى قاتتىق ئۇرۇش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام (غەيرەتكە كېلىپ) ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇ چاپلىغان بوھتاندىن ئۆزىنى ئاقلاپ (راستچىل ھالدا) مۇنداق دېدى: **﴿«ئۇ (يەنى زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى»﴾** ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ: «يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدىدىن يىرتىلغان بولسا﴾** يەنى ئالدى تەرەپتىن يىرتىلغان بولسا **﴿ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ سۆزى راست﴾** يەنى ئۇ ئايالنىڭ: يۇسۇف مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ـ دېگەن سۆزى راست بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى يۇسۇف زۇلەيخانى ئۆزىگە تارتقان چاغدا، زۇلەيخا ئۇنىمىغان بولۇپ، يۇسۇفنىڭ كۆكرىكىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، زۇلەيخانىڭ سۆزى توغرا بولىدۇ.

**﴿يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئارقىسىدىن يىرتىلغان بولسا، ئۇنىڭ (يەنى زۇلەيخانىڭ) سۆزى يالغان،**

**يۇسۇفنىڭ سۆزى راست» دېدى﴾** بۇ، يۇسۇف زۇلەيخادىن قاچقان، زۇلەيخا ئۇنى قوغلىغان چاغدا، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن (ئۇنىڭ) ئارقا تەرىپىدىن كۆڭلىكىنى چىڭ تۇتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئارقا تەرىپىدىن يىرتىۋەتكەن بولىدۇ. ئالىملار بۇ گۇۋاھچىنىڭ كىچىك بالا ياكى چوڭ ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالدى.

ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ گۇۋاھچى ساقاللىق كىشى ئىدى،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. سەۋرىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ گۇۋاھچى پادىشاھنىڭ خاس ئادەملىرىدىن ئىدى، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلارمۇ: بۇ گۇۋاھچى چوڭ ئادەم ئىدى،- دەيدۇ. ئەۋفي ئىبنى ئابباسنىڭ: بۇ گۇۋاھچى بۆشۈكتىكى كىچىك بالا ئىدى،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىلال ئىبنى يەساق، ھەسەن، سەئىدى ئىبنى جۇبەير ۋە زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم قاتارلىقلاردىنمۇ: بۇ، ھويلىدا يۈرگەن كىچىك بالا ئىدى،- دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئىبنى جەرىر بۇ كۆز قاراشنى تاللىدى.

**﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى) يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدىن يىرتىلغانلىقىنى كۆرۈپ﴾** يەنى زۇلەيخانىڭ ئېرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى، ئايالىنىڭ ئۇنى قارىلاپ، يالغان سۆزلىگەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن: **﴿«ئەي ئايالLAR جامائەسى! بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرىڭلاردۇر﴾** يەنى بۇ ياشنىڭ ئابرويىغا داغ تەگكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا بۇ بوھتاننى چاپلاش سىلەرنىڭ ھىيلەڭلاردۇر.

**﴿سىلەرنىڭ ھىيلەڭلار ھەقىقەتەن چوڭدۇر» دېدى﴾** ئاندىن ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿يۇسۇف! بۇنى سۆزلەپ يۈرمىگىن﴾** يەنى بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكىن. ئۇنى ھېچكىمگە دېمىگىن.

ئۇ ئايالىغا مۇنداق دېدى: **﴿سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن﴾** بۇ ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى ياكى ئۇ ئايالىنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىنى تۇتۇۋالماي قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن كەچۈردى. شۇڭا ئۇ ئايالىغا مۇنداق دېدى: سەن ئۆز گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن، يەنى (سەندىن ئۆتكەن) بۇ ياشتىن يامان ئىشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭ، ئاندىن گۇناھتىن پاك بولغان يۇسۇفنى قارىلىشىڭدىن ئىبارەت گۇناھىڭغا كەچۈرۈم سورىغىن. **﴿سەن ھەقىقەتەن خاتالاشتىڭ﴾**.

*******

۞ وَقَالَ نِسۡوَةٞ فِي ٱلۡمَدِينَةِ ٱمۡرَأَتُ ٱلۡعَزِيزِ تُرَٰوِدُ فَتَىٰهَا عَن نَّفۡسِهِۦۖ قَدۡ شَغَفَهَا حُبًّاۖ إِنَّا لَنَرَىٰهَا فِي
ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٣٠﴾ فَلَمَّا سَمِعَتۡ بِمَكۡرِهِنَّ أَرۡسَلَتۡ إِلَيۡهِنَّ وَأَعۡتَدَتۡ لَهُنَّ مُتَّكَـٔٗا وَءَاتَتۡ كُلَّ وَٰحِدَةٖ مِّنۡهُنَّ سِكِّينٗا
وَقَالَتِ ٱخۡرُجۡ عَلَيۡهِنَّۖ فَلَمَّا رَأَيۡنَهُۥٓ أَكۡبَرۡنَهُۥ وَقَطَّعۡنَ أَيۡدِيَهُنَّ وَقُلۡنَ حَٰشَ لِلَّهِ مَا هَٰذَا بَشَرًا إِنۡ هَٰذَآ إِلَّا مَلَكٞ كَرِيمٞ ﴿٣١﴾
قَالَتۡ فَذَٰلِكُنَّ ٱلَّذِي لُمۡتُنَّنِي فِيهِۖ وَلَقَدۡ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفۡسِهِۦ فَٱسۡتَعۡصَمَۖ وَلَئِن لَّمۡ يَفۡعَلۡ مَآ ءَامُرُهُۥ لَيُسۡجَنَنَّ
وَلَيَكُونٗا مِّنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿٣٢﴾ قَالَ رَبِّ ٱلسِّجۡنُ أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّا يَدۡعُونَنِيٓ إِلَيۡهِۖ وَإِلَّا تَصۡرِفۡ عَنِّي كَيۡدَهُنَّ أَصۡبُ
إِلَيۡهِنَّ وَأَكُن مِّنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٣٣﴾ فَٱسۡتَجَابَ لَهُۥ رَبُّهُۥ فَصَرَفَ عَنۡهُ كَيۡدَهُنَّۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٣٤﴾

شەھەردىكى بەزى ئاياللار: «ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاسى) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە، ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز» دېيىشتى﴿30﴾. ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكىيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن پىچاق بەردى. (زۇلەيخا يۇسۇفكە) «سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن» دېدى، ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنساننى ياراتقان) ﷲ پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى﴿31﴾. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى. ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ» دېدى﴿32﴾. يۇسۇف: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى﴿33﴾. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى. ﷲ (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿34﴾.

## خەۋەرنىڭ شەھەر ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ خەۋىرىنىڭ مىسىر شەھىرىگە تاراپ كەتكەنلىكىدىن، ھەتتا كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

﴿**شەھەردىكى بەزى ئاياللار**﴾ (دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش) ئاياللار ئەزىزنىڭ ئايالىنىڭ قىلغان بۇ ئىشنى يامان كۆرۈپ ۋە ئەيىبلەپ: ﴿**«ئەزىز (يەنى مىسىرنىڭ پادىشاسى[1]) نىڭ خوتۇنى قۇلىغا كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، بىز ئۇنى، ئەلۋەتتە، ئاشكارا ئازغان دەپ قارايمىز» دېيىشتى**﴾ يەنى ۋەزىرنىڭ ئايالى قۇلىغا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن كۆيۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىغا كۆيۈپ قېلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى تەلەپ قىلىشنى ھەقىقەتەن ئازغۇنلۇق دەپ قارايمىز.

﴿**ئۇ (يەنى زۇلەيخا) ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار: زۇلەيخا ئۇلارنىڭ "زۇلەيخا قۇلىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: بەلكى ئۇلارغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكى يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ

(1) مۇھەممەد سالىھ ھاجىم ئەزىزنى باشقا تەپسىرلەردىن پايدىلىنىپ مىسىرنىڭ پادىشاھى دەپ ئالغان. ئاپتور (يەنى ئىبنى كەسىر) ئەزىزنى مىسىرنىڭ ۋەزىرى دەپ ئالغان.

بىلەن، ئۇلار يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى كۆرۈش مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن شۇ گەپنى قىلىشتى،- دېدى.

زۇلەيخا ﴿**ئۇلارغا (مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ) ئادەم ئەۋەتتى**﴾ يەنى ئۇلارنى مېھماندارچىلىققا ئۆيىگە چاقىردى. ﴿**ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكىيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى**﴾ ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ھەسەن، سۇددى ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: زۇلەيخا كۆرپىلەرنى سېلىپ ياستۇقلارنى قويۇپ، (پىچاقلار بىلەن كېسىپ يەيدىغان) يېمەكلىك ۋە مېۋىلەرنى كەلتۈرۈپ سورۇن ھازىرلىدى.

شۇڭا **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن پىچاق بەردى**﴾ بۇ زۇلەيخانىڭ ھىيلە - مىكرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش ئۈچۈن قىلغان ھىيلىسىگە قايتۇرغان جاۋابى ئىدى.

﴿**(زۇلەيخا يۈسۈفكە) «سەن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىن» دېدى**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، زۇلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى باشقا بىر ئورۇنغا مۆكتۈرۈپ قويغان ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام چىققان چاغدا، ﴿**ئۇلار يۈسۈفنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى**﴾ ئۇنى كۆرۈش بىلەن (ئۇنىڭ ئىنتايىن چىرايلىقلىقىدىن ۋە ئېسىللىكىدىن ھاڭ - تاڭ قېلىپ) قوللىرىدىكى مېۋە كېسىۋاتقان پىچاقلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى.

بىر قانچە كىشى مۇنداق دېدى: ئۇلار پىچاقلار بىلەن قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار يەپ - ئىچىپ تويغاندىن كېيىن، زۇلەيخا ئۇلارنىڭ ئالدىغا مېۋە قويدى ۋە ھەر بىر ئايالغا بىردىن پىچاق بەردى. ئاندىن ئۇلارغا: يۈسۈفنى كۆرۈشنى خالامسىلەر؟- دېدى. ئۇلار: ھەئە،- دېدى. زۇلەيخا ئادەم ئەۋەتىپ، يۈسۈفنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرىدى. ئۇلار ئۇنى كۆرگەندە، ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئاندىن زۇلەيخا ئۇلارنىڭ يۈسۈفنى ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن كۆرۈشى ئۈچۈن، يۈسۈفنى كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. يۈسۈپ قايتىپ كىرىپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار قوللىرىنى كېسىشتىن توختىمىغان ئىدى. ئۇلار قوللىرىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا، پەريات بىلەن نالە قىلىشتى شۇنىڭ بىلەن زۇلەيخا: سىلەر ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا بۇ ھالغا كېلىپ قالدىڭلار. مېنىڭ تارتقان دەرت - ئەلەملىرىم قانداقكەن؟!- دېدى.

﴿**ئۇلار: «(بۇنداق چىرايلىق ئىنسانىنى ياراتقان) الله پاكتۇر، بۇ ئادەمزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى**﴾ ئۇلار زۇلەيخاغا: بىز بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ساڭا مالامەت قىلمايمىز،- دېدى. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدە (چىرايى) گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاپراق قالىدىغان بىرىنى كۆرمىگەن ئىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلگەن ئىدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئىسرا ۋەقەسى بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قەۋەت ئاسماندا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ: «ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ» دېدى.

مۇجاھىد ۋە بىر قانچە كىشى مەزكۇر ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز ﴿**بۇ ئادەمزات ئەمەس**﴾.

**﴿پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر» دېيىشتى. ئۇ (يەنى زۇلەيخا): «مانا بۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئادەم﴾** زۇلەيخا ئاياللارغا ئۆزرە ئېيتىپ: مانا بۇ، ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چىراي ۋە كامالەتكە يەتكەن ئادەمدۇر، ـ دېدى.

**﴿مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ ساقلىدى﴾** يەنى مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار ئۇنىڭ تاشقى چىرايىنى كۆرگەندىن كېيىن، زۇلەيخا ئۇلارغا (ئۇلار بىلمەي قالغان) ئۇنىڭ شۇقەدەر چىرايلىق بولۇشى بىلەن بىرگە، ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ياخشى سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا تەھدىت قىلىپ: **﴿ئەگەر ئۇ يەنىلا بۇيرۇقۇمنى قىلمىسا، چوقۇم زىندانغا تاشلىنىدۇ، چوقۇم خار ئادەم بولۇپ قالىدۇ» دېدى﴾** شۇ پەيتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىدىن ۋە ھىيلىسىدىن پاناھ تىلىدى ۋە **﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن﴾** يەنى پاھىشىدىن **﴿كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن﴾** يەنى ئەگەر سەن مېنى ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىشقا ئىگە قىلمىساڭ، مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر ئەمەسمەن. مەن پەقەت سېنىڭ ياردىمىڭ ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىشىڭ بىلەنلا ئۆزەمگە پايدا ـ زىيان كەلتۈرۈشكە ئىگە بولالايمەن. سەندىنلا ياردەم تىلەيمەن، ساڭىلا تەۋەككۇل قىلىمەن. مېنى ئۆزەمگە ئىگە بولۇشقا تاشلاپ قويمىغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، **﴿(ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن» دېدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى يۇسۇفتىن دەپئى قىلدى. الله (ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

الله تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئاياللارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ساقلىدى ۋە قوغدىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يامان ئىشتىن ئۆزىنى قاتتىق تارتتى. ئۇنى قىلغاندىن كۆرە، زىنداندا يېتىشنى تاللىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چىرايلىق ۋە كامالەتكە يەتكەن يىگىت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق، باي ۋە ھوقۇقتا ئىگە ئايال خوجايىنى، مىسىر ۋەزىرى ئەزىزنىڭ خوتۇنى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، ، ئۇ ئۇنداق قىلىشتىن ساقلاندى. الله تائالادىن قورقۇپ ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇ ئىشنى قىلغاندىن كۆرە زىنداندا يېتىشقا رازى بولدى. مانا بۇ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ مەرتىۋىگە لايىق كىشىلەر ھەققىدە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە، الله ئۆز سايىسىگە ئالىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم بار: ①ئادىل (مۇسۇلمان) پادىشاھ.② الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆسۈپ ـ يېتىلگەن ياش. ③ قەلبى الله نىڭ مەسچىتىگە باغلانغان كىشى. ④الله يولىدا دوست بولۇپ، الله يولىدا جەم بولغان ۋە الله يولىدا ئايرىلغان ئىككى كىشى. ⑤چىرايلىق ئايال ئۆزىگە چاقىرسا: "مەن الله دىن قورقىمەن" دەپ رەت قىلغان كىشى.⑥ ئوڭ قولى بەرگەن نەرسىنى سول قولى بىلمەي قالغىدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. ⑦ خالىي جايدا الله تائالانى زىكرى قىلىپ ياش تۆككەن كىشى».

*******

ثُمَّ بَدَا لَهُم مِّنۢ بَعۡدِ مَا رَأَوُاْ ٱلۡأٓيَٰتِ لَيَسۡجُنُنَّهُۥ حَتَّىٰ حِينٖ ﴿٣٥﴾

ئاندىن ئۇلار (يۇسۇفنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە دائىر) پاكىتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر مەھەل قاماپ قويۇشنى لايىق تاپتى﴿35﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى زىندانغا تاشلاش قارارىنىڭ ئېلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۇلار كۆرگەن ئەمەلىي ئىشلاردىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى بىر مەزگىل زىندانغا سولاپ قويۇشنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ قارىدى. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئۇنىڭ راستچىل، ئىپپەتلىك ۋە پاك ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل - پاكىتلار ئاشكارا بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلىشتى. ئۇلار ئۇنى پەقەت بۇ ھەقتىكى سۆز تاراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا: يۇسۇف زۇلەيخادىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلار) ئۇنى سولاپ قويۇپتۇ دېگەن گۇماننى قوزغاشنى مەقسەت قىلىپ قاماپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخىرىدا پادىشاھ ئۇنى زىنداندىن چىقىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئۆزىگە چاپلانغان تۆھمەتتىن ئاقلانغانغا قەدەر زىنداندىن چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۆزىنىڭ پاك ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغاندىلا، ئاندىن زىنداندىن ئابرويى ئاقلانغان ھالدا چىقتى. ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى ۋە مەرھەمىتى بولسۇن!

*******

وَدَخَلَ مَعَهُ ٱلسِّجۡنَ فَتَيَانِۖ قَالَ أَحَدُهُمَآ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَعۡصِرُ خَمۡرٗاۖ وَقَالَ ٱلۡأٓخَرُ إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَحۡمِلُ
فَوۡقَ رَأۡسِي خُبۡزٗا تَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِنۡهُۖ نَبِّئۡنَا بِتَأۡوِيلِهِۦٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٣٦﴾

زىندانغا يۇسۇف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن (ئۈزۈمدىن) ھاراق سىقىۋاتقان كۆرۈپتىمەن» دېدى. ئىككىنچىسى: «مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى ھەقىقەتەن بېشىمدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان، ناننى قۇشلار يەۋاتقان كۆرۈپتىمەن، تەبىرىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن (يەنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلاردىن) دەپ قارايمىز» دېدى﴿36﴾.

## زىندانغا تاشلانغان ئىككى كىشىنىڭ چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن سورىغانلىقى

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ ساقىيسى، يەنە بىرى ناۋىيى

ئىدى. بۇ ئىككىسى چۈش كۆرۈپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

*******

قَالَ لَا يَأْتِيكُمَا طَعَامٌ تُرْزَقَانِهِۦٓ إِلَّا نَبَّأْتُكُمَا بِتَأْوِيلِهِۦ قَبْلَ أَن يَأْتِيَكُمَا ذَٰلِكُمَا مِمَّا عَلَّمَنِى رَبِّىٓ إِنِّى
تَرَكْتُ مِلَّةَ قَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَهُم بِٱلْـَٔاخِرَةِ هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٣٧﴾ وَٱتَّبَعْتُ مِلَّةَ ءَابَآءِىٓ إِبْرَٰهِيمَ
وَإِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ مَا كَانَ لَنَآ أَن نُّشْرِكَ بِٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ذَٰلِكَ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ عَلَيْنَا وَعَلَى ٱلنَّاسِ
وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٣٨﴾

يۇسۇف ئېيتتى: «ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارىم ماڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىندۇر. شۈبھىسىزكى، مەن **الله** غا ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدىغان قەۋمنىڭ دىنىنى تاشلىدىم﴿37﴾. مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم، ھېچقانداق نەرسىنى **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ **الله** نىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ﴿38﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىككى كىشىنى الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى تونۇشقا دەۋەت قىلغانلىقى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە ئۇلارنىڭ قانداقلا چۈش كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ چۈش ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭغا تەبىر بېرەلەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىككىڭلارغا سىرتتىن تاماق كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن**﴾ بۇ ماڭا پەقەت **الله** تائالانىڭ ئۆگەتكەن بىلىمىدۇر. چۈنكى مەن **الله** تائالانى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان، قىيامەتتە ساۋاب ـ جازانىڭ بارلىقىنى ئۈمىد قىلمايدىغان كاپىرلارنىڭ دىنىدىن يىراق تۇردۇم.

﴿**مەن ئەجدادلىرىم، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇبلارنىڭ دىنىغا ئەگەشتىم**﴾ كۇپۇرلۇقنى ۋە شېرىكلىكنى تاشلىدىم. ئەنە شۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ يولىغا ماڭدىم (**الله** تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە سالامى ئۇلارغا بولسۇن!) توغرا يولغا ماڭغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغان ئەگەشكەن، ئازغۇنلارنىڭ يولىدىن ئۆزىنى تارتقان كىشى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. **الله** تائالا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قەلبىنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا بىلمىگەن نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنى ياخشىلىق قىلىشتا كىشىلەر ئەگىشىدىغان پېشىۋا، توغرا يولغا چاقىرىدىغان داھىي قىلىدۇ.

﴿**ھېچقانداق نەرسىنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ الله نىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر**﴾ بۇ، **الله** تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ،

ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز **اللە** تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. **اللە** تائالا تەۋھىدنى بىزگە ۋەھىي ئارقىلىق بىلدۈردى ۋە بىزنى ئۇنى تونۇشقا بۇيرىدى. پەيغەمبەرلەرنى تەۋھىدكە چاقىرىدىغان دەۋەتچى قىلىش ئارقىلىق تەۋھىدنى ئىنسانلارغا تونۇتتى.

**﴿لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار **اللە** تائالانىڭ ئۆزلىرىگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئاتا قىلغان نېمىتىنى تونىمايدۇ. بەلكى ﴿**اللە** نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1].

* * * * * * *

يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ ءَأَرۡبَابٞ مُّتَفَرِّقُونَ خَيۡرٌ أَمِ ٱللَّهُ ٱلۡوَٰحِدُ ٱلۡقَهَّارُ ﴿٣٩﴾ مَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ أَسۡمَآءٗ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٍۚ إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۚ أَمَرَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿٤٠﴾

تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ ياكى قۇدرەتلىك بىر **اللە** ياخشىمۇ؟﴿39﴾ سىلەرنىڭ **اللە** نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت، **اللە** (ئۇلارنىڭ **اللە** نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق، ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت **اللە** غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴿40﴾.

ئاندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئىككى كىشىگە سۆز قىلىشقا يۈزلىنىپ، ئۇلارنى ھېچ شېرىكى يوق يالغۇز **اللە** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، قەۋملىرىنىڭ (**اللە** تائالانى قويۇپ) چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىدىن يىراق بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: **﴿تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ ياكى قۇدرەتلىك بىر اللە ياخشىمۇ؟﴾** يەنى ھەممە نەرسە (ئۇنىڭغا) باش ئېگىدىغان غالىب، بۈيۈك ۋە كاتتا بولغان بىر **اللە** ياخشىمۇ؟

ئاندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە قەۋمى چوقۇنۇۋاتقان ۋە ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى، بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ نادانلىقى بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغانلىقىنى، بۇنىڭدا **اللە** تەرىپىدىن كەلگەن ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلدى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: **﴿اللە (ئۇلارنىڭ اللە نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق﴾** يەنى ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات، پاكىت چۈشۈرگىنى يوق.

ئاندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، نەرسىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش، پادىشاھلىق يۈرگۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ **اللە** تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى، **اللە**



---

[1] (1) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

تائالانىڭ بەندىلىرىنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿**بۇ توغرا دىندۇر**﴾ يەنى مەن سىلەرنى الله تائالانى بار ۋە بىر دەپ بىلىشكە، ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن الله تائالاغىلا قىلىشقا چاقىرغان بۇ دىن الله ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل ـ پاكىتلارنى چۈشۈرگەن، ئۇنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولغان، توغرا دىندۇر.

﴿**لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ**﴾ شۇڭا كىشىلەرنىڭ تولىسى مۇشرىكتۇر. ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1] يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشنى باشلاپ مۇنداق دېدى:

* * * * * * *

يَٰصَٰحِبَيِ ٱلسِّجۡنِ أَمَّآ أَحَدُكُمَا فَيَسۡقِي رَبَّهُۥ خَمۡرٗاۖ وَأَمَّا ٱلۡأٓخَرُ فَيُصۡلَبُ فَتَأۡكُلُ ٱلطَّيۡرُ مِن رَّأۡسِهِۦۚ قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ ٱلَّذِي فِيهِ تَسۡتَفۡتِيَانِ ﴿٤١﴾

تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)، يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كالللىسىنى قۇشلار يەيدۇ، سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى»﴿41﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرمىداشلىرىنىڭ چۈشلىرىگە بەرگەن تەبىرى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېدى: ﴿**تۈرمىداش ئاغىنىلەر! سىلەرنىڭ بىرىڭلار (زىنداندىن چىقىپ) خوجايىنىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ (يەنى ساقىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ)**﴾ بۇ ئادەم ھاراق سىقىپ چۈش كۆرگەن ئادەم ئىدى. لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام يەنە بىرسىنىڭ قايغۇرماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئادەمنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي، ئېنىقسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**يەنە بىرىڭلار دارغا ئېسىلىدۇ، كالللىسىنى قۇشلار يەيدۇ**﴾ بۇ ئادەم بېشىدا نان كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە چۈش كۆرگەن ئادەم ئىدى. ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق پۈتۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىلمىسە، ئۇ چۈش رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تەبىر بېرىلسە، ئۇ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

سەۋرى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئىككى يىگىت كۆرگەن چۈشلىرىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا دەپ بېرىپ، تەبىر بېرىشىنى سورايدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئۇلارغا دەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار: بىز ھېچ چۈش كۆرمىدۇق، ـ دەيدۇ. ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام: ﴿**سىلەر سورىغان ئىشلار ھۆكۈم قىلىنىپ بولدى**﴾ دەيدۇ.

(1) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كىمكى يامان چۈش كۆرسە ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بەرسە، ئۇ چۈش رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر ئىشنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئىمام ئەھمەد مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىلمىسە، ئۇ چۈش رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا تەبىر بېرىلسە، ئۇ رېئاللىققا ئايلىنىدۇ».

* * * * * * *

وَقَالَ لِلَّذِى ظَنَّ أَنَّهُۥ نَاجٍ مِّنْهُمَا ٱذْكُرْنِى عِندَ رَبِّكَ فَأَنسَىٰهُ ٱلشَّيْطَـٰنُ ذِكْرَ رَبِّهِۦ فَلَبِثَ فِى ٱلسِّجْنِ بِضْعَ سِنِينَ ﴿٤٢﴾

يۇسۇف ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ قۇتۇلىشىغا ئىشەنگەن بىرسىگە (يەنى ساقىيغا): «مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن» دېگەن ئىدى. خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى، يۇسۇف زىنداندا بىر نەچچە يىل يېتىپ قالدى﴿42﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىيغا: "مېنى پادىشاھنىڭ قېشىدا ئەسلەپ قويغىن" دېگەنلىكى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ساقىينىڭ قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا (دارغا ئېسىلىدىغان يىگىتنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا) مۇنداق دېدى: ﴿**«مېنى خوجايىنىڭنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن»**﴾ يەنى مېنىڭ ئەھۋالىمنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئەسلەپ قويغىن. شەيتان ئۇ ئادەمگە پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەشنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇ شەيتانىنىڭ الله تائالانىڭ زىنداندا يېتىۋاتقان پەيغەمبىرىنىڭ بارلىقىدىن پادىشاھنىڭ خەۋەر تاپماسلىقى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكرى ئىدى.

﴿**خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۇسۇفنى ئەسلەپ قويۇشنى شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنتۇلدۇردى**﴾ ئايەتتىكى بىر نەچچە يىل دېگەن سۆزگە كەلسەك، مۇجاھىد ۋە قەتادە: ئۈچ يىلدىن توققۇز يىلغىچە بولغان ئارىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سىنالغان بالا ئىچىدە يەتتە يىل تۇردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندا يەتتە يىل تۇردى. بۇختىننەسىر: يەتتە يىل ئازابلاندى، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلْمَلِكُ إِنِّىٓ أَرَىٰ سَبْعَ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعَ سُنۢبُلَـٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَـٰتٍ ۖ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ أَفْتُونِى فِى رُءْيَـٰىَ إِن كُنتُمْ لِلرُّءْيَا تَعْبُرُونَ ﴿٤٣﴾ قَالُوٓا۟ أَضْغَـٰثُ أَحْلَـٰمٍ ۖ وَمَا نَحْنُ بِتَأْوِيلِ ٱلْأَحْلَـٰمِ بِعَـٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ وَقَالَ ٱلَّذِى نَجَا مِنْهُمَا وَٱدَّكَرَ بَعْدَ أُمَّةٍ أَنَا۠ أُنَبِّئُكُم بِتَأْوِيلِهِۦ فَأَرْسِلُونِ

(٤٥) يُوسُفُ أَيُّهَا ٱلصِّدِّيقُ أَفۡتِنَا فِي سَبۡعِ بَقَرَٰتٖ سِمَانٖ يَأۡكُلُهُنَّ سَبۡعٌ عِجَافٞ وَسَبۡعِ سُنۢبُلَٰتٍ
خُضۡرٖ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٖ لَّعَلِّيٓ أَرۡجِعُ إِلَى ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَعۡلَمُونَ (٤٦) قَالَ تَزۡرَعُونَ سَبۡعَ سِنِينَ دَأَبٗا فَمَا حَصَدتُّمۡ
فَذَرُوهُ فِي سُنۢبُلِهِۦٓ إِلَّا قَلِيلٗا مِّمَّا تَأۡكُلُونَ (٤٧) ثُمَّ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ سَبۡعٞ شِدَادٞ يَأۡكُلۡنَ مَا قَدَّمۡتُمۡ لَهُنَّ إِلَّا قَلِيلٗا
مِّمَّا تُحۡصِنُونَ (٤٨) ثُمَّ يَأۡتِي مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ عَامٞ فِيهِ يُغَاثُ ٱلنَّاسُ وَفِيهِ يَعۡصِرُونَ (٤٩)

پادىشاھ ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپكەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار»﴿43﴾. ئۇلار ئېيتتى: «بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن، بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز»﴿44﴾. ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۈسۈفنى) ئەسلىگەن بىرسى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۈسۈفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى﴿45﴾. (ئۇنى ئەۋەتىشتى، ئۇ تۈرمىگە بېرىپ يۈسۈفنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە) «ئى راستچىل يۈسۈف! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى كىشىلەرگە (يەنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزلىڭنى، بىلىمىڭنى) بىلسۇن» دېدى﴿46﴾. يۈسۈف ئېيتتى: «يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشىقى بىلەن قويۇڭلار﴿47﴾. شۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر﴿48﴾. شۇنىڭدىن كېيىن (مولچىلىق) يىللار كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ، كىشىلەر مېۋىلەردىن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ»﴿49﴾.

## مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشى

الله تائالا مىسىر پادىشاھىنىڭ بۇ چۈشىنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنداندىن ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ھۆرمەت بىلەن چىقىرىلىشى ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ مۇنداق ۋەقەلىكتۇر: پادىشاھ بىر چۈش كۆرىدۇ. ئۇ چۈشىدىن قورقۇپ كېتىدۇ ۋە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ (ئەجەبلىنىپ) كاھىنلارنى، پالچىلارنى، دۆلەت ئەربابلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنى يىغىپ، ئۇلارغا كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلاردىن بۇ چۈشكە تەبىر بېرىشنى سورايدۇ.

ئۇلار قانداق تەبىر بېرىشنى بىلەلمەي قالىدۇ ۋە پادىشاھقا ئۆزرە ئېيتىپ: ﴿**«بۇ بىر قالايمىقان چۈش ئىكەن**﴾ يەنى سېنىڭ كۆرگەن بۇ چۈشۈڭ قالايمىقان ئىكەن، ـ دەيدۇ.

﴿**بىز (مۇنداق) قالايمىقان چۈشكە تەبىر بېرىشنى ئۇقمايمىز»**﴾ يەنى ئەگەر ئۇ قالايمىقان بولمىغان (دۇرۇس بىر چۈش بولغان) تەقدىردىمۇ بىز ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشنى بىلمەيمىز، ـ دېيىشتى.

شۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە زىنداندا ياتقان ھېلىقى ئىككى يىگىتتىن نىجاتلىققا ئېرىشكىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئېسىگە ئالدى. شەيتان ئۇنىڭغا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى پادىشاھقا ئېيتىشتىن بىر مەزگىل ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى. بۇ يىگىت شۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئېسىگە ئېلىپ، پادىشاھقا ۋە بۇ چۈشلەر توغرۇلۇق يىغىلغان ئادەملەرگە: **﴿«مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۈسۈفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار»﴾** يەنى مېنى زىنداندىكى راستچىل يۈسۈفنىڭ قېشىغا ئەۋەتىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار ئۇنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: **﴿«ئى راستچىل يۈسۈپ! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ﴾** دەپ پادىشاھ كۆرگەن چۈشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

## پادىشاھنىڭ چۈشىنىڭ تەبىرى

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام يىگىتكە (ئۇنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام تاپىلىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىمەستىن ۋە چۈشكە تەبىر بېرىشتىن ئىلگىرى زىنداندىن چىقىرىلىشنى شەرت قىلماستىن) بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«يەتتە يىل ئۈزلۈكسىز تېرىقچىلىق قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەرگە مولچىلىق بولىدىغان ۋە يامغۇر كۆپ ياغىدىغان يەتتە يىل ئۈزلۈكسىز كېلىدۇ.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام كالىغا يىل دەپ تەبىر بەردى. چۈنكى كالا بىلەن يەرلەر ئاغدۇرۇلىدۇ. يەرلەردىن مول ـ ھوسۇل ئېلىنىدۇ. بۇ مول ـ ھوسۇل يەتتە يېشىل باشاقنىڭ تەبىرىدۇر. ئاندىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەنە شۇ قەھەتچىلىك بولغان يىللاردا تايىنىدىغان نەرسىگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار﴾** بۇ مولچىلىق بولغان يەتتە يىل ئىچىدە ئالغان ھوسۇلۇڭلارنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىلەر يەيدىغان مىقداردىكى ھوسۇلدىن باشقىسىنى تېز بۇزۇلۇپ قالماسلىقى، ئۇزاق ساقلاشقا پايدىلىق بولۇشى، ئىسراپ قىلىنىۋەتمەي ئاز ـ ئازدىن يېيىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن خامان تەپمەي، باشقى بىلەن ئېلىپ قويۇڭلار. بۇ ھوسۇلدىن ئاچارچىلىق بولغان يەتتە يىلدا پايدىلىنىسىلەر. مولچىلىق بولغان يەتتە يىلنىڭ ئارقىدىنلا ئاچارچىلىق بولىدىغان يەتتە يىل ئۈزلۈكسىز، ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ. ئاچارچىلىق بولىدىغان يەتتە يىل يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كېتىدىغان يەتتە ئورۇق كالىنىڭ تەبىرىدۇر. چۈنكى مولچىلىق بولغان يەتتە يىلدا ئېلىنغان مول ـ ھوسۇل قۇرغاقچىلىق بولغان يەتتە يىل ئىچىدە يېيىلىدۇ.

ئەنە شۇ يىغىپ قويۇلغان مول ـ ھوسۇل قۇرۇق باشاقلارنىڭ تەبىرىدۇر. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق بولغان يەتتە يىل ئىچىدە ھېچ نەرسىنىڭ ئۈنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېرىيدىغان ئۇرۇقلىرىدىن مەھسۇلات ئالالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: **﴿(بۇ يىللاردا) ئىلگىرى توپلىۋالغان ئاشلىقىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويىلىدىغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسنى يەپ تۈگىتىسىلەر﴾** ئاندىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۈزلۈكسىز قۇرغاقچىلىق بولىدىغان

يەتتە يىلنىڭ ئارقىدىنلا، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان بىر يىلنىڭ كېلىدىغانلىقى، يۇرتلاردا مول - ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە زەيتۇن، شېكەر قومۇچى قاتارلىقلاردىن ياغ، ئىچىملىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىقىپ چىقىرىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلْمَلِكُ ٱئْتُونِى بِهِۦ ۖ فَلَمَّا جَآءَهُ ٱلرَّسُولُ قَالَ ٱرْجِعْ إِلَىٰ رَبِّكَ فَسْـَٔلْهُ مَا بَالُ ٱلنِّسْوَةِ ٱلَّٰتِى قَطَّعْنَ
أَيْدِيَهُنَّ ۚ إِنَّ رَبِّى بِكَيْدِهِنَّ عَلِيمٌ ﴿٥٠﴾ قَالَ مَا خَطْبُكُنَّ إِذْ رَٰوَدتُّنَّ يُوسُفَ عَن نَّفْسِهِۦ ۚ قُلْنَ حَٰشَ لِلَّهِ
مَا عَلِمْنَا عَلَيْهِ مِن سُوٓءٍ ۚ قَالَتِ ٱمْرَأَتُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْـَٰٔنَ حَصْحَصَ ٱلْحَقُّ أَنَا۠ رَٰوَدتُّهُۥ عَن نَّفْسِهِۦ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٥١﴾ ذَٰلِكَ لِيَعْلَمَ أَنِّى لَمْ أَخُنْهُ بِٱلْغَيْبِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى كَيْدَ ٱلْخَآئِنِينَ ﴿٥٢﴾ ۞ وَمَآ أُبَرِّئُ
نَفْسِىٓ ۚ إِنَّ ٱلنَّفْسَ لَأَمَّارَةٌۢ بِٱلسُّوٓءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّىٓ ۚ إِنَّ رَبِّى غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥٣﴾

(ساقىي پادىشاھقا بېرىپ يۈسۈفنىڭ ئۇنىڭ چۈشكە بەرگەن تەبىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن) پادىشاھ: «ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. (پادىشاھنىڭ) ئەلچىسى يۈسۈفنىڭ يېنىغا بارغاندا، يۈسۈف ئەلچىگە: «خوجايىنىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى، (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى﴿50﴾. پادىشاھ (ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ): «سىلەر يۈسۈفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟» دېدى. ئۇلار: «الله پاكتۇر؛ يۈسۈفتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى. ئەزىزنىڭ خوتۇنى: «ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، يۈسۈف ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى﴿51﴾. (يۈسۈف ئېيتتى) «بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) ئەزىز يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى الله نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئەزىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر»﴿52﴾. «مەن ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴿53﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ۋە باشقا مىسىر ئاياللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئېنىقلىنىشى

الله تائالا پادىشاھتىن خەۋەر بېرىدۇ: پادىشاھنىڭ ئادەملىرى پادىشاھنى ھەيران قالدۇرغان ۋە بىئارام قىلغان چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن چاغدا، (پادىشاھ) يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، بىلىملىك ئىكەنلىكىنى، چۈشكە ياخشى تەبىر بەرگەنلىكىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يۇرتلارنىڭ كىشىلىرىگە نىسبەتەن ياخشى ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ مۇنداق دېدى: ﴿«ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار»﴾ يەنى ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئالدىمغا ھازىر قىلىڭلار، - دېدى.

پادىشاھنىڭ ئەلچىسى بۇ خەۋەرنى ئېلىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىگە ۋەزىرنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن چاپلانغان بوھتاننى پادىشاھنىڭ تەكشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىز، پاك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىمىغىچە ۋە ئۆزىنىڭ زىنداندا يېتىشىنىڭ ناھەق بولغانلىقىنى، بەلكى زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىك قىلىنغانلىقىنى بىكىتمىگىچە، زىنداندىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: **﴿«خوجايىنىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى، (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ»﴾**.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئىشنى مەدھىيلەپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، شەرىپىنى، قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ۋە سەۋرچانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا **الله** تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە سالىمى بولسۇن!

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد قاتارلىقلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿«پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن»﴾[1]. ئۇنىڭغا قارىغاندا شەكلىنىشكە بىز ھەقلىقمىز. **الله** تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىلتىجا قىلىدىغان **الله** تائالادىن ئىبارەت كۈچلۈك تايانچىسى بار ئىدى. ئەگەر مەن زىنداندا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدىغان بولسام، ئەلچىنىڭ سۆزىنى چوقۇم قوبۇل قىلاتتىم».

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **﴿ئۇنىڭدىن ھېلىقى قوللىرىنى كېسىۋالغان خوتۇنلارنىڭ ئىشىنى، (بىلەمدۇ؟) سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى ئوبدان بىلىدۇ»﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: «ئەگەر مەن بولغان بولسام، زىنداندىن چىقىرىلىش تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىغان، ئۆزرە تەلەپ قىلمىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

**﴿پادىشاھ (ھېلىقى خوتۇنلارنى يىغىپ ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ): «سىلەر يۇسۇفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟» دېدى﴾** بۇ، قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئايالىغا دارىتمىلاپ تۇرۇپ (ئۇ ئاياللارغا) قىلغان سۆزىدىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. پادىشاھ قوللىرىنى كېسىۋالغان ئاياللارغا: زىياپەت بېرىلگەن كۈنى **﴿سىلەر يۇسۇفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلاردا، ھەقىقىي ئەھۋالىڭلار قانداق بولغان؟» دېدى. ئۇلار: «الله پاكتۇر؛ يۇسۇفتە ئازراقمۇ گۇناھ بار دەپ بىلمەيمىز» دېدى﴾** يەنى بۇ ئاياللار پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: **الله** پاكتۇر، يۇسۇفكە بوھتان چاپلىنىپ قالدى. **الله** بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، يۇسۇفتە ھېچ گۇناھ يوق دەپ بىلىمىز، ـ دېدى. شۇ چاغدا، **﴿ئەزىزنىڭ خوتۇنى: «ئەمدى ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلاندى﴾** يەنى ئاشكارىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ـ دېدى.

**﴿مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم﴾**، ﴿ئۇ (يەنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زۇلەيخا) مەندىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى»﴾[1] دېگەن سۆزىدە ﴿**يۇسۇف ھەقىقەتەن راستچىللاردىن ئىدى» دېدى. (يۇسۇف ئېيتتى) «بۇ (يەنى پادىشاھنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكىم) ئەزىز يوق چاغدا خوتۇنىغا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى ۋە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى الله نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئەزىزگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر»**﴾ يەنى مەن ئەلچىنى پەقەت پادىشاھنىڭ ۋە ئەزىزنىڭ مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن قايتۇرۇۋەتتىم.

كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلار مەزكۇر ئايەتنى زۇلەيخانىڭ سۆزى دەپ قاراپ مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ﴿**بۇ**﴾ يەنى يۇسۇفتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىمدىن ئىبارەت بۇ گۇناھنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم ئېرىم يوق چاغدا ئۇنىڭغا بۇ ئىشتا خىيانەت قىلمىغانلىقىمنى، ئەپسۇسلانغۇدەك بىرەر چوڭ ئىشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى، مەن پەقەت بۇ ياشتىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى رەت قىلغانلىقىنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈندۇر. شۇڭا مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ئېرىمنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن بۇ گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلدىم.

﴿**الله خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدۇ. «مەن ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن»**﴾ يەنى ئايال سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزەمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۆڭۈل ھەر خىل ئىشنى تارتىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى ﴿**نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر؛ ناھايىتى مېھرىباندۇر»**﴾ قىلىنغان بۇ تەپسىر قىسسىنىڭ مەزمۇنىغا، مەنىسىگە ئىنتايىن ئۇيغۇن ۋە مۇناسىپ بولغان، ئەڭ كۈچلۈك قاراشتۇر. چۈنكى، سۆزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزنى ئەزىزنىڭ خوتۇنىنىڭ پادىشاھنىڭ ئالدىدا دېگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوق بولۇپ، پادىشاھ ئۇنى شۇنىڭدىن كېيىن ئالدىغا كەلتۈرگەن.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلۡمَلِكُ ٱئۡتُونِي بِهِۦٓ أَسۡتَخۡلِصۡهُ لِنَفۡسِيۖ فَلَمَّا كَلَّمَهُۥ قَالَ إِنَّكَ ٱلۡيَوۡمَ لَدَيۡنَا مَكِينٌ أَمِينٞ ٥٤ قَالَ ٱجۡعَلۡنِي
عَلَىٰ خَزَآئِنِ ٱلۡأَرۡضِۖ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٞ ٥٥



پادىشاھ: «يۇسۇفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزەمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن» دېدى. يۇسۇف ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇ: «سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن» دېدى.﴿54﴾ يۇسۇف: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن» دېدى﴿55﴾.

(1) يۇسۇف سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ پادىشاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پادىشاھتىن خەۋەر بېرىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ (ئۆزىگە چاپلانغان) تۆھمەتتىن پاك ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان چاغدا، پادىشاھ مۇنداق دېدى: ﴿**«يۈسۈفنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۆزەمنىڭ خاس ئادىمىم قىلىمەن»**﴾ يەنى ئۇنى ئىشلارغا مەسلىھەت سالىدىغان خاس ئادىمىم قىلىمەن.

﴿**يۈسۈف ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا**﴾ يەنى يۈسۈف پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، پادىشاھ ئۇنىڭ ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى ۋە قابىلىيىتىنىڭ بارلىقىنى (تونۇپ يېتىپ)، قەددى ـ قامەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە كامالەتكە يەتكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ﴿**«سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەقىقەتەن مەرتىۋىلىك، ئىشەنچلىك ئادەمسەن»**﴾.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام: ﴿**«مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن»**﴾ يەنى ئۇ ئۆزىنى ماختىدى. ئەگەر بىرەر ئادەم ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى باشقىلار بىلەلمىسە، مۆرىتى كەلگەندە ئۆزىنى ماختاش دۇرۇستتۇر.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك خەزىنىدار، مەسئۇل بولغان نەرسىنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، تەدبىرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇنى پەقەت ئۇلارغا (ئۆزى خەۋەر قىلغان) ئاچارچىلىق يىللارنىڭ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھتىن ئۆزىنى مىسىر زېمىنىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى يىغىدىغان ئامبارلارغا مەسئۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا ئامبارلارنى ئەڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن (پايدىلىق) ۋە ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىپىنى قىزغىنلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِي ٱلْأَرْضِ يَتَبَوَّأُ مِنْهَا حَيْثُ يَشَآءُ نُصِيبُ بِرَحْمَتِنَا مَن نَّشَآءُ وَلَا نُضِيعُ
أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٦﴾ وَلَأَجْرُ ٱلْأَخِرَةِ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَكَانُوا۟ يَتَّقُونَ ﴿٥٧﴾

بىز يۈسۈفنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق، رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز﴿56﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى، ئەلۋەتتە، (بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ئارتۇقتۇر﴿57﴾.



## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقى

﴿**بىز يۈسۈفنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يۈسۈفنى (ئۇ

قىيىن ئەھۋالغا، زىندانغا ۋە ئەسىرلىك ھاياتىغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن) مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايدىن ئورۇن تۇتالايدىغان قىلدۇق.

﴿**رەھمىتىمىزنى خالىغان بەندىلىرىمىزگە ئېرىشتۈرىمىز، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز**﴾ يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ئەزىيەتكە ۋە ئەزىزنىڭ خوتۇنىنىڭ سەۋەبى بىلەن زىنداندا ياتقانلىقىغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان) ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز. شۇڭا الله تائالا ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭغا ئامانلىق، ياردەم ۋە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدى.

﴿**ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز. ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە، (بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) ئارتۇقتۇر**﴾ الله تائالا پەيغەمبىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرەتتە تەييارلاپ قويغان مۇكاپاتىنىڭ (ئۇنىڭغا) دۇنيادا ئېرىشتۈرگەن ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىمتىيازىغا قارىغاندا تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ بۈيۈك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿(بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ». ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ﴾[1] بۇ قىسسىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت، مىسىر پادىشاھى رەييان ئىبنى ۋەلىد يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى (ئۇنى سېتىۋالغان ۋە ئايالى ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان) مىسىر ۋەزىرىنىڭ ئورنىغا ۋەزىر قىلدى. پادىشاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق مۇسۇلمان بولدى.

* * * * * * *

وَجَآءَ إِخْوَةُ يُوسُفَ فَدَخَلُوا۟ عَلَيْهِ فَعَرَفَهُمْ وَهُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٨﴾ وَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمْ قَالَ
ٱئْتُونِى بِأَخٍ لَّكُم مِّنْ أَبِيكُمْ ۚ أَلَا تَرَوْنَ أَنِّىٓ أُوفِى ٱلْكَيْلَ وَأَنَا۠ خَيْرُ ٱلْمُنزِلِينَ ﴿٥٩﴾ فَإِن لَّمْ تَأْتُونِى بِهِۦ فَلَا كَيْلَ
لَكُمْ عِندِى وَلَا تَقْرَبُونِ ﴿٦٠﴾ قَالُوا۟ سَنُرَٰوِدُ عَنْهُ أَبَاهُ وَإِنَّا لَفَٰعِلُونَ ﴿٦١﴾ وَقَالَ لِفِتْيَٰنِهِ ٱجْعَلُوا۟
بِضَٰعَتَهُمْ فِى رِحَالِهِمْ لَعَلَّهُمْ يَعْرِفُونَهَآ إِذَا ٱنقَلَبُوٓا۟ إِلَىٰٓ أَهْلِهِمْ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ ﴿٦٢﴾

يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ يۇسۇفنىڭ قېشىغا كىردى. يۇسۇف ئۇلارنى تونۇدى، ئۇلار بولسا يۇسۇفنى تونۇمىدى﴿58﴾. يۇسۇف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئاتا بىر ئۇكاڭلارنى (يەنى بۇنيامىننى) ئېلىپ كېلىڭلار، مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟﴿59﴾. ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار»﴿60﴾. ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى﴿61﴾.

(1) ساد سۈرىسى 39 ـــ 40 ـ ئايەتلەر.

يۇسۇف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال - مۈلۈكلىرىنى يۈك - تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى﴿62﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىرغا كېلىپ ئاشلىق ئېلىپ قايتىشى ۋە ئەڭ كىچىك قېرىندىشىنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە قىلىشى

سۇددى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقا تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىسىر دىيارىغا كېلىش سەۋەبى مۇنداق بولغان: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى قولغا ئالدۇ. مولچىلىق بولغان يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئارقىدىن قۇرغاقچىلىق بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ.

قەھەتچىلىك پۈتۈن مىسىر دىيارىنى قاپلاپ كېتىدۇ. بۇ قەھەتچىلىك يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئولتۇراقلاشقان كەنئان دىيارىغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. شۇ چاغدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ يەردىن ئالغان ئاشلىقنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدا توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىنتايىن زور مىقداردا ئاشلىق يىغىپ، نۇرغۇن ئاشلىق زاپىسىغا ئىگە بولىدۇ. باشقا يۇرتلاردىن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ۋە بالا - چاقىلىرىغا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر يىل ئىچىدە بىر ئادەمگە بىر تۆگىدىن كۆپ ئاشلىق بەرمەيتتى. ئۇ تويغىچە تاماق يېمەيتتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام، پادىشاھ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى قوللىرىدا بار ئاشلىقنى كىشىلەرگە يەتتە يىل مۇددەتكىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بىر كۈندە پەقەت چۈش ۋاقتىدىلا (بىر ۋاخ) تاماق يەيتتى. بۇ، الله تائالانىڭ مىسىر خەلقىگە قىلغان مەرھەمىتى ئىدى.

ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاشلىق سېتىۋالغىلى كېلەتتى. ئۇلارغا: مىسىر ۋەزىرى كىشىلەرگە ئاشلىق سېتىپ بېرىدىكەن،- دېگەن خەۋەر يېتىپ بارغاچقا، ئۇلار ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل - پۈچەكلىرىنى ئېلىپ، (ئون نەپەر قېرىنداش) تۆگىلىرىگە مىنىپ يولغا چىققان ئىدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قېشىدا ئوغلى بۇنيامىننى يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشىنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇنيامىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋەزىرلىككە خاس رەۋىشتە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ قېشىغا قېرىنداشلىرى كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالىدۇ. ئۇلار بولسا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تونۇيالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار (ئۇنىڭدىن) كىچىك ۋاقتىدىلا ئايرىلغان، ئۆزلىرى (ئۇنى) كارۋاندىكىلەرگە سېتىۋەتكەن، كارۋاندىكىلەرنىڭ ئۇنى قەيەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدى. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىدى. ئەمما ئۇ قېرىنداشلىرىنى تونۇۋالدى.

سۇددى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: يۇسۇف ئەلەيھىسسالام گويا ئۇلارنى تونۇمىغاندەك بولۇۋېلىپ، ئۇلارغا: سىلەر شەھىرىمىگە نېمە ئىش ئۈچۈن كەلدىڭلار؟- دېدى. ئۇلار: ئى ۋەزىر ئالىيلىرى! بىز

ئاشلىق ئالغىلى كەلدۇق، ـ دېدى. ئۇ: سىلەر جاسۇس بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ـ دېدى. ئۇلار: بىز الله تائالاغا سېغىنىپ جاسۇسلۇق قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز، ـ دېدى. ئۇ: قەيەردىن كەلدىڭلار؟ ـ دېدى. ئۇلار: بىز كەنئان دىيارىدىن كەلدۇق، بىزنىڭ ئاتىمىز الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دېدى. ئۇ: ئۇنىڭ سىلەردىن باشقا باللىرى بارمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار: ھەئە، بىز ئون ئىككى بالا ئىدۇق. بىزدىن كىچىكى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، چۆلدە يوقاپ كەتتى. ئۇ بىزگە قارىغاندا ئاتىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بالىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى قالدى. ئۇنىڭ ئاتىسى (ئۇنى) يوقاپ كەتكەن بالىدىن كۆڭلىنى تەسەللى تاپتۇرۇش ئۈچۈن يېنىدا ئېلىپ قالدى، ـ دېدى. ئاندىن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام خىزمەتچىلەرگە ئۇلارنى ياخشى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى كۈتۈشكە بۇيرۇدى.

﴿**يۈسۈف ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى تەييارلاپ بەرگەندىن**﴾ يەنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاشلىقنى تولۇق ئۆلچەپ بېرىپ، ئۇنى ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىشىم ئۈچۈن، (سىلەر دېگەن ھېلىقى) ئاتا بىر قېرىندىشىڭلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!

﴿**مېنىڭ (ئاشلىقنى) تولۇق ئۆلچەپ بېرىۋاتقانلىقىمنى ۋە ناھايىتى مېھماندوست ئىكەنلىكىمنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟**﴾ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئالدىغا قايتا كېلىشكە رىغبەتلەندۈردى.

ئاندىن ئۇلارنى قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلمىسەڭلار، سىلەرگە بېرىدىغان ئاشلىقىم يوق، مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىماڭلار». ئۇلار: «بىز ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ (سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىشكە) تىرىشىمىز، بىز چوقۇم مۇشۇنداق قىلىمىز» دېدى**﴾ يەنى بىز ئۇنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىمىز. بىزنىڭ ئېيتقان سۆزىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈمىدىڭنى يەردە قويمايمىز.

﴿**يۈسۈف خىزمەتچىلىرىگە: «ئۇلارنىڭ (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال ـ مۈلۈكلىرىنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇڭلار، ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا، ئۇنى تونۇپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى**﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق تەپسىر قىلغان: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ باشقا مال ـ مۈلكى بولماي قېلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن قايتا كېلەلمەي قېلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغان.

* * * * * * *

فَلَمَّا رَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيهِمۡ قَالُواْ يَٰٓأَبَانَا مُنِعَ مِنَّا ٱلۡكَيۡلُ فَأَرۡسِلۡ مَعَنَآ أَخَانَا نَكۡتَلۡ وَإِنَّا
لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴿٦٣﴾ قَالَ هَلۡ ءَامَنُكُمۡ عَلَيۡهِ إِلَّا كَمَآ أَمِنتُكُمۡ عَلَىٰٓ أَخِيهِ مِن قَبۡلُ فَٱللَّهُ خَيۡرٌ حَٰفِظٗاۖ
وَهُوَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾

ئۇلار ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىدا: «ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى، ئۇكىمىزنى (يەنى بۇنيامىنىنى) بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن، (شۇنداق قىلساڭ) ئاشلىق ئالالايمىز، ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى﴿63﴾. (يەئقۇب)

ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى يۇسۇف) توغرىسىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟ (مەن سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى ساقلىشىڭلارغىلا ئىشەنمەيمەن) ﷲ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر» ﴿64﴾.

## ئۇلارنىڭ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن بۇنيامىننىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى

ﷲ تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارغىنىدا: **﴿ئى ئاتىمىز! (مىسىرنىڭ پادىشاھى) بىزگە قايتا ئاشلىق بەرمەس بولدى﴾** يەنى ئەگەر سەن قېرىندىشىمىز بۇنيامىننى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتمىسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزگە ئاشلىق بەرمەس بولدى. بۇنيامىننى بىز بىلەن بىللە ئەۋەتكىن. شۇنداق قىلساڭ، بىز ئاشلىق ئالالايمىز، ـ دېدى.

**﴿ئۇنى بىز چوقۇم ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىمىز» دېدى﴾** يەنى ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولارمىكىن دەپ قورقمىغىن، ئۇ سېنىڭ قېشىڭغا سالامەت قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ (ئاتىسىغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە): ﴿ئەتە ئۇنى بىزگە قوشۇپ قويغىن، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كىرسۇن، ئۇنى بىز چوقۇم ياخشى مۇھاپىزەت قىلىمىز»﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

شۇڭا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام (ئۇلارغا) مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىلگىرى سىلەرگە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى يۇسۇف) توغرىسىدا ئىشەنگەندەك ئىشىنەمدىم؟﴾** يەنى ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنىڭ قېرىندىشى يۇسۇفكە قىلغىنىڭلارغا ئوخشاش (ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىپ)، مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرماقچىمۇ؟

**﴿ﷲ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر﴾** يەنى ﷲ تائالا ماڭا ئەڭ مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ مېنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىم، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، رەھمەت قىلىپ ئوغلۇمنى تېپىشىمغا ياردەم قىلىدۇ. مەن ﷲ تائالادىن ئوغلۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مېنى جەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ﷲ ئەڭ مەرھەمەتلىكتۇر.

* * * * * * *

وَلَمَّا فَتَحُواْ مَتَـٰعَهُمْ وَجَدُواْ بِضَـٰعَتَهُمْ رُدَّتْ إِلَيْهِمْ ۖ قَالُواْ يَـٰٓأَبَانَا مَا نَبْغِى ۖ هَـٰذِهِۦ بِضَـٰعَتُنَا رُدَّتْ
إِلَيْنَا ۖ وَنَمِيرُ أَهْلَنَا وَنَحْفَظُ أَخَانَا وَنَزْدَادُ كَيْلَ بَعِيرٍ ۖ ذَٰلِكَ كَيْلٌ يَسِيرٌ ﴿٦٥﴾ قَالَ لَنْ أُرْسِلَهُۥ مَعَكُمْ
حَتَّىٰ تُؤْتُونِ مَوْثِقًا مِّنَ ٱللَّهِ لَتَأْتُنَّنِى بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يُحَاطَ بِكُمْ ۖ فَلَمَّآ ءَاتَوْهُ مَوْثِقَهُمْ قَالَ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَا نَقُولُ وَكِيلٌ ﴿٦٦﴾

ئۇلار يۈكلىرىنى ئاچقاندا (ئاشلىق سېتىۋالغان) مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار: «ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ، (ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق

(1) يۇسۇف سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

ئېلىپ كېلىمىز، ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز، بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھ ئۈچۈن) ئازغىنا ئاشلىقتۇر» دېدى﴿65﴾. يەئقۇب ئېيتتى: «بۇنيامىننى قوغداش يولىدا ھەممىڭلار ھالاك بولمىساڭلارلا ئۇنى چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىڭ ۋەدە بەرمىگىچە ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە اللە گۇۋاھتۇر» دېدى﴿66﴾.

## يۈك ـ تاقلارنىڭ ئارىسىدىن مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ چىققانلىقى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى يۈك ـ تاقلىرىنى ئاچقان چاغدا، ئاشلىق سېتىۋالغان مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. بۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئاشلىقى ئۈچۈن بەرگەن مال ـ مۈلكىنى (ئۇلارنىڭ) يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇغان بۇيرۇقى بىلەن بولغان ئىدى.

ئۇلار مال ـ مۈلكنى يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەندە، مۇنداق دېدى: ﴿**ئاتىمىز! بىز (بۇنىڭدىن ئارتۇق) يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟ بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىپتۇ**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ۋەزىر بىزگە ئاشلىقنى تولۇق ئۆلچەپ بەردى ۋە يەنە مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنىمۇ بىزگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، بىز بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە تەلەپ قىلىمىز؟

﴿**(ئۇكىمىزنى ئېلىپ يەنە بارساق) ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز**﴾ يەنى قېرىندىشىمىزنى بىز بىلەن بىرگە ئەۋەتسەڭ، ئائىلىمىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز. ﴿**ئۇكىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، بىر تۆگە ئاشلىقنى ئارتۇق ئالىمىز**﴾ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئادەمگە بىر تۆگە ئاشلىق بېرەتتى.

﴿**بۇ (يەنى بىر تۆگە ئاشلىق پادىشاھ ئۈچۈن) ئازغىنا ئاشلىقتۇر**﴾ ئۇلار ئاتىسىغا ئېيتىدىغانلىرىنى مۇشۇنداق چىرايلىق سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. يەنى بىزنىڭ ئۇكىمىزنى ئېلىپ بارغانلىقىمىزنىڭ بەدىلىگە ۋەزىرنىڭ بىزگە بېرىدىغان ئاشلىقى ئازغىنا ئاشلىقتۇر (يەنى ۋەزىر ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسىدۇر).

﴿**يەئقۇب ئېيتتى: «بۇنيامىننى قوغداش يولىدا ھەممىڭلار ھالاك بولمىساڭلارلا**﴾ يەنى ھەممىڭلار مەغلۇب بولۇپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا قادىر بولالماي قالغانغا قەدەر ﴿**ئۇنى چوقۇم ماڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ چىڭ ۋەدە بەرمىگىچە ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە ئەۋەتمەيمەن». ئۇلار (يەنى ئوغۇللىرى) ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ چىن ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، يەئقۇب: «بىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمىزگە اللە گۇۋاھتۇر» دېدى**﴾ ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئاشلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەۋەتمىسە، باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يەتكەندە، بۇنيامىننى ئۇلارغا قوشۇپ ئەۋەتتى.

* * * * * * *

وَقَالَ يَٰبَنِيَّ لَا تَدْخُلُوا۟ مِنۢ بَابٍ وَٰحِدٍ وَٱدْخُلُوا۟ مِنْ أَبْوَٰبٍ مُّتَفَرِّقَةٍ ۖ وَمَآ أُغْنِى عَنكُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ ۖ
إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَعَلَيْهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿٦٧﴾ وَلَمَّا دَخَلُوا۟ مِنْ حَيْثُ أَمَرَهُمْ
أَبُوهُم مَّا كَانَ يُغْنِى عَنْهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن شَىْءٍ إِلَّا حَاجَةً فِى نَفْسِ يَعْقُوبَ قَضَىٰهَا ۚ وَإِنَّهُۥ لَذُو
عِلْمٍ لِّمَا عَلَّمْنَٰهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٦٨﴾

(ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. الله نىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت الله غىلا خاس، الله غا تەۋەككۇل قىلدىم، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار الله غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!» دېدى﴿67﴾. ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ) الله نىڭ قازاسى ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، بۇ پەقەت يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدىنىلا ئىپادىلىدى، خالاس. بىز يەئقۇبقا (ۋەھيى ئارقىلىق) بىلدۈرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ (كەڭ) بىلىم ئىگىسىدۇر، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (تەقدىرنىڭ سىرىنى) بىلمەيدۇ﴿68﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى مىسىر شەھىرىنىڭ باشقا ـ باشقا دەرۋازىلىرىدىن كىرىشكە بۇيرۇغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇ ئوغۇللىرىنى قېرىندىشى بۇنيامىن بىلەن مىسىرغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تەييارلىغان چاغدا، ئۇلارنى ھەممىسىنىڭ بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، ئايرىم ـ ئايرىم دەرۋازىدىن كىرىشكە بۇيرۇدى.

ئىبنى ئابباس، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىنىڭ ئېيتىشىچە: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كۆز تېگىشتىن قورقتى. چۈنكى ئۇلار چىرايلىق، كېلىشكەن ۋە قەددى ـ قامەتلىك يىگىتلەر ئىدى. ئۇ ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ كۆزى تېگىشتىن قورقتى. چۈنكى كۆز تېگىش راست بولۇپ، ئاتلىق كىشىنى ئاتتىن يىقىتىۋېتەلىگىدەك دەرىجىدە تەسىر قىلىدۇ.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: **﴿الله نىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن﴾** يەنى ھەقىقەتەن مۇنداق ئېھتىيات قىلىش الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ۋە ھۆكمىنى قايتۇرالمايدۇ. ئەگەر الله تائالا بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ھېچ قانداق قارشىلىققا ۋە توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ.

**﴿ھۆكۈم پەقەت الله غىلا خاس، الله غا تەۋەككۇل قىلدىم، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار الله غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن!» دېدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرگەندە، (بۇ) الله نىڭ قازاسى ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە دال بولالمىدى، بۇ پەقەت يەئقۇبنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىدىنىلا ئىپادىلىدى، خالاس﴾** ئۇنىڭ مەقسىتى بالىلىرىغا كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

**﴿بىز يەئقۇبقا (ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ (كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى) بىلىم ئىگىسىدۇر﴾** قەتادە ۋە سەۋرى: ئۇ بىلگىنىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ئادەمدۇر، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر: بىز ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، (ئۇ) كەلگۈسى دائىرىلىك ئىلىم ئىگىسىدۇر، ـ دېدى. **﴿لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (تەقدىرنىڭ سىرىنى) بىلمەيدۇ﴾**.

* * * * * * *

وَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيۡهِ أَخَاهُۖ قَالَ إِنِّيٓ أَنَا۠ أَخُوكَ فَلَا تَبۡتَئِسۡ بِمَا كَانُواْ
يَعۡمَلُونَ ﴿٦٩﴾

ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ باللىرى) يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن» دېدى﴿69﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنيامىنغا تەسەللى بەرگەنلىكى

اللّٰه تائالا مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بۇنيامىننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەندە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇنيامىننى ئۆزىنىڭ قېشىدا ئېلىپ قېلىپ، باشقىلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۇلارغا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق، مېھرى ـ شەپقەت ۋە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئىلتىپاتنى ناھايىتى كۆپ كۆرسەتتى. قېرىندىشى بۇنيامىن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ: **﴿قايغۇرمىغىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان قىلمىشلىرىدىن ھەسرەت چەكمىگىن، ـ دېدى. (ئۇنى) بۇ ئىشنى قېرىنداشلىرىدىن يوشۇرۇشقا، ئۆزى دەپ بەرگەن ھەقىقىي ئىشلارنى ئۇلارغا دېمەسلىككە بۇيرۇدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز يېنىدا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن (ئېلىپ قېلىشقا) ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىۋالدى.

* * * * * * *



فَلَمَّا جَهَّزَهُم بِجَهَازِهِمۡ جَعَلَ ٱلسِّقَايَةَ فِي رَحۡلِ أَخِيهِ ثُمَّ أَذَّنَ مُؤَذِّنٌ أَيَّتُهَا ٱلۡعِيرُ إِنَّكُمۡ
لَسَٰرِقُونَ ﴿٧٠﴾ قَالُواْ وَأَقۡبَلُواْ عَلَيۡهِم مَّاذَا تَفۡقِدُونَ ﴿٧١﴾ قَالُواْ نَفۡقِدُ صُوَاعَ ٱلۡمَلِكِ وَلِمَن
جَآءَ بِهِۦ حِمۡلُ بَعِيرٖ وَأَنَا۠ بِهِۦ زَعِيمٞ ﴿٧٢﴾

يۇسۇف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن بىر جاكارچى چىقىپ: «ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم

ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى﴿70﴾. (كارۋاندىكىلەر) ئۇلارغا قاراپ: «نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار»﴿71﴾. ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى﴿72﴾.

## پادىشاھنىڭ قەدەھنى قېرىندىشىنىڭ يۈك ـ تېقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇشى ۋە ئۇنى بۇ ھىيلە بىلەن تۇتۇپ قېلىشى

يۇسۇف ئەلەيھسسالام ئۇلارغا بەرگەن ئاشلىقنى تەييارلاپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ تۆگىلىرىگە ئارتىۋاتقان چاغدا، بەزى خىزمەتچىلىرىنى پادىشاھنىڭ قەدىھىنى قېرىندىشى بۇنيامىنىنىڭ يۈك ـ تاقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

كۆپىنچە تەپسىرشۇناسلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ كۈمۈش قەدەھ ئىدى. ئالتۇن قەدەھ ئىدى، ـ دېگەنلەرمۇ بار. ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، شاراب ئىچىدىغان قەدەھ ئىدى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد قەتادە، زەھھاك ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: شۇ چاغدا ئاشلىق ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسە بولۇپ، ئاشلىق بۇ قەدەھ بىلەن ئۆلچەپ بېرىلەتتى، ـ دېدى.

شۆئبە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پادىشاھنىڭ قەدەھى كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، (ئۇلار) ئۇنىڭدا شاراب ئىچەتتى. ئۇ پىيالىگە ئوخشايتتى.

خىزمەتچىلەر بۇ قەدەھنى ھېچكىمگە سەزدۈرمەي بۇنيامىنىنىڭ يۈك ـ تاقىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئاندىن خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جاكارچى چىقىپ: **﴿«ئى كارۋانلار! سىلەر چوقۇم ئوغرى ئىكەنسىلەر» دەپ توۋلىدى﴾**.

ئۇلار جاكارچىغا بۇرۇلۇپ: **﴿«نېمەڭلارنى يوقىتىپ قويدۇڭلار»﴾** دېدى. **﴿ئۇلار: «پادىشاھنىڭ (تامغىسى بېسىلغان) قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق﴾** يەنى پادىشاھنىڭ ئاشلىق ئۆلچەپ بېرىدىغان قەدەھنى يوقىتىپ قويدۇق. **﴿ئۇنى تېپىپ كەلگەن كىشىگە (مۇكاپات ئۈچۈن) بىر تۆگە ئاشلىق بېرىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا كېپىل» دېدى﴾**.

* * * * * * *

قَالُوا۟ تَٱللَّهِ لَقَدْ عَلِمْتُم مَّا جِئْنَا لِنُفْسِدَ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا كُنَّا سَٰرِقِينَ ﴿٧٣﴾ قَالُوا۟ فَمَا جَزَٰٓؤُهُۥٓ إِن
كُنتُمْ كَٰذِبِينَ ﴿٧٤﴾ قَالُوا۟ جَزَٰٓؤُهُۥ مَن وُجِدَ فِى رَحْلِهِۦ فَهُوَ جَزَٰٓؤُهُۥ ۚ كَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٧٥﴾
فَبَدَأَ بِأَوْعِيَتِهِمْ قَبْلَ وِعَآءِ أَخِيهِ ثُمَّ ٱسْتَخْرَجَهَا مِن وِعَآءِ أَخِيهِ ۚ كَذَٰلِكَ كِدْنَا لِيُوسُفَ ۖ مَا كَانَ
لِيَأْخُذَ أَخَاهُ فِى دِينِ ٱلْمَلِكِ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ ۚ نَرْفَعُ دَرَجَٰتٍ مَّن نَّشَآءُ ۗ وَفَوْقَ كُلِّ ذِى عِلْمٍ
عَلِيمٌ ﴿٧٦﴾

ئۇلار: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق

قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى﴿73﴾. ئۇلار (يەنى يۈسۈفنىڭ خىزمەتچىلىرى): «سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟)» دېدى﴿74﴾. ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى يۈكىدىن قەدەھ تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى﴿75﴾. ئۇلار يۈسۈفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن يۈسۈفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى. بىز يۈسۈفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق، (مىسىر) پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتى، لېكىن **الله** ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى، بىز خالىغان ئادەمنى (يۈسۈفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز، ھەر بىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار﴿76﴾.

ئەنە شۇ خىزمەتچىلەر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئوغرىلىق بىلەن تۆھمەت چاپلىغاندا، ئۇلار خىزمەتچىلەرگە: **﴿«الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر بىلىسىلەر، بىز بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلمىدۇق، بىز ئوغرى ئەمەسمىز» دېدى﴾** يەنى بىز سىلەر بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ، سىلەر بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلدىڭلار. چۈنكى سىلەر بىزنىڭ ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىمىزنى ھەقىقەتەن كۆردۈڭلار. بىزنىڭ خاراكتېرىمىز "ئوغرىلىق" دېگەن بۇ سۈپەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ـ دېدى. خىزمەتچىلەر ئۇلارغا: ئەگەر ئوغرى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بولۇپ قالسا، **﴿«سىلەرنىڭ شەرىئىتىڭلاردا ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ (ئەگەر قەدەھ يۈكۈڭلاردىن چىقىپ قېلىپ) يالغانچى بولۇپ قالساڭلارچۇ؟)» دېدى﴾**.

**﴿ئۇلار: «ئۇنىڭ جازاسى يۈكىدىن قەدەھ تېپىلغان ئادەمنى قۇل قىلىش، زالىملارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېدى﴾** ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئوغرى مالىنىڭ ئىگىسىگە قۇل قىلىنىپ بېرىلەتتى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ھىيلىدىن بۇنى كۆزلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانا بىر قېرىندىشىنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشتىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ يۈكىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. **﴿ئاندىن يۈسۈفنىڭ ئۇكىسىنىڭ يۈكىدىن قەدەھنى تېپىپ چىقتى﴾** شۇنىڭ بىلەن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسەن، ئانا بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ئۇلاردىن ئايرىپ ئېلىپ قالدى.

**﴿بىز يۈسۈفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق﴾** بۇ، ئەسلى كۆزدە تۇتۇلغان ۋە ياخشى كۆرۈلگەن تەدبىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېكمەت ۋە كۆزلەنگەن مەنپەئەت بولغانلىقى ئۈچۈن، **الله** تائالا ئۇنى ياخشى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولدى.

**﴿(مىسىر) پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتى﴾** لېكىن **الله** تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان شەرىئەتكە يۈسۈفنىڭ ئالدىدىمۇ بويسۇندۇرۇپ بەردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدىكى (ئۇ) ھۆكۈمنى بىلەتتى. شۇڭا **الله** تائالا ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز خالىغان ئادەمنى (يۈسۈفنى كۆتۈرگەندەك) يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىمىز﴾**. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[1].

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ھەر بىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار﴾** ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر بىلىملىك كىشىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك كىشى بار. بىلىمنىڭ چېكى ھەممىنى بىلگۈچى غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئابدۇرازاق سەئىدى ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇ ئاجايىپ ھەيران قالارلىق بىر سۆزنى قىلدى. بىر ئادەم بۇ سۆزدىن بەكمۇ ھەيران قېلىپ: **الله** تائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇنكى، ھەر بىر بىلىملىك كىشى ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىك كىشى بار ئىكەن، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس: سېنىڭ سۆزۈڭ نېمە دېگەن يامان! **الله** ھەممىدىن بىلىملىكتۇر. ئۇ ھەر بىر بىلىملىك كىشىدىنمۇ بىلىملىكتۇر، ـ دېدى.

سەمماك ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئۇنىڭدىن بىلىملىكتۇر. ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ بىلىملىكتۇر. **الله** تائالا ھەر بىر بىلىملىك كىشىدىنمۇ بىلىملىكتۇر. ئىكرىمەمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار كىشى بار. بىلىمنىڭ چېكى ھەممىنى بىلگۈچى **الله** تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئىلىم **الله** تائالا تەرىپىدىن باشلىنىپ تارالدى. ئۇنى ئالىملار ئۆگەندى، ئۇ ئاخىرى **الله** تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

*******

۞ قَالُوٓاْ إِن يَسۡرِقۡ فَقَدۡ سَرَقَ أَخٞ لَّهُۥ مِن قَبۡلُۚ فَأَسَرَّهَا يُوسُفُ فِي نَفۡسِهِۦ وَلَمۡ يُبۡدِهَا لَهُمۡۚ قَالَ أَنتُمۡ شَرّٞ مَّكَانٗاۖ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا تَصِفُونَ ﴿٧٧﴾

ئۇلار: «ئەگەر ئۇ ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۈسۈفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان» دېيىشتى. يۈسۈف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزنى ئىچىدە بىلدى، لېكىن ئۇلارغا مەلۇم قىلمىدى، يۈسۈف (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، سىلەرنىڭ (يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا) قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى **الله** ئوبدان بىلىدۇ» دېدى﴿77﴾.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئوغرىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىشى

يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى قەدەھنىڭ بۇنيامىننىڭ يۈكىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن چاغدا: **﴿«ئەگەر ئۇ ئوغرۇلۇق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ (يەنى يۈسۈفمۇ) ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغان»﴾** دېيىشتى. ئۇلار ۋەزىرگە ئۆزلىرىنى (ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىشتىن) ئاقلاپ: بۇنىڭ بۇ ئىشى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قېرىندىشى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىلغاندەكلا ئىشتۇر، ـ دېيىشتى. **﴿يۈسۈف (ئۇلارنىڭ) بۇ سۆزنى ئىچىدە بىلدى، لېكىن ئۇلارغا مەلۇم قىلمىدى، يۈسۈف (ئىچىدە): «سىلەرنىڭ مەۋقەيىڭلار ئەڭ ياماندۇر، سىلەرنىڭ (يۈسۈف ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى توغرىسىدا) قىلغان سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقىنى الله ئوبدان بىلىدۇ» دېدى﴾**.

*******

قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ إِنَّ لَهُۥٓ أَبٗا شَيۡخٗا كَبِيرٗا فَخُذۡ أَحَدَنَا مَكَانَهُۥٓۖ إِنَّا نَرَىٰكَ مِنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ
﴿٧٨﴾ قَالَ مَعَاذَ ٱللَّهِ أَن نَّأۡخُذَ إِلَّا مَن وَجَدۡنَا مَتَٰعَنَا عِندَهُۥٓ إِنَّآ إِذٗا لَّظَٰلِمُونَ ﴿٧٩﴾

ئۇلار: «ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن، بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دېدى﴿78﴾. يۈسۈف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى﴿79﴾.

## قېرىنداشلارنىڭ بۈنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىدىن بىرەيلەننىڭ تۇتۇپ قېلىنىشىنى تەكلىپ قىلىشى ۋە بۇ تەكلىپنىڭ رەت قىلىنىشى

بۈنيامىننىڭ تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقى مۇقىملاشقان، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بويىچە ئۇنى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقى قارارلاشقان چاغدا، ئۇلار بۈنيامىنغا ھېسداشلىق قىلىشقا ۋە مېھرىبانلىق كۆرستىشكە باشلاپ: **﴿«ئى ئالىيجاناب زات! ئۇنىڭ (ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان) بىر قېرى ئاتىسى بار﴾** ئۇ، بۇ بالىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە بۇ بالىسى ئارقىلىق يوقاپ كەتكەن بالىسى ئۈچۈن ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ بىرىمىزنى ئېلىپ قالغىن﴾** يەنى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ، يېنىڭدا ئېلىپ قالغىن. **﴿بىز سېنى ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن ھېسابلايمىز» دېدى﴾** يەنى سىلەرنى ئادىل، ئىنساپلىق ۋە ياخشى ئىشنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر دەپ قارايمىز.

**﴿يۈسۈف: «خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يۈكىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز﴾** سىلەرمۇ شۇنداق دېدىڭلار ۋە بۇنى ئېتىراپ قىلدىڭلار.

**﴿بولمىسا﴾** يەنى (بىز) گۇناھسىز ئادەمنى گۇناھكار ئادەمنىڭ ئورنىغا ئېلىپ قالساق، **﴿بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى﴾**.

*******

فَلَمَّا ٱسۡتَيۡـَٔسُواْ مِنۡهُ خَلَصُواْ نَجِيّٗاۖ قَالَ كَبِيرُهُمۡ أَلَمۡ تَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ أَبَاكُمۡ قَدۡ أَخَذَ عَلَيۡكُم
مَّوۡثِقٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَمِن قَبۡلُ مَا فَرَّطتُمۡ فِي يُوسُفَۖ فَلَنۡ أَبۡرَحَ ٱلۡأَرۡضَ حَتَّىٰ يَأۡذَنَ لِيٓ أَبِيٓ أَوۡ يَحۡكُمَ ٱللَّهُ
لِيۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلۡحَٰكِمِينَ ﴿٨٠﴾ ٱرۡجِعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَبِيكُمۡ فَقُولُواْ يَٰٓأَبَانَآ إِنَّ ٱبۡنَكَ سَرَقَ وَمَا شَهِدۡنَآ إِلَّا
بِمَا عَلِمۡنَا وَمَا كُنَّا لِلۡغَيۡبِ حَٰفِظِينَ ﴿٨١﴾ وَسۡـَٔلِ ٱلۡقَرۡيَةَ ٱلَّتِي كُنَّا فِيهَا وَٱلۡعِيرَ ٱلَّتِيٓ أَقۡبَلۡنَا فِيهَاۖ
وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٨٢﴾

ئۇلار (بۇنيامىننىڭ ئورنىغا ئۆز ئارىسىدىن بىرسىنى ئېلىپ قىلىشقا يۇسۇفنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى: «ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قەسەم قىلدۇرۇپ ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدىكى خاتالىقلىرىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە ياكى الله مەن ئۈچۈن هۆكۈم چىقارمىغىچە بۇ يەردىن هەرگىز ئايرىلمايمەن، الله ئەڭ ئادىل هۆكۈم قىلغۇچىدۇر﴿80﴾.
سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتاڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، ئاندىن ئېيتىڭلاركى، ئى ئاتىمىز! سېنىڭ ئوغلۇڭ راستلا ئوغرىلىق قىلدى، بىز پەقەت بىلگەن نەرسىمىز ئۈستىدىلا گۇۋاهلىق بېرىۋاتىمىز، بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق)﴿81﴾.
بىز تۇرغان شەهەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن، بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست»﴿82﴾.

## قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭىنىڭ مەسلىھەتى

الله تائالا يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ بۇنيامىننى (ئۇنىڭ) ئاتىسىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە، قايتۇرۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئامالسىز قالغان ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدىكى هالىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار بۇنيامىننى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە چارىسىز قالغاندا، **﴿چەترەك يەرگە بېرىپ مەخپىي مەسلىھەتلەشتى﴾** يەنى ئۇلار كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئۆزئارا مەخپىي پىچىرلاشتى.

**﴿ئۇلارنىڭ چوڭى ئېيتتى﴾** ئۇنىڭ ئىسمى روبىل ئىدى. بەزىلەر: ئۇنىڭ ئىسمى يەهۇزا ئىدى، ـ دەيدۇ. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلارغا ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىش مەسلىھەتىنى بەرگىنى ئىدى. ئۇ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿«ئاتاڭلارنىڭ سىلەردىن قەسەم قىلدۇرۇپ﴾** بۇنيامىننى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىشكە **﴿ۋەدە ئالغانلىقىنى ۋە ئىلگىرى يۇسۇف توغرىسىدىكى خاتالىقلىرىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟﴾** سىلەر ئىلگىرى يۇسۇفنى ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن يوقاتتىڭلار. بۇ قېتىم ئۆزەڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىڭلارنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر.

**﴿ئاتام ماڭا رۇخسەت قىلمىغىچە﴾** يەنى ئاتام مېنىڭ قايتىشىمغا رازى بولمىغۇچە **﴿ياكى الله مەن ئۈچۈن هۆكۈم چىقارمىغىچە﴾** يەنى مەن قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلمىگىچە ۋە ياكى قېرىندىشىم بۇنيامىننى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغۇچە **﴿بۇيەردىن﴾** يەنى بۇ شەهەردىن **﴿هەرگىز ئايرىلمايمەن، الله ئەڭ ئادىل هۆكۈم قىلغۇچىدۇر﴾** ئاندىن روبىل ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزرە قويۇشى، ئۆزلىرىنى ئاقلىشى، **﴿بىز غەيبنى بىلمەيمىز﴾** دەپ (يۈز بەرگەن) ئىشلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشى ئۈچۈن، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاتىسىغا ئەينەن يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.

**﴿بىز غەيبنى بىلمەيمىز (يەنى ساڭا ۋەدە بەرگەن چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدۇق)﴾** قەتادە ۋە ئىكرىمە بۇ ئايەت هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق.

ئابدۇراهمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ بىزدىن يوشۇرۇن بىر نەرسە ئوغرىلىغانلىقىنى (بىز) بىلمىدۇق، بىز پەقەت: ئوغرىنىڭ جازاسى نېمە؟ ـ دەپ سورالدۇق.

﴿بىز تۇرغان شەھەردىن (يەنى مىسىردىن) ۋە بىز بىلەن بىللە ماڭغان كارۋاندىن سوراپ باققىن﴾ يەنى ئۇلاردىن بىزنىڭ راست سۆزلىگەنلىكىمىز، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىمىز، بۇنيامىننى قوغدىغانلىقىمىز ۋە ھىمايە قىلغانلىقىمىز ھەققىدە سوراپ باققىن. ﴿بىزنىڭ سۆزىمىز چوقۇم راست﴾ بۇنيامىننىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئېلىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى (بىز ساڭا ئېيتقان) سۆزلەرنىڭ ھەممىسى راستتۇر.

* * * * * * *

قَالَ بَلۡ سَوَّلَتۡ لَكُمۡ أَنفُسُكُمۡ أَمۡرٗاۖ فَصَبۡرٞ جَمِيلٌۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَأۡتِيَنِي بِهِمۡ جَمِيعًاۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلۡعَلِيمُ
ٱلۡحَكِيمُ ﴿٨٣﴾ وَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰٓأَسَفَىٰ عَلَىٰ يُوسُفَ وَٱبۡيَضَّتۡ عَيۡنَاهُ مِنَ ٱلۡحُزۡنِ فَهُوَ كَظِيمٞ
﴿٨٤﴾ قَالُواْ تَٱللَّهِ تَفۡتَؤُاْ تَذۡكُرُ يُوسُفَ حَتَّىٰ تَكُونَ حَرَضًا أَوۡ تَكُونَ مِنَ ٱلۡهَٰلِكِينَ ﴿٨٥﴾
قَالَ إِنَّمَآ أَشۡكُواْ بَثِّي وَحُزۡنِيٓ إِلَى ٱللَّهِ وَأَعۡلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٦﴾

يەئقۇب ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشنى الله دىن تىلەيمەن. الله ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»﴿83﴾. يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئىسست يۈسۈف!» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى (يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى﴿84﴾. ئۇلار: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۈسۈفنى ياد ئېتىۋېرىپ (ھەسرەتتىن) ھالاك بولۇشقا تاس قالىدىغان ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ» دېدى﴿85﴾. يەئقۇب ئېيتتى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت الله غىلا ئېيتىمەن، الله نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن﴿86﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋابى ۋە بۇ ئېچىنىشلىق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام (خۇددى ئۇلارغا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى يالغان قانغا بوياپ كەلگەن چاغدا، ئېيتقىنىغا ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ) ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿«ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن چاغدا، ئۇ ئۇلارنى بۇنيامىنغىمۇ يۈسۈفكە قىلغان ئىشقا ئوخشاش ئىشنى قىلدى دەپ گۇمان قىلىپ (ئۇلارنى قارىلاپ)، مۇنداق دېدى: ﴿«ئۇنداق ئەمەس، نەپسىڭلار سىلەرگە بۇ ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن﴾ يەنى الله تائالانىڭ بۇنيامىن ۋە روبىل قاتارلىق ئۈچ ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىلگىرى قىلغان قىلمىشلىرىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارىتا شۇنداق دېگەن ئىدى. روبىل بۇ ئىشتا

الله  تائالانىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ رازى بولۇپ، ئۇنى قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇشىنى ياكى قېرىندىشى بۇنيامىننى يوشۇرۇنچە ئېلىپ قايتىشنى ساقلاپ مىسىر دىياردا قالغان ئىدى.

شۇڭا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشىنى الله  دىن تىلەيمەن. الله  ھەقىقەتەن (مېنىڭ ھالىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ ھەممە ئىشلىرىدا، ھۆكۈملىرىدە، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**». **يەئقۇب ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ: «ئىسىت يۈسۈف!» دېدى**﴾ يەنى ئۇ ئوغۇللىرىدىن يۈز ئۆرۈپ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن چېكىۋاتقان كونا ھەسرىتىنى ئەسلەپ: ﴿**«ئىسىت يۈسۈف!»**﴾ دېدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە يەنە ئىككى ئوغلىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى قوشۇلدى.

ئابدۇرازاق سۇفيان ئۇسفۇردىن سەئىد ئىبنى جۇبەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىستىرجا ئوقۇش[1] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ: ﴿**«ئىسىت يۈسۈف!» دېدى. قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى (يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)، ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان ئىدى**﴾.

قەتادە ۋە باشقىلار: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھېچبىر مەخلۇققا شىكايەت قىلماي يۈردى، - دېدى. زەھھاك: ئۇ قاتتىق ھەسرەتكە چۆككەن ئىدى، - دېدى. شۇ چاغدا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئوغۇللىرىنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىپ: ﴿**«الله  نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يۈسۈفنى ياد ئېتىۋېرىپ**﴾ يەنى يۈسۈفنى ئەسلەشتىن ۋاز كېچەلمەي ﴿**(ھەسرەتتىن) ھالاك بولۇشقا تاس قالىدىغان**﴾ يەنى ئاجىزلىشىپ كېتىدىغان ﴿**ياكى ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ»**﴾ يەنى ئەگەر بۇ ھالەت سەندە داۋام قىلىۋەرسە، بىز سېنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىڭدىن قورقىمىز، - دېدى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە مۇنداق جاۋاب بەردى: ﴿**مەن قايغۇ - ھەسرىتىمنى پەقەت الله  غىلا ئېيتىمەن، الله  نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىمەن**﴾ يەنى ھەممە ياخشىلىقنى يالغۇز الله  تائالادىنلا ئۈمىد قىلىمەن. ئىبنى ئابباس بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى يۈسۈفنىڭ چۈشىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. الله  تائالا بۇ چۈشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

* * * * * * *



يَٰبَنِيَّ ٱذۡهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا تَاْيۡـَٔسُواْ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيۡـَٔسُ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِ
إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٧﴾ فَلَمَّا دَخَلُواْ عَلَيۡهِ قَالُواْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡعَزِيزُ مَسَّنَا وَأَهۡلَنَا ٱلضُّرُّ وَجِئۡنَا بِبِضَٰعَةٖ
مُّزۡجَىٰةٖ فَأَوۡفِ لَنَا ٱلۡكَيۡلَ وَتَصَدَّقۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّ ٱللَّهَ يَجۡزِي ٱلۡمُتَصَدِّقِينَ ﴿٨٨﴾

(1) بىرەر مۇسىبەت يەتكەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ: "ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن" دېيىشى ئىستىرجا ئوقۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، **الله** نىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا **الله** نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ» ﴿87﴾. ئۇلار يۇسۇفنىڭ قېشىغا كىرگىنىدە: «ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى، (ئالدىڭغا) ناچار، ئۆتمەسماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق، بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، **الله** سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى﴿88﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ۋە بۇنيامىننى ئىزدەشكە بۇيرۇشى

**الله** تائالا بۇ يەردە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ: ئۇ ئوغۇللىرىنى ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ، يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بۇنيامىن ھەققىدە خەۋەر ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، **الله** تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىككە ئۈندىدى. كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۈمىدۋار بولۇشقا قىزىقتۇردى. پەقەت كاپىر قەۋمنىڭلا **الله** تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا (مىسىرغا) بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«ئى ئالىيجاناب زات! بىزگە ۋە ئائىلىمىزگە ئاچارچىلىق يەتتى﴾** يەنى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك يۈز بەردى.

**﴿(ئالدىڭغا) ناچار، ئۆتمەس ماللار بىلەن كېلىپ قالدۇق﴾** يەنى ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئازغىنا پۇل بىلەن كېلىپ قالدۇق **﴿بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن﴾** يەنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىزگە ئاشلىق بەرگىنىڭگە ئوخشاش، ئازغىنا پۇلغا يەنە بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن. ئۇكىمىز بۇنيامىننى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىزگە سەدىقە قىلغىن.

**﴿الله سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ» دېدى﴾** سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنىڭ سەدىقە يېيىشى ھارام قىلىنغانمۇ؟- دەپ سورالدى. ئۇ **الله** تائالانىڭ: **﴿بىزگە يېتەرلىك ئاشلىق بەرگىن، بىزگە سەدىقە قىلغىن، الله سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟- دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

*******



قَالَ هَلْ عَلِمْتُم مَّا فَعَلْتُم بِيُوسُفَ وَأَخِيهِ إِذْ أَنتُمْ جَٰهِلُونَ ﴿٨٩﴾ قَالُوٓا۟ أَءِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُ ۖ
قَالَ أَنَا۠ يُوسُفُ وَهَٰذَآ أَخِى ۖ قَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْنَآ ۖ إِنَّهُۥ مَن يَتَّقِ وَيَصْبِرْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ
أَجْرَ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٩٠﴾ قَالُوا۟ تَٱللَّهِ لَقَدْ ءَاثَرَكَ ٱللَّهُ عَلَيْنَا وَإِن كُنَّا لَخَٰطِـِٔينَ ﴿٩١﴾
قَالَ لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ ٱلْيَوْمَ ۖ يَغْفِرُ ٱللَّهُ لَكُمْ ۖ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٩٢﴾

يۇسۇف: «سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى

بىلەمسىلەر؟» دېدى﴿89﴾. ئۇلار: «سەن راستلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. **الله** بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى **الله** ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى﴿90﴾. ئۇلار: «**الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، **الله** سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى﴿91﴾. يۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، **الله** سىلەرنى كەچۈرسۇن، **الله** ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴿92﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىغا تونۇشلۇق بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىدۇ. قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا (ئۆزلىرىگە يەتكەن) قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئۆز دىيارلىرىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاتىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ يۇرتىنىڭ مولچىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ياخشى باشقۇرۇپ ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئاتىسىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، (ئۇنى) يىغا تۇتۇۋالىدۇ. ئۇ ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەت ۋە ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇلارغا تونۇشلۇق بېرىپ: ﴿«سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا يۇسۇفكە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىغا نېمىلەر قىلغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟» دېدى﴾ ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇكىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەن ئىدى.

﴿«سىلەر نادان ۋاقتىڭلاردا﴾ يەنى سىلەر شۇ قەدەر نادان ئىدىڭلاركى، سىلەرنىڭ شۇ نادانلىقىڭلار سىلەرنى بۇ گۇناھنى قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. ئايەتنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام **الله** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۆزىنى ئۇلارغا تونۇتقان، شۇنداقلا ئۇ ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمدا **الله** تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنى ئۇلاردىن مەخپىي تۇتقان ئىدى. لېكىن، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن چاغدا، **الله** تائالا ئۇلارغا بۇ قىيىن ئەھۋالدىن چىقىش يولى بەردى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾[1].

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار: ﴿«سەن راستلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى﴾ يەنى ئۇلار ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى تونۇيالمىغانلىقىدىن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تونۇپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنى ئۇلاردىن مەخپىي تۇتقانلىقىدىن ھەيران قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھەيران بولۇپ: ﴿«سەن راستلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى﴾.

﴿ئۇ: «مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. **الله** بىزگە مەرھەمەت قىلدى﴾ يەنى بىز ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، **الله** بىزنى جەم قىلدى. ﴿كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن،

(1) ئىنشىراھ سۈرىسى 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى اللە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى﴾.

﴿ئۇلار: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللە سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ، بىز جەزمەن خاتا قىلىپتۇق» دېيىشتى﴾ ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتىنى، ئارتۇقچىلىقىنى، قەددى ـ قامەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، پادىشاھلىق، ھۆكۈمرانلىق، پەيغەمبەرلىك بېرىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، شۇنداق دېيىشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا يامانلىق ۋە ناھاقچىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشتى.

﴿يۇسۇف ئېيتتى: «بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر»﴾ يەنى بۈگۈن سىلەر تاپا ـ تەنىگە ۋە مالامەتكە ئۇچرىمايسىلەر، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەرنىڭ ماڭا ناھەقچىلىق قىلغان گۇناھىڭلارنى يۈزۈڭلارغا سالمايمەن. ئاندىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە سىلەرنى كەچۈرسۇن، اللە ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر﴾.

*******

ٱذۡهَبُواْ بِقَمِيصِي هَٰذَا فَأَلۡقُوهُ عَلَىٰ وَجۡهِ أَبِي يَأۡتِ بَصِيرٗا وَأۡتُونِي بِأَهۡلِكُمۡ أَجۡمَعِينَ
﴿٩٣﴾ وَلَمَّا فَصَلَتِ ٱلۡعِيرُ قَالَ أَبُوهُمۡ إِنِّي لَأَجِدُ رِيحَ يُوسُفَۖ لَوۡلَآ أَن تُفَنِّدُونِ ﴿٩٤﴾ قَالُواْ
تَٱللَّهِ إِنَّكَ لَفِي ضَلَٰلِكَ ٱلۡقَدِيمِ ﴿٩٥﴾

سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار»﴿93﴾. كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): «مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۇسۇفنى ئەلۋەتتە ھايات دەيتتىم)» دېدى﴿94﴾. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشىلەر): «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن» دېدى﴿95﴾.

## يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ (كۆڭلىكىدىن ئۇنىڭ) ھىدىنى ئېلىشى

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ﴿ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ﴾ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كۆپ يىغلىغانلىقتىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىدى. ﴿پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنى﴾ يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە بالىلىرىنى ﴿ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار»﴾ دېدى.

﴿كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام)﴾ قېشىدىكى بالىلىرىغا: ﴿«مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر

**مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۈسۈفنى ئەلۋەتتە هايات دەيتتىم)»** دېدى﴾.

ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كارۋان مىسىردىن ئايرىلىپ چىققان چاغدا، بىر شامال كېلىپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ هىدىنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ﴿**«مەن چوقۇم يۈسۈفنىڭ هىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۈسۈفنى ئەلۋەتتە هايات دەيتتىم)» دېدى**﴾. ئۇ ئۇنىڭ هىدىنى سەككىز كۈنلۈك مۇساپىدىكى يىراقلىقتىن ئالدى. سۇفيان سەۋرى، شۆئبە ۋە باشقىلارمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئەبۇسىنان ئارقىلىق رىۋايەت قىلغان.

﴿**سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئىبنى ئابباس، مۇجاهىد، ئەتا، قەتادە ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلار: ئەگەر سىلەر مېنى دۆت چاغلاپ قالمايدىغان بولساڭلار، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

هەسەننىڭ (يەنە بىر رىۋايەتتە مۇجاهىدنىڭ): قېرىپ قالغانلىقتىن شۇنداق دەۋاتىسەن دېمەيدىغان بولساڭلار، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىكى) كىشىلەر ئۇنىڭغا: ﴿**هەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا**﴾ يەنى بۇرۇنقى خاتالىقىڭدا ﴿**ئىكەنسەن» دېدى**﴾ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۇنىڭغا: يۈسۈفنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭدىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتىسەن، كۆڭلۈڭ تەسەللى تاپمايۋاتىدۇ، دەپ ئاتىسىغا قاتتىق سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسىغا، شۇنداقلا **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە مۇنداق سۆز قىلىش هەققى يوق ئىدى. سۇددى ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

* * * * * * *

فَلَمَّآ أَن جَآءَ ٱلْبَشِيرُ أَلْقَىٰهُ عَلَىٰ وَجْهِهِۦ فَٱرْتَدَّ بَصِيرًا ۖ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّىٓ أَعْلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا
تَعْلَمُونَ ﴿٩٦﴾ قَالُوا۟ يَـٰٓأَبَانَا ٱسْتَغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَآ إِنَّا كُنَّا خَـٰطِـِٔينَ ﴿٩٧﴾ قَالَ سَوْفَ أَسْتَغْفِرُ لَكُمْ رَبِّىٓ ۖ
إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٩٨﴾

خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، يەئقۇب: «مەن سىلەرگە، **الله** نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى﴿96﴾. ئۇلار: «ئى ئاتىمىز! گۇناهلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز هەقىقەتەن خاتالاشتۇق» دېيىشتى﴿97﴾. يەئقۇب: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. **الله** گۇناهلارنى هەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» دېدى﴿98﴾.

## يەھۇزانىڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ خۇش خەۋەر بىلەن كەلگەنلىكى

ئىبنى ئابباس ۋە زەھهاك: ﴿**خۇش خەۋەرچى**﴾ نى پوچتىكەش ئىدى، ـ دەپ تەپسىر قىلدى. مۇجاهىد ۋە سۇددى: ئۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھۇزا ئىدى، ـ دېدى. سۇددى مۇنداق

دەيدۇ: كۆڭلەكنى يەھۇزا ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ھېلىقى يالغان قانغا بويالغان كۆڭلەكنىمۇ ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ گۇناھىنى بۇنىڭ بىلەن يۇيۇشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، بۇ كۆڭلەكنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ يۈزىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى ئېچىلدى.

شۇ چاغدا ئۇ باللىرىغا: ﴿**«مەن سىلەرگە، اللّٰه نىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم» دېدى**﴾ يەنى اللّٰه تائالانىڭ ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. سىلەرگە: ﴿**«مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۇسۇفنى ئەلۋەتتە ھايات دەيتتىم)»**﴾ دېگەن ئىدىم، ـ دېدى.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ پۇشايمان قىلغانلىقى

شۇ چاغدا ئۇلار ئاتىسىغا ياۋاشلىق بىلەن: ﴿**«ئى ئاتىمىز! گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە مەغپىرەت تىلىگىن، بىز ھەقىقەتەن خاتالاشتۇق» دېيىشتى**﴾.

﴿**يەئقۇب: «پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيمەن. اللّٰه گۇناھلارنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر» دېدى**﴾ يەنى كىمكى اللّٰه تائالاغا تەۋبە قىلسا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد، ئىبراھىم تەيمى، ئەمرى ئىبنى قەيس، ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلار: يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى سەھەر ۋاقتىغا كېچىكتۈرگەن، ـ دېدى.

* * * * * * *

فَلَمَّا دَخَلُوا۟ عَلَىٰ يُوسُفَ ءَاوَىٰٓ إِلَيْهِ أَبَوَيْهِ وَقَالَ ٱدْخُلُوا۟ مِصْرَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَرَفَعَ
أَبَوَيْهِ عَلَى ٱلْعَرْشِ وَخَرُّوا۟ لَهُۥ سُجَّدًا وَقَالَ يَٰٓأَبَتِ هَٰذَا تَأْوِيلُ رُءْيَٰىَ مِن قَبْلُ قَدْ جَعَلَهَا رَبِّى حَقًّا
وَقَدْ أَحْسَنَ بِىٓ إِذْ أَخْرَجَنِى مِنَ ٱلسِّجْنِ وَجَآءَ بِكُم مِّنَ ٱلْبَدْوِ مِنۢ بَعْدِ أَن نَّزَغَ ٱلشَّيْطَٰنُ بَيْنِى وَبَيْنَ
إِخْوَتِىٓ ۚ إِنَّ رَبِّى لَطِيفٌ لِّمَا يَشَآءُ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٠٠﴾

ئۇلار يۇسۇفنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، يۇسۇف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار» دېدى﴿99﴾. ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفقا سەجدە قىلىشتى. ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستىغا چىقاردى. پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى، پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿100﴾.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنى قارشى ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چۈشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا، يەنى مىسىر دىيارىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرىغا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىش تەكلىپىنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەنئان دىيارىدىن قوزغىلىپ، مىسىر دىيارىغا قاراپ يولغا چىقتى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ يېقىنلاشقانلىقى يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىقىشقا بۇيرۇدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پادىشاھمۇ چىققان.

﴿**يۇسۇف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى ۋە: «خۇدا خالىسا، مىسىرغا ئامان ـ ئېسەن كىرىڭلار» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندىن كېيىن، (ئۇ) ئۇلارنى قۇچاقلىدى ۋە: الله تائالا خالىسا، سىلەر چېكىنۋاتقان قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىقلاردىن ئامان ـ ئېسەن ھالدا مىسىرغا كىرىپ، ئۇ يەردە يەرلىشىڭلار، ـ دەپ كېپىللىك بەردى.

﴿**يۇسۇف ئاتا ـ ئانىسىنى قۇچاقلىدى**﴾ سۇددى ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد بۇ ئايەت ھەققىدە: ئۇلار ئاتىسى ۋە هامما ئاچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە ئىبنى جەرىر: ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھايات ئىدى، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر: ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە دەلىل يوق، قۇرئان ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇنى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿**ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە (يېنىدا) ئولتۇرغۇزدى**﴾ يەنى ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ﴿**ئۇلار (شاھلارغا تازىم قىلىش ئادىتى بويىچە) يۇسۇفكە سەجدە قىلىشتى**﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى ۋە قالغان 11 قېرىندىشى سەجدە قىلدى.

﴿**ئۇ: «ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر**﴾ يەنى مانا بۇ، ئىلگىرى مەن ساڭا: ﴿ئى ئاتا! مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە11 يۇلتۇزنىڭ ۋە ئاي بىلەن كۈننىڭ ماڭا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم﴾[1] دەپ سۆزلەپ بەرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ـ دېدى.

قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سالام قىلغاندا سەجدە قىلىش دۇرۇس ئىدى. بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگىچە دۇرۇس بولۇپ كەلگەن. سالام ئورنىدا سەجدە قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ھارام قىلىندى ۋە سەجدە قىلىش پەقەت پاك ۋە يۈكسەك الله تائالاغىلا خاس قىلىندى.

ئىبنى ماجە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن شامغا كەلگەندە شاملىقلارنىڭ[2] پوپلارغا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم ۋە قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر

---

(1) يۇسۇف سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇ چاغدا شاملىقلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دېدى. مەن: مەن خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ پوپلىرىغا سەجدە قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەجدە قىلىشقا ئۇلارغا قارىغاندا، سەن ھەقلىق سەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن بىراۋنى ـ بىراۋغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەرنىڭ ئايالىدىكى ھەققى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم» دېدى.

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە سەجدە قىلىش ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى. شۇڭا ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى.

شۇ چاغدا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى ئاتا! مانا بۇ، بۇرۇن (كىچىك ۋاقتىمدا) كۆرگەن چۈشۈمنىڭ تەبىرىدۇر، ئۇ چۈشۈمنى پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن راستقا چىقاردى. پەرۋەردىگارىم مېنى زىنداندىن چىقىرىش بىلەن، قېرىنداشلىرىم بىلەن مېنىڭ ئارامنى شەيتان بۇزغاندىن كېيىن، سىلەرنى سەھرادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش بىلەن ماڭا ئېھسان قىلدى**﴾ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام **الله** تائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلار: يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سەھرادا چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى، ـ دېدى. ئىبنى جۇرەيج: ئۇلار شامنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېقىپ چىققان (پەلەستىن زېمىنىدىكى) دەريا بويىدا ياشايتتى، ـ دېدى.

﴿**پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى (ئىشقا ئاشۇرۇشقا) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە قولايلاشتۇرىدۇ. ﴿**ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى بەندىلىرىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، ھۆكۈملىرىدە، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، ئىرادە قىلغان ۋە خالىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

*******

﴿ رَبِّ قَدْ ءَاتَيْتَنِي مِنَ ٱلْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِي مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ ۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَنتَ وَلِىِّۦ
فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ ۖ تَوَفَّنِى مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِى بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠١﴾



پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى﴿101﴾.

## ئۆمرىنىڭ ئىسلام ئۈستىدە ئاخىرلىشىشىغا دۇئا قىلىش توغرىسىدا

بۇ، (راستچىل) يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدۇر. ئۇ، **الله** تائالا ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولۇش، پەيغەمبەرلىك ۋە پادىشاھلىق بېرىلىشتەك نېمەتلەرگە

تولۇق ئېرىشكەندىن كېيىن، غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىدىن خۇددى دۇنيادا تولۇق نېمەت ئاتا قىلغىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ ئۇ نېمەتكە داۋاملىق ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈن، (قەبرى روھ قىلغان چاغدا) ئۆزىنى مۇسۇلمان ھالىتىدە قەبزى روھ قىلىشنى ۋە پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىدىن ئىبارەت ياخشى كىشىلەر قاتارىدا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئانى سەكراتقا چۈشكەن چاغدا قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەكراتقا چۈشكەندە، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم: «ئى الله ! ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرسەڭ» دەپ دۇئا قىلغان.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئەجىلى توشۇپ ئۆمرى ئاخىرلاشقاندا، ئىسلام ئۈستىدە قەبزى روھ بولۇشنى ۋە ياخشىلار قاتارىدا قىلىنىشنى الله تائالادىن تىلەپ قىلغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ مِنْ أَنۢبَآءِ ٱلْغَيْبِ نُوحِيهِ إِلَيْكَ ۖ وَمَا كُنتَ لَدَيْهِمْ إِذْ أَجْمَعُوٓا۟ أَمْرَهُمْ وَهُمْ يَمْكُرُونَ ﴿١٠٢﴾ وَمَآ أَكْثَرُ ٱلنَّاسِ وَلَوْ حَرَصْتَ بِمُؤْمِنِينَ ﴿١٠٣﴾ وَمَا تَسْـَٔلُهُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ ۚ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾

مانا بۇلار (يەنى يۇسۇف قىسسىسى) بىر قىسىم غەيب خەۋەرلىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلدۇق. ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى) (ئۇنىڭغا قارشى) چارە تەدبىر تۈزۈپ بىر قارارغا كېلىشكەندە، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴿102﴾. سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴿103﴾. قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىڭغا ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەجىر تەلەپ قىلمايسەن، قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴿104﴾.

## يوشۇرۇندا بايان قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ھەققىدىكى خەۋەرنى، قېرىنداشلىرىنىڭ يامان نىيەتتە بولۇپ، ئۇنى (ئۆلتۈرۈپ) يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، الله تائالا ئۇنى ئۇلاردىن قانداق يۇقىرى مەرتىۋىدە قىلغانلىقىنى؛ ياخشى ئاقىۋەتنى، غەلىبىنى، پادىشاھلىقنى ۋە ھۆكۈمرانلىقنى ئۇنىڭغا قانداق ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ: ئى مۇھەممەد! بۇ قىسسە ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قىسسىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ غەيب خەۋەرلىرىدىن بولۇپ، ﴿بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيى قىلدۇق﴾ ئۇنىڭدا سەن ئۈچۈن ئىبرەت، ساڭا قارشى چىققانلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت بولغاچقا، ئۇنى ساڭا ئۆگەتتۇق.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قودۇققا تاشلاش ئۈچۈن ﴿ئۇلار (يەنى يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرى)

**(ئۇنىڭغا قارشى) چارە تەدبىر تۈزۈپ بىر قارارغا كېلىشكەندە، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾** يەنى سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەمەس ۋە ئۇلارنى كۆرگەنمۇ ئەمەس، بىز ئۇنى ساڭا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈردۇق.

الله تائالا ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز غەربىي تاغنىڭ بىر تەرىپىدە مۇساغا ۋەھيى نازىل قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، (بۇنى) ئۆز كۆزۈڭ بىلەنمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭ. لېكىن بىز نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى، سەن مەديەن ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغۇچى بولغىنىڭ يوق، لېكىن بىز (سېنى ئۇلاردىن باشقا بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. بىز تۇر تېغىنىڭ بىر تەرىپىدە (مۇساغا) سۆز قىلغىنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ، لېكىن بۇ سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان رەھمەتتۇر﴾[2].

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن كىشىلەر ئىبرەت ئالىدىغان، ئۇلارنى دىنىدا ۋە دۇنيالىقىدا نىجاتلىققا بېغىشلايدىغان نەرسىلەرنى پەيغەمبىرىگە بىلدۈرىدىغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[3]، ﴿ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، لېكىن الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتىگە داخىل قىلىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق ئىگە، ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾[4] بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەر قۇرئاندا ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىڭغا ئۇلاردىن ھېچقانداق ئەجىر تەلەپ قىلمايسەن﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلغانلىقىڭ، ئۇلارنى ياخشىلىققا ۋە توغرا يولغا دەۋەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايسەن. بەلكى الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، خالىسانە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسەن.

**﴿قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾** يەنى ئۇلار قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ، توغرا يول تاپىدۇ ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.



---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 44 ـــ 46 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) شۇرا سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

*******

وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ ﴿١٠٥﴾ وَمَا يُؤْمِنُ
أَكْثَرُهُم بِٱللَّهِ إِلَّا وَهُم مُّشْرِكُونَ ﴿١٠٦﴾ أَفَأَمِنُوٓاْ أَن تَأْتِيَهُمْ غَٰشِيَةٌ مِّنْ عَذَابِ ٱللَّهِ أَوْ تَأْتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ
بَغْتَةً وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ ﴿١٠٧﴾

ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴿105﴾. ئۇلارنىڭ تولىسى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)﴿106﴾. ئۇلار الله نىڭ ئازابىدىن، بىرەر جازانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇلار سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىشىدىن ئەمىن بولدىمۇ؟﴿107﴾.

## ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئالامەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلىقى

بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ تولىسىنىڭ (الله تائالا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ياراتقان) الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن غەپلەتتە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا ئاسمانلاردا پارلاق تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى، سەييارىلەرنى، ھەر بىر ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىدىغان قىلىپ ياراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇردى.

الله تائالا زېمىندا بىر ـ بىرىگە تۇتىشۇپ كەتكەن (نۇرغۇن) يەرلەرنى، باغۇ ـ بوستانلارنى، ئورمانلارنى، ئېگىز تاغلارنى، بىپايان دېڭىزلارنى، تاغدەك ئۆركەشلەيدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىنى، چەكسىز كەتكەن چۆللەرنى، ئۆلۈكلەرنى ۋە تىرىكلەرنى، ھايۋاناتلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، تەمى، رەڭگى، پۇرىقى ۋە سۈپەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى ياراتتى. يەككە ـ يېگانە، بىر الله بارلىق نوقسانلاردىن پاكتۇر. ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر. مەڭگۈ تەنھادۇر. ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى ئەبەدىيدۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ تولىسى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئىمانى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئۇلارغا: ئاسمانلارنى كىم ياراتتى؟ زېمىننى كىم ياراتتى؟ تاغلارنى كىم ياراتتى؟ـ دېيىلسە، ئۇلار: "الله ياراتتى" دەيدۇ. ھالبۇكى ئۇلار الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىدۇر. مۇجاھىد، ئەتا، ئىكرىمە، شەئبىي، قەتادە، زەھھاك ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار تەلبىيەلىرىدە: ئى الله! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق. سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا شېرىكىڭ يوق، سەن ئۇ شېرىكىڭگە ۋە ئۇ شېرىكىڭ ئىگە بولغان نەرسىلەرگە ئىگىسەن، ـ دەيتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى

ئوغۇلچىقىم، الله غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى﴾[1] الله تائالاغا باشقا نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ چوقۇنۇش (مانا بۇ) ئەڭ چوڭ شېرىكتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭدۇر؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله سېنى ياراتقان تۇرۇقلۇق، سېنىڭ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر» دېدى.

ھەسەنبەسرى الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ تولىسى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە ئېيتىلغان مۇشرىكتىن مۇناپىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى مۇناپىق ياخشى ئىشنى قىلسا، كىشىلەرگە كۆرستىش ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلغان ئەمەلىدە شېرىك كەلتۈرگۈچى ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرستىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[2].

بۇ جايدا يوشۇرۇن (باشقا) بىر شېرىك بولۇپ، ئۇنى قىلغۇچى كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. بىر كىشى ھەممە ئىبنى سەلەمە ئۇرۋەنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېسەلنى يوقلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلىكىگە باغلاقلىق بىر نەرسىنى كۆردى. ئاندىن ئۇنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ: ﴿**ئۇلارنىڭ تولىسى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى الله نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ)**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله تائالادىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سۈپكۈچ قىلىش[3]، تىل تۇمار ئېسىش ۋە سېھىرگەرلىك قىلىش الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇدنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر. بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. لېكىن الله تائالا بىرەرسىنىڭ بېشىغا كەلگەن يامانلىقنى ئۇنىڭ الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشى بىلەن قايتۇرىدۇ» دېيىلگەن.



---

(1) رەئد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 142 ـ ئايەت.
(3) سۈپكۈچ قىلىش ـ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ۋە ھەدىستە كەلگەن دۇئالار بىلەن بولسا دۇرۇس. بۇ يەردىكى شېرىكنىڭ قاتارىدىكى سۈپكۈچ قىلىش بولسا، مەنىسىنى ئۇققىلى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سۈپكۈچ قىلىدىغان جىنكەش ۋە داخانلارنىڭ ئىشىدۇر.

﴿**ئۇلار الله نىڭ ئازابىدىن، بىرەر جازانىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈشىدىن ياكى ئۇلار سەزمەستىن قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىشىدىن ئەمىن بولدىمۇ؟**﴾ يەنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ئەنە شۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئويلاپ باقمىغان يەردىن تۇيۇقسىز ئازاب كېلىپ، ئۆزلىرىنى ئورىۋېلىشىدىن خاتىرجەم بولالىدىمۇ؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ يامان ئىش قىلغانلار الله نىڭ ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقامدۇ؟ ياكى ئۇلارنى سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا يولۇقتۇرۇشىدىن قورقامدۇ؟ (بۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ياكى (الله نىڭ) ئۇلارنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن قورقامدۇ؟ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر (شۇڭا سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىدى)﴾[1]، ﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۇلارغا كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ. شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ـ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ. ئۇلار الله نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا الله نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا الله نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴾[2].

*******

قُلْ هَٰذِهِۦ سَبِيلِىٓ أَدْعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ ۚ عَلَىٰ بَصِيرَةٍ أَنَا۠ وَمَنِ ٱتَّبَعَنِى ۖ وَسُبْحَٰنَ ٱللَّهِ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٠٨﴾

ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله غا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» ﴿108﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى

الله تائالا ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ: بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر ۋە تۇتقان سۈننىتىمدۇر. ئۇ يول: الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. مەن ئىنسانلارنى تەۋھىدكە ۋە روشەن دەلىل ـ پاكىتقا ئاساسلىنىپ الله تەرەپكە چاقىرىمەن. مەن ۋە مېنىڭ چاقىرىقىمغا ئاۋاز قوشقانلار (ئىنسانلارنى الله تەرەپكە چاقىرىشتا) ئەقلىي ۋە شەرئىي دەلىل ـ پاكىتلارغا ئاساسلىنىمىز.

﴿**الله پاكتۇر**﴾ يەنى الله تائالانى بارلىق نوقسانلاردىن پاك دەپ بىلىمەن، ئۇنى ئۇلۇغلايمەن، (ئۇنى) ئۇنىڭ شېرىكى، تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى بولۇشتىن ياكى بالىسى، ئاتىسى، خوتۇنى، ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. الله تائالا بۈيۈكتۇر، ئۇلۇغدۇر،

(1) نەھل سۈرىسى 45 ـــ 47 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەئراف سۈرىسى 97 ـــ 99 ـ ئايەتلەر.

پاكتۇر ۋە بارلىق نەرسىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئۇستۇندۇر. ﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللە نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللە نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى اللە نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِم مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰٓۗ أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَيَنظُرُواْ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۗ وَلَدَارُ ٱلۡأٓخِرَةِ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ١٠٩﴾

بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر﴿109﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن، شۇنداقلا ئەرلەردىن ئەۋەتىلگەنلىكى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلىرىنى ئاياللاردىن ئەمەس، ئەرلەردىن تاللاپ ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئايەت كەرىم اللە تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادىدىن بىرەر ئايال كىشىگە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەھيىنى نازىل قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈننى مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

بۇ قاراشنى ئەبۇھەسەن ئەلىي ئىبنى ئىسمائىل ئەشئەرىي سۈننى مەزھىپىدىكى ئۆلىمالاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئاياللاردىن پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدە راستچىل دەپ سۈپەتلەنگەن ئاياللار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئىگە بولغىنى ئىمراننىڭ قىزى ھەزرىتى مەريەمدۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر﴾[2] اللە تائالا ھەزرىتى مەريەمنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن سۈپەتلەپ: راستچىل ئايال، ـ دېدى. ئەگەر ھەزرىتى مەريەم پەيغەمبەر بولغان بولسا ئىدى، اللە تائالا ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى بايان قىلغاندا، ئەلۋەتتە ئۇنى پەيغەمبەر دەپ سۈپەتلىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ قۇرئاننىڭ دەلىلى بىلەن راستچىل ئايالدۇر.

(1) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردىن ئىكەنلىكى

زەههاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرلەر سىلەر ئېيتقاندەك ئاسمان ئەھلىدىن (يەنى پەرىشتىلەردىن) ئەمەس. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى قۇۋۋەتلەيدۇ:

﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى، بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق﴾[1]، ﴿پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ)﴾[2]، ﴿ئېيتقىنكى، «مەن (الله ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيي بىلەن كەلدىم، نېمشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟) ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن﴾[3].

# ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش

﴿**ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ئەنە شۇ سېنى ئىنكار قىلغۇچىلار يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرۈپ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن ئىبرەت ئالامدۇ؟ الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. مەككە كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟﴾[4] ئەگەر ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا، الله تائالانىڭ كاپىرلارنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ۋە مۆمىنلەرگە نىجاتلىق بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا تۇتقان يولىدۇر.

﴿**ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر**﴾ يەنى مۆمىنلەرگە دۇنيادا نىجاتلىق بەرگىنىمىزدەك، ئاخىرەتتىمۇ نىجاتلىق بېغىشلايمىز. ئۇ ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادىكىدىن كۆپ ياخشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە

(1) فۇرقان سۈرىسى 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 8 - ئايەت.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھەج سۈرىسى 46 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

*******

حَتَّىٰٓ إِذَا ٱسۡتَيۡـَٔسَ ٱلرُّسُلُ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ قَدۡ كُذِبُواْ جَآءَهُمۡ نَصۡرُنَا فَنُجِّيَ مَن نَّشَآءُۖ وَلَا يُرَدُّ بَأۡسُنَا عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ١١٠

ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ﴿110﴾.

## پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا ياردەم بېرىلىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەرلەرگە ياردىمىنى ئۇلار ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان، الله تائالادىن بىرەر چىقىش يولى كۈتۈپ (الله تائالاغا ئەڭ موھتاج بولغان) ۋاقىتلاردا چۈشۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر: «الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[2].

﴿**ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، ئۇلارغا كېلىدىغان ياردەمنىڭ كېچىككەنلىكىدىن قەۋملىرى: پەيغەمبەرلىرىمىز بىزگە يالغان ئېيتىپتۇ، ـ دەپ جەزىم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا الله تائالانىڭ ياردىمى كەلدى. ﴿**بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق**﴾.

*******

لَقَدۡ كَانَ فِي قَصَصِهِمۡ عِبۡرَةٞ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِۗ مَا كَانَ حَدِيثٗا يُفۡتَرَىٰ وَلَٰكِن تَصۡدِيقَ ٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَتَفۡصِيلَ كُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ١١١

ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس، لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى ئېنىقكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴿111﴾.

(1) غافىر سۈرىسى 51 ــ 52 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 214 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىبرەت ئالىدىغان كىشىگە ئىبرەتنىڭ بارلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەر بىلەن قەۋملىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن، بىزنىڭ مۆمىنلەرنى قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقىمىز ۋە كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلىدىغانلىقىمىزدىن **﴿ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس﴾** بۇ قۇرئان **الله** تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئۇ باشقا بىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان يالغان سۆز ئەمەستۇر.

**﴿لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى بۇ قۇرئان ئۇ كىتابلاردىكى توغرا نەرسىلەرنى تەستىق قىلىدۇ. ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ۋە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ھۆكۈم ۋە باشقا نەرسىلەرنى رەت قىلىدۇ. ئۇ كىتابلاردىكى ھۆكۈم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا ياكى ئۆز پېتى قالدۇرۇلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

**﴿ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى ھالالنى، ھارامنى، ياخشى ۋە يامان كۆرۈلگەن نەرسىلەرنى ۋە باشقا ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ۋاجىب ۋە مۇستەھەبلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ھارام ۋە ھارامغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەكرۇھ نەرسىلەردىن توسىدۇ. بۈيۈك ئىشلاردىن ـ كېلەچەكتىكى غەيب ئىشلاردىن بەزىلىرىنى يىغىنچاقلاپ ۋە بەزىلىرىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلىدۇ. بۈيۈك ۋە يۈكسەك پەرۋەردىگارىدىن، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىدۇ.

شۇڭا بۇ قۇرئان **﴿ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾** ئۇلار قۇرئان بىلەن ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ توغرا يولغا، گۇمراھلىقتىن قۇتۇلۇپ ھەق يولغا ماڭىدۇ. بەندىلەر قۇرئان بىلەن پەرۋەردىگارى (**الله** تائالا) دىن بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدا ۋە قىيامەت كۈنىدە رەھمەت تىلەيدۇ.

بىز بۈيۈك **الله** تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، مۆمىنلەر نىجاتلىققا ئېرىشىپ يۈزلىرى ئاپئاق بولىدىغان، كاپىرلار قاتتىق زىيان تارتىپ يۈزلىرى قارىداپ كېتىدىغان كۈندە، شۇ مۆمىنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمىز، جىمى ھەمدۇسانا ۋە گۈزەل مەدھىيىلەر **الله** تائالاغا خاستۇر. بىز ياردەمنى پەقەت **الله** تائالادىنلا تىلەيمىز!

مەرھەمەتلىك **الله** تائالانىڭ پەزلى بىلەن يۇسۇف سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# رەئد سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 43 ئايەت

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

الٓمٓرۚ تِلْكَ ءَايَٰتُ ٱلْكِتَٰبِۗ وَٱلَّذِىٓ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، مىم، را. بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئايەتلىرىدۇر. (قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ﴿1﴾.

## قۇرئان ـ اللە تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن، ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى توغرىسىدا بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. بىز بۇ ھەرپلەر بىلەن باشلىنىدىغان ھەر بىر سۈرىدىكى ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان بۇ ھەرپلەرنىڭ قۇرئاننىڭ اللە تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى، قۇرئاندا ھېچ شەك ـ شۈبھىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى ۋە بۇنى روشەن بايان قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

**﴿بۇ، كىتاب (يەنى قۇرئان) نىڭ ئايەتلىرىدۇر﴾ ئى مۇھەممەد! ﴿(قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئاننىڭ اللە تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا) ئىشەنمەيدۇ﴾.**

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1] يەنى قۇرئان مانا

(1) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

مۇشۇنداق روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىدىكى سەركەشلىك، تەرسالىق ۋە مۇناپىقلىق تۈپەيلىدىن قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ.

*******

ﭐللَّهُ ٱلَّذِى رَفَعَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ بِغَيۡرِ عَمَدٖ تَرَوۡنَهَاۖ ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰ عَلَى ٱلۡعَرۡشِۖ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَۖ كُلّٞ يَجۡرِى لِأَجَلٖ مُّسَمّٗىۚ يُدَبِّرُ ٱلۡأَمۡرَ يُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لَعَلَّكُم بِلِقَآءِ رَبِّكُمۡ تُوقِنُونَ ٢

ﷲ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ، ﷲ (ئۆز ھېكمىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن) مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴿2﴾.

## ﷲ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى بايان قىلىشى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىدىن ۋە كاتتا ھۆكۈمرانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى. بەلكى، ئۆز خاھىشى، ئىرادىسى ۋە بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئاسمانلارنى زېمىندىن كۆز يەتمىگىدەك دەرىجىدە ئېگىز قىلىپ ياراتتى.

بىرىنچى قەۋەت ئاسمان يەرشارىنىڭ ھەممە ئەتراپىنى، ئۇنىڭدىكى سۇنى، ئاتمۇسفېرا قاتلىمىنى پۈتۈن ئەتراپىدىن قورشاپ تۇرىدۇ. ئاسمان يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئوخشاش ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. ئاسمان بىلەن يەرشارىنىڭ ئارىلىقى يەر يۈزىدىن (ھەممە تەرەپتىن) 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ. ئاسماننىڭ قېلىنلىقى 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قەۋەت ئاسمان بىرىنچى قەۋەت ئاسماننى ۋە بىرىنچى قەۋەت ئاسمان ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ. بىرىنچى قەۋەت ئاسمان بىلەن ئىككىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ ئارىلىقىمۇ 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ. ئىككىنچى قەۋەت ئاسماننىڭ قېلىنلىقىمۇ 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانلارمۇ مۇشۇ شەكىلدە بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنى يەتتە قىلىپ) ياراتتى﴾[1].

**﴿ﷲ ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز بەرپا قىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر﴾** ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە: ئاسمان زېمىنغا نىسبەتەن گۈمبەزگە ئوخشايدۇ، يەنى ئاسمان تۈۋرۈكسىز يارىتىلغان، ـ دەيدۇ. قەتادەنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. مانا بۇ، تەپسىر، ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا

(1) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تامامەن ئۇيغۇندۇر. **الله** تائالانىڭ: ﴿(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، **الله** ئاسماننى توختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] دېگەن ئايىتىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، **الله** تائالانىڭ: **﴿سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر﴾** دېگەن ئايىتى: ئاسمان تۈۋرۈكسىز يارىتىلدى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر دېگەننى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە كامالى قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## الله تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى

**﴿ئاندىن ئۇ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ئەئراف سۈرىسىدە بايان قىلىندى. بۇ ئايەتتىمۇ قارار ئېلىشنىڭ قانداقلىقىنى سۆزلىمەستىن، **الله** تائالانىڭ قارار ئېلىشنى مەخلۇقنىڭ قارار ئېلىشىغا ئوخشاتماستىن ھەم ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرمەستىن ۋە قارار ئېلىشنى مەنىسىز دەپ قارىماستىن، شۇ پېتى قالدۇرۇلدى[2]. **الله** تائالا مەخلۇقاتقا ئوخشاپ قېلىشتىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

## كۈن بىلەن ئاينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ سەير قىلىشى

**﴿كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى دۇنيانىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتىغىچە) سەير قىلىدۇ﴾** بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى: كۈن بىلەن ئاي قىيامەت قايىم بولغۇچە توختىماي سەير قىلىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ﴾[3] بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: كۈن بىلەن ئاي ئەرشنىڭ ئاستىدىكى زېمىننىڭ يەنە بىر يۈزىگە يېقىن كېلىدىغان ئورنىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. كۈن بىلەن ئاي ۋە باشقا يۇلتۇزلار شۇ ئورۇنغا يەتكەندە، ئەرشتىن ئەڭ ئۇزاقلاشقان بولىدۇ. چۈنكى توغرا دەلىلگە ئاساسلانغاندا، ئەرش ئالەمنىڭ بۇ يۈزىگە يېقىن كېلىدىغان گۈمبەز شەكلىدىدۇر. ئەرش ئاسمانلارنى ئوراپ تۇرمايدۇ. چۈنكى ئەرشنىڭ پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پۇتلىرى بولىدۇ. ئەرشنى دائىرە شەكلىلەندۈرۈپ ئايلىنىپ تۇرىدىغان باشقا ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ۋە توغرا ھەدىسلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئېنىقتۇر. جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر **الله** تائالاغا خاستۇر.

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە كۈن بىلەن ئاينى تىلغا ئالدى. چۈنكى بۇ ئىككىسى باشقا نۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن چوڭ ۋە كاتتا بولغان (يەتتە سەييارە ئىچىدىكى) ئەڭ ئاشكارا كۆرۈنىدىغانلىرىدۇر.

(1) ھەج سۈرىسى 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىنسانلار **الله** تائالانىڭ قانداق قارار ئالىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇ **الله** تائالاغا خاس ئىشتۇر.
(3) ياسىن سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۈن بىلەن ئاي بويسۇندۇرۇلغان يەردە باشقا يۇلتۇزلارنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى تەبىئىدۇر.

الله تائالا بۇنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان الله غا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[1]، ﴿الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[2].

**﴿سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنسۇن دەپ، (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى، الله تائالانىڭ (ئەگەر خالىسا) مەخلۇقاتلارنى خۇددى ئۇلارنى يوق يەردىن ياراتقاندەك قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى ۋە دەلىل - پاكىتلارنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِى مَدَّ ٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ فِيهَا رَوَٰسِىَ وَأَنْهَٰرًا ۖ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ جَعَلَ فِيهَا زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ ۖ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٣﴾ وَفِى ٱلْأَرْضِ قِطَعٌ مُّتَجَٰوِرَٰتٌ وَجَنَّٰتٌ مِّنْ أَعْنَٰبٍ وَزَرْعٌ وَنَخِيلٌ صِنْوَانٌ وَغَيْرُ صِنْوَانٍ يُسْقَىٰ بِمَآءٍ وَٰحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَىٰ بَعْضٍ فِى ٱلْأُكُلِ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٤﴾

الله يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەركەك - چىشى ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴿3﴾. يەر يۈزىدە بىر- بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴿4﴾.

## الله تائالانىڭ زېمىندىكى دەلىل - پاكىتلىرى

الله تائالا ئۈستۈنكى ئالەمدىكى دەلىل - پاكىتلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەنكى ئالەمدىكى قۇدرىتىنى، ھېكمىتىنى ۋە ماھىرلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل - پاكىتلارنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿الله يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر**

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى﴾** يەنى يەر يۈزىنى ئىنتايىن كەڭ يارىتىپ، ئۇنىڭدا ئېگىز تاغلارنى بەرپا قىلدى. سۇلار ئاقىدىغان دەريالارنى، ئۆستەڭلەرنى ۋە بۇلاقلارنى ھاسىل قىلدى. شۇ سۇ بىلەن رەڭگى، شەكلى، تەمى ۋە پۇرىقى ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر سۇغىرىلىدۇ.

الله تائالا **﴿مېۋىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى)﴾** يەنى الله تائالا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ھەر بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئىزىدىن ماڭىدىغان قىلىپ ياراتتى. كېچە كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىنى كۈندۈز ئالىدۇ. كۈندۈز كەتسە، كېچە كېلىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرغاندەك ۋاقتىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. **﴿بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴾**.

**﴿يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار﴾** يەنى بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن، بەزىلىرى ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۈندۈرىدىغان، بەزىلىرى ھېچ نەرسە ئۆستۈرمەيدىغان شورلۇق ۋە قاقاس يەرلەر بار.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك ۋە بىر قانچە كىشىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ ئايەت زېمىننىڭ ھەر خىل رەڭلىك جايلىرىنىڭ ھەممىسى ـ تۇپرىقىنىڭ بەزى قىسمىنىڭ ئاق رەڭدە، بەزى قىسمىنىڭ قىزىل رەڭدە، بەزى قىسمىنىڭ سېرىق رەڭدە، بەزى قىسمىنىڭ قارا رەڭدە ئىكەنلىكىنى، بەزى قىسمىنىڭ تاشلىق، بەزى قىسمىنىڭ قۇملۇق، بەزى قىسمىنىڭ قېلىن ۋە بەزى قىسمىنىڭ نېپىز ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى سۈپەت جەھەتتە ئوخشىمىغان ھالدا بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەندۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ياراتقۇچى بىر الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ ۋە الله تائالادىن باشقا پەرۋىش قىلغۇچىنىڭ ھېچ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**﴿ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار﴾** مەسىلەن، بىر ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ كۆپ شاخلىق بولغىنى ئانار ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىگە ئوخشايدۇ. بىر ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ كۆپ شاخلىق بولمىغىنى باشقا بىر غۇللۇق دەرەخلەرگە ئوخشايدۇ. **﴿(ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز﴾**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «خورمىنىڭ ياخشىلىرى، ناچارلىرى، تاتلىقلىرى ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرى بار». يەنى الله تائالا مېۋىلەرنىڭ ۋە زىرائەتلەرنىڭ شەكلىنى رەڭگىنى، تەمىنى، پۇرىقىنى، يوپۇرماقلىرىنى، چېچەكلىرىنى ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك قىلىپ ياراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن تەملىك، بەزىلىرى تەمسىز، بەزىلىرى ئىنتايىن ئاچچىق، ئاچچىق ـ چۈچۈك، بەزىلىرى تاتلىق ۋە بەزىلىرى بىر قانچە خىل تەملىك بولىدۇ.

ئاندىن الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن باشقا بىر تەمگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سېرىق، بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى قارا ۋە بەزىلىرى كۆك بولىدۇ. شۇنداقلا گۈل ـ چېچەكلىرىمۇ

بىر خىل تەبىئەت ۋە بىر خىل سۇ بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن تۇرۇقلۇق، ھېسابلاش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە ھەر خىل تۈس ئېلىپ رەڭگا ـ رەڭ ئېچىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

مانا بۇلار، اللە تائالانىڭ شەيئىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ يارىتىشنى ئىرادە قىلغىنىنى ۋە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار**﴾.

* * * * * * *

﴿ وَإِن تَعۡجَبۡ فَعَجَبٞ قَوۡلُهُمۡ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا أَءِنَّا لَفِي خَلۡقٖ جَدِيدٍۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ ٱلۡأَغۡلَٰلُ فِيٓ أَعۡنَاقِهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٥ ﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر (بىرەر نەرسىدىن) ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ (يەنى كۇففارلارنىڭ): «بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلەمدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە لايىقتۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، (قىيامەت كۈنى) ئەنە شۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴿5﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكى

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! اللە تائالانىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى كۆرۈپ ۋە اللە تائالانىڭ شەيئىلەرنىڭ دەسلەپتە يوقلۇقتىن ئۆرنەكسىز ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، قىيامەتنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلاردىن ﴿**ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ**﴾ ئۇلارنىڭ: ﴿**بىز (ئۆلۈپ) توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا تىرىلەمدۇق؟**﴾ دېگەن سۆزلىرى ئەجەبلىنىشكە لايىقتۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ئىنكار قىلغان نەرسىلەردىن ئەجەبلىنەرلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ ۋە ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن اللە تائالانىڭ ئالەمنى قايتىدىن يارىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئىنكار قىلدى. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ۋە بىلىملىك كىشى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشقا قارىغاندا كۆپ قىيىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۇنى دەسلەپتە يوق يەردىن بارلىققا كەلتۈرۈشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان اللە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

(1) ئەھقاف سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلاردۇر، (قىيامەت كۈنى) ئەنە شۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىنىدۇ**﴾ يەنى تاقاقلار سېلىنىپ دوزاخقا سۆرۈلىدۇ. ﴿**ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلار دوزاختىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ.

* * * * * * *

وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبۡلَ ٱلۡحَسَنَةِ وَقَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِمُ ٱلۡمَثُلَٰتُۗ وَإِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغۡفِرَةٖ لِّلنَّاسِ عَلَىٰ ظُلۡمِهِمۡۖ وَإِنَّ رَبَّكَ لَشَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٦﴾

ئۇلار سەندىن (الله نىڭ) ئېھسانىدىن ئىلگىرى ئازابىنىڭ چاپسانراق چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇن الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۆمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴿6﴾.

## كاپىرلارنىڭ ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تىلىگەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلار ﴿**سەندىن (الله نىڭ) ئېھسانىدىن ئىلگىرى ئازابىنىڭ چاپسانراق چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن. ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللا دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ»؟ پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، الله (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ. ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2]، ﴿بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبن ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى﴾[3]، ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ﴾[4]، ﴿ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن): «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسىۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق

(1) ھىجىر سۈرىسى 6 ـــ 8 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 53 ـــ 54 ـ ئايەتلەر.
(3) مائارىج سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(4) شۇرا سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـ قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[2]. ئۇلار ھەقنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقىدىن تەرسالىق ۋە كۇپۇرلۇق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿**ئۇلاردىن بۇرۇن الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان ئۈممەتلەر ئۆتكەن**﴾ يەنى بىز ئازابىمىزنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە چۈشۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى (ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن) ئىبرەتلىك قىلدۇق.

ئاندىن الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرى ـ شەپقىتى ۋە مەغپىرىتى بولمايدىغان بولسا، ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان ئازابنى چوقۇم تېزلىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى﴾[3].

﴿**ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ**﴾ يەنى ئىنسانلار كېچە ـ كۈندۈز زۇلۇم قىلغان ۋە خاتا ئىشلارنى قىلغان تۇرۇقلۇق الله تائالا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ. ئاندىن ئۈمىد بىلەن قورقۇنچنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى ئۈچۈن، الله تائالا گۇناھلارغا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكمىنىڭ ئارقىدىنلا، ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكمىنى بايان قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سېنى ئىنكار قىلسا، سەن: «پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (الله نىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) الله نىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن﴾[4]، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[5]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[6] بۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىنغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦٓۗ إِنَّمَآ أَنتَ مُنذِرٞۖ وَلِكُلِّ قَوۡمٍ هَادٍ ﴿٧﴾



(1) ساد سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(3) فاتىر سۈرىسى 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنئام سۈرىسى 147 ـ ئايەت.
(5) ئەئراف سۈرىسى 167 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) ھىجر سۈرىسى 49 ــــ 50 ـ ئايەت.

كۇففارلار: نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىرەر مۆجىزە نازىل بولمىدى؟ ـ دېيىشىدۇ، سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ (مۆجىزىلەرگە كەلسەك، ئۇ الله نىڭ ئىلكىدىكى ئىش)﴿7﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىش ۋە ھەقكە قارشى چىقىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: نېمىشقا ئۇ بىزگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن خۇددى ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر قەۋمىگە مۆجىزە ئېلىپ كەلگەندەك مۆجىزە ئېلىپ كەلمەيدۇ؟ مۇشرىكلار يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: سەفا تېغىنى بىزگە ئالتۇن قىلىپ بەرگىن. بۇ تاغنى ئورنىدىن يۆتكىۋەتكىن، ئۇنىڭ ئورنىنى گۈللەنگەن، ئېرىق ـ ئۆستەڭدە سۇلار ئاقىدىغان جايلار قىلىپ بەرگىن! ـ دېگەنگە ئوخشاش ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇشقان ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾[1]، ﴿**سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى**﴾ يەنى سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت الله سېنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان (الله تائالانىڭ) ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈشتۇر. ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2].

**﴿ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ (مۆجىزىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىش)﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر بىر قەۋمنىڭ الله تائالا تەرەپكە چاقىرىدىغان بىر دەۋەتچىسى بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[3] قەتادە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش تەپسىر قىلدى.

*******

ٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تَحۡمِلُ كُلُّ أُنثَىٰ وَمَا تَغِيضُ ٱلۡأَرۡحَامُ وَمَا تَزۡدَادُۖ وَكُلُّ شَيۡءٍ عِندَهُۥ بِمِقۡدَارٍ ﴿٨﴾
عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ٱلۡكَبِيرُ ٱلۡمُتَعَالِ ﴿٩﴾

ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ

(1) ئىسرا سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فاتىر سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله ) بىلىدۇ. الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴿8﴾.
الله مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴿9﴾.

## پەقەت الله تائالانىڭلا غەيبنى بىلگۈچى ئىكەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى، پۈتۈن جانلىقلارنىڭ (چىشىلىرىدىن) قورساق كۆتۈرگەنلەرنىڭ رەھىمدىكى تۆرەلمىلەرنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بىجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ﴾[1] يەنى الله تائالا بالىياتقۇدىكى تۆرەلمىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز، چىرايلىق ياكى سەت، بەختسىز ياكى بەختلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ، ئاتاڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا) ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ﴾[2]، ﴿الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ﴾[3] يەنى الله تائالا سىلەرنى بالىياتقۇدا باسقۇچتىن باسقۇچقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ يارىتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنىي قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾[4].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەر يارىتىلىدىغان ئابىمەنىي ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا 40 كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇيۇل قان ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن پارچە گۆش ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە تۆت ئىشنى ـ رىزقىنى، ئۆمرىنى، ئەمەلىنى ۋە بەختسىز ياكى بەختلىك بولىدىغانلىقىنى يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ».

(1) لوقمان سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەجم سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇمەر سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۆئمىنۇن سۈرىسى 12ــ 14 ئايەتلەر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتە: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ جان ئوغۇل بولامدۇ ياكى قىزمۇ؟ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بەختلىك بولامدۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ ئۇنىڭ رىزقى قانداق بولىدۇ؟ ئۆمرىچۇ؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا بۇلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە يازىدۇ».

**﴿بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله ) بىلىدۇ﴾**
ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غەيب ئىلمىنىڭ ئاچقۇچلىرى بەشتۇر، ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. يەنى ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، بالىياتقۇدىكى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى، يامغۇرنىڭ قاچان ياغىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى، قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولىدىغانلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ».

ئەۋفىي ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله ) بىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بالىياتقۇدىكى بالىنىڭ تۇغۇلۇش مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى بالىياتقۇدىكى بالىنىڭ كۆنسايىن يوغىناپ مۇددىتى توشۇپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاياللار ئىچىدە 10 ئاي قورساق كۆتۈرىدىغانلارمۇ، توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرىدىغانلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن ئارتۇق قورساق كۆتۈرىدىغانلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاز قورساق كۆتۈرىدىغانلارمۇ بار. ئەنە شۇ الله تائالا تىلغا ئالغان بالىياتقۇنىڭ كىچىكلەپ ياكى يوغىناپ كېتىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ بىلىشى بىلەن بولىدۇ.

قەتادە: **﴿الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾** دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: يەنى الله تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى ئالدىنئالا ئۆلچەملىك بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن مۇددەتنى بېكىتىدۇ.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوغلىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ دەرھال كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا خالىغان نەرسىنى ئېلىپ كېتىدۇ، خالىغان نەرسىنى بېرىدۇ. ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مۇئەييەن مۇددەت بىلەن بەلگىلەنگەندۇر. قىزىمنى سەۋر قىلىشقا ۋە الله تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلىشقا بۇيرۇڭلار...» دېدى.

**﴿الله مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى الله بەندىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇلارغا يوشۇرۇن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. الله تائالا **﴿ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر﴾**، ﴿(سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۇم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق

بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[1] الله ھەممە نەرسىنى باشقۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە الله تائالاغا بويسۇنغۇچىدۇر. بەندىلەر الله تائالاغا ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا باش ئېگىدۇ.

* * * * * * *

سَوَآءٌ مِّنكُم مَّنْ أَسَرَّ ٱلْقَوْلَ وَمَن جَهَرَ بِهِۦ وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍۭ بِٱلَّيْلِ وَسَارِبٌۢ بِٱلنَّهَارِ ﴿١٠﴾ لَهُۥ
مُعَقِّبَٰتٌ مِّنۢ بَيْنِ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِۦ يَحْفَظُونَهُۥ مِنْ أَمْرِ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا
بِأَنفُسِهِمْ ۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوْمٍ سُوٓءًا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥ ۚ وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَالٍ ﴿١١﴾

سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿10﴾. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار. ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، الله بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان الله دىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴿11﴾.

## الله تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى ئوراپ تۇرىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئوراپ تۇرىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان ۋە ئاشكارا سۆز قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله ئۇنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، الله نىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2]، ﴿سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى﴾[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھەممە ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى الله پاكتۇر، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئېرى توغرىسىدا شىكايەت قىلىپ، مۇنازىرىلەشكۈچى بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. مەن ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئىدىم. ئۇ ئايالنىڭ بەزى سۆزلىرى ماڭا ئوچۇق ئاڭلانمايۋاتاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿الله ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە الله غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، الله

(1) تالاق سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(3) نەمل سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر﴾[1].

**﴿كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾** يەنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىگە مۆكۈۋالغان، ئاپئاق ئايدىڭدا ياكى كۈندۈزدە ئوچۇق - ئاشكارا ماڭغانلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھەقىقەتەن الله نىڭ بىلىشىدە ئوخشاشتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿راستلا ئۇلار كىيىملىرى بىلەن چۈمكىنىۋالغانلىرىدا﴾[2]، ﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى الله نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[3].

## قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر توغرىسىدا

**﴿ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى - كەينىدە الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار﴾** يەنى ھەر بىر بەندىنى قوغدايدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى كېچە - كۈندۈز بالالاردىن ۋە ھادىسىلەردىن ساقلايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئەمەلىنى نۆۋەتلىشىپ يازىدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسمى كۈندۈزدىكى ئەمەللەرنى يازىدۇ، يەنە بىر قىسمى كېچىدىكى ئەمەللەرنى يازىدۇ. ئىككى پەرىشتە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكىسى ياخشى ئەمەللەرنى، سول تەرەپتىكىسى يامان ئەمەللەرنى يازىدۇ. باشقا ئىككى پەرىشتە ئۇنى (بىرسى) ئالدىدىن ۋە (يەنە بىرسى) ئارقىدىن قوغدايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۈندۈزى ئىككىسى ئۇنى قوغدايدىغان، ئىككىسى ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى يازىدىغان تۆت پەرىشتىنىڭ (ئارىسىدا)، كېچىسى تۆت پەرىشتىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر نۆۋەتلىشىپ، كېچىدە بىر قىسمى ۋە كۈندۈزى بىر قىسمى سىلەرنى قوغدايدۇ. ئۇلار بامدات نامىزى ۋە ئەسىر نامىزىدا نۆۋەت ئالمىشىش ئۈچۈن جەم بولىدۇ. كېچىدە سىلەر بىلەن بىللە بولغان پەرىشتىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. الله ئۇلاردىن سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپ: مېنىڭ بەندىلىرىمدىن قانداق ھالەتتە ئايرىلدىڭلار؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇلار: بىز كەلسەك، ئۇلار ناماز ئوقۇۋېتىپتىكەن، بىز ئۇلاردىن ئايرىلغاندىمۇ ئۇلار ناماز ئوقۇپ قالدى، - دەيدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ھەر بىر ئادەمگە جىندىن بولغان ھەمراھ (يەنى شەيتان) ۋە پەرىشتىدىن بولغان

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 1 - ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 61 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەمراھ مۇئەككەل قىلىنىدۇ». ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنامدۇ؟ ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭىمۇ مۇئەككەل قىلىنىدۇ، لېكىن الله شەيتانغا قارشى ماڭا ياردەم بېرىدۇ. شەيتان مېنى پەقەت ياخشى ئىشنى قىلىشىمدىن باشقىغا بۇيرۇشقا قادىر بولالمايدۇ» دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە: قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان بىرەر شەھەر ئاھالىسى ياكى بىرەر ئائىلە بولۇپ، ئاندىن ئۇلار الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا يۈزلىنىپ كەتسە، الله تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى يامان كۆرىدىغان نەرسىلىرىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ـ دەپ ۋەھيي قىلغان. بۇ مەزمۇننى الله تائالانىڭ كىتابىدىكى بۇ ئايەت تەستىقلايدۇ: **﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)﴾.**

*******

هُوَ ٱلَّذِى يُرِيكُمُ ٱلْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنشِئُ ٱلسَّحَابَ ٱلثِّقَالَ ﴿١٢﴾ وَيُسَبِّحُ ٱلرَّعْدُ بِحَمْدِهِۦ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ مِنْ خِيفَتِهِۦ وَيُرْسِلُ ٱلصَّوَٰعِقَ فَيُصِيبُ بِهَا مَن يَشَآءُ وَهُمْ يُجَٰدِلُونَ فِى ٱللَّهِ وَهُوَ شَدِيدُ ٱلْمِحَالِ ﴿١٣﴾

الله (چاقماقتىن) قورقۇتۇش، (يامغۇرغا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ، (قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ﴿12﴾. گۈلدۈرماما الله نى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ الله دىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار الله توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر﴿13﴾.

## بۇلۇت، چاقماق ۋە گۈلدۈرماما قاتارلىقلارنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكى

الله تائالا چاقماقنى پەقەت ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. چاقماق بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆرۈنىدىغان نۇردۇر. ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس ئەبۇجىلىتقا خەت يېزىپ چاقماقنىڭ مەنىسىنى سورايدۇ، ئۇ: چاقماقنىڭ مەنىسى يامغۇر دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**﴿الله (چاقماقتىن) قورقۇتۇش، (يامغۇرغا) ئۈمىد تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە چاقماقنى كۆرسىتىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يولۇچى يامغۇردىن كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقىدۇ. مۇقىم كىشى يامغۇرنىڭ بەرىكىتىنى ۋە مەنپەئەتىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە الله تائالانىڭ رىزىق ئاتا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

﴿(قۇدرىتى بىلەن) قويۇق بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ﴾ يەنى الله تائالا بۇلۇتنى يېڭى تۇسكە كىرگۈزىدۇ. بۇ بۇلۇتلار سۇيىنىڭ كۆپلىكىدىن ئېغىرلىشىپ، يەر يۈزىگە يېقىنلاپ (پەس ھالەتتە) ئۇچىدۇ. مۇجاھىد: قويۇق بۇلۇت دېگىنىمىز، تەركىبىدە سۇيى جىق بولغان بۇلۇتنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى.

﴿گۈلدۈرماما الله نى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئىبراھىم ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر كۈنى مەسچىتتە ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. غىفار قەبىلىسىدىن ياشانغان بىر كىشى كەلدى. ھۇمەيد ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم قايتىپ كەلگەندە ماڭا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بىز قېشىمىزدىن ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرەيلى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىكەن، ـ دېدى. ئۇ ياشانغان ئادەم كېلىپ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. ھۇمەيد ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسىڭ نېمىتى؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم ھۇمەيدكە: مەن غىپار قەبىلىسىلىك ياشانغان بىر ئادەمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بۇلۇتلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇلۇتلار ئەڭ چىرايلىق سۆزلەيدۇ ۋە ئەڭ چىرايلىق كۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. يەنى بۇلۇتنىڭ سۆزى گۈلدۈرماما، كۈلكىسى چاقماقتۇر.

مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە سەئىد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا يامغۇرلۇق بۇلۇتنى ئەۋەتىدۇ، بۇلۇتتىن چىرايلىق كۈلىدىغان ۋە يېقىملىق سۆزلەيدىغان ھېچ نەرسە يوق، ئۇنىڭ كۈلكىسى چاقماقتۇر، سۆزى گۈلدۈرمامىدۇر.

## گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن چاغدا دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد سالىمدىن ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈلدۈرماما ۋە چاقماق چېقىلغان ئاۋازنى ئاڭلىسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! غەزىپىڭ بىلەن بىزنى ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن بىزنى ھالاك قىلمىغىن، غەزەپ ۋە ئازابىڭ كېلىشتىن ئىلگىرى بىزنى كەچۈرگىن». بۇ ھەدىسنى بۇخارى[2]، نەسەئى ۋە ھاكىم قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.



ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، سۆزىنى توختىتىپ مۇنداق دەيتتى: گۈلدۈرماما ھەمدۇسانا بىلەن تەسبىھ ئېيتقان، پەرىشتىلەر قورقۇپ تەسبىھ ئېيتقان الله پاكتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ زېمىن ئەھلى ئۈچۈن ئەلۋەتتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇنى ئىمام مالىك "مۇئەتتە" دېگەن كىتابىدا، ئىمام بۇخارى "ئەدەبۇل مۇفراد" دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

(1) ئىسرا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى "ئەدەبۇل مۇفرىد" دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غالىب ۋە بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ئەگەر بەندىلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، مەن ئۇلارغا ئەلۋەتتە كېچىسى يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بېرىمەن. كۈندۈزى قۇياشنى چىقىرىپ بېرىمەن. ئۇلارغا گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتمايمەن».

﴿**الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ**﴾ يەنى چېقىلغان چاقماقنى ئازاب قىلىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان كىشىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇڭا ئاخىر زاماندا چېقىلغان چاقماقنىڭ چۈشۈش ئەھۋالى كۆپ يۈز بېرىدۇ.

ئەبۇقاسىم تەبەرانيي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەربەد ئىبنى قەيس ۋە ئامىر ئىبنى تۇفەيل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (مەدىنىگە) كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى. ئۇلار كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئاندىن ئامىر ئىبنى تۇفەيل: ئى مۇھەممەد! ئەگەر مەن ئىسلامغا كىرسەم، ماڭا نېمە قىلىپ بېرىسەن؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نېمىنى قىلسام، ساڭىمۇ شۇنى قىلىپ بېرىمەن. مۇسۇلمانلارغا قانداق بىر زىيان يەتسە، ساڭىمۇ بىر ئۈلۈش بولىدۇ» دېدى. ئامىر ئىبنى تۇفەيل: ئەگەر مەن ئىسلامغا كىرسەم، ئۆزەڭدىن كېيىن ئورنۇڭغا مېنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەمسەن؟ - دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭغا ھەقلىق ئەمەس، لېكىن، سەن ئاتلاردىن بىر ئۈلۈشكە شېرىك بولالايسەن» دېدى. ئامىر: مەن ھازىر نەجدىنىڭ ئاتلىرىغا شېرىكمەن، مېنى سەھرالارغا ئىگە قىلغىن، شەھەر ۋە يېزىلار ساڭا بولسۇن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئامىر: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەھەر - يېزىلارنى ئاتلار ۋە ئادەملەر بىلەن توشقۇزىۋېتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «**الله** سېنى ئۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ» دېدى.

(ئەربەد بىلەن ئامىر سىرتقا چىققاندا) ئامىر: ئى ئەربەد! مەن مۇھەممەدنى گەپكە تۇتۇپ تۇراي، سەن ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپقىن، ئەگەر سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، كىشىلەر تۆلەم ئېلىشقا رازى بولۇشتىن ئارتۇق ئىش قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارغا تۆلەم بېرىمىز، - دېدى. ئەربەد: بولىدۇ، مەن شۇنداق قىلاي، - دېدى. ئۇلار ئارقىغا يېنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئامىر: ئى مۇھەممەد! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مەن بىلەن كەلگىن، مەن سەن بىلەن سۆزلىشىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار بىرىپ تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا، ئەربەد قىلىچىنى سۇغۇرماقچى بولۇپ، قولىنى قىلىچىنىڭ دەستىگە ئۇزاتتى. لېكىن ئۇ قىلىچ ئۇرۇشتىن كېچىكتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىغا قاراپ ئەربەدنى ۋە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن يىراقلاشتى. ئامىر بىلەن ئەربەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ۋاقىم دېگەن سايغا يېتىپ كېلىپ، شۇ جايدا چۈشكۈن قىلدى.

سەئىد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئۇسەيد ئىبنى ئۇزەير ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ: ئى **الله** نىڭ دۈشمەنلىرى! بۇ يەردىن كېتىڭلار، **الله** سىلەر ئىككىڭلارغا لەنەت قىلدى، - دېدى. ئامىر: ئى

سەئىد! يېنىڭدىكى بۇ ئادەم كىم؟ - دېدى. سەئىد: بۇ ئۇسەيد ئىبنى ئۇزەير بولىدۇ، - دېدى. ئامىر بىلەن ئەربەد ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ”رەقىيم“ دېگەن جايغا كەلگەندە، **الله** تائالا ئەربەدكە چاقماق ئەۋەتىپ، (چاقماق) ئۇنى ھالاك قىلدى. ئامىر ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ”خەرىم“ دېگەن جايغا كەلگەندە، **الله** تائالا ئۇنى قېچىشقاق كېسىلىگە مۇپتىلا قىلدى. جاراھەت ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ كېچىسى سۇلۇل قەبىلىسىلىك بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى سەپىرىدە ئۇ كېكىرتىكىدىكى جاراھەتنى سىلاپ تۇرۇپ: بۇ تۆگىدە بولىدىغان ۋابا كېسىلىگە ئوخشاش كېسەلدۇر. سەلۇل قەبىلىسىلىك ئايالنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتسەم بولاتتى، - دېيىشكە باشلىدى. ئۇ شۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ قېلىشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ ئارقىغا يېنىپ كېلىۋېتىپ، ئات ئۈستىدە ئۆلدى.

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇ ئىككىسى ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى **الله** بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ - قىزمۇ، بىرمۇ - كۆپمۇ، چوڭمۇ - كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ - سەتمۇ، بەختلىكمۇ - بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ - قىسقىمۇ ھەممىسىنى **الله** بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (**الله** ) بىلىدۇ. **الله** نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر. **الله** مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (**الله** ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى **الله** ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ). ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى - كەينىدە **الله** نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار. ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى **الله** نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) **الله** ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى **الله** ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، **الله** بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان **الله** دىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس: نۆۋەتچى پەرىشتىلەر **الله** تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغدىدى، - دېدى. ئاندىن ئەربەدنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن نەرسىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ**﴾ بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلىنى ئىمام بۇخارى قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئۇلار الله توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ**﴾ يەنى **الله** نىڭ كاتتىلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىدىن شەكلىنىدۇ.

﴿**الله نىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر**﴾ ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالاغا قارشى ھەددىدىن ئاشقان، كۇپرىدا تەرسالىق ۋە سەركەشلىك قىلغان ھەر بىر ئاسىيغا ئازاب چۈشۈرۈشتە **الله** تائالانىڭ تەدبىرى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر.

(1) رەئد سۈرىسى 8 — 11 - ئايەتكىچە.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق﴾[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ﴿**الله نىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى الله تائالانىڭ جازاسى ناھايىتى قاتتىقتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

* * * * * * *

لَهُۥ دَعْوَةُ ٱلْحَقِّ ۖ وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسْتَجِيبُونَ لَهُم بِشَىْءٍ إِلَّا كَبَٰسِطِ كَفَّيْهِ إِلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُغَ فَاهُ وَمَا هُوَ بِبَٰلِغِهِۦ ۚ وَمَا دُعَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ إِلَّا فِى ضَلَٰلٍ ﴿١٤﴾

ھەقىقىي قىلىنغان دۇئا الله غا قارىتىلىدۇ (يەنى ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانى الله ئىجابەت قىلىدۇ). كۇففارلارنىڭ الله نى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ، (ئەمەلىيەتتە سۇ ئاڭلىمايدىغان، ھېس ـ تۇيغۇسىز نەرسە بولغاچقا) سۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئاغزىغا چۈشمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر﴿14﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىساللار

﴿**ھەقىقىي قىلىنغان دۇئا الله غا قارىتىلىدۇ (يەنى ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانى الله ئىجابەت قىلىدۇ)**﴾ ئىبنى جەرىر ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنى: الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە دەۋەت قىلىش ھەقىقىي دەۋەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابباس ۋە قەتادە بۇ ئايەتنى: "الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دەپ دەۋەت قىلىش ھەقىقىي دەۋەت ھېسابلىنىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان. مالىك مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنىڭمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

﴿**كۇففارلارنىڭ الله نى قويۇپ، دۇئالىرىنى قاراتقان مەبۇدلىرى كۇففارلارنىڭ ھېچقانداق دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ. ئۇلار (يەنى كاپىرلار) شۇنداق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇكى، ئۇ ئاغزىمغا سۇ چۈشسۇن دەپ (نېرىدىن) ئىككى ئالقىنىنى سۇغا قارىتىپ ئېچىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالادىن باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ مىسالى قولىنى قۇدۇققا سۇنۇپ سۇ ئالماقچى بولغان، ئەمما قولى سۇغا يەتمەيۋاتقان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولى سۇغا يەتمەيۋاتسا، ئېغىزىغا قانداقمۇ سۇ ئالالىسۇن؟

(1) نەمل سۈرىسى 50 ــ 51 ـ ئايەتلەر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ مىسالى تىلى بىلەن سۇنى چاقىرغان، قولى بىلەن سۇغا ئىشارەت قىلغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. سۇ ئاڭلىمايدىغان، ھېس ـ تۇيغۇسىز نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ قېشىغا ھەرگىز كەلمەيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ خۇلاسە مەنىسى شۇكى، سۇ ئىچمەكچى بولغان ئادەم قولىنى سۇغا يىراقتىن سۇنغانلىقى ئۈچۈن، سۇدىن ھېچ مەنپەئەت ئالالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا الله تائالانى قويۇپ، باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان (ئەنە شۇ) مۇشرىكلار ئىلاھلىرىدىن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھېچقانداق مەنپەئەت ئالالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كاپىرلارنىڭ مەبۇدلىرىغا قىلغان دۇئاسى پۈتۈنلەي بىكاردۇر**﴾.

* * * * * * *

وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَٰلُهُم بِٱلْغُدُوِّ وَٱلْءَاصَالِ ۩ ﴿١٥﴾

ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا الله غا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ﴿15﴾.

## ھەممە نەرسىنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىدىن ۋە پادىشاھلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە الله تائالاغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. شۇڭا ھەممە نەرسە الله تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.

مۆمىنلەر ئىتائەتمەنلىك بىلەن، كاپىرلار بولسا مەجبۇرىي ھالدا سەجدە قىلىدۇ. ﴿**ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر الله غا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (الله غا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ﴾[1].

* * * * * * *

قُلْ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ قُلِ ٱللَّهُ ۚ قُلْ أَفَٱتَّخَذْتُم مِّن دُونِهِۦٓ أَوْلِيَآءَ لَا يَمْلِكُونَ لِأَنفُسِهِمْ نَفْعًا وَلَا ضَرًّا ۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ أَمْ هَلْ تَسْتَوِى ٱلظُّلُمَٰتُ وَٱلنُّورُ ۗ أَمْ جَعَلُوا۟ لِلَّهِ شُرَكَآءَ خَلَقُوا۟ كَخَلْقِهِۦ فَتَشَٰبَهَ ٱلْخَلْقُ عَلَيْهِمْ ۚ قُلِ ٱللَّهُ خَٰلِقُ كُلِّ شَىْءٍ وَهُوَ ٱلْوَٰحِدُ ٱلْقَهَّٰرُ ﴿١٦﴾

(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا) «ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ

(1) نەھل سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارى كىم؟» دېگىن، «(ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى) الله » دېگىن. (ئۇلارغا) «سىلەر الله نى قويۇپ ئۆزەڭلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان مەبۇدلارنى (الله غا شېرىك) قىلىۋالدىڭلارمۇ؟» دېگىن. «كور (يەنى كاپىر) بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن) باراۋەر بولامدۇ ياكى قاراڭغۇلۇق (يەنى گۇمراھلىق) بىلەن نۇر (يەنى ھىدايەت) باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ئۇلار الله ياراتقانغا ئوخشاش قانداقتۇر مەخلۇقاتلارنى ياراتقان مەبۇدلارنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ الله نىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟ الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، الله بىردۇر، ھەممىگە غالىبتۇر﴿16﴾.

## الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاش

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پەرۋىش قىلغۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار الله تائالانى قويۇپ چوقۇنىدىغان بۇتلارنى دوست تۇتىدۇ. ئەنە شۇ بۇتلىرى ئۆزلىرىگە ئىگە بولالمايدىغان تۇرسا، چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچ پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ، يەنى بۇتلار ئۇلارغا ھېچ ئەسقاتمايدۇ. ئۇلارغا كەلگەن زىياننى توسۇپ قالالمايدۇ. بۇ بۇتلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلىپ چوقۇنىدىغان كىشىلەر بىلەن ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلغان ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن نۇر ئۈستىدە بولغان كىشىلەر باراۋەر بولامدۇ؟

﴿«كور (يەنى كاپىر) بىلەن كۆزى كۆرىدىغان ئادەم (يەنى مۆمىن) باراۋەر بولامدۇ ياكى قاراڭغۇلۇق (يەنى گۇمراھلىق) بىلەن نۇر (يەنى ھىدايەت) باراۋەر بولامدۇ؟» دېگىن، ئۇلار الله ياراتقانغا ئوخشاش قانداقتۇر مەخلۇقاتلارنى ياراتقان مەبۇدلارنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان الله غا شېرىك قىلىۋېلىپ الله نىڭ ياراتقىنى بىلەن مەبۇدلىرىنىڭ ياراتقىنىنى ئايرىيالماي قالدىمۇ؟﴾ يەنى ئەنە شۇ مۇشرىكلار پەرۋەردىگارىغا تەڭلىشەلەيدىغان، الله نىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاش مەخلۇقاتلارنى يارىتالايدىغان بۇتلارنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ بۇتلار الله نىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاش مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارغا نىسبەتەن يارىتىلغان مەخلۇقاتلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىپ، ئۇلار قايسىسىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن، قايسىسىنىڭ بۇتلار تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقاتلار ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىمۇ؟ ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، الله تائالاغا ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە يوق، الله تائالانىڭ ھېچ تەڭدىشى، شېرىكى، ياردەمچىسى يوق. الله بالا تۇتۇشتىن ۋە خوتۇن ئېلىشتىن پاكتۇر. الله بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر. ئەنە شۇ مۇشرىكلار الله تائالاغا بۇتلارنى شېرىك قىلىپ چوقۇنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بۇتلارنىڭ الله تائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ۋە قۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. ئۇلار تەلبىيەلىرىدىمۇ مۇنداق دەيتتى: ئى الله ! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق. سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا ھېچ شېرىكىڭ يوق. سەن ئۇ شېرىكىڭ ئىگە بولغان نەرسىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىسەن.

الله تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈش سەۋەبىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿«**بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ)**﴾[1] الله

(1) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائالا ئۇلارنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادلىرىغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا ھېچ بىر كىشىنىڭ ئىزنىسىز بىرەر كىشىگە شاپائەت قىلالمايدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ﴾[1]، ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ.﴾[2]، ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[3].

ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ قۇللىرى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بەزىلىرى بەزى نەرسىلەرگە ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتسىز، (بەلكى) گۇمان ۋە ئويدۇرمىلىرىغا ئاساسلىنىپلا چوقۇنىدۇ؟ الله تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنى ياراتقاندىن باشلاپ تاكى ئاخىر زامانغىچە ئەۋەتىپ تۇردى، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشتىن توستى ۋە چەكلىدى. ئىنسانلار بولسا، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتى ۋە ئۇلارغا قارشى چىقتى. شۇڭا ئۇلارغا چوقۇم كېلىدىغان ئازاب ھەقلىق بولدى ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[4].

*******

أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَسَالَتۡ أَوۡدِيَةُۢ بِقَدَرِهَا فَٱحۡتَمَلَ ٱلسَّيۡلُ زَبَدًا رَّابِيًاۚ وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيۡهِ فِي ٱلنَّارِ ٱبۡتِغَآءَ حِلۡيَةٍ أَوۡ مَتَٰعٍ زَبَدٌ مِّثۡلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ وَٱلۡبَٰطِلَۚ فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذۡهَبُ جُفَآءًۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمۡكُثُ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿١٧﴾

الله ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇلىپ ئاقتى، كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى، كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكى بار (يەنى كۆپۈكمۇ خۇددى كەلكۈن سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش پايدىسىزدۇر). الله ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، الله مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿17﴾.

## ھەقنىڭ قېلىپ، باتىلنىڭ يوقىلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال

بۇ ئايەت كەرىم ھەقنىڭ مۇستەھكەم قالىدىغانلىقى ۋە باتىلنىڭ يوقىلىپ تۈگەيدىغانلىقى

(1) سەبە سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەجم سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مەريەم سۈرىسى 93 ـــ 95 ـ ئايەتلەر.
(4) كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدە كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇلىپ ئاقتى**﴾ يەنى ھەر بىر جىلغىدا ئۆزىنىڭ سىغىمچانلىقىغا قارىتا، چوڭ جىلغىدا كۆپ سۇ، كىچىك جىلغىدا ئاز سۇ ئاقىدۇ. بۇ مىسال دىللارغا ۋە دىللارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئىشارەتتۇر. بەزى دىللار نۇرغۇن ئىلىمنى سىغدۇرىدۇ. بەزى دىللار بولسا، كۆپ ئىلىمنى سىغدۇرالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تار كېلىدۇ. ﴿**كەلكۈن سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆپۈكلەرنى لەيلىتىپ ئاقتى**﴾ يەنى بۇ جىلغىلاردا ئاققان سۇ يۈزىدە كۆپۈكلەر لەيلەپ ئاقىدۇ، بۇ بىرىنچى مىسالدۇر.

﴿**كىشىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياكى ئەسۋاب ياساش ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ ئېرىتكەن مەدەنلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكى بار (يەنى كۆپۈكمۇ خۇددى كەلكۈن سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش پايدىسىزدۇر)**﴾ مانا بۇ، ئىككىنچى مىسالدۇر. يەنى زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ياكى مىس، تۆمۈر ئەسۋابلارغا ھەل بېرىش ئۈچۈن ئوتتا ئېرىتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈشتىنمۇ خۇددى كەلكۈن سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش كۆپۈك چىقىدۇ.

﴿**الله ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، الله مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ**﴾ يەنى ھەق بىلەن باتىل بىر يەرگە كەلسە، خۇددى سۇنىڭ كۆپۈكى ياكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا مەدەنلەر ئېرىتىلگەندە ئۇلاردىن چىققان كۆپۈك ئۇزۇن تۇرالمىغاندەك، باتىلمۇ ئۇزۇنغا بارماي يوقىلىدۇ.

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ**﴾ يەنى كەلكۈن سۇنىڭ كۆپۈكى ھېچ نەرسىگە مەنپەئەت قىلمايدۇ. بەلكى پارچىلىنىپ ھەر تەرەپكە تارقاپ، جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە، دەرەخلەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. شامال ئۇنى ئۇچۇرتۇپ تۈگىتىدۇ. شۇنداقلا ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىقلارنىڭ كۆپۈكىمۇ ھېچ مەنپەئەت بەرمەي تۈگەيدۇ. پەقەت پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ، ئالتۇن قاتارلىقلارلا قالىدۇ.

﴿**ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، الله مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[1] سەلەپ ئالىملىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن قۇرئاندا بايان قىلىنغان بىرەر مىسالنى ئوقۇپ چۈشىنەلمىسەم، ئۆزەمچە يىغلاپ كېتەتتىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ﴾[2].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**الله ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇلىپ ئاقتى**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ كەلتۈرگەن بۇ مىسالى دىللاردىكى ئىشەنچ ياكى شەك قىلىش دەرىجىسىگە قارىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالدۇر. شەك بىلەن قىلىنغان ئىبادەت ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. ئىشەنچ بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىغا (ئۇنىڭ شۇ ئەمەل ـ ئىبادىتى بىلەن) مەنپەئەت بېرىلىدۇ.

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 43 ـ ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴾كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ﴿ يەنى شەك يوقىلىدۇ، ئىشەنچ قالىدۇ. خۇددى ئېرىتىلگەن مەدەنلەرنىڭ ساپ قىسمى ئېلىنىپ، كۆپۈكى ئوتقا تاشلىۋېتىلگەندەك، الله تائالامۇ ئىشەنچنى قوبۇل قىلىدۇ، شەكنى قوبۇل قىلمايدۇ.

## ئايەت بىلەن ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان سۇ بىلەن ئوتنىڭ مىساللىرى

الله تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا مۇناپىقلار ئۈچۈن سۇ بىلەن ئوتتىن ئىبارەت ئىككى مىسالنى كەلتۈردى. بۇ ئىككى مىسال مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ﴾ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا﴿[1]، ﴾ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان﴿[2] شۇنىڭغا ئوخشاشلا الله تائالا نۇر سۈرىسىدىمۇ كاپىرلار ئۈچۈن ئىككى مىسال كەلتۈردى. ئۇنىڭ بىرسى: ﴾كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ﴿[3] سەراب (يەنى ئېزىتقۇ) قاتتىق ئىسسىقتا پەيدا بولىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى يەھۇدىيلارغا: نېمە خالايسىلەر؟ ـ دېيىلىدۇ. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۇسساپ كەتتۇق، بىزگە سۇ بەرگىن، ـ دەيدۇ. ئۇلارغا: جايىڭلارغا قايتۇرۇلمامسىلەر؟ ـ دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، ناگاھان دوزاخ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان بولۇپ سەرابقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ».

الله تائالا يەنە بىر مىسالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴾ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ﴿[4]. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ مېنى ھىدايەت ۋە ئىلىم بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى زېمىنغا ياغقان يامغۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. زېمىننىڭ بىر قىسمىغا يامغۇر سۈيى سىڭىدۇ، شۇ زېمىندىن نۇرغۇن دەل ـ دەرەخ ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدۇ. زېمىننىڭ بىر قىسمى قاتتىق بولۇپ، سۇ سىڭىپ كەتمەي ساقلىنىپ قالىدۇ. الله تائالا شۇ سۇ بىلەن ئىنسانلارغا مەنپەئەت بېرىدۇ. ئۇلار بۇ سۇدىن ئىچىدۇ، ئۇلاغلىرىنى، يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ ۋە تېرىقچىلىق قىلىدۇ. زېمىننىڭ يەنە شۇنداق شورلۇق بىر قىسىم يەرلىرى باركى، بۇ يەرلەر يا سۇنى ساقلاپ قالالمايدۇ، يا ئۆزىگە سىڭگەن سۇدىن ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈپ بەرمەيدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ دىنىدا ئالىم بولغان، الله مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن نەرسە بىلەن ئۇنىڭغا مەنپەئەت بەرگەن، ئۇ نەرسىدىن ئۆزى پايدىلانغان، ئۆزى ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى مىسالى بىلەن (الله مەن بىلەن ئەۋەتكەن) ھىدايەتكە بېشىنى كۆتۈرۈپ باقمىغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ». مانا بۇ، ھەدىستە كەلگەن سۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

(1) بەقەرە سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نۇر سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نۇر سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ مىسالىم بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار ئوت ياققان بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئوت ئۇنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، پەرۋانىلەر ۋە ئوتقا چۈشىدىغان ھاشارەتلەر ئوتقا چۈشۈشكە باشلايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇلارنى ئوتقا چۈشۈشتىن توسىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن غالىب كېلىپ، ئوتقا ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ. ئەنە شۇ مېنىڭ مىسالىم بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلاردۇر. مەن: ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلار!- دەپ سىلەرنىڭ ياقاڭلاردىن تۇتۇپ ئوتتىن تارتىمەن. سىلەر بولساڭلار، مەندىن غالىب كېلىپ، ئۆزەڭلارنى ئوتقا تاشلايسىلەر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان. مانا بۇ، ئوتنىڭ مىسالىدۇر.

*******

لِلَّذِينَ ٱسْتَجَابُواْ لِرَبِّهِمُ ٱلْحُسْنَىٰۚ وَٱلَّذِينَ لَمْ يَسْتَجِيبُواْ لَهُۥ لَوْ أَنَّ لَهُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُۥ مَعَهُۥ لَٱفْتَدَوْاْ بِهِۦٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمْ سُوٓءُ ٱلْحِسَابِ وَمَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُۖ وَبِئْسَ ٱلْمِهَادُ ﴿١٨﴾

الله نىڭ (ئىمانغا قىلغان دەۋىتىنى) قوبۇل قىلغانلارغا ئەڭ ئوبدان مۇكاپات بېرىلىدۇ، قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مال - مۈلۈك، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان مال - مۈلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنى پىدا قىلغان بولاتتى. ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!﴿18﴾

## بەختلىك كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن بەدبەخت كىشىلەرگە بېرىلىدىغان جازا

الله تائالا بەختلىك كىشىلەر بىلەن بەدبەخت كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ (ئىمانغا قىلغان دەۋىتىنى) قوبۇل قىلغانلارغا﴾** يەنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، الله تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغان، الله تائالانىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان ئىشلاردىن بەرگەن خەۋىرىنى تەستىق قىلغان كىشىلەرگە **﴿ئەڭ ئوبدان مۇكاپات بېرىلىدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە زۇلقەرنەيننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: ﴿كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز»﴾ الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم - قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ)﴾[1].

**﴿قوبۇل قىلمىغانلارنىڭ﴾** يەنى الله تائالاغا ئىتائەت قىلمىغانلارنىڭ **﴿ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى پۈتۈن مال - مۈلۈك، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان مال - مۈلۈك بولغان**

(1) كەھف سۈرىسى 88 - ئايەت.

**تەقدىردىمۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە اللہ نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن)، ئەلۋەتتە، ئۇنى پىدا قىلغان بولاتتى﴾** يەنى ئاخىرەتتە ئەگەر ئۇلارغا اللہ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زېمىن توشقىچە ئالتۇن ۋە ئۇنىڭدىن يەنە بىر ھەسسە ئالتۇننى پىدا قىلىش مۇمكىن بولسا، ئۇلار ئۇنى ئەلۋەتتە پىدا قىلاتتى. لېكىن اللہ تائالا ئۇلاردىن ھېچ نەرسە قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىدە ئۇلاردىن تەۋبە ۋە فىدىيە ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. **﴿ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئېلىنىدۇ﴾** يەنى ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمەلىنىڭ ھەممىسىدىن، ھەتتا قىل چاغلىق ئەمەلىدىنمۇ ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ. **﴿ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!﴾**

* * * * * * *

﴿أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ ٱلْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَىٰٓ ۚ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿١٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللہ نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴿19﴾.

## مۆمىن بىلەن كاپىرنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! **﴿پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى﴾**، بۇ ھەقتە ھېچقانداق شەك، گۇمان ۋە ئىختىلاپنىڭ يوقلۇقىنى، بەلكى، ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى تەستىقلايدىغان ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدىغانلىقىنى، خۇددى اللہ تائالا: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[1] دېگەندەك، اللہ تائالانىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى ھەق، ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەر بىلەن بۇ ھەقتە ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئوخشاش بولامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ بىلگەن ئادەم بىلەن ياخشىلىقنى باشلىيالمايدىغان، ئۇنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنى چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنمايدىغان، ئۇنى تەستىقلىمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدىغان كور ئادەم ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2] بۇ ئايەت كەرىمدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟﴾** يەنى ھەقنى بىلىدىغان ئادەم بىلەن كور ئادەم ئوخشاشمۇ؟ ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. **﴿(اللہ نىڭ**

(1) يۇنۇس سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾** يەنى پەقەت ساغلام، دۇرۇس ئەقىل ئىگىلىرىلا الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئالىدۇ. الله تائالا بىزنى شۇ ئەقىل ئىگىلىرىدىن قىلسۇن!

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهۡدِ ٱللَّهِ وَلَا يَنقُضُونَ ٱلۡمِيثَٰقَ ﴿٢٠﴾ وَٱلَّذِينَ يَصِلُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ
وَيَخَافُونَ سُوٓءَ ٱلۡحِسَابِ ﴿٢١﴾ وَٱلَّذِينَ صَبَرُواْ ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ رَبِّهِمۡ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ سِرًّا
وَعَلَانِيَةً وَيَدۡرَءُونَ بِٱلۡحَسَنَةِ ٱلسَّيِّئَةَ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٢﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ يَدۡخُلُونَهَا وَمَن صَلَحَ مِنۡ ءَابَآئِهِمۡ
وَأَزۡوَٰجِهِمۡ وَذُرِّيَّٰتِهِمۡۖ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَدۡخُلُونَ عَلَيۡهِم مِّن كُلِّ بَابٖ ﴿٢٣﴾ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُم بِمَا صَبَرۡتُمۡۚ فَنِعۡمَ عُقۡبَى ٱلدَّارِ ﴿٢٤﴾

ئۇلار الله نىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ﴿20﴾. ئۇلار الله نىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، الله دىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ﴿21﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ﴿22﴾. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ﴿23﴾. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴿24﴾.

## جەننەتكە كىرىدىغان سائادەتمەنلەرنىڭ سۈپەتلىرى

الله تائالا: «دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەن كىشىلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار الله نىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ﴾** ئۇلار ۋەدە قىلسا، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، جېدەللىشىپ قالسا، ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدىغان، ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدىغان مۇناپىقلارغا ئوخشىمايدۇ.

**﴿ئۇلار الله نىڭ (خىش ـ ئەقرىبالارغا) سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ﴾** يەنى ئۇلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، كەمبەغەللەرگە ۋە موھتاجلارغا سىلە ـ رەھىم ۋە ياردەم قىلىدۇ. ياخشىلىققا پۇل ـ مال ۋە كۈچ سەرپ قىلىدۇ. **﴿الله دىن قورقىدۇ﴾** يەنى الله تائالادىن قورقۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، يامان ئەمەللەرنى تەرك ئېتىدۇ. بۇ ئەمەللەرنى الله تائالانىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئاخىرەتتە قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ. شۇڭا الله

تائالا ئۇلارنى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، تىنچ ھالەتلىرىدە، قىيىنچىلىقتا يولۇققان ۋە پاراۋانلىقتا ئېرىشكەن جىمى ئەھۋاللىرىدا توغرا ۋە تۈز يولدا بولۇشقا بۇيرۇدى.

﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار﴾ يەنى غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە كاتتا ساۋابىنى كۆزلەپ، ھارام ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن ئۆزلىرىنى ساقلىغانلار، ﴿(پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار﴾ يەنى نامازنىڭ بەلگىلىمىرىگە، ۋاقىتلىرىغا، رۇكۇلىرىغا، سەجدىلىرىگە ۋە نامازدا الله تائالادىن قورقۇپ تۇرۇشقا رىئايە قىلىپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ناماز ئۆتىگەنلەر.

﴿بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار﴾ يەنى پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا ۋاجىب بولغان كىشىلەردىن ئاياللارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، يات كىشىلەردىن كەمبەغەللەرگە، موھتاجلارغا ۋە مىسكىنلەرگە ھېچقانداق ئەھۋالنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا كېچە ـ كۈندۈز پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار.

﴿ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقىنى دەپئى قىلىدىغانلار﴾ يەنى خۇددى الله تائالا: ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[1] دېگەندەك، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرىدىغان، ئەگەر بىرەر ئادەمدىن ئەزىيەت يەتسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ چىرايلىقچە ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان، ئۇنى كەچۈرىدىغان، ئەپۇ قىلىدىغانلار.

الله تائالا ئەنە شۇنداق ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن سائادەتمەنلەرنىڭ ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى بىلەن خەۋەر بەردى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ خۇرسەن بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملىك كىشىلىرى بولغان ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئوغۇللىرىدىن ئىبارەت جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولغان مۆمىنلەر بىلەن جەم قىلىدۇ. الله تائالا ئۆز پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن تۆۋەن دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ دەرىجىسىگە، ئۇلارنىڭ

دەرىجىسىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەستىن كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز﴾[2].

﴿پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار جەننەتكە كىرگەندە،

---

(1) ھەشر سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ـــ 35 ـ ئايەتلەر.

پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكىنى، الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىدىن بولغانلىقىنى، كاتتا نېمەتكە، جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇشقا، راستچىللار ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر پەيغەمبەرلەر بىلەن بولۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ قېشىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن) سالام قىلىپ ۋە ئۇلارنى مۇبارەكلەپ كىرىپ كېلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن كىمنىڭ جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەيدۇ. ساھابىلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىلىدۇ ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئاجىز كەلگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن الله تائالا پەرىشتىلەر جامائەسىدىن ئۆزى خالىغان پەرىشتىلەرگە: ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، سالام بېرىڭلار!ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەر الله تائالاغا: بىز ئاسمىنىڭدا ئولتۇراقلاشقان ۋە مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدىن سەن تاللىغان كىشىلەرمىز، بىزنى ئەنە شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، (ئۇلارغا) سالام بېرىشكە بۇيرۇمسەن؟ـ دەيدۇ. الله تائالا: ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئىبادەت قىلغان، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىلگەن ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر يېڭىلگەن (بەندىلەر) ئىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاشقا ئاجىز كەلگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كەتتى، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، (ئۇلارغا) سالام بېرىدۇ. ﴿**پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ**﴾».

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ
أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱللَّعۡنَةُ وَلَهُمۡ سُوٓءُ ٱلدَّارِ ﴿٢٥﴾

الله غا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، الله نىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴿25﴾.

## لەنەتكە ئۇچرايدىغان ۋە ئاخىرەتلىكى يامان بولىدىغان بەدبەختلەرنىڭ سۈپەتلىرى

مانا بۇ، بەدبەخت كىشىلەرنىڭ ھالى ۋە سۈپەتلىرىدۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ جايىنىڭ مۆمىنلەر ئېرىشكەن جايىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى سۈپەتلىرى مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ دەل ئەكسىچە

ئىدى. مۆمىنلەر الله تائالانىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلاتتى. الله تائالانىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بىجا كەلتۈرەتتى. بەدبەختلەر بولسا، ﴿**الله غا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، الله نىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار**﴾ ئىدى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ. ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدۇ».

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. جېدەللىشىپ قالسا، ئېغىزنى بۇزىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ ﴿**ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قاتتىق ئازاب ۋە يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، (دوزاخ) نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

* * * * * * *

اَللّٰهُ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَآءُ وَيَقْدِرُ وَفَرِحُوا بِالْحَيٰوةِ الدُّنْيَا وَمَا الْحَيٰوةُ الدُّنْيَا فِي الْاٰخِرَةِ اِلَّا مَتَاعٌ ﴿٢٦﴾

الله (ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئاساسەن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ. (مۇشرىكلار) دۇنيا تىرىكچىلىكىگە خۇش بولۇپ كەتتى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر﴿26﴾.

## رىزىقنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ئادالىتىگە ئاساسەن، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەنە شۇ كاپىرلار بىخوتلاشتۇرۇش ۋە مۆھلەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾[2] ئاندىن الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ئاخىرەتتە تەييارلاپ قويغان مۇكاپاتقا نىسبەتەن دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**دۇنيا تىرىكچىلىكى ئاخىرەتكە قارىغاندا ئازغىنا نەرسىدۇر**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار)

(1) رەئد سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

ئۇچۇن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)»﴾[1]، ﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[2].

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن بىرىڭلارنىڭ دېڭىزغا چىلاپ چىقىرىۋالغان بارمىقىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇ بارمىقىغا دېڭىز سۈيىنىڭ قانچىلىك يۇققانلىقىغا قاراپ باقسۇن». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قۇلىقى تۆۋەندىن كېسىۋېتىلگەن بىر ئۆلۈك ئوغلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئوغلاق ئىگىسىگە نىسبەتەن ئەرزىمەس نەرسە بولغانلىقى ئۇچۇن تاشلىۋېتىلگىنىدەك، دۇنيا الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزىمەس نەرسىدۇر».

* * * * * * *

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۗ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِيٓ إِلَيۡهِ مَنۡ أَنَابَ

﴿٢٧﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَتَطۡمَئِنُّ قُلُوبُهُم بِذِكۡرِ ٱللَّهِۗ أَلَا بِذِكۡرِ ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ ﴿٢٨﴾ ٱلَّذِينَ

ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ طُوبَىٰ لَهُمۡ وَحُسۡنُ مَـَٔابٖ ﴿٢٩﴾

كۇففارلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن (مۇسانىڭ ۋە ئىسانىڭ مۆجىزىسىدەك) بىرەر مۆجىزە كەلمىدى؟» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) «(ئىش الله نىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن﴿27﴾. (تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴿28﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىقتا، گۈزەل قارارگاھتا (يەنى جەننەتتە) ئېرىشىدۇ﴿29﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**«نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن (مۇسانىڭ ۋە ئىسانىڭ مۆجىزىسىدەك) بىرەر مۆجىزە كەلمىدى؟»**﴾ ئۇلار مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن﴾[3] بۇ مەزمۇندا ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم تەپسىلىي توختالدۇق. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا الله تائالا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

(1) نىسا سۈرىسى 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئلا سۈرىسى 16 ـــ 17 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى، ئۆزلىرىگە ئاقىدىغان بىر بۇلاق چىقىرىپ بېرىشنى، مەككە ئەتراپىدىكى تاغلارنى يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاۋاتلاشقان باغۇ ـ بوستانلىق قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلايمەن. ئاندىن ئۇلار ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇلارنى ئەھلى جاھاندىن ھېچكىمنى ئازابلىمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن. ئەگەر سەن خالىساڭ، ئۇلارغا تەۋبە ۋە رەھمەت دەرۋازىلىرىمنى ئاچىمەن، ـ دەپ ۋەھيي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا تەۋبە ۋە رەھمەت دەرۋازىلىرىنى ئاچقىن» دېدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) «(ئىش الله نىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن**﴾ يەنى **الله** ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پەيغەمبەرنى مۆجىزە بىلەن ئەۋەتسۇن ياكى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىماي مۆجىزىسىز ئەۋەتسۇن، بەرىبىر ئوخشاشتۇر. **الله** تائالا خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلغۇچى ۋە خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغۇچىدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھىدايەتكە باشلاش ياكى گۇمراھ قىلىش مۆجىزىنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقىغا باغلىق ئەمەس.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[1]، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[2]، ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، **الله** خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[3].

﴿**(ئى مۇھەممەد!) «(ئىش الله نىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن**﴾ يەنى **الله** تائالاغا تەۋبە قىلغان، **الله** تائالا تەرەپكە قايتقان، **الله** تائالادىن ياردەم تىلىگەن ۋە **الله** تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان ئادەمنى **الله** ھىدايەت قىلىدۇ.

## مۆمىننىڭ دىلىنىڭ الله تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغانلىقى

﴿**(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرى خاتىرجەم بولىدۇ، **الله** تەرەپكە مايىل بولىدۇ، **الله** تائالانى ئەسلىگەن چاغدا راھەتلىنىدۇ. **الله** تائالانىڭ ئۆز ئىگىسى ۋە ياردەمچىسى ئىكەنلىكىدىن رازى

(1) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـــ 97 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**﴾ يەنى دىللارنىڭ الله تائالانى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

## خۇشاللىقنىڭ بايانى

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىقتا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ**﴾ تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى خۇشاللىق توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئۇلار خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىكرىمە: ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشىدۇ!ـ دەيدۇ. زەھھاك: ئۇلار نازۇ ـ نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئىبراھىم نەخەئىي ۋە قەتادە: ئۇلار ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، ئاتلىق كىشى ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا 100 يىل يۈرسىمۇ، (ئۇ سايىنى) كېسىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇسەئىد خۇدرىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، تاۋلانغان يۈگرەك (ئۇچقۇر) ئاتلىق كىشى ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا 100 يىل يۈرسىمۇ، ئۇ سايىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غالىب ۋە بۈيۈك الله مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار بىر تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ مەندىن تىلىسە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تىلىگىنىنى بەرسەممۇ، خۇددى دېڭىزغا سېلىنغان بىر تال يىڭنە سۇدىن ئېلىپ چىقىلغاندا دېڭىزنىڭ سۈيىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتەلمىگەندەك، مېنىڭ مۈلكىمدىن ھېچنەرسە كېمىيىپ قالمايدۇ».

ئىبنى ئەبۇھاتەم خالىد ئىبنى مەئداننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە "تۇبا" ناملىق بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمچەكلىرى بار. ئۇنى جەننەت ئەھلىنىڭ باللىرى ئېمىدۇ. ئايال كىشىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتكەن باللار جەننەت ئۆستەڭلىرىدە قىيامەت قايىم بولغىچە ئۇياق ـ بۇياققا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى 40 ياشلىق ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ.

* * * * * * *

كَذَٰلِكَ أَرۡسَلۡنَٰكَ فِيٓ أُمَّةٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهَآ أُمَمٞ لِّتَتۡلُوَاْ عَلَيۡهِمُ ٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ وَهُمۡ يَكۡفُرُونَ بِٱلرَّحۡمَٰنِۚ قُلۡ هُوَ رَبِّي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُ وَإِلَيۡهِ مَتَابِ ﴿٣٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەندەك، سېنى شۇنداق بىر ئۈممەتكە ئەۋەتتۇقكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتكەن، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) مەرھەمەتلىك الله نى ئىنكار قىلماقتا، (ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن»﴿30﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنىڭ ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! **﴿بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان كىتابنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن﴾** يەنى الله تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن، سېنى بۇ ئۈممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. شۇنداقلا، ئىلگىرى ئۆتكەن، الله تائالاغا كاپىر بولغان ئۈممەتلەرگىمۇ پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن ئىدۇق. سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىندى. ساڭا ئۇلاردىن ئالدىنقى ئۈلگە بار. بىز پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت چۈشۈردۇق. سېنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلار ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشى سەندىن باشقا پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) الله نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەر) ئەۋەتتۇق، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1]، ﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، الله نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى﴾[2] يەنى پەيغەمبەرلىرىمىزگە قانداق ياردەم بەرگەنلىكىمىز، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قانداق ياخشى ئاقىۋەتنى ئاتا قىلغانلىقىمىز ھەققىدىكى خەۋەر ساڭا يېتىپ كەلدى.

**﴿ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) مەرھەمەتلىك الله نى ئىنكار قىلماقتا﴾** قەتادە مۇنداق دەيدۇ: يەنى بىز سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن بۇ ئۈممەت مەرھەمەتلىك الله تائالانى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈدى. چۈنكى ئۇلار الله تائالانىڭ "مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان" دېگەن سۈپىتىنى يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئۇلار ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان كۈندە كېلىشىمنامىنى: "ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن" دەپ يېزىشقا ئۇنىماي: بىز مەرھەمەتلىك ۋە مېھرىبان الله دېگەننى بىلمەيمىز، ـ دېيىشتى. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايان قىلىنغان.

---

(1) نەھل سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«**الله** دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى **الله** نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن﴾[1].

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىسىملار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان دېگەن ئىسىملاردۇر».

**﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾** يەنى مانا بۇ، سىلەر ئىنكار قىلىۋاتقان **الله** دۇر. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇنىڭ پەرۋەردىگار ۋە مەبۇد ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىمەن. ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. جىمى ئىشلىرىمدا **﴿ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمەن»﴾** يەنى **الله** تائالادىن باشقا (مەن دەرگاھىغا قايتىدىغان) ھېچ مەبۇد يوقتۇر.

* * * * * * *

وَلَوۡ أَنَّ قُرۡءَانٗا سُيِّرَتۡ بِهِ ٱلۡجِبَالُ أَوۡ قُطِّعَتۡ بِهِ ٱلۡأَرۡضُ أَوۡ كُلِّمَ بِهِ ٱلۡمَوۡتَىٰۗ بَل لِّلَّهِ ٱلۡأَمۡرُ جَمِيعًاۗ أَفَلَمۡ
يَاْيۡـَٔسِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن لَّوۡ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَهَدَى ٱلنَّاسَ جَمِيعٗاۗ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ تُصِيبُهُم بِمَا
صَنَعُواْ قَارِعَةٌ أَوۡ تَحُلُّ قَرِيبٗا مِّن دَارِهِمۡ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ وَعۡدُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخۡلِفُ ٱلۡمِيعَادَ ﴿٣١﴾

مۇبادا بىرەر قۇرئان (يەنى كىتاب) بولۇپ، ئۇنى (تىلاۋەت قىلىش) بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان ياكى يەر يېرىلىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان بولغان تەقدىردىمۇ (ئۇلار چوقۇم ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر، ئەگەر **الله** خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى مۆمىنلەر بىلمىدىمۇ؟ (مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت) **الله** نىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ ياكى بالا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، **الله** ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴿31﴾.

## كاپىرلارنىڭ قۇرئاننىڭ پەزىلىتىنى ئىنكار قىلىشى

**الله** تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان بۇ قۇرئاننى مەدھىيىلەپ، قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا بولغان پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇبادا بىرەر قۇرئان (يەنى كىتاب) بولۇپ، ئۇنى (تىلاۋەت قىلىش) بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان﴾** يەنى ئەگەر ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلار ئىچىدە بىرەر كىتاب بولۇپ، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن تاغلار ئورنىدىن يۆتكىلىدىغان ياكى يەر يېرىلىدىغان ۋە ياكى قەبرىلەردىكى

(1) ئىسرا سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇ سۈپەتلەر بىلەن باشقا كىتاب سۈپەتلەنمەي بۇ قۇرئان سۈپەتلەنگەن بولاتتى ياكى بىرىنچى بولۇپ بۇ قۇرئان سۈپەتلەنگەن بولاتتى. چۈنكى بۇ قۇرئان مۆجىزە بولۇپ، بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلار بىرلىشىپ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەنە شۇ مۇشرىكلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

﴿**ھەممە ئىش اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ يەنى ھەممە ئىش ياكى نەرسە غالىب ۋە بۈيۈك **اللّٰه** تەرەپكە قايتۇرۇلىدۇ. **اللّٰه** خالىغان نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خالىمىغان نەرسە ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. **اللّٰه** ئازدۇرغان كىشىنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. **اللّٰه** ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ.

مەزكۇر ئايەتتە "بىرەر قۇرئان" دەپ تىلغا ئېلىندى. ئىنتايىن ئاز ئەھۋاللاردا قۇرئاننىڭ ئىسمى ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان ھەممە ساماۋى كىتابلارنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىلاۋەت قىلىش داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىغا ئىنتايىن يەڭگىل قىلىندى. ئۇ ئېتىنى ئىگەرلەشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئېتى ئىگەرلىنىپ بولۇشتىن بۇرۇن قۇرئاننى (يەنى زەبۇرنى) تىلاۋەت قىلىپ تۈگىتىپ بولاتتى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىدىنلا يەيتتى» . بۇ ھەدىسنى بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىستىمۇ ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتاب "زەبۇر" "قۇرئان" دەپ ئاتالدى.

﴿**ئەگەر اللّٰه خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى مۆمىنلەر بىلمىدىمۇ؟**﴾ يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ ياكى بۇ ئۇلارغا ئايدىڭلاشمىدىمۇ؟ دىللارغا ۋە ئەقىللەرگە قۇرئاندەك تەسىر قىلىدىغان دەلىل ـ پاكىت ۋە مۆجىزە يوق. ئەگەر **اللّٰه** قۇرئاننى بىر تاغقا نازىل قىلسا، چوقۇم سەن ئۇنىڭ **اللّٰه** دىن قورققانلىقىدىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئىنسانلار ئىمان ئېيتىدىغان مۆجىزە بېرىلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ۋەھيىدۇر. **اللّٰه** تائالا ئۇنى ماڭا ۋەھيي قىلدى. مەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرى ئەڭ كۆپ پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن» . بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قۇرئان بولسا، مەڭگۈ قالىدىغان دەلىل ـ پاكىتتۇر. ئۇنىڭ سىرلىرى تۈگەپ قالمايدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيەمۇ كۆپ بولۇشى بىلەن كونىراپ قالمايدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا تويمايدۇ. ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچىدۇر، چاقچاق ئەمەستۇر. كىمكى ئۇنى تەرك ئەتسە، **اللّٰه** ئۇنى ھالاك قىلىدۇ. كىمكى توغرا يولنى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن ئىزدىسە، **اللّٰه** ئۇنى ئازدۇرىدۇ.

﴿**ھەممە ئىش اللّٰه نىڭ ئىلكىدىدۇر**﴾ ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئاббاس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى پەقەت **الله** خالىغان ئىشلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خالىمىغان ئىش ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.

**﴿(مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت) الله نىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن هامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ ياكى بالا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن دۇنيادا ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ھەمىشە بالالار يېتىپ تۇرىدۇ. مۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈندۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى (كۇفرىدىن) يانسۇن دەپ ئايەتلەرنى تەكرار بايان قىلدۇق﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى (مۇسۇلمانلارغا ئېگەللىتىش بىلەن) قەدەممۇ ـ قەدەم تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلارمۇ بىلمەمدۇ؟ (ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن) ئۇلار غالىب ھېسابلىنامدۇ؟ (مەغلۇپ ھېسابلىنامدۇ؟)﴾[2]

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿(مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت) الله نىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن هامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشىدۇ. **﴿ياكى بالا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىدۇ. مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى مۇشۇنداق بايان قىلغان.

ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿بالالارغا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى مۇسىبەتلەرگە دۇچار بولىدۇ.

**﴿الله ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴾** يەنى **الله** پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىش ۋەدىسىنى ھەرگىز بۇزمايدۇ. ﴿**الله** نى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن، **الله** ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر﴾[3].

* * * * * * *

﴿وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَأَمْلَيْتُ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ عِقَابِ ٣٢﴾

سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن مەسخىرە قىلىندى. كاپىرلارغا

(1) ئەھقاف سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، ئۇلارغا بەرگەن جازايىم قانداق ئىكەن؟﴿32﴾

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (قەۋمىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىغا كۆڭلىنىڭ يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن)، تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھەققەتەن مەسخىرە قىلىندى**﴾ يەنى سەن ئۈچۈن ئۇلاردا ئىبرەتلىك ئۈلگە بار.

﴿**كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى بىر مۇددەت كېچىكتۈردۈم**﴾ يەنى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، ئۇلارغا چۈشىدىغان ئازابنى كېچىكتۈردۈم.

﴿**ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم**﴾ يەنى ئۇلارنى قاتتىق جازالىدىم. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازابنى كېچىكتۈرگەنلىكىم، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغانلىقىم ھەققىدىكى خەۋەر ساڭا يەتكۈزۈلدىمۇ؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله زالىمغا ئەلۋەتتە مۆھلەت بېرىدۇ. ئۇنى تۇتقان چاغدا ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەققەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[2].

* * * * * * *

أَفَمَنْ هُوَ قَآئِمٌ عَلَىٰ كُلِّ نَفْسٍۭ بِمَا كَسَبَتْ ۗ وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ شُرَكَآءَ قُلْ سَمُّوهُمْ ۚ أَمْ تُنَبِّـُٔونَهُۥ بِمَا لَا يَعْلَمُ
فِى ٱلْأَرْضِ أَم بِظَـٰهِرٍۢ مِّنَ ٱلْقَوْلِ ۗ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مَكْرُهُمْ وَصُدُّوا۟ عَنِ ٱلسَّبِيلِ ۗ وَمَن يُضْلِلِ
ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنْ هَادٍ ﴿٣٣﴾

ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلدى. ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، يەر يۈزىدە

(1) ھەج سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

الله بىلمەيدىغان نەرسىلەر باردەك، سىلەر ئۇلارنى الله غا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ياكى قۇرۇق گۇمان بىلەن (ئۇلارنى الله نىڭ شېرىكلىرى دەۋاتامسىلەر؟)» دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴿33﴾.

## الله بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق شېرىكچىلىكنىڭ يوقلۇقى

**﴿ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟)﴾** الله نەپەس ئالغۇچى ھەر بىر جان ئىگىسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ئەمەللىرىنى بىلىپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، الله تائالا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

﴿سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسى بىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز﴾[1]، ﴿(دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق﴾[2]، ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى الله (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، الله ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[3]، ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[4]، ﴿ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، الله نىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[5]، ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[6].

ئەنە شۇ الله مۇشرىكلار چوقۇنىۋاتقان، ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ئۆزلىرىگە ۋە چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئىگە بولمىغان، ئۆزلىرىگە ۋە چوقۇنغۇچىلىرىغا يەتكەن زىياننى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغان بۇتلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ **﴿ئۇلار بۇتلارنى الله غا شېرىك قىلدى﴾** يەنى ئۇلار الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ بۇتلارغا چوقۇندى.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(4) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(5) تاھا سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(6) ھەدىد سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇلارغا: «بۇتلارنىڭ ناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار﴾ يەنى بىزگە ئۇلارنى بىلدۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىڭلار، تاكى ئۇلار تونۇلسۇن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھېچ ھەقىقىتى يوق. ﴿يەر يۈزىدە اللە بىلمەيدىغان نەرسىلەر باردەك، سىلەر ئۇلارنى اللە غا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟﴾ يەنى يەر يۈزىدە بۇتنىڭ ھېچقانداق ھەقىقىتى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ ھەقىقىتى بولىدىغان بولسا، اللە ئۇنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، اللە تائالاغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس.

﴿ياكى قۇرۇق گۇمان بىلەن (ئۇلارنى اللە نىڭ شېرىكلىرى دەۋاتامسىلەر؟)» دېگىن﴾ يەنى سىلەر ئۆز گۇمانىڭلار بويىچە بۇتلار مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ ۋە زىيان كەلتۈرەلەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا چوقۇنامسىلەر ۋە ئۇلارنى ئىلاھلار دەپ ئاتامسىلەر؟ ﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، اللە بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ بىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق، ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن شەك ـ شۈبھىسىز ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان) كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ﴾[1].

﴿بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇققا كېچە ـ كۈندۈز دەۋەت قىلىشى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا بىز (شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق﴾[2].

﴿ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقى ئۆزلىرىگە توغرىدەك چىرايلىق كۆرسىتىلىشى بىلەن ئۇلار اللە تائالانىڭ يولىدىن مەنئى قىلىندى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە گۇمراھ قىلغان ئادەمگە ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿اللە بىر كىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن اللە غا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ)﴾[3]، ﴿سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، اللە ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى (اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴾[4].

* * * * * * *

لَهُمۡ عَذَابٞ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَشَقُّۖ وَمَا لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِن وَاقٖ ﴿٣٤﴾ ۞ مَّثَلُ ٱلۡجَنَّةِ
ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۖ أُكُلُهَا دَآئِمٞ وَظِلُّهَاۚ تِلۡكَ عُقۡبَى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْۖ
وَّعُقۡبَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ٱلنَّارُ ﴿٣٥﴾

(1) نەجم سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نەھل سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴿34﴾ . تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايى دوزاختۇر﴿35﴾ .

## كاپىرلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ بايانى

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، كاپىرلارغا بېرىلىدىغان جازانى ۋە تەقۋادارلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئەسىر ئېلىنىدۇ.

﴿**ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادا تارتقان خارلىقىدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىمام مۇسلىم ئاخىرەت ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ـ بىرىگە لەنەت ئېيتىشقۇچىلارغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا قارىغاندا بەك يەڭگىلدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، دۇنيانىڭ ئازابى مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تۈگەيدۇ. بىراق ئاخىرەت ئازابى ئوت ۋە كويزا ـ كىشەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئوتنىڭ هارارىتى دۇنيا ئوتىنىڭ هارارىتىگە نىسبەتەن 70 ھەسسە ئارتۇقتۇر. بۇ كويزا ـ كىشەنلەرنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قاتتىقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شۇ كۈندە ھەر ئەھەدى (الله غا ئاسىيلىق قىلغانلارنى) الله جازالىغاندەك جازالىمايدۇ. ھەمدە ھېچ ئەھەدى الله باغلىغاندەك باغلىمايدۇ﴾، ﴿ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق. دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايىنغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «شۇ (دوزاخ) ياخشىمۇ يا تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان، (كىرگەن كىشى) مەڭگۈ قالىدىغان جەننەت ياخشىمۇ؟» جەننەت تەقۋادارلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايىدۇر﴾[1].

﴿**تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى جەننەتنىڭ ھەممە ئەتراپىغا، جەننەت ئەھلى قانداق ۋە قەيەرگە خالىسا شۇ يەرگە قاراپ ئاقىدۇ.

(1) فەجر سۈرىسى 25 ــــ 26 ـ ئايەتلەر.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ﴾[1].

**﴿ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ﴾** يەنى جەننەتتىكى مېۋىلەر، يېمەك - ئىچمەكلەر ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ ۋە تۈگەپ قالمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان (كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئوقۇلغان ئەھۋال بايان قىلىنغان) ھەدىستە ساھابىلار: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىنىڭ بۇ ئورنىڭدا تۇرۇپ (ئىمام تۇرىدىغان ئورۇن كۆزدە تۇتۇلغان) بىر نەرسە ئالغاندەك قىلغانلىقىڭنى، ئاندىن ئارقاڭغا داجىغانلىقىڭنى كۆردۇق، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەقىقەتەن جەننەتنى كۆردۇم، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئالماقچى بولدۇم، ئەگەر مەن ئۇنى ئالغان بولسام، ئەلۋەتتە سىلەر ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىگىچە يەيتتىڭلار» دېدى.

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەت ئەھلى جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ. مىشقىرمايدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستېمال قىلغان يېمەك - ئىچمىكى ئېپار، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش پۇراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارغا خۇددى نەپەس ئېلىش ئىلھام قىلىنغاندەك، اﷲ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئىلھام قىلىنىپ تۇرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى سۇمامە ئىبنى ئۇقبەدىن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتابتىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ئېيتىشىڭچە، جەننەت ئەھلى يەيدىكەن ۋە ئىچىدىكەن - ھە! - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جەننەتتە بىر ئادەمگە چوقۇم يۈز ئادەمنىڭ يەپ - ئىچىش، جىما قىلىش (شەھۋەت) كۈچى بېرىلىدۇ» دېدى. ئۇ ئادەم: يېگەن ۋە ئىچكەن ئادەمنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتى بولىدۇ. لېكىن جەننەتتە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسە يوق تۇرسا؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەت ئەھلىنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتى تەردۇر. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن ئېپار، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش تەر چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ قورسىقى تارتىلىدۇ» دېدى.

مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن﴾[2]، ﴿جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر،

(1) فۇرقان سۈرىسى 11 ــــ 15 - ئايەتلەر.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴾[1] شۇنداقلا جەننەتنىڭ سايىسى تۈگەپ قالمايدۇ ۋە مەڭگۈ يوقالمايدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز﴾[2].

**الله** تائالا ئىنسانلارنى جەننەتكە قىزىقتۇرۇش ۋە دوزاختىن قورقۇتۇش ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ سۈپىتىنى بىر ئورۇندا بايان قىلىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا بۇ ئايەتتىمۇ جەننەتنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايى دوزاختۇر**﴾. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھلى دوزاخ بىلەن ئەھلى جەننەت (قىيامەت كۈنى) باراۋەر بولمايدۇ، ئەھلى جەننەت بولسا، مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[3].

*******

وَٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَفۡرَحُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَۖ وَمِنَ ٱلۡأَحۡزَابِ مَن يُنكِرُ بَعۡضَهُۥۚ قُلۡ إِنَّمَآ
أُمِرۡتُ أَنۡ أَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَلَآ أُشۡرِكَ بِهِۦٓۚ إِلَيۡهِ أَدۡعُواْ وَإِلَيۡهِ مَـَٔابِ ٣٦ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلۡنَٰهُ حُكۡمًا عَرَبِيّٗاۚ
وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَمَا جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا وَاقٖ ٣٧

(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتاب (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىل) نازىل قىلغانلار (يەنى ئابدۇللاھ ئىبن سالام ۋە نەجاشىغا ئوخشاشلار) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) دىن شادلىنىدۇ. (ساڭا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ ئارىسىدا (ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ گەدەنكەشلىكتىن) قۇرئاننىڭ بەزى (جايلىرىنى) ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. (ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) **الله** غىلا ئىبادەت قىلىشقا، **الله** غا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم، (ئىنسانلارنى) **الله** غا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، **الله** نىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن﴿36﴾. شۇنىڭدەك (يەنى ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەر ئارىسىدا چىقىرىشقا) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق، سەن ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ئەھلى كىتابنىڭ) نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى **الله** نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴿37﴾.

## ئەھلى كىتابتىن راستچىل بولغان كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاندىن خۇشاللىنىدىغانلىقى

﴿**(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتاب (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىل) نازىل قىلغانلار (يەنى ئابدۇللاھ**

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 32 ـــ 33 ـ ئايەت.
(2) ئىنسان سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى 57 ـ ئايەت.

**ئىبنى سالام ۋە نەجاشىغا ئوخشاشلار) ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) دىن شادلىنىدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەل قىلىدىغانلار (ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا قۇرئاننىڭ راستلىقىغا دەلىل ـ پاكىتلار بولغانلىقى ۋە قۇرئان بىلەن خۇش ـ بېشارەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن) قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىن خۇشاللىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1]، ﴿«قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نوقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴾[2] يەنى ئەگەر الله تائالا بىزگە بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلغان بولسا، الله تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەق ۋە راستتۇر. ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە بارلىققا كېلىدۇ. الله تائالا پاكتۇر، ئۇنىڭ ۋەدىسى نېمىدېگەن راست ـ ھە! جىمى ھەمدۇسانالار يالغۇز الله تائالاغا مەنسۇپتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن الله غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار.﴾[3]، ﴿ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار الله غا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴾[4].

**﴿(ساڭا قارشى) ئىتتىپاق تۈزگەنلەرنىڭ ئارىسىدا (ھەقلىقنى بىلىپ تۇرۇپ گەدەنكەشلىكتىن) قۇرئاننىڭ بەزى (جايلىرىنى) ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار﴾** يەنى ئىتتىپاقداشلارنىڭ بەزىلىرى ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئىنكار قىلدى.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىتتىپاق تۈزگەنلەر﴾** يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ **﴿ئارىسىدا (ھەقلىقنى بىلىپ تۇرۇپ گەدەنكەشلىكتىن) قۇرئاننىڭ بەزى (جايلىرىنى) ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار﴾** يەنى ساڭا كەلگەن ھەقنىڭ بەزىلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار بار. قەتادە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەپسىر قىلغان.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا، الله غا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم﴾** يەنى خۇددى مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەنندەك، مەنمۇ شۇنداق قىلىشقا ئەۋەتىلدىم. **﴿ئىنسانلارنى) الله غا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، الله نىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن﴾** يەنى مېنىڭ ۋەزىپەم الله تائالانىڭ يولىغا چاقىرىشتۇر،

---

(1) ھەشر سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 121 ـ ئايەت.
(3) ئىسرا سۈرىسى 107 ــــ 108 ـ ئايەتلەر.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مېنىڭ بارار ۋە قايتار جايىم الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر.

**﴿شۇنىڭدەك (يەنى ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە ئۆز تىلىدا كىتاب نازىل قىلغىنىمىزدەك)، قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا (كىشىلەر ئارىسىدا چىقىرىشقا) ھۆكۈم قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾** يەنى سەندىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئاسماندىن كىتابلارنى نازىل قىلغىنىمىزدەك، ساڭا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق. قۇرئان بىلەن سېنى شەرەپكە ئىگە قىلدۇق. ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1] دەپ سۈپەتلەنگەن بۇ روشەن ۋە ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتاب (قۇرئان) بىلەن سېنى سەندىن باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق قىلدۇق.

**﴿سەن ئىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ (يەنى ئەھلى كىتابنىڭ) نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان بولساڭ، ساڭا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى ۋە سېنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ﴾** بۇ ئايەت ئىلىم ئىگىلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن يولغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئازغۇنلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ كېتىشتىن قاتتىق قورقىتىدۇ.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَا رُسُلٗا مِّن قَبۡلِكَ وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَذُرِّيَّةٗۚ وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَن يَأۡتِيَ بِـَٔايَةٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ لِكُلِّ أَجَلٖ كِتَابٞ ﴿٣٨﴾ يَمۡحُواْ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ وَيُثۡبِتُۖ وَعِندَهُۥٓ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ ﴿٣٩﴾

بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە بالىلار بەردۇق، ھەرقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەر بىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ﴿38﴾. الله (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر﴿39﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر قىلغىنىمىزدەك، سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇلار تائام يەيدۇ، بازارلاردا ماڭىدۇ، خوتۇن ئالىدۇ ۋە بالا ـ چاقىلىق بولىدۇ. بىز ئۇلارغا ئاياللارنى ۋە بالىلارنى بەردۇق.

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار

(1) ئىسرا سۈرىسى 109 ـ ئايەت.

بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ» دېگىن﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، (كېچىدە) تۇرۇپ ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن. گۆش يەيمەن ۋە خوتۇن ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس».

## الله تائالانىڭ ئىزنىسىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى

**﴿ھەرقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾** يەنى ھەرقانداق پەيغەمبەر پەقەت الله تائالا مۆجىزە كەلتۈرۈشكە ئىزنى بەرگەن چاغدىلا، ئاندىن مۆجىزە كەلتۈرەلەيدۇ. الله تائالا ئىزنى بەرمىسە، ھەرگىزمۇ مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ. مۆجىزە كەلتۈرۈش خالىغان نەرسىنى قىلىدىغان ۋە ئىرادە قىلغان نەرسىگە ھۆكۈم قىلىدىغان ئۇلۇغ ۋە كاتتا الله تائالاغىلا خاستۇر.

**﴿ھەر بىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ﴾** يەنى ھەممە نەرسىنىڭ مۇددىتى بېكىتىلگەن كىتاب بار ۋە ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆلچەملىكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىلمەمسەنكى، الله ئاسمان، زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن لەۋھۇلمەھپۇزدا (يېزىلغان)، بۇ (يەنى بىلىش) ھەقىقەتەن الله غا ئاسان﴾**[2].

## قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنىڭ بىكار قىلىنىشى ياكى ئۆز پېتى قالدۇرۇلۇشى توغرىسىدا

**﴿الله (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئان بىلەن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ھايات ياشاش ۋە ئۆلۈش، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇش قاتارلىق ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتمەيدۇ. مەنسۇر مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇجاھىدتىن بىزنىڭ بىرىمىزنىڭ: ئى الله ! مېنىڭ ئىسمىم بەختلىكلەر ئىچىدە بولسا، ئۇنى ئۆز پېتى قالدۇرغىن. ئەگەر ئىسمىم بەختسىزلەرنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئىسمىمنى بەختلىكلەرنىڭ ئىچىدە قىلغىن دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدىم. مۇجاھىد: بۇ ياخشى دۇئادۇر، - دېدى. شۇنىڭدىن بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن مۇجاھىد بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ئاشۇ دۇئا توغرۇلۇق يەنە سورىدىم. مۇجاھىد: ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبىقەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق...﴾[3] دېگەن يەردىن ئىككى ئايەت



(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەج سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

ئوقۇپ: **الله** تائالا شەبىقەدرى كېچىسىدە شۇ يىل ئىچىدە بېرىلىدىغان رىزىق ۋە كېلىدىغان مۇسىبەتنى ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاندىن **الله** تائالا خالىغان نەرسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خالىغان نەرسىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئەمما بەختلىكلەرنىڭ ۋە بەختسىزلەرنىڭ ھۆكمى ئۆزگەرمەيدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەئمەشتىن شەقىق ئىبنى سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇۋائىل بۇ دۇئانى ھەقىقەتەن كۆپ قىلاتتى: ئى **الله** ! ئەگەر بىزنى بەختسىزلەرنىڭ قاتارىغا يېزىۋەتكەن بولساڭ، ئۇنى ئۆچۈرۈپ (بىزنى) بەختلىكلەر قاتارىغا يېزىپ قويغىن. ئەگەر بىزنى بەختلىكلەر قاتارىغا يازغان بولساڭ، ئۇنى ئۆز پېتى قالدۇرغىن. ھەقىقەتەن سەن خالىغان نەرسىنى ئۆچۈرىسەن ۋە خالىغان نەرسىنى ئۆز پېتى قالدۇرىسەن. (ھەممە نەرسىلەر يېزىلىدىغان) لەۋھۇلمەھپۇز سېنىڭ دەرگاھىڭدىدۇر» . ئىبنى جەرىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش دۇئانى قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

بۇنىڭ مەنىسى شۇنى بىلدۈرىدىكى، ھەقىقەتەن **الله** تائالا تەقدىرلەردىن خالىغان نەرسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خالىغىنىنى ئۆز پېتى قالدۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئىمام ئەھمەد سەۋباندىن رىۋايەت قىلغان: «ھەقىقەتەن بىر ئادەم گۇناھقا پاتقان سەۋەبى بىلەن رىزقتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆمرىنى پەقەت ياخشىلىقلا زىيادە قىلىدۇ» دېگەن ھەدىس ماس كېلىدۇ. بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە: «ھەقىقەتەن سىلە ـ رەھىم قىلىش ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ» دېگەن سۆز رىۋايەت قىلىنغان. يەنە بىر ھەدىستە: «ھەقىقەتەن دۇئا بىلەن تەقدىر ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ» دەپ رىۋايەت قىلىنغان.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿الله (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم مەلۇم ۋاقىت **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلىپ ياخشى ئەمەل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ **الله** تائالاغا ئاسىي بولۇشقا قايتىپ، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇ ئادەمنى بەختلىكلەر قاتارىدىن ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. يەنە بىر ئادەم **الله** تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، يامان ئەمەل قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ھىدايەت تېپىپ، **الله** تائالاغا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئادەمنى بەختلىكلەر قاتارىدىن قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿**الله** خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. **الله** ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

* * * * * * *

(1) دۇخان سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَإِن مَّا نُرِيَنَّكَ بَعْضَ ٱلَّذِى نَعِدُهُمْ أَوْ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ ٱلْبَلَٰغُ وَعَلَيْنَا ٱلْحِسَابُ ﴿٤٠﴾ أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّا نَأْتِى ٱلْأَرْضَ نَنقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَا ۚ وَٱللَّهُ يَحْكُمُ لَا مُعَقِّبَ لِحُكْمِهِۦ ۚ وَهُوَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٤١﴾

ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بەزىسىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ (يەنى سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا نازىل قىلساقمۇ) ياكى سېنى (مۇشرىكلارغا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) قەبزى روھ قىلساقمۇ، سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴿40﴾. ئۇلارنىڭ يېرىنى چۆرىسىدىن تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىز (يەنى كۇففارلارنىڭ زېمىنىنى قەدەممۇقەدەم پەتھى قىلىپ، ئىسلام يۇرتىغا قوشۇۋاتقانلىقىمىز) نى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەيۋاتامدۇ؟ الله (خالىغانچە) ھۆكۈم قىلىدۇ، الله نىڭ ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿41﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ پەقەت يەتكۈزۈش ئىكەنلىكى، الله تائالانىڭ ھېساب ئالغۇچى ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارغا بىز ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ بەزىسىنى ساڭا كۆرسەتسەكمۇ (يەنى سېنىڭ ھايات ۋاقتىڭدا نازىل قىلساقمۇ) ياكى سېنى (مۇشرىكلارغا ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) قەبزى روھ قىلساقمۇ﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! بىز سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭگە ۋەدە قىلغان خارلىق ۋە قاتتىق ئازابنىڭ بىر قىسمىنى دۇنيادا كۆرسەتسەكمۇ ياكى ئاشۇ ئازاب دۈشمەنلىرىڭگە كېلىشتىن بۇرۇن سېنى ۋاپات تاپتۇرساقمۇ، **﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر﴾** يەنى بىز سېنى پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن بۇيرۇلغان پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزدۈڭ.

**﴿بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾** يەنى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە ئۇلارنى جازالاش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن. لېكىن كىمكى (ۋەز - نەسىھەتتىن) يۈز ئۆرۈپ (الله نى) ئىنكار قىلىدىكەن. الله ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز﴾[1].

**﴿ئۇلارنىڭ يېرىنى چۆرىسىدىن تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىمىز (يەنى كۇففارلارنىڭ زېمىنىنى قەدەممۇقەدەم پەتھى قىلىپ، ئىسلام يۇرتىغا قوشۇۋاتقانلىقىمىز) نى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەيۋاتامدۇ؟﴾** ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر زېمىندىن كېيىن يەنە بىر زېمىننى پەتھى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەمدۇ؟

(1) بەقەرە سۈرىسى 284 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەسەن ۋە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مەككە ئاھالىسى!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردىكى شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق﴾[1].

* * * * * * *

وَقَدْ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ فَلِلَّهِ ٱلْمَكْرُ جَمِيعًا ۖ يَعْلَمُ مَا تَكْسِبُ كُلُّ نَفْسٍ ۗ وَسَيَعْلَمُ ٱلْكُفَّٰرُ لِمَنْ عُقْبَى ٱلدَّارِ ﴿٤٢﴾

ئۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى. (ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلىدىغان) يوشۇرۇن تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر. اللە ھەر بىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، كاپىرلار (ئازابنى كۆرگەندە) كىمنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴿42﴾.

## كاپىرلارنىڭ ھىيلە - مىكرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشى

﴿**ئۇلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئىدى**﴾ يەنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرمۇ پەيغەمبەرلەرگە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، پەيغەمبەرلىرىنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا ئۇلارغا چارە قوللىنىپ، مۆمىنلەرگە، تەقۋادارلارغا ياخشى ئاقىۋەت ئاتا قىلدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (سالىھقا قارشى) سۇيىقەست پىلانلىدى. ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن) سۇيىقەستى ئۈچۈن تۇيۇقسىز جازالىدۇق. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىنكى، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەۋمىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدۇق. ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى (ئادەمزاتتىن) خالىي بولۇپ قالدى. اللە نىڭ (قۇدرىتىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا (چوڭ) ئىبرەت بار﴾[2].

﴿**اللە ھەر بىر كىشىنىڭ قىلىۋاتقان (ياخشى - يامان) ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا يوشۇرۇن سىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن بىلگۈچىدۇر. ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا مۇكاپات ۋە جازا بەرگۈچىدۇر.

﴿**كاپىرلار (ئازابنى كۆرگەندە) كىمنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ**﴾ ھالاكەت ياكى ياخشى ئاقىۋەت كىملەرگە بولىدۇ؟ ئۇ كاپىرلار ئۈچۈن بولامدۇ ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈنمۇ؟ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ياخشى ئاقىۋەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە

(1) غاشىيە سۈرىسى 21 ــــ 26 - ئايەتلەر.
(2) نەمل سۈرىسى 50 ــــ 52 - ئايەتلەر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇچۇن بولىدۇ. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە ياخشىلىق الله تائالاغا خاستۇر.

*******

وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَسْتَ مُرْسَلًاۚ قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَمَنْ عِندَهُۥ عِلْمُ ٱلْكِتَٰبِ ﴿٤٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) مەككە كۇففارلىرى: «سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «راستلىقىمغا سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا الله نىڭ گۇۋاھلىقى ۋە الله نىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلار (يەنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىدىن ئىمان ئېيتقانلار) نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر»﴿43﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە كىتاب (تەۋرات ۋە ئىنجىل) نى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئەنە شۇ كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلىپ: ﴿**«سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن»**﴾ دەيدۇ. يەنى: الله سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىدى، ــ دەيدۇ.

﴿**ئېيتقىنكى، «راستلىقىمغا سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا الله نىڭ گۇۋاھلىقى**﴾ يەنى الله تائالا ماڭا يېتەرلىكتۇر. الله تائالا ماڭا ۋە سىلەرگە گۇۋاھچىدۇر. الله تائالا مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئى ئىنكار قىلغۇچىلار! سىلەرنىڭ بوھتان چاپلىغانلىقىڭلارغىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

﴿**ۋە الله نىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلار (يەنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىدىن ئىمان ئېيتقانلار) نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر**﴾ مۇجاھىد: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ھەققىدە چۈشكەن، ــ دېدى. بۇ سۆز دەلىلسىزدۇر. چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئىمان ئېيتقان. بۇ توغرىسىدىكى كۈچلۈك سۆز ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان سۆزدۇر. ئىبنى ئابباس: ئۇلار يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردۇر، ــ دېدى. قەتادە: ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سالمان ۋە تەممدارى قاتارلىقلار ئۇلاردىندۇر، ــ دېدى.



ئەڭ توغرىسى شۇكى، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئومۇمىي بولۇپ، ئىلگىرى چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بېرىلگەن خۇش-بېشارەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىدىغان ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى. الله ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن

(بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن». ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾[1]، ﴿(ئابدۇللاھ ئىبن سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟﴾[2] بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىدىن ئۆزىگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن (بۇنىڭغا ئوخشاش) ئايەتلەر باردۇر.

مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ پەزلى بىلەن رەئد سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

(1) ئەئراف سۈرىسى 156ـــ 157 ـ ئايەتلەر.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 197 ـ ئايەت.

# ئىبراھىم سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 52 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓرۚ كِتَٰبٌ أَنزَلْنَٰهُ إِلَيْكَ لِتُخْرِجَ ٱلنَّاسَ مِنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذْنِ رَبِّهِمْ إِلَىٰ
صِرَٰطِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَمِيدِ ﴿١﴾ ٱللَّهِ ٱلَّذِى لَهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَوَيْلٌ
لِّلْكَٰفِرِينَ مِنْ عَذَابٍ شَدِيدٍ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا عَلَى ٱلْءَاخِرَةِ
وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجًا ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ فِى ضَلَٰلٍۭ بَعِيدٍ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **اللە** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، را. (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن **اللە** نىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق﴿1﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە **اللە** نىڭ مۈلكىدۇر، قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي!﴿2﴾. ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ (كىشىلەرنى) **اللە** نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ، **اللە** نىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ، ئۇلار (ھەقتىن) يىراق بولغان گۇمراھلىقتىدۇر﴿3﴾.

## قۇرئاننى ۋە قۇرئاننىڭ مەقستىنى تونۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغان كىشىگە بولىدىغان ئازاب توغرىسىدا

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. **﴿(بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى**

**بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن الله نىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا نازىل قىلغان بۇ كىتاب كاتتا قۇرئاندۇر. بۇ ئەرەب مىللىتىدىن ۋە ئەرەب مىللىتىدىن بولمىغان بارلىق زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئېسىل پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان، ئەڭ ئېسىل كىتابتۇر. ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن بىز سېنى بۇ كىتاب بىلەن كىشىلەرنى ئۇلار ياشاۋاتقان گۇمراھلىق ۋە ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەت ۋە توغرا يولغا چىقىرىشىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. الله تائالا ھىدايەت قىلىشنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرغان كىشىنى پەيغەمبىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ھىدايەت قىلغۇچىدۇر. الله تائالا پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق توسۇلمايدىغان ۋە مەغلۇب قىلىنمايدىغان غالىب الله تائالانىڭ يولىغا باشلايدۇ. الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچىدۇر ۋە بارلىق ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، بەلگىلىمىلىرىدە، ئەمر ـ پەرمانلىرىدا ۋە توسقان ئىشلىرىدا مەدھىيىلەنگۈچىدۇر، بەرگەن خەۋەرلىرىدە راستچىلدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلىقىدىن گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾[1]، ﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، الله بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى﴾[2].

**﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر، قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي!﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! كاپىرلار ساڭا قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە سېنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قىيامەتتە دەھشەتلىك ئازاب بار.

ئاندىن الله تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئۈستۈن قويىدىغانلىقىنى، دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇيدىغانلىقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) توسىدۇ﴾** يەنى ئۇلار باشقىلارنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشتىن توسىدۇ.

**﴿الله نىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ يولىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھالبۇكى، الله تائالانىڭ يولى مۇستەھكەم، توغرا يولدۇر. ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى مەغلۇب قىلماقچى بولغان كىشىلەر ئۇ يولغا ھېچ قانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ يولىغا ئەگرىلىك تىلىشى بىلىمسىزلىكى ۋە ھەقتىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار مۇشۇ يولدا بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىنمايدۇ.

* * * * * * *

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوۡمِهِۦ لِيُبَيِّنَ لَهُمۡۖ فَيُضِلُّ ٱللَّهُ مَن يَشَآءُ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٤﴾

(1) بەقەرە سۈرىسى 257 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەدىد سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (الله نىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق، الله خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش بولۇپ، ھىدايەت قىلىش ئىشى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر). الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿4﴾.

## ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇقنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ شۇ مىللەتتىن ئەۋەتىلگەنلىكى

مانا بۇ، الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مېھرى ـ شەپقىتى بولۇپ، الله تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى ئۇلارغا ئوچۇق چۈشەندۈرۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندۇر.

**﴿الله خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش بولۇپ، ھىدايەت قىلىش ئىشى الله نىڭ ئىلكىدىدۇر﴾** يەنى ئۇلارغا پاكىتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، الله خالىغان كىشىنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

**﴿الله غالىبتۇر﴾** يەنى الله تائالا خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ. **﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، الله تائالا ئازدۇرۇلۇشقا ھەقلىق بولغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ، ھىدايەت قىلىنىشقا لايىق كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ.

الله تائالانىڭ ھەر بىر پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتىشى ئىنسانلار ئىچىدە تۇتقان يولىدۇر. ھەر بىر پەيغەمبەر پەيغەمبەرلىكنى ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خاس قىلىپ ئەۋەتىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ بىرىگە بېرىلمىگەن مۇنداق بەش خىسلەت بېرىلدى؛ بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى مۇساپىدىن دۈشمىنىمگە قورقۇنچ سېلىنىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم. مەن ئۈچۈن زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرى مەسچىت ۋە پاك قىلىندى. مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچ بىرىگە غەنىمەتلەر ھالال قىلىنمىغان ئىدى، لېكىن ماڭا (غەنىمەتلەر) ھالال قىلىندى. ماڭا (قىيامەت كۈنى) شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىگە خاس پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، لېكىن مەن بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن

ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اﷲ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[1].

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَىٰ بِـَٔايَـٰتِنَآ أَنْ أَخْرِجْ قَوْمَكَ مِنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ
وَذَكِّرْهُم بِأَيَّىٰمِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ لِّكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ ﴿٥﴾

بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ھەقىقەتەن (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (ئۇنىڭغا دېدۇقكى) «قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقارغىن، ئۇلارغا اﷲ نىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكىن». بۇنىڭدا (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿5﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! بىز سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز ۋە ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلغىنىمىزدەك، مۇسانى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مۆجىزىلىرىمىز بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. مۇجاھىد: ئۇ مۆجىزىلەر توققۇزدۇر، ـ دېدى.

**﴿«قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقارغىن»﴾** يەنى ئۇلارنى تۇرۇۋاتقان نادانلىق ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ھىدايەت ۋە ئىمان نۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ياخشىلىققا چاقىرغىن.

**﴿ئۇلارغا اﷲ نىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكىن﴾** مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اﷲ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن، زوراۋانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن دېڭىزنى يېرىپ بېرىشى، ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بېرىشى ۋە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىشىدەك نېمەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلىرىنى ئۇلارغا ئەسلەتكىن.

**﴿بۇنىڭدا (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەر بىر (بەندە) ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾** يەنى بىزنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ قولىدىن ۋە ئۇلار چېكىۋاتقان خارلىق ئازابىدىن نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىمىزدە ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىزنىڭ يېقىن بەندىلىرىمىزدىن قىيىنچىلىققا سەۋر قىلغۇچى، باياشاتلىققا شۈكرى قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بېشىغا بالا كەلگەن چاغدا سەۋر قىلىدىغان، نېمەت بېرىلگەندە شۈكرى قىلىدىغان بەندە نېمىدېگەن ياخشى بەندە ـ ھە؟!

(1) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ﷲ تائالا مۆمىنگە ھەر قانداق بىر نەرسىنى ھۆكۈم قىلسا، ئۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر مۆمىنگە بىرەر قاتتىقچىلىق يەتسە، ئۇ سەۋر قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر مۆمىنگە ياخشىلىق يەتسە، ئۇ شۈكۈر قىلىدۇ. ئۇنىڭ شۈكۈر قىلغانلىقمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر».

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ ٱذْكُرُواْ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ أَنجَىٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ
يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ وَيُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ وَفِى
ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٦﴾ وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ
لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِى لَشَدِيدٌ ﴿٧﴾ وَقَالَ مُوسَىٰٓ إِن تَكْفُرُوٓاْ أَنتُمْ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ
جَمِيعًا فَإِنَّ ٱللَّهَ لَغَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿٨﴾

مۇسا ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قەۋمىگە: «ﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ﷲ ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋن قەۋمىدىن قۇتقۇزدى، ئۇلار سىلەرنى قاتتىق قىينايتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلايتتى، خوتۇن كىشىلىرىڭلارنى (خىزمەت قىلدۇرۇشقا) قالدۇراتتى. بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ سىناق بار ئىدى» دېدى﴿6﴾. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴿7﴾. مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى ﷲ ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر» دېدى﴿8﴾.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە ﷲ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﷲ تائالا ئۇلارنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇلار چېكىۋاتقان قاتتىق ئازابتىن قۇتقۇزدى. چۈنكى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى بوغۇزلاپ، خوتۇن - قىزلىرىنى خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن قالدۇراتتى. ﷲ تائالا ئۇلارنى مانا مۇشۇنداق بالا - قازادىن قۇتۇلدۇردى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن كاتتا نېمەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام: **﴿بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە) چوڭ سىناق بار ئىدى» دېدى﴾** يەنى يۇقىرىقى ئىشلاردا سىلەر شۈكۈر ئېيتىشقا ئاجىز كېلىدىغان، ﷲ تائالا تەرەپتىن بولغان كاتتا نېمەتلەر بار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشمۇ بار: سىلەرگە پىرئەۋنىنىڭ تەۋەلىرى قىلغان ئاشۇ ئازابلاردا كاتتا سىناق بار. بۇ خۇددى ﷲ تائالانىڭ ئەئراف سۈرىسىدىكى: ﴿ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىگە ئوخشايدۇ.

(1) ئەئراف سۈرىسى 168 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾** يەنى **الله** تائالا سىلەرگە ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى جاكارلىدى ۋە بىلدۈردى. بۇ ئايەتنىڭ مۇنداق مەنە بېرىش ئېھتىمالىمۇ بار: ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئۆز ئىززىتىگە ئۇلۇغلۇقى ۋە كاتتىلىقى بىلەن قەسەم قىلدى.

**﴿نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن﴾** يەنى مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە نېمىتىمنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن.

**﴿ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار﴾** يەنى نېمەتلىرىمگە تۇزكورلۇق قىلساڭلار، ئۇنى يوشۇرساڭلار ۋە ئۇنىڭدىن تانساڭلار **﴿مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ﴾** بۇ ئازاب ئۇلارنىڭ **الله** تائالانىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن نېمەتنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىشىدۇر.

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ھەقىقەتەن بەندە (بۇ) گۇناھقا پېتىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن رىزىقتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ».

**﴿مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى الله ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر» دېدى﴾** يەنى **الله** تائالا بەندىلىرىنىڭ شۈكۈر ئېيتىشىدىن بىھاجەتتۇر. كىشىلەر **الله** تائالاغا كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، **الله** تائالا يەنىلا ماختاشقا ۋە مەدھىيىگە لايىقتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر كاپىر بولساڭلار **الله** سىلەردىن بىھاجەتتۇر﴾[1]، ﴿(پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى. **الله** (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەستۇر، **الله** (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[2].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى ئەڭ تەقۋادار بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ مۈلكۈمدىن ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلى ئەڭ پاسىق بىر ئادەمنىڭ دىلىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ مۈلكۈمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلىرىڭلار ۋە كېيىن كېلىدىغانلىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار بىر تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ مەندىن تىلىسە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تىلىگىنىنى بەرسەممۇ، خۇددى دېڭىزغا سېلىنغان بىر تال يىڭنە سۇدىن ئېلىپ چىقىلغاندا دېڭىزنىڭ سۈيىدىن ھېچ نېمىنى كېمەيتەلمىگەندەك، مېنىڭ مۈلكۈمدىن

(1) زۇمەر سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېچ نەرسە كېمىيىپ قالمايدۇ». ﷲ تائالا پاكتۇر، يۈكسەكتۇر، ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر ۋە مەدھىيەلەرگە لايىقتۇر.

* * * * * * *

أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَبَؤُا۟ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ ۛ وَٱلَّذِينَ مِنۢ بَعْدِهِمْ ۛ لَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا ٱللَّهُ ۚ جَآءَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَرَدُّوٓا۟ أَيْدِيَهُمْ فِىٓ أَفْوَٰهِهِمْ وَقَالُوٓا۟ إِنَّا كَفَرْنَا بِمَآ أُرْسِلْتُم بِهِۦ وَإِنَّا لَفِى شَكٍّ مِّمَّا تَدْعُونَنَآ إِلَيْهِ مُرِيبٍ ﴿٩﴾

سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن، (سانىنى) پەقەت ﷲ بىلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ خەۋىرى سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ): «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز» دېدى﴿9﴾.

## ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقىرىشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە بىزگە نۇھ، ئاد، سەمۇد ۋە ئۇلاردىن باشقا سانىنى پەقەت ﷲ تائالانىڭ ئۆزىلا بىلەلەيدىغان پەيغەمبەرلىرىنى يالغان دېگۈچى ئۈممەتلەردىن بولغان قەۋملەرنىڭ خەۋەرلىرىنى قىسسە قىلىپ بەردى.

﴿**ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى**﴾ يەنى ئۇلار ئوچۇق پاكىت ۋە كەسكىن دەلىللەر بىلەن كەلدى. ﴿**پەقەت ﷲ بىلىدىغان**﴾ ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نەسەبشۇناسلار ئۇلارنىڭ ھەقىقىي نەسەبىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېدى: ھېچ بىر كىشىنىڭ مەئد ئىبنى ئەدناندىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ نەسەبىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

﴿**ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ (يەنى ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ)**﴾ بۇ ئايەتنى بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق تەپسىر قىلدى: پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى ئۇلۇغ ۋە كاتتا ﷲ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرغاندا، ئۇلار قوللىرى بىلەن ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى دەۋەت قىلىشتىن توختاشنى كۆرسەتتى. بەزىلىرى مۇنداق دېدى: ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىنى ئېغىزلىرىغا تىقتى بەزىلىرى مۇنداق دېدى: بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋېلىشىدىن بېشارەتتۇر. يەنە بەزىلىرى مۇنداق دېدى: ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن قوللىرىنى چىشلىدى.

مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقاردى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىزلىرى ئارقىلىق رەت قىلدى. مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىنى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تولۇقلانمىسى بىلەن كۈچەيتكەن دەپ قارايمەن: ﴿**«بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز» دېدى**﴾.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار **الله** تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ھەيران قېلىپ، قوللىرىنى ئېغىزلىرىغا تىققان ھالەتتە قايتىشتى ۋە: ﴿**«بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز» دېدى**﴾.

* * * * * * *

﴿قَالَتْ رُسُلُهُمْ أَفِي ٱللَّهِ شَكٌّ فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَدْعُوكُمْ لِيَغْفِرَ لَكُم
مِّن ذُنُوبِكُمْ وَيُؤَخِّرَكُمْ إِلَىٰٓ أَجَلٍ مُّسَمًّى قَالُوٓاْ إِنْ أَنتُمْ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُنَا تُرِيدُونَ أَن
تَصُدُّونَا عَمَّا كَانَ يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأْتُونَا بِسُلْطَٰنٍ مُّبِينٍ ﴿١٠﴾ قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن
نَّحْنُ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَمُنُّ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَمَا كَانَ لَنَآ أَن نَّأْتِيَكُم
بِسُلْطَٰنٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ ﴿١١﴾ وَمَا لَنَآ أَلَّا نَتَوَكَّلَ عَلَى
ٱللَّهِ وَقَدْ هَدَىٰنَا سُبُلَنَا وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَىٰ مَآ ءَاذَيْتُمُونَا وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُتَوَكِّلُونَ ﴿١٢﴾

پەيغەمبەرلىرى: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى **الله** نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ **الله** گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىدۇ، سىلەرنى (جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) تەخىر قىلىدۇ» دېدى. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان (بۇتلار) غا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولىسىلەر، (راستلىقىڭلار ئۈچۈن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى﴿10﴾. پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمىز، لېكىن **الله** بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ، **الله** نىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز، مۆمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر **الله** غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى **الله** غا تاپشۇرسۇن)﴿11﴾. **الله** بىزنى (**الله** نى تونۇيدىغان) يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا **الله** غا تەۋەككۇل قىلمايلى؟ بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا، ئەلۋەتتە، سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت **الله** غا تەۋەككۇل قىلسۇن» دېدى﴿12﴾.

## پەيغەمبەرلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلار بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا بولۇنغان مۇنازىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ مۇنازىرە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پەيغەمبەرلەر ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز بىر **الله**

تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغاندا، كاپىرلار بۇنىڭغا گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى اللە نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ھەق ئىلاھلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىدە شەك بارمۇ؟ ۋاھالەنكى، اللە تائالا مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ياراتقۇچىدۇر. ئىبادەت قىلىنىشقا پەقەت ھېچ شېرىكى يوق اللە تائالالا لايىقتۇر. ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى اللە تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە مەنپەئەت بېرىدۇ ياكى اللە تائالاغا ئۆزلىرىنى تېخىمۇ يېقىن قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلغان ۋاستىلىرىنى اللە تائالاغا قوشۇپ، اللە تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى (ئىمانغا) دەۋەت قىلىدۇ**﴾ يەنى گۇناھىڭلارنى ئاخىرەتتە مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن، ﴿**سىلەرنى (جازالاشنى) مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلىڭلار يەتكۈچە) تەخىر قىلىدۇ**﴾ يەنى دۇنيادا تەخىر قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، اللە سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ﴾[1].

## پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى

كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مۇنازىرىسىدە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان**﴾ يەنى بىز سىلەردىن ھېچ بىر مۆجىزە كۆرمەي تۇرۇپ، قانداقمۇ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بىلەنلا سىلەرگە ئەگىشىمىز؟

﴿**(راستلىقىڭلار ئۈچۈن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار**﴾ يەنى بىز سىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزە كەلتۈرۈشۈڭلارنى تەلەپ قىلىمىز. ﴿**پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا: «بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانىمىز**﴾ يەنى بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنساندۇرمىز. ﴿**لېكىن اللە بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلىكنى) مەرھەمەت قىلىدۇ**﴾ يەنى ئەلچىلىك، پەيغەمبەرلىك بىلەن مەرھەمەت قىلىدۇ.

﴿**اللە نىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز**﴾ بىز (سىلەر سورىغان نەرسىنى) اللە تائالادىن سورىغاندىن كېيىن، اللە تائالا بىزنىڭ سورىغان نەرسىلىرىمىزگە رۇخسەت قىلغاندىلا كۆرسىتەلەيمىز. ﴿**مۆمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر اللە غىلا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى اللە غا تاپشۇرسۇن)**﴾.

ئاندىن پەيغەمبەرلەر مۇنداق دېدى: ﴿**اللە بىزنى (اللە نى تونۇيدىغان) يوللىرىمىزغا**

(1) ھۇد سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا الله غا تەۋەككۇل قىلمايلى؟﴾** يەنى الله تائالا بىزنى يوللارنىڭ ئەڭ ئوچۇق ۋە ئەڭ روشىنىگە باشلىغان تۇرسا، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلمايمىز؟

**﴿بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا، ئەلۋەتتە، سەۋر قىلىمىز﴾** يەنى يامان سۆز ۋە ناچار قىلىقلار بىلەن بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا سەۋر قىلىمىز. **﴿تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن» دېدى﴾.**

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِرُسُلِهِمۡ لَنُخۡرِجَنَّكُم مِّنۡ أَرۡضِنَآ أَوۡ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَاۖ فَأَوۡحَىٰٓ إِلَيۡهِمۡ
رَبُّهُمۡ لَنُهۡلِكَنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٣﴾ وَلَنُسۡكِنَنَّكُمُ ٱلۡأَرۡضَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَافَ مَقَامِي
وَخَافَ وَعِيدِ ﴿١٤﴾ وَٱسۡتَفۡتَحُواْ وَخَابَ كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٖ ﴿١٥﴾ مِّن وَرَآئِهِۦ جَهَنَّمُ وَيُسۡقَىٰ مِن
مَّآءٖ صَدِيدٖ ﴿١٦﴾ يَتَجَرَّعُهُۥ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُۥ وَيَأۡتِيهِ ٱلۡمَوۡتُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَمَا هُوَ
بِمَيِّتٖۖ وَمِن وَرَآئِهِۦ عَذَابٌ غَلِيظٞ ﴿١٧﴾

كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: «سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيى قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز﴿13﴾. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر»﴿14﴾. پەيغەمبەرلەر الله دىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى الله غا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى﴿15﴾. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ﴿16﴾. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿17﴾.

## ئۇممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە تەھدىت سالغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ شۇ پەيغەمبەرگە خۇش بېشارەت بەرگەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىر ئۇممەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلىرىگە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىش ۋە يىراققا پالىۋېتىش بىلەن تەھدىت سالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. خۇددى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە: ﴿«ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ

چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»﴾[1] ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى لۇت ئەلەيھىسسالامغا: ﴿«لۇتنىڭ تەۋەلىرىنى شەھىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئۇلار پاك كىشىلەردۇر»﴾[2] دېگىنىدەك، الله تائالا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭمۇ بۇ ھەقتە دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلار) سېنى (مەدىنە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزماسلىققا تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايتتى (يەنى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى)﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر﴾[4].

پەيغەمبەرنى غالىب قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش الله تائالانىڭ تۇتقان يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن چىقىرىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈچىلەرنى، قوللىغۇچىلارنى ۋە الله تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇنلارنى قىلىپ بەردى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەدرىجىي ھالدا تەربىيىلەپ، تەرەققى قىلدۇرۇپ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىۋەتكەن مەككىنى ئۇنىڭغا پەتھى قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىگە قىلدى. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە ئاھالىسىدىن ۋە باشقا زېمىن ئەھلىدىن بولغان دۈشمەنلىرىنى خار قىلدى. كىشىلەر الله تائالانىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى. الله تائالانىڭ تەۋھىد كەلىمىسى ۋە دىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۈن چىقىشتىن تاكى كۈن پېتىشقىچە بولغان زېمىنلاردا باشقا دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

**﴿ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيى قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾[5]، ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[6]، ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[7]، ﴿مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله دىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى﴾[8]، ﴿بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى)



(1) ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەمل سۈرىسى 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(4) ئەنفال سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(5) ساففات سۈرىسى 171 ـــ 173 ـ ئايەتلەر.
(6) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(7) ئەنبىيا سۈرىسى 105 ـ ئايەت.
(8) ئەئراف سۈرىسى 128 ـ ئايەت.

بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىننىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق﴿[1].

﴿**بۇ (يەنى غەلىبە) مىنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾[2]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساپ بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾[3].

﴿**پەيغەمبەرلەر الله دىن مەدەت تىلىدى**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەر پەرۋەردىگاردىن ئۆز قەۋمىگە قارشى مەدەت تىلىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئۈممەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ تېزراق بىر تەرەپ بولۇشىنى تىلىدى. كاپىرلار بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!»﴾[4]

بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ مەدەت تىلىگىنى ۋە ئۈممەتلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ تېزراق بىر تەرەپ بولۇشىنى تىلىگىنىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بەدىر ئۇرۇشى بولغان كۈنى كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا مەدەت تىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەدەت تىلىدى. الله تائالا مۇشرىكلارغا مۇنداق دېدى: ﴿ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئالللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[5].

﴿**ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى الله غا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى**﴾ يەنى تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى، ھەققە بوي ئېگىشتىن باش تارتقۇچىلار ھالاك بولدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله تائالا ئىككى پەرىشتىگە خىتاب قىلىپ) «ھەققە قارشى ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، الله غا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەر بىر كاپىرنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئۇنى قاتتىق ئازابقا تاشلاڭلار» (دەيدۇ)﴾[6].

(1) ئەئراف سۈرىسى 137 ـ ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 37 ــــ 41 ـ ئايەتكىچە.
(3) راھمان سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(4) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(5) ئەنفال سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) قاف سۈرىسى 24 ــــ 26 ـ ئايەتكىچە.

ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «قىيامەت كۈنى جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن جەھەننەم مەخلۇقاتلارنى چاقىرىپ: مەن ھەققەتەن ھەر بىر تەكەببۇر ۋە ھەققەتكە بويى ئەگمەيدىغان كىشىگە ۋەكىل قىلىندىم، ـ دەيدۇ». يەنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە غالىب پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىپ مەدەت تىلىگەن چاغدا، تەرسا، تەكەببۇر ۋە ھەققەتكە بويى ئەگمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى زىيان تارتىدۇ.

﴿**ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەت خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتە دېيىلگەنگە ئوخشاشتۇر: ﴿ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى﴾[1] يەنى جەھەننەم ھەر بىر تەكەببۇر، ھەققەتكە بويى ئەگمەيدىغان كىشىنى قىيامەت كۈنى ئۆزىدە مەڭگۈ قالدۇرۇش ئۈچۈن كۈزىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا جەھەننەمگە توغرىلىنىپ تۇرىدۇ.

﴿**جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ**﴾ يەنى دوزاختا ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ۋە قان ـ يىرىڭدىن باشقا ئىچىملىك بولمايدۇ. دېمەك، قايناق سۇ ئىنتايىن يۇقىرى ھارارەتلىكتۇر. قان ـ يىرىڭ ئىنتايىن سوغۇق ۋە سېسىقتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[2]، ﴿ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[3].

﴿**(ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ تەمىنىڭ، رەڭگىنىڭ، پۇرىقىنىڭ ۋە قىزىقلىقىنىڭ ياكى سوغۇقلۇقىنىڭ يامانلىقىدىن ئۇنى ئىنتايىن تەسلىكتە ۋە زورلۇق ئىچىدە ئازاب پەرىشتىسى ئۇنى تۆمۈر توقماق بىلەن ئۇرمىغىچە ئىچىشكە ئالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ﴾[4].

﴿**ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ**﴾ يەنى ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى، پۇت ـ قوللىرى ۋە باشقا بارلىق ئەزالىرى ئازابلىنىدۇ. ئەمرى ئىبنى مەيمۇن ئىبنى مەھران بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سۆڭەك، نېرۋا ۋە تومۇرنىڭ ھەممىسى ئازابلىنىدۇ.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنىدە الله تائالانىڭ جەھەننەم ئوتىدا ئازابلايدىغان ئازابلىرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەگەر ئۇ يەردە ئۆلۈش بولسا ئىدى، ئۇ ئازابلاردىن پەقەت بىر تۈرلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، ئۇ يەردە ئۆلۈش بولمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ

(1) كەھف سۈرىسى 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھەج سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

يېنىكلىتىلمەيدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۆلۈش بولسا ئىدى، بۇ ئازابنىڭ تۈرلىرىدىن پەقەت بىرىلا تەكەببۇر كاپىرلارغا كەلسە، ئۇلار ئۇ ئازابتا ئۆلۈپ قالاتتى. ئۇلار داۋاملىشىپ تۇرىدىغان قاتتىق ئازابتا مەڭگۈ قالدۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ﴾**.

**﴿شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى ئۇنىڭغا بۇ ئازابتىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق يەنە بىر ئازاب بار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە دوزىخىلارنىڭ بىردە زەققۇم دەرىخىدىن يەپ، بىردە يۇقىرى ھارارەتلىك قايناق سۇ ئىچىپ، يەنە بىردە دوزاختا تاشلىنىپ ئازابلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالاغا سېغىنىپ، بۇ ئازابلاردىن پاناھ تىلەيمىز ـ ئامىن!

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ، گۇناھكارلار ئىنكار قىلىدىغان جەھەننەمدۇر. ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ﴾[3]، ﴿بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار (بەدەنىنىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ﴾[4]، ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرىرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[5]، ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىنى ئىچىدۇ﴾[6]، ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قايناپدۇ. (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن

(1) فاتىر سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساففات سۈرىسى 64 ـــ 68 ـ ئايەتلەر.
(3) راھمان سۈرىسى 43 ـــ 44 ـ ئايەتلەر.
(4) ۋاقىئە سۈرىسى 41 ـــ 44 ـ ئايەتلەر.
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(6) ساففات سۈرىسى 64 ـــ 67 ـ ئايەتلەر.

ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ. بۇ (ئازاب) ھەقىقەتەن (ھايات ۋاقتىڭلاردا) سىلەر شەكلەنگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ﴾[1]، ﴿بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي! بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان ـ يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار﴾[2].

الله تائالانىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارغا يۈرگۈزىدىغان، سانى، تۈرى ۋە شەكلىنى الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان، ئارقىمۇ ئارقا داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئازابلارنى بايان قىلغان ئايەتلەر بار. ﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[3].

*******

مَّثَلُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِرَبِّهِمْۖ أَعۡمَٰلُهُمۡ كَرَمَادٍ ٱشۡتَدَّتۡ بِهِ ٱلرِّيحُ فِي يَوۡمٍ عَاصِفٖۖ لَّا يَقۡدِرُونَ مِمَّا كَسَبُواْ عَلَىٰ شَيۡءٖۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ﴿١٨﴾

پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)﴿18﴾.

## كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مىسالى

بۇ، الله تائالاغا باشقىسىنى قېتىپ ئىبادەت قىلغان، الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغان، ئاساسسىز ۋە توغرا بولمىغان ئەمەللەرنى قىلغان، لېكىن ئۇ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئەڭ موھتاج بولغاندا، ئۇلارنىڭ ساۋابى يوق بولۇپ كەتكەن كاپىرلار ئۈچۈن بايان قىلىنغان مىسالدۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار (بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى بۇ، قىيامەت كۈنى الله تائالادىن ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى تەلەپ قىلغان چاغدىكى مىسالدۇر. چۈنكى ئۇلار ئەمەللىرىمىز بىلەن ئەجىرگە ئېرىشىمىز دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇلار ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمەللىرىنىڭ قاتتىق بوراندا توزۇپ كېتىدىغان كۈلگىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ھېچبىر پايدا بەرمىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ قاتتىق بوران چىققان كۈنلەردە كۈلنى ئۇچۇرۇۋەتمەي، ساقلاپ قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆز ئەمەللىرىنى ساقلاپ قالار ئىدى.

(1) دۇخان سۈرىسى 43 ـــ 50 ـ ئايەتلەر.
(2) ساد سۈرىسى 55 ـــ 58 ـ ئايەتلەر.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،)يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا (رىيا قىلىپ) بەرگەن سەدىقىلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بىر قەۋمنىڭ زىرائىتىگە تېگىپ ئۇنى نابۇت قىلىۋەتكەن سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ (ئىگىلىرىنىڭ گۇناھى تۈپەيلى دېھقانچىلىقى نابۇت قىلىنغان بۇ زىرائەتكە ئوخشاش، الله  ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى بەربات قىلىدۇ)﴾[2]، ﴿ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، الله  غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنى) گە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇر دىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. الله  كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3].

﴿بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)﴾ يەنى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەمەلى ئاساسسىز ۋە توغرا ئەمەس ئىدى. شۇڭا نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرى ساۋابقا ئەڭ موھتاج بولغاندا ساۋابىنى يوقىتىپ قويىدى، ﴿بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)﴾.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَأْتِ بِخَلْقٍ جَدِيدٍ ﴿١٩﴾ وَمَا ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ بِعَزِيزٍ ﴿٢٠﴾

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى الله  نىڭ ھەق ئاساستا ياراتقانلىقىنى (يەنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر الله  خالىسا، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى) يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ﴿19﴾. بۇ الله  غا قىيىن ئەمەس﴿20﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ پاكىتلىرى

الله  تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى الله  تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى. ئۇلارنى يارىتىش ئىنسانلارنى يارىتىشتىن قىيىندۇر. شۇنداق كەڭ، ئېگىز ۋە كاتتا ئاسماننى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتلىنىدىغان ياكى ھەرىكەتلەنمەيدىغان يۇلتۇزلارنى، سەييارىلارنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئاجايىباتلارنى ياراتقان، زېمىندىكى مۇنبەت ۋە قۇرغاق يەرلەرنى، بوستان ۋە چۆللەرنى ياراتقان،



(1) فۇرقان سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 264 ـ ئايەت.

ئۇ زېمىننى يۇمشاق سېلىنچىدەك قىلغان، ئۇ زېمىندا كۆللەرنى، تاغلارنى ۋە قۇرۇقلۇقلار بىلەن گىرەلەشكەن دېڭىز ـ ئوكيانلارنى، تۈرلىرى، شەكىللىرى، رەڭلىرى، ھەجىملىرى ۋە يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئۇچار قۇش، ھايۋانات، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ۋە زىرائەتلەرنى ياراتقان الله قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟!

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]، ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. الله پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقوقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2]، ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر الله غا موھتاجسىلەر، الله (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ الله غا قىيىن ئەمەس﴾[3]، ﴿ئەگەر سىلەر (الله نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، الله سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى الله غا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[4]، ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾[5]، ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، الله بۇنىڭغا قادىردۇر﴾[6].

* * * * * * *

وَبَرَزُواْ لِلَّهِ جَمِيعًا فَقَالَ ٱلضُّعَفَٰٓؤُاْ لِلَّذِينَ ٱسۡتَكۡبَرُوٓاْ إِنَّا كُنَّا لَكُمۡ تَبَعًا فَهَلۡ أَنتُم مُّغۡنُونَ عَنَّا مِنۡ
عَذَابِ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۚ قَالُواْ لَوۡ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ لَهَدَيۡنَٰكُمۡۖ سَوَآءٌ عَلَيۡنَآ أَجَزِعۡنَآ أَمۡ صَبَرۡنَا مَا لَنَا مِن
مَّحِيصٖ ٢١

(1) ئەھقاف سۈرىسى 33ـ ئايەت.
(2) ياسىن سۈرىسى 77 ــــ 83 ـ ئايەتكىچە.
(3) فاتىر سۈرىسى 15 ــــ 17 ـ ئايەتكىچە.
(4) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) مائىدە سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) نىسا سۈرىسى 133 ـ ئايەت.

ئۇلار (يەنى خالايىقلار) نىڭ ھەممىسى (قىيامەت كۈنى قەبرىلىرىدىن) چىقىپ، **الله** غا مۇلاقات بولىدۇ، ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزگە بولۇۋاتقان **الله** نىڭ ئازابىدىن ئازراق دەپئى قىلالامسىلەر؟» دەيدۇ. ئۇلار: «**الله** بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە سىلەرنى ھىدايەت قىلاتتۇق، بىز مەيلى نالە ـ پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق» دەيدۇ﴿21﴾.

## دوزاخ ئەھلىدىن ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ مۇنازىرىسى

﴿**الله غا مۇلاقات بولىدۇ**﴾ ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ۋە يامىنىنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك **الله** تائالاغا ھېساب بېرىش ئۈچۈن ھېچقانداق دالدا يوق، تۈپتۈز مەيدانغا جەم بولىدۇ.

﴿**ئاجىزلىرى (يەنى ئەگەشكۈچىلىرى) مۇتەكەببىرلىرىگە (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىڭلار ئىدۇق، سىلەر بىزگە بولۇۋاتقان الله نىڭ ئازابىدىن ئازراق دەپئى قىلالامسىلەر؟» دەيدۇ**﴾ يەنى شېرىكى يوق، يالغۇز **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىن باش تارتقان ئەگەشكۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى، خوجايىنلىرى، چوڭلىرى ۋە ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە: بىزنى نېمىگە بۇيرۇغان بولساڭلار، سىلەرگە ئەگىشىپ شۇنى قىلغان ئىدۇق. سىلەر بىزگە ۋەدە قىلغىنىڭلاردەك ۋە بىزگە ئارزۇ قىلدۇرغىنىڭلاردەك، بىزدىن **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتەمسىلەر؟ ـ دەيدۇ.

ئەگەشتۈرگۈچىلەر جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله بىزنى ھىدايەت قىلغان بولسا ئىدى، بىز ئەلۋەتتە سىلەرنى ھىدايەت قىلاتتۇق**﴾ لېكىن، **الله** تائالانىڭ كاپىرلارنى ئازابلاشتىن ئىبارەت سۆزى بىزگىمۇ، سىلەرگىمۇ بېكىتىلىپ بولدى.

﴿**بىز مەيلى نالە ـ پەرياد قىلايلى، مەيلى سەۋر قىلايلى، بەرىبىر ئوخشاش، بىزگە ھېچقانداق قاچىدىغان جاي يوق**﴾ يەنى بىز ئۇ ئازابقا سەۋر قىلايلى ياكى سەۋر قىلمايلى، بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمىز. مېنىڭ (يەنى ئىبنى كەسىرنىڭ) قارىشىمچە: بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلار دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇ چاغدا ئۇلار دوزاختا ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىدۇ، ئاجىز (ئەگەشكۈچىلەر) ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرىگە): «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرگە ئەگەشكەن ئىدۇق، بىزدىن دوزاخ ئازابىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ تاشلىيالامسىلەر؟» دەيدۇ. ھاكاۋۇر (ئەگەشتۈرگۈچىلىرى): «شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دوزاختادۇرمىز، **الله** ھەقىقەتەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى» دەيدۇ﴾[1]، ﴿**الله** (ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ

(1) غافىر سۈرىسى 47 ــ 48 ـ ئايەتلەر.

ھەممىسى دوزاختا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. الله : «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾[1]، ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۆرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز الله غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ﴾[2].

ئەمما ئۇلارنىڭ مەھشەرگاھتا خۇسۇمەت قىلىششى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان: ﴿كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى الله نى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ﴾[3].

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَمَّا قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ إِنَّ ٱللَّهَ وَعَدَكُمۡ وَعۡدَ ٱلۡحَقِّ وَوَعَدتُّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُكُمۡۖ وَمَا
كَانَ لِيَ عَلَيۡكُم مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوۡتُكُمۡ فَٱسۡتَجَبۡتُمۡ لِيۖ فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوٓاْ أَنفُسَكُمۖ
مَّآ أَنَا۠ بِمُصۡرِخِكُمۡ وَمَآ أَنتُم بِمُصۡرِخِيَّۖ إِنِّي كَفَرۡتُ بِمَآ أَشۡرَكۡتُمُونِ مِن قَبۡلُۗ إِنَّ
ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٢٢﴾ وَأُدۡخِلَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي
مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِمۡۖ تَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٌ ﴿٢٣﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 38 ـــ 39 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 66 ـــ 68 ـ ئايەتكىچە.
(3) سەبە سۈرىسى 31 ـــ 33 ـ ئايەتكىچە.

ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «اللہ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اللہ غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ﴿22﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ﴿23﴾.

## ئىبلىسنىڭ قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرىگە سۆز قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىدىغانلىقى

اللہ تائالا بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ مۆمىنلەرنى جەننەتلەرگە كىرگۈزۈپ، كاپىرلارنى دوزاخلارغا تاشلىغاندىن كېيىن، ئىبلىس ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۇلارنىڭ دەرت ـ ئەلىمىنى، ئالدىنىپ تارتقان زىيىنىنى زىيادە قىلىدىغان ۋە ھەسرىتىگە ھەسرەت قوشىدىغان تۆۋەندىكى سۆزنى قىلىدۇ: **﴿اللہ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى)﴾** يەنى اللہ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. اللہ تائالا پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشكەنلەرگە نىجاتلىقنى ۋە سالامەتلىكنى ۋەدە قىلدى. اللہ تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى ھەق ۋە راستتۇر. ئەمما مەن (يەنى ئىبلىس) بولسام، سىلەرگە ۋەدە قىلدىم، ئاندىن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

**﴿سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق﴾** يەنى مەن سىلەرنى چاقىرغان نەرسىلەر ھېچبىر پاكىتى بولمىغان نەرسىلەردۇر. مەن سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىمۇ ھېچبىر ھۆججىتى بولمىغان نەرسىدۇر.

**﴿مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار﴾** يەنى مەن پەقەت ئاشۇ نەرسىلەرگە دەۋەت قىلىپلا قويغان ئىدىم. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر

(1) نىسا سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا توغرا دەلىل ـ پاكىتلارنى تۇرغۇزدى. ئاندىن سىلەر پەيغەمبەرلەرگە داۋاملىق قارشىلىق قىلىپ ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇردۇڭلار.

﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار**﴾ يەنى بۈگۈن ماڭا مالامەت قىلماڭلار، بەلكى ئۆزەڭلارغا مالامەت قىلىڭلار. ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دەلىللەرگە قارشىلىق قىلغىنىڭلار ۋە مەن سىلەرنى چاقىرغان باتىلغا ئەگەشكىنىڭلار ئۈچۈندۇر.

﴿**مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن**﴾ يەنى مەن سىلەرگە مەنپەئەت بېرەلمەيمەن ۋە سىلەر تارتىۋاتقان ئازابتىن سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن. ﴿**سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر**﴾.

﴿**مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اللہ غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى بۈنىڭدىن بۇرۇن مېنى اللہ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغىنىڭلارنىڭ سەۋەبىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مەن ئۇلۇغ ۋە كاتتا اللہ تائالاغا شېرىك ئىكەنلىكىمدىن تانىمەن. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ سۆزى كۈچلۈك بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەت بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرىدۇ:

﴿اللہ نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ اللہ ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[2].

﴿**زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ، باتىلغا ئەگىشىپ، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلارغا چوقۇم دەرتلىك ئازاب بار. ئايەتنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسلۇبىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئىبلىسنىڭ سۆز قىلىشى (ئىبلىس ۋە ئۇلار) دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.

ئامىر شەئبىي مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئىككى سۆز قىلغۇچى چىقىدۇ. اللہ تائالا مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللہ نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟»﴾، ﴿ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەم مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى

(1) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) مەريەم سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، ـ دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن﴾[1].

ئىبلىس مەلئۇن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار...**﴾

ﷲ تائالا بەختسىزلەرنىڭ بارىدىغان جايىنى، ئۇلار تارتىدىغان خارلىق ۋە قاتتىق ئازابنى ۋە ئىبلىس مەلئۇننىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆزىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا بەختلىك كىشىلەرنىڭ بارىدىغان جايىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (پەرىشتىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ) سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، دەپ سالام بېرىدۇ**﴾ يەنى جەننەتلەردىكى ئۆستەڭلار ئۇلار قەيەردە بولسا ۋە قەيەرگە ماڭسا، شۇ تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. ئۇلار جەننەتتە ﷲ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن مەڭگۈ قالىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) «سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!» دەيدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ﴾[4]، ﴿ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ غا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾[5].

*******

(1) مائىدە سۈرىسى 116 ـــ 117 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇمەر سۈرىسى 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رەئد سۈرىسى 23 ـــ 24 ـ ئايەتلەر.
(4) فۇرقان سۈرىسى 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) يۇنۇس سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾ تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾ وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ ﴿٢٦﴾

الله نىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان﴿24﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. الله كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ﴿25﴾. يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ﴿26﴾.

## ئىسلام كەلىمىسى بىلەن كۇفرى كەلىمىسىنىڭ مىسالى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: **﴿كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى﴾** دېگەن ئايىتى بىر الله تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. **﴿ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ﴾** دېگىنى، مۆمىندۇر. **﴿يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان﴾** دېگىنى، مۆمىننىڭ دىلىدىكى يالغۇز الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھ يوق دېگەن ئىمان ئەقىدىسىدۇر. **﴿شېخى ئاسمانغا تاقاشقان﴾** دېگىنى، بىر الله تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن مۆمىننىڭ ئەمەلى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، - دېگەنلىكتۇر. سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش دېدى.

مانا مۇشۇ مىسال ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ ئەمەلىدىن ئىبارەتتۇر. مۆمىننىڭ سۆزى گۈزەل، ئەمەلى توغرىدۇر. ھەقىقەتەن مۆمىن خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ. مۆمىننىڭ ئەمەلى ئەتىگەن - كەچتە (ھەر ۋاقىتتا) الله تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا خىسلىتى مۇسۇلمانغا ئوخشايدىغان، قىشمۇ ياز يوپيۇرمىقى چۈشۈپ كەتمەيدىغان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىدىغان بىر دەرەخنى دەپ بېرىڭلار» دېدى.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: كۆڭلۈمگە: ئۇ دەرەخ ”خورما دەرىخى“ دېگەن ئوي كەلدى. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ سۆزلىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار ھېچنەرسە دېمىگەن يەردە ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنى لايىق كۆرمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ خورما دەرىخىدۇر» دېدى. ئاندىن بىز ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، مەن ئۆمەرگە: ئى ئاتا! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كۆڭلۈمگە: ئۇ چوقۇم خورما دەرىخى دېگەن ئوي كەچكەن ئىدى، - دېدىم. ئاتام: ئۇنداقتا نېمىشقا دېمىدىڭ؟ - دېدى. مەن: سىلەر بىر نەرسە دېمىگەچكە، ئالدىڭلاردا ئېغىز ئېچىشنى توغرا تاپمىدىم، - دېدىم. ئاتام مۇنداق دېدى: مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭگە كەچكەننى

دېيىشكىنى ياخشى دەپ قارايمەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: ﴿**ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى دەرەخ جەننەتتىكى بىر دەرەخنى كۆرسىتىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ**﴾ ئايەتنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا، ھەقىقەتەن مۆمىننىڭ مىسالى قىش - ياز، كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا مېۋىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان دەرەخنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر. شۇنىڭدەك، مۆمىننىڭ ياخشى ئەمەلى كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا الله تائالانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن مول، بەرىكەتلىك، چىرايلىق ۋە سەرخىل مېۋە بېرىدۇ. ﴿**الله كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ**﴾.

﴿**يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ**﴾ يەنى كاپىرنىڭ كۇپۇرلۇقىنىڭ مىسالى ئۇلى يوق، چىڭ تۇرالمايدىغان قامغاققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى يوق بولۇپ، مۇستەھكەم تۇرالمىغاندەك، كۇپۇرلۇقنىڭمۇ ئاساسى بولمايدۇ. كاپىرنىڭ ئەمەلى ئاسمانغا ئۆرلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

* * * * * * *

يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴿٢٧﴾

الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ﴿27﴾.

## الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىمان كەلىمىسىدىن ئىبارەت ھەق سۆزدە مۇستەھكەم تۇرغۇزىدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان قەبرىسىدە سوئال سورالغاندا: بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ پەيغەمبىرى، - دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿**الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ جىنازىسىغا ئەگىشىپ

قەبرىستانلىقتا بار‌دۇق. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا خۇددى باشلىرىمىزغا قۇش قونغاندەك جىم ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر ياغاچ بولۇپ، ئۇ ياغاچ بىلەن يەرنى چوقچىلاپ ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ﷲ تائالاغا سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار» دېگەن سۆزنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن مۆمىن بەندە دۇنيادىن خوشلىشىپ (ئايرىلىپ) ئاخىرەتكە يۈزلەنگەندە، ئاسماندىن يۈزلىرى ئاپئاق، خۇددى كۈندەك نۇرلۇق پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ كېپەنلىرى ۋە خۇش پۇراقلىرىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇ مۆمىنگە كۆرۈنگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. ئەمما جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ: ئى پاك جان! ﷲ تائالا تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رازىلىققا چىققىن!ـ دەيدۇ. ئۇ پاك جان خۇددى تۇلۇمنىڭ ئېغىزىدىن سىرغىپ چىققان تامچىدەك چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جان ئالغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ بولغاندا، ھېلىقى پەرىشتىلەر جاننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، جەننەتتىن ئېلىپ كەلگەن كېپەنلەر بىلەن كېپەنلەيدۇ ۋە خۇش پۇراقلارنى چاچىدۇ. ئۇ جاندىن يەر يۈزىدە تېپىلىدىغان ئەڭ خۇش ـ پۇراق ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك پۇراق چىقىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ جاننى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ جاننى ئېلىپ ماڭغان پەرىشتىلەر پەرىشتىلەردىن بولغان بىر جامائەنىڭ قېشىدىن ئۆتسىلا، ئۇلار: بۇ نېمە دېگەن پاك جان ـ ھە! ـ دېيىشىپ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئاتىلىدىغان ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بىلەن ئاتاپ: پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى،ـ دەيدۇ. ئۇلار ئۇ جاننى ئېلىپ بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جان ئۈچۈن ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئېچىلىدۇ. ھەر قەۋەت ئاسمىنىدىكى پەرىشتىلەر ئۇ جاننى ئۈستۈنكى ئاسمانغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇ جان يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا يەتكۈزۈلگەندە، ﷲ تائالا: مېنىڭ بەندەمنىڭ ئەمەلنى (ياخشى ئەمەللەر خاتىرىلىگەن دەپتىرىنى) ئىللىيىنغا (يەنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا) يېزىڭلار ۋە ئۇنى زېمىنغا قايتۇرۇڭلار. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارنى زېمىندىن ياراتتىم، ئۇلارنى زېمىنغا قايتۇرىمەن ۋە ئۇلارنى زېمىندىن يەنە بىر قېتىم چىقىرىمەن (تىرىلدۈرىمەن)،ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان ئۆزىنىڭ جەسىدىگە قايتۇرۇلىدۇ.

بەندە قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ (ئۇنىڭدىن): پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: پەرۋەردىگارىم ﷲ ،ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككى پەرىشتە: دىنىڭ نېمە؟ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: دىنىم ئىسلام،ـ دەيدۇ. ئاندىن: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەم كىم؟ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئۇ ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى،ـ دەيدۇ. ئاندىن: بۇنى قانداق بىلىسەن؟ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ﷲ نىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىشەندىم ۋە ئۇنى تەستىقلىدىم،ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: مېنىڭ بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە ئىشىك ئېچىڭلار،ـ دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەندىگە جەننەتنىڭ مەيىن شامىلى ۋە خۇش پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى، ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە كېڭەيتىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ قېشىغا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، چىرايلىق

كىينىگەن ۋە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كېلىپ: سېنى خۇرسەن قىلىدىغان نەرسە بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن، بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغاندۇر،ـ دەيدۇ. ئۇ (ئۇ ئادەمدىن): سەن كىم بولىسەن؟ سېنىڭ يۈزۈڭدىن ياخشىلىق يېغىپ تۇرىدىغۇ؟ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەلىڭ،ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە: ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەتنى تېزراق قىلغىن، قىيامەتنى تېزراق قىلغىن، مەن ئائىلەمگە ۋە مال ـ دۇنيالىرىمنىڭ يېنىغا قايتىۋالاي،ـ دەيدۇ.

كاپىر بەندە دۇنيادىن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە يۈزلەنگەندە، يۈزلىرى قاپقارا پەرىشتىلەر ئاسماندىن يىرىك كېپەنلەرنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. جان ئالغۇچى پەرىشتە كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ: ئى مەينەت جان! الله تەرىپىدىن بولغان قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەتكە چىققىن،ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جان كاپىرنىڭ جەسىتىدىن ئايرىلىشقا باشلايدۇ. جان ئالغۇچى پەرىشتە كاپىرنىڭ جېنىنى خۇددى ھۆللەنگەن يۇڭدىن زىخ تارتقاندەك تارتىپ ئالىدۇ.

جان ئالغۇچى پەرىشتە ئۇ جاننى ئېلىپ بولغاندا، ھېلىقى پەرىشتىلەر جاننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يىرىك كېپەن بىلەن ئورايدۇ. جاندىن زېمىن يۈزىدە تېپىلىدىغان (تاپتىن چىققان) ئەڭ سېسىق پۇراقتەك سېسىق پۇراق چىقىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ مەينەت جاننى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئۇلار پەرىشتىلەردىن بولغان ھەر بىر جامائەنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار: بۇ نېمە دېگەن مەينەت جان!ـ دېيىشىپ، ئۇ جان ئىگىسىنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئاتىلىدىغان ئەڭ سەتناملىرى بىلەن ئاتاپ: پالانىنىڭ ئوغلى پالانى،ـ دەيدۇ. ئۇلار ئۇ جاننى ئېلىپ بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ جان ئۈچۈن ئاسماندىن ئىشىك ئېچىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىلمايدۇ. (مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.) ئاندىن الله تائالا: ئۇ كاپىرنىڭ ئەمەلىنى زېمىننىڭ ئەڭ ئاستىدىكى (يامانلارنىڭ ھالى نامى ئەمەلى يېزىلىدىغان دەپتەر) سىججىنغا يېزىڭلار!ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كاپىرنىڭ جېنى تۆۋەنگە قارىتىپ تاشلىنىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى توختىتىپ: ﴿كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كاپىرنىڭ جېنى ئۆزىنىڭ جەسىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ـ دەيدۇ. ئۇ نېمە ـ نېمە، بىلەلمەيمەن،ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەم كىم؟ دەپ

(1) ئەئراف سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سورايدۇ. ئۇ: نېمە، نېمە، بىلەلمەيمەن،- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسماندىن: مېنىڭ بەندەم يالغان ئېيتتى، ئۇنىڭغا ئوتتىن بىر كۆرپە سېلىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار،- دەپ ئاۋاز كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ھارارىتى ۋە بەدەنگە كىرىپ كېتىدىغان ئاتەشلىك شاملى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى قوۋۇرغىلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكۈچە تارىيىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بەتبەشىرە، كىيىم - كېچەكلىرى مەينەت، سەت، بەتبۇي چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم كېلىپ: ساڭا شۇم خەۋەر بولسۇن، بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر،- دەيدۇ. ئۇ كاپىر: سەن كىم؟ سېنىڭ يۈزۈڭدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغۇ؟- دەيدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ يامان ئەمەلىڭدۇرمەن،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كاپىر: ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت قىلمىغىن!- دەيدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبدۇ ئىبنى ھۇمەيد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بەندە قەبرىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەبرە بېشىدىن قايتقاندا، ئۇ بەندە ئۇلارنىڭ ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ (ئۇنىڭدىن): بۇ ئادەم توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟- دەپ سورايدۇ. ئۇ مۆمىن: ھەقىقەتەن بۇ ئادەم الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن،- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: دوزاختىكى ئورنۇڭغا قارا، الله تائالا ساڭا ئۇ جايىڭ ئورنىغا جەننەتتىن بىر جايىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇ مۆمىن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبدۇ ئىبنى ھۇمەيدتىن قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ مۆمىنگە قەبرىسى 70 گەز كېڭەيتىلىپ بېرىلىپ، تاكى قىيامەتكىچە يېشىللىق بىلەن توشقۇزۇلىدۇ. بۇ ھەدىسنى نەسەئى يۇنۇس ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار ئۆلۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا قاپقارا ۋە كۆپكۆك ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى مۇنكىر، يەنە بىرى نەكىر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: بۇ ئادەم ھەققىدە نېمە دەيسەن؟- دەيدۇ. ئۇ ئادەم بۇرۇن دەپ كەلگىنى بويىچە: ئۇ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. مەن: الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن،- دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى (ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى) 70 گەز كېڭەيتىلىدۇ. قەبرىسى نۇرلۇق قىلىپ بېرىلىپ: "ئۇخلىغىن" دېيىلىدۇ. ئۇ كىشى: مەن ئائىلەمگە قايتىپ ئۇلارغا خەۋەر بېرىمەن،- دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: يېڭى توي قىلغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئويغاتمىسا، ئويغانمىغان يىگىتتەك شېرىن ئۇخلىغىن،- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەتتا الله تائالا ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزغىچە (قىيامەتكىچە) ئۇخلايدۇ.

ئەگەر ئۆلگۈچى مۇناپىق بولسا، ئۇ مۇناپىق: كىشىلەرنىڭ (ئۇ ئادەم ھەققىدە)

سۆزلەشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، مەنمۇ ئۇ كىشىلەر نېمە دېسە، شۇنى دېدىم،- دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: بىز سېنىڭ چوقۇم شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق،- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىنغا: ئۇ مۇناپىقنى قىستا!- دېيىلىدۇ. زېمىن ئۇنى شۇنداق قىسىدۇكى، ھەتتا ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مۇناپىق قەبرىسىدە تاكى الله تائالا ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزغىچە (قىيامەتكىچە) داۋاملىق ئازابلىنىدۇ».

ئىبنى جەرىر تەبەرى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿**الله مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ**﴾ بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ئەھۋال ئۇ مۆمىندىن قەبرىدە: سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟- دەپ سورالغان چاغدىكى ئەھۋالدۇر. ئۇ مۆمىن: پەرۋەردىگارىم الله، دىنىم ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ بىزگە الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن ئوچۇق پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم ۋە تەستىقلىدىم،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: راست گەپ قىلدىڭ. سەن دېگىنىڭدەك ياشىدىڭ ۋە شۇ سۆزۈڭنىڭ ئۈستىدە ئۆلدۈڭ، قەبرىڭدىنمۇ شۇ بويىچە تۇرغۇزۇلىسەن،- دەيدۇ».

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن ئۆلگۈچى سىلەرنىڭ قەبرە بېشىدىن يانغان چاغدىكى ئاياق تاۋۇشۇڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى مۆمىن بولسا، ئوقۇغان نامىزى باش تەرىپىدە، بەرگەن زاكىتى ئوڭ تەرىپىدە تۇتقان روزىسى سول تەرىپىدە، قىلغان سەدىقىسى، تۇغقانلىرىغا ۋە كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاياق تەرىپىدە بولىدۇ. ئىككى پەرىشتە ئۇ مۆمىننىڭ يېنىغا باش تەرىپىدىن كەلسە، ناماز: مەن تەرەپتىن كىرىش ئورنى يوق،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كەلسە، زاكات: مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ سول تەرىپىدىن كەلسە، روزا: مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدىن كەلسە، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى: مېنىڭ تەرىپىمدە كىرىش ئورنى يوق،- دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۆمىنگە: ئولتۇرغىن،- دېيىلىدۇ. ئۇ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندەك كۆرۈنىدۇ.

پەرىشتىلەر تەرىپىدىن: بىز سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگىن،- دېيىلىدۇ. ئۇ: مەن ناماز ئوقۇۋالغۇچە ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: سەن ھەقىقەتەن بىر ئازدىن كېيىن شۇنداق قىلىسەن، ئاۋۋال سورىغان نەرسىلەرگە جاۋاب بەرگىن،- دېيىلىدۇ. ئۇ: مەندىن نېمە سورايسىلەر؟- دەيدۇ. ئۇنىڭغا: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرغان بۇ ئادەم توغرىسىدا نېمە دەيدىغانلىقىڭنى، ئۇ ئادەمگە قانداق گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىڭنى دەپ بەرگىن،- دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم: بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغۇ،- دەيدۇ. ئۇنىڭغا: ھەئە، شۇنداق،- دېيىلىدۇ. ئۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئۇ بىزگە الله تائالا تەرىپىدىن ئوچۇق پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇنى تەستىقلىدۇق،- دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: سەن ھەقىقەتەنمۇ شۇنىڭ ئۈستىدە ياشىدىڭ، شۇنىڭدا ئۆلدۈڭ. الله خالىسا، شۇنىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلىسەن،- دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەز كېڭەيتىلىدۇ

ۋە نۇرلۇق قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا جەننەت تەرىپىدىن ئىشىك ئېچىلىدۇ ۋە: **اللە** تائالا ساڭا جەننەتتە تەييارلىغان نەرسىلەرگە قارىغىن، ـ دېيىلىدۇ. ئۇ نېمەتلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، خۇرسەنلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ جېنى ياخشى جانلار ئىچىدە قىلىنىدۇ. ئۇ ياخشى جانلار جەننەتنىڭ دەرەخلىرىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان يېشىل قۇشلاردۇر. ئۇنىڭ جەستى باشتا يارىتىلغان تۇپراققا قايتۇرۇلىدۇ».

مانا مۇشۇلار **اللە** تائالانىڭ: ﴿**اللە مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى. ئۇنىڭدا كاپىرنىڭ جاۋابى ۋە ئۇنىڭغا بولىدىغان ئازاب تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

ئابدۇررازاق تائۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**اللە مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: بىر **اللە** تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، ـ دېگەنلىكتۇر. ﴿**ئاخىرەتتە**﴾ دېگەننىڭ مەنىسى: قەبرىدىكى سوراق، ـ دېگەنلىكتۇر.

قەتادە مۇنداق دېدى: ﴿**دۇنيادا**﴾ يەنى دۇنيا ھاياتلىقىدا **اللە** تائالا مۆمىنلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ﴿**ئاخىرەتتە**﴾ يەنى قەبرىدە ئىمان بىلەن ئارام تاپقۇزىدۇ. سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىر قانچىسىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنىدى.

* * * * * * *

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ بَدَّلُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ كُفْرًا وَأَحَلُّوا۟ قَوْمَهُمْ دَارَ ٱلْبَوَارِ ﴿٢٨﴾ جَهَنَّمَ يَصْلَوْنَهَا ۖ
وَبِئْسَ ٱلْقَرَارُ ﴿٢٩﴾ وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا لِّيُضِلُّوا۟ عَن سَبِيلِهِۦ ۗ قُلْ تَمَتَّعُوا۟ فَإِنَّ مَصِيرَكُمْ
إِلَى ٱلنَّارِ ﴿٣٠﴾

**اللە** نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴿28﴾ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴿29﴾. ئۇلار (كىشىلەرنى) **اللە** نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، **اللە** غا نۇرغۇن بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالدى. ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولدۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن﴿30﴾.

## اللە تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە كۇپۇرلۇق قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى

ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ**﴾ يەنى بىلمىدىڭمۇ دېگەنلىك بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ مۇشۇ مەزمۇن تەكىتلەنگەن. ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ

فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾[1]، ﴿ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟﴾[2].

ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿اللە نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ﴾** دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار مەككە كاپىرلىرىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى كەۋۋا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: **﴿نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئۇلار بەدرى غازىتىدىكى قۇرەيش كاپىرلىرىدۇر. قۇرەيش كاپىرلىرىغا **اللە** تائالانىڭ ئىمان نېمىتى كەلدى، ئۇلار **اللە** تائالانىڭ نېمىتىنى كۇپۇرلۇققا تېگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىنى ھالاكەت ئازگىلىغا باشلىدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى كاپىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيدۇر. ھەقىقەتەن **اللە** تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەھلى جاھانغا رەھمەت ۋە ئىنسانىيەتكە نېمەت قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ نېمەتنى قوبۇل قىلىپ، شۈكرانىسىنى ئۆتىگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ نېمەتنى ئىنكار قىلىپ، كۇپۇرلۇق قىلغان كىشى دوزاخقا كىرىدۇ.

**﴿ئۇلار (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) ئازدۇرۇش ئۈچۈن، اللە غا نۇرغۇن بۇتلارنى شېرىك قىلىۋالدى﴾** يەنى ئۇلار **اللە** تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى قېتىپ ئىبادەت قىلدى. كىشىلەرنى ئاشۇ شېرىكلەرگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئاندىن **اللە** تائالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارغا: «(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولدۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بارىدىغان جايىڭلار دوزاختۇر» دېگىن﴾** يەنى دۇنيادا قانداقلىكى بىر نەرسىگە قادىر بولساڭلار، ئۇنى قولۇڭلاردىن كەلگىنىچە قىلىڭلار، سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[3]، ﴿ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[4].

* * * * * * *

قُل لِّعِبَادِيَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُنفِقُواْ مِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ سِرّٗا وَعَلَانِيَةٗ مِّن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَ يَوۡمٞ لَّا بَيۡعٞ فِيهِ وَلَا خِلَٰلٌ ﴿٣١﴾

(1) فىل سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 243 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) لوقمان سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

مۆمىن بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار نامازنى ئادا قىلسۇن، ئالدى ـ ساتتىمۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن﴿31﴾.

## ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى الله تائالاغا بويسۇنۇشقا، الله تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا، الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا، شېرىكى يوق، يالغۇز بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىپ ناماز ئوقۇشقا، الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ زاكاتلىرىنى بېرىشكە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سەدىقە بېرىشكە ۋە يات كىشىلەرگىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئايەتتىكى «ناماز ئوقۇش» دېگەن سۆزدىن، ناماز ئوقۇغاندا نامازنىڭ ۋاقتىغا، بارلىق رۇكۇ، سەجدە ۋە باشقا ئەركانلىرىغا تولۇق رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق ئادەم فىدىيە بېرىپمۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن، الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن مەخپىي ۋە ئاشكارا نەپىقە قىلىشقا ۋە شۇنداق قىلىشقا ئالدىرىشقا بۇيرۇيدۇ.

**﴿ئالدى ـ ساتتىمۇ، دوستلۇقمۇ بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) كېلىشتىن بۇرۇن، بىز ئۇلارغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلسۇن﴾** ئۇ ۋاقىتتا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ﴾[1].

**﴿دوستلۇقمۇ بولمايدىغان﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى ئازابلىنىشقا لايىق بولغان كىشىنى قۇتۇلدۇرۇشقا، ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان دوستنىڭ دوستلۇقى تېپىلمايدۇ. بەلكى قىيامەت كۈنىدە ئادالەت ۋە ئادىللىق يۈرگۈزۈلىدۇ.

قەتادە مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن الله تائالا ئېلىم ـ سېتىم ۋە دوستلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىر ئادەم تۇتقان دوستىغا ۋە ئۇنى نېمە ئۈچۈن دوست تۇتقانلىقىغا قاراپ باقسۇن. ئەگەر دوستلۇق الله يولىدا بولسا، ئۇنى داۋاملاشتۇرسۇن. ئەگەر ئۇ دوستلۇق الله رازىلىقىدىن باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسا، ئۇنى ئۈزسۇن.

مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق دەپ قارايمەن: الله تائالا قىيامەت كۈنىدە ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشى ئۈچۈن زېمىن توشقىچە ئالتۇن ۋە ئىلكىدە بولغان بارلىق مال ـ مۈلكىنى بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىدىن ۋە الله تائالاغا كاپىر ھالەتتە ئۇچراشقان ھەر بىر كىشىنىڭ دوستلۇقى ۋە شاپائىتىنىڭ مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچ

(1) ھەدىد سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى پايدا قىلمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار﴾[1]، ﴿ئى مۆمىنلەر! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (الله نىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴾[2].

*******

اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا
لَّكُمْ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْأَنْهَارَ ﴿٣٢﴾ وَسَخَّرَ
لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَائِبَيْنِ ۖ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ ﴿٣٣﴾ وَآتَاكُم مِّن كُلِّ مَا
سَأَلْتُمُوهُ ۚ وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَتَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا ۗ إِنَّ الْإِنسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ ﴿٣٤﴾

الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، الله سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴿32﴾. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴿33﴾. الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر الله نىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴿34﴾.

## الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتىغا ئاسماننى قوغدالغۇچى ئۆگزە، زېمىننى تۆشەك قىلىپ يارىتىپ بەرگەنلىكى، ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى، شەكلى، تەمى، پۇرىقى ۋە بېرىدىغان پايدىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل پايدىلىق زىرائەت، مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى جۈپلىرى بىلەن ئۆستۈرۈپ بەرگەنلىكى، ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىز دولقۇنلىرىدا كېمىلەرنى ماڭىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى، كېمىدە سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا قاتناپ، شۇ رايونلاردىكى مەھسۇلاتلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئەكىلەلەيدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ سۇغىرىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن زېمىننى يېرىپ، ئاقىدىغان ئۆستەڭلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان پايدىلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە كېچە ـ كۈندۈز توختاپ قالماي ماڭىدىغان كۈن ۋە ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى قاتارلىق نېمەتلىرىنى ساناپ بېرىدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى 123 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 254 ـ ئايەت.

**﴿سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1]، ﴿اللە كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ اللە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللە نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى﴾[2].

دېمەك، كۈن ۋە ئاي بىر - بىرىگە ئەگىشىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىگە قارمۇ قارشى بولۇپ، بەزىدە كۈندۈز قىسقىراپ كېچە ئۇزىرايدۇ ۋە بەزىدە كۈندۈز ئۇزىراپ كېچە قىسقىرايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)، اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ﴾[3]، ﴿اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى اللە ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[4].

**﴿سىلەر اللە نىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾** اللە تائالا بۇ ئايەتتە سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن سورىغان، سىلەر ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئەھۋالدا موھتاج بولىدىغان نەرسىلەرنى سىلەرگە تەييارلاپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ نېمەتلەرنىڭ سانىنى ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى اللە ! سەن ئۈچۈن ئېيتىلغان ھەمدۇسانا يېتەرلىك ئەمەستۇر. ئى پەرۋەردىگارىم! ھەمدە ئېيتماسلىق ۋە ھەمدە ئېيتىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش مۇمكىن ئەمەستۇر».

ئەسەردە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ساڭا شۈكۈر قىلغانلىقىم، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭدىن تۇرسا، مەن ساڭا قانداق شۈكۈر ئېيتسام بولار؟!» دېدى. اللە تائالا: «ئى داۋۇد! مانا ئەمدى ماڭا شۈكۈر ئېيتتىڭ» دېدى. يەنى نېمەت بەرگۈچى بولغان ماڭا شۈكۈر ئېيتىشقا ئاجىز كەلگەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭ ماڭا شۈكۈر ئېيتقانلىقىڭدۇر.

* * * * * * *

(1) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فاتىر سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) زۇمەر سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا ٱلۡبَلَدَ ءَامِنٗا وَٱجۡنُبۡنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعۡبُدَ ٱلۡأَصۡنَامَ ﴿٣٥﴾ رَبِّ
إِنَّهُنَّ أَضۡلَلۡنَ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِۖ فَمَن تَبِعَنِي فَإِنَّهُۥ مِنِّيۖ وَمَنۡ عَصَانِي فَإِنَّكَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن﴿35﴾. پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)﴿36﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئورۇنلاشتۇرغاندا قىلغان دۇئاسى

بۇ ئورۇندا الله تائالا ئۇرۇش ھارام قىلىنغان شەھەر مەككىنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا قۇرۇلغان تۇنجى ئورۇن ئىكەنلىكىنى، ئاھالىلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاۋات قىلىنغانلىقىنى، ئۇلار الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكىنى ۋە ئىبراھىمنىڭ مەككىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلغانلىقىنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا پاكىت قىلىپ بايان قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن**﴾ الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ﴾[1].

الله تائالا مەككە توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ﴾[2].

﴿**پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن**﴾ دېگەن ئايەتتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئانى مەككىنى بىنا قىلغاندىن كېيىن قىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿جىمى ھەمدۇ سانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن الله غا خاستۇر!﴾[3] ھەقىقەتەن ئىسمائىلنىڭ ئىسھاقتىن 13 ياش چوڭ ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانىسىنى ئېمىۋاتقان ھالىتىدىكى ئوغلى ئىسمائىلنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى مەككىگە ئاپىرىپ قويغاندىمۇ بۇ دۇئانى قىلدى. بۇ ھەقتە بەقەرە سۈرىسىدە

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 96 ــــ 97 ـ ئايەتلەر.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەڭ دائىرىدە سۆزلىگەن ئىدۇق.

﴿**مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن**﴾ بۇ دۇئانىڭ مەزمۇنىدىن ھەر قانداق دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا دۇئا قىلىشىنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇتلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازدۇرۇلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى الله تائالاغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)**﴾ الله تائالا ئۇلارنى خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾[1] بۇ ئايەتتىن كاپىرلارنى ئازابلاش ياكى مەغپىرەت قىلىش الله تائالانىڭ خاھىشى بويىچە بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا ئازاب ياكى مەغپىرەتنى تىلەشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى چىقىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن)**﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾[2] دېگەن سۆزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى الله ! مېنىڭ ئۈممىتىم. ئى الله ! مېنىڭ ئۈممىتىم. ئى الله ! مېنىڭ ئۈممىتىم» دەپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن الله تائالا: «ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارغىن. ئەلۋەتتە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بەك بىلگۈچىدۇر. سەن ئۇنىڭدىن: نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سوراپ باققىن» دېدى. جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۈممىتىمنىڭ ھالى نېمە بولار؟» دەپ يىغلىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئاندىن الله تائالا جىبرىئىلغا: «مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارغىن ۋە: ھەقىقەتەن بىز ئۈممىتىڭ توغرىسىدا سېنى رازى قىلىمىز ۋە سېنى نائۈمىد قويمايمىز، ـ دېگىن» دېدى.

* * * * * * *

(1) مائىدە سۈرىسى 118 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 118 ـ ئايەت.

رَّبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ ﴿٣٧﴾

پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمىنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن﴿37﴾.

بۇ ئايەت بۇ دۇئانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھاجەر ۋە بالىسى ئىسمائىلنى مەككە دىيارىدا قويۇپ قايتىدىغان چېغىدا، يەنى كەئبە بىنا بولۇشتىن بۇرۇن قىلغان تۇنجى دۇئاسىدىن ۋە شۇنداقلا كەبە بىنا بولغاندىن كېيىن، ئۆتكەنكى ۋەقەلەرنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋە كاتتا **الله** تائالاغا ئۈمىد باغلاپ قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق دۇئاسى ئىكەنلىكىگە پاكىت بولىدۇ. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿**سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم**﴾ دېدى.

﴿**ئەۋلادىمىنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ)**﴾ يەنى ھەقىقەتەن ئۇ ئۆيىنى مەككە ئەھلىنىڭ ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشقا قادىر بولۇشى ئۈچۈن ھۆرمەتلىك قىلدىڭ.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەيي ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئەگەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى مايىل قىلىپ بەرگىن دەپ دۇئا قىلغان بولسا، چوقۇم پارس، رۇم، يەھۇدىي، ناسارا ۋە بارلىق ئىنسانلار ئۇ يەرگە زىچ ئورۇنلاشقا بولاتتى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿**بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ**﴾ دەپ، مەككىگە كۆڭۈللەرنىڭ مايىل بولۇشىنى پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا خاس قىلدى.

﴿**ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن**﴾ يەنى ئۇ زىرائەت ئۈنمەيدىغان ۋادى بولغاچقا، بۇ رىزىق ئۇلارنىڭ ساڭا ئىتائەت قىلىشىغا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ ۋادىدا ئۇلار ئۈچۈن يېگۈدەك مېۋىلەرنى قىلىپ بەرگىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنى **الله** تائالا ئىجابەت قىلدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ، (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1]. مانا بۇ، رىزىقلار **الله** تائالانىڭ كۆيۈمچانلىقى، سېخىلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتىدىندۇر. ھۆرمەتلىك شەھەر مەككىدە مېۋە بېرىدىغان دەرەخ يوق. لېكىن **الله** تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ مېۋىلىرى مەككىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

(1) قەسەس سۈرىسى 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

رَبَّنَآ إِنَّكَ تَعۡلَمُ مَا نُخۡفِي وَمَا نُعۡلِنُۗ وَمَا يَخۡفَىٰ عَلَى ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ ﴿٣٨﴾ ٱلۡحَمۡدُ
لِلَّهِ ٱلَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى ٱلۡكِبَرِ إِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَۚ إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٩﴾ رَبِّ ٱجۡعَلۡنِي مُقِيمَ
ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلۡ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾ رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ يَوۡمَ يَقُومُ
ٱلۡحِسَابُ ﴿٤١﴾

پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە الله غا مەخپىي ئەمەس﴿38﴾. جىمى ھەمدۇ سانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن الله غا خاستۇر! پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر)﴿39﴾. پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴿40﴾. پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»﴿41﴾.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن﴾** يەنى مېنىڭ دۇئا قىلىشىمدىكى مەقسىتىمنى ۋە مېنىڭ مەككە ئەھلىگە قىلغان دۇئايىمدىكى تىلىكىمنى سەن بىلىسەن، ھەقىقەتەن ئۇ دۇئايىم سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ۋە سەن ئۈچۈن خالىس بولۇش ئۈچۈندۇر. سەن ھەقىقەتەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىسەن. زېمىندىكى ۋە ئاسماندىكى نەرسىلەردىن ھېچ بىرى ساڭا مەخپىي ئەمەستۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېرىغاندا ئۆزىگە بالا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: **﴿جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن الله غا خاستۇر! پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر)﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. مەن الله تائالادىن پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلغان ئىدىم، الله تائالا دۇئايىمنى ئىجابەت قىلدى.

**﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن﴾** يەنى مېنى ۋە مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ ئادا قىلغۇچىلاردىن قىلغىن! **﴿پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴾**.

**﴿پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»﴾** يەنى بەندىلىرىڭدىن ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات، يامان ئەمەللىرىگە جازا بېرىدىغان كۈندە مۆمىنلەرگە ۋە ئاتا ـ ئانامغا مەغپىرەت قىلغىن. بۇ دۇئا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ الله تائالاغا بولغان دۈشمەنلىكى ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن بۇرۇن قىلغان دۇئاسىدۇر.

* * * * * * *

وَلَا تَحْسَبَنَّ ٱللَّهَ غَٰفِلًا عَمَّا يَعْمَلُ ٱلظَّٰلِمُونَ ۚ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ ٱلْأَبْصَٰرُ ﴿٤٢﴾ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِى رُءُوسِهِمْ لَا يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ ۖ وَأَفْـِٔدَتُهُمْ هَوَآءٌ ﴿٤٣﴾

زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله نى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴿42﴾. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالى بولۇپ قالىدۇ﴿43﴾.

## الله تائالانىڭ كاپىرلارنىڭ قىلمىشىدىن بىخەۋەر ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بەرگەنلىكى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن الله تائالانى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن. يەنى الله تائالا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەجىلىنى كېچىكتۈرسە، الله تائالانى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىخەۋەر قالدى، ئۇلارنى بىكار قويۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بەرمىدى دەپ ئويلاپ قالمىغىن. ئەمەلىيەتتە، الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىردىن ـ بىردىن ساناپ ھېسابلاپ قويىدۇ.

**﴿الله ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن شۇنداق بولىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىدىن تۇرغاندىكى ئەھۋالىنى ۋە مەھشەرمەيدانىغا ئالدىرايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿(بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالغا قاراپ چاپىدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ﴾[1]، ﴿بۇ كۈندە (كىشىلەر الله نىڭ مەھشەرگاھقا) دەۋەت قىلغۇچىسىغا ئەگىشىدۇ، قىڭغىر كەتمەيدۇ، مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، بارلىق ئاۋازلار بېسىقىدۇ، پىچىرلاشقاندىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن. بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك الله ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن الله رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ. گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات الله غا ئېگىلىدۇ، الله غا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ﴾[3].

(1) قەمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 108 ـــ 111 ـ ئايەتلەر.
(3) مەئارىج سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

﴿**كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ**﴾ يەنى يىراققا قاراپ كۆزلىرى چېقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ قالىدۇ. ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب تۈپەيلى، قورقۇنچىنىڭ دەھشەتلىكىدىن كۆزنى بىردەممۇ يۇمالمايدۇ. قىيامەتتىكى بۇ قورقۇنچلۇق ھالەتتىن **الله** تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!

﴿**(تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل ـ ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ**﴾ يەنى قورقۇنچىنىڭ دەھشەتلىكلىكىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرى ھەممە نەرسىدىن خالىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەتادە ۋە بىر جامائە مۇنداق دېدى: قورقۇنچىنىڭ دەھشەتلىكىدىن يۈرەكلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ بوغۇزلىرىغا كەپلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يۈرەكلىرىنىڭ ئورۇنلىرى بوشتۇر.

* * * * * * *

وَأَنذِرِ ٱلنَّاسَ يَوۡمَ يَأۡتِيهِمُ ٱلۡعَذَابُ فَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رَبَّنَآ أَخِّرۡنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٖ قَرِيبٖ نُّجِبۡ دَعۡوَتَكَ
وَنَتَّبِعِ ٱلرُّسُلَۗ أَوَلَمۡ تَكُونُوٓاْ أَقۡسَمۡتُم مِّن قَبۡلُ مَا لَكُم مِّن زَوَالٖ ﴿٤٤﴾ وَسَكَنتُمۡ
فِي مَسَٰكِنِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ وَتَبَيَّنَ لَكُمۡ كَيۡفَ فَعَلۡنَا بِهِمۡ وَضَرَبۡنَا لَكُمُ
ٱلۡأَمۡثَالَ ﴿٤٥﴾ وَقَدۡ مَكَرُواْ مَكۡرَهُمۡ وَعِندَ ٱللَّهِ مَكۡرُهُمۡ وَإِن كَانَ مَكۡرُهُمۡ لِتَزُولَ
مِنۡهُ ٱلۡجِبَالُ ﴿٤٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴿44﴾. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق)﴿45﴾. ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، **الله** ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ﴿46﴾.

## ئازاب كەلگەندە مۆھلەت بېرىلمەيدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئازابىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەندە دەيدىغان سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى»**﴾.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم

بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن» . (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴾[1]، ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى الله نىڭ زىكرىدىن (يەنى الله نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار﴾[2].

الله تائالا ئۇلارنىڭ مەھشەرگاھتىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[3]، ﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ﴾[4].

الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾** يەنى سىلەر مۇشۇ ھالەتتىن بۇرۇن: بىز ئىگە بولغان ھوقۇق، پاراۋانلىق، نېمەتلەر يوقالمايدۇ، (قايتىپ بارىدىغان جاي) قىيامەت ۋە ئۇ كۈندىكى جازا يوق، ـ دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ شۇ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بۇ ئازابنى تېتىڭلار.

مۇجاھىد ۋە باشقىلار: **﴿بىز ھەرگىز يوقالمايمىز﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا: سىلەر دۇنيادىن ئاخىرەتكە يۆتكىلىش يوق دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار دېيىلىدۇ، ـ دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «الله ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ)، الله ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ﴾[5].

**﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق)﴾** يەنى سىلەردىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى يالغان دېگۈچى ئۈممەتلەرگە بىز تەرەپتىن چۈشكەن ئازابنى كۆردۈڭلار. ئۇنىڭ خەۋىرى

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 99 — 100 ـ ئايەت.
(2) مۇنافىقۇن سۈرىسى 9 — 10 ـ ئايەتلەر.
(3) سەجدە سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(4) فاتىر سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) نەھل سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرگە يەتتى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەر يەنىلا ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىدىڭلار ھەم بىز ئۇلارغا چۈشۈرگەن ئازاب سىلەر ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولمىدى. ﴿مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (الله ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ﴾[1].

شۇئبە ئەبۇئىسھاقتىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەن بىر كىشى ئىككى كىچىك بۈركۈتنى پەي - مۇسكۇللىرى قېتىپ چوڭ بولغۇچە بېقىپ، ئاندىن ساندۇققا قوزۇق بېكىتىپ، ئۇلارنى قوزۇققا مۇستەھكەم باغلىدى ۋە قۇشلارنى ئاچ قويدى. ئۇ ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم ساندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇ ئىككى بۈركۈتنىڭ گۆشنى كۆرۈپ ئۇچۇشى ئۈچۈن، ئۇچىغا گۆش ئېلىنغان بىر تال تاياقنى ئېگىزراق قىلىپ ساندۇققا بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككى بۈركۈت ئۇچتى. ئۇ ئادەم يېنىدىكى ئادەمگە: قارىغىنا، نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسەن؟ - دېدى. ئۇ ئادەم: مۇنۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن دەپ بولۇپ، ئاخىرىدا: دۇنيانىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن چېۋىنچىلىك كۆرۈنىۋاتىدۇ، - دېدى. دەل شۇ چاغدا گۆش ئېلىنغان تاياق پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قۇشلار پەسكە قاراپ شۇڭغىدى. ئۇ ئىككى كاپىر مانا مۇشۇنداق ھالاك بولدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مانا بۇ، الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر، - دېدى.

مۇجاھىد بۇ ۋەقەنى بۇختىننەسىردىن سادىر بولغان دەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: بۇختىننەسىرنىڭ كۆزى يەر يۈزىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەھلىدىن ئۈزۈلگەن چاغدا، ئۇنىڭغا يۇقىرى تەرەپتىن: ئى ھەددىدىن ئاشقان زالىم! قەيەرگە بارماقچىسەن؟ - دەپ نىدا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق قورقۇپ، لاسسىدە بوشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇچىغا گۆش ئېلىنغان نەيزە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۈركۈتمۇ پەسكە قاراپ شۇڭغۇيدۇ. ئۇ بۈركۈتنىڭ قاتتىق ئاۋازىدىن تاغلار تىترەپ، ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىپ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ مىكرىدىن تاغلار ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ھەسەنبەسرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن بايان قىلدى: يەنى ئۇلارنىڭ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ كاپىر بولۇپ قىلغان قىلمىشلىرى تاغلار ۋە باشقا نەرسىلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئاشۇ قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالى ئۆزىگە يانىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن

---
(1) قەمەر سۈرىسى 5 - ئايەت.

ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴾[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: **﴿ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، اللّٰه ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن تاغلار ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالىدۇ، ـ دېگەنلىكىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار **اللّٰه** نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴾[2].

* * * * * * *

فَلَا تَحْسَبَنَّ ٱللَّهَ مُخْلِفَ وَعْدِهِۦ رُسُلَهُۥٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ ذُو ٱنتِقَامٍ ﴿٤٧﴾ يَوْمَ تُبَدَّلُ ٱلْأَرْضُ غَيْرَ ٱلْأَرْضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ ۖ وَبَرَزُوا۟ لِلَّهِ ٱلْوَٰحِدِ ٱلْقَهَّارِ ﴿٤٨﴾

**اللّٰه** نى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن، **اللّٰه** ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر﴿47﴾. ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك **اللّٰه** نىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ﴿48﴾.

## اللّٰه تائالانىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقى

**اللّٰه** تائالا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى تەكىتلەپ ۋە كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللّٰه نى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن﴾** يەنى **اللّٰه** تائالانى دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن.

**اللّٰه** تائالا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ھېچ نەرسىنىڭ توسالغۇ بولالمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ غالىب ئىكەنلىكى ۋە كاپىر بولغان ۋە تانغان كىشىلەردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!﴾**[3].

**﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ﴾** يەنى **اللّٰه** تائالانىڭ بۇ ۋەدىسى زېمىن تونۇشلۇق ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، باشقا بىر زېمىنغا

(1) ئىسرا سۈرىسى 37 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 90 ــــ 91 ـ ئايەت.
(3) مۇرسالات سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

ئايلانغان كۈندە ھاسىل بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە قىلچىلىكمۇ ئېگىز ـ پەس ۋە ئۇيمان ـ چوڭقۇرى بولمىغان، تۈپتۈز، يورۇق بىر زېمىنغا توپلىنىدۇ».

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇنجى بولۇپ مەن سورىغان ئىدىم، مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇ كۈندە ئىنسانلار قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئۆرە تۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يەھۇدىينىڭ راھىبلىرىدىن بىرى كېلىپ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى مۇھەممەد! ـ دېدى. مەن ئۇ راھىبنى بىر ئىتتەرگەن ئىدىم. ئۇ يىقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ: مېنى ئىتتىرمە! ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: (ئى مۇھەممەد! دېمەي) ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دەپ چاقىرمامسەن؟ ـ دېدىم. يەھۇدىي: بىز ئۇنىڭ ئائىلىسى قويغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئائىلەم ماڭا قويغان ئىسىم مۇھەممەدتۇر» دېدى. ئاندىن ئۇ يەھۇدىي: سەندىن بىر نەرسە سورىغىلى كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ نەرسىنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەم ساڭا پايدا قىلامدۇ؟» دېدى. يەھۇدىي: قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تاياق بىلەن يەرنى چوقۇپ تۇرۇپ: «سورىغىن» دېدى. يەھۇدىي: زېمىن باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلار باشقا ئاسمانلارغا ئايلانغان كۈنى ئىنسانلار قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار زۇلمەت ئىچىدىكى كۆۋرۈكتە بولىدۇ» دېدى. يەھۇدىي: ئۇ كۆۋرۈكتىن ئەڭ ئاۋۋال كىم ئۆتىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇھاجىرلارنىڭ نامراتلىرى» دېدى. يەھۇدىي: ئۇلار جەننەتكە كىرگەندە قانداق قىممەتلىك سوۋغا بېرىلىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىتنىڭ جىگىرىدىكى بىر پارچە ئارتۇق گۆش» دېدى. يەھۇدىي: ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن يەيدىغان تامىقى نېمە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە ئوتلايدىغان جەننەتنىڭ ئۆكۈزلىرى بوغۇزلىنىدۇ» دېدى. يەھۇدىي: ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئارقىدىن ئىچىدىغان ئىچىملىكى نېمە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتىكى سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدۇر» دېدى.

يەھۇدىي: راست ئېيتتىڭ، مەن سەندىن زېمىن ئەھلىدىن پەقەت پەيغەمبەر ياكى بىر ئادەم ياكى ئىككى ئادەملا بىلىدىغان نەرسىدىن سورىغىلى كەلگەن ئىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۆزلەپ بەرسەم، ساڭا پايدا قىلامدۇ؟» دېدى. يەھۇدىي: قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن،

مەن سەندىن بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورىغىلى كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرنىڭ مەنىيسى ئېقشىراق، ئايالنىڭ مەنىيسى سېرىقراق بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىر يەردە بولغاندا، ئەرنىڭ مەنىيسى ئايالنىڭ مەنىيسىنى بېسىپ كەتسە، الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بالا ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئەمما ئايالنىڭ مەنىيسى ئەرنىڭ مەنىيسىنى بېسىپ كەتسە، الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بالا قىز تۇغۇلىدۇ» دېدى. يەھۇدىي: ھەقىقەتەن راست ئېيتتىڭ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەر ئىكەنسەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ مەندىن سورىغان نەرسىلىرىدىن مېنىڭ ھېچقانداق بىر ئىلمىم يوق ئىدى. دەل شۇ چاغدا، الله تائالا ماڭا ئۇ سورىغان نەرسىلەرنى بىلدۈردى» دېدى.

**﴿ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك الله نىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھدا) ھازىر بولىدۇ﴾** يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى قەبرىلىرىدىن چىقىپ، بويۇنلار ئېگىلىدىغان ۋە ئەقىللەر ئەيمىنىدىغان، غالىب، ھەر نەرسىگە قادىر، يەككە ـ يېگانە الله تائالانىڭ ئالدىغا توپلىنىدۇ.

* * * * * * *

وَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ مُّقَرَّنِينَ فِي ٱلْأَصْفَادِ ﴿٤٩﴾ سَرَابِيلُهُم مِّن قَطِرَانٍ وَتَغْشَىٰ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ ﴿٥٠﴾ لِيَجْزِيَ ٱللَّهُ كُلَّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلْحِسَابِ ﴿٥١﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇ كۈندە گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) نى زەنجىرلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن﴿49﴾. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارامايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴿50﴾. الله ھەر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ شۇنداق جازا بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿51﴾.

## گۇناھكارلارنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى

**﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ﴾** ئىنسانلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ. ئى مۇھەممەد! شۇ كۈندە كۇپۇرلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلەن گۇناھ قىلغان گۇناھكارلارنىڭ گۇناھتا ئۆزلىرىگە ئوخشاشلار ياكى شەكىل جەھەتتە ئوخشاشلار بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىنىپ، (ئۇلارنىڭ) بەزىلىرىنىڭ ـ بەزىلىرىگە ئىشكەللەر ئارقىلىق چېتىپ باغلانغانلىقىنى كۆرىسەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار﴾[1]، ﴿جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا﴾[2]، ﴿ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە

(1) سافقات سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەكۋىر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ﴾[1]، ﴿ھەممە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە-مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر﴾[2].

﴿ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارامايدىن بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كىيىدىغان كىيىمى تۆگە مايلايدىغان مايدىندۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، ئوت ئەڭ تېز تۇتىشىدىغان مايدۇر. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئېرىتىلگەن ئەڭ يۇقىرى ھارارەتلىك مىستۇر. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلاردىنمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

﴿ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ﴾[3].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇمالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدە جاھىلىيەتتىن قالغان تۆت خىل ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، ئەجدادىنىڭ نەسەبىنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن پەخىرلىنىش ياكى نەسەبلىرى بىلەن كەمسىتىش، يۇلتۇزلاردىن سۇ تەلەپ قىلىش ۋە ئۆلۈككە يىغا ـ زارە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆلۈككە يىغا ـ زارە قىلغۇچى ئايال ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلمىسا، قىيامەت كۈنىدە تۆگە مايلايدىغان مايدىن ئىشتان ۋە قىچىشقاقتىن چاپان كىيگەن ھالدا تىرىلدۈرىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿الله ھەر كىشىنىڭ قىلمىشىغا قاراپ شۇنداق جازا بېرىدۇ﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە جازا بېرىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(الله ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[4].

﴿الله ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾ يەنى الله تائالانىڭ ھەر نەرسىنى بىلىدىغانلىقى، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا بەندىسىدىن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. الله تائالانىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمگە ئوخشاشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار، پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[5].



* * * * * *

(1) فۇرقان سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 37 — 38 ـ ئايەتلەر.
(3) مۇئمىنۇن سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(4) نەجم سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿هَٰذَا بَلَٰغٌ لِّلنَّاسِ وَلِيُنذَرُواْ بِهِۦ وَلِيَعْلَمُوٓاْ أَنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ ۝٥٢﴾

كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، الله نىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بۇ (قۇرئان) تەبلىغدۇر (يەنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى)﴿52﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بۇ قۇرئان ئىنسانلارغا ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾[1] يەنى بۇ قۇرئان ئىنسان ۋە جىندىن بولغان مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىگە ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەلىف، لام، را. (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، (ھەممە تىللاردا) مەدھىيىلەنگەن الله نىڭ يولىغا (باشلىشىڭ ئۈچۈن) نازىل قىلدۇق﴾[2].

**﴿الله نىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى﴾** يەنى قۇرئاندىكى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا كۆرسىتىلگەن دەلىل ـ پاكىتلاردىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن، بۇ قۇرئان نازىل قىلىندى.

مەرھەمەتلىك الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.



(1) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

# ھىجر سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 99 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ وَقُرۡءَانٖ مُّبِينٖ ﴿١﴾ رُّبَمَا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ كَانُواْ
مُسۡلِمِينَ ﴿٢﴾ ذَرۡهُمۡ يَأۡكُلُواْ وَيَتَمَتَّعُواْ وَيُلۡهِهِمُ ٱلۡأَمَلُۖ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، را. بۇ، كىتابنىڭ ـ روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر﴿1﴾. كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ﴿2﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن، ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ﴿3﴾.

## كاپىرلارنىڭ قىيامەتتە: كاشكى مۇسۇلمان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدىغانلىقى

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان، ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە ھەرپلىرى ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

**﴿كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ، دەپ ئارمان قىلىدۇ﴾** بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ كۇپۇرلۇق ئۈستىدە ياشىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ: كاشكى دۇنيادىكى چېغىمىزدا مۇسۇلمان بولساقچۇ، ـ دەپ ئارمان قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

سۇفيان سەۋر ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: گۇناھكار مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھى تۈگەپ دوزاختىن چىقىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەن كاپىرلار يۇقىرىقىدەك ئارزۇدا بولىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا گۇناھكار مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن دوزاخقا تاشلىغاندا، مۇشرىكلار ئۇ مۇسۇلمانلارغا: سىلەرنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىبادەتلىرىڭلار پايدا بەرمىدىغۇ؟ - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇشرىكلارغا غەزەپ قىلىپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ كەرەملىكى بىلەن دوزاختىن چىقىرىدۇ. كاپىرلار ئەنە شۇ چاغدا: "كاشكى مۇسۇلمان بولساقچۇ" دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسۇن**﴾ بۇ ئايەت كاپىرلار ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كۇففارلارغا) «(دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن) ۋاقتىلىق يەڭلار ۋە بەھرىمەن بولۇڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر گۇناھكارسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[1].

﴿**ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولىۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بىھۇدە ئارزۇلىرى تەۋبە قىلىشقا توسالغۇ بولىۋەرسۇن. ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ.

* * * * * * *

وَمَآ أَهْلَكْنَا مِن قَرْيَةٍ إِلَّا وَلَهَا كِتَابٌ مَّعْلُومٌ ﴿٤﴾ مَّا تَسْبِقُ مِنْ أُمَّةٍ أَجَلَهَا وَمَا يَسْتَـْٔخِرُونَ ﴿٥﴾

بىز قانداق بىر شەھەرنى ھالاك قىلمايلى، پەقەت ئۇنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ﴿4﴾. ھەرقانداق ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ ھەم كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴿5﴾.

## ھالاك قىلىنىدىغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىنىڭ بارلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بىرەر شەھەرنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ الله تائالانى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتنى دەلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى كەلگەندە ھالاك قىلىدىغانلىقىنى، بىر ئۈممەتنىڭ ھالاك بولىدىغان ۋاقتى توشقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقتىتىن كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقى ۋە ئىلگىرىمۇ سۈرۈلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ، مەككە ئەھلىگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا ھەقلىق قىلىدىغان شېرىك كەلتۈرۈش، ھەققە بوي ئەگمەسلىك ۋە الله تائالانى ئىنكار قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرىنى تاشلاپ، توغرا يولغا مېڭىشقا يېتەكلەشتۇر.

* * * * * * *

(1) مۇرسالات سۈرىسى 46 - ئايەت.

وَقَالُواْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِى نُزِّلَ عَلَيۡهِ ٱلذِّكۡرُ إِنَّكَ لَمَجۡنُونٌ ﴿٦﴾ لَّوۡ مَا تَأۡتِينَا بِٱلۡمَلَـٰٓئِكَةِ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿٧﴾ مَا نُنَزِّلُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةَ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَمَا كَانُوٓاْ إِذٗا مُّنظَرِينَ ﴿٨﴾ إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا
لَهُۥ لَحَـٰفِظُونَ ﴿٩﴾

ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن﴿6﴾. ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللا دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ» ؟﴿7﴾. پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ)﴿8﴾. قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴿9﴾.

## پەيغەمبەرگە ساراڭ دەپ تۆھمەت قىلغان ۋە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى تەلەپ قىلغانلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى، تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ۋە ھەققە بوي ئەگمىگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللا دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ»؟**﴾ يەنى سەن: ماڭا قۇرئان نازىل قىلىندى دەپ، بىزنى بىز ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىنى تاشلاپ، ئۆزەڭگە ئەگىشىشكە چاقىرىۋاتامسەن؟! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇن ئىكەنسەن. ئەگەر سەن راستچىل بولساڭ، ساڭا گۇۋاھلىق بېرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئېلىپ كەلمەمسەن؟

الله تائالا پىرئەۋنىنىڭمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئاسماندىن) ئالتۇن بىلەيزۈكلەر تاشلانمىدى؟ ياكى نېمىشقا (ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرىشتىلەر ھەمراھ بولۇپ كەلمىدى؟»﴾[1] ۋە كاپىرلار الله تائالا توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار)يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ، ياكى (بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ﴾[2].

﴿**پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ)**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: پەرىشتىلەرنى پەقەت ئەلچىلىك ياكى ئازاب بىلەن چۈشۈرىمىز.



(1) زۇخرۇف سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) فۇرقان سۈرىسى 21 ــ 22 ـ ئايەتكىچە.

ئاخىرىدا، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ قۇرئاننى ئۆزگەرتىلىش ۋە ئالماشتۇرۇلۇۋېتىشتىن ساقلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

* * * * * * *

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ فِي شِيَعِ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٠﴾ وَمَا يَأْتِيهِم مِّن رَّسُولٍ إِلَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١١﴾
كَذَٰلِكَ نَسْلُكُهُۥ فِي قُلُوبِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٢﴾ لَا يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۖ وَقَدْ خَلَتْ سُنَّةُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿١٣﴾

شۈبھىسىزكى، سېنىڭدىن ئىلگىرى بۇرۇنقى ھەرقايسى تائىپىلەرگە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴿10﴾. ئۇلار ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى﴿11﴾. شۇنداق مەسخىرە قىلىشنى بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا سالىمىز﴿12﴾. ئۇلار قۇرئانغا ئىشەنمەيدۇ، بۇ بۇرۇندىن ئادەت بولۇپ قالغان (يەنى بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى الله نىڭ ھالاك قىلىشى ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان) ئىش﴿13﴾.

## ھەر بىر ئۈممەت مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئۇنى يالغانغا چىقارغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن الله تائالا سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. الله تائالا بىرەر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتسىلا، ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقاردى ۋە مەسخىرە قىلدى. ئاندىن الله تائالا ھەقكە بوي ئەگمىگەن ۋە توغرا يولغا ئەگىشىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغان گۇناھكار كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشنى سالىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەسەنبەسرى: **﴿شۇنداق مەسخىرە قىلىشنى بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا سالىمىز﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى بىز گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا شېرىك كەلتۈرۈشنى سالىمىز.

**﴿بۇ بۇرۇندىن ئادەت بولۇپ قالغان (يەنى بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنى الله نىڭ ھالاك قىلىشى ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان) ئىش﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى دېگەن كىشىلەرنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قانداق قۇتقۇزىدىغانلىقىنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

وَلَوْ فَتَحْنَا عَلَيْهِم بَابًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَظَلُّوا۟ فِيهِ يَعْرُجُونَ ﴿١٤﴾ لَقَالُوٓا۟ إِنَّمَا سُكِّرَتْ أَبْصَٰرُنَا بَلْ نَحْنُ قَوْمٌ
مَّسْحُورُونَ ﴿١٥﴾

بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمنى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ)﴿14﴾. ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ﴿15﴾.

## ھەقكە بوي ئەگمىگەن كاپىرلارنىڭ ھەر قانداق مۆجىزىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ كۇپرىدا ناھايىتى قاتتىق تۇرىدىغانلىقى، ھەقكە بوي ئەگمەي تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلىقىدىن ھەتتا الله تائالا ئۇلارغا ئاسماندىن ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئاسمانغا ئۆرلىگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ھەقنى تەستىقلىمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ: ﴿«كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى»﴾ دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

مۇجاھىد ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر ۋە زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار بىزنىڭ كۆزلىرىمىز پەردىلىنىپ قالدى دېيىشىدۇ، ـ دېدى. قەتادە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بىزنىڭ كۆزلىرىمىز كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن كېتىپ قالدى، ـ دېيىشىدۇ.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار بىز كۆرۈشنىغۇ كۆردۇق، لېكىن بىز ھەقىقەتەن سېھىرلەندۇق دەيدۇ. ئىبنى زەيد مۇنداق دېدى: ئۇلار بىزنىڭ ئەقلى ھوشىمىز جايىدا ئەمەس، بىھوش بولۇپ قالغان بولساق كېرەك دەيدۇ.

*******

وَلَقَدۡ جَعَلۡنَا فِي ٱلسَّمَآءِ بُرُوجٗا وَزَيَّنَّٰهَا لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٦﴾ وَحَفِظۡنَٰهَا مِن كُلِّ شَيۡطَٰنٖ رَّجِيمٍ ﴿١٧﴾
إِلَّا مَنِ ٱسۡتَرَقَ ٱلسَّمۡعَ فَأَتۡبَعَهُۥ شِهَابٞ مُّبِينٞ ﴿١٨﴾ وَٱلۡأَرۡضَ مَدَدۡنَٰهَا وَأَلۡقَيۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا
مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡزُونٖ ﴿١٩﴾ وَجَعَلۡنَا لَكُمۡ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسۡتُمۡ لَهُۥ بِرَٰزِقِينَ ﴿٢٠﴾

بىز ئاسماندا بۇرۇجلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىدۇق﴿16﴾. ھەر بىر قوغلاندى شەيتاندىن ئاسماننى قوغدىدۇق﴿17﴾. لېكىن (ئاسمان خەۋەرلىرىگە) ئوغرىلىقچە قۇلاق سالماقچى بولغان شەيتاننى روشەن ئاقار يۇلتۇز قوغلاپ يېتىدۇ (يەنى ھالاك قىلىدۇ)﴿18﴾. يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴿19﴾. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز)﴿20﴾.

## الله تائالانىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى قۇدرىتى ۋە ئالامەتلىرى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئاسماننى ئۆز ئېگىزلىكىدە تۇرغۇزغانلىقىنى، ئۇنى تۇرغۇن يۇلتۇزلار ۋە

سەييارىلار بىلەن بېزىگەنلىكىنى، ئاسمانغا كۆزى تالغۇچە قاراپ، كۆرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ دەلىل - پاكىتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا مۇجاھىد ۋە قەتادە: ئايەتتىكى «بۇرۇج» نىڭ مەنىسى ئاسماندىكى جەۋزا ۋە ئەسەد قاتارلىق مەشھۇر 12 يۇلتۇزنى كۆرسىتىدۇ، - دېدى.

مېنىڭ (يەنى ئىبنى كەسىر) قارىشىمچە، بۇ، بۈيۈك ۋە يۈكسەك الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئوخشاشتۇر: ﴿ئاسماندا بۇرۇجلەرنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[1].

ئەتىيە ئىبنى ئەۋفىي: ئايەتتىكى "بۇرۇج" نىڭ مەنىسى قوغدىغۇچى قەسىر دېگەنلىكتۇر، - دېدى. يەنى ئۈستۈنكى ئالەمدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئاسماننىڭ خەۋىرىنى ئوغرىلىماقچى بولغان شەيتانلارنى كۆيدۈرىدىغان روشەن ئاقار يۇلتۇز ئاسمانغا "قوغدىغۇچى" قىلىندى. ئاسماننىڭ خەۋەرلىرىگە ئوغرىلىقچە قۇلاق سېلىش ئۈچۈن باش - باشتاقلىق قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن شەيتانلارنى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇزلار كېلىپ، كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. ئۇ شەيتاننىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى كۆيدۈرگۈچى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇز كېلىپ كۆيدۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۆزىدىن تۆۋەندىكى شەيتانغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئەھۋالى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئەگەر ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئۆزىدىن تۆۋەندە تۇرغان شەيتانغا يەتكۈزۈپ بېرەلىسە، ئۇ خەۋەرنى يەنە بىرى ئېلىپ ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىس باردۇر. ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ قاناتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرىدۇ. بۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز خۇددى سىلىق تاش ئۈستىگە ئۇرۇلغان زەنجىر ھالقىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ».

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «الله تائالانىڭ ئەمرى پەرىشتىلەرگە تارقىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قورقۇنچ كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىسى - بەزىسىگە: پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟- دېيىشىدۇ. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز ھەقنى دېدى، پەرۋەردىگارىمىز بۈيۈك ۋە يۈكسەكتۇر، - دەيدۇ. ئاندىن الله تائالانىڭ ئەمرىگە قۇلاق سالغۇچى شەيتانلار (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سۇفيان سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئوڭ قولىنى ئېچىپ، بارماقلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز قوللىرى بىلەن شەيتانلارنىڭ ھالىنى ئىپادىلەپ: ئۇ شەيتانلار مانا مۇشۇنداق بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرسى چىقىدۇ، - دەپ سۈپەتلىدى) ئۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن كۆيدۈرگۈچى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇز ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كېلىپ قالسا، ئۇ شەيتان كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. بەزىدە قۇلاق سالغۇچى شەيتان ئاڭلىغان سۆزنى ئۆزىنىڭ ئاستىدا تۇرغان شەيتانغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچە كۆيدۈرگۈچى نۇرلۇق ئاقار يۇلتۇز يېتىشىپ كېلەلمەي قالسا، ئۇ شەيتان ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان سۆزنى ئاستى تەرەپتىكى

(1) فۇرقان سۈرىسى 61 - ئايەت.

شەيتانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ سۆز زېمىنغىچە شۇنداق يەتكۈزۈلىدۇ.

ئوغرىلىقچە ئاڭلانغان ئۇ سۆز زېمىنغا يېتىپ سېھىرگەر ياكى كاھىنغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ سېھىرگەر ياكى كاھىن ئۇ سۆزگە يۈز يالغاننى قېتىپ بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاھىننىڭ بىرەر سۆزى توغرا چىقىپ قالىدۇ - دە، كىشىلەر: بىزگە كاھىن پالانى كۈندە مۇنداق ئىش بولىدۇ دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ خەۋىرى راست چىقىپ قالدى ئەمەسمۇ، - دەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئاسماندىن ئاڭلانغان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

ئاندىن **الله** تائالا زېمىننى يېيىپ كەڭ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تاغلارنى، جىلغىلارنى يەرلەرنى ۋە قۇملارنى ياراتقانلىقى، تۈرلۈك زىرائەتلەرنى ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مېۋىلەرنى ئۆستۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿**يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەر يۈزىدە مۇئەييەن مىقداردا ئۆسۈملۈك ئۆستۈردۇق دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى.

﴿**يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز)**﴾ **الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۇ نەرسىلەرنى زېمىندا مەخلۇقاتلارنىڭ ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياراتقانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان مەقسەت: ھەقىقەتەن **الله** تائالا مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش سەۋەبلىرى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلار مىنىپ يۈرگەن ئۇلاغلارنى، گۆشىدىن پايدىلىنىۋاتقان چارۋىلارنى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خىزمەتچى ۋە قۇل - دېدەكلەرنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىش ئىشىنى ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمەستىن، بەلكى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

* * * * * * *

وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلَّا عِندَنَا خَزَآئِنُهُۥ وَمَا نُنَزِّلُهُۥٓ إِلَّا بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ ﴿٢١﴾ وَأَرْسَلْنَا ٱلرِّيَٰحَ لَوَٰقِحَ فَأَنزَلْنَا مِنَ
ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَسْقَيْنَٰكُمُوهُ وَمَآ أَنتُمْ لَهُۥ بِخَٰزِنِينَ ﴿٢٢﴾ وَإِنَّا لَنَحْنُ نُحْيِۦ وَنُمِيتُ وَنَحْنُ ٱلْوَٰرِثُونَ ﴿٢٣﴾
وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَقْدِمِينَ مِنكُمْ وَلَقَدْ عَلِمْنَا ٱلْمُسْتَـْٔخِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَإِنَّ رَبَّكَ هُوَ يَحْشُرُهُمْ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿٢٥﴾

قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴿21﴾. بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر﴿22﴾. بىز (ھەممىنى) تىرىلدۈرىمىز، (ھەممىنى) ئۆلتۈرىمىز ۋە (ھەممىگە) ۋارىسلىق قىلىمىز﴿23﴾. بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ھەقىقەتەن بىلىمىز ۋە كېيىن كېلىدىغانلارنىمۇ ھەقىقەتەن بىلىمىز﴿24﴾. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۇلارنى يىغىدۇ. **الله** ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿25﴾.

## بارلىق خەزىنىلەرنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئىشلارنىڭ الله تائالاغا ئاسان ئىكەنلىكىنى، بارلىق خەزىنىنىڭ الله تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

﴿**بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز**﴾ الله تائالانىڭ ئۇ نەرسىلەرنى مەلۇم مىقداردا چۈشۈرۈشى ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىدىندۇر. الله تائالانىڭ بۇنداق رەھمەت قىلىشى الله تائالاغا مەجبۇر بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىك سۈپىتىدىندۇر.

يەزىد ئىبنى ئەبۇزىياد ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يامغۇر ئۆزىچىلا بىر يىلدا كۆپ، يەنە بىر يىلدا ئاز ياغمايدۇ. لېكىن، الله تائالا يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ، بۇ يىل بىر جايغا، يەنە بىر يىلى يەنە بىر جايغا ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئابدۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز**﴾ بۇنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

## شاماللارنىڭ پايدىسى

﴿**بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق**﴾ يەنى شاماللارنىڭ بۇلۇتلارنى چاڭلاشتۇرۇشى بىلەن بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغىدۇ، دەرەخلەرنى چاڭلاشتۇرۇشى بىلەن دەرەخ شاخلىرىدىن چېچەكلەر ئېچىلىدۇ. چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللار ھالاك قىلغۇچى بورانىنىڭ دەل ئەكسىچە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا شامالنى سۈپەتلەشتە كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلەتتى. ھالاك قىلغۇچى بوراننى بولسا، بىرلىك شەكلى بويىچە ئىشلىتىپ، پايدىسى يوق بوران دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى، چاڭلىشىش ئىككى ياكى ئۈچ نەرسىدىن بىرىكىپ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: ئەۋەتىلگەن شامال ئاسماندا سۇنى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتلاردىن خۇددى ھاملدار تۆگىدىن سۈت ئاققاندەك يامغۇر چۈشىدۇ. ئىبنى ئابباس، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە قەتادەدىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇلۇتقا شامالنى ئەۋەتىپ، بۇلۇتنى چاڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇلۇت سۇغا توشىدۇ...

ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير: الله تائالا تۇنجى شامالنى چىقىرىدۇ. بۇ شامال يەر يۈزىنى سۈپۈرىدۇ. ئاندىن ھەيدىگۈچى شامالنى چىقىرىدۇ، بۇ شامال بۇلۇتنى ھەيدەيدۇ. ئاندىن الله تائالا بىرلەشتۈرگۈچى شامالنى چىقىرىدۇ، بۇ شامال بۇلۇتلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئاندىن چاڭلاشتۇرغۇچى شاماللارنى چىقىرىپ دەرەخنى چاڭلاشتۇرىدۇ، ــ دەپ يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى. 468

## تاتلىق سۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن نېمەت ئىكەنلىكى

﴿**بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق**﴾ يەنى سىلەرگە ئىچىدىغان تاتلىق

سۇنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. ئەگەر خالىساق، ئۇ سۇنى ئاچچىق قىلاتتۇق.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق (پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ زور نېمەتلىرىگە) نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟﴾[1]، ﴿**الله** سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر﴾[2].

﴿**سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر**﴾ يەنى ئۇ سۇنى سىلەر مۇھاپىزەت قىلالمايسىلەر، بەلكى ئۇ سۇنى بىز چۈشۈرىمىز ۋە سىلەرگە بىز ساقلاپ بېرىمىز. ئۇ سۇنى بىز زېمىندا بۇلاقلاردىن چىقىرىپ بېرىمىز. ئەگەر **الله** تائالا خالىسا، ئۇ سۇنى زېمىنغا سىڭدۈرۈپ يوق قىلىۋېتەتتى. لېكىن، **الله** تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتى بىلەن تاتلىق سۇنى چۈشۈرۈپ بەردى. ئىنسانلارنىڭ يىل بويى ئىچىشى، چارۋىلىرىنى، زىرائەتلىرىنى ۋە باغلىرىنى سۇغىرىشى ئۈچۈن، ئۇ سۇنى بۇلاقلاردا، قۇدۇقلاردا، ئۆستەڭلەردە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۇ ساقلاش مەنبەلىرىدە ساقلاپ بەردى.

## الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشقا ۋە قايتا تىرىلدۈرۈشكە ھازىر ئىكەنلىكى

﴿**بىز (ھەممىنى) تىرىلدۈرىمىز، (ھەممىنى) ئۆلتۈرىمىز**﴾ بۇ ئايەت **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلىپ يارىتىشقا قادىر بولغىنىدەك، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق مەخلۇقاتلار توپلىشىدىغان قىيامەت كۈنىدە قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **الله** تائالا يەنە زېمىنغا ۋە زېمىندىكى كىشىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ **الله** تائالا تەرىپىگە قايتىپ بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ۋە (ھەممىگە) ۋارىسلىق قىلىمىز**﴾.

**الله** تائالا ئىنسانلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ۋە ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلارنى تولۇق بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ھەقىقەتەن بىلىمىز ۋە كېيىن كېلىدىغانلارنىمۇ ھەقىقەتەن بىلىمىز**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتتىكى: ﴿**ئىلگىرى ئۆتكەنلەر**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى.

﴿**كېيىن كېلىدىغانلار**﴾ دېگەن سۆزدىن ھازىر بار كىشىلەر ۋە قىيامەتكىچە كېلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئىكرىمە، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، شەئبىي ۋە باشقىلاردىن شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

ئىبنى جەرىر مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇمەئشەرنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ كىشى ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى كەئب بىلەن: ﴿**بىز سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى ھەقىقەتەن بىلىمىز ۋە كېيىن كېلىدىغانلارنىمۇ ھەقىقەتەن بىلىمىز**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىپ،

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 68 ــ 70 ـ ئايەتلەر.
(2) نەھل سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھ: بۇنىڭ مەنىسى الله تائالا نامازنىڭ سەپلىرىدە ئىلگىرى بولىدىغانلارنى ۋە كېيىن بولغانلارنى بىلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەندە، مۇھەممەد ئىبنى كەئب: ئۇنداق ئەمەس، **﴿ئىلگىرى ئۆتكەنلەر﴾** نىڭ مەنىسى ئۆلگەنلەر ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەر، **﴿كېيىن كېلىدىغانلار﴾** نىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن كېيىن يارىتىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، **﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن (ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۇلارنى يىغىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾** دېگەنلىك بولىدۇ دېگەنلىكىنى، ئاندىن ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: ساڭا الله تائالا توغرا ئىلىم بېرىپتۇ. الله تائالا ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

* * * * * * *

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن صَلۡصَٰلٖ مِّنۡ حَمَإٖ مَّسۡنُونٖ ﴿٢٦﴾ وَٱلۡجَآنَّ خَلَقۡنَٰهُ مِن قَبۡلُ مِن نَّارِ ٱلسَّمُومِ ﴿٢٧﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق﴿26﴾. جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق﴿27﴾.

## ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلغان ماددىسى

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە قەتادە: بۇ ئايەتتىكى «سالسال» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قۇرۇق توپا دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاشتۇر: ﴿(الله ) ئىنساننى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى﴾[1].

مۇجاھىدتىن: «سالسال» نىڭ مەنىسى ئېچىتىلغان لاي، ـ دەپمۇ رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن، ئايەتنى ئايەت بىلەن تەپسىر قىلىش ئەڭ ياخشىدۇر.

**﴿(چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق﴾** بۇ يەردىكى: «ھەمەئىممەسنۇن» دېگەن ئايەتنى سىلىق لاي، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار.

**﴿جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى﴾** يەنى ئىنساندىن بۇرۇن **﴿تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زەھەرلىك يالقۇندۇر، ـ دېدى.

ئەبۇداۋۇد شۆئبىدىن ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى ئەسەمنىڭ قېشىغا كېسەللىنى يوقلىغىلى كىردىم. ئۆمەر ئىبنى ئەسەم: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن ئاڭلىغان بىر سۆزنى ساڭا سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ سۆز بۇ دۇنيادىكى جىنلار

(1) راھمان سۈرىسى 14 ــ 15 ـ ئايەت.

يارىتىلغان يالقۇنىنىڭ يەتمىشتىن بىر پارچىسىدۇر، ـ دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق**﴾.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى. ئادەم سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن (توپىدىن) يارىتىلدى». بۇ ئايەتتىكى مەقسەت: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلىقى، يارىتىلغان ماددىسىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئەسلىنىڭ پاكلىقىغا ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ إِنِّي خَـٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن صَلْصَـٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٢٨﴾ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ
وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَـٰجِدِينَ ﴿٢٩﴾ فَسَجَدَ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ ﴿٣٠﴾ إِلَّآ
إِبْلِيسَ أَبَىٰٓ أَن يَكُونَ مَعَ ٱلسَّـٰجِدِينَ ﴿٣١﴾ قَالَ يَـٰٓإِبْلِيسُ مَا لَكَ أَلَّا تَكُونَ مَعَ ٱلسَّـٰجِدِينَ ﴿٣٢﴾
قَالَ لَمْ أَكُن لِّأَسْجُدَ لِبَشَرٍ خَلَقْتَهُۥ مِن صَلْصَـٰلٍ مِّنْ حَمَإٍ مَّسْنُونٍ ﴿٣٣﴾

پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى يارىتىمەن﴿28﴾. مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار)﴿29﴾. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى﴿30﴾. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى﴿31﴾. **الله** : «ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟» دېدى﴿32﴾. ئىبلىس: «قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس» دېدى﴿33﴾.

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئىبلىسنىڭ باش تارتقانلىقى



**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىپ ھۆرمەتلىگەنلىكى، پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىقى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمىنى بولغان ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەردىن ئايرىلىپ ھەسەت قىلغان، كاپىر بولغان، ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن باش تارتقان، چوڭچىلىق قىلغان ۋە باتىل نەرسىلەر بىلەن پەخىرلەنگەن ھالدا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىبلىس مۇنداق دېدى: ﴿**«قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس»**﴾.

بۇ ھەقتە ئىبلىس يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ»﴾[1]، ﴿ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)» دېدى﴾[2].

* * * * * * *

قَالَ فَٱخۡرُجۡ مِنۡهَا فَإِنَّكَ رَجِيمٞ ﴿٣٤﴾ وَإِنَّ عَلَيۡكَ ٱللَّعۡنَةَ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ﴿٣٥﴾ قَالَ رَبِّ فَأَنظِرۡنِيٓ إِلَىٰ
يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿٣٦﴾ قَالَ فَإِنَّكَ مِنَ ٱلۡمُنظَرِينَ ﴿٣٧﴾ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡوَقۡتِ ٱلۡمَعۡلُومِ ﴿٣٨﴾

الله ئېيتتى: «سەن جەننەتتىن يوقال، ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ﴿34﴾. ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە ھەقىقەتەن لەنەت بولسۇن»﴿35﴾. ئىبلىس: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گىچە مۆھلەت بەرگىن (يەنى مېنى ھايات قالدۇرغىن)» دېدى﴿36﴾. الله : «ساڭا ھەقىقەتەن مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلدۇ» دېدى﴿37 ـ 38﴾.

## ئىبلىسنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىلگەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبلىسقا ئۈستۈنكى ئالەمدىكى ئورنىدىن ھېچ قارشىلىقسىز چىقىپ كېتىشكە كەسكىن بۇيرۇق قىلغانلىقىنى، ئىبلىسنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئىبلىسقا لەنەت قىلغان چاغدا، ئىبلىسنىڭ سۈرىتى پەرىشتىلەرنىڭ سۈرىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۇ ئۈن سېلىپ، دات ـ پەرياد چەكتى. شۇڭا دۇنيادا (تاكى قىيامەت كۈنىگىچە) بولىدىغان دات ـ پەرياد ئاۋازىنىڭ ھەممىسى شۇ دات ـ پەرياد ئاۋازىدىندۇر.

* * * * * * *

قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغۡوَيۡتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَأُغۡوِيَنَّهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٣٩﴾ إِلَّا عِبَادَكَ مِنۡهُمُ
ٱلۡمُخۡلَصِينَ ﴿٤٠﴾ قَالَ هَٰذَا صِرَٰطٌ عَلَيَّ مُسۡتَقِيمٌ ﴿٤١﴾ إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٌ إِلَّا
مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ ﴿٤٢﴾ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمَوۡعِدُهُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿٤٣﴾ لَهَا سَبۡعَةُ أَبۡوَٰبٖ لِّكُلِّ بَابٖ مِّنۡهُمۡ
جُزۡءٞ مَّقۡسُومٌ ﴿٤٤﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 62 ـ ئايەت.

ئىبلىس ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن﴿39﴾. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»﴿40﴾. الله ئېيتتى: «بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر﴿41﴾. مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)»﴿42﴾. شۈبھىسىزكى، دوزاخ ئۇلار (يەنى ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) نىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر﴿43﴾. جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك (ئادەم) بار﴿44﴾.

## ئىبلىسنىڭ گۇناھقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى ۋە الله تائالانىڭ ئۇنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبلىستىن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتكە بويى ئەگمەي، تەرسالىق قىلىپ پەرۋەردىگارىغا مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»**﴾ يەنى مېنى ئازدۇرغىنىڭدەك ۋە ئېزىپ كېتىشىمگە يول بەرگىنىڭدەك، مەنمۇ ئۇلارنى گۇناھ قىلىشقا قىزىقتۇرىمەن، مەدەت بېرىمەن ۋە ۋەسۋەسە قىلىمەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)» دېدى﴾[1].

الله تائالا ئىبلىسقا تەھدىت سېلىپ ۋە قورقۇتۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئاندىن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا ياخشى بولسا مۇكاپات، يامان بولسا جازا بېرىمەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2]، ﴿توغرا يول كۆرسىتىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾[3].

﴿**مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ**﴾ يەنى مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت بېرىلگەن كىشىلەرنى سەن ھەرگىزمۇ ئازدۇرالمايسەن، ﴿**پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)**﴾.

ئىبنى جەرىر يەزىد ئىبنى قەسىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىلگىرى شەھەرلىرىنىڭ سىرتىدا مەسچىتلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلەر قاچانكى

(1) ئىسرا سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(2) فەجر سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىدىن بىرەر نەرسە توغرۇلۇق خەۋەردار بولۇشنى نىيەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭ مەسچىتىگە چىقىپ الله تائالا ئۇلارغا ئوقۇشنى بۇيرۇغان نامازنى ئوقۇيتتى. ئاندىن تەلىپىنى الله تائالادىن سورايتتى. مەلۇم بىر كۈنى پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئۆزىنىڭ مەسچىتىدە ئىدى. تۇيۇقسىز الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىبلىس كېلىپ، ئۇ پەيغەمبەر بىلەن قىبلىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردى. پەيغەمبەر: قوغلاندى شەيتاندىن الله بىلەن پاناھ تىلەيمەن[1]، ـ دېدى. ئىبلىس: سەن پاناھ تىلەيدىغان دۇئا مۇشۇمۇ؟ بۇنى ماڭا دەپ بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر: «قوغلاندى شەيتاندىن الله بىلەن پاناھ تىلەيمەن» نى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئىبلىس: مەندىن قانداق قىلىپ قۇتۇلىدىغانلىقىڭنى دەپ بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر: «سەن ئادەم بالىسىنىڭ ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلغانلىقىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن» دەپ ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. ھەر ئىككىسى: سەن ئاۋۋال سۆزلەپ بەر، ـ دەپ چىڭ تۇردى.

ئاندىن پەيغەمبەر: «الله تائالا ساڭا: **﴿مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)﴾** دەيدۇ» دېدى. الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىبلىس: مەن بۇنى سەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئاڭلىغان، ـ دېدى. پەيغەمبەر: «الله تائالا: ﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] دەيدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ھېس قىلسامىلا، الله تائالاغا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى. الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىبلىس: راست ئېيتتىڭ، مەندىن مۇشۇ سۆز بىلەنلا قۇتۇلىسەن، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئىبلىسقا: «ئادەم بالىسى ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭنى دەپ بەرگىن» دېدى. ئىبلىس: مەن ئادەم بالىسىنى، (ئۇ) غەزەپلەنگەن ۋە كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلگەن چاغدا ئازدۇرىمەن، ـ دېدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، دوزاخ ئۇلار (يەنى ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) نىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[3].

## دوزاخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى توغرىسىدا

ئاندىن الله تائالا دوزاخنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بارلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك (ئادەم) بار﴾** يەنى ئۇ جەھەننەمنىڭ ھەر بىر دەرۋازىسىدىن ئىبلىسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر بۆلەك ئادەملەرنىڭ كىرىدىغانلىقى بېكىتىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ دوزاختىن قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلىگە لايىق ئىشىكتىن كىرىدۇ. يامان ئەمەلىنىڭ دەرىجىسى بويىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ. الله تائالا بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىسۇن.

(1) ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم.
(2) ئەئراف سۈرىسى 200 ـ ئايەت.
(3) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ ﴿٤٥﴾ ٱدْخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ ءَامِنِينَ ﴿٤٦﴾ وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٍ مُّتَقَٰبِلِينَ ﴿٤٧﴾ لَا يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ ﴿٤٨﴾ ۞ نَبِّئْ عِبَادِىٓ أَنِّىٓ أَنَا ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٤٩﴾ وَأَنَّ عَذَابِى هُوَ ٱلْعَذَابُ ٱلْأَلِيمُ ﴿٥٠﴾

تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ ـ بوستانلاردىن، (سۇ، ھەسەل ۋە مەي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمان بولىدۇ﴿45﴾. (ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار! دېيىلىدۇ﴿46﴾. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴿47﴾. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ﴿48﴾. (ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن﴿49﴾. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴿50﴾.

## جەننەت ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى

**الله** تائالا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەھۋاللىرىنىمۇ بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿(ئۇلارغا) جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!ـ دېيىلىدۇ﴾** يەنى ئاپەتلەردىن سالامەت بولغان، سىلەرگە سالام قىلىنغان، قورقۇنچ ۋە ئەندىشىدىن ئەمىن بولغان ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار. جەننەتتىن چىقىرىلىشتىن، نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ۋە تۈگەپ كېتىشىدىن قورقماڭلار.

**﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴾** قاسىم ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: جەننەت ئەھلى دۇنيادا كۆڭۈللىرىدە بىر ـ بىرىگە ساقلىغان ئاداۋەت ۋە ھېسسىياتلىرى بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرىدۇ. ھەتتاكى ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇچراشقاندا، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى (دۇنيادا ساقلىغان) دۈشمەنلىكلىرىنى چىقىرىۋېتىدۇ، ـ دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلىدۇ[1]. ئاندىن ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىلىقىدىكى بىر كۆۋرۈك ئۈستىدە توختىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇنيادىكى چېغىدا بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشقانلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىساس ئېلىپ بېرىلىپ پاكلانغاندا، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ».

**﴿جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ﴾** يەنى مۇشەققەت ۋە ئەزىيەت تارتمايدۇ. ئىمام بۇخارى

---

(1) گۇناھ ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمانلارنى دېمەكچى.

ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن **اللّٰه** تائالا مېنى خەدىچەگە جەننەتتە قومۇشتىن ياسالغان ئۆي بىلەن خۇش - بېشارەت بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئۆيدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە جاپا - مۇشەققەت بولمايدۇ».

﴿**ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ**﴾ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەر ھەقىقەتەن كېسەل بولماستىن مەڭگۈ ساغلام تۇرىسىلەر، ئۆلمەستىن مەڭگۈ ياشايسىلەر، قېرىماستىن مەڭگۈ ياش تۇرىسىلەر ۋە ھەرگىز كۆچۈپ يۈرمەستىن مەڭگۈ مۇقىم تۇرىسىلەر».

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾** يەنى ئى مۇھەممەد! سەن بەندىلىرىمگە مېنىڭ ھەقىقەتەن رەھمەت ۋە قاتتىق ئازاب ئىگىسى ئىكەنلىكىمدىن خەۋەر بەرگىن. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش ئايەتلەر ئىلگىرى بايان قىلىندى. بۇ ئايەت **اللّٰه** تائالادىن ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

* * * * * * *

وَنَبِّئۡهُمۡ عَن ضَيۡفِ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿٥١﴾ إِذۡ دَخَلُواْ عَلَيۡهِ فَقَالُواْ سَلَٰمٗا قَالَ إِنَّا مِنكُمۡ وَجِلُونَ ﴿٥٢﴾ قَالُواْ لَا تَوۡجَلۡ إِنَّا
نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ عَلِيمٖ ﴿٥٣﴾ قَالَ أَبَشَّرۡتُمُونِي عَلَىٰٓ أَن مَّسَّنِيَ ٱلۡكِبَرُ فَبِمَ تُبَشِّرُونَ ﴿٥٤﴾ قَالُواْ بَشَّرۡنَٰكَ
بِٱلۡحَقِّ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡقَٰنِطِينَ ﴿٥٥﴾ قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ ﴿٥٦﴾

ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى ھەققىدىكى (ھېكايىنى) ئېيتىپ بەرگىن﴿51﴾. ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردى، ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن قورقۇۋاتىمىز» دېدى﴿52﴾ ئۇلار: «قورقمىغىن، بىز (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)، ھەقىقەتەن ساڭا (ئۆسۈپ چوڭ بولغىنىدا) ناھايىتى بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل (يەنى ئىسھاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز» دېدى﴿53﴾. ئىبراھىم: «مەن قېرىغان تۇرسام، ماڭا (بالا بىلەن) خۇش خەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟» دېدى﴿54﴾. ئۇلار: «بىز ساڭا راست خۇش خەۋەر بەردۇق، نائۈمىد بولمىغىن» دېدى﴿55﴾. ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى﴿56﴾.



## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر ئوغۇل بالا بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەنلىكى

**﴿ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ مېھمانلىرى ھەققىدىكى (ھېكايىنى) ئېيتىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردى، ئىبراھىم: «بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن**

(1) كەھف سۈرىسى 108 - ئايەت.

**قورقۇۋاتىمىز» دېدى﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى خەۋەر قىلغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: كاۋاپ قىلىنغان سېمىز موزايىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە ۋە ئۇلارنىڭ يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ دىلىغا قورقۇنچ چۈشكەندە، مېھمانلار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: **﴿«قورقمىغىن، بىز (پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)، ھەقىقەتەن ساڭا (ئۆسۈپ چوڭ بولغىنىدا) ناھايىتى بىلىملىك (بولىدىغان) بىر ئوغۇل (يەنى ئىسھاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز»﴾**.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ قېرىپ قالغىنىدا ئۆزلىرىگە بىر ئوغۇل بېرىلىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ مۇنداق دېدى: **﴿«مەن قېرىغان تۇرسام، ماڭا (بالا بىلەن) خۇش خەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟»﴾**

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن خۇش خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكىتلەپ بولۇپ، بۇ خۇش خەۋەردىن كېيىن يەنە بىر خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«بىز ساڭا راست خۇش خەۋەر بەردۇق، نائۈمىد بولمىغىن»﴾**.

* * * * * * *

قَالَ فَمَا خَطْبُكُمْ أَيُّهَا ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٥٧﴾ قَالُوٓا۟ إِنَّآ أُرْسِلْنَآ إِلَىٰ قَوْمٍ مُّجْرِمِينَ ﴿٥٨﴾ إِلَّآ ءَالَ لُوطٍ إِنَّا لَمُنَجُّوهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٥٩﴾ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ قَدَّرْنَآ ۙ إِنَّهَا لَمِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٦٠﴾

ئىبراھىم: «ئى ئەلچىلەر! نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟» دېدى﴿57﴾. ئۇلار ئېيتتى: «بىز ھەقىقەتەن گۇناھكار بىر قەۋم (نى جازالاش) ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق﴿58﴾. پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىز ئۇلار (يەنى لۇتنىڭ تەۋەلىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر) نىڭ ھەممىسىنى (ئازابتىن) چوقۇم قۇتۇلدۇرىمىز﴿59﴾. پەقەت لۇتنىڭ خوتۇنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز ئۇنىڭ چوقۇم باشقىلار بىلەن بىللە ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن بېكىتتۇق»﴿60﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ كېلىش سەۋەبى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قورقۇنچ يوقاپ، خۇش خەۋەر بېرىلگەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار مۇنداق دېدى: **﴿«بىز ھەقىقەتەن گۇناھكار بىر قەۋم (نى جازالاش) ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق»﴾** يەنى ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى قۇتقۇزىدىغانلىقى، پەقەت لۇتنىڭ ئايالىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿پەقەت لۇتنىڭ خوتۇنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىز ئۇنىڭ چوقۇم باشقىلار بىلەن بىللە ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن بېكىتتۇق﴾** يەنى قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھالاك بولغۇچىلاردۇر.

* * * * * * *

فَلَمَّا جَآءَ ءَالَ لُوطٍ ٱلْمُرْسَلُونَ ﴿٦١﴾ قَالَ إِنَّكُمْ قَوْمٌ مُّنكَرُونَ ﴿٦٢﴾ قَالُواْ بَلْ جِئْنَٰكَ بِمَا كَانُواْ فِيهِ
يَمْتَرُونَ ﴿٦٣﴾ وَأَتَيْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿٦٤﴾

ئەلچىلەر لۇتنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن چاغدا﴿61﴾. لۇت: «سىلەر ھەقىقەتەن ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى﴿62﴾. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (بىز الله نىڭ ئەلچىلىرىمىز)، بىز سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) شەكلىنىۋاتقان ئازابنى ئېلىپ كەلدۇق﴿63﴾. بىز ساڭا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق، بىز ئەلۋەتتە (سۆزىمىزدە) راستچىلمىز﴿64﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۈزلىرى چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدە كېلىپ ھويلىسىغا كىرگەندە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار بىلەن مۇنداق دېيىشكەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ: ﴿**لۇت: «سىلەر ھەقىقەتەن ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس (بىز الله نىڭ ئەلچىلىرىمىز)، بىز سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار (يەنى سېنىڭ قەۋمىڭ) شەكلىنىۋاتقان ئازابنى ئېلىپ كەلدۇق**﴾.

﴿**بىز ساڭا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدۇق**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز﴾[1].

﴿**بىز ئەلۋەتتە (سۆزىمىزدە) راستچىلمىز**﴾ بۇ ئايەت پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ، قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بەرگەن خەۋىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

*******

فَأَسْرِ بِأَهْلِكَ بِقِطْعٍ مِّنَ ٱلَّيْلِ وَٱتَّبِعْ أَدْبَٰرَهُمْ وَلَا يَلْتَفِتْ مِنكُمْ أَحَدٌ وَٱمْضُواْ حَيْثُ تُؤْمَرُونَ ﴿٦٥﴾
وَقَضَيْنَآ إِلَيْهِ ذَٰلِكَ ٱلْأَمْرَ أَنَّ دَابِرَ هَٰٓؤُلَآءِ مَقْطُوعٌ مُّصْبِحِينَ ﴿٦٦﴾

كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ يولغا چىققىن، ئۆزەڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىن، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن، سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە يەتكۈچە ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىڭلار»﴿65﴾. سەھەردە بۇلار (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى) نىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلىدۇ (يەنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدۇ) دېگەن ھۆكۈمنى لۇتقا ۋەھيى قىلدۇق﴿66﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىدە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنى كېچىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكەندىن

(1) ھىجر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غازاتلاردا قوشۇننىڭ كەينىدە ماڭاتتى. ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىپ، قوشۇننىڭ كەينىدە قالغانلارنى (قوشۇنغا) يېتىشتۈرەتتى.

﴿**سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئارقىسىغا قارىمىسۇن**﴾ يەنى قەۋمنىڭ ھالاك قىلىنغان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قارىماڭلار. ئۇلارنى ئۇلارغا چۈشكەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە تاشلاپ كېتىڭلار.

﴿**سىلەر بۇيرۇلغان يەرگە يەتكۈچە ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىڭلار**﴾ خۇددى سىلەرنى يولغا باشلايدىغان كىشى سىلەر بىلەن بىرگە بولغاندەك ئالغا مېڭىۋېرىڭلار.

﴿**سەھەردە بۇلار (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى) نىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلىدۇ (يەنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدۇ) دېگەن ھۆكۈمنى لۇتقا ۋەھيى قىلدۇق**﴾ يەنى لوتقا بۇ ھەقتە ئىلگىرى ۋەھيي قىلغان ئىدۇق. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟﴾[1]

* * * * * * *

وَجَآءَ أَهۡلُ ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡتَبۡشِرُونَ ﴿٦٧﴾ قَالَ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ ضَيۡفِي فَلَا تَفۡضَحُونِ ﴿٦٨﴾ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُخۡزُونِ ﴿٦٩﴾ قَالُوٓاْ أَوَلَمۡ نَنۡهَكَ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧٠﴾ قَالَ هَٰٓؤُلَآءِ بَنَاتِيٓ إِن كُنتُمۡ فَٰعِلِينَ ﴿٧١﴾ لَعَمۡرُكَ إِنَّهُمۡ لَفِي سَكۡرَتِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿٧٢﴾

(سەدۇم) شەھىرىنىڭ ئاھالىسى (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى) خۇشال بولۇشۇپ يېتىپ كېلىشتى﴿67﴾. لۇت ئېيتتى: «بۇلار مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا) مېنى رەسۋا قىلماڭلار﴿68﴾. ﷲ دىن قورقۇڭلار (مېھمىنىمنى خارلاش ئارقىلىق) مېنى خارلىماڭلار»﴿69﴾. ئۇلار: «بىز سېنى كەلگەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟» دېدى﴿70﴾. لۇت: «بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم (يەنى قەۋمىمنىڭ قىزلىرى) دۇر، ئەگەر (قازائى شەھۋەت) قىلماقچى بولساڭلار (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى﴿71﴾. (ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴿72﴾.



## شەھەر ئەھلىنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ قېشىغا ئۇلارنى ئەرلەر دەپ گۇمان قىلىپ كەلگەنلىكى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا، خۇشال بولۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

---

(1) ھۇد سۈرىسى 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿لۇت ئېيتتى: «بۇلار مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا) مېنى رەسۋا قىلماڭلار. اللہ دىن قورقۇڭلار (مېھمىنىمنى خارلاش ئارقىلىق) مېنى خارلىماڭلار»﴾** لۇت ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قەۋمىگە مېھمانلارنىڭ اللہ تائالانىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن دېگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ھۇد سۈرىسىدىمۇ بايان قىلىندى.

ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«بىز سېنى كەلگەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟»﴾** يەنى سېنى بىرەر كىشىنى مېھمان قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟ ئاندىن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا، اللہ تائالا ئۇلارغا يارىتىپ بەرگەن ھالال ئورۇندىن كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ توغرۇلۇق ئىلگىرىكى بابلاردا بايان قىلىنغاچقا، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز. ئۇلار ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان بالايى ـ ئاپەتتىن، سەھەردە دۇچ كېلىدىغانلىقى ئېنىق بولغان ئازابتىن بىخەۋەر ئىدى.

اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾** اللہ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كاتتا، ئۇلۇغ، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە شەرەپنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئەمر ئىبنى مالىك ئەبۇجەۋزائىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلۇغراق بىر جاننى ياراتمىدى. ھەم اللہ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەممۇ قىلمىدى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى﴾** يەنى سېنىڭ ھاياتىڭ، ئۆمرۈڭ ۋە دۇنيادا تۇرغانلىقىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەن. **﴿ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرىدا ئويناپ يۈرىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ تۇرمۇشىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قايمۇقۇپ يۈرۈيدۇ.

*******

فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّيْحَةُ مُشْرِقِينَ ﴿٧٣﴾ فَجَعَلْنَا عَـٰلِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِمْ حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ ﴿٧٤﴾ إِنَّ
فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ لِّلْمُتَوَسِّمِينَ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهَا لَبِسَبِيلٍ مُّقِيمٍ ﴿٧٦﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٧٧﴾

كۈن چىقار ۋاقتىدا ئۇلارغا قاتتىق چۇقان يۈزلەندى﴿73﴾. بىز ئۇ شەھەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق) ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (يامغۇردەك) ساپال تاش ياغدۇردۇق﴿74﴾. ئۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴿75﴾. ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا﴿76﴾. بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار﴿77﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى

﴿**ئۇلارغا قاتتىق چۇقان يۈزلەندى**﴾ بۇ، شەھەرنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ، دۈم كۆمتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاش ياغدۇرۇش بىلەن بىرگە ئاڭلىغان قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋازدۇر. بۇ ئەھۋال كۈن چىققان چاغدا يۈز بەرگەن ئىدى.

﴿**ئۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار**﴾ يەنى بۇ شەھەرنىڭ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خارابە ئىزلىرى كۆزەتكۈچى ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئېنىقتۇركى، الله تائالانىڭ ئىنتىقام ئالغانلىقىغا پاكىت بولىدىغان ئېنىق دەلىلدۇر.

مۇجاھىد: ئايەتتىكى "كۆزەتكۈچى (مۇتەۋەسسىمىين)" دېگەن سۆزنى ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەر، ـ دەپ، ئىبنى ئابباس ۋە زەھھاك: كۆزەتكۈچىلەر، ـ دەپ، قەتادە: ئىبرەت ئالغۇچىلار، ـ دەپ، ئىبنى كەسىر بولسا: ئۇلار تەپەككۇر قىلغۇچىلار، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

## سەدۇمنىڭ يول ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر ئىكەنلىكى

﴿**ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا**﴾ يەنى تاشلار ياغدۇرۇلۇپ ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتكەن، پاسكىنا سېسىق كۆلدەك بولۇپ قالغان سەدۇم[1] شەھىرى تا ھازىرغىچە يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان مەھيا يولنىڭ ئۈستىدىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[2]

﴿**بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار**﴾ يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك قىلىش، لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىشمىزدا الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر ئۈچۈن روشەن پاكىت باردۇر.

*******

وَإِن كَانَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَيۡكَةِ لَظَٰلِمِينَ ۝٧٨ فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ وَإِنَّهُمَا لَبِإِمَامٖ مُّبِينٖ ۝٧٩

ئەيكەلىكلەر، شۈبھىسىزكى، زالىم ئىدى (يەنى كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلار ئىدى)﴿78﴾. (شۇئەيبنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلار (يەنى بۇ ئىككى شەھەر) نىڭ ھەر ئىككىلىسى، شۈبھىسىزكى، ئاشكارا يول ئۈستىدىدۇر (ئى مەككە ئاھالىسى! ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمامسىلەر؟)﴿79﴾



(1) ھازىرقى سۈرىيەنىڭ ھىمىس رايونىغا جايلاشقان شەھەرنىڭ ئىسمى. "لىسانۇلئەرەب".
(2) سافقات سۈرىسى 137 ـــ 138 ـ ئايەتلەر.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئەيكەلىكلەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى

ئەيكەلىكلەر[1] شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر. زەھھاك، قەتادە ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: ئەيكە دېگەن قويۇق ئورمانلىقتۇر. ئەيكەلىكلەرنىڭ گۇناھى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنى بۇلاش ۋە ئۆلچەم - تارازىدا كەم بېرىشتەك رەزىل ئىشلار ئىدى. الله تائالا ئۇلارغا قاتتىق ئاۋاز ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق ئازابلارنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالدى. بۇ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ زامانىسىدىن كېيىن بولۇپ، بۇ ئىككى قەۋمنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئورنى يېقىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا﴾** شۇنىڭ ئۈچۈن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرغاندا مۇنداق دېدى: ﴿لۇت قەۋمى (نىڭ دىيارى) سىلەر (نىڭ جايىڭلار) دىن يىراق ئەمەس﴾[2].

*******

وَلَقَدْ كَذَّبَ أَصْحَٰبُ ٱلْحِجْرِ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٨٠﴾ وَءَاتَيْنَٰهُمْ ءَايَٰتِنَا فَكَانُوا۟ عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٨١﴾ وَكَانُوا۟ يَنْحِتُونَ مِنَ ٱلْجِبَالِ بُيُوتًا ءَامِنِينَ ﴿٨٢﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّيْحَةُ مُصْبِحِينَ ﴿٨٣﴾ فَمَآ أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَكْسِبُونَ ﴿٨٤﴾

ھىجرلىكلەر ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىنكار قىلغانلىقىدۇر)﴿80﴾. ئۇلارغا مۆجىزىلىرىمىزنى كەلتۈردۇق (يەنى تاشتىن چىشى تۆگە چىقىرىشتەك قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتتۇق)، ئۇلار بۇ (مۆجىزە) لەردىن يۈز ئۆرۈدى﴿81﴾. ئۇلار (ئازابتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ (بۇ بىزنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ دەپ) ئۆي سالاتتى﴿82﴾. لېكىن قاتتىق چۇقان سەھەردىلا ئۇلارنى ھالاك قىلدى﴿83﴾. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالغان بىنالىرى ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى)﴿84﴾.

## سەمۇد قەۋمى بولغان ھىجرلىقلارنىڭ ھالاك قىلىنىشى

ھىجرلىقلار[3] پەيغەمبەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنى "يالغان" دېگەن سەمۇد قەۋمىدۇر. كىمكى بىر پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارسا، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرلىقلارغا "پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغان" دەپ نام بېرىلدى. الله تائالا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن قاتتىق قورام تاشتىن تۆگە چىقىرىپ بەرگىنىدە، سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىغا پاكىت بولىدىغان مۆجىزىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

تۆگە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا ئوتلايدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى سۇنى بىر كۈنى تۆگە ئىچىدىغان، يەنە بىر كۈنى ئۇلار (سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى) ئىچىدىغان قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇلار

(1) ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شىمالىدىكى تەبۇك شەھىرى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان شەھەر. "مۇئجەمۇلبۇلدان".
(2) ھۇد سۈرىسى 89 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشقان قەدىمى شەھەر.

ھەددىدىن ئېشىپ تۆگىنى بوغۇزلىدى. ئاندىن سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿«ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس»﴾[1] الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (يەنى گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى﴾[2].

**﴿ئۇلار (ئازابتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تاغلارنى تېشىپ (بۇ بىزنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ دەپ) ئۆي سالاتتى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى يوق، ئۇنداق ئۆيلەرگە ئېھتىياجى بولمىسىمۇ، ئۇ ئۆيلەرنى ھەددىدىن ئاشقان ۋە كۆرەڭلىگەن ھالدا بىھۇدە سالاتتى. ئۇلارنىڭ ھىجىر جىلغىسىدىكى سالغان ئۆيلىرى ھازىرمۇ كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا كېتىۋېتىپ ھىجىر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە، بېشىنى پەس قىلىپ ئۇلۇغىنى تېزلەتتى ۋە ساھابىلىرىگە مۇنداق دېدى: «ئازاب چۈشكەن قەۋمنىڭ ماكانىغا يىغلىغان ھالدا كىرىڭلار، ئەگەر يىغلىيالمىساڭلار ئۇلارغا يەتكەن ئازابنىڭ سىلەرگە يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ يىغلاڭلار».

**﴿لېكىن قاتتىق چۇقان سەھەردىلا ئۇلارنى ھالاك قىلدى﴾** يەنى تۆتىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلارنى ھالاك قىلدى. **﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىدى (يەنى ئۇلارنىڭ سالغان بىنالىرى ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمىدى)﴾** يەنى ئۇلار تۆگىنىڭ سۇ ئىچىشىگە بېخىللىق قىلىپ، سۇغا قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تۆگىنى بوغۇزلاپ، پايدىلانغان سۇ بىلەن ئالغان زىرائەت ۋە مېۋە قاتارلىق بايلىقلىرى ئۇلارنى الله تائالا تەرەپتىن كەلگەن ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا قىلچىلىكمۇ ئەسقاتمىدى.

*******

وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۗ وَإِنَّ ٱلسَّاعَةَ لَءَاتِيَةٌ ۖ فَٱصْفَحِ ٱلصَّفْحَ ٱلْجَمِيلَ ﴿٨٥﴾
إِنَّ رَبَّكَ هُوَ ٱلْخَلَّٰقُ ٱلْعَلِيمُ ﴿٨٦﴾

بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدىلا ياراتتۇق، قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر، (ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن﴿85﴾. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿86﴾.

## دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقى

**﴿بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدىلا ياراتتۇق، قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر﴾**، ﴿(الله ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلار

(1) ھۇد سۈرىسى 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[1] الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كاپىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كاپىرلارغا دوزاختىن ۋاي!﴾[2]، ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق - پادىشاھ الله ئۇلۇغدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[3].

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئازار بەرگەن، ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىكنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلاردىن چىرايلىقچە يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇدى: ﴿سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، سالام دېگىن (يەنى ئۇلارغا بەددۇئامۇ قىلمىغىن، دىنغا دەۋەتمۇ قىلمىغىن)، ئۇلار كەلگۈسىدە (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴾[4]. مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلار: بۇ ئايەت (جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن) مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، جىھاد قىلىش ئايىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن چۈشكەن، - دېدى.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، (بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**
بۇ ئايەت قايتىپ بارىدىغان جاينىڭ قىيامەت مەيدانى ئىكەنلىكىنى، الله تائالانىڭ قىيامەتنى قائىم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق نەرسىنى يارىتىشقا ئاجىز كېلىپ قالمايدىغانلىقىنى، زېمىننىڭ ھەر قانداق بىر بۆلۈك - پۇشقاقلىرىدا تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى بىلىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ - دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. الله پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[5]

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِى وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ ﴿٨٧﴾ لَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ
وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَٱخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٨﴾

(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى فاتىھە سۈرىسىنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴿87﴾. بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلار (نىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن، مۆمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴿88﴾.



(1) نەجم سۈرىسى 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساد سۈرىسى 27 - ئايەت.
(3) مۆئمىنۇن سۈرىسى 115 — 116 - ئايەتلەر.
(4) زۇخرۇف سۈرىسى 89 - ئايەت.
(5) ياسىن سۈرىسى 81 — 83 - ئايەتلەر.

## قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: بىز ساڭا كاتتا قۇرئاننى بەردۇق. سەن دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن. بىز دۇنيا ئەھلىنى بەھرىمەن قىلغان زىبۇزىننەتلەر ئۇلارنى سىناش ئۈچۈندۇر. بەھرىمەن بولۇۋاتقان زىبۇزىننەتلەرنىڭ سەندىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمىغىن. ئۇلارنىڭ سېنى يالغانچى دېگەنلىكى ۋە دىنىڭغا قارشى چىقانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن. ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[2].

ئايەتتىكى: ﴿**تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. بىرىنچىسى، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام، ئەئراق ۋە يۇنۇستىن ئىبارەت يەتتە ئۇزۇن سۈرىدۇر. ئىبنى ئابباس ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: الله تائالا ئۇ سۈرىلەردە مىراس ۋە جازا ھۆكۈملىرىنى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ۋە باشقا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: مىساللارنى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى بايان قىلدى.

ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ مەنىسى فاتىھە سۈرىسىدىن ئىبارەت يەتتە ئايەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەلى، ئۆمەر، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم، يەتتىنچى ئايەتتۇر[3]، ئۇنى الله تائالا سىلەرگە خاس قىلدى. ئىبراھىم نەخەئىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئەبۇمەلىكە شەھرى ئىبنى ھەۋشەب، ھەسەنبەسرى ۋە مۇجاھىد قاتارلىقلارمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە ئىككى ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ئەبۇسەئىد ئىبنى مۇئەللا مۇنداق دەيدۇ: مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېنى چاقىردى. مەن ناماز ئوقۇپ بولغۇچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كەلمىدىم، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن سېنى چاقىرسام، نېمىشقا كەلمەيسەن؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل

(1) شۇئەرا سۈرىسى 215 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت.
(3) يەنى فاتىھە سۈرىسى بىسمىللاھنى قوشقاندا يەتتە ئايەت بولىدۇ دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

قىلىڭلار﴾[1] دېمىدىمۇ؟ مەن مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ساڭا قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ماڭا ئۆگىتىپ قويماقچى بولغان ئىدىڭ،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. ئۇ: "ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىلئالەمىين"[2]دۇر. ئۇ نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن كاتتا قۇرئاندۇر» دېدى.

يەنە بىر ھەدىستە ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «فاتىھە سۈرىسى قۇرئاننىڭ جەۋھىرى بولۇپ، نامازدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدۇر».

دېمەك، بۇ ھەدىسلەر فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت ۋە كاتتا قۇرئانلىقىغا ئوچۇق پاكىتتۇر. لېكىن فاتىھە سۈرىسىدىن باشقا سۈرىلەرنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەت دەپ سۈپەتلەش زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سۈرىلەردىمۇ بۇ سۈپەتلەر تېپىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشكىمۇ زىت كەلمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز- نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ﴾[3] دېمەك، قۇرئان بىر تەرەپتىن مەنىسى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر تەرەپتىن تەكرارلىنىدىغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر.

**﴿بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن﴾** يەنى الله تائالا ساڭا بەرگەن كاتتا قۇرئاننى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان، تۈگەپ كېتىدىغان نازۇنېمەتلەرگە كۆز قىرىڭنى سالمىغىن. ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمراھىدا بار بولغان نەرسىنى مەندىمۇ بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىشى مەنئى قىلىندى.

* * * * * * *

وَقُلْ إِنِّيٓ أَنَا ٱلنَّذِيرُ ٱلْمُبِينُ ﴿٨٩﴾ كَمَآ أَنزَلْنَا عَلَى ٱلْمُقْتَسِمِينَ ﴿٩٠﴾ ٱلَّذِينَ جَعَلُوا۟ ٱلْقُرْءَانَ عِضِينَ
﴿٩١﴾ فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩٢﴾ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٣﴾

«مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى الله نىڭ ئازابىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» دېگىن﴿89﴾. پارچىلىۋەتكۈچىلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى) نازىل قىلغاندەك (ساڭا فاتىھە سۈرىسى بىلەن ئۇلۇغ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق)﴿90﴾. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) قۇرئاننى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى (يەنى قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار

(1) ئەنفال سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يەنى فاتىھە سۈرىدۇر دېمەكچى.
(3) زۇمەر سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلدى)﴿91﴾. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴿92-93﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿«مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى الله نىڭ ئازابىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن»﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغان دېگەن كىشىلەردىن الله تائالا ئىنتىقام ئېلىپ، ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرگەندەك، ئۆزىنى يالغان دېگۈچىلەرنى ئۇلارغا دەرتلىك ئازابنىڭ چۈشۈشىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ۋە (الله تائالا مەن بىلەن ئەۋەتكەن) پەيغەمبەرلىك خۇددى ئۆز قەۋمىگە كېلىپ: ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن بۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قوشۇننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن ھەقىقەتەن ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار، ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! ـ دېگەن بىر كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا يولغا چىقىپ، پاناھ جاي تېپىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزدى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا، ئۇنى يالغانچى دەپ قاراپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تاڭ ئاتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن سەھەردە قوشۇن باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. ئەنە شۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئەگەشكەن كىشى بىلەن ماڭا ئاسىي بولغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر».

## (پارچىلىۋەتكۈچىلەرگە) دېگەن سۆزنىڭ تەپسىرى

﴿پارچىلىۋەتكۈچىلەرگە﴾ يەنى ئىتتىپاق تۈزۈپ قەسەم قىلغۇچىلار، ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلىشقا، ئۇلارنى يالغانچىغا چىقىرىشقا ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشكە ئىتتىپاقلىشىپ قەسەم قىلىشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئۇلار: «ئۆز ئارا الله بىلەن قەسەم قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «بىر كېچىدە سالىھنى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنى چوقۇم ئۆلتۈرەيلى، ئاندىن چوقۇم ئۇنىڭ (يەنى ئۇلارنىڭ) ئىگىسىگە، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا بىز ئۇستىدە ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن راستچىلمىز دەيلى»﴾[1] مۇجاھىد: ئۆز ئارا قەسەم ئىچىشكەن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىگە ئوخشاش: ﴿ئۇلار: «الله ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ)، الله ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تولىسى (الله نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ (شۇڭلاشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)﴾[2]، ﴿(ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز

(1) نەمل سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 38 ـ ئايەت.

يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ)﴾[1]، ﴿(ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟﴾[2] يەنى ئۇلار دۇنيادا بىر نەرسىنى يالغان دېيىشكە ئۇنىڭغا قەسەم ئىچىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار "قەسەم قىلغۇچىلار" دەپ ئاتالدى.

**﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) قۇرئاننى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى (يەنى قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلدى)﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان كىتابلارنى بۆلۈپ، بەزىسىگە ئىشەندى ۋە بەزىسىنى ئىنكار قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئەھلى كىتاب بولۇپ، قۇرئاننى بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ بەزىسىگە ئىشەندى ۋە بەزىسىنى ئىنكار قىلدى.

"پارچىلىۋەتكۈچىلەر" دېگەن سۆزدىن قۇرەيش قەبىلىسى، "قۇرئان" دېگەن سۆزدىن مۇشۇ قۇرئان كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

«قۇرئاننى بۆلەكلەرگە بۆلىۋەتتى» دېگەن سۆز توغرىسىدا ئەتا مۇنداق دېدى: قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ بەزىلىرى قۇرئاننى سېھىر دېدى. بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەجنۇن ۋە بەزىلىرى كاھىن دېدى. مانا بۇ، قۇرئاننى بۆلەكلەرگە بۆلگەنلىكتۇر.

ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ۋەلىيد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ قېشىغا قۇرەيشلىكلەردىن بىر توپ ئادەم توپلاشتى. ۋەلىيد ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاتتىلاردىن ئىدى. بۇ ھەج مەۋسۇمى يېقىنلىشىپ قالغان بىر چاغ بولۇپ، ۋەلىيد ئۇلارغا: ئى قۇرەيش گۇرۇھى! ھەج مەۋسۇمى يېقىنلىشىپ قالدى، ئەرەب ئۆمەكلىرى ھەج مەۋسۇمىدە بۇ يەرگە كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلار كەلسە، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار مۇھەممەدنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئاڭلايدۇ. سىلەر ئۇ توغرۇلۇق بىر پىكىرگە كېلىڭلار ۋە بەزىڭلارنى بەزىڭلار يالغانچىغا چىقىرىپ، بىر - بىرىڭلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، ئىختىلاپ تۇغدۇرماڭلار، - دېدى. ئۇلار: ئى ۋەلىيد! سەن بىزگە بىر پىكىرنى تۇرغۇزۇپ بەرگىن، بىز ئۇنى ساڭا ئەگىشىپ دەيلى، - دېدى. ۋەلىيد: ياق، سىلەر ئاۋۋال دەڭلار، مەن ئاڭلاپ باقاي، - دېدى. ئۇلار: كاھىن دەيلى، - دېدى. ۋەلىيد: ئۇ كاھىن ئەمەس، - دېدى. ئۇلار: ئەمىسە ساراڭ دەيلى، - دېدى. ۋەلىيد: ئۇ ساراڭ ئەمەس، - دېدى. ئۇلار: ئەمىسە شائىر دەيلى، - دېدى. ۋەلىيد: ئۇ شائىر ئەمەس دېدى. ئۇلار: ئەمىسە سېھىرگەر دەيلى، - دېدى. ۋەلىيد: ئۇ سېھىرگەر ئەمەس، - دېدى. ئۇلار: ئۇنداقتا نېمە دەيمىز؟ - دېدى. ۋەلىيد: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سۆزى ئىنتايىن شېرىندۇر. سىلەر مۇشۇ گەپتىن بىرەرسىنى دېسەڭلار، ئۇ گەپنىڭ توغرا ئەمەسلىكى بىلىنىپ قالىدۇ. ئەمما سېھىرگەر دېگەن سۆزۈڭلار بىر ئاز ماس كېلىدىكەن. سىلەر ئۇنى سېھىرگەر دەڭلار، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر دەيدىغان بولۇپ، ۋەلىيدنىڭ قېشىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇلار ھەققىدە الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: **﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) قۇرئاننى پارچە - پارچە قىلىۋەتتى (يەنى قۇرئاننىڭ بەزىسىگە**

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 49 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلدى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾.**

ئەبۇجەئفەر رەبىيئتىن ئەبۇئالىيەنىڭ بۇ ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەندىلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى نېمىگە ئىبادەت قىلغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن سورىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتلەر ۋە: ﴿بۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسان ۋە جىن ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن سورالمايدۇ (يەنى گۇناھكارلارنىڭ ئالاھىدە ئالامىتى بولغانلىقتىن مۇنداق سوراشقا ھاجەت بولمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى ھەقىقەتەن ئېنىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردىن: مۇنداق ئەمەللەرنى قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىمايدۇ. بەلكى: بۇنداق ـ بۇنداق ئەمەللەرنى نېمىشقا قىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورايدۇ.

* * * * * * *

فَٱصۡدَعۡ بِمَا تُؤۡمَرُ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ﴿٩٤﴾ إِنَّا كَفَيۡنَٰكَ ٱلۡمُسۡتَهۡزِءِينَ ﴿٩٥﴾ ٱلَّذِينَ يَجۡعَلُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَۚ فَسَوۡفَ يَعۡلَمُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَقَدۡ نَعۡلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدۡرُكَ بِمَا يَقُولُونَ ﴿٩٧﴾ فَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ وَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿٩٨﴾ وَٱعۡبُدۡ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأۡتِيَكَ ٱلۡيَقِينُ ﴿٩٩﴾

ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن﴿94﴾. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز﴿95﴾. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى الله غا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ﴿96﴾. بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز﴿97﴾. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن﴿98﴾. سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴿99﴾.

## ھەقىقەتنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجرا قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجرا قىلىپ، مۇشرىكلارغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى: ئۇنى ئىجرا قىلغىن دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

مۇجاھىد: نامازدا قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئەبۇئۇبەيدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت چۈشكىچە مەخپىي دەۋەت قىلغان ئىدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە

(1) راھمان سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

ساھابىلىرى ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا چىقتى.

## مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇش ۋە مەسخىرە قىلغۇچىلارغا الله تائالانىڭ ئۆزى تاقابىل تۇرىدىغانلىقى

﴿**مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ساڭا نازىل قىلغان نەرسىسىنى يەتكۈزگىن ۋە سېنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن توسماقچى بولغان مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن. ﴿ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[1] ئۇلاردىن قورقمىغىن. الله تائالا چوقۇم ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ ۋە سېنى ئۇلاردىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[2].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىباشلىرى بەش نەپەر ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆز قەۋمى ئىچىدە مەرتىۋىلىك، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى. بىرىنچىسى، ئەسەد قەبىلىسىدىن ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىب بولۇپ، ماڭا يەتكەن خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ۋە مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەتدۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋەتكىن ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى ھالاك قىلىپ، ئۇنى يىغا ـ زارە ئىچىدە قالدۇرغىن».

ئىككىنچىسى، زۆھرە قەبىلىسىدىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇياغۇس. ئۈچىنچىسى، مەخزۇم قەبىلىسىدىن ۋەلىيد ئىبنى مۇغىيرە. تۆتىنچىسى، سەھم قەبىلىسىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل. بەشىنچىسى، خۇزائە قەبىلىسىدىن ھارىس ئىبنى تەلالە قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ئەسكىلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى كۆپ مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿**ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى الله غا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ**﴾.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: يەزىد ئىبنى رۇمان ماڭا ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرىدىن ياكى باشقا ئۆلىمالاردىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەپ بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، جىبرىئىل ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنىڭ قېشىدا تۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىب ئۆتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىبنىڭ يۈزىگە بىر يېشىل يوپۇرماقنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قارىغۇ بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇياغۇس ئۆتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام

(1) قەلەم سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ قورسىقىغا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قورسىقىغا سۇ چۈشۈپ يوغىناپ كەتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ۋەلىيد ئىبنى مۇغىيرە ئۆتتى. جىبرىئىل ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىكى جاراھەت ئىزىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ پۇتى ئىككى يىل بۇرۇن جاراھەتلەنگەن بولۇپ، جاراھەتلىنىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئۇ ئىشتىنىنى ئۇزۇن كىيىپ سۆرەپ ماڭاتتى. ئۇ يا ئوقى ياساۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر تال ئوق ئۇنىڭ ئىشتىنىغا ئىلىنىپ قېلىپ، پۇتىنى سىيرىۋېتىپ جاراھەتلەندۈرۈپ قويىدى. ئەسلىدە ئۇ چوڭ جاراھەت ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ جاراھىتى ئېغىرلىشى، جېنىنى ئالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل ئۆتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تاپىنىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ تائىفقا بارماقچى بولۇپ ئېشىكىگە مىنىپ يولغا چىقتى. ئېشەك يولدا بىر چوماققا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چوماق ئاس ئىبنى ۋائىلنىڭ تاپىنىغا كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ھارىس ئىبنى تەلالە ئۆتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىغا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىدىن ماڭقا ئارىلاش يىرىڭ ئېقىپ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ قالدى.

﴿**ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى الله غا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەت الله تائالاغا يەنە بىر باتىل شېرىكنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان كىشىگە قارىتا قاتتىق قورقۇتۇش ۋە تەھدىت ھېسابلىنىدۇ.

## مۇشەققەتلەرگە چىداشقا ئۈندەش، تەسبىھ ئېيتىشقا، تاكى ئۆلگۈچە ئىبادەت قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز. پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ ۋە تەسبىھ ئېيتقىن ھەم سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولغىن**﴾ يەنى ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن بىز ساڭا ئۇلار تەرەپتىن ئەزىيەت يەتكەنلىكىنى، كۆڭلۈڭنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ ئەزىيەتلەر سېنى ھەرگىزمۇ بىئارام قىلمىسۇن. بۇنداق بولۇشۇڭ سېنى الله تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈشۈڭدىن توسۇپ قويمىسۇن، الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن. ھەقىقەتەن الله تائالا ساڭا يېتەرلىكتۇر ۋە سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ ئۈستىدىن نۇسرەت بەرگۈچىدۇر. سەن الله تائالاغا زىكىر قىلىش، الله تائالاغا ھەمدى ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغىن.

ئىمام ئەھمەد نۇئەيم ئىبنى ھەممازدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا: ئى ئادەم بالىسى! كۈندۈزنىڭ ئەتىگەن ۋاقتىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن ئاجىز كەلمىگىن، كۈندۈزنىڭ كەچقۇرۇن ۋاقتىدا مەن ساڭا كۇپايە قىلىمەن، ـ دېدى»».

﴿**سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن**﴾ ئىمام بۇخارى سالىمنىڭ: بۇ ئايەتتىكى "يەقىين" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۆلۈمدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئۇممۇئەلا ئىسىملىك بىر ئەنسارى ئايالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇ ئاللىقاچان ۋاپات بولغان ئىدى. مەن: ساڭا الله تائالانىڭ رەھمىتى بولسۇن! ئى سائىبنىڭ دادىسى (يەنى ئوسمان)! مەن ساڭا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن الله تائالا سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟» دېدى. مەن: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئەمىسە ئۇ قانداق ئادەم؟ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆلۈم كەلدى. ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى[1].

**﴿سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾** بۇ ئايەت كەرىمىدە ناماز ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارغا پەرز بولغان ئىبادەتلەرنى ئىنسانىنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولسىلا، ئىمكانىيىتىنىڭ يەتكىنىچە ئورۇنداش ۋاجىب ئىكەنلىكىگە پاكىت بار. ئىمام بۇخارى ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، يېتىپ ئوقۇغىن».

بۇ ئايەت ۋە ھەدىستىكى ”يەقىين“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى الله تائالانى ھەقىقىي تونۇش دېگەنلىك بولىدۇ. كىمكى الله تائالانى ھەقىقىي تونۇش دەرىجىسىگە يەتسە، ئۇنىڭدىن پەرز ئىبادەتلەر ساقىت بولۇپ كېتىدۇ دەپ قارىغان دىنسىزلارنىڭ خاتالاشقانلىقىغا دەلىلدۇر. بۇنداق قاراش كۇپۇرلۇق، گۇمراھلىق ۋە نادانلىقتۇر.

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ساھابىلىرى (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) الله تائالانى ۋە الله تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلۇغلاشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك چۈشىنىپ يەتكۈچىلەر ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار تا ئۆلگۈچە الله تائالاغا ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان ۋە الله تائالانىڭ يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى ئەڭ كۆپ قىلغان كىشىلەر ئىدى.

بۇ جايدىكى ”يەقىين“ نىڭ مەنىسى، بىز ئىلگىرى دېگەندەك ئۆلۈم دېگەنلىك بولىدۇ. بارلىق ھەمدۇ سانا ۋە مەدھىيەلەر الله تائالاغا خاستۇر. بىزنى ھىدايەتكە باشلىغان الله تائالاغا ھەمدۇسانالار ئېيتىمىز. الله تائالادىنلا ياردەم سورايمىز ۋە الله تائالاغىلا تەۋەككۈل قىلىمىز. الله تائالا بىزنىڭ جېنىمىزنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئېلىشقا مەسئۇلدۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن سېخى ۋە ئۇلۇغدۇر.

الله تائالانىڭ پەزلى، مەرھەمىتى بىلەن ھىجىر سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.



---

(1) مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمنى «يەقىين» دېگەن سۆز بىلەن كەلتۈرگەنلىكى بۇ ئايەتتىكى «يەقىين» نىڭ ئۆلۈم دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر.

# نەھل سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 128 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَتَىٰٓ أَمْرُ ٱللَّهِ فَلَا تَسْتَعْجِلُوهُ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

اللە نىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار، اللە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴿1﴾.

## قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

قىيامەت يېقىنلاشقانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچە قۇرۇلمىسىدا ئۆتكەن زامان پېئىلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇندىق دەيدۇ: ﴿كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرۇلۇق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴾[1]، ﴿قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى﴾[2].

**﴿ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار﴾** يەنى يىراق بولغان قىيامەت يېقىنلاشتى. ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) قەمەر سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

تەلەپ قىلىدۇ، اللە (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ. ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەھەننەم (قىيامەت كۈنى) كاپىرلارنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت بولغاندا، سىلەرگە كۈن پېتىش تەرەپتىن قالقانغا ئوخشاش قارا بۇلۇت كېلىدۇ. ئۇ بۇلۇت داۋاملىق ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئاندىن ئۇ بۇلۇتتىن بىر جاكارچى: ئى ئىنسانلار! دەپ توۋلايدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ: ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـ دەيدۇ. بەزىلەر: ھەئە، ـ دەيدۇ ۋە بەزىلەر ئاڭلىغانلىقىغا شەك قىلىدۇ. ئۇ جاكارچى ئىككىنچى قېتىم: ئى ئىنسانلار! ـ دەپ توۋلايدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە: ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ـ دەيدۇ. ھەممىسى: ھەئە، ـ دەيدۇ. ئۇ جاكارچى ئۈچىنچى قېتىم: ئى ئىنسانلار! اللە تائالانىڭ پەرمانى (قىيامەت) كەلدى، ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار! ـ دەپ توۋلايدۇ. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، شۇ چاغدا رەخت يېيىپ تۇرغان ئىككى ئادەم بولسا، ئۇلار رەختنى قاتلاشقا ھەرگىز ئۈلگۈرەلمەيدۇ. سۇ ئىچىش ئۈچۈن جومەككە قول ئۇزاتقان بىر ئادەم بولسا، ئۇ سۇنى ئىچىشكە ھەرگىزمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. تۆگىنى سېغىۋاتقان بىر ئادەم بولسا، ئۇ سۈتنى ئىچىشكە ھەرگىزمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن بولىدۇ».

ئاندىن اللە تائالا ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا باشقا نەرسىنى شېرىك قىلغانلىقىنى، بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى، اللە تائالانىڭ يۈكسەك دەرىجىدە پاك ۋە ئالىي ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴾**.

* * * * * * *

يُنَزِّلُ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةَ بِٱلرُّوحِ مِنْ أَمْرِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦٓ أَنْ أَنذِرُوٓا۟ أَنَّهُۥ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱتَّقُونِ ﴿٢﴾

اللە ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىپ (مۇنداق دەيدۇ): «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن (يەنى ئازابىمدىن) قورقۇڭلار»﴿2﴾.

## اللە تائالانىڭ خالىغان كىشىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىدىغانلىقى

**﴿اللە ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىپ (مۇنداق دەيدۇ)﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى،

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 53 ــــ 54 ـ ئايەتلەر.

ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز﴾[1]، ﴿اللّٰه پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾[2]، ﴿اللّٰه پەرىشتىلەردىنمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى يەتكۈزۈش ئۈچۈن)، ئىنسانلاردىنمۇ (شەرىئەتنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن) ئەلچىلەرنى تاللايدۇ﴾[3]، ﴿اللّٰه نىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر، (اللّٰه ) ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، (خالايىق) مۇلاقات بولۇشىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، اللّٰه ئۆز ھۆكمى بويىچە بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ. ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە اللّٰه غا ئۇلاردىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر اللّٰه غا خاستۇر﴾[4].

**﴿«(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن (يەنى ئازابىمدىن) قورقۇڭلار»﴾** يەنى مېنىڭ پەرمانىمغا قارشىلىق قىلغان ۋە مەندىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان كىشىنى مېنىڭ ئازابىمدىن قورقۇتۇڭلار.

*******

خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۚ تَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٣﴾ خَلَقَ ٱلْإِنسَٰنَ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٤﴾

اللّٰه ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، اللّٰه ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن يۈكسەكتۇر﴿3﴾. ئۇ ئىنساننى ئابىمەنىدىن ياراتتى، ناگاھان ئۇ (اللّٰه غا) ئاشكارا خۇسۇمەت قىلغۇچىدۇر﴿4﴾.

## اللّٰه تائالانىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئىنساننى ياراتقانلىقى

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئاسمانلاردىن ئىبارەت ئۈستۈنكى ئالەمنى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ئىبارەت تۆۋەنكى ئالەمنى بىھۇدە ئەمەس، بەلكى ھەق بىلەن ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ﴿(اللّٰه ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[5].

ئاندىن اللّٰه تائالا ئۆزىنى ئۆزگە قوشۇپ ئىبادەت قىلىنغان شېرىكلەردىن پاكلىدى. مەخلۇقاتلارنى ھېچ شېرىكى يوق اللّٰه تائالالا ياراتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن، يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقتۇر. ئاندىن اللّٰه تائالا ئىنساننى ئاجىز ئابىمەنىيدىن

(1) شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەج سۈرىسى 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) غافىر سۈرىسى 15 ــ 16 ـ ئايەتلەر.
(5) نەجم سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياراتقانلىقىنى، ئۇ ئىنسان چوڭ بولۇپ ئۆزىگە ئىگە بولغاندا، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا قارشىلىق قىلىپ، پەرۋەردىگارىنى يالغانغا چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىنسان قارشىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇلچىلىق قىلىشقا يارىتىلغاندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئىنساننى ئابىمەنىدىن ياراتتى، ئۇنى باللار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا- باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله نى قويۇپ ئۇلارغا پايدىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، كاپىر پەرۋەردىگارىغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن (شەيتانغا) ياردەم بەرگۈچىدۇر﴾[1]، ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[2].

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە بەسىر ئىبنى جەھھاش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! مېنى قانداقمۇ ئاجىز ھېسابلايسەن؟ مەن سېنى مۇشۇنىڭلىك نەرسىدىن يارىتىپ بېجىرىم، راۋۇرۇس ئادەم قىلدىم. ئىككى تونىنى كىيىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭدىڭ. تەكەببۇرلۇقۇڭدىن ھەتتا زېمىنمۇ ئەيمىنىدۇ. سەن مال توپلىدىڭ، سەدىقە بەرمىدىڭ. ھەتتاكى جان ھەلقۇمىڭغا يەتكەندە سەدىقە قىلىمەن، ـ دېدىڭ. ئۇ ۋاقىتتا سەدىقە قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟» دېدى.

*******

وَٱلْأَنْعَٰمَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَٰفِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ ٥ وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ
حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ ٦ وَتَحْمِلُ أَثْقَالَكُمْ إِلَىٰ بَلَدٍ لَّمْ تَكُونُوا۟ بَٰلِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ
ٱلْأَنفُسِ إِنَّ رَبَّكُمْ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ٧

الله چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى) نى يەيسىلەر﴿5﴾. ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ)﴿6﴾. ئۇلار يۈك ـ تاقىلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ

(1) فۇرقان سۈرىسى 54 ــــ 55 ـ ئايەتلەر.
(2) ياسىن سۈرىسى 77 ــــ 79 ـ ئايەتلەر.

بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر﴿7﴾.

## چارۋا ـماللارنىڭ اللە تائالانىڭ بىزگە يارىتىپ بەرگەن نېمەتلىرى ئىكەنلىكى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋا ـ ماللارنى بەندىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنئام سۈرىسىدىمۇ سەككىز خىل چارۋا ـ مالنى ياراتقانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى. اللە تائالا ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قوي ۋە تۆگىنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىنىڭ تىۋىت ۋە چۇپۇرلىرىدىن كىيىدىغان كىيىملەرنى، سالىدىغان بىساتلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن چارۋا ـ ماللارنىڭ سۈتلىرىنى، يېيىشى ئۈچۈن قوزىلارنى، بوتىلاقلارنى، ئوغلاقلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋە شۇ چارۋا ـ ماللارنىڭ زىننەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىڭلاردا**﴾ يەنى كەچتە چارۋىلار ئوتلاقتىن قايتقاندا بېقىنلىرى چىقىپ، يېلىنلىرى سۈتكە تولۇپ، لوكىلىرى ئېگىز ھالدا چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ﴿**چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ)**﴾.

﴿**ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ**﴾ يەنى ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشتا، جەڭگە چىققاندا، تىجارەتكە ماڭغاندا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ئۆزەڭلار يۆتكەشكە ۋە كۆتۈرۈشكە ئاجىز كېلىدىغان ئېغىر يۈكلىرىڭلارنى ئۇلارغا ئارتىسىلەر ۋە ئۈستىگە مىنىپ ھاجىتىڭلاردىن چىقىسىلەر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەر (يەنى سۈتلەر) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر. ئۇلار (يەنى تۆگە ۋە ئۆكۈزلەر) بىلەن (قۇرۇقلۇقتا)، كېمە بىلەن (دېڭىزدا) يۈك توشۇيسىلەر﴾[1]، ﴿مىنىشىڭلار ۋە گۆشلىرىنى يېيىشىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرگە ھايۋانلارنى ياراتتى. ئۇلار سىلەرگە نۇرغۇن پايدا كەلتۈرىدۇ، ئۇلارغا مىنىپ دىلىڭلارغا پۈككەن ھاجىتىڭلاردىن چىقىسىلەر، (قۇرۇقلۇقتا يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى) ئۇلارغا ئارتىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە قاچىلايسىلەر. اللە سىلەرگە (قۇدرىتىنىڭ) ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، سىلەر اللە نىڭ (قۇدرىتىنىڭ) قايسى ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾[2].

اللە تائالا بۇ نېمەتلەرنى ساناپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر**﴾ يەنى مۇشۇ چارۋا ـ ماللارنى سىلەرگە كۆندۈرۈپ ۋە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار ھەقىقەتەن شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت)

---

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 21 ــ 22 ـ ئايەتلەر.
(2) غافىر سۈرىسى 79 ــ 81 ـ ئايەتلەر.

قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ﴾[1]، ﴿الله پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ياراتتى، سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېگەيسىلەر﴾[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿**ئىسسىنىسىلەر**﴾ نىڭ مەنىسى كىيىم ـ كېچەك ھازىرلايسىلەر، ﴿**پايدىلىنىسىلەر**﴾ نىڭ مەنىسى يەنى غىزالىنىسىلەر دېگەن بولىدۇ، ـ دېدى.

* * * * * * *

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً ۚ وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨﴾﴾

**الله** ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، **الله** يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴿8﴾.

ئات، خېچىر ۋە ئېشەك قاتارلىقلار ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك **الله** تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە مىنىش ۋە زىننەتلىنىش ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن چارۋا ـ ماللارنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، **الله** تائالا ئۇلار بىلەن ئىنسانلارغا ئېھسان قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ۋە زىننەت ئورنىدا پايدىلىنىش مەقسىتىلەرنىڭ چوڭىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى. ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز خەيبەر كۈنىدە ئات، خېچىر ۋە ئېشەكلەرنى بوغۇزلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېچىر بىلەن ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى. لېكىن، ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسمىدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئاتنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ گۆشىنى يېدۇق. بىز شۇ چاغدا مەدىنىدە ئىدۇق.

* * * * * * *

﴿وَعَلَى اللَّهِ قَصْدُ السَّبِيلِ وَمِنْهَا جَائِرٌ ۚ وَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٩﴾﴾

(1) ياسىن سۈرىسى 71 ــ 72 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 12 ــ 14 ـ ئايەت.

توغرا يول كۆرستىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ، مۇبادا الله خالىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا سالغان بولاتتى﴿9﴾.

## دىنىي يوللارنىڭ بايانى

الله تائالا ھېس قىلغىلى بولىدىغان يوللاردا ئۈستىگە مىنىپ پايدىلىنىدىغان چارۋا ـ ماللار ھەققىدە سۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنغا مەنسۇپ بولغان مەنىۋىي يوللار ھەققىدىمۇ ئاگاھلاندۇردى. ئاشكارا چۈشىنىشلىشقا بولىدىغان بايانىدىن دىنغا مەنسۇپ مەنپەئەتلىك مەنىۋىي ئىشلارغا ئۆتۈش ئۇسلۇبى قۇرئاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئۇسلۇب الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ: ﴿ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر﴾[1]، ﴿ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۈستىگە مىنىپ كۆزلىگەن جايلىرىغا يېتىپ بارىدىغان ۋە ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى شەھەردىن ـ شەھەرگە، يىراق يۇرتلارغا ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرلەرگە چىققاندا ئارتىپ بارىدىغان ھايۋانلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار مېڭىشقا تېگىشلىك يولنى ۋە ئۇ يولنىڭ ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿توغرا يول كۆرستىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (الله نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن﴾[3]، ﴿الله ئېيتتى: «بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر﴾[4].

مۇجاھىد الله تائالانىڭ: **﴿توغرا يول كۆرستىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾** دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ھەق يولنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: **﴿توغرا يول كۆرستىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا توغرا يول ۋە گۇمراھلىق يولىنى ئۇچۇق بايان قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلدى. قەتادە ۋە زەھھاكمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بەزى يوللار ئەگرى بولىدۇ﴾** يەنى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ئەگرى يوللارمۇ بار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

(1) بەقەرە سۈرىسى 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھىجر سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئاتەش پەرەسلەرنىڭ يوللىرىغا ئوخشاش ھەر خىل يوللار، پىكىرلەر ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس خاھىشلاردۇر. ئاندىن الله تائالا ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە خالىشى بىلەن بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۇبادا الله خالىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا سالغان بولاتتى**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سىلىپ ھالاك قىلمايدۇ. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴾[2].

*******

هُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗۖ لَّكُم مِّنۡهُ شَرَابٞ وَمِنۡهُ شَجَرٞ فِيهِ تُسِيمُونَ ١٠ يُنۢبِتُ
لَكُم بِهِ ٱلزَّرۡعَ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلنَّخِيلَ وَٱلۡأَعۡنَٰبَ وَمِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ
يَتَفَكَّرُونَ ١١

الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۈسكەن دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر﴿10﴾. الله سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴿11﴾.

## يامغۇر ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى

الله تائالا ئىنسانلارغا چارۋا ـماللارنى ۋە ئۇلاغلارنى نېمەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن ئۈستۈنكى ئالەمدىن يامغۇرنى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكتىن ئىبارەت نېمىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنىڭدىن ئىچىسىلەر**﴾ يەنى ئۇ يامغۇر سۈيىنى تۈزلۈق، ئاچچىق قىلماستىن سىلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشىڭلار ئۈچۈن تاتلىق قىلدى.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 117 ـــ 118 ـ ئايەتلەر.

﴿**ۋە شۇ يامغۇر ئارقىلىق ئۆسكەن دەل - دەرەخلەر بىلەن چارۋاڭلارنى باقىسىلەر**﴾ يەنى الله تائالا شۇ يامغۇردىن چارۋىلىرىڭلارنى باقىدىغان دەل - دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ**﴾ يەنى بىر خىل يامغۇر سۈيى بىلەن زېمىندىن تەملىرى، رەڭلىرى، پۇراقلىرى ۋە شەكىللىرى ھەرخىل ھەر تۈردە بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار**﴾ يەنى بىر الله تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا پاكىت بار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَسَخَّرَ لَكُمُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ ۖ وَٱلنُّجُومُ مُسَخَّرَٰتٌۢ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿١٢﴾ وَمَا ذَرَأَ لَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ مُخْتَلِفًا أَلْوَٰنُهُۥٓ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ
لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣﴾

الله سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ الله نىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار﴿12﴾. الله يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴿13﴾.

## كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ، كۈن بىلەن ئاينىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىدا ۋە زېمىندىن چىقىرىلغان نەرسىلەردە الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ كۈن بىلەن ئاينى توختىماي ئايلىنىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىدە، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ماڭىدىغان، قاراڭغۇ كېچىلەردە يول تېپىپ مېڭىش ئۈچۈن ئاسمانلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغۇن يۇلتۇزلارنى ۋە سەييارىلارنى نۇرلۇق قىلىپ بەرگەنلىكىدە، بۇلارنىڭ ھەر بىرى الله تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا سەير قىلىدىغانلىقىدا، ئۇنىڭ سەيرى قىلىشى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئازراقمۇ

(1) نەمل سۈرىسى 60 - ئايەت.

ئېشىپ ۋەياكى كەم بولۇپ قالمايدىغانلىقىدا الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان كاتتا دەلىل - پاكىتلارنىڭ بارلىقىنى بەندىلەرنىڭ سەمگە سالىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ باشقۇرۇشى، ھۆكۈمرانلىقى، بويسۇندۇرۇشى، ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاسانلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾** يەنى الله تائالانى تونۇيدىغان ۋە الله تائالانىڭ پاكىتلىرىنى چۈشىنىدىغان قەۋمگە الله تائالانىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى ۋە كاتتا ھۆكۈمرانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار.

**﴿الله يەنە يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگارەڭ نەرسىلەرنى (سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)﴾** الله تائالا ئاسماننىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە يەر يۈزىدىكى الله نېمەت قىلىپ يارىتىپ بەرگەن رەڭگى، تۈرى، شەكلى ھەرخىل بولغان ھايۋاناتلار، مەدەنلەر، ئۆسۈملۈكلەر، بۇنىڭدىن باشقا جانسىز نەرسىلەر ۋە ئۇ نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتلەرنى بايان قىلدى.

**﴿ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾** يەنى بەندىلەر الله تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىشى لازىم.

*******

وَهُوَ ٱلَّذِى سَخَّرَ ٱلْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا۟ مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا وَتَسْتَخْرِجُوا۟ مِنْهُ حِلْيَةً تَلْبَسُونَهَا
وَتَرَى ٱلْفُلْكَ مَوَاخِرَ فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿١٤﴾
وَأَلْقَىٰ فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِكُمْ وَأَنْهَـٰرًا وَسُبُلًا لَّعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥﴾ وَعَلَـٰمَـٰتٍ
وَبِٱلنَّجْمِ هُمْ يَهْتَدُونَ ﴿١٦﴾ أَفَمَن يَخْلُقُ كَمَن لَّا يَخْلُقُ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿١٧﴾ وَإِن تَعُدُّوا۟ نِعْمَةَ
ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٨﴾

الله سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېڭى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى) نى يېسۇن، تاقايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى (يەنى ئۈنچە - مارجانلار) نى چىقارسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله نىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، (الله نىڭ

(1) ئەئراف سۈرىسى 54 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە يۇك ـ تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴿14﴾. زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، اللّٰه ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى، (زىرائەتلىرىڭلارنى، چارۋا ماللىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن) ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى﴿15﴾. (يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ﴿16﴾. (پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان اللّٰه بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر﴿17﴾. ئەگەر اللّٰه نىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، اللّٰه سىلەر (نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار) نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴿18﴾.

## دېڭىزلار، تاغلار، دەريا ـ ئۆستەڭلار، يوللار ۋە يۇلتۇزلاردىكى اللّٰه تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە دولقۇنلىنىپ تۇرغۇچى دېڭىزنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللّٰه تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ دېڭىزدا سەپەر قىلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا كىتلارنى ۋە بېلىقلارنى ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەيلى تىرىكى ياكى ئۆلۈكى بولسۇن، ئېھرامدىن چىققاندا بولسۇن ياكى ئېھرامدا بولسۇن، گۆشلىرىنى بەندىلىرى ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋە دېڭىزدا مەرۋايىت ۋە قىممەت باھالىق جەۋھەرلەرنى ياراتقانلىقىنى، بەندىلەرنىڭ زىبۇزىننەت قىلىشى ئۈچۈن دېڭىزنىڭ ئاستىدىن سۈزۈپ ئېلىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، دېڭىزنى يېرىپ ماڭىدىغان كېمىلەرنى كۆتۈرۈشكە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

مۇنداق كۆز قاراشمۇ بار: كېمە ئۆزىنىڭ ئېگىز تۇمشۇقى بىلەن دېڭىزنى يېرىپ ماڭىدۇ. اللّٰه تائالا ئۇ ئېگىز تۇمشۇقنى ياساشنى بەندىلىرىگە بىلدۈردى ۋە كېمە ياساشنى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېگىز تومشىقىنى ياساشقا يېتەكلىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە ئەڭ دەسلەپتە چىققان، شۇنداقلا، ئەڭ دەسلەپتە كېمە ياساش ئۆگىتىلگەن كىشىدۇر. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىنسانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېمە ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگە سەپەر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: **﴿اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن﴾** يەنى اللّٰه تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە ئېھسانىغا شۈكۈر ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن **﴿(اللّٰه نىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەر ۋە يۈك ـ تاقلار قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾**.

ئاندىن اللّٰه تائالا زېمىننىڭ تەۋرەپ كېتىپ ئۈستىدىكى جانلىقلارنىڭ ياشىشىغا ئىمكان بولماي قالماسلىقى ئۈچۈن، ئېگىز تاغلارنى زېمىننى تەۋرەتمەي، مۇستەھكەم تۇرغۇزىدىغان قوزۇق

قىلىپ ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تاغلارنى (زېمىندا) مۇقىم قىلدى﴾[1].

﴿**ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن يوللارنى پەيدا قىلدى**﴾ يەنى زېمىندا زېمىن ئەھلىگە رىزىق بولۇشى ئۈچۈن، بىر يەردىن يەنى بىر يەرگە ئاقىدىغان دەريا ـ ئۆستەڭلارنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭدا ئاقىدىغان سۇلار يەرلەر، قۇرۇقلۇقلار، چۆللەر، تاغلار ۋە تۆپىلىكلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇ ئېقىپ ئۆتكەن جايلاردىكى كىشىلەرگە **الله** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن مەنپەئەت بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ دەريا ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇ زېمىندا ئوڭ ـ سول، جەنۇب ـ شىمال تەرەپلەرگە **الله** تائالا ئىرادە قىلغان، ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بويسۇندۇرۇپ قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن بويىچە بەزىدە كۆپ ۋە بەزىدە ئاز، بەزىدە تېز ۋە بەزىدە ئاستا، بەزىدە ئۈزۈلۈپ (توختاپ) ۋە بەزىدە داۋاملىشىپ ئاقىدۇ. **الله** تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، **الله** تائالادىن باشقا ھېچ پەرۋەردىگار يوقتۇر.

شۇنىڭدەك، **الله** تائالا زېمىندا شەھەرلەردىن شەھەرلەرگە بارىدىغان يوللارنى پەيدا قىلىپ بەردى. ھەتتاكى **الله** تائالا تاغلاردىن ئۆتۈشى ئۈچۈن تاغ ئېغىزلىرىنى قىلىپ بەردى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ، تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق﴾[2].

﴿**(يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى**﴾ يەنى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ يولىدىن ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەلگە بولىدىغان چوڭ تاغلار، كىچىك تۆپىلىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەلگىلەر بار.

﴿**ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ**﴾ يەنى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يول يۈرگەندە دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابباسمۇ بايان قىلغان.

## ئىبادەت قىلىنىشنىڭ الله تائالاغىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكى

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىغا، ئىبادەت قىلىنىشنىڭ پەقەت **الله** تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىگە، **الله** تائالادىن باشقا (بۇت) لارنىڭ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغانلىقىغا، بەلكى ئۇلارنىڭ ياسالغان نەرسە ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(پۈتۈن كائىناتنى) ياراتقان الله بىلەن (ھېچ نەرسىنى) يارىتالمايدىغان (بۇتلار) ئوخشاش بولامدۇ؟ ئويلىمامسىلەر**﴾.

ئاندىن **الله** تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرى ۋە قىلغان ئېھسانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر الله نىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، الله سىلەر (نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار) نى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا ھەقىقەتەن كەچۈرگۈچىدۇر. ئەگەر **الله** تائالا سىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن سىلەرنىڭ شۈكۈر ئېيتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە سىلەر شۈكۈر ئېيتىشقا ئاجىز كېلەتتىڭلار. ئەگەر



(1) نازىئات سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا سىلەرگە شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرۇق قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئاجىز كەلگەنلىكتىن ئۇنى ئورۇنلىيالمىغان بولاتتىڭلار. ئەگەر الله تائالا سىلەرنى شۈكۈرنى تولۇق ئورۇندىيالمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابلىماقچى بولسا، ئەلۋەتتە ئازابلاۋېرەتتى. الله تائالا سىلەرگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر. گۇناھ قانچە كۆپ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ. ساۋاب قانچە ئاز بولسىمۇ، مۇكاپات بېرىدۇ.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر نېمەتنىڭ بەزىسىگە شۈكرى ئېيتىپ بولالماسلىقتەك كەمچىلىكىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، الله تائالاغا بويسۇنۇشقا ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە قايتساڭلار، الله تائالا سىلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ. تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن سىلەرگە رەھمەت قىلىپ ئازابلىمايدۇ.

*******

وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُسِرُّونَ وَمَا تُعْلِنُونَ ﴿١٩﴾ وَٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَا يَخْلُقُونَ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴿٢٠﴾ أَمْوَٰتٌ غَيْرُ أَحْيَآءٍ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ ﴿٢١﴾

الله سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارا قىلغاننىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿19﴾. ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (يەنى بۇتلىرى) ھېچ شەيئىنى يارىتالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر (يەنى ئىنسانلار تەرىپىدىن ياسالغاندۇر)﴿20﴾. ئۇلار (يەنى بۇتلار) تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر، ئۇلار (چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ﴿21﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە كۆڭۈللەردىكى سىرلارنى خۇددى ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگەندەك بىلىدىغانلىقىنى ۋە پات ئارىدا كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئەمەلىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى يارىتىلغۇچى ئىكەنلىكى

الله تائالا، ئۇلارنىڭ الله تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنىڭ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغانلىقىدىن، ئەكسىچە ئۇ بۇتلارنىڭ يارىتىلغان مەخلۇقلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿«(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر»﴾[1].

**﴿ئۇلار (يەنى بۇتلار) تىرىك ئەمەس، ئۆلۈكتۇر﴾** يەنى ئۇ بۇتلار ئاڭلىيالمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان، ئەقىلسىز ۋە جانسىز قۇرۇق ساپالدۇر. **﴿ئۇلار (چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ) قاچان قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ئۇلاردىن قانداقمۇ ساۋاب ۋە مۇكاپات ئۈمىد قىلىنسۇن.

(1) ساففات سۈرىسى 95 ـــ 96 ـ ئايەتلەر.

مەنپەئەت، ساۋاب ۋە مۇكاپات پەقەت ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىنى ياراتقۇچى زات اللہ تائالادىنلا ئۈمىد قىلىنىدۇ.

* * * * * * *

إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ ۚ فَالَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ قُلُوبُهُم مُّنكِرَةٌ وَهُم مُّسْتَكْبِرُونَ ﴿٢٢﴾ لَا جَرَمَ أَنَّ
اللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ۚ إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْتَكْبِرِينَ ﴿٢٣﴾

سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشقا لايىق) ئىلاھىڭلار بىردۇر، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى (اللہ نىڭ بىرلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، (ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر﴿22﴾. اللہ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى راستلا بىلىپ تۇرىدۇ، اللہ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴿23﴾.

## پەقەت اللہ تائالانىڭلا ئىبادەتكە لايىق ئىكەنلىكى

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىهاجەت، يالغۇز، بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە كاپىرلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن ھەيران قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش»﴾[1]، ﴿يالغۇز اللہ تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. اللہ دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾[2].

**﴿ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، (ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلاردۇر﴾** يەنى ئۇلار اللہ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىنمۇ باش تارتىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[3].

**﴿اللہ ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى راستلا بىلىپ تۇرىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىغا قارىتا پات يېقىندا جازا بېرىدۇ. **﴿اللہ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾**.

* * * * * * *

وَإِذَا قِيلَ لَهُم مَّاذَا أَنزَلَ رَبُّكُمْ ۙ قَالُوا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ لِيَحْمِلُوا أَوْزَارَهُمْ كَامِلَةً يَوْمَ
الْقِيَامَةِ ۙ وَمِنْ أَوْزَارِ الَّذِينَ يُضِلُّونَهُم بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ أَلَا سَاءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٢٥﴾

(1) ساد سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى 45 ـ ئايەت.
(3) غاپىر سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار (مەسخىرە قىلىپ): «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)» دېيىشىدۇ﴿24﴾. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!﴿25﴾.

## كاپىرلارنىڭ ۋەھيىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئازابنىڭ ھەسسىلەپ بولىدىغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ۋەھيىنى يالغان دېگۈچىلەرگە: **﴿«پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟»﴾** دېيىلسە، كاپىرلار جاۋاب بېرىشتىن يۈز ئۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى (نازىل قىلدى)»﴾** يەنى ھېچ نەرسە چۈشمىدى، بۇگۈن پەقەت ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان ئەپسانىلارلا ئوقۇپ بېرىلدى، ـ دېيىشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېيزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴾[1] يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلايدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە زىت، ئاساسى بولمىغان ھەرخىل گەپلەرنى دېيىشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ﴾[2] مۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ھەقتىن چىقىپ كەتكەن ھەر قانداق كىشى نېمىلا دېسە خاتالىشىدۇ.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر، شائىر، رەممال ۋە مەجنۇن دەيتتى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاتتىبېشى ۋەلىيد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ توقۇپ چىققان سۆزىنى دېيىشكە قارار قىلىشتى. الله تائالا ۋەلىيدنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەققىدە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: ﴿ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى، (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. «بۇ (كالامۇالله ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى﴾[3] ئۇلار ۋەلىيدنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ پىكرى بويىچە قىلىدىغان بولۇشۇپ تارقاشتى. الله تائالا ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!

**﴿ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىنى، ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن ۋە قوشۇلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشىنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

(1) فۇرقان سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) فۇرقان سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(3) مۇددەسسىر سۈرىسى 18 ـــ 25 ـ ئايەتكىچە.

ئۇلارنىڭ ئازغان خاتالىقى ئۆزلىرىگە بولىدۇ ۋە ئۇلار باشقىلارنى ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازدۇرۇلغانلارنىڭ خاتالىقىدىنمۇ ئۇلارغا بىر ھەسسە بېرىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى باشقىلارنى ھىدايەتكە چاقىرسا، ئۇ ئادەمگە شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئەجرىدىن ھېچنېمە كېمەيتىلمەستىن، ئەگەشكۈچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا، چاقىرغۇچى ئادەمگە گۇمراھلىققا ئەگەشكەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن، ئەگەشكۈچىنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان سۆزلىرى ئۈچۈن سوراققا تارتىلىدۇ﴾[1] مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى قوشۇپ يۈكلىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئازابى ھېچقانداق يەڭگىللىتىلمەيدۇ.

*******

قَدۡ مَكَرَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ فَأَتَى ٱللَّهُ بُنۡيَٰنَهُم مِّنَ ٱلۡقَوَاعِدِ فَخَرَّ عَلَيۡهِمُ ٱلسَّقۡفُ مِن
فَوۡقِهِمۡ وَأَتَىٰهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ يُخۡزِيهِمۡ وَيَقُولُ أَيۡنَ
شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ كُنتُمۡ تُشَٰٓقُّونَ فِيهِمۡۚ قَالَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ إِنَّ ٱلۡخِزۡيَ ٱلۡيَوۡمَ وَٱلسُّوٓءَ
عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٧﴾

ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلار (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ (الله نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى). الله ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلدى﴿26﴾. ئاندىن كېيىن الله ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ، (ئۇلارغا كايىپ) «مېنىڭ شېرىكلىرىم قېنى قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبەرلەر بىلەن) مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟» دەيدۇ. ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆلىمالار): «بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ھەقىقەتەن كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر» دەيدۇ﴿27﴾.

## ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئازابنىڭ بايانى

**﴿ئۇلار (يەنى مەككە كاپىرلىرى) دىن ئىلگىرى ئۆتكەن كاپىرلار (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە**

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ـ مىكرى ئىشلىتىپ (اﷲ نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ سەرە جامائەتىدىن بولغان نەمرۇتتۇر. باشقا تەپسىرشۇناسلار: ئۇ بۇختۇننەسسىردۇر، ـ دېدى. توغرىسى: بۇ، اﷲ تائالانى ئىنكار قىلغان ۋە اﷲ تائالاغا باشقىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلغانلارنىڭ باتىل قىلمىشىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

بۇ خۇددى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىگە ئوخشاشتۇر: ﴿ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى﴾[1] يەنى ئۇلار خالايىقنى ئازدۇرۇشقا پۈتكۈل ھىيلىسىنى ئىشلەتتى ۋە كۆپ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىگە ئۇلارنى مايىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قىيامەت كۈنى مۇنداق دەيدۇ: ﴿(سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اﷲ نى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ﴾[2].

﴿اﷲ ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۇلىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى ۋە قىلغان ئىشىنى بىكار قىلدى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللا غا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، اﷲ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلارغا اﷲ نىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. اﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار﴾[4].

﴿**اﷲ ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلدى. ئاندىن كېيىن اﷲ ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ رەسۋالىقلىرىنى ۋە دىللىرىدا يوشۇرغان نەرسىلىرىنى اﷲ ئاشكارا قىلىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴾[5] سىرلار ئاشكارا بولۇپ ئېچىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ۋەدىسىدە تۇرمىغان ھەر بىر كىشىنىڭ ساغرىسىغا (ۋەدىسىگە تۇرمىغان گۇناھىغا قارىتا) بىر بايراق قادىلىپ: بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغان گۇناھىدۇر، ـ دېيىلىدۇ».

مانا مۇشۇنداق، ئۇلارنىڭ يوشۇرغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ. اﷲ تائالا ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، ئۇلارغا كايىغان ۋە تەنە قىلغان ھالدا



---

(1) نۇھ سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
(2) سەبە سۈرىسى 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مائىدە سۈرىسى 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھەشىر سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) تارىق سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«مېنىڭ شېرىكلىرىم قېنى قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبەرلەر بىلەن) مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟»**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟﴾[1]، ﴿ئۇنىڭدىن (يەنى ئىنساندىن) (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ كۈچ ۋە ياردەمچى يوقتۇر﴾[2] يەنى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت كەلتۈرۈلگەن، دەلىللەر تۇرغۇزۇلغان، ھەق سۆز ئەمەلىيلەشكەن، قاچىدىغان ھېچ جاي تاپالمىغاندا ئۇلار ئۆزرە ئېيتىشتىن توختىدى.

﴿**ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆلىمالار)**﴾ ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يول باشچىلار ۋە ھەقىقەتتىن خەۋەر بەرگۈچىلەر بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ھەقىقەتەن كاپىرلارغا تېگىشلىكتۇر»**﴾ يەنى بۇ كۈندە رەسۋاچىلىق ۋە ئازاب الله تائالاغا كاپىر بولغان، ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە ھېچ مەنپەئەت بېرەلمەيدىغان نەرسىنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەرنى قورشىۋالىدۇ.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةُ ظَالِمِىٓ أَنفُسِهِمۡۖ فَأَلۡقَوُاْ ٱلسَّلَمَ مَا كُنَّا نَعۡمَلُ مِن سُوٓءِۭۚ بَلَىٰٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِمَا
كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ﴿٢٨﴾ فَٱدۡخُلُوٓاْ أَبۡوَٰبَ جَهَنَّمَ خَـٰلِدِينَ فِيهَاۖ فَلَبِئۡسَ مَثۡوَى ٱلۡمُتَكَبِّرِينَ ﴿٢٩﴾

ئۇلار (كۇفرنى ئىختىيار قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان سالغان شارائىتتا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق» (دەيدۇ). ئۇنداق ئەمەس، الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿28﴾. سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلىپ، (الله غا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!﴿29﴾

## كاپىرلارنىڭ سەكراتتىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى مۇشرىكلارنىڭ سەكراتتىكى ھالىدىن ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ مەينەت جانلىرىنى ئالغىلى كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ**﴾ يەنى مۇشرىكلار ئىتائەت قىلغانلىقىنى ۋە بويسۇنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق»**﴾ شۇنىڭدەك، ئۇلار قىيامەت كۈنىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾[3]، ﴿ئۇ كۈندە الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك الله غا قەسەم ئىچىدۇ﴾[4].

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تارىق سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(3) ئەنئام سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇجادەلە سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇنداق ئەمەس، اللە سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر. سىلەر (ئىچىدە) مەڭگۈ قالىدىغان جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، چوڭچىلىق قىلىپ، (اللە غا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتقۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!﴾** يەنى اللە تائالانىڭ ئايەتلىرىنى تەستىقلاشتىن ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىن بويۇنتاۋلۇق قىلغان كىشىلەرگە تەييارلانغان خارلىغۇچى ماكان بار. ئۇلارنىڭ جانلىرى ئۆلگەن كۈندىن تارتىپلا جەھەننەمگە كىرىدۇ ۋە تەنلىرى قەبرىلىرىدە يۇقىرى ھارارەتلىك ئوت يالقۇنىدا كۆيىدۇ. ئاندىن قىيامەت بولغاندا، جانلىرى تەنلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾[2].

* * * * * * *

﴿وَقِيلَ لِلَّذِينَ ٱتَّقَوْاْ مَاذَآ أَنزَلَ رَبُّكُمْ ۚ قَالُواْ خَيْرًا ۗ لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةٌ ۚ وَلَدَارُ
ٱلْءَاخِرَةِ خَيْرٌ ۚ وَلَنِعْمَ دَارُ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٠﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ لَهُمْ فِيهَا مَا
يَشَآءُونَ ۚ كَذَٰلِكَ يَجْزِى ٱللَّهُ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣١﴾ ٱلَّذِينَ تَتَوَفَّىٰهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ طَيِّبِينَ ۙ يَقُولُونَ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمُ
ٱدْخُلُواْ ٱلْجَنَّةَ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٣٢﴾

تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!﴿30﴾ ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدنى جەننەتلىرىگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ، اللە تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ﴿31﴾. ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ﴿32﴾.

## تەقۋادارلارنىڭ ۋەھيي توغرىسىدىكى سۆزلىرى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات، ئۇلارنىڭ سەكراتتىكى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى

بۇ، يۇقىرىدىكى بەختسىز كىشىلەردىن بېرىلگەن خەۋەرنىڭ دەل ئەكسىچە بەختلىك كىشىلەردىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. ئەنە شۇ بەختسىز كىشىلەرگە: **﴿«پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە﴾** ئۇلار جاۋاب بېرىشتىن يۈز ئۆرۈپ: ئۇ ھېچ نەرسە چۈشۈرمىدى. بەلكى، بۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر، ـ دېيىشىدۇ. بەختلىك كىشىلەر بولسا: **﴿«ياخشى**

(1) فاتىر سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) غاپىر سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

**سۆزلەرنى نازىل قىلدى»﴿** يەنى پەرۋەردىگارىمىز پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىگە رەھمەت، بەرىكەت ۋە ياخشىلىق چۈشۈردى، ـ دېيىشىدۇ.

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[1] يەنى كىمكى دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەمەلىنى ياخشى قىلىمىز.

ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتتە ئاخىرەتنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ دۇنيانىڭ مۇكاپاتىدىن مۇكەممەل ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە الله نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر﴾[2]، ﴿الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر﴾[3]، ﴿ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[4]، ﴿ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر﴾[5]. ئاندىن الله تائالا ئاخىرەتنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: **﴿تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!﴾**

**﴿ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئەدنى جەننەتلىرىگە كىرىدۇ﴾** يەنى ئۆستەڭلەر جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە قەسىرلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدۇ. **﴿ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴾[6].

ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلىدىن بىر توپ كىشى ئۆزلىرىنىڭ شارابلىرى (قويۇلغان داستىخان) ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، بىر بۇلۇت ئۆتىدۇ. ئۇ بۇلۇت ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەر قانداق نەرسىنى تارتقان ھامانلا ئۇنى ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. تاكى ئۇلاردىن: ئى بۇلۇت! بىزگە تەڭتۇش قىزلارنى ياغدۇرۇپ بەرگىن!ـ دەيدىغانلار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

**﴿الله تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ﴾** يەنى الله تائالاغا ئىشەنگەن، الله تائالادىن قورققان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بارلىق كىشىلەرنى شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ. ئاندىن الله تائالا تەقۋادار، بەختلىك كىشىلەرنىڭ شېرىكتىن، گۇناھتىن ۋە باشقا يامان ئەمەللەردىن پاك ھالەتتە



(1) نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەئلا سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(5) زۇھا سۈرىسى 4 ـ ئايەت.
(6) زۇخرۇف سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جان ئۈزىدىغانلىقىنى، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا سالام بېرىدىغانلىقىنى ۋە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

مۆمىنىنىڭ ۋە كاپىرنىڭ جېنىنىڭ ئېلىنىشى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى ئىبراھىم سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىنى تەپسىر قىلغاندا بايان قىلغان ئىدۇق.

* * * * * * *

هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَوْ يَأْتِىَ أَمْرُ رَبِّكَ ۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ وَمَا ظَلَمَهُمُ ٱللَّهُ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٣٣﴾ فَأَصَابَهُمْ سَيِّـَٔاتُ مَا عَمِلُوا۟ وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٣٤﴾

كاپىرلار پەقەت (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن) پەرىشتىلەرنىڭ چۈشۈشىنى ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنىڭ (يەنى ئازابىنىڭ) چۈشۈشىنىلا كۈتىدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن (كاپىر) لارمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿33﴾. ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى، ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ جازاسى (يەنى قاتتىق ئازابى) چۈشتى﴿34﴾.

## "كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشنى كېچىكتۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئازابنى كۈتكەنلىكىدۇر" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارغا (ئۇلارنىڭ باتىلدا ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە دۇنيا بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) تەھدىت سېلىپ: ئەنە شۇ مۇشرىكلار جانلىرىنى ئالغىلى پەرىشتىلەرنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، ـ دەيدۇ.

﴿**ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنىڭ (يەنى ئازابىنىڭ) چۈشۈشىنىلا كۈتىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدىكى ئازاب ۋە ئۇلار كۆرۈۋاتقان قورقۇنچلۇق ئەھۋالنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ﴿**ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن (كاپىر)لارمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى**﴾ يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن مۇشرىكلارمۇ شېرىك كەلتۈرۈشتە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازاب چۈشتى.

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ــــ 32 ـ ئايەتلەر.

﴿**الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىنى يوق**﴾ چۈنكى، الله تائالا ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىپ پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈپ ئېنىق پاكىتلارنى تۇرغۇزغان ئىدى. ﴿**لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابى يەتتى.

﴿**ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ جازاسى (يەنى قاتتىق ئازابى) چۈشتى**﴾ يەنى ئۇلارنى قاتتىق ئازاب قورشىۋالدى. پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇتسا، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلىشاتتى. شۇڭا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿«مانا بۇ، سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر»﴾[1].

*******

وَقَالَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ لَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا عَبَدْنَا مِن دُونِهِۦ مِن شَىْءٍ نَّحْنُ وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِن
دُونِهِۦ مِن شَىْءٍ ۚ كَذَٰلِكَ فَعَلَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ فَهَلْ عَلَى ٱلرُّسُلِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٣٥﴾ وَلَقَدْ بَعَثْنَا
فِى كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولًا أَنِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُوا۟ ٱلطَّٰغُوتَ ۖ فَمِنْهُم مَّنْ هَدَى ٱللَّهُ وَمِنْهُم
مَّنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ ٱلضَّلَٰلَةُ ۚ فَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَٱنظُرُوا۟ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿٣٦﴾
إِن تَحْرِصْ عَلَىٰ هُدَىٰهُمْ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى مَن يُضِلُّ ۖ وَمَا لَهُم مِّن نَّٰصِرِينَ ﴿٣٧﴾

مۇشرىكلار: «مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان (يەنى الله نىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق» دېدى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت (ھىدايەت قىلىش بولسا الله نىڭ ئىشىدۇر)﴿35﴾. بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار﴿36﴾. سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، الله ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴿37﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكىگە تەقدىرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن مەغرۇرلانغانلىقىدىن ۋە تەقدىرنى پاكىت قىلىپ، ئۆزرە ئېيتىپ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿«**مۇبادا الله**

(1) تۇر سۈرىسى 14ـ ئايەت.

**خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان (يەنى الله نىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق»﴾** يەنى بەھىيرە[1]، سائىبە[2]، ۋەسىيلە[3] ۋە ئۇنىڭدىن باشقا الله تەرىپىدىن ھاراملىقىغا ھېچقانداق دەلىل بولماستىن، ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ ھارام قىلىۋالغان نەرسىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر الله تائالا قىلمىشلىرىمىزنى يامان كۆرگەن بولسا، بىزنى ئازابلاش ئارقىلىق ئۇ قىلمىشىمىزنى توسايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى قىلىشقا قادىر بولالمايتتۇق.

الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەت (ھىدايەت قىلىش بولسا الله نىڭ ئىشىدۇر)﴾** يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. الله سىلەرنىڭ ئۇ قىلمىشىڭلارنى توسمىدى ئەمەس، بەلكى الله تائالا سىلەرنى قىلمىشىڭلاردىن قاتتىق توستى ۋە چەكلىدى. ھەر بىر زاماندا، ھەر بىر گۇرۇھقا پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ھەممە پەيغەمبەر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردۇ ۋە الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلىشتىن توسىدۇ.

**﴿«الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار»﴾** يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە شېرىك پەيدا بولغاندىن تارتىپ، الله تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇردى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام الله تائالا زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى پەيغەمبەرلىكى كۈن چىقىشتىن تاكى كۈن پېتىشقىچە بولغان زېمىندىكى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[4]، ﴿سەندىن بۇرۇن بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى بەلگىلىدۇقمۇ؟ (پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىنى بارمۇ؟)﴾[5].

الله تائالا بۇ سۈرىدىمۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾** يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشۇنداق دەۋەت قىلىنغىنىدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ: **﴿«مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق، الله ھارام قىلمىغان**

(1) سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك بوتىلىغان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى ۋە يۈك ئارتمايتتى.
(2) چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى.
(3) بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(5) زۇخرۇف سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

**(يەنى اللە نىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمىغان بولاتتۇق»﴾** دېيىشى قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟ اللە تائالانىڭ قانۇن ـ ئىرادىسى ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ۋە نەرسىلەرنى خالىغانچە ھارام قىلىشتىن توسقان ئىدى. اللە تائالانىڭ ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئىرادىسى مۇشرىكلارنى تەقدىر بويىچە شۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر. ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىدە قىلچە پاكىت يوق. چۈنكى، اللە تائالا دوزاخنى شەيتانلار ۋە كاپىرلارغا ياراتتى. اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشىغا رازى بولمايدۇ. بۇنىڭدا اللە تائالادىن يېتەرلىك پاكىت ۋە كەسكىن ھېكمەت بار.

اللە تائالا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى دۇنيادا ئازابلاش بىلەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى رەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللە ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىقتا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار﴾** يەنى پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان ۋە ھەقنى يالغان دېگەن كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراڭلار ﴿**اللە** ئۇلارنى ھالاك قىلدى. (مەككە) كاپىرلىرىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانغا چىقاردى، (ئۇلارنى ئازاب چۈشۈرۈش بىلەن) ئەيىبلىگەنلىكىم قانداق ئىكەن؟﴾[2]

ئاندىن اللە تائالا ئۆزى ئازدۇرۇشنى خالىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشىغا ھېرىسمەن بولۇشىنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە** بىركىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن **اللە** غا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ)﴾[3] نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، **اللە** سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[4].

اللە تائالا بۇ ئايەت كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، اللە ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە** ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، **اللە** ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴾[5]، ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[6].



---

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 10 ـ ئايەنىنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۈلك سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھۇد سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ئەئراف سۈرىسى 186 ـ ئايەت.
(6) يۇنۇس سۈرىسى 96 ــــ 97 ـ ئايەتلەر.

﴿**اللە ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾ يەنى اللە تائالا خالىغان نەرسىنىڭ بولۇشى، خالىمىغان نەرسىنىڭ بولماسلىقى اللە تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمرىدۇر. اللە تائالا ئازدۇرغان كىشىنى كىم توغرا يولغان يېتەكلىيەلەيدۇ؟ ئۇنى ھېچبىر كىشى ھىدايەت قىلالمايدۇ.

﴿**ئۇلارنى (اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق مەدەتكار يوق**﴾ يەنى اللە تائالانىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان بىرسى يوق. ﴿يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ ۙ لَا يَبْعَثُ ٱللَّهُ مَن يَمُوتُ ۚ بَلَىٰ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٨﴾ لِيُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِى يَخْتَلِفُونَ فِيهِ وَلِيَعْلَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَـٰذِبِينَ
﴿٣٩﴾ إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَىْءٍ إِذَآ أَرَدْنَـٰهُ أَن نَّقُولَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٤٠﴾

ئۇلار: «اللە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ)، اللە ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللە نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ (شۇڭلاشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)﴿38﴾. اللە ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇلارغا ئايرىپ بېرىش ۋە كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ئۇلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ)﴿39﴾. بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴿40﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا اللە تائالانىڭ ھېكمىتى بارلىقى ھەم بۇنىڭ اللە تائالاغا ئاسان ئىكەنلىكى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار: اللە تائالا ئۆلگەن كىشىنى تىرىلدۈرمەيدۇ، ـ دەپ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى يىراق ساناپ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ ۋە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ)، اللە ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللە نىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ (شۇڭلاشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ)**﴾ يەنى ئۇلار بىلمىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىدۇ، كۇپۇرلۇق قىلىدۇ.

ئاندىن اللە تائالا قىيامەتتە جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈشتىكى ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اللە ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇلارغا ئايرىپ بېرىش**﴾ يەنى كىشىلەرگە ھەممە نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ﴿يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ،

(1) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[1]، ﴿**ۋە كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ئۇلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ)**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالانى ئۆلگەن كىشىنى تىرىلدۈرمەيدۇ دەپ ئىچكەن قەسەملىرىدە يالغانچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيامەت كۈنىدە ئۇلار دوزاخ ئوتىغا تاشلىنىدۇ. ئۇلارغا زابانىيەلەر (دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتىلەر) مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «مانا بۇ، سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا) « (كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى، سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[2].

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ خالىغان نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكى، زېمىندا ۋە ئاسماندا ھېچ نەرسىنىڭ **الله** تائالانى ئاجىز قىلالمايدىغانلىقى، ئەگەر **الله** تائالا بىرەر نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىسا، ئۇنىڭغا پەقەت: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقى، **الله** تائالانىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشىمۇ شۇ ھەقىقەتتىن ئىكەنلىكى، **الله** قايتا تىرىلدۈرۈشنى خالىسا، ئۇنىڭغا پەقەت بىر قېتىم بۇيرۇق قىلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن شۇ بويىچە ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[3]، ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[4].

**الله** تائالا بۇ ئايەت كەرىمىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا بىرلا قېتىم بۇيرۇق قىلىمىز ـ دە، ئۇ شۇ ھامان ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. يەنى **الله** تائالا بۇيرۇق قىلغان نەرسىنى تەكىتلەشكە موھتاج بولمايدۇ. ھەقىقەتەن **الله** تائالا ھېچبىر توسالغۇغا ۋە قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا بىردۇر ۋە قۇدرەتلىك، كاتتا زاتتۇر. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلىقى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈندۇر. بىر **الله** دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگارمۇ يوقتۇر.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مَا ظُلِمُواْ لَنُبَوِّئَنَّهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗۖ وَلَأَجۡرُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَكۡبَرُۚ لَوۡ كَانُواْ
يَعۡلَمُونَ ﴿٤١﴾ ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٤٢﴾

(1) نەجم سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تۇر سۈرىسى 14 ـــ 16 ـ ئايەتلەر.
(3) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(4) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىدىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر﴿41﴾. ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلدى، ئۇلار (ھەممە ئىشتا) پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدۇ (يەنى يۆلىنىدۇ)﴿42﴾.

## ھىجرەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى

بۇ ئايەتتە الله نىڭ يولىدا، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ۋە الله تائالانىڭ ساۋابى ۋە مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئۆز يۇرتلىرىدىن ۋە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ھىجرەت قىلغۇچىلارغا الله تائالا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مۇكاپات بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئايەت، مەككىدە ئۆز قەۋمى تەرىپىدىن قاتتىق ئەزىيەت تارتقان، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا قادىر بولۇشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار توغرىسىدا چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئۇنىڭ ئايالى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئەبۇسەلەم ئىبنى ئابدۇلئەسۋەد قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭلىرى ئىدى. ئۇلار ئەر ـ ئايال بولۇپ سەكسەنگە يېقىن كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن!

ئۇلار شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپات بىلەن ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس ۋە قەتادە: يەنى مەدىنىگە ئورۇنلاشتۇرىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. مۇجاھىد: ياخشى رىزىققا ئىگە قىلىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

بۇ ئىككى كۆز قاراشنىڭ مەنىسىدە ھېچقانداق زىتلىق يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراق جايلىرىنى ۋە ماللىرىنى تاشلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلارغا دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەردى. كىمكى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر نەرسىدىن ۋاز كەچسە، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇلارنى شەھەرلەرگە ئىگە قىلدى. كىشىلەرگە ھۆكۈمران قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار خەلىپە ۋە ھاكىممۇ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تەقۋادارلار ئۈچۈن ئۈلگە بولدى.

الله تائالا ئاخىرەتتە ئۇلارغا دۇنيادا بەرگەن نەرسىدىنمۇ كاتتا ساۋاب بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر﴾**.

**﴿ئۇلار بىلىدىغان بولسا﴾** يەنى ئۇلار بىلەن ھىجرەت قىلمىغانلار كاشكى الله تائالاغا بويسۇنغان ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىگە ئالدىن تەييارلاپ قويغان نەرسىنى بىلسە ئىدى.

ئاندىن الله تائالا مۇھاجىرلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلدى، ئۇلار (ھەممە ئىشتا) پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدۇ (يەنى يۆلىنىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار ئۆز قەۋمىدىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشتۈرگۈچى الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغان كىشىلەردۇر.

*******

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِمۡۚ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٤٣﴾
بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلزُّبُرِۗ وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٤٤﴾

سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار﴿43﴾. (ئۇلارنى ئۇلارنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴿44﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى پەقەت ئىنسانلار ئىچىدىن ئەۋەتىدىغانلىقى

زەھهاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئەرەبلەر ئۇنى ئىنكار قىلىپ ياكى ئۇلار ئىچىدىن ئىنكار قىلغان كىشىلەر چىقىپ: الله تائالا كاتتا زات بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلاردىن بولۇشى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستۇر، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾[1]

**﴿سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار﴾** يەنى بۇرۇنقى ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىنسانمىدى ياكى پەرىشتىلەرمىدى؟ ئەگەر ئۇلار پەرىشتىلەردىن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىنسان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلالمايسىلەر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾[2] يەنى پەيغەمبەرلەر سىلەر دېگەندەك ئاسمان ئەھلىدىن ئەمەس. مۇجاھىد ئىبنى ئابباسنىڭ: بۇ ئايەتتىكى "ئىلىم ئەھلىلىرى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەھلى كىتابتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن

(1) يۇنۇس سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۈنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (الله نىڭ ئىزنى بولمىسا، ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)». ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «الله ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴾[1]، ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[2]، ﴿پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ) ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ)﴾[3]، ﴿ئېيتقىنكى، «مەن (الله ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن، (مەندىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھيى بىلەن كەلدىم، نېمىشقا مېنى ئىنكار قىلىسىلەر؟)﴾[4]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر﴾[5].

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن گۇمان قىلغان كىشىلەرنى ئەھلى كىتابتىن (ئۇلارنىڭ) پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىنسان ياكى پەرىشتىدىن ئىكەنلىكىنى سوراپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، زەھھاك ۋە باشقىلار الله تائالانىڭ ئۇلارنى: **﴿دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)﴾** يەنى ھۆججەتلەر، پاكىتلار ۋە كىتابلار بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾** يەنى بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ئېسىل كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنلىكىمىز ۋە سېنىڭ ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلگەنلىكىڭ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ھېرىس ئىكەنلىكىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىڭ ئۈچۈن، قۇرئاندىكى يىغىنچاق بايان قىلىنغان نەرسىنى ئۇلارغا تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشىڭ، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ئايەتلەرنى ئۇلارغا يېشىپ، ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىغا نەزەر سېلىپ، شۇ ئارقىلىق ھىدايەت تېپىشى ۋە دۇنيا - ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق.

(1) ئىسرا سۈرىسى 93 ــــ 95 - ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 20 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 8 - ئايەت.
(4) ئەھقاف سۈرىسى 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) كەھف سۈرىسى 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

أَفَأَمِنَ ٱلَّذِينَ مَكَرُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ أَن يَخۡسِفَ ٱللَّهُ بِهِمُ ٱلۡأَرۡضَ أَوۡ يَأۡتِيَهُمُ ٱلۡعَذَابُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٤٥﴾
أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ فِي تَقَلُّبِهِمۡ فَمَا هُم بِمُعۡجِزِينَ ﴿٤٦﴾ أَوۡ يَأۡخُذَهُمۡ عَلَىٰ تَخَوُّفٖ فَإِنَّ رَبَّكُمۡ لَرَءُوفٞ رَّحِيمٌ ﴿٤٧﴾

هىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ يامان ئىش قىلغانلار **الله** نىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقامدۇ؟﴿45﴾ ياكى ئۆزلىرىنى سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا يولۇقتۇرۇشىدىن قورقامدۇ؟ (بۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ﴿46﴾. ياكى (**الله** نىڭ) ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن قورقامدۇ؟ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر (شۇڭا سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىدى)﴿47﴾.

## گۇناھكارلارنىڭ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە يامان ئەمەللەرنى قىلىدىغان، ئۇنى قىلىشقا چاقىرىدىغان، ئۇنى قىلىشقا چاقىرىشتا ۋە ئۇندەشتە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدىغان گۇناھكارلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشكە ياكى ئۇلارغا بىرەر ئازابنى كەلتۈرۈشكە قادىر تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىك سۈپىتى بىلەن ئۇلارغا مۆھلەت بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلارغا ئازاب ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كېلىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقامسىلەر؟ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقامسىلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر﴾[1].

﴿**ياكى ئۆزلىرىنى سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا يولۇقتۇرۇشىدىن قورقامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھاياتلىقى ئۈچۈن قىلغان سەپەرلىرىدە ۋە باشقا مەشغۇلاتلىرىدا ئالدىراش يۈرگەندە، جازاغا يولۇقۇشتىن قورقامدۇ؟ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ـ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ﴾[2].

﴿**(بۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ**﴾ يەنى بۇلار مەيلى قايسى ھالەتتە بولسۇن، **الله** تائالانى ئاجىز قىلالمايدۇ. ﴿**ياكى (الله نىڭ) ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن قورقامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى جازالىغۇچىدىن قورققان ھالەتتە تۇرغاندا، **الله** تائالا ئۇلارنى جازالايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل جازا ئەڭ ئېغىر ۋە يامان جازادۇر.

---

(1) مۇلك سۈرىسى 16 ـــ 17 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەئراف سۈرىسى 97 ـــ 98 ـ ئايەتلەر.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر الله تائالا خالىسا، ئۇنى (ئۇ) ھەمراھىنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقۇپ تۇرغاندا جازالايدۇ. مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان.

**﴿سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر (شۇڭا سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىدى)﴾** بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالادىن باشقا ئەزىيەتنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدىغان بىرى يوق. ھەقىقەتەن ئۇلار الله تائالانىڭ بالىسى بار دەپ (تۆھمەت قىلىدۇ). ھالبۇكى، الله تائالا ئۇلارغا رىزىق بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى سالامەت قىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن الله تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ. الله تائالا ئۇنى جازالىغان ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەيدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ئولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[1]، ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

*******

أَوَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَىٰ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَىْءٍ يَتَفَيَّؤُا۟ ظِلَٰلُهُۥ عَنِ ٱلْيَمِينِ وَٱلشَّمَآئِلِ سُجَّدًا لِّلَّهِ وَهُمْ دَٰخِرُونَ ﴿٤٨﴾
وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ مِن دَآبَّةٍ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ﴿٤٩﴾ يَخَافُونَ
رَبَّهُم مِّن فَوْقِهِمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ ۩ ﴿٥٠﴾

ئۇلار الله ياراتقان شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىنىڭ بويسۇنغان ھالدا الله غا سەجدە قىلىش يۈزىسىدىن ئوڭ ـ سولغا مايىل بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴿48﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر الله غا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (الله غا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ﴿49﴾. ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ﴿50﴾.

## ھەممە نەرسىنىڭ الله تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىدىن، بۈيۈكلۈكىدىن ۋە ئۇلۇغلۇقىدىن بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ، ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان پۈتۈن ئىنسان، جىن ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا باش ئېگىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ ۋە يەنە الله تائالا ئوڭ ـ سولغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان

(1) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن تەرەپلەردە ئۆز سايىسى بىلەن **الله** تائالاغا سەجدە قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇجاھىد: كۈن قايرىلغان چاغدا، ھەممە نەرسە غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالاغا سەجدە قىلىدۇ، ـ دېدى. قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

﴿**بويسۇنغان ھالدا الله غا سەجدە قىلىش**﴾ مۇجاھىد: ھەر نەرسىنىڭ سەجدىسى ئۇنىڭ سايىسىدۇر، تاغلارنىڭ سەجدىسىمۇ ئۇنىڭ سايىسىدۇر، ـ دېدى. ئەبۇغالىب شەيبانى مۇنداق دەيدۇ: دېڭىزنىڭ دولقۇنلىشى ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىدۇر.

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ سەجدە قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر الله غا سەجدە قىلىدۇ**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا **الله** غا بويسۇنىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا (يەنى داۋاملىق تۈردە) ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ بويسۇنىدۇ﴾[1].

﴿**ئۇلار (الله غا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ**﴾ يەنى پەرىشتىلەر **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتماستىن سەجدە قىلىدۇ.

﴿**ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ**﴾ يەنى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىدىن قورققان ۋە تىترىگەن ھالدا سەجدە قىلىدۇ. ﴿**ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەمىشە **الله** تائالاغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇندايدۇ ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يانىدۇ.

* * * * * * *

۞ وَقَالَ ٱللَّهُ لَا تَتَّخِذُوٓاْ إِلَٰهَيۡنِ ٱثۡنَيۡنِۖ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ ﴿٥١﴾ وَلَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِ وَلَهُ ٱلدِّينُ وَاصِبًاۚ أَفَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَتَّقُونَ ﴿٥٢﴾ وَمَا بِكُم مِّن نِّعۡمَةٖ فَمِنَ ٱللَّهِۖ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ
فَإِلَيۡهِ تَجۡـَٔرُونَ ﴿٥٣﴾ ثُمَّ إِذَا كَشَفَ ٱلضُّرَّ عَنكُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنكُم بِرَبِّهِمۡ يُشۡرِكُونَ ﴿٥٤﴾ لِيَكۡفُرُواْ بِمَآ
ءَاتَيۡنَٰهُمۡۚ فَتَمَتَّعُواْ فَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٥٥﴾

**الله** : «ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار، ئۇ پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر، مەندىنلا قورقۇڭلار» دېدى﴿51﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە **الله** نىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە **الله** غا خاستۇر، **الله** دىن بۆلەك غەيرىيدىن قورقامسىلەر؟﴿52﴾. سىلەر بەھرىمان بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى **الله** بەرگەن، سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، **الله** غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر﴿53﴾. **الله** سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴿54﴾. ئۇلار ئۆزلىرىگە بەرگەن (بېشىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت) نېمىتىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ، (سىلەر ئەجىلىڭلار يەتكۈچە دۇنيادىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر﴿55﴾.

---

(1) رەئد سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

## ئىبادەت قىلىنىشقا يالغۇز اللە تائالانىڭلا لايىق ئىكەنلىكى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە بىر اللە دىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ۋە شېرىكى يوق، يالغۇز اللە تائالالا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئىبادەت ھەمىشە اللە غا خاستۇر**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، ـ دېدى. مۇجاھىد: ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ ئىبادىتى يالغۇز اللە تائالاغىلا خالىس قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) اللە نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە اللە غا بويسۇنغان تۇرسا﴾[1] يەنى اللە تائالا: ماڭا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىشتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەتنى خالىس قىلىڭلار، ـ دېگەن تۇرسا.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللە غا خاستۇر**﴾[2].

ئاندىن اللە تائالا ئۆزىنىڭ مەنپەئەت بېرىش ۋە زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەندىلىرىگە بەرگەن نېمەت، رىزىق، سالامەتلىك ۋە ياردەمنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان رەھمىتى ۋە ياخشىلىقى ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**سىلەرگە بىرەر ئېغىرچىلىق يەتسە، اللە غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر**﴾ يەنى سىلەر اللە تائالادىن باشقا بىرىنىڭ زىياننى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، سىلەرگە زىيان يەتكەن چاغدا، اللە تائالادىن زىياننى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلىسىلەر ۋە پەرياد قىلغان ھالەتتە يېلىنىپ يالۋۇرىسىلەر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت اللە لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللە دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، اللە سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى اللە نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[3].

﴿**اللە سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە بەرگەن (بېشىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت) نېمىتىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ اللە تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىشى، كۆز يۇمۇشى ۋە تېنىشى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى ئاشۇ شېرىككە

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

مۇپتىلا قىلدۇق. الله تائالا خالىسا ئۇلاردىن ئۆز نېمەتلىرىنى تۇسۇپ قويغۇچى، خالىسا ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر ئەجىلىڭلار يەتكۈچە دۇنيادىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر**﴾ يەنى خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار. سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نەرسىدىن ئازغىنا مۇددەت مەنپەئەتلىنىڭلار، پات ئارىدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىسىلەر.

* * * * * * *

وَيَجْعَلُونَ لِمَا لَا يَعْلَمُونَ نَصِيبًا مِّمَّا رَزَقْنَٰهُمْ ۗ تَٱللَّهِ لَتُسْـَٔلُنَّ عَمَّا كُنتُمْ تَفْتَرُونَ ﴿٥٦﴾ وَيَجْعَلُونَ لِلَّهِ
ٱلْبَنَٰتِ سُبْحَٰنَهُۥ ۙ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ ﴿٥٧﴾ وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُم بِٱلْأُنثَىٰ ظَلَّ وَجْهُهُۥ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ
﴿٥٨﴾ يَتَوَٰرَىٰ مِنَ ٱلْقَوْمِ مِن سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِۦٓ ۚ أَيُمْسِكُهُۥ عَلَىٰ هُونٍ أَمْ يَدُسُّهُۥ فِى ٱلتُّرَابِ ۗ أَلَا سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ
﴿٥٩﴾ لِلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ مَثَلُ ٱلسَّوْءِ ۖ وَلِلَّهِ ٱلْمَثَلُ ٱلْأَعْلَىٰ ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٦٠﴾

ئۇلار بىز ئۆزلىرىگە بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن بىلمەسز (بۇتلارغا) نېسىۋە قالدۇرىدۇ، (ئى مۇشرىكلار!) الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلار ئۈچۈن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر﴿56﴾. ئۇلار الله غا قىزلارنى نىسبەت بېرىدۇ، الله (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغانلىرىنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ﴿57﴾. ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ﴿58﴾. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى الله غا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!﴿59﴾. ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار (ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ، قىزنى يامان كۆرۈش، خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغسا ئاچچىقى كېلىش، ئار ـ نومۇستىن ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشكە ئوخشاش) يامان سۈپەتلەرگە ئىگە، الله بولسا ئەڭ ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿60﴾.

## الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشنىڭ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارنى ۋە ھەيكەللەرنى الله تائالاغا شېرىك قىلىپ چوقۇنغانلىقىدەك قەبىھ قىلمىشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مۇشرىكلار الله تائالانىڭ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلىرىدىن بۇتلىرىغا نېسىۋە ئايرىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۇمانى بويىچە: بۇ نېسىۋە الله ئۈچۈن ۋە بۇ نېسىۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۈچۈن، ـ دېيىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇتلىرى ئۈچۈن

ئايرىغان نېسىۋىلىرىدىن **الله** تائالاغا بەرمەيدۇ. لېكىن، **الله** تائالا ئۈچۈن ئايرىغان نېسىۋىدىن بۇتلىرىغا ئېلىپ بېرىدۇ[1]. ئۇلارنىڭ **الله** ئۈچۈن ئايرىغان نېسىۋىنى بۇتلىرىغا بەرگەنلىكى ۋە بۇتلارنى **الله** دىن ئارتۇق كۆرگەنلىكى نېمدېگەن يامان ـ ھە!

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ ئاشۇ بوھتاننى توقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى دوزاخ بىلەن جازالايدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ زاتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق بايان قىلدى: **﴿(ئى مۇشرىكلار!) الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسەڭلار ئۈچۈن چوقۇم سوراققا تارتىلىسىلەر﴾**.

ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارنىڭ شەپقەتلىك **الله** تائالانىڭ قۇللىرى بولغان پەرىشتىلەرنى: "**الله** تائالانىڭ قىزلىرى" دەپ، **الله** تائالاغا ئۇلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۈچ ئىشتا ناھايىتى بەك خاتالاشتى. ئۇلار: **الله** تائالانىڭ بالىسى بار، ـ دېدى. ھالبۇكى، **الله** تائالانىڭ بالىسى يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇشقا رازى بولمايدىغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىچە ئوغۇللاردىن تۆۋەن چاغلايدىغان قىزلارنى **الله** تائالاغا نىسبەت بەردى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا **الله** غا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[2].

**﴿ئۇلار الله غا قىزلارنى نىسبەت بېرىدۇ، الله (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغانلىرىنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوغۇللارنى تاللايدۇ، **الله** تائالاغا بولسا قىزلارنى نىسبەت بېرىدۇ. قىزلىرى بولۇشىدىن ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ. **الله** تائالا ئۇلارنىڭ بوھتانلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغاننى توقۇپ: «**الله** نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر. **الله** ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟﴾[3].

## مۇشرىكلارنىڭ قىز پەرزەنتنى يامان كۆرىدىغانلىقى

**﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ﴾** يەنى غەم قىلىپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغانلىقتىن بېشى چۈشۈپ كېتىدۇ.

**﴿يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ﴾** يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. **﴿ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ**

(1) بۇ يەردىكى بېرىش شۇنىڭغا ئاتاشنى بىلدۈرىدۇ.
(2) نەجم سۈرىسى 21 ــــ 22 ـ ئايەتلەر.
(3) ساففات سۈرىسى 151 ــــ 154 ـ ئايەتكىچە.

**قالامدۇ؟﴾** ئەگەر ئۇ قىزنى تىرىك ئېلىپ قالسا، قىزىغا مىراس بەرمەي ۋە كۆڭۈلمۇ بۆلمەي خارلايدۇ. ئوغۇللىرىنى قىزلىرىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ.

**﴿ياكى ئۇنى توپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ)﴾** يەنى جاھىلىيەتتىكىلەر قىلغاندەك، قىزنى توپىغا تىرىك كۆمۈۋېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ دەرىجىدە يامان كۆرگەن ۋە ئۆزلىرىنى دادا بولۇشتىن قاچۇرغان بۇ قىزلارنى اللە تائالاغا نىسبەت بېرەمدۇ؟

**﴿ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى اللە غا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە مەرھەمەتلىك اللە غا مەسەل قىلغان نەرسە (يەنى قىز بالا) بىلەن بېشارەت بېرىلسە (يەنى خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىقى خەۋەر قىلىنسا)، قايغۇغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭ يۈزى قارىداپ كېتىدۇ﴾[1]. **﴿ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار (ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ، قىزنى يامان كۆرۈش، خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا خۇشال بولۇپ، قىز تۇغسا ئاچچىقى كېلىش، ئار ـ نومۇستىن ۋە كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشكە ئوخشاش) يامان سۈپەتلەرگە ئىگە، اللە بولسا ئەڭ ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

وَلَوۡ يُؤَاخِذُ ٱللَّهُ ٱلنَّاسَ بِظُلۡمِهِم مَّا تَرَكَ عَلَيۡهَا مِن دَآبَّةٖ وَلَٰكِن يُؤَخِّرُهُمۡ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗىۖ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ
لَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا يَسۡتَقۡدِمُونَ ﴿٦١﴾ وَيَجۡعَلُونَ لِلَّهِ مَا يَكۡرَهُونَۚ وَتَصِفُ أَلۡسِنَتُهُمُ
ٱلۡكَذِبَ أَنَّ لَهُمُ ٱلۡحُسۡنَىٰۖ لَا جَرَمَ أَنَّ لَهُمُ ٱلنَّارَ وَأَنَّهُم مُّفۡرَطُونَ ﴿٦٢﴾

ئەگەر اللە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن (چاپسان) جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن اللە ئۇلارغا مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ﴿61﴾. ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغاننى اللە غا مەنسۇپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى بىلەن جۆيلۈيدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلار (دوزاختا) تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر﴿62﴾.

## گۇناھكارلارنىڭ دەرھال جازالانمايدىغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلار زۇلۇم قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قارىتا ئېغىر ـ بېسىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەگەر اللە تائالا ئۇلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىماقچى بولسا، ئادەم ئەۋلادى بىلەن بىرگە يەر يۈزىدە مىدىرلاپ تۇرىدىغان جان ئىگىسىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھالاك قىلاتتى. لېكىن، ئۇلۇغ ۋە كاتتا اللە ئېغىر ـ بېسىق بولىدۇ، جىنايەتلەرنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنى

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

ئازابلىغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ ھېچبىر كىشىنى تىرىك قالدۇرمايتتى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇسەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە بىر ئادەمنىڭ زۇلۇم قىلغۇچى ئۆزىگىلا زىيان قىلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويىدى ـ دە، مۇنداق دېدى: شۇنداق، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ زۇلمى بىلەن ھەتتاكى ئۇچار قۇشلار ئۆز ئۇۋىسىدا تۇرۇپمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى ﷲ تائالاغا نىسبەت بېرىدىغانلىقى

﴿**ئۇلار ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغاننى ﷲ غا مەنسۇپ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ﷲ تائالانىڭ قۇللىرى بولغان پەرىشتىلەرنى ﷲ تائالانىڭ قىزلىرى دەپ شېرىك كەلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە باشقا بىرسىنىڭ شېرىك بولۇشىنى ياقتۇرمايدۇ.

﴿**ئۇلار ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى بىلەن جۆيلۈيدۇ**﴾ بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ: دۇنيادا بىزگە ياخشىلىق بار، ئەگەر قىيامەت بولغان تەقدىردە ئۇ دۇنيادىمۇ بىزگە ياخشىلىق بار، ـ دېگەن دەۋاسىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە قىلغان سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق (يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك)، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم (ﷲ نىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىز (پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىق قاتارلىق) بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ)» دەپ شەك ـ شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر بىز ئۇنىڭغا كۈلپەتتىن كېيىن رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «بۇ ئۆزەمنىڭ سەئيى ـ ئىجتىھاتىمدىن كەلگەن، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم جەننەتكە ئېرىشىمەن» دەيدۇ. ئەلۋەتتە كاپىرلارغا قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىمىز ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[2]، ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟﴾[3] ﷲ تائالا ئىككى ئادەمدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن». ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى: «سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟﴾[4]

ئەنە شۇلار، يامان ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، يامان ئەمەلگە ياخشى مۇكاپات بېرىلىشنى

(1) ھۇد سۈرىسى 9 ــــ 10 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(3) مەريەم سۈرىسى 77 ـ ئايەت.
(4) كەھف سۈرىسى 36 ــــ 37 ـ ئايەتلەر.

ئورۇنسىز هالدا ئارزۇ قىلىشىدۇ. بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن **اللّٰه** تائالا ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئارزۇسىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە ﴿**ئۇلار (دوزاختا) تاشلىنىپ قالغۇچىلاردۇر**﴾.

مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكۈچىلەردۇر.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتىنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)﴾[1] قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار دوزاخ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغۇچىلاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئىككى مەنىنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى، ئۇلار قىيامەتتە دوزاخ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ ئۇنتۇپ قېلىنىدۇ.

* * * * * * *

تَٱللَّهِ لَقَدْ أَرْسَلْنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٍ مِّن قَبْلِكَ فَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ فَهُوَ وَلِيُّهُمُ ٱلْيَوْمَ وَلَهُمْ
عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦٣﴾ وَمَآ أَنزَلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ إِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ ٱلَّذِى ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ ۙ وَهُدًى وَرَحْمَةً
لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٦٤﴾ وَٱللَّهُ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَآ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ
يَسْمَعُونَ ﴿٦٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) **اللّٰه** نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەر) ئەۋەتتۇق، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿63﴾. (ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق﴿64﴾. **اللّٰه** بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن قاغجىراپ قالغان زېمىندا (تۈرلۈك زىرائەتلەرنى) ئۈندۈردى، بۇنىڭدا (ۋەز ـ نەسىھەت) ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (**اللّٰه** نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴿65﴾.

## ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئارقىلىق تەسەللى بېرىش توغرىسىدا

**اللّٰه** تائالا بۇ ئايەتتە ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇ پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىڭ سەن ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. قەۋمىڭنىڭ سېنى يالغانغا چىقارغانلىقى سېنى بىئارام قىلمىسۇن. مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرى، شەيتاننىڭ چىرايلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئۇلارنى

(1) جاسىيە سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ باردى.

﴿**شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار قاتتىق ئازاب ئاستىدا بولىدۇ. شەيتان ئۇلارنىڭ ياردەمچىسى تۇرۇپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇلارغا ھېچ ياردەم بېرەلمەيدۇ ۋە ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

## قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەت

**اللّٰه** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ئۆزئارا دەتالاش قىلىشۋاتقان نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قۇرئان كىشىلەر ئۆزئارا دەتالاش قىلىشقان ھەرقانداق نەرسىنى ئايرىغۇچىدۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق**﴾ يەنى قۇرئاننى دىللارغا ھىدايەت، چىڭ تۇتقان كىشىگە رەھمەت، كۆپۈرلۈق بىلەن ئۆلگەن دىللارغا خۇددى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۇرگەندەك ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى قىلدى. ﴿**بۇنىڭدا (ۋەز - نەسىھەت ئاڭلايدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار**﴾ يەنى ئۇ قۇرئاننىڭ سۆزىنى ۋە مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغانلار ئۈچۈن دەلىل بار.

* * * * * * *

وَإِنَّ لَكُمْ فِى ٱلْأَنْعَٰمِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُم مِّمَّا فِى بُطُونِهِۦ مِنۢ بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَّبَنًا خَالِصًا سَآئِغًا لِّلشَّٰرِبِينَ ﴿٦٦﴾ وَمِن
ثَمَرَٰتِ ٱلنَّخِيلِ وَٱلْأَعْنَٰبِ تَتَّخِذُونَ مِنْهُ سَكَرًا وَرِزْقًا حَسَنًا إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ ﴿٦٧﴾

چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھار پايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق - تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز﴿66﴾. (سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن **اللّٰه** نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار﴿67﴾.

## مال - چارۋا، خورما ۋە ئۈزۈمدىكى نېمەت ۋە ئىبرەت توغرىسىدا

﴿**چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار**﴾ يەنى ئى خالايىق! سىلەر ئۈچۈن تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق چارۋا ماللاردا ئۇلارنى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمىتى، قۇدرىتى، رەھمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت ۋە دەلىللەر بار.

﴿**سىلەرنى چاھار پايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق - تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان سۈت بىلەن**﴾ يەنى بىز سىلەرنى شېرىن، تەملىك ۋە رەڭگى ئاق سۈت بىلەن سۇغىرىمىز. بۇ سۈت

ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى ماياق، تېزەك ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. يېگەن نەرسىلەر ئاشقازاندا ھەزىم بولۇپ، ھەر نەرسە ئۆز ئورنىغا قاراپ ماڭىدۇ. يەنى قان تومۇرغا، سۈت يېلىنغا، سۈيدۈك سۈيدۈك خالتىسىغا ۋە گەندە پېشاپقا قاراپ ماڭىدۇ. بىرى يەنە بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەي ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، بىرى يەنە بىرىگە قېتىلىپ كەتمەي ۋە بىرى يەنە بىرىگە ئۆزگىرىپمۇ كەتمەي ئۆز ھالىتىنى ساقلايدۇ.

﴿**پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز**﴾ يەنى بۇ سۈت ھېچبىر كىشىنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالمايدۇ. **الله** تائالا سۈتنى كىشىلەرگە ئاسان ئىچكىلى بولىدىغان قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ خورمىدىن، ئۈزۈمدىن ۋە باشقا نەرسىدىن شاراب ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ياسىغان شارابلىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر**﴾ بۇ ئايەت شارابنىڭ ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ شەرىئەتتە دۇرۇس ئىكەنلىكىگە، خورمىدىن ياسالغان شاراب بىلەن ئۈزۈمدىن ياسالغان شارابنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا بۇغداي، ئارپا، قوناق ۋە ھەسەل قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان شارابلارنىڭ ھۆكمىنىڭمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر. بۇ ھەقتە ھەدىستە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: خورما بىلەن ئۈزۈمدىن ھارام قىلىنغان نەرسە شارابتۇر. ھالال قىلىنغان نەرسە پاكىز يېمەكلىكتۇر. يەنى قۇرۇتۇلغان خورما ۋە ئۈزۈم، ئۇ ئىككىسىدىن ياسالغان شىرنە، سىركە ۋە ئۇلارنىڭ چىلانغان سۈيى قاتارلىقلارنى قاتتىق ئېچىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىش ھالالدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

﴿**ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار**﴾ بۇ يەردە ئەقلىنى تىلغا ئېلىش ناھايىتى مۇناسىپ بولغان. چۈنكى، ئۇ ئىنساندىكى نەرسىلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇڭلاشقا **الله** تائالا بۇ ئۈممەتنىڭ ئەقىللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا مەست قىلغۇچى شارابلارنى ھارام قىلدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ **الله** (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾[1].

* * * * * * *

وَأَوْحَىٰ رَبُّكَ إِلَى ٱلنَّحْلِ أَنِ ٱتَّخِذِى مِنَ ٱلْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ ٱلشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ ﴿٦٨﴾ ثُمَّ كُلِى مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ
فَٱسْلُكِى سُبُلَ رَبِّكِ ذُلُلًا ۚ يَخْرُجُ مِنۢ بُطُونِهَا شَرَابٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَٰنُهُۥ فِيهِ شِفَآءٌ لِّلنَّاسِ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَةً
لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٦٩﴾

(1) ياسىن سۈرىسى 34 ـــ 36 ـ ئايەتلەر.

پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۇزگىن﴿68﴾. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل ـ چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن». ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار﴿69﴾.

## ھەسەل ھەرىسى ۋە ئۇنىڭ ھەسىلىدە نېمەت ۋە ئىبرەتنىڭ بارلىقى

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن ئىلھامدىن الله تائالانىڭ ھەسەل ھەرىسىنى تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە كىشىلەر ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزۈشى ئۈچۈن ئىلھام قىلىش، باشلاپ قويۇش ۋە يېتەكلەپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلغان. ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىنى ھېچقانداق يېرى ئوچۇق قالمايدىغان دەرىجىدە، ئالتە بۇرجەك شەكىلدە، ناھايىتى پۇختا ۋە مۇستەھكەم ياسايدۇ. الله تائالا ھەسەل ھەرىسىنىڭ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىدىن يېيىشىنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن يوللار ئارقىلىق بۇ بىپايان كۆكتە، كەڭ داللاردا، جىلغىلاردا ۋە ئېگىز تاغلاردا خالىغان يېرىگە ئۇچۇپ بېرىشىنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ بويسۇندۇرغان. ھەر بىر ھەسەل ھەرىسى باشقا تەرەپلەرگە ئېزىپ كېتىپ قالماستىن، ئۆز ئۇۋىسىغا قورسىقىنى شىرنە بىلەن تولدۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن قاناتلىرى بىلەن ھەسەل كۆنىكى ياساپ ئاغزىدىن ھەسەل چىقىرىدۇ، ئاندىن تۇخۇم چىقىرىدۇ. ئاندىن ئەتىگىنى يەنە شىرنە يىغقىلى چىقىپ كېتىدۇ.

ئىبنى زەيد الله تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ﴿ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

﴿ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ﴾ يەنى ھەسەل ھەرىسى شىرنىسىنى ئالغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىقارغان ھەسىلىمۇ ئاق، سېرىق، قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردە بولىدۇ. ھەسەلدە ئىنسانلارنىڭ كېسەللىگە داۋا بولىدىغان شىپالىق ماددا بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولغان تىبابەتتىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ بەزىسى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر الله تائالا ھەسەلدە ئىنسانلارغا پۈتۈنلەي شىپا بار دېگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ھەسەل ھەر قانداق كېسەلگە شىپالىق بولاتتى. لېكىن الله تائالا ھەسەلدە ئىنسانلار ئۈچۈن شىپالىق بار دېدى. يەنى ھەسەلنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغانلىقتىن سوغۇقلۇقتىن بولغان ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. كېسەل كېسەلنىڭ قارشىسى بىلەن داۋالىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېنىڭ بىر قېرىندىشىمنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئۇ

(1) ياسىن سۈرىسى 72 ـ ئايەت.

ئادەم بىرىپ ئۇنىڭغا ھەسەل بەردى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا ھەسەل بەردىم، بىراق ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىنداشىڭغا يەنە بەرگىن» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم بېرىپ قېرىنداشىغا ھەسەل بەردى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قېرىنداشىمغا ھەسەل بەرسەم، ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېرىپ ئۇنىڭغا يەنە ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئۇ ئادەم بېرىپ قېرىنداشىغا يەنە ھەسەل بەردى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قېرىنداشىمنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۈرۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا راست ئېيتتى، لېكىن سېنىڭ قېرىنداشىڭنىڭ قورسىقى يالغان ئېيتتى[1]. بېرىپ قېرىنداشىڭغا يەنە ھەسەل بەرگىن» دېدى. ئۇ بېرىپ قېرىنداشىغا يەنە ھەسەل بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قېرىنداشىنىڭ قورسىقى ساقايدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاتلىق نەرسىلەرگە ۋە ھەسەلگە ئامراق ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ ئىشتا شىپا بار؛ قان ئېلىشتا، ھەسەل ئىچىشتە ۋە ئوت بىلەن داغلاشتا. مەن ئۈممىتىمنى ئوت بىلەن داغلاشتىن توسىمەن».

**﴿بۇنىڭدا (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾** يەنى الله تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى تەن قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغان ھەسەل ھەرىسىنى مۇشەققەتلىك يوللار بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ مېۋە ـ چېۋە، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ شىرنىلىرىدىن يىغىشقا، ئاندىن ئۇنى ھەسەل كۆنىكىگە نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ھەسەلنى يىغىشقا ئىلھام بىلەن بىلدۈرىشىدە ياراتقۇچى، تەقدىر قىلغۇچى، بويسۇندۇرغۇچى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى بولغان زات الله تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىغا (پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن) ئەلۋەتتە روشەن ئالامەتلەر بار. دېمەك، ھەسەل ھەرىسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردا ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار، ناھايىتى سېخى ۋە ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىگە دەلىل بار.

* * * * * * *

وَٱللَّهُ خَلَقَكُمْ ثُمَّ يَتَوَفَّىٰكُمْ ۚ وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرْذَلِ ٱلْعُمُرِ لِكَىْ لَا يَعْلَمَ بَعْدَ عِلْمٍ شَيْـًٔا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ قَدِيرٌ ﴿٧٠﴾

الله سىلەرنى ياراتتى، ئاندىن (ئەجىلىڭلار پۈتكەندە) سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاراڭلاردا ئۆمرىنىڭ يامان (يەنى ئەڭ قېرىلىق) باسقۇچىغا ئۇلىشىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ھەتتا (بىر نەرسىلەرنى) بىلگەندىن كېيىن، ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ (يەنى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ). الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتنى ياشقۇرۇشنى) بىلگۈچىدۇر، (ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا) قادىردۇر﴿70﴾.

(1) يەنى ھەسەلنىڭ شىپا بولۇشى مۇتلەقتۇر. قورساق ئاغرىقى ئېغىر بولغانلىقتىن مىكروپلارنى تازىلاش ئۈچۈن ھەسەلنى قايتا ـ قايتا ئىچىشكە توغرا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى ئىبرەت توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى قانداق ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا ئۇلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى. ئاندىن ئۇلارنى ۋاپات تاپتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېنى ئاجىزلاپ قېرىپ كەتكۈچە ياشايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، الله نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[1].

**﴿ئۇلار ھەتتا (بىر نەرسىلەرنى) بىلگەندىن كېيىن، ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇپ قالىدۇ (يەنى ئۆلگىرى بىلىدىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تۈگەپ، ئەقلى كېمىيىپ كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ)﴾** يەنى ئەقلى ئاجىزلار نەرسىلەرنى بىلگەندىن كېيىن، ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى الله! ساڭا سېغىنىپ بېخىللىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرى ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن».

* * * * * * *

وَٱللَّهُ فَضَّلَ بَعۡضَكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ فِي ٱلرِّزۡقِۚ فَمَا ٱلَّذِينَ فُضِّلُواْ بِرَآدِّي رِزۡقِهِمۡ عَلَىٰ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ فَهُمۡ فِيهِ سَوَآءٌۚ أَفَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ يَجۡحَدُونَ ﴿٧١﴾

الله سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى باراۋەر بولۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ، ئۇلار الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟﴿71﴾

## ئىنساننىڭ تىرىكچىلىكىدە ئالامەت ۋە نېمەتلەرنىڭ بارلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانىڭ شېرىكى بار دەپ گۇمان قىلغانلىقىدەك نادانلىق ۋە كۇپۇرلىقىنى بايان قىلدى. ھالبۇكى، مۇشرىكلار الله تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ الله تائالانىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ھەجدە تەلبىيە ئېيتقاندا: ئى الله! ساڭا ئىتائەت قىلىپ كەلدۇق، سېنىڭ بىر شېرىكىڭدىن باشقا ھېچ شېرىكىڭ يوق. سەن ئۇ شېرىككە ۋە ئۇ ئىگە بولغان نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىسەن، ـ دېيىشىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنى



(1) رۇم سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

قۇللىرىڭلار بىلەن باراۋەر بولۇشۇشقا رازى بولمايسىلەر. ئۇنداقتا، **الله** تائالا ئىلاھلىق ۋە كاتتىلىقتا ئۆزىنىڭ قۇللىرى بىلەن باراۋەر بولۇشقا قانداقمۇ رازى بولىدۇ؟

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ بارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ **الله** غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[1].

ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار قۇللىرىنى ماللىرى ۋە خوتۇنلىرىدا شېرىك قىلمايدۇ ـ يۇ، قانداقمۇ قۇللىرىمنى ھۆكۈمرانلىقىمدا (ھاكىمىيەتتە) ماڭا شېرىك قىلىدۇ؟ ﴿**ئۇلار الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟**﴾

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۆزەڭلار رازى بولمايدىغان نەرسىنى ماڭا تېڭىشقا قانداقمۇ رازى بولىسىلەر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەپ كەلدى.

﴿**ئۇلار الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالا ياراتقان زىرائەت ۋە چاھارپايلاردىن **الله** تائالا ئۈچۈن نېسىۋە ئايرىدى. ئاندىن ئۇلار **الله** تائالانىڭ نېمىتىمدىن تاندى ۋە ئۇنىڭغا باشقىسىنى شېرىك كەلتۈردى. ئىبنى ئەبۇھاتەم ھەسەنبەسرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: دۇنيادىن بولغان رىزقىڭغا قانائەت قىل. ھەقىقەتەن شەپقەتلىك **الله** بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن رىزىقتا بەزىسىنى ـ بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەممىسى سىنىلىدۇ. رىزقى كەڭرى قىلىنغان كىشى **الله** تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش ـ ئېيتماسلىقتا ۋە ئىگە قىلىنغان مال ـ مۈلكى بىلەن ئۈستىگە پەرز قىلىنغان ھەققىنى ئادا قىلىش ـ قىلماسلىقتا سىنىلىنىدۇ.

*******

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۡ أَنفُسِكُمۡ أَزۡوَٰجٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُم بَنِينَ وَحَفَدَةٗ وَرَزَقَكُم مِّنَ
ٱلطَّيِّبَٰتِۚ أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَتِ ٱللَّهِ هُمۡ يَكۡفُرُونَ ٧٢

**الله** سىلەر (نىڭ ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ **الله** نىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟﴿72﴾

(1) رۇم سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

## ئايال، بالا ۋە نەۋرىلەرنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ھەسەنبەسرى، زەھھاك ۋە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: **ﷲ** تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تېپىدىن ۋە شەكلىدىن ئايال يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتىنى بايان قىلدى. **ﷲ** تائالا ئاياللارنى باشقا تۈرلۈك مەخلۇقتىن يارىتىپ قويغان بولسا، ئۇلار ئارىسىدا ئىناقلىق، دوستلۇق ۋە كۆيۈمچانلىق ھاسىل بولمايتتى. لېكىن **ﷲ** تائالا بەندىلىرىگە مېھرىبان بولغانلىقتىن ئادەم بالىلىرىنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى. ئاياللارنى ئەرلەرگە جۈپ قىلىپ بەردى. ئاندىن **ﷲ** تائالا ئاياللاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلدى.

شۆئبە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: **﴿ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى﴾** دېگەن ئايەتتىكىلەر ھەققىدە: باللار ۋە باللارنىڭ باللىرىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇلار خىزمەتچىلەر ۋە ياردەمچىلەر دېگەن كۆز قاراشمۇ، ئۇلار ئاچا ـ سىڭىللار ياكى كۈيئوغۇللار دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

**﴿سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى﴾** يەنى تائام ۋە ئىچىملىكلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى.

ئاندىن **ﷲ** تائالا نېمەت بەرگۈچىگە ئىبادەت قىلىشتا، ئۇنىڭغا باشقا نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەنلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ ﷲ نىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار **ﷲ** تائالا بەرگەن نېمەتلەرگە كۆز يۇمۇپ، نېمەتلەرنى **ﷲ** تائالادىن باشقىسىغا نەزىر قىلىدۇ.

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىندى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **ﷲ** تائالا قىيامەت كۈنى بەندىسىگە مىننەت قىلىپ: ساڭا خوتۇن بەرمىدىممۇ؟ سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات، تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ سېنى رىياسەتچى ۋە ھۆكۈمران قىلمىدىممۇ؟ ـ دەيدۇ».

*******

وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَهُمْ رِزْقًا مِّنَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ شَيْـًٔا وَلَا يَسْتَطِيعُونَ ﴿٧٣﴾ فَلَا تَضْرِبُوا۟ لِلَّهِ ٱلْأَمْثَالَ إِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿٧٤﴾

ئۇلار **ﷲ** نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟﴿73﴾ سىلەر **ﷲ** غا مىسال كەلتۈرمەڭلار (يەنى **ﷲ** غا بۇتلارنى ئوخشاتماڭلار، **ﷲ** غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار). **ﷲ** ھەقىقەتەن (ھەممە ھەقىقەتنى) بىلىدۇ، سىلەر (**ﷲ** نىڭ بۈيۈكلىكىنى) بىلمەيسىلەر﴿74﴾.

## الله تائالادىن باشقىسىغا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەممىگە نېمەت بەرگۈچى، دەرىجىدە بەزىسىنى بەزىسىدىن ئارتۇق قىلغۇچى، ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى زات الله تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا باشقا نەرسىلەرنى قېتىپ چوقۇنغان مۇشرىكلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالانىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار الله تائالانى قويۇپ بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنىدۇ.

**﴿ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ئاسمانلاردىن ھېچقانداق رىزىق چۈشۈرۈپ ۋە يەردىن ھېچقانداق رىزىق چىقىرىپ (يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە يەردىن زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ) بېرەلمەيدىغان، (شۇنداق قىلىشقا) قۇدرىتى يەتمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامدۇ؟﴾** يەنى بۇتلار يامغۇر ياغدۇرۇشقا، زىرائەت ۋە دەل - دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. ئاشۇ ئىشلارنى بۇتلار ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. يەنى ئۇلاردا ئۇنداق كۈچ - قۇدرەت يوق. ئۇلار ئۇنى قىلىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ قىلالمايدۇ.

**﴿سىلەر الله غا مىسال كەلتۈرمەڭلار (يەنى الله غا بۇتلارنى ئوخشاتماڭلار، الله غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار). الله ھەقىقەتەن (ھەممە ھەقىقەتنى) بىلىدۇ، سىلەر (الله نىڭ بۈيۈكلىكىنى) بىلمەيسىلەر﴾** يەنى الله تائالاغا شېرىكلەرنى كەلتۈرمەڭلار، ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆزىدىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، سىلەر بىلىمسىزلىكىڭلاردىن الله تائالاغا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالىسىلەر.

* * * * * * *

﴿ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا عَبۡدًا مَّمۡلُوكًا لَّا يَقۡدِرُ عَلَىٰ شَيۡءٍ وَمَن رَّزَقۡنَٰهُ مِنَّا رِزۡقًا حَسَنًا فَهُوَ يُنفِقُ
مِنۡهُ سِرًّا وَجَهۡرًاۖ هَلۡ يَسۡتَوُۥنَۚ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٧٥﴾

الله بۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بىر قۇل بىز ئۇبدان رىزىق (يەنى مول مال - مۈلۈك) ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا يوسۇندا سەدىقە قىلىپ تۇرغان (ھۆر - ئەركىن) ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ (يەنى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولمىغان قۇلغا ئوخشايدىغان بۇتلارنى ھەممىگە ئىگە بولغان ۋە كائىناتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان الله بىلەن قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن؟) جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر! ئۇلار (يەنى كاپىرلار) نىڭ تولىسى (ھەمدۇساناغا الله نىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى، بۇتلارنىڭ ھەمدۇساناغا ۋە ئىبادەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى) ئۇقمايدۇ﴿75﴾.

## مۆمىن بىلەن كاپىر ئۈچۈن ياكى الله تائالا بىلەن بۇتلار ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللار

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بۇ مىسالنى مۆمىن بىلەن كاپىر ئۈچۈن كەلتۈردى. قەتادەمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

ئىبنى جەرىر بۇ سۆزنى توغرا دەپ قارىدى. دېمەك، بۇ، ھېچقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان قۇل كاپىر بىلەن ياخشى رىزىق بېرىلگەن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر.

ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ، بۇت بىلەن الله تائالا ئۈچۈن كەلتۈرگەن مىسالدۇر. الله تائالا بىلەن بۇت باراۋەر بولالامدۇ؟ بۇ مىسال ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئاشكارا بولۇپ، ئەقىلسىز ئادەمدىن باشقا ھەممىسى بىلەلەيدىغان بولغاچقا، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**جىمى ھەمدۇسانا الله غا خاستۇر! ئۇلار (يەنى كاپىرلار) نىڭ تولىسى (ھەمدۇساناغا الله نىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى، بۇتلارنىڭ ھەمدۇساناغا ۋە ئىبادەتكە لايىق ئەمەسلىكىنى) ئۇقمايدۇ**﴾.

* * * * * * *

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا رَّجُلَيۡنِ أَحَدُهُمَآ أَبۡكَمُ لَا يَقۡدِرُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُوَ كَلٌّ عَلَىٰ مَوۡلَىٰهُ أَيۡنَمَا يُوَجِّههُّ لَا يَأۡتِ بِخَيۡرٍ هَلۡ يَسۡتَوِي هُوَ وَمَن يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَهُوَ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٧٦

الله يەنە مۇنداق مىسال كەلتۈرىدۇ؛ مۇنداق ئىككى ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ۋە ئىگىسىگە يۈك بولۇپ قالغان بىر گاچادۇركى، ئىگىسى بۇ گاچىنى مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، يەنە بىرى بولسا ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەمدۇر، بۇ ئىككى ئادەم ئوخشاشمۇ؟ (يەنى بۇ گاچا بىلەن ئۆزى توغرا يولدا تۇرۇپ پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان، ئۆزى قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلانغان ئادەم بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۇلارنى ئوخشاش ئورۇنغا قويمىغىنىدەك، بۇت ۋە تاشنى ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەتلىك الله بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ)﴿76﴾.

## يەنە بىر مىسال

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتمۇ بۇت بىلەن الله تائالا ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. يەنى بۇت گاچىدۇر ۋە سۆزلىيەلمەيدۇ. نە بىرەر ياخشى سۆزنى قىلىشقا، نە بىرەر نەرسىنى سۆزلەشكە، نە بىرەر ئىشنى قىلىشقا مۇتلەق قادىر بولالمايدۇ. ئۇ (ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق) ئىگىسىگە يۈكتۇر.

﴿**مەيلى قەيەرگە ئەۋەتسۇن، ئۇ ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ**﴾ مۇشۇنداق سۈپەتلىك ئادەم بىلەن ﴿**ئۆزى توغرا يولدا ماڭغان ۋە (كىشىلەرنى) ھەققانىي بولۇشقا بۇيرۇيدىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟**﴾ ئەۋفىي ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك كاپىر بىلەن مۆمىننىڭ مىسالىدۇر.

* * * * * * *

وَلِلَّهِ غَيۡبُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَآ أَمۡرُ ٱلسَّاعَةِ إِلَّا كَلَمۡحِ ٱلۡبَصَرِ أَوۡ هُوَ أَقۡرَبُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ

كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴿٧٧﴾ وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ
ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٧٨﴾ أَلَمْ يَرَوْا۟ إِلَى ٱلطَّيْرِ مُسَخَّرَٰتٍ فِى
جَوِّ ٱلسَّمَآءِ مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا ٱللَّهُ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٧٩﴾

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش **الله** غا خاستۇر، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. **الله** ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿77﴾. **الله** سىلەرنى ئانىلىرىڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، **الله** سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴿78﴾. ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت **الله** تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (**الله** نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴿79﴾.

## غەيبنى ۋە قىيامەتنىڭ قاچان، قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۆز ئىلمىنىڭ كاملىلىقىدىن، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىدىن، غەيب ئىلمىنى ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغان كىشىدىن باشقا ھېچ بىر كىشىگە بىلدۈرمەيدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس قىلغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنىڭ تولۇق قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، ھېچقانداق قارشىلىق ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. **الله** تائالا بىرەر نەرسىنى خالىسا ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ شۇ ھامان ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[1].

**﴿قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېزدۇر. الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر﴾[2].

## قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەك قاتارلىقلارنىڭ الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ئىكەنلىكى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلەرنى ئانىلىرىنىڭ قورساقلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىدە چىقىرىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلارغا ئاۋازلارنى ئاڭلايدىغان قۇلاقنى، نەرسىلەرنى كۆرىدىغان كۆزنى ۋە دىلنىڭ مەركىزى بولغان يۈرەكنى نېمەت قىلىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇلارغا قىلغان

(1) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(2) لوقمان سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىقنى بايان قىلىدۇ.

﴿**يۈرەكلەرنى**﴾ (ئەفئىدە) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى "مېڭە" دەيدىغان كۆز قاراشمۇ بار. ئىنسان ئەقىل بىلەن نەرسىلەرنىڭ پايدا - زىيىنىنى پەرقلەندۈرىدۇ. بۇ بىر كۈچلۈك سېزىش قۇۋۋىتى بولۇپ، ئىنساندا تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. سەزگۈ ئەزالىرى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئاز - ئازدىن، قەدەممۇ قەدەم ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە ئەقىل جەھەتتە ئېشىپ، قىرانىغا يەتكەندە مۇكەممەللىشىدۇ. ھەقىقەتەن **الله** تائالا ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن (ئىنساندا) پۇت - قول، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە باشقا ئەزالارنى ياراتتى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا تاجاۋۇز قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا ئۇرۇش ئاچقان بولىدۇ. مەن پەرز قىلغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق بەندەمنىڭ ماڭا يېقىنلاشقانلىقىدىنمۇ ئارتۇق يېقىنلىشىش بولمايدۇ. بەندەم نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ماڭا ھەمىشە يېقىنلىشىپلا تۇرىدۇ. تاكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن. ئۇ مەندىن بىرە نەرسە سورىسا، مەن ئۇنى چوقۇم ئۇنىڭغا بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلىسە، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھلىق بېرىمەن. مەن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدىغان مۆمىن بەندەمنىڭ جېنىنى ئېلىشتا ئىككىلىنىشتىن باشقا، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ ھېچقايسىدا ئىككىلىنىپ قالمايمەن. ئۆلۈم ئارقىلىق مەن ئۇنى يامان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنى ياقتۇرمايمەن. بىراق ئۇنىڭغا ئۆلۈم چوقۇم كېلىدۇ».

ھەدىسنىڭ شەرھىسى مۇنداق: شەك - شۈبھىسىزكى، بەندە تائەت - ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلسا، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى غالىب ۋە بۈيۈك **الله** ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. ئۇ **الله** رازىلىقى ئۈچۈنلا ئاڭلايدۇ ۋە كۆرىدۇ. يەنى ئۇ **الله** ئۇنىڭغا بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىنى ئاڭلايدۇ ۋە كۆرىدۇ. غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا قولى بىلەن تۇتىدۇ ۋە پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى **الله** تائالادىن ياردەم تىلىگەن ھالدا ئىشلىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان باشقا بىر رىۋايىتىدە: ئۇنىڭ ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن دېگەن سۆزدىن كېيىن: ئۇ مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ئاڭلايدۇ، مېنىڭ ياردىمىم بىلەن كۆرىدۇ، مېنىڭ ياردىمىم بىلەن تۇتىدۇ ۋە مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ماڭىدۇ، - دەپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «**الله** سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر». ئېيتقىنكى، «**الله** سىلەرنى يەر يۈزىدە يارىتىپ كۆپەيتتى، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) **الله** نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر»﴾[1].

(1) مۇلك سۈرىسى 23 ــــ 24 - ئايەت.

## ئۇچار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىكى ئالامەتلەر

**اللّٰه** تائالا بەندىلىرىنى ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا ئۇچىدىغان قۇشلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئىككى قانىتى بىلەن قانداق ئۇچىدىغان قىلىنغانلىقىغا قاراپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. قۇشلارنىڭ ھاۋادا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى پەقەت **اللّٰه** تائالا ئۆز قۇدرىتى بىلەنلا تۇتۇپ تۇرىدۇ. **اللّٰه** تائالا قۇشلارنى بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلىپ تۇرالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلدى. ھاۋانى قۇشلارنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇشىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان قىلىپ بەردى.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟ (قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت **اللّٰه** (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، **اللّٰه** ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، **﴿بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللّٰه نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾**.

* * * * * * *

وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّنۢ بُيُوتِكُمۡ سَكَنٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّن جُلُودِ ٱلۡأَنۡعَٰمِ بُيُوتٗا تَسۡتَخِفُّونَهَا يَوۡمَ
ظَعۡنِكُمۡ وَيَوۡمَ إِقَامَتِكُمۡ وَمِنۡ أَصۡوَافِهَا وَأَوۡبَارِهَا وَأَشۡعَارِهَآ أَثَٰثٗا وَمَتَٰعًا إِلَىٰ حِينٖ ﴿٨٠﴾
وَٱللَّهُ جَعَلَ لَكُم مِّمَّا خَلَقَ ظِلَٰلٗا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلۡجِبَالِ أَكۡنَٰنٗا وَجَعَلَ لَكُمۡ
سَرَٰبِيلَ تَقِيكُمُ ٱلۡحَرَّ وَسَرَٰبِيلَ تَقِيكُم بَأۡسَكُمۡۚ كَذَٰلِكَ يُتِمُّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكُمۡ
لَعَلَّكُمۡ تُسۡلِمُونَ ﴿٨١﴾ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡكَ ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ ﴿٨٢﴾ يَعۡرِفُونَ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ ثُمَّ
يُنكِرُونَهَا وَأَكۡثَرُهُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٨٣﴾

**اللّٰه** سىلەرگە ئۆيلىرىڭلارنى تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئۆيلەرنى (چېدىرلەرنى) قىلىپ بەردى، سىلەر كۆچكەن كۈنلىرىڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنلىرىڭلاردىمۇ ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلىسىلەر، سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيلىرىڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى﴿80﴾. **اللّٰه** سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر (يەنى دەرەخلەر، تاغلار ۋە بىنالار) دىن (كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىدىغان) سايىلەرنى قىلىپ بەردى. تاغلاردىن سىلەرگە (غار، ئۆڭكۈرگە ئوخشاش) تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى قىلىپ بەردى. سىلەرگە ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى (زىيان ـ زەخمەتتىن) ساقلايدىغان تۆمۈر كىيىملەرنى تەييار قىلدى. **اللّٰه** سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلىرىنى بېرىدۇ﴿81﴾.

(1) مۇلك سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر﴿82﴾. ئۇلار الله نىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن (الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش بىلەن) ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىردۇر (يەنى كاپىر پېتىچە ئۆلىدۇ)﴿83﴾.

## ئۆيلەر، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە تۇرالغۇ قىلىدىغان، پاناھلىنىدىغان ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك مەنپەئەتلەردىن پايدىلىنىدىغان ئۆيلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى ۋە سەپەرلەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە، مەيلى سەپەرگە چىققاندا ياكى چېقمىغاندا بولسۇن، چېدىر قىلىپ تىكىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن چارۋا - ماللارنىڭ تېرىلىرىدىن ئۆيلەرنى قىلىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت (ئۇلارغا بەرگەن) نېمەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۇلۇم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى﴾** يەنى مال - دۇنيا ئورنىدا سەرەمجان قىلىسىلەر. بۇ ئايەتتىكى ئۆي جاھازلىرى دېگەن سۆزدىن ئۆي بېساتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. كىيىم - كېچەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەنلەرمۇ بار. توغرىسى بۇ ئاممىباپ بولۇپ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى، كىيىم - كېچەكلەرنى ۋە باشقا تىجارەت قىلىدىغان ماللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ئايەتتىكى ئۆي جاھازلىرى دېگەن سۆزدىن مال، ئۆي - بېساتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، - دېدى. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، ئەتىيە ئەۋفىي، ئەتا خۇراسانىي، زەھھاك ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلدى.

## سايىلەر، تاغلار، كىيىم - كېچەكلەر ۋە تۆمۈرلەرنىڭمۇ الله تائالانىڭ نېمىتى ئىكەنلىكى



**﴿الله سىلەرگە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر (يەنى دەرەخلەر، تاغلار ۋە بىنالار) دىن (كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىدىغان) سايىلەرنى قىلىپ بەردى. تاغلاردىن سىلەرگە (غار، ئۆڭكۈرگە ئوخشاش) تۇرالغۇ قىلىدىغان جايلارنى قىلىپ بەردى. سىلەرگە ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى (زىيان - زەخمەتتىن) ساقلايدىغان تۆمۈر كىيىملەرنى تەييار قىلدى﴾.**

**﴿الله سىلەرنى ئىتائەت قىلسۇن دەپ، سىلەرگە ئەنە شۇنداق مۇكەممەل نېمەتلەرنى بېرىدۇ﴾** يەنى ئىشىڭلاردا ۋە سىلەر موھتاج بولغان نەرسىلەردە، سىلەرنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشىڭلاردا ياردەم بولسۇن ئۈچۈن، الله تائالا سىلەرگە يۇقىرىقىدەك ئىنئاملارنى قىلىدۇ.

## پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا يەتكۈزۈپ قويۇش ئىكەنلىكى

**﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە﴾** يەنى اللە تائالا نېمەتلىرىنى مۇشۇنداق ئوچۇق بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈسە، سەن ھېچقانداق مەسئۇلىيەتكە تارتىلمايسەن. **﴿سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر﴾** سەن پەيغەمبەرلىكنى ئۇلارغا يەتكۈزدۈڭ.

**﴿ئۇلار اللە نىڭ نېمىتىنى تونۇيدۇ، ئاندىن (اللە دىن بۆلەك غەيرىيگە ئىبادەت قىلىش بىلەن) ئۇ نېمەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ھەقىقەتەن ئاشۇ نېمەتلەرنى اللە تائالانىڭ ئۆز پەزلى بىلەن ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ اللە تائالانىڭ ئاشۇ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە اللە تائالاغا باشقىسىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ياردەم ۋە رىزىقنى اللە تائالادىن كەلمەي، باشقىسدىن كېلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. **﴿ئۇلارنىڭ تولىسى كاپىردۇر (يەنى كاپىر پېتىچە ئۆلىدۇ)﴾**.

* * * * * * *

وَيَوۡمَ نَبۡعَثُ مِن كُلِّ أُمَّةٖ شَهِيدٗا ثُمَّ لَا يُؤۡذَنُ لِلَّذِينَ كَفَرُواْ وَلَا هُمۡ يُسۡتَعۡتَبُونَ ٨٤ وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ ٱلۡعَذَابَ فَلَا يُخَفَّفُ عَنۡهُمۡ وَلَا هُمۡ يُنظَرُونَ ٨٥ وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ شُرَكَآءَهُمۡ قَالُواْ
رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ شُرَكَآؤُنَا ٱلَّذِينَ كُنَّا نَدۡعُواْ مِن دُونِكَۖ فَأَلۡقَوۡاْ إِلَيۡهِمُ ٱلۡقَوۡلَ إِنَّكُمۡ لَكَٰذِبُونَ
٨٦ وَأَلۡقَوۡاْ إِلَى ٱللَّهِ يَوۡمَئِذٍ ٱلسَّلَمَۖ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٨٧ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن
سَبِيلِ ٱللَّهِ زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ ٨٨

شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئۈممەتتىن (ئۇنىڭغا ئىمان بىلەن ياكى كۇفرى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز، ئاندىن كاپىرلارغا (ئۆزرە ئېيتىشقا) رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلاردىن پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىش (يەنى پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش) تەلەپ قىلىنمايدۇ﴿84﴾. زالىملار (يەنى مۇشرىكلار) ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلاردىن (ئازاب) يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴿85﴾. مۇشرىكلار (دۇنيادا چوقۇنغان) بۇتلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلىرى ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: «شۈبھىسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ﴿86﴾. شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ اللە غا باش ئەككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن) يالغان - ياۋىداقلىرى يوققا چىقىدۇ﴿87﴾. كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴿88﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ھېساب كۈنىدىكى ئەھۋالى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئاخىرەتتىن يەنى قىيامەت كۈنىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر

بېرىدۇ. الله تائالا ھەر بىر ئۈممەتتىن شۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىنى گۇۋاھلىق بېرىشكە چىقىرىدۇ. پەيغەمبەر الله تائالادىن ئۇلارغا يەتكۈزگەن نەرسىسىنى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئىمان ئېيتىپ، قانچىلىك كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

﴿ئاندىن كاپىرلارغا (ئۆزرە ئېيتىشقا) رۇخسەت قىلىنمايدۇ﴾ چۈنكى، ئۇلار ئۆزرە ئېيتىشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ﴾[1].

**﴿ئۇلاردىن پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىش (يەنى پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش) تەلەپ قىلىنمايدۇ. زالىملار (يەنى مۇشرىكلار) ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلاردىن (ئازاب) يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلاردىن ئازاب بىردەممۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە ئازاب ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنماستىنلا، ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنىدىلا ناھايىتى تېز تۇتىدۇ. چۈنكى، ھەدىستە بايان قىلىنىپ كەلگەندەك، جەھەننەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا (كەلتۈرۈلگەندە) ھەر بىر نوختىنى 70 مىڭ پەرىشتە تارتقان ھالدا 70 مىڭ نوختا بىلەن سۆرەپ كەلتۈرۈلىدۇ. كىشىلەرگە جەھەننەمنىڭ ئىچىدىن بىر باش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ (ئېشەكتەك) بىر ھاڭرايدۇ ـ دە، بۇ ئاۋاز بىلەن بىر كىشىمۇ قالماي ھەممىسى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ باش: مەن الله تائالاغا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا چوقۇنغان، چوڭچىلىق قىلىپ تەرسالىق قىلغۇچىلارغا ۋە مۇنداق، مۇنداق تۈردىكى كىشىلەرگە مەسئۇل قىلىندىم دەپ، بىر نەچچە تۈرلۈك كىشىلەرنى ساناپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ باش ئۇلارغا يېپىشىدۇ ۋە خۇددى قۇش دانىنى (ئۇ يەر بۇ يەردىن) تېرىپ يېگەندەك، شۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنىدىلا تېرىپ يۇتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قايناپ ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ، ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ، (ئۇلارغا) بۈگۈن سىلەر بىر ئۆلۈمنى ئەمەس، تالاي ئۆلۈملەرنى تىلەڭلار (دېيىلىدۇ)﴾[2]، ﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزىم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾[3]، ﴿ئەگەر كاپىرلار ئۇ چاغدا يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى دەپئى قىلالمايدىغانلىقلىرىنى ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلسە ئىدى (ئازابنىڭ بالدۇر يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلمايتتى)، لېكىن قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ ـ دە، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئۇلار قىيامەتكە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇلارغا (تەۋبە قىلىۋېلىش ۋە ئۆزرە بايان قىلىش ئۈچۈن) مۆھلەتمۇ بېرەلمەيدۇ﴾[4]



## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ (مۇشرىكلار ئۇلارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا)

(1) مۇرسالات سۈرىسى 35 ـــ 36 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 12 ـــ 14 ـ ئايەتكىچە.
(3) كەھف سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 39 ـــ 40 ـ ئايەتلەر.

ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۇشرىكلار (دۇنيادا چوقۇنغان) بۇتلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلىرى ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: «شۈبهىسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ**﴾ يەنى مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرى ئۇلارغا: سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇرسىلەر، بىز سىلەرنى بىزگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمىدۇق، ـ دەيدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئاني ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر، (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن **الله** نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، **الله** نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى، ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ **الله** ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[2].

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە بۇ ھەقتە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشقانلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇقىقا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، **الله** نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلارغا: «شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاپىر بولغانلىقلىرىغا نادامەت قىلىپ) (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[4] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

## قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىنىڭ الله تائالاغا باش ئېگىدىغانلىقى

﴿**شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ الله غا باش ئەككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ**﴾ قەتادە ۋە ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: شۇ كۈندە ئۇلار (**الله** تائالاغا) بويسۇنۇپ باش ئېگىدۇ، ـ دېدى. يەنى قىيامەت كۈنى بىر كىشىمۇ قالماي، ھەممىسى **الله** تائالاغا بويسۇنىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) قۇلاقلىرى تازا ئاڭلايدىغان، كۆزلىرى تازا كۆرىدىغان بولىدۇ﴾[5] يەنى ئۇلار قىيامەت كۈندە

(1) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) مەريەم سۈرىسى 81 ـــ 82 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) قەسەس سۈرىسى 64 ـ ئايەت.
(5) مەريەم سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەك ئاگلايدىغان ۋە بەك كۆرىدىغان بولىدۇ. ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز (ئەمدى) ھەقىقەتەن (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىشەنگۈچىلەرمىز»﴾[1]، ﴿گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات الله غا ئېگىلىدۇ﴾[2] يەنى گۇناھكارلار (قىيامەت كۈنى الله تائالاغا) بويسۇنىدۇ، باش ئېگىدۇ ۋە دۇنيادا قىلغان قىلمىشلىرىدىن يانىدۇ.

**﴿ئەمما ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن) يالغان - ياۋىداقلىرى يوققا چىقىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغدا) ئۆزلىرى توقۇپ چىققان، الله تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرى يوقاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارغا ھېچ ياردەمچى ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى تېپىلمايدۇ.

## بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغۇچى كاپىرلارغا بېرىلىدىغان ئازابنىڭ قاتمۇقات بولىدىغانلىقى

**﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾** يەنى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئازاب، كىشىلەرنى ھەقكە ئەگىشىشتىن توسقانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر ئازاب بېرىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن (ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ﴾[3] بۇ خۇددى مۆمىنلەر جەننەتتىكى مەرتىۋە ۋە دەرىجىلەردە پەرقلىق بولغىنىدەك، كاپىرلارنىڭمۇ دوزاختىكى ئازاب - ئۇقۇبەتلەردە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر»﴾[4].

* * * * * * *

وَيَوْمَ نَبْعَثُ فِي كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا عَلَيْهِم مِّنْ أَنفُسِهِمْ ۖ وَجِئْنَا بِكَ شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰؤُلَاءِ ۚ وَنَزَّلْنَا
عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِّكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴿٨٩﴾

شۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان)

(1) سەجدە سۈرىسى 12 - ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 111 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 26 - ئايەت.
(4) ئەئراف سۈرىسى 38 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز. ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴿89﴾.

## قىيامەت كۈنى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى

الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**شۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتتىكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز**﴾ يەنى سەن ئۇ كۈننى، ئۇ كۈننىڭ قورقۇنچلۇق ئەھۋالىنى، ئۇ كۈندە الله تائالا ساڭا بەرگەن كاتتا شەرەپ ۋە ئالىي دەرىجىنى ئويلىغىن.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى نىسا سۈرىسىدىكى: ﴿بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىسا سۈرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىپ، يۇقىرىدىكى ئايەتكە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بولدى قىل» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## قۇرئاندا ھەممە نەرسىنىڭ بايانىنىڭ بار ئىكەنلىكى

﴿**ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق**﴾ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: الله تائالا بىزگە مۇشۇ قۇرئاندا بارلىق بىلىم ۋە ھەممە نەرسىنى بايان قىلدى.

ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ خەۋىرى توغرىسىدا پايدىلىق بىلىملەرنى، ھالال ۋە ھارالارنىڭ ھەممە بايانىنى، كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلارنىڭ بايانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

﴿**ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان (قىلىپ نازىل قىلدۇق)**﴾ ئەۋزائى بۇ ئايەتنىڭ

---

(1) نىسا سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

مەنىسى ھەققىدە: ساڭا بىز ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى ھەدىس بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىتابنى چۈشۈردۇق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

الله تائالانىڭ: ﴿**ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان (قىلىپ نازىل قىلدۇق)**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ئۇنىڭ: ﴿**ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز**﴾ دېگەن ئايىتىنى بىر يەردە كەلتۈرۈشىدىكى مەقسەت، ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابنى يەتكۈزۈشنى پەرز قىلغان الله ، قىيامەت كۈنى سەندىن شۇ ھەقتە سورىغۇچىدۇر دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ ـ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ) سورايمىز﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[2]، ﴿الله قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيىبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» دەيدۇ﴾[3]، ﴿ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات، ئەلۋەتتە، سېنى قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ﴾[4] يەنى ساڭا قۇرئاننى يەتكۈزۈشنى پەرز قىلغان زات ئەلۋەتتە سېنى قىيامەت كۈنى قايتىدىغان يەرگە قايتۇرىدۇ ۋە ساڭا پەرز قىلغان ئىشنى ئادا قىلغانلىقىڭ توغرىسىدا سەندىن سوئال سورايدۇ. مانا بۇ، بۇ ئايەتكە بېرىلگەن مەنىلەرنىڭ بىرى ۋە توغرىسىدۇر.

*****

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُ بِٱلْعَدْلِ وَٱلْإِحْسَٰنِ وَإِيتَآئِ ذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَيَنْهَىٰ عَنِ ٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ وَٱلْبَغْىِ ۚ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿٩٠﴾

الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴿90﴾.

(1) ئەئراف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ھىجر سۈرىسى 92 ـــ 93 ـ ئايەتلەر.
(3) مائىدە سۈرىسى 109 ـ ئايەت.
(4) قەسەس سۈرىسى 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئادىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىدىن ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندىگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴾[1]، ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ﴾[2]، ﴿ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ﴾[3] بۇ ئايەتلەردىن باشقا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار.

## ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى، ئەخلاقسىز سۆز ـ ھەرىكەت، يامان ئىش ۋە زۇلۇم قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**﴿(الله ھەقىقەتەن) خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾** يەنى الله تائالا بەندىلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى چىڭىتىشقا بۇيرۇيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن﴾[4]

**﴿قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ﴾** يەنى الله تائالا كىشىلەرنى ھارام ئىشلارنى، يامان ئىشلارنى ۋە باشقىلارغا ناھەقچىلىق قىلىشتىن توسىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى (ھارام قىلدى)﴾[5]

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: «زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشتىن باشقا جازاسى ھەم ئاخىرەتكە ساقلاپ قويۇلۇشقا ھەم مۇشۇ دۇنيادىلا

(1) نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مائىدە سۈرىسى 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىسرا سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(5) ئەئراف سۈرىسى 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىلىشكە لايىقراق گۇناھ يوق».

**﴿نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، اللە سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾** يەنى نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، **اللە** سىلەرنى يۇقىرىدىكىدەك ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ.

شەئبى شەتىر ئىبنى شەكىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت نەھل سۈرىدىكى: **﴿اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، اللە سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ئەسەرنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

## ئۇسمان ئىبنى مەزئۇنغا ئالاقىدار بىر ۋەقە

ئىمام ئەھمەد يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ پېشايۋانىدا ئولتۇرغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئولتۇرمامسەن؟» دېدى. ئۇ: بولىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۆزلەۋېتىپ تۇساتتىن ئاسمانغا قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا بىر مۇددەت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يۆگۈرتۈپ، ئاخىرىدا (كۆزىنى) ئوڭ تەرىپىدىكى بىر يەردە توختاتتى. ئاندىن ئورنىدىن قوپۇپ نەزىرى چۈشكەن ھېلىقى يەرگە باردى ۋە خۇددى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان بىراۋنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىشقا باشلىدى. ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە دېيىلگەن سۆزلەرنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقىدەك ئاسمانغا قارىدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزىنى ئاسماندىن ئۈزمەي تۇردى. ئاندىن (ئۇسماننىڭ قېشىغا كېلىپ) بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇردى.

ئۇسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! مەن سەن بىلەن بۇرۇن ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمدا بايامقىدەك ئىشلارنى قىلغانلىقىڭنى كۆرمىگەن ئىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. ئۇسمان: (ھەئە) مەن سېنىڭ دەسلەپ كۆزۈڭنى ئاسمانغا قاراتقانلىقىڭنى، ئاندىن ئۇنى ئوڭ تەرىپىڭدىكى بىر يەردە توختىتىپ مېنى تاشلاپ قويۇپ شۇ يەرگە بارغانلىقىڭنى، ئاندىن خۇددى ساڭا دېيىلىۋاتقان سۆزنى چۈشەنگەندەك بېشىڭنى لىڭشىتىپ تۇرغانلىقىڭنى كۆردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بۇلارنى سەزدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇسمان: ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بايام سەن بىلەن ئولتۇرغان ۋاقتىمدا قېشىمغا پەرىشتە كەلگەن ئىدى» دېدى. ئۇسمان: پەرىشتە كەلگەنمىدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇسمان: پەرىشتە ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پەرىشتە **اللە** تائالانىڭ: **﴿اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،**

**قەبىھ (سۆز ـ هەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ، ـ دېدى.

ئوسمان: بۇ مېنىڭ دىلىمغا ئىمان ئورۇنلاشقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشۈم باشلانغان چاغدۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَأَوْفُوا۟ بِعَهْدِ ٱللَّهِ إِذَا عَٰهَدتُّمْ وَلَا تَنقُضُوا۟ ٱلْأَيْمَٰنَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ ٱللَّهَ
عَلَيْكُمْ كَفِيلًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ ﴿٩١﴾ وَلَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّتِى نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِنۢ
بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَٰثًا تَتَّخِذُونَ أَيْمَٰنَكُمْ دَخَلًۢا بَيْنَكُمْ أَن تَكُونَ أُمَّةٌ هِىَ أَرْبَىٰ مِنْ أُمَّةٍ ۚ إِنَّمَا
يَبْلُوكُمُ ٱللَّهُ بِهِۦ ۚ وَلَيُبَيِّنَنَّ لَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ مَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٩٢﴾

سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، الله نىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمڭلارنى (الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى، سىلەر الله نى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿91﴾. سىلەر پىششىق ئېگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار. بىر جامائە (سان ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەمڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل ـ مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسىلەر)، الله سىلەرنى ھەقىقەتەن بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ، سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق ـ ناھەقنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ﴿92﴾.

## ئەھدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا

ئەھدىگە ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلىش، الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، چىڭ بېرىلگەن قەسەمنى بۇزماسلىق قاتارلىقلار الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

شۇڭا الله تائالانىڭ: **﴿قەسەمڭلارنى (الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار﴾** ئايىتى بىلەن: ﴿ياخشىلىق قىلماسلىققا، تەقۋادار بولماسلىققا ۋە كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرمەسلىككە قەسەم قىلىش شەكلى بىلەن (ئۇلارنى قىلىشقا) الله نى توسالغۇ قىلماڭلار (يەنى الله بىلەن قەسەم قىلىشنى ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى قىلماڭلار)﴾[1]، ﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 224 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)﴾[1] يەنى قەسەمڭلارنى كەففارەتسىز تاشلاپ قويماڭلار، ـ دېگەن ئايەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىز اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بىرەر ئىش توغرىسىدا قەسەم ئىچىپ ئاندىن باشقا بىر ئىشنى ئۇ ئىشتىن ياخشىراق دەپ قارىسام، ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن ۋە قەسىمىمدىن چىقىمەن. (يەنە بىر رىۋايەتتە: قەسىمىمنىڭ كەففارىتىنى بېرىمەن)»[2] دېگەن سۆزى بىلەن ھېچقانداق قارمۇ قارشىلىق يوق.

چۈنكى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**قەسەمڭلارنى (اللّٰه نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان قەسەمدىن بىرەر ئىشنى قىلىمەن ياكى قىلمايمەن دەپ ئىچكەن قەسەم كۆزدە تۇتۇلماستىن، ئەكسىچە بىرەر ئىشقا قىلىشقان ئەھدە ۋە تۈزۈشكەن كېلىشىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇڭا مۇجاھىد: ﴿**قەسەمڭلارنى (اللّٰه نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتىكى قەسەمدىن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە (بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە) تۈزۈشكەن كېلىشىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ جۇبەير ئىبنى مەتئەمدىن رىۋايەت قىلغان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن (بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە) كېلىشىم تۈزۈشۈش يوق. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە تۈزۈلۈپ بولغان كېلىشىم بولسا، ئىسلام دىنى ئۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ» دېگەن ھەدىسى مۇجاھىدنىڭ بۇ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى كىشىلەر قىلغاندەك، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈشۈشكە ئېھتىياج يوق. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىنسا، ئىسلام دىنى شۇ ئىشلارغا يېتەرلىكتۇر[3].

ئەمما ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئارىسىنى كېلىشتۈردى دېگەن سۆزىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئالاقىسى تۇرغۇزدى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تاكى اللّٰه تائالا قېرىنداشلىق ئالاقە بىلەن مىراس ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا قەدەر، بىر ـ بىرىدىن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە مىراس ئېلىپ كەلگەن ئىدى. توغرىسىنى اللّٰه تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، اللّٰه قىلمىشڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى بۇ ئايەت ئەھدىلىرىنى اللّٰه تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، چىڭ ئەھدە قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن بۇزغان كىشىلەر ئۈچۈن قاتتىق بىر تەھدىتتۇر.



---

(1) مائىدە سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يەنى مەن بىرەر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم ئىچسەم، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلىش مەن ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، مەن قەسىمىمنىڭ كەففارىتىنى بېرىپ شۇ ئىشنى قىلىمەن.
(3) يەنى ئىسلام دىنىدا بارلىق مۇسۇلمان بىر گەۋدە ھېسابلىنىدۇ، ھەمدە بىرەر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا ئېغىرچىلىق چۈشۈپ قالسا، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ئۇلارنىڭ دىنىي بۇرچىدۇر، شۇڭا ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇشرىكلار بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

**﴿سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار﴾** ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر ۋە سۇددى: بۇ خوتۇن مەككىدىكى نا ئۇستا بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم يىپنى ئىگىرىپ بولۇپ، ئۇنى پارچە ـ پارچە قىلىپ بۇزىۋېتەتتى، ـ دېدى.

مۇجاھىد، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: بۇ پەقەت چىڭ ئەھدە بېرىپ پۇختىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بۇزغان كىشى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسالدۇر، ـ دېدى.

مەيلى يىپنى ئىگىرىپ بولغاندىن كېيىن بۇزىۋېتىدىغان مەككىلىك مەلۇم بىر ئايال بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئاخىردىكى كۆز قاراش كۈچلۈكتۇر.

**﴿بىر جامائە (سان ۋە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەمىڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل ـ مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسىلەر)﴾** يەنى باشقا كىشىلەر سىلەردىن كۆپ بولسا، ئۇلاردىن ئۆزەڭلەرگە بىرەر يامانلىق كەلمىسۇن دەپ، ئۇلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشىسىلەر ۋە قاچانكى سىلەرگە ئەھدىنى بۇزۇشقا پۇرسەت چىقسىلا، سىلەر ئۇنى بۇزىسىلەر. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئاددىيسى بىلەن ئۇنىڭدىن يۇقىرىراقىغا ئەسكەرتىش بېرىش ئۈچۈن ئەھدىنى بۇزۇشتىن توستى. يەنى **الله** تائالا سىلەرنى سىلەرنىڭ سانىڭلار ئاز (كۈچۈڭلار ئاجىز)، ۋاقتىڭلاردا ئەھدىنى بۇزۇشتىن چەكلىگەن يەردە، سىلەرنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ ۋە كۈچلۈك ۋاقتىڭلاردا ئەھدىنى بۇزۇشۇڭلاردىن توسۇشى مۇقەررەردۇر.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار بىرەر گۇرۇھ بىلەن ئەھدە تۈزۈشسە، ئاندىن ئۇلاردىن سانى كۆپ ۋە كۈچلۈك بىر گۇرۇھنى تاپسا، ئىلگىرىكىلەر بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىلىرىنى بۇزىۋېتىپ، كېيىنكى سانى كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان گۇرۇھتىكىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىشتىن توسالدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە زەھھاك، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿الله سىلەرنى ھەقىقەتەن بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەير: **الله** سىلەرنى ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن سىنايدۇ، ـ دېدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر: **الله** سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن سىنايدۇ، ـ دېدى.

**﴿سىلەر دەتالاش قىلىشقان ھەق ـ ناھەقنى قىيامەت كۈنى سىلەرگە چوقۇم ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ﴾** يەنى ھەر بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَٰكِن يُضِلُّ مَن يَشَآءُ وَيَهْدِى مَن يَشَآءُ ۚ وَلَتُسْـَٔلُنَّ عَمَّا
كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٩٣﴾ وَلَا تَتَّخِذُوٓا۟ أَيْمَٰنَكُمْ دَخَلًۢا بَيْنَكُمْ فَتَزِلَّ قَدَمٌۢ بَعْدَ ثُبُوتِهَا وَتَذُوقُوا۟ ٱلسُّوٓءَ بِمَا

صَدَدتُّمْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۖ وَلَكُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٩٤﴾ وَلَا تَشْتَرُوا۟ بِعَهْدِ ٱللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۚ إِنَّمَا عِندَ ٱللَّهِ
هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٩٥﴾ مَا عِندَكُمْ يَنفَدُ ۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ بَاقٍ ۗ وَلَنَجْزِيَنَّ ٱلَّذِينَ
صَبَرُوٓا۟ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾

مۇبادا الله خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا قىلاتتى، لېكىن (الله نىڭ ھېكمىتى ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى تەقەززا قىلدى)، الله خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) پۈتۈن قىلمىشىڭلار ئۈستىدە سوراق قىلىنىسىلەر﴿93﴾. قەدىمىڭلار (ئىسلام دىنىدا) ئىزچىل بولغاندىن كېيىن تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، قەسىمىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن ئازابنى تېتىيسىلەر، (سىلەر ئاخىرەتتە دوزاختا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر﴿94﴾. سىلەر الله نىڭ ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار؛ سىلەر ئەگەر بىلسەڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانى دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن) ئارتۇقتۇر﴿95﴾. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴿96﴾.

## مۇبادا الله تائالا خالىغان بولسا، بارلىق كىشىلەرنى بىر دىندا قىلالايدىغانلىقى

**﴿مۇبادا الله خالىغان بولسا ئىدى، سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى) ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا قىلاتتى)﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى﴾[1] يەنى ئەلۋەتتە، الله تائالا ئاراڭلارنى تۈزەيتتى، ئاراڭلاردا ئىختىلاپ، يامان كۆرۈشۈش ۋە ئۆچ كۆرۈشۈشلەرنى قىلمايتتى.

﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۇممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى﴾[2] الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دېدى: **﴿الله خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾**

ئاندىن الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىدىن سوئال سورايدۇ، ئاندىن قىلمىشلىرى مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭغا تېگىشلىك مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 118 ـ ئايەت ۋە 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## كۆز بويامچىلىق قىلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچمەسلىك توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ قەدەملىرى (ئىسلام دىنىدا) مۇستەھكەم بولۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتا تەۋرىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قەسەملىرىنى ئالدامچىلىق ۋاستىسى قىلىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۇ توغرا يولدا بولغان، ئەمما بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ يولىدىن توسۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قەسەمنىڭ سەۋەبى بىلەن توغرا يولدىن تېيىلىپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. چۈنكى، كاپىرلار مۆمىن كىشىنىڭ ئەھدە تۈزۈپ ئاندىن كېيىن ئۇنى بۇزغانلىقىنى كۆرسە، كاپىردا ئىسلام دىنىغا قارىتا ھېچقانداق ئىشەنچە قالمايدۇ، ئاندىن كاپىر مۆمىننىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئىسلامغا كىرىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقانلىقىڭلار (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن ئازابنى تېتىيسىلەر، (سىلەر ئاخىرەتتە دوزاختا) چوڭ ئازابقا قالىسىلەر**﴾.

## دۇنيانى كۆزلەپ ئەھدىنى بۇزماسلىق توغرىسىدا

﴿**سىلەر الله نىڭ ئەھدىنى ئەرزىمەس نەرسىگە سېتىۋەتمەڭلار**﴾ يەنى الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئىچكەن قەسىمىڭلارنى دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنەتلىرىگە تېگىشىۋەتمەڭلار. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ئازدۇر. ئىنسان ئۈچۈن بارلىق دۇنيا توپلىنىپ بېرىلسىمۇ، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. يەنى الله تائالانىڭ مۇكاپاتىنى ئۇمىد قىلغان، الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان، مۇكاپاتنى تەلەپ قىلغان ۋە الله تائالانىڭ ۋەدىسىنى ئۇمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىنى ساقلىغان كىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەر ئەگەر بىلسەڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب سىلەر ئۈچۈن (پانى دۇنيانىڭ نەرسىلىرىدىن) ئارتۇقتۇر، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ قېشىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر چەكلىك ۋە مەلۇم بىر مۇددەتكىچە بولىدىغان نەرسىلەردۇر.

﴿**الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ جەننەتتە سىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپاتى ئۈزۈلۈپ ۋە تۈگەپ قالماستىن، مەڭگۈ قېلىپ قالغۇچىدۇر، چۈنكى، ئۇ مۇكاپات يوقاپ كەتمەستىن، مەڭگۈ داۋاملاشقۇچىدۇر.

﴿**سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز**﴾ يەنى بۇ، الله تائالانىڭ سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا ۋە يامان قىلمىشلىرىنى كەچۈرىۋېتىدىغانلىقىغا قىلغان ۋەدىسىدۇر.

* * * * * * *

مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً ۖ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٩٧﴾

ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴿97﴾.

## ياخشى ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپات

بۇ، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن دىلى الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن، ئىمان ئېيتقان ھالەتتە الله تائالانىڭ كىتابىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشى ئۇچۇن بېرىلىشكە ۋەدە قىلىنغان نەرسىدۇر.

الله تائالا شۇنداق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى دۇنيادا ئوبدان ياشىتىدۇ ۋە ئاخىرەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىدۇ. ئېسىل ھايات بولسا، (مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن) ھەممە راھەت ـ پاراغەت يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى ئابباس ۋە بىر تۈركۈم تەپسىرشۇناسلارنىڭ: ئوبدان ياشىتىشتىن پاك، ھالال رىزىقلارنىڭ ئاتا قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئوبدان ياشىتىشتىن قانائەتچانلىق قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە ۋە ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: ئوبدان ياشىتىشتىن بەخت ـ سائادەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ھەسەن، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار: بىر كىشىنى جەننەتتىكى ھاياتتىن باشقا ھايات ئوبدان ياشىتالمايدۇ، ـ دېدى[1]. زەھھاك: ئوبدان ياشىتىشتىن ھالال رىزىق ۋە دۇنيادا ئىبادەت قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. زەھھاك يەنە: ئوبدان ياشىتىشتىن ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاراملىقى تېپىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.



توغرىسى، ئوبدان ياشىتىش يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئىسلامغا كىرگەن، يېتەرلىك رىزىق بېرىلگەن ۋە الله تائالا بەرگەن نەرسىگە قانائەت قىلىدىغان كىشى ھەقىقەتەن نىجات تاپتى». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

(1) يەنى بۇلار: الله تائالانىڭ ئايەتتىكى: "ئوبدان ياشىتىمىز" دېگەن سۆزى "ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىمىز" دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

فَإِذَا قَرَأْتَ ٱلْقُرْءَانَ فَٱسْتَعِذْ بِٱللَّهِ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ﴿٩٨﴾ إِنَّهُۥ لَيْسَ لَهُۥ سُلْطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٩٩﴾ إِنَّمَا سُلْطَٰنُهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُۥ وَٱلَّذِينَ هُم بِهِۦ مُشْرِكُونَ ﴿١٠٠﴾

سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) **اللە** غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴿98﴾. شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ)﴿99﴾. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ﴿100﴾.

## قۇرئاننى ئوقۇماقچى بولغاندا، اللە تائالاغا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

بۇ، **اللە** تائالانىڭ بەندىلىرىنى پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇماقچى بولغاندا، **اللە** تائالاغا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسە قىلىشىدىن) پاناھ تىلەش (يەنى "ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم" نى دېيىش) كە بۇيرۇشىدۇر.

**اللە** تائالاغا شۈكرىلەر بولسۇن، بىز شەيتاندىن پاناھ تىلەش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى تەپسىرنىڭ بېشىدا كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق.

قۇرئاننى ئوقۇماقچى بولغاندا، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەش بولسا، قۇرئاننى ئوقۇۋېتىپ ئېلىشىپ كېتەمەسلىك ۋە شەيتانىنىڭ ئۇنى قۇرئانىنىڭ مەنىسىنى ئويلاش ۋە چۈشىنىشتىن چەكلەپ قويماسلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا كۆپ ساندىكى ئالىملار: شەيتاندىن پاناھ تىلەش قۇرئاننى ئوقۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ)﴾** سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا تەۋبە قىلمايدىغان بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ سېلىشقا ۋەسۋەسە قىلالمايدۇ، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە بەزى ئالىملار: ئۇلارغا قارشى شەيتانىنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق، ـ دېدى.

بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى **اللە** تائالانىڭ: ﴿ئىبلىس ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم بالىلىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا

(يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»﴾[1] دېگەن ئايەتتە كەلگەن ﴿**ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)»**﴾ دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

﴿**شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار (ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ)**﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: شەيتان پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنغانلار ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

باشقىلار: ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، **الله** تائالانى قويۇپ شەيتاننى ئۆزلىرىگە ئىگە قىلىۋالغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى.

﴿**ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ**﴾ يەنى شەيتان **الله** تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ئۆزىنى شېرىك قىلغان كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

*******

وَإِذَا بَدَّلْنَآ ءَايَةً مَّكَانَ ءَايَةٍ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا يُنَزِّلُ قَالُوٓاْ إِنَّمَآ أَنتَ مُفْتَرٍۭ بَلْ أَكْثَرُهُمْ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٠١﴾ قُلْ نَزَّلَهُۥ رُوحُ ٱلْقُدُسِ مِن رَّبِّكَ بِٱلْحَقِّ لِيُثَبِّتَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهُدًى
وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴿١٠٢﴾

بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا (يەنى بىر ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ھۆكۈمنى چۈشۈرگىنىمىزدە)، ـ **الله** ئۆزى نازىل قىلغاننى (يەنى شۇ ھۆكۈمدە بەندىگە نېمە مەنپەئەت ۋە ھېكمەت بارلىقىنى) ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ ـ ئۇلار: «(ئى مۇھەممەد!) سەن (**الله** غا) يالغان چاپلىدىڭ» دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ تولىسى (**الله** نىڭ ھېكمىتىنى) ئۇقمايدۇ﴿101﴾. ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴿102﴾.

## بەزى ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقارغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيە

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ ئەقىللىرىنىڭ ئاجىز، پىكىرلىرىنىڭ تۇراقسىز، ئېتىقادسىز ئىكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بەتبەختلىك يېزىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇنداق بولۇشى ئۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈملەرنى كۆرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

(1) ھىجر سۈرىسى 38 ـــ 40 ـ ئايەتكىچە.

﴿«(ئى مۇھەممەد!) سەن (اللە غا) يالغان چاپلىدىڭ»﴾ دەيتتى. اللە تائالا بولسا، خالىغاننى قىلىدىغان ۋە خالىغاننى ھۆكۈم قىلىپ بېكىتىدىغان پەرۋەردىگاردۇر.

﴿بىز بىر ئايەتنى يەنە بىر ئايەتنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرغىنىمىزدا﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باشقا بىر ئايەتنى كەلتۈرسەك دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ: ﴿قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

اللە تائالا مۇشرىكلارغا رەددىيە ئاساستا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى**﴾ يەنى سەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى مۆمىنلەرنىڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەتكە ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چۈشكەن ئايەتكە ئىمان ئېيتىپ، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈن، اللە تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن ئېلىپ چۈشتى، ـ دېگىن.

* * * * * * *

وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّهُمْ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُۥ بَشَرٌ ۗ لِّسَانُ ٱلَّذِى يُلْحِدُونَ إِلَيْهِ أَعْجَمِىٌّ وَهَٰذَا لِسَانٌ عَرَبِىٌّ مُّبِينٌ ﴿١٠٣﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر﴿103﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ قۇرئاننى مۇھەممەدكە ئىنسان ئۆگىتىپ قويدى دەيدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

اللە تائالا بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ: مۇھەممەدكە قۇرئاننى ئىنسانلاردىن بولغان بىرى ئۆگەتتى، ـ دەپ بوھتان چاپلاپ، ئۇ ئۆگەتكۈچى قۇرەيش جەمەتىدىن بىر كىشىنىڭ سەفا تېغىنىڭ قېشىدا نەرسە ساتىدىغان، ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان خىزمەتكارىدىن ئۆگەندى، ـ دەپ گۇمان قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلغان



---

(1) بەقەرە سۈرىسى 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولۇشى ئۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان ياكى بىلگەندىمۇ ئادەتتىكى سۆزلەرگە جاۋاب بېرەلىگۈدەكلا بىلىدىغان، تىلى ئەرەبچە ئەمەس بىر كىشىدۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ چاپلىغان بۇ بوھتانلىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر**﴾ يەنى قۇرئاننى مانا مۇشۇنداق پاساھەتكە تولغان، ئەدەبىياتتا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، مەنە جەھەتتىن ئىلگىرى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن ھەممە كىتابنىڭ مەنىلىرىدىن مۇكەممەل ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەكىلدە ئېلىپ (كەلتۈرگەن) بىر كىشى، قۇرئاننى قانداق قىلىپ تىلى ئەرەب تىلى بولمىغان بىر كىشىدىن ئۆگىنىدۇ؟ ئازراق ئەقلى بار كىشى بۇنداق قاملاشمىغان سۆزنى قىلمايدۇ.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى بەلئام ئىسىملىك بىر تۆمۈرچىنى تونۇيتتى. ئۇنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس ئىدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: مۇھەممەدكە (قۇرئاننى) بەلئام ئۆگىتىپ قويىدىكەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ لَا يَهْدِيهِمُ ٱللَّهُ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١٠٤﴾ إِنَّمَا يَفْتَرِى ٱلْكَذِبَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْكَٰذِبُونَ ﴿١٠٥﴾

شۈبھىسىزكى، الله نىڭ ئايەتلىرىگە (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدىغانلارنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿104﴾. پەقەت الله نىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا (الله غا) يالغان چاپلايدۇ، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغانچى ئەمەس) دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يالغانچىدۇر﴿105﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن ھەقىقەتكە پەرۋا قىلمىغان ۋە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىگە ئىمان ئېيتىش نىيىتى يوق كىشىنى توغرا يولغا باشلىمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.



الله تائالا مۇشۇ تىپتىكى كىشىلەرنى دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىگە ۋە پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئەۋەتكەن ھەقىقەتكە ئىمان ئېيتىشقا باشلاپ قويمايدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئېچىنىشلىق، قاتتىق ئازاب بار.

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرىنىڭ ھەرگىزمۇ بوھتانچى ۋە يالغانچى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر بەردى. چۈنكى، يالغاننى كىشىلەر ئارىسىدا يالغانچىلىقى بىلەن تونۇلغان، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمايدىغان كاپىرلار ۋە دىنسىزلاردىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرىلا توقۇيدۇ. ئەنە شۇلار الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان ۋە تۆھمەتنى چاپلايدۇ.

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ راستچىلى، ئەڭ ياخشىسى، بىلىملىك، ئىبادەتكار، ئىمانلىق، ئىشەنچلىك بولۇش جەھەتلەردە ئەڭ مۇكەممىلى ۋە قەۋمى ئىچىدە "راستچىل" دېگەن سۈپەت بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن بىر ئادەمدۇر. ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە قەۋمىنىڭ ئىچىدىن بىرەر كىشىمۇ شەك قىلمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قەۋمىنىڭ ئىچىدە "ئىشەنچلىك" دەپ ئاتىلاتتى.

شۇڭا رۇمنىڭ پادىشاھى بولغان ھىرەقل ئەبۇسۇفياندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا سوئال سوراپ: مۇھەممەد سىلەرگە ئۆزىنى پەيغەمبەر دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭلار؟ ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان: ياق، ـ دېدى. ھىرەقل: ئىنسانلار ئۈستىدىن يالغان توقۇمىغان ئادەم الله تائالا ئۈستىدىن يالغان توقامدۇ؟ ـ دېدى.

* * * * * * *

مَن كَفَرَ بِٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِهِۦٓ إِلَّا مَنۡ أُكۡرِهَ وَقَلۡبُهُۥ مُطۡمَئِنُّۢ بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَٰكِن مَّن شَرَحَ
بِٱلۡكُفۡرِ صَدۡرٗا فَعَلَيۡهِمۡ غَضَبٞ مِّنَ ٱللَّهِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١٠٦﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمُ ٱسۡتَحَبُّواْ
ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا عَلَى ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٠٧﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ
طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَسَمۡعِهِمۡ وَأَبۡصَٰرِهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡغَٰفِلُونَ ﴿١٠٨﴾ لَا جَرَمَ أَنَّهُمۡ
فِي ٱلۡأٓخِرَةِ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿١٠٩﴾

كىمكى الله غا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ﴿106﴾. بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە الله نىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر﴿107﴾. ئەنە شۇ كىشىلەر الله تەرىپىدىن دىللىرى، قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلگەن كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار غاپىللاردۇر﴿108﴾. ئۇلار راستلا ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿109﴾.

## كۇپرولۇققا قايتقان كىشى (مەجبۇرلانغانلار مۇستەسنا) نىڭ الله تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتىپ ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ بولۇپ كاپىرلىققا قايتقان، دىللىرى كۇپۇرلۇققا قايتىش بىلەن سۆيۈنگەن ۋە ئارام تاپقان كىشىلەرگە، ئۇلار ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غەزەپ قىلىدىغانلىقىدىن ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بارلىقىدىن خەۋەر بەردى. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دۇنيانى كۆزلەپلا كۇپۇرلۇققا يېنىۋېلىشقا قەدەم قويدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى توغرا يولغا باشلىمىدى ۋە ئۇلارنى ھەق دىن ئۈستىدە مەھكەم تۇرغۇزمىدى. ئۇلارنىڭ

دىللىرىغا مۆھۈر بېسىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق نەرسىنى ئويلىيالمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ قۇلاق ۋە كۆزلىرى پېچەتلىۋېتىلدى. ئۇلار ئۇ ئەزالىرىدىن پايدىلىنالمايدىغان ۋە ئۇ ئەزالار ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بولدى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىدىن قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرىدىغان بولدى.

**﴿ئۇلار راستلا ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾** يەنى بۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى ھېچبىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى زىيان تارتقۇزغۇچىلاردۇر.

**﴿كىمكى اللە غا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** يەنى مۇشرىكلار قىينىغانلىقى ئۈچۈن، زورلاش ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىماندىن يانغانلىقىنى ئېغىزاكى بىلدۈرگەن، لېكىن دىلى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمىغان، اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىمانى بىلەن ئارام تاپقان كىشىلەر (ئىماندىن يانغانلىقى ئۈچۈن) اللە تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلار ۋە چوڭ ئازابقا قالىدىغانلارنىڭ سىرتىدىدۇر.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئەممار ئىبنى ياسىر توغرىسىدا چۈشكەن. مۇشرىكلار ئۇنى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كاپىر بولسەن، ـ دەپ (مەجبۇرلاپ) ئازابلىغاندا، ئەممار ئۇلارغا مەجبۇرى ھالدا باش ئەگكەن. كېيىن ئەممار مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىر بولغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى. يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە شەئبى، قەتادە ۋە ئەبۇمالىك قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىبنى جەرىر ئەبۇئۇبەيدەدىن مۇھەممەد ئىبنى ئەممارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار ئەممار ئىبنى ياسىرنى تۇتۇۋېلىپ تاكى ئەممار ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىگە قوشۇلغۇچە ئازابلىدى. كېيىن ئەممار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ئۆزرە ئېيتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىلىڭدا قانداق ئويلاۋاتىسەن؟» دېدى. ئەممار: ئىمان بىلەن ئارام تاپقان ھالەتتە ھېس قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇلار (ئازابلاشتىن) قايتسا، سەنمۇ (ئىمانغا) قايتقىن» دېدى.

بۇ ۋەقەلىكنى بەيھەقى بۇنىڭدىن كەڭراق رىۋايەت قىلدى، بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: ئەممار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلدى، كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ قىلمىشىنى دېيىش ئۈچۈن كېلىپ: ئى اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار مېنى تاكى مەن سېنى تىللاپ بەرمىگۈچە ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ بەرمىگۈچە قويۇۋەتمىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىلىڭدا قانداق ئويلاۋاتىسەن؟» دېدى. ئەممار: ئىمان بىلەن ئارام تاپقان ھالەتتە ھېس قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر ئۇلار (ئازابلاشتىن) قايتسا، سەنمۇ (ئىمانغا) قايتقىن» دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

شۇڭا ئالىملار: كۇپۇرلۇققا قايتىشقا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئېغىزىدىلا (ئەمەلىي قىلغاندىكىدەك كاپىرلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى) قوبۇل قىلىشىمۇ دۇرۇس، شۇنداقلا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغاندىكىدەك قوبۇل قىلماسلىقىمۇ دۇرۇس، ـ دېگەن قاراشقا كەلدى. كاپىرلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئازابلاپ، ئاخىرىدا كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىغان ۋاقتىدا چوڭ بىر قۇرام تاشنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېلىپ، ئۇنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىماي: «الله بىر، الله بىر» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغان ۋە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ ئاچچىقىڭلارنى بۇ سۆزدىنمۇ بەكرەك كەلتۈرىدىغان بىرەر سۆزنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە، ئۇ سۆزنى دەيتتىم، دېگەن. الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!

شۇنىڭدەك، ئەنسارىلىق ھەبىب ئىبنى زەيدمۇ شۇنداق قىلغان، ئۇنى پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان مۇسەيلىمە تۇتۇۋېلىپ: مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ ـ دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، ـ دەيدۇ. مۇسەيلىمە ئۇنىڭغا: مېنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتامسەن؟ ـ دەيدۇ. ئۇ: نېمە دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىيالمىدىم، ـ دەيدۇ. مۇسەيلىمە ئۇنىڭ ئەزايىنى بىردىن ـ بىردىن پارچىلايدۇ، ئۇ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

كاپىرلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق دۇرۇس بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىش بولسىمۇ، مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغىنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

بۇ ھەقتە ھافىز ئىبنى ئەساكىر ساباھىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنىڭ تەرجىمھالىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رۇملۇقلار ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنى ئەسىرگە ئېلىۋېلىپ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: خىرىستىئان دىنىغا كىرگىن، مەن سېنى پادىشاھلىقىمغا شېرىك قىلىمەن ۋە قىزىمنى بېرىمەن، ـ دېدى. ئابدۇللاھ: مۇبادا سەن مېنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇدەك ۋاقىت بولسىمۇ، مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن يېنىشىم ئۈچۈن سېنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭدىكى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەرسەڭمۇ، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، ـ دېدى. پادىشاھ: ئۇنداق بولسا سېنى ئۆلتۈرىمەن، ـ دېدى. ئابدۇللاھ: ئۆلتۈرگىن، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى ئېسىشقا ۋە ئوقياچىلارنى (ئۇنىڭغا ئوق ئېتىشقا) بۇيرۇيدۇ. ئوقياچىلار ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ (ئۇنىڭغا) ئوق ئاتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. لېكىن ئۇ قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي تۇرىۋەردى. پادىشاھ ئۇنى (ئاسقان يەردىن) چۈشۈرۈشكە ۋە چوڭ قازاندىن بىرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. قازان قىزىتىلدى. ئەسىرگە چۈشكەن مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئابدۇللاھنىڭ كۆزى ئالدىدا قازانغا تاشلىدى. ئۇ بىر دەمدىلا سۆڭەككە ئايلاندى. پادىشاھ ئۇنى يەنە خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. لېكىن ئۇ قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى قازانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ (قازانغا تاشلاش ئۈچۈن) غالتەك بىلەن كۆتۈرۈلدى. ئاندىن ئابدۇللاھ يىغلىدى. پادىشاھ ئۇنى خىرىستىئان

دىنىنى قوبۇل قىلىپ قالارمىكىن دەپ تەمە قىلىپ، ئۇنى (خىرىستىئان دىنىغا) يەنە دەۋەت قىلدى. ئۇ: مەن پەقەت مۇشۇ قازانغا تاشلىنىپ، ﷲ تائالانىڭ يولىدا ئازلا ۋاقىت ئازابلىنىدىغان جېنىمنىڭ بىرلا جان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن (ئېچىنىپ) يىغلىدىم، مەن ﷲ تائالانىڭ يولىدا مۇشۇ ئازابنى تېتىيدىغان جېنىمنىڭ بەدىنىمدىكى ھەر بىر تۈكنىڭ سانىدەك بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتىم، ـ دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پادىشاھ ئۇنى تۈرمىگە سولايدۇ ۋە بىر نەچچە كۈن يېمەك ـ ئىچمەك بەرمىگەندىن كېيىن، ھاراق ۋە چوشقا گۆشى ئەۋەتىدۇ. ئابدۇللاھ بۇلارغا يېقىن كەلمەيدۇ. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ: سەن بۇلارنى نېمىشقا يېمەيسەن؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئابدۇللاھ: بىلىپ قويغىنكى، بۇلار شەكسىز ماڭا ھالال[1]، لېكىن مېنىڭ بۇلارنى يېمەسلىكىم سېنى خۇش قىلىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈندۇر، ـ دەيدۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: بېشىمنى سۆيگىن، سېنى قويۇپ بىرەي، ـ دەيدۇ. ئۇ: مەن بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بىرەمسەن؟ ـ دەيدۇ. پادىشاھ: شۇنداق قىلىمەن، ـ دەيدۇ. ئۇ: پادىشاھنىڭ بېشىنى سۆيىدۇ. پادىشاھ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ.

ئابدۇللاھ قايتىپ كەلگەن چاغدا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنىڭ بېشىنى سۆيۈش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىدىكى ھەقتۇر، (ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈشنى) مەن باشلاپ بېرەي، ـ دەپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا سۆيدى. ﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

* * * * * * *

ثُمَّ إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ هَاجَرُواْ مِنۢ بَعۡدِ مَا فُتِنُواْ ثُمَّ جَٰهَدُواْ وَصَبَرُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١١٠﴾ ۞ يَوۡمَ تَأۡتِي كُلُّ نَفۡسٖ تُجَٰدِلُ عَن نَّفۡسِهَا وَتُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ﴿١١١﴾

ئاندىن (ئى مۇھەممەد!)(زىيانلەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان. ئاندىن (ﷲ نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغپىرەت قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر﴿110﴾. ھەر ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، ھەر ئادەم قىلغان ئەمەلنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدىغان كۈننى (يەنى قىيامەت كۈننى) ئەسلىگىن﴿111﴾.

## كۇپرۇلۇققا مەجبۇرلانغۇچى (مەجبۇرلانغاندىن كېيىن) ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلسا، گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى

مانا بۇلار، مەككىدە (قەۋمىنىڭ ئىچىدە) ئاجىز، خار بولغانلىقتىن كاپىرلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىگە ماقۇل بولغان كىشىلەردۇر. ئاندىن ئۇلارغا ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق (كاپىرلاردىن) قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى

(1) يەنى يېگىلى ھالال تاماق بولمىغان يەردە، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھارام نەرسىدىن يېسىمۇ دۇرۇستۇر، ئابدۇللاھ "بۇلار ماڭا ھالال" دېگەن سۆزنى شۇنىڭغا ئاساسەن دېگەن.

بېرىلگەندە، ئۇلار الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە مەغپىرىتىنى ئىزلەپ يۇرتلىرىنى، بالا - چاقىلىرى ۋە مال - دۇنياسىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىغا قېتىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى ۋە چىداملىق بولدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىگە ماقۇل دېگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھمەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ھەر ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان (قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن)﴾** يەنى (ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى مۇنازىرىلىشىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن، ئۇ كۈندە) ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىدىغان دادىسى، بالىسى، قېرىندىشى ياكى ئايالى يەنى ھېچ كىشى يوقتۇر.

مەيلى قىلغان ئەمەلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، **﴿ھەر ئادەم قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان (قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىن)﴾**.

**﴿ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدىغان كۈننى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) ئەسلىگىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات كېمەيتىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا بېرىلىدىغان جازاغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ ۋە ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

* * * * * * *

وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا قَرۡيَةٗ كَانَتۡ ءَامِنَةٗ مُّطۡمَئِنَّةٗ يَأۡتِيهَا رِزۡقُهَا رَغَدٗا مِّن كُلِّ مَكَانٖ فَكَفَرَتۡ بِأَنۡعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ ٱلۡجُوعِ وَٱلۡخَوۡفِ بِمَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ ﴿١١٢﴾ وَلَقَدۡ جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡهُمۡ فَكَذَّبُوهُ فَأَخَذَهُمُ ٱلۡعَذَابُ وَهُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿١١٣﴾

الله مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ - خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ - تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) الله نىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، الله ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى﴿112﴾. ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى، ئۇنى ئۇلار ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا ئازاب (يەنى قاتتىقچىلىق ۋە ئوقۇبەت) يۈزلەندى، ئۇلار (گۇناھلارغا چۆمگەنلىك تۈپەيلىدىن) زالىم ئىدى﴿113﴾.

## مەككە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال

بۇ مىسالدىن مەككىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى، مەككە تىنچ، خاتىرجەم ۋە ۋەزىيىتى تۇراقلىق بىر شەھەر ئىدى. مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە بولسا، كىشىلەر ئۆز زېمىنلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلاتتى. مەككىگە كىرىۋالغان كىشى ھېچنەرسىدىن قورقۇنچ يوق ھالدا خاتىرجەم بولاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز سەن بىلەن توغرا يولغا ئەگەشسىدىغان بولساق، زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلىمىز» دېدى. ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ، (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر﴾[1].

(1) قەسەس سۈرىسى 57 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭدەك، ﷲ تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) ﷲ نىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى**﴾ يەنى مەككىلىك كىشىلەر ﷲ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە كۇپۇرلۇق قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ نىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (ھالاكەت مەۋقەسى) جەھەننەمدۇركى، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1] شۇڭا ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى قورقۇنچلۇق ھالەتكە، توقچىلىقىنى ئاچارچىلىققا ئالماشتۇرۇپ قويىدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**ﷲ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى**﴾ يەنى ﷲ تائالا ئىلگىرى تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدىغان ۋە رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇرىدىغان مەككىلىك كىشىلەرگە ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىتتى.

ﷲ تائالانىڭ مەككىلىكلەرگە ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىتىشى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدەك ئاچارچىلىقنىڭ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدۇ. ئاندىن ئۇلارغا بىر ئاچارچىلىق كېلىدۇكى، ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى تۈگىتىپ بولىدۇ. ئۇلار ھەتتا تۆگە سويغاندا، تۆگىنىڭ قېنىغا مىلەنگەن يۇڭلارنىمۇ يەيدۇ.

﴿**ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى**﴾ يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ۋە ئەسكەرلىرىدىن قورقۇشقا باشلىدى ۋە ﷲ تائالا مەككىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا فەتھى قىلىپ بەرگەنگە قەدەر، ھەممە مال ـ مۈلكىنى ئۇلارنى يوقىتىش ۋە يېڭىش ئۈچۈن ئاتاپ كەلدى. ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنى فەتھى قىلىپ بەردى. ئۇنداق قىلىپ بېرىشى ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشى، ھەقسىزلىكى، ﷲ تائالا ئۇلارغا نېمەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا نېمەت ئاتا قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ مۆمىنلەرگە ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى﴾[2]، ﴿ئى ئىمان ئېيتقان ئەقىل ئىگىلىرى! ﷲ دىن قورقۇڭلار، ﷲ سىلەرگە قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە ﷲ نىڭ روشەن ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى﴾[3]، ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 28 ـــ 29ـ ئايەتلەر.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تالاق سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾[1].

خۇددى، الله تائالا كاپىرلارنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ ئورنىغا قورقۇنچنى ۋە توقلۇقنىڭ ئورنىغا ئاچارچىلىقنى بەرگىنىدەك، مۆمىنلەرگىمۇ قورقۇنچنىڭ ئورنىغا خاتىرجەملىكنى ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئورنىغا توقلۇقنى بەردى. ئۇلارنى كىشىلەرگە باشلىق، ھاكىم، دۆلەت ئەربابلىرى، قوماندان ۋە يېتەكچىلەر قىلدى.

بىزنىڭ: بۇ مىسالدىن مەككىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلغاندۇر،ـ دېگەن سۆزىمىزنى ئەۋفىي ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.

مۇجاھىد، قەتادە، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلارمۇ بۇ مىسالدىن مەككىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ،ـ دېدى. مالىك زۆھرىنىڭمۇ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

*******

فَكُلُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَٱشْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ ﴿١١٤﴾ إِنَّمَا
حَرَّمَ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةَ وَٱلدَّمَ وَلَحْمَ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ ۖ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ
فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١١٥﴾ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ ٱلْكَذِبَ هَٰذَا حَلَٰلٌ وَهَٰذَا حَرَامٌ لِّتَفْتَرُوا۟
عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ ﴿١١٦﴾ مَتَٰعٌ قَلِيلٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿١١٧﴾

الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، شېرىن يېمەكلىكلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله نىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار﴿114﴾. الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئىختىيارىيچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە) الله (ئۇنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) كۆيۈنگۈچىدۇر﴿115﴾. ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى، (مۇنداقتا) الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴿116﴾. (ئۇلار دۇنيادىن پەقەت) ئازغىنا بەھرىمان بولىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿117﴾.

(1) بەقەرە سۈرىسى 151 ــ 152 ـ ئايەتلەر.

# ھالال رىزىقتىن يېيىشكە ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىشقا بۇيرۇش ۋە ھارام نەرسىلەرنىڭ بايانى

**اللە** تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن شېرىن، ھالال رىزىقتىن يېيىشكە ۋە ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئېيتىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، **اللە** تائالا بەدەلسىز نېمەت ئاتا قىلغۇچى، مەرھەمەت قىلغۇچى، ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق، يالغۇز زاتتۇر.

ئاندىن **اللە** تائالا ئۇلارنىڭ دىنىدا ۋە دۇنيالىقىدا زىيىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، **اللە** دىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاندىن يېيىش ھارام قىلىنغان بۇ نەرسىلەرنى (يېيىشكە) مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى ئىختىيارىيچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە) اللە (ئۇنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) كۆيۈنگۈچىدۇر﴾** بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي توختالغان. شۇڭا بىز ئۇنى بۇ يەردە قايتىلاپ ئولتۇرمايمىز.

ئاندىن **اللە** تائالا ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە ھام دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئۆزلىرىچىلا ئاتاپ، خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ يېيىشنى ئۆزلىرىگە دەلىلسىز ھالال ۋە ھارام قىلىۋالغان كاپىرلارنىڭ يولىدا مېڭىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى، (مۇنداقتا) اللە نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىچىگە ئەسلىدە دىنىدا ئاساسى يوق، يېڭى ئىشلارنى پەيدا قىلغان بىدئەتخورلار ياكى **اللە** تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال دەپ قارىغان ياكى ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىپلا ھارام دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ كىرىدۇ.

**اللە** تائالا مۇشۇنداق قىلغانلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېدى: **﴿اللە نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ دۇنيادا مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ دۇنيادىن پەقەت ئازغىنا بەھرىمان بولىدىغانلىقىدىندۇر. ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىدۇر.

**اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز﴾[1]، ﴿ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «**اللە** غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ»، ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[2].

(1) لوقمان سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 69 ـــ 70 ـ ئايەتلەر.

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا مَا قَصَصۡنَا عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُۖ وَمَا ظَلَمۡنَٰهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿١١٨﴾ ثُمَّ
إِنَّ رَبَّكَ لِلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٖ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا
لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿١١٩﴾

ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى يالغۇز يەھۇدىيلارغا هارام قىلدۇق، (بۇنىڭ بىلەن) بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴿118﴾. شۈبھىسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴿119﴾.

## بىزگە هالال بەزى نەرسىلەرنىڭ يەھۇدىيلارغىلا هارام قىلىنغانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن باشقىسىنىڭ نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋاننى يېيىشنى بىزگە هارام قىلغانلىقىنى، لېكىن يېيىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا جاننى ساقلاپ قالغۇدەك هالدا يېسە، دۇرۇس بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاسانلىقنى ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە يېيىش (ئۇلارغا) هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى، ئۇلار ياشاۋاتقان قىيىنچىلىق، تەسلىك ۋە ئېغىرچىلىقلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغان نەرسىلەرنى يالغۇز يەھۇدىيلارغا هارام قىلدۇق**﴾ ئۇ نەرسىلەر بولسا، الله تائالا بۇ ئايىتىدە بايان قىلغان نەرسىلەردۇر: ﴿يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي تۇم تۇياقلىق بولغان) هايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى هارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشقىلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى هارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناهەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز﴾[1].

﴿**(بۇنىڭ بىلەن) بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارغا شۇ نەرسىلەرنى هارام قىلىپ، تەسلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدۇق. ﴿**لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار شۇنىڭغا لايىق بولدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن (يەنى الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ناهەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) هالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى هارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب هازىرلىدۇق﴾[2].

ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەردىن يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغانلارغا مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

(1) ئەنئام سۈرىسى 146 - ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 160 — 161 - ئايەتلەر.

تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر**﴾ بەزى سەلەپ ئالىملىرى: ھەرقانداق بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالغۇچى نادانلىقىدىن ۋە تەرسالىقىدىن قىلىپ سالغان بولىدۇ، ـ دېدى.

يەنى كىمكى بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلىپ سالغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنسە ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلسا، شەك شۈبھىسىز الله تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگۈچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.

*******

إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِّلَّهِ حَنِيفًا وَلَمْ يَكُ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٢٠﴾ شَاكِرًا لِّأَنْعُمِهِ ٱجْتَبَٰهُ وَهَدَىٰهُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿١٢١﴾ وَءَاتَيْنَٰهُ فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَإِنَّهُۥ فِى ٱلْءَاخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٢٢﴾ ثُمَّ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ أَنِ ٱتَّبِعْ مِلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٢٣﴾

ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، الله غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ الله غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى﴿120﴾. ئىبراھىم الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. الله ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى﴿121﴾. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴿122﴾. ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴿123﴾.

## الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

الله تائالا بەندىسى، پەيغەمبىرى، دوستى، ھەق دىن تەرەپدارلىرى بولغانلارنىڭ پېشۋاسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ مۇشرىكلاردىن، يەھۇدىيلاردىن ۋە خىرىستىئانلاردىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، الله غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى**﴾ شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ الله غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى**﴾. مۇجاھىد بۇ ھەقتە: ئىبراھىم ئۆزى يالغۇزلا بىر ئۇممەت ھېسابلىناتتى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**ئىبراھىم الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى﴾[1] يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالا بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلغۇچى ئىدى.

(1) نەجم سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

﴿**اللە ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى**﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق﴾[1]

﴿**ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى**﴾ يەنى ئۇ توغرا يول بولسا، شېرىكى يوق اللە تائالاغا ئۇ رازى بولىدىغان يول بويىچە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت يولدۇر. ﴿**ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇنىڭغا بىر مۆمىن ئۆزىنىڭ ئىبىسل ھاياتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىدا ئېھتىياجلىق بولىدىغان دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلاپ بەردۇق.

﴿**شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ**﴾ مۇجاھىد: ﴿**ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنىڭغا (دۇنيادا) راست سۆزلەيدىغان تىل ئاتا قىلدۇق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە كاتتىسى! اللە تائالانىڭ ساڭا: ﴿«**باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى**»﴾ دەپ ۋەھيي قىلىشى اللە تائالانىڭ مۇكەممەللىكى، كاتتىلىقى، شېرىكى يوق بىر زات ئىكەنلىكى ۋە يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىندۇر.

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ۋەھيي قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّمَا جُعِلَ ٱلسَّبۡتُ عَلَى ٱلَّذِينَ ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَإِنَّ رَبَّكَ لَيَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ
فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١٢٤﴾

شەنبە كۈنى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلغۇچىلار ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇلۇغلاش بەلگىلەندى (يەنى شەنبە كۈننى ئۇلۇغلاش ۋە بۇ كۈندە ئىشلىمەسلىك ئىبراھىمنىڭ شەرىئىتىدە يوق ئىدى. يەھۇدىيلار اللە نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق بەلگىلىمىنى چىقاردۇق). شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەق ـ ناھەق ئۈستىدە چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴿124﴾.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا ھەر بىر دىندىكى كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ھەپتىدە بىر كۈننى يولغا قويۇپ بەردى. اللە تائالا ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن جۈمە كۈننى يولغا قويۇپ بەردى. چۈنكى، بۇ كۈن اللە تائالا يارىتىشنى تاماملىغان ۋە

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 161 ـ ئايەت.

بەندىلىرىگە نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەن كۈندۇر.

بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق بايان قىلىنىدى: ئەسلىدە اللّٰه تائالا جۈمە كۈنىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادىغا يول قويۇپ بەرگەن ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئۇ كۈنىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارى ھەممە يارىتىش جۈمە كۈنىدە تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھېچ نەرسە ياراتمىغان شەنبە كۈنىنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه تائالا ئۇلارغا شەنبە كۈنىنى تەۋراتنىڭ شەرىئەت تۈزۈمىگە كىرگۈزدى. ئۇلارنى شۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا ۋە قەدىرلەشكە بۇيرۇدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرىدى. ئۇلاردىن شۇنىڭغا ئەھدە ۋە ۋەدە ئالدى.

**﴿شەنبە كۈنى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلغۇچىلار ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇلۇغلاش بەلگىلەندى (يەنى شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش ۋە بۇ كۈندە ئىشلىمەسلىك ئىبراھىمنىڭ شەرىئىتىدە يوق ئىدى. يەھۇدىيلار اللّٰه نىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق بەلگىلىمىنى چىقاردۇق)﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار شەنبە كۈنىگە ئەگەشتى ۋە جۈمە كۈنىنى تاشلىدى، ـ دېدى. ئۇلار تاكى اللّٰه تائالا مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر شەنبە كۈنىنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى.

بەزى رىۋايەتتە: ئىسا ئەلەيھىسسالام شەنبە كۈنىنى يەكشەنبە كۈنىگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن، ـ دەپ بايان قىلىنىدى.

بەزى رىۋايەتتە: ئىسا ئەلەيھىسسالام تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن پەقەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىرىغىلا ئەمەل قىلمىغان، ئىسا ئەلەيھىسسالام تاكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنگە قەدەر شەنبە كۈنىنى چىڭ ساقلاپ كەلگەن، خىرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا ئوخشىماسلىق ئۈچۈن ئۇ كۈنىنى يەكشەنبە كۈنىگە ئالماشتۇرغان. بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇيدىغان ئىشنىمۇ شەرەق تەرەپكە قاراپ ئوقۇيدىغانغا ئۆزگەرتكەن، ـ دەپ بايان قىلىنىدى. توغرىسىنى اللّٰه تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا كېلىمىز. لېكىن بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرگە بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلدى. بۇ، اللّٰه ئۇلارغا پەرز قىلغان، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان (جۈمە) كۈندۇر. اللّٰه بىزنى ئۇ كۈنگە باشلىدى. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر ئۇ كۈندە بىزگە ئەگەشكۈچىدۇر. ئۇ كۈننىڭ ئەتىسى (يەنى شەنبە) كۈنى يەھۇدىيلار ئۈچۈندۇر ۋە ئۆگۈن (يەكشەنبە) خىرىستىئانلار ئۈچۈندۇر». بۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىمام بۇخارىنىڭدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالا جۈمە كۈنىنى بىزدىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە نېسىپ قىلمىدى. شەنبە كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ بولدى. يەكشەنبە كۈنى خىرىستىئانلارنىڭ بولدى. اللّٰه تائالا بىزنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىزنى جۈمە كۈنىگە باشلاپ قويدى. اللّٰه تائالا جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنىنى ھەر دىندىكى كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ) ئىبادەت قىلىدىغان كۈنى قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۇلار بىزگە

قىيامەت كۈنىمۇ ئەگەشكۈچىدۇر. بىز دۇنياغا ئەڭ ئاخىرىدا كەلدۇق. قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا كېلىمىز. بىزگە ھەممە خالايىقتىن بۇرۇن ھۆكۈم قىلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

*******

ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِۖ وَجَٰدِلۡهُم بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦۖ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴿١٢٥﴾

پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴿125﴾.

## دەۋەتنى ھېكمەت ۋە ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن ئېلىپ بېرىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنى الله تائالا تەرىپىگە ھېكمەت بىلەن چاقىرىشقا بۇيرىدى.

ئىبنى جەرىر: الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنى (الله تائالا تەرىپىگە) قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق ۋە ئۇلاردا كەلگەن تەھدىت ۋە بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق چاقىرىشقا بۇيرىدى، ـ دېدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە بۇرۇنقىلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، الله تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈندۇر.

﴿**ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇنازىرىلىشەي دېگەن ئادەم بولسا، مۇنازىرىدە چىرايلىقچە يول تۇتسۇن. سۆزى چىرايلىق، يۇمشاق ۋە ئەدەبلىك بولسۇن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىديە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] يەنى الله تائالا مۇنازىرىنى چىرايلىق رەۋىشتە قىلىشقا بۇيرىدى.

شۇنىڭدەك، الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەندىمۇ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن﴾[2].

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

﴿**پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەتبەخت بولغانلارنى ۋە بەتبەخت ئەمەسلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ئىشنى دەرگاھىدىكى (ھەممە نەرسىلەر پۈتۈلگەن) تاختىغا يېزىپ بولغان. شۇڭا سەن ئۇلارنى الله تائالا تەرىپىگە چاقىرىپلا قوي. سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن توغرا يولغا كىرمىگەنلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن. ئۇلارنى توغرا يولغا ئېلىپ كىرىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس. سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرسەن. سەن پەقەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا مەسئۇلدۇرسەن. ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيسىنى يەتكۈزۈشتۇر)﴾[2].

*******

وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا۟ بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِۦ ۖ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّٰبِرِينَ ﴿١٢٦﴾ وَٱصْبِرْ وَمَا
صَبْرُكَ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِى ضَيْقٍ مِّمَّا يَمْكُرُونَ ﴿١٢٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ
ٱتَّقَوا۟ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحْسِنُونَ ﴿١٢٨﴾

ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴿126﴾. (ئى مۇھەممەد!) (الله نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت الله نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن﴿127﴾. الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴿128﴾.

## قىساس ئالغاندا، ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى كەم قويماستىن باراۋەر ئېلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىساس ئالغاندا، ئادىللىق قىلىشقا ۋە ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، كەم ياكى زىيادە قىلماستىن باراۋەر ئېلىشقا بۇيرۇدى.

ئابدۇرازاق الله تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار**

(1) قەسەس سۈرىسى 56 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**(يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر بىرەرسى سىلەردىن بىرەر نەرسە ئالسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭدىن شۇ نەرسىگە باراۋەر كېلىدىغان نەرسە ئېلىڭلار.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىد، ئىبراھىم، ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى.

ئىبنى زەيد: بۇرۇن مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى (ئۇلارنىڭ كۆپچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) كەچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. كېيىن ئىسلام دىنىغا باتۇر ۋە كۈچلۈك كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ كىرىپ: ئەگەر **الله** تائالا بىزگە رۇخسەت قىلسا، ئەلۋەتتە بىز بۇ ئىتلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتۇق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. مۇشرىكلارنى كەچۈرۈۋېتىش بۇيرۇقىنى بولسا، جىھادنى يولغا قويۇش بىلەن ئەمەلدىن قالدۇردى، ـ دېدى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) (الله نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت الله نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ﴾** يەنى بۇ سەۋر قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇقتۇر ۋە سەۋر قىلىشقا **الله** تائالانىڭ خالىشى ۋە ياردىمى بىلەن يەتكىلى بولىدىغانلىقا بېرىلگەن خەۋەردۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن﴾** يەنى سەن ساڭا قارشىلىق قىلغانلار (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلار) ئۈچۈن قايغۇرمىغىن. چۈنكى، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى پۈتۈۋەتكەندۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىك ۋە يامانلىق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. چۈنكى، **الله** تائالا ساڭا يېتەرلىكتۇر، ساڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر، ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچىدۇر ۋە سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

**﴿الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾** يەنى **الله** تائالا ھەقىقەتەن چەكلەنگەن يامان ئىشلارنى تاشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. مانا بۇلار، **الله** تائالا ساقلايدىغان، ياردەم بېرىدىغان، دۈشمەنلىرى ۋە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

**الله** تائالاغا مىڭلارچە ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن! شۇنىڭ بىلەن نەھل سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# ئىسرا سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 111 ئايەت

## ئىسرا سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىسرا، كەھف ۋە مەريەم سۈرىلىرى توغرىسىدا: ھەقىقەتەنمۇ بۇ سۈرىلەر ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىلەر ۋە مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆگەنگەن سۈرىلەردۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نەپلە) روزا تۇتقىلى تۇرسا، بىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەمدى) روزىسىزلىقنى خالىمىغۇدەك، ـ دەپ قالاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتمىسا، بىز: (ئەمدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزا تۇتمىغىدەك، ـ دەپ قالاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچە ئىسرا سۈرىسىنى ۋە زۇمەر سۈرىسىنى ئوقۇيتتى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا ٱلَّذِي بَٰرَكۡنَا حَوۡلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنۡ ءَايَٰتِنَآۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ ﴿١﴾

الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿1﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەرەم مەسچىتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى

الله تائالا باشقا بىرسىنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشقا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتكەنلىكى ئۈچۈن: ﴿**الله (بارچە نۇقسانىدىن) پاكتۇر**﴾ دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئۇلۇغلىدى. الله تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات ۋە پەرۋەردىگار يوقتۇر. ﴿**ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلدى**﴾ ئەقسا مەسچىتى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ماكانى بولغان ئەلىيادىكى[1] بىر مەسچىتتۇر. شۇڭا (الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ مەسچىتكە ئېلىپ كەلگەندە) بارلىق پەيغەمبەرلەر شۇ يەرگە توپلاندى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا (نامازدا) ئىمام بولۇپ بەردى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا بىر يول باشلىغۇچى ۋە ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. الله تائالا ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئەتراپىدىكى بەرىكەتنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زىرائەت ۋە مېۋىلەردە قىلدى. الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىشى ئۆز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كاتتا ئالامەتلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇ ئالامەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى﴾[2].

﴿**ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا مۆمىن بولسۇن، كاپىر بولسۇن، الله تائالاغا ئىشەنگىنى بولسۇن، ئىشەنمىگىنى بولسۇن، ھەممە بەندىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، شۇڭا الله تائالا بەندىلىرىگە مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، ئۇلارغا ئۇلار ھەقلىق بولغان نەرسىلىرىنى بەرگۈچىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مېنى ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بارماقچى بولغان كېچىسى قېشىمغا ئېشەكتىن چوڭراق، قېچىردىن كىچىكرەك بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇلاغ ھەر بىر قەدىمىنى كۆزى يەتكەن يەرگىچە باساتتى. مەن ئۇنىڭغا مىنىپ ئەقسا مەسچىتىگە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلاغلىرىنى باغلاپ قويىدىغان مومىياغاچقا باغلاپ قويۇپ، مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ چىقتىم. مەسچىتتىن چىققان ۋاقتىمدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا بىر قاچا ھاراق بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى، مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا:

(1) پەلەستىن شەھىرىنىڭ گىرىكچە ئاتىلىشى.
(2) نەجم سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

“ئىسلامنىڭ نىشانىنى تاللىدىڭ” دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: “سەن كىم؟” دېدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «مەن جىبرىئىل» دېدى. ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار» دېدى. ئۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى” دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (بىرىنچى ئاسماندا) ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئادەم ئەلەيھىسسالام مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: “سەن كىم؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن جىبرىئىل” دېدى، ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار” دېدى. ئۇ: “مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى” دېدى. ئىشىكمۇ ئېچىلدى، مەن (ئىككىنچى ئاسماندا) ئانا تەرەپتىن بولغان تۇغقانلارنىڭ ئوغۇللىرى يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلار مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئۈچىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: “سەن كىم؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن جىبرىئىل” دېدى. ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار” دېدى. ئۇ: “مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى” دېدى. ئىشىك ئېچىلدى. مەن (ئۈچىنچى ئاسماندا) يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇنىڭغا (دۇنيادىكى) گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: “سەن كىم؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن جىبرىئىل” دېدى. ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار” دېدى. ئۇ: “مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟” دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: “ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى” دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (تۆتىنچى ئاسماندا) ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. الله تائالا پەيغەمبىرى ئىدرىس ھەققىدە: ﴿ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق﴾[1] دېدى.

ئاندىن بەشىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ

(1) مەريەم سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: "سەن كىم؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن جىبرىئىل" دېدى. ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار" دېدى. ئۇ: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى" دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (بەشىنچى ئاسماندا) ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن ئالتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: "سەن كىم؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن جىبرىئىل" دېدى، ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار" دېدى، ئۇ: "مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى" دېدى. ئىشىكمۇ ئېچىلدى، مەن (ئالتىنچى ئاسماندا) مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: "سەن كىم؟" دېدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن جىبرىئىل" دېدى. ئۇ: «سەن بىلەن كىم بار؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار" دېدى. ئۇ: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ھەئە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى" دېدى. ئىشىك ئېچىلدى، مەن (يەتتىنچى ئاسماندا) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدى ۋە ياخشى دۇئالارنى قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمەئمۇرگە يۆلىنىپ تۇرغان ئىكەن. بەيتۇلمەئمۇرگە ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىدىكەن، بىر قېتىم كىرىپ چىققان پەرىشتە (ئۇنىڭغا) قايتا كىرمەيدىكەن. ئاندىن جىبرىئىل مېنى سىدرەتۇلمۇنتەھا دېگەن دەرەخنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇ دەرەخنىڭ ياپراقلىرى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرى كۈپتەك چوڭلۇقتا ئىكەن. دەرەخكە الله تائالا تەرىپىدىن بىرەر بۇيرۇق كەلسە دەرەخ ئۆزگىرىدىكەن. بىرەر مەخلۇقنىڭ ئۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئاندىن الله تائالا ماڭا ۋەھيي قىلماقچى بولغانلىرىنى ۋەھيي قىلدى. ماڭا بىر كېچە - كۈندۈزنىڭ ئىچىدە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. مەن قايتىپ چۈشتۈم ۋە قايتىپ چۈشكىچە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتۈم. مۇسا: "پەرۋەردىگارىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟" دېدى. مەن: "بىر كېچە - كۈندۈزنىڭ ئىچىدە ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى" دېدىم. مۇسا: "قايتىپ چىقىپ پەرۋەردىگارىڭدىن ئۈممىتىڭگە نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ بۇ نامازلارنى ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. چۈنكى، مەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ باققان" دېدى. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا چىقىپ: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممىتىمدىن نامازنى يەڭگىللىتىپ بەرسەڭ؟" دېدىم. پەرۋەردىگارىم بەش ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بەردى.

ئاندىن مەن قايتىپ چۈشۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتۈم، مۇسا: "قانداق بولدى؟"

دېدى. مەن: "پەرۋەردىگارىم بەش ۋاخ ناماز يەڭگىللىتىپ بەردى" دېدىم. مۇسا: "ئۈممىتىڭ قالغىنىنىمۇ قىلىپ بولالمايدۇ، قايتىپ چىقىپ پەرۋەردىگارىڭدىن ئۈممىتىڭگە نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن" دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن پەرۋەردىگارىم بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا بىر نەچچە قېتىم چىقىپ ـ چۈشۈپ يۈردۈم، (ھەر قېتىم چىققىنىمدا) الله تائالا بەش ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىپ: ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا: "ئى مۇھەممەد! بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە ئوقۇلىدىغىنى مانا بۇ، بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەر بىر ۋاخ ناماز ئون ۋاخ نامازغا باراۋەر بولۇپ، بۇ بەش ۋاخ ناماز ئەللىك ۋاخ نامازغا باراۋەردۇر (يەنى كىم بۇ بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسا، 50 ۋاخ نامازنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ). كىمكى، بىر ياخشى ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر ساۋاب يېزىلىدۇ. ناۋادا ئۇنى قىلغان بولسا، ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. كىمكى، بىر يامان ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ. ناۋادا ئۇنى قىلغان بولسا، پەقەت بىرلا گۇناھ يېزىلىدۇ" دېدى.

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چۈشۈپ (نامازنىڭ بەش ۋاخقا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى) ئېيتتىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: "قايتىپ چىقىپ پەرۋەردىگارىڭدىن ئۈممىتىڭگە نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ بۇنىمۇ قىلىپ بولالمايدۇ" دېدى. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ (بۇنىڭدىنمۇ بەك يەڭگىللىتىپ بېرىشنى) سوراشتىن ھايا قىلىپ (پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا چىقماي) قايتىپ چۈشتۈم». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى (ھەرەممەسجىتتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە) ئېلىپ ماڭماقچى بولغان كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىنىشى ئۈچۈن جابدۇقلىرى توقۇلغان ۋە يۈگەنلەنگەن بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئۇلاغ چاپچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مىنگىلى قويمىغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ساڭا نېمە بولدى؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا الله تائالانىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىنمۇ ھۆرمەتلىك بولغان بىرسى مىنىپ باقمىغان" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇلاغدىن چىپىلداپ تەر تۆكۈلۈپ كەتتى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققاندا، مەن قوغۇشۇندىن بولغان تىرناقلىرى بىلەن يۈزلىرىنى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم. مەن: "ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىملەر؟" دېدىم. جىبرىئىل: "ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەيدىغان (يەنى كىشىلەرنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىدىغان) ۋە ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرويلىرىغا تىل تەككۈزىدىغان كىشىلەردۇر" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتكەن ۋاقتىمدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەبرىسىدە ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكتىن مالىك ئىبنى سەئسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئۆزىنىڭ ھەرەمدىكى مەسچىتتىدىن ئەقسا مەسچىتىگە

ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن ھەتىمنىڭ[1] يېنىدا يېنىچە ياتقان ئىدىم، بىرسى كېلىپ يېنىدا تۇرغان بىرسىگە: ئۈچ كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقىنى شۇ، دېدى[2]. ئاندىن بىرسى كېلىپ مېنىڭ بۇ يېرىمدىن بۇ يېرىمگىچە (يەنى گېلىمدىن تارتىپ كىندىكىمنىڭ ئاستىغىچە) يېرىپ[3]، يۈرىكىمنى چىقىرىپ ئالدى. ئاندىن ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن لىق توشقان ئالتۇن بىر قاچا كەلتۈرۈلدى، يۈرىكىم (زەمزەم سۈيى بىلەن) يۇيۇلۇپ (ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن) توشقۇزۇلۇپ قايتىدىن ئورنىغا سېلىپ قويۇلدى. ئاندىن قېچىردىن كىچىك، ئېشەكتىن چوڭ، رەڭگى ئاق (قەدىمى كۆزى يەتكەن يەرگىچە يېتىدىغان) بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئۇلاغقا مىندۈرۈلدۈم.

ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنى بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: ”بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەپمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ بولۇپ قارىسام، ئۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. جىبرىئىل: ”بۇ ئاتاڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغلۇم ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: ”بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”مەن جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز بۇ يەرگە ئەجەپمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام ئۇ يەردە يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار بار ئىكەن. ئۇ ئىككىسى ئانا تەرەپتىن بولغان تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. جىبرىئىل: ”بۇ يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملاردۇر، ئۇلارغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇلارغا سالام بەردىم. ئۇلار ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئۈچىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: ”بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى.

(1) بۇ، كەبىنىڭ قېشىدىكى ئادەم بويى قىلىنىپ سېلىنغان تامدۇر.
(2) ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ قېشىدىكى ئۇممۇ ھانىئەنىڭ ئۆيىدە تاغىلىرى جەئفەر بىلەن ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇخلاۋاتقان ئىدى. پەرىشتىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىلىرىنىڭ ئارىسىدىن قوپقۇزۇپ ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن قارا تاشنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسى تېخىچە ئېچىلمىغان بولغاچقا قارا تاشنىڭ يېنىدا يېنىچە ياتقان ئىدى.
(3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىنى يېرىش ئىشى ئۈچ قېتىم يۈز بەرگەن، بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىدا، ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن ۋاقتىدا، ئۈچىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا چىقىرىلماقچى بولغان ۋاقتىدا بولغان.

پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەبمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام، ئۇ يەردە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. جىبرىئىل: ”بۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى تۆتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: «بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: «سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەبمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام، ئۇ يەردە ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. جىبرىئىل: ”بۇ ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى بەشىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: ”بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەبمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام، ئۇ يەردە ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. جىبرىئىل: ”بۇ ھارۇن ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئالتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: «بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: «سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەبمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىكتىن كىرىپ قارىسام، ئۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. جىبرىئىل: ”بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ماڭغان ۋاقتىمدا، ئۇ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭدىن: ”نېمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: ”جەننەتكە مەندىن كېيىن پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن بىر ياشنىڭ ئۈممىتى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن جىق كىرگەنلىكى ئۈچۈن يىغلايمەن“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى يەتتىنچى ئاسمانغا ئېلىپ كېلىپ (ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. (ئىشىككە قارايدىغان) پەرىشتە: ”بۇ كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن كىم بار؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى.

پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە: ”قارشى ئالىمىز، بۇ يەرگە ئەجەبمۇ ياخشى كىشى كېلىپتۇ“ دېدى. بىزگە ئىشىك ئېچىلدى. «مەن ئىشىكتىن كىرىپ بولۇپ قارىسام، ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن». جىبرىئىل: ”بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭغا سالام بەر“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ ماڭا سالامنى قايتۇرۇپ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى.

ئاندىن ماڭا سىدرەتۇلمۇنتەھا دېگەن دەرەخ كۆرۈلدى، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ھەجەر كەنتىنىڭ[1] كۈپىدەك، ياپرىقى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك ئىكەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ”بۇ سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىدۇر“ دېدى. ئۇ يەردە تۆت دەريا بار بولۇپ، ئىككىسى تېشىغا، ئىككىسى ئىچىگە ئاقىدىكەن. مەن: ”ئى جىبرىئىل بۇ نېمە؟“ دېدىم. جىبرىئىل: ”ئىچىگە ئاققىنى جەننەتتىكى ئىككى دەريا، تېشىغا ئاققىنى نىل دەرياسى بىلەن فىرات دەرياسىدۇر“ دېدى. ئاندىن ماڭا بەيتۇلمەئمۇر كۆرۈلدى.»

قەتادە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”بەيتۇلمەئمۇرغا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە كىرىدىكەن، بىر قېتىم كىرىپ چىققان پەرىشتە (ئۇنىڭغا) قايتا كىرمەيدىكەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاندىن ئالدىمغا بىر قاچا ھاراق، بىر قاچا سۈت ۋە بىر قاچا ھەسەل كەلتۈرۈلدى. مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا: ئىسلامنىڭ نىشانىنى تاللىدىڭ،- دېدى. ئاندىن ماڭا ھەر كۈنى ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى. مەن (پەرۋەردىگارىمنىڭ يېنىدىن) قايتىپ چۈشۈپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ: پەرۋەردىگارىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟- دېدى. مەن: ھەر كۈنى ئەللىك ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى،- دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى ئەللىك ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،- دېدى. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ (ئۇنىڭدىن يەڭگىللىتىپ بېرىشنى) سورىدىم، پەرۋەردىگارىم مەندىن ئون ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بەردى.

مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشتۈم، ئۇ: نېمىگە بۇيرۇلدۇڭ؟- دەپ سورىدى. مەن: ھەر كۈنى قىرىق ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم،- دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى قىرىق ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،- دېدى.

مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ، ئۇنىڭدىن يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىدىم. پەرۋەردىگارىم مەندىن يەنە ئون ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بەردى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشتۈم. ئۇ: نېمىگە بۇيرۇلدۇڭ؟- دەپ سورىدى. مەن: ھەر كۈنى ئوتتۇز ۋاخ ناماز

(1) مەدىنىدىكى بىر كەنت.

ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم،ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى ئوتتۇز ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،ـ دېدى.

مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ، ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىدىم. پەرۋەردىگارىم مەندىن يەنە ئون ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بەردى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشتۈم. ئۇ: نېمىگە بۇيرۇلدۇڭ؟ـ دەپ سورىدى. مەن: ھەر كۈنى 20 ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم،ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى يىگىرمە ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،ـ دېدى.

مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ (ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى) سورىدىم. پەرۋەردىگارىم مەندىن يەنە ئون ۋاخ نامازنى يەڭگىللىتىپ بەردى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشتۈم. ئۇ: نېمىگە بۇيرۇلدۇڭ؟ـ دەپ سورىدى. مەن: ھەر كۈنى ئون ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم،ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى ئون ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،ـ دېدى. مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ قېشىغا قايتا چىقىپ، ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىم مېنى ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشتۈم، ئۇ: نېمىگە بۇيرۇلدۇڭ؟ـ دەپ سورىدى. مەن: ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم،ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئۈممىتىڭ ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادىنى سىناپ كۆرگەن ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاماللارنى قىلغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن،ـ دېدى. مەن: پەرۋەردىگارىمدىن (نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى) جىق سورىدىم، (بۇ قېتىم) يەنە سوراشتىن ھايا قىلىمەن. مەن بۇنىڭغا رازى بولىمەن ۋەئۇنى قوبۇل قىلىمەن،ـ دېدىم. ئاندىن مەن مۇسانىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ ماڭغان ئىدىم، ماڭا: ھەقىقەتەن مەن پەرزلىرىمنى بەلگىلىدىم ۋە بەندەمدىن يەڭگىللىتىپ بەردىم،ـ دېيىلدى».

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇزەر بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى: «مەن مەككىدە (ئۈممۇ ھانىئەنىڭ ئۆيىدە ياتقان ئىدىم)، مەن ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئېچىلدى. ئاندىن جىبرىئىل چۈشۈپ كۆكسۈمنى يېرىپ، ئۇنى زەمزەم سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن، ھېكمەت ۋە ئىمانغا لىق توشقۇزۇلغان بىر ئالتۇن قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، (قاچىدىكى ھېكمەت بىلەن ئىماننى) كۆكسۈمگە قۇيدى، كېيىن كۆكسۈمنى ئېتىۋەتتى.

ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. بىرىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئاسماننىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان پەرىشتىگە: ”ئىشىكنى ئاچ“ دېدى. پەرىشتە: ”بۇ

كىم؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”مەن جىبرىئىل“ دېدى. پەرىشتە: ”سەن بىلەن بىرسى بارمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە مەن بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار“ دېدى. پەرىشتە: ”مۇھەممەد ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدىمۇ؟“ دېدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. پەرىشتە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن بىز بىرىنچى ئاسماننىڭ ئۈچىگە كىردۇق، (بىرىنچى ئاسماندا) ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن، ئولتۇرغان بىر كىشىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ كىشى ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىلەرگە قارىسا كۈلەتتى، سول تەرىپىدىكى كىشىلەرگە قارىسا يىغلايتتى. ئۇ كىشى: ”قارشى ئالىمىز ياخشى ئوغلۇم ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى. مەن جىبرىئىلغا: ”بۇ كىم؟“ دېدىم. جىبرىئىل: ”بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولىدىغان باللاردۇر، ئوڭ تەرىپىدىكى جەننەتكە كىرىدىغانلار، سول تەرىپىدىكى دوزاخقا كىرىدىغانلاردۇر، شۇڭا ئۇ ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىلەرگە قارىسا كۈلىدۇ، سول تەرىپىدىكى كىشىلەرگە قارىسا يىغلايدۇ“ دېدى.

ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. (ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر ئاسماندا بىر پەيغەمبەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئالتىنچى ئاسمانغا چىقىدۇ، بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇچرىتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى بۇ يەردىن داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ) ئاندىن ئىبراھىمنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم، ئۇ: ”قارشى ئالىمىز، ياخشى ئوغۇل ۋە ياخشى پەيغەمبەر“ دېدى. مەن: جىبرىئىلغا: ”بۇ كىم؟“ دېدىم. جىبرىئىل: ”بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر“ دېدى.»

زۆھرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئەبۇھەببەتىل ئەنسارىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”مەن يۇقىرى تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ، تاكى (الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى يېزىۋاتقان) قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يەرگىچە ئېلىپ چىقىلدىم».

ئىبنى ھەزمى ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”الله تائالا ئۈممىتىمگە ئەللىك ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى. مەن ئۇنى ئېلىپ قايتىپ چۈشۈشتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم. ئۇ: الله تائالا ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟ - دېدى. مەن: 50 ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى، - دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۈنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن، چۈنكى، ئۈممىتىڭ ئەللىك ۋاخ نامازنى ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ، - دېدى.

مەن (الله تائالانىڭ قېشىغا) چىقتىم، الله تائالا نامازنىڭ يېرىمىنى يەڭگىللىتىپ بەردى.[1] ئاندىن مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا: الله تائالا نامازنىڭ يېرىمىنى

(1) بۇ ھەدىسلەردە نامازنىڭ يەڭگىللىتىپ بېرىلگەن ئىشى بەزىدە بەش ۋاخ - بەش ۋاختىن دەپ بايان قىلىنسا، بەزىدە ئون ۋاخ - ئون ۋاختىن ۋە بەزىدە نامازنىڭ يېرىمى دەپ بايان قىلىنىپ كەلدى. ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز بەش ۋاختىن، بەش ۋاختىن يەڭگىللىتىلىپ بېرىلگەن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى بىر نەچچە قېتىم بايان قىلىپ بەرگەن، بىرىنچى قېتىم بايان قىلىپ بەرگەندە، نامازنىڭ بەش ۋاخ - بەش ۋاختىن يەڭگىللىتىلىپ بېرىلگەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن، قالغان قېتىملاردا ئۇنى قىسقارتىپلا بەزىدە ئون ۋاخ دېسە، بەزىدە نامازنىڭ يېرىمى دەپ سۆزلەپ بەرگەن.

يەڭگىللىتىپ بەردى، ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەنە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن. چۈنكى، ئۈممىتىڭ بۇ نامازلارنىمۇ ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن يەنە الله تائالانىڭ قېشىغا چىقتىم، الله تائالا نامازنىڭ يېرىمىنى يەڭگىللىتىپ بەردى. ئاندىن مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا: الله تائالا نامازنىڭ يېرىمىنى يەڭگىللىتىپ بەردى، ـ دېدىم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن. چۈنكى، ئۈممىتىڭ بۇ نامازلارنىمۇ ھەرگىز ئوقۇيالمايدۇ، ـ دېدى. مەن الله تائالانىڭ قېشىغا چىقىپ، الله تائالادىن يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىدىم. الله تائالا: مانا بۇ، بەش ۋاخ ناماز، ئەللىك ۋاخ نامازغا باراۋەردۇر، مېنىڭ سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ چۈشتۈم. مۇسا ئەلەيھىسسالام: پەرۋەردىگارىڭنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۈممىتىڭگە يەنە يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سورىغىن، ـ دېدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: مەن پەرۋەردىگارىمدىن بۇنىڭدىنمۇ بەك يەڭگىللىتىپ بېرىشنى سوراشتىن ھايا قىلىمەن، ـ دېدىم. ئاندىن كېيىن جىبرىئىل مېنى ئېلىپ مېڭىپ سىدرەتۇلمۇنتەھا دېگەن دەرەخنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ دەرەخنى خىلمۇخىل رەڭلەر قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، ئاندىن جەننەتكە كىرگۈزۈلدۇم، جەننەتتە مەرۋايىتلاردىن ياسالغان بۇلاپكىلار بار ئىكەن، جەننەتنىڭ تۇپىسى ئىپاردىن ئىكەن» .

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇزەرگە: ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەم ئۇنىڭدىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار ئىدى، ـ دېدىم. ئەبۇزەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىنى سورايتتىڭ؟ ـ دېدى. مەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرگەنلىكى ياكى كۆرمىگەنلىكىنى سورايتتىم، ـ دېدىم. ئەبۇزەر مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت بىر نۇرنى كۆردۈم، الله تائالانى قانداقمۇ كۆرەلەيمەن»[1] دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغىنىمغا قۇرەيشلىكلەر ئىشەنمەي تۇرۇۋاتقان چاغدا، مەن ھەتىمنىڭ قېشىدا تۇردۇم، الله تائالا مېنىڭ (دىلىمغا) ئەقسا مەسچىتىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارغا ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى خۇددى مەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك تەسۋىرلەپ بېرىشكە باشلىدىم» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بەيھەقى ئىبنى شىھابدىن ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تۈركۈم قۇرەيشلىكلەر ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: سەن ھەمراھىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟ ئۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدە مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ كەلدىم دەيدىغۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇبەكرى: ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، ـ دېدى. ئەبۇبەكرى: مۇبادا ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا، مەن ئۇنىڭ راست

(1) يەنى الله تائالانى ئۇنىڭ نۇردىن بولغان پەردىسى توسۇۋالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ كۆرەلەيمەن؟

ئېيتقانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. ئۇلار: ئۇ ئاخشىمى شامغا (يەنى ئەقسا مەسچىتىگە) مېڭىپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كەلدىم دەۋاتسا، سەن يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ ـ دېدى. ئەبۇبەكرى: ھەئە، ئۇ تېخى ئۇنىڭدىنمۇ بەك (سىلەرنىڭ ئەقلىڭلەر قوبۇل قىلالمايدىغان) يات ئىشلارنى قىلسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئاسماندىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىدىمۇ ئىشىنىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى "سىددىق" يەنى "ئىشەنگۈچى" دەپ ئاتالدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلىپ (ئۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان) كېچىسى جەننەتكە كىردى. ئۇ جەننەتنىڭ بىر تەرىپىدە پەس بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جىبرىئىل! بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟» دېدى. جىبرىئىل: «مۇئەززىن بىلالنىڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە: «شەك شۈبھىسىزكى، بىلال نىجات تېپىپتۇ، مەن ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى كۆردۈم» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئېلىپ: «ساۋاتسىز بولغان پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن چېچى قۇلىقى ياكى قۇلىقىنىڭ ئۈستىگىچە چۈشكەن بىر كىشى ئىكەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جىبرىئىل بۇ كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇ مۇسادۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سۈرلۈك، ياشانغان بىر كىشى ئۇچراپ، ئۇنى قارشى ئېلىپ (ئۇنىڭغا) سالام قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جىبرىئىل بۇ كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇ داداڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوزاخقا قارىدى. ئۇنىڭدا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى جىبرىئىل بۇلار كىملەر؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەيدىغان (يەنى غەيۋەت قىلىدىغان) كىشىلەردۇر» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (رەڭگى) ناھايىتى قىزىل ۋە كۆزى ناھايىتى كۆك بىر كىشىنى كۆرۈپ: «ئى جىبرىئىل بۇ كىم؟» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇ (سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى) بوغۇزلىغان كىشىدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە كەلگەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا (بىرى ئوڭ تەرىپىدىن، يەنە بىرى سول تەرىپىدىن بولۇپ) ئىككى دانە قاچا كەلتۈرۈلدى. قاچىنىڭ بىرىدە سۈت، يەنە بىرىدە ھەسەل بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتنى ئېلىپ ئىچتى، قاچىنى تۇتۇپ تۇرغىنى: «ئىسلامنىڭ نىشانىنى تاللىدىڭ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلىپ، شۇ كېچىسى قايتىپ كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىنى، ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى ۋە ئۇ يەردىكى تۆگىلەرنى قۇرەيشلىكلەرگە سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: بىز

مۇھەممەدنىڭ بۇ ھەقتە گەپلىرىگە ئىشەنمەيمىز، ـ دەپ كۇپۇرلۇققا قايتتى. ئاندىن ﷲ تائالا ئۇلارنى ئەبۇجەھىل بىلەن قوشۇپ (بەدرى كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىرى بىلەن) ئەدىبىنى بەردى. ئەبۇجەھىل: مۇھەممەد بىزنى زەققۇم دەرىخى بىلەن قورقۇتامدۇ؟ ـ[1] خورما بىلەن سۈزمە ئېلىپ كېلىپ زەققۇم (دەرىخىنىڭ) مېۋىسى قىلىپ يەڭلار، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەججالنى چۈشىدە ئەمەس، ئوڭىدا كۆردى. ھەم ئىسا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەججال توغرىسىدا سوئال سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن دەججالنىڭ قاۋۇل، ئاق يۈزلۈك، بىر كۆزى خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك پۇلتىيىپ چىقىپ قالغان، چاچلىرى خۇددى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئوخشاپ قالغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى (رەڭگى) ئاقۇش (قىزىل)، چېچى ئازراق بۈدرە، كۆزى ئۆتكۈر، ئوتتۇرا بوي بىر ياش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك، چېچى قويۇق، ئۇستىخىنى قاتقان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىمۇ كۆردۈم، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزالىرىغا قاراپ خۇددى ئۆز ئەزالىرىمغا قارىغاندەك بولدۇم، ھەتتا ئۇ سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلارغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېمەكچى) ئوخشايدىكەن. جىبرىئىل ماڭا: "داداڭغا سالام قىل" دېدى. مەن ئۇنىڭغا: "سالام قىلدىم" دەپ جاۋاب بەردىم.» بۇ ھەدىسنى نەسەئى ئەبۇزەيد سابىتتىن رىۋايەت قىلدى.

بەيھەقى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى ئىمران ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېگىز بوي، ئورۇق، خۇددى (يەمەندىكى) شەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا، ئوتتۇرا بوي، (رەڭگى) ئاقۇش قىزىل، چېچى ئازراق بۈدرە بولغان (بىر ياش) ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ. (ﷲ تائالا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۆجىزىلەر بىلەن بىللە، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر ۋە دەججالنى كۆرسەتتى.

﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) سەن (مىراج كېچىسىدە، يا قىيامەت كۈنىدە) مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق﴾[2] قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدى، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن (ئەقسا مەسچىتىگە) ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى تاڭ ئاتقاندا مەككىگە قايتىپ كېلىپ بولدۇم. مەن كىشىلەرنىڭ ماڭا بۇ ھەقتە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم ۋە قورقتۇم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز غەمكىن ھالدا ئولتۇردى. ﷲ تائالانىڭ دۈشمىنى ئەبۇجەھىل شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلغاندەك

(1) بۇ، ئاچچىق، سەت بۇراق چىقىدىغان ۋە مېۋىسىنى دوزاختا كىرگەن كىشى يەيدىغان (دوزاختىكى) دەرەختۇر.
(2) سەجدە سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

قىلىپ: يېڭىلىق بارمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار» دېدى. ئۇ: ئۇ قانداق يېڭىلىق؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كېچىدە ئېلىپ مېڭىلدىم» دېدى. ئۇ: قەيەرگە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەقسا مەسچىتىگە» دېدى. ئۇ: تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ قېشىمىزغا كېلىپ بولدۇڭمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئەبۇجەھل قەۋمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاقىرسا، ئۇنىڭ ھېلىراق دېگەن سۆزلىرىدىن تېنىۋېلىشىدىن قورقۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئىنكار قىلماي ئۇنىڭغا: مەن قەۋمىڭنى چاقىرسام، ماڭا سۆزلەپ بەرگەن گەپلىرىڭنى سۆزلەپ بېرەمسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق قىلاي» دېدى. ئۇ: ئى كەئب ئىبنى لۇئەي جەمەتىنىڭ گۇرۇھى! ـ دەپ ۋاقىردى، ئولتۇرۇشقانلار شۇ ھامانلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

ئەبۇجەھل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ماڭا سۆزلەپ بەرگەن سۆزلەرنى قەۋمىڭگە سۆزلەپ بەرگىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كېچىدە ئېلىپ مېڭىلدىم» دېدى. ئۇلار: قەيەرگە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەقسا مەسچىتىگە» دېدى. ئۇلار: تاڭ ئاتقۇچە قېشىمىزغا قايتىپ كېلىپ بولدۇڭمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغان ئېيتقىنىغا ھەيران قالغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى چاۋاك چېلىشىپ كەتتى ۋە بەزىلىرى قوللىرى بىلەن باشلىرىنى تۇتتى. ئۇلار: بىزگە ئەقسا مەسچىتىنى سۈپەتلەپ بېرەلەمسەن؟ ـ دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەلەستىنگە بارغان ۋە ئەقسا مەسچىتىنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن، مەن ئەقسا مەسچىتىنى سۈپەتلەپ بەرگىلى تۇردۇم، ماڭا ئۇنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ئېنىق بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەقسا مەسچىتى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇقەيل ياكى ئىقالنىڭ قورۇسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇلدى، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ سۈپەتلەپ بەردىم. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە مەن يادا ئېلىۋالمىغان سۈپەتلەر بار ئىدى». كىشىلەر: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇ توغرا سۈپەتلەپ بەردى، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە بەيھەقىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەيھەقى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. بۇ (سىدرەتۇلمۇنتەھا)، ئالتىنچى ئاسمانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەرەخ بولۇپ، ئاستىنقى ئاسماندىن ئۆرلىگەن ياكى ئۈستۈنكى ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىلەر شۇ يەرگە كېلىپ توختايتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ دەرەخنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)﴾[1] يەنى ئۇ ئالتۇن يوپۇق بىلەن قاپلانغاندا كۆردى. (بۇ يەردە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەش ۋاخ ناماز پەرز قىلىندى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەت ۋە الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمىغان كىشىنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت نېمەتلەر بېرىلدى».

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيە دېگەن يەردە ئىدى، ئۇنىڭ پەلەستىننى پەتھى قىلغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقالدى. بۇ ھەقتە ئەبۇسەلەمە

(1) نەجم سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

ئەبۇسىناندىن ئۇبەيدە ئىبنى ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبكە: سېنىڭچە مەن قايسى تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇسام بولار؟ـ دېدى. ئۇ: ئەگەر مەندەك ئوقاي دېسەڭ، مەن نامازنى تاشنىڭ كەينىدە ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلساڭ، ئەقسا مەسچىتى ئالدى تەرىپىڭدە بولىدۇ، ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن يەھۇدىيلارغا ئوخششىپ قالىسەن، مەن نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان يەردە ئوقۇيمەن دېدى ـ دە، نامازنى قىبلە تەرىپىگە بېرىپ ئوقۇدى، ئاندىن ئەخلەتلەرنى تونىغا يىغدى، كىشىلەرمۇ سۈپۈردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئالىمى بولغان كەئب كۆرسەتكەن تاشنى ئۇلۇغلاپ، ئالدىدىنى شۇ تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇمىدى. كەئب بولسا تاشنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسى قىلىۋالغان كىشىلەردىن ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭغا ئىسلام نېمىتىنى بېرىپ، توغرا يولغا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا (ئۇنىڭ) تاش تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشنى كۆرسەتكەن ۋاقتىدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالىسەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەقسا مەسچىتىنى ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ يەرنى ئەخلەت ـ چاۋاخانا قىلىۋالغان خىرىستىئانلاردەك ھاقارەتلىمىدى. بەلكى، ئۇنىڭدىكى ئەخلەت ـ چاۋالارنى تونى بىلەن سۈپۈرۈپ تازىلىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن (ئەقسا مەسچىتىگە) ئېلىپ مېڭىلغان كېچىسى مۇسا (ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئورۇق، چېچى بۈدرە ئەمەس، خۇددى (يەمەندىكى) شەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشايدۇ. مەن ئىسا (ئەلەيھىسسالام) بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي، خۇددى مۇنچىدىن (ھازىر) چىققاندەك، ئۆڭى ئاق قىزىل ئىكەن. مەن ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) بىلەنمۇ ئۇچراشتىم، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئىچىدە مەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدىكەنمەن. ئالدىمغا بىرىدە سۈت ۋە بىرىدە ھاراق بار ئىككى قاچا كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا: بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى ئالغىن، ـ دېيىلدى. مەن سۈتنى ئېلىپ ئىچتىم، ماڭا: «ئىسلامنىڭ نىشانىسىنى تاللىدىڭ. بىلگىنكى، ئەگەر سەن ھاراقنى ئالغان بولساڭ، ئۈممىتىڭ ئېزىپ كېتەتتى» دېيىلدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۆزەمنى ھەتىمنىڭ قېشىدا كۆردۈم، قۇرەيشلەر مەندىن مېنىڭ (ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغانلىقىم) توغرۇلۇق سورايتتى. ئۇلار مەندىن ئەقسا مەسچىتى توغرۇلۇق (مەن ئوبدان كۆرۈۋالمىغان نەرسىلەردىن) سوئال سورىدى، مەن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. مەن بۇندىن بۇرۇن ئۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ باقمىغان ئىدىم. ئاندىن الله تائالا كۆز ئالدىمغا ئەقسا مەسچىتىنى كەلتۈرۈپ بەردى، ئۇلار قانداق بىر نەرسە توغرۇلۇق سوئال سورىسا، مەن ئۇنىڭغا قاراپ جاۋاب بەردىم. مەن ئۆزەمنى بىر گۇرۇھ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە كۆردۈم، مۇسا نامازدا تۇرۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ خۇددى شەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىدەك ئورۇق ئىكەن. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا نامازدا تۇرۇۋاتقان ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى ئوخشايدۇ. ئىبراھىممۇ نامازدا تۇرۇۋاتقان ئىكەن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېمەكچى) ئوخشايدۇ. ئاندىن

نامازنىڭ ۋاقتى بولدى، مەن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بەردىم، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرى: ”ئى مۇھەممەد! بۇ جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىدۇر، ئۇنىڭغا سالام قىلغىن“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ ماڭا سالام قىلدى.»

بەيھەقى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. كىشىلەر مۇشۇ توغرىسىدىلا سۆزلىشىدىغان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى ئىماندىن يېنىۋېلىپ، ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: سەن ھەمراھىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) توغرىسىدا قانداق قارايسەن؟ ئۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدە (مەككىدىن) ئەقسا مەسچىتىگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى دەيدىغۇ؟- دېدى. ئەبۇبەكرى: ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟- دېدى. ئۇلار: شۇنداق،- دېدى. ئەبۇبەكرى: مۇبادا ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇ راست ئېيتىپتۇ،- دېدى. ئۇلار: ئۇ ئاخشىمى ئەقسا مەسچىتىگە مېڭىپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى دەۋەتسا، سەن يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟- دېدى. ئەبۇبەكرى: ھەئە مەن تېخى ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ بەك (سىلەرنىڭ ئەقلىڭلەر قوبۇل قىلالمايدىغان) يات ئىشلارنى قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مەن (ئۇنىڭغا) ئۇنىڭ ئەتىگەن ياكى كەچتە ئاسماندىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىگىمۇ ئىشىنىمەن،- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى ”سىددىق“ يەنى ”ئىشەنگۈچى“ دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

## ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىلغان ئىشنىڭ ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ چۈشىدە ئەمەس بەلكى تەن ۋە روھ بىلەن ئويغاق ھالىتىدە بولغانلىقى

مۇسا ئىبنى ئۇقبە زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ۋەقەلىك ھىجرەتتىن بىر يىل بۇرۇن بولغان. بۇ ھەقتە ئۇرۋەمۇ شۇنداق دېدى. سۇددى بۇ ھەقتە: بۇ ۋەقەلىك ھىجرەتتىن 16 ئاي بۇرۇن بولغان،- دېدى.

توغرىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە چۈشىدە ئەمەس، بەلكى ئويغاق ھالىتىدە، ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلاغنى ئىشىكنىڭ قېشىغا باغلاپ قويۇپ، ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئىچىگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ (ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان) قىبلىسىگە قاراپ، ئىككى رەكئەت مەسچىت ھەققى نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن شوتىغا ئوخشايدىغان پەشتاقلىق بىر نەرسىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئاسمانغا، ئاندىن قالغان ئاسمانلارغا چىقتى. ھەر بىر ئاسماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاسماننىڭ ھۆرمەتلىك زاتلىرى كۈتۈۋالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرى ۋە دەرىجىلىرى بىلەن ئاسمانلاردىن ئورۇن ئالغان پەيغەمبەرلەرگە سالام قىلدى.

ئالتىنچى ئاسماندا الله تائالا بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ۋە يەتتىنچى ئاسماندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككى پەيغەمبەر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، تاكى بارلىق بولىدىغان نەرسىلەرنى يازىدىغان قەلەمنىڭ (خەت يازغان) ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان يەرگە يەتكەنگە قەدەر ماڭدى. سىدرەتۇلمۇنتەھانى كۆردى. ئۇنى الله تائالانىڭ

خالىشى بىلەن بولغان كاتتا بىر ئىش، يەنى ئالتۇندىن بولغان يوپۇق ۋە خىلمۇخىل رەڭلار قاپلىغان ئىدى. پەرىشتىلەر بولسا، ئۇنى قورشىۋالغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆز سۈرىتى بىلەن كۆردى. ئۇنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار ئىدى. ئەتراپىنىڭ ھەممە يېرىنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر يېشىل پەردىنى كۆردى، بەيتۇلمەئمۇرنى كۆردى، زېمىندىكى كەبىنى قۇرغۇچى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، بەيتۇلمەئمۇر ئاسماننىڭ كەبىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە كىرىپ، ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇنىڭغا (كىرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن) بىر قېتىم كىرگەن پەرىشتە قىيامەت كۈنىگە قەدەر قايتا كىرمەيتتى، جەننەت ۋە دوزاخنى كۆردى. اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ يەردە ئەللىك ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، ئاندىن بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ بەش ۋاختقا يەڭگىللىتىپ بەردى. بۇ، نامازنىڭ ئۇلۇغ ۋە كاتتىلىقىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە چۈشتى، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ۋاقتى بولغاندا، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بەردى. بۇ ناماز شۇ كۈننىڭ بامدات نامىزى بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاسماندا ئىمام بولۇپ بەرگەن، ـ دەيدۇ. ھەممە رىۋايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقسا مەسچىتىدە ئىمام بولۇپ بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە (مەككىدىن) بارغان ۋاقتىدا (ئىمام بولۇپ بەرگەن)، ـ دەپ بايان قىلىنغان. توغرىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا چىقىپ قايتىش ۋاقتىدا ئىمام بولۇپ بەرگەندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاسماندا) پەيغەمبەرلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۇلارنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن بىر بىرلەپ سوراپ ماڭدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئەسلىدە توغرىسى مانا بۇ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ قېشىغا (اللە تائالانىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە بەلگىلىگەن پەرزلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن) چىقىشى لازىمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلىشىدىكى مەقسەت ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا قېرىنداشلىرى بىر يەرگە توپلاندى. ئاندىن اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىمام قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇلاردىن تېخىمۇ ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئىمام بولغان ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىدىن چىقىپ، ئۇلىقىغا مىنگەن ھالدا تۈن قاراڭغۇسىدا مەككىگە كەلدى. راستىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.

ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا سۈت ۋە ھەسەل، سۈت ۋە ھاراق ياكى سۈت ۋە سۇ ياكى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بار قاچىلار كەلتۈرۈلگەن ئىش بەزى رىۋايەتلەردە: ئەقسا مەسچىتىدە بولغان دەپ كەلسە، بەزى رىۋايەتلەردە: ئاسماندا بولغان دەپ كەلدى. بۇ ھەر ئىككى يەردە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇلار كەلگۈچىنىڭ ئالدىغا ئۇنى مېھمان قىلغاننىڭ ئورنىدا كەلتۈرۈلىدىغان نەرسىلەردۇر، راستىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدا ئەمەس، ئويغاق ھالىتىدە، تېنى ۋە روھى بىلەن (مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە) ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر: ﴿الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلدى﴾[1] الله تائالانى پاكلاش چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ۋەقە چۈشىدە بولغان بولسا، بۇ بىر چوڭ ئىش بولمىغان بولاتتى. قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ بولغانلارمۇ ئىماندىن يېنىۋالمىغان بولاتتى. ھەمدە بەندە دېگەن سۆز تەن بىلەن روھنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان گەۋدىگە بېرىلگەن ئاتالغۇدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلدى﴾[2]، ﴿بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق﴾[3]. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مەككىدىن) ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن نەرسىلەردۇر، ئۇ دەرەخ زەققۇم دەرىخىدۇر.

﴿(پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى﴾[4] كۆز دېگەن روھنىڭ ئەمەس، تەننىڭ ئەزاسىدۇر. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارقىراپ تۇرىدىغان ئاق ئۇلاغقا مىندۈرۈلدى. ئۇلاغقا مىنىش روھ بىلەن ئەمەس، تەن بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، روھنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن ئۇلاغقا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ھەقىقەتنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

## پايدىلىق بىر نۇقتا:

ھافىز ئەبۇنەئىم ئىسپھانى: «پەيغەمبەرلىكنىڭ پاكىت ـ ئىسپاتلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ۋاقىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا مالىك ئىبنى ئەبۇرىجال مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەھيە ئىبنى خەلىپەنى ھىرەقلىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭ ھىرەقلىنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى بايان قىلىندى.

بۇ رىۋايەتتە بايان قىلىنغان بەزى ئىشلارغا قارىغاندا، ھىرەقلىنىڭ بىر ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ھىرەقل شامدا تىجارەت قىلىۋاتقان (مەككىلىك) كىشىلەرنى چاقىرتىدۇ.

(1) ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نەجم سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇسۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كەلتۈرۈلىدۇ. ھىرەقل بۇلاردىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى سورايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى. الله تائالا خالىسا، ئالدىمىزدا بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز.

ئەبۇسۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئائىت ئىشلارنى ھىرەقلنىڭ ئالدىدا تۆۋەن كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. ئەبۇسۇفيان بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن بىر ئېغىز گەپنى قىلىپلا، ئۇنى ھىرەقلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدۇم. ئەمما ھىرەقلنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ماڭا قايتا ئىشەنمەس بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. ئاندىن مەن مۇھەممەدنىڭ (مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە) ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسىدىكى سۆزىنى ھىرەقلگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ: ئى پادىشاھ! مەن ساڭا ئۇنىڭ يالغانچىلىقى مانا مەن چىقىپلا تۇرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟- دېدىم. ھىرەقل: ئۇ نېمە ئىش؟- دېدى. مەن: ئۇ ئۆزىنىڭ بىزنىڭ ھەرەم زېمىنىمىزدىن بىر كېچىنىڭ ئىچىدە سىلەرنىڭ ئەلىيادىكى بۇ مەسچىتىڭلارغا كېلىپ، يەنە شۇ كېچىدە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ھەرەمگە قايتقانلىقىنى دەپ يۈرىدۇ،- دېدىم.

ھىرەقلنىڭ قېشىدا تۇرغان ئەلىيانىڭ شەيخى: مەن (ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن) شۇ كېچىنى بىلىمەن،- دېدى. ھىرەقل ئۇنىڭغا قاراپ: سەن ئۇنى قانداق بىلىسەن؟- دېدى. ئۇ: مەن بىر كېچىمۇ مەسچىتنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقىۋەتمەي ئۇخلىمايتتىم، شۇ كېچىسى مەن ھەممە ئىشىكلەرنى تاقاپ، بىر ئىشىكنى قانچە قىلساممۇ تاقىيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن خىزمەتكارلىرىمنى ۋە شۇ يەردە بار كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىردىم. بىز يەنىلا تاقىيالمىدۇق. بىز خۇددى بىر تاغ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندەك، ئۇنى مىدىرلىتىشقىمۇ كۈچىمىز يەتمىدى. كېيىن مەن ياغاچچىلارنى چاقىردىم، ئۇلار ئىشىككە قاراپ بېقىپ: بۇ ئىشىككە ئۇنىڭ لەمپىسى بېسىلىپ قاپتۇ، تاڭ ئاتمىغىچە بۇنى مىدىرلاتقىلى بولمىغۇدەك، (تاڭ ئاتقاندا) چاتاقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى،- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ قايتىپ كەلدىم، تاڭ ئاتقاندا بېرىپ قارىسام، مەسچىتنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى تاش تۆشۈك تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلاغ باغلىغانىنىڭ ئىزىمۇ تۇرىدۇ. مەن ھەمراھلىرىمغا: تۈنۈگۈن كېچە بۇ ئىشىك بىرەر پەيغەمبەر ئۈچۈن يېپىلماي تۇرۇۋالغان ئىكەن،- دېدىم. پەيغەمبەر شۇ كېچىسى بىزنىڭ مەسچىتىمىزدە ناماز ئوقۇدى،- دېدى.

**يەنە بىر نۇقتا:**

ھافىز ئەبۇختاب ئۆمەر ئىبنى دەھيە: «يورۇتقۇچى چىراق قىلىنىپ (ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ) تۇغۇلغان كېچىسىنى يورۇتۇش» دېگەن كىتابىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ۋە بۇ ۋەقەلىك توغرىسىدا توختىلىپ، ناھايىتى ياخشى مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزدى.

بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇزەر، مالىك ئىبنى سەئسەئە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەنسارىلىقلاردىن شەدداد ئىبنى ئەۋس، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئابدۇرەھمان ئىبنى قۇرەزى،

ئەبۇھۇببە، ئەبۇلەيلا قاتارلىقلار، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى، جابىر، ھۇزەيفە، بۇرەيدە، ئەبۇئۇبەي، ئەبۇئۇمامە، سەمەرە ئىبنى جۇندۇب، ئەبۇھامرا، سۇھەيب رۇمى، ئۇممۇھانىئە، ئەبۇبەكرىنىڭ قىزلىرى بولغان ئائىشە ۋە ئەسما قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىندى. الله تائالا بۇلاردىن رازى بولسۇن! بۇلارنىڭ بەزىسى ھەدىسنى ئەسلى بويىچە بايان قىلدى ۋە بەزىلىرى قىسقارتىپ بايان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە ھەدىسنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يېتىش شەرتى تېپىلمىسىمۇ، لېكىن بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقى يۈز بەرگەنلىكىدە بىردەك پىكىردىدۇر. بۇنىڭدىن پەقەت دىنسىزلارلا يۈز ئۆرۈدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار الله نىڭ نۇرىنى (يەنى الله نىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ.

* * * * * * *

وَءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلۡنَٰهُ هُدٗى لِّبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ أَلَّا تَتَّخِذُواْ مِن دُونِي وَكِيلٗا ﴿٢﴾ ذُرِّيَّةَ
مَنۡ حَمَلۡنَا مَعَ نُوحٍۚ إِنَّهُۥ كَانَ عَبۡدٗا شَكُورٗا ﴿٣﴾

مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق، (ئۇلارغا) «مەندىن غەيرىينى ھامىي (يەنى پەرۋەردىگار) قىلىۋالماڭلار!» (دېدۇق)﴿2﴾. ئى بىز نوھ بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈرگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى! (ئەجدادىڭلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزدۇق، الله نىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار) نوھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى﴿3﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنىڭ بېرىلگەنلىكى

الله تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە ئۆزى بىۋاستە سۆزلىگەن كىشىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، الله تائالا كۆپلىگەن ئورۇنلاردا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋە تەۋرات بىلەن قۇرئاننىڭ بايانىنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. شۇڭا الله تائالا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كەلگەن ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن) مۇنداق دېدى: **﴿مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق، كىتابنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق، (ئۇلارغا) «مەندىن غەيرىينى ھامىي (يەنى پەرۋەردىگار) قىلىۋالماڭلار!» (دېدۇق)﴾** يەنى ئۇلارغا تەۋراتنى شۇنداق قىلىپ چۈشۈرۈشىمىزدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ مەندىن باشقىنى ئىگە، ياردەمچى ۋە ئىلاھ قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، الله تائالا ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە شېرىكى يوق، يالغۇز زات بولغان ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

(1) سەف سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

**﴿ئى بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى! (ئەجدادىڭلارنى غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزدۇق، الله نىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىڭلار) نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى (سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىشتىن قۇتقۇزۇپ) نۇھ بىلەن كېمىگە چىقارغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى! سىلەرمۇ ئاتاڭلاردەك شۈكۈر قىلىڭلار ۋە مېنىڭ سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا تاماق يەپ ياكى سۇ ئىچىپ بولۇپ، ئۆزىگە (يەنى الله تائالاغا) ھەمدى ئېيتقان بەندىدىن رازى بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

مالىك زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ: الله تائالاغا ھەر ۋاقىتتا ھەمدى ئېيتىلىپ تۇرىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنىدە مەن ئادەم بالىسىنىڭ كاتتىسىدۇرمەن». بۇ بىر ئۇزۇن ھەدىس بولۇپ، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كەلدى: «ئاندىن كىشىلەر نۇھنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى نۇھ! سەن يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇرسەن، سېنى الله تائالا كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، شۇنداق بولغان ئىكەن، سەن پەرۋەردىگارىڭدىن بىزگە شاپائەت سوراپ بەرسەڭ، ـ دەيدۇ».

* * * * * * *

وَقَضَيْنَآ إِلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ فِى ٱلْكِتَٰبِ لَتُفْسِدُنَّ فِى ٱلْأَرْضِ مَرَّتَيْنِ وَلَتَعْلُنَّ عُلُوًّا كَبِيرًا ﴿٤﴾
فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ أُولَىٰهُمَا بَعَثْنَا عَلَيْكُمْ عِبَادًا لَّنَآ أُو۟لِى بَأْسٍ شَدِيدٍ فَجَاسُوا۟ خِلَٰلَ ٱلدِّيَارِ ۚ وَكَانَ
وَعْدًا مَّفْعُولًا ﴿٥﴾ ثُمَّ رَدَدْنَا لَكُمُ ٱلْكَرَّةَ عَلَيْهِمْ وَأَمْدَدْنَٰكُم بِأَمْوَٰلٍ وَبَنِينَ وَجَعَلْنَٰكُمْ أَكْثَرَ
نَفِيرًا ﴿٦﴾ إِنْ أَحْسَنتُمْ أَحْسَنتُمْ لِأَنفُسِكُمْ ۖ وَإِنْ أَسَأْتُمْ فَلَهَا ۚ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ ٱلْءَاخِرَةِ لِيَسُۥٓـُٔوا۟
وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا۟ ٱلْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا۟ مَا عَلَوْا۟ تَتْبِيرًا ﴿٧﴾
عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يَرْحَمَكُمْ ۚ وَإِنْ عُدتُّمْ عُدْنَا ۘ وَجَعَلْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَٰفِرِينَ حَصِيرًا ﴿٨﴾



ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابتا (يەنى تەۋراتتا): «پەلەستىن زېمىنىدا چوقۇم ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلىسىلەر ۋە زۇلۇم قىلىش بىلەن، الله چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن تولىمۇ ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر» دەپ ۋەھيي قىلدۇق﴿4﴾. بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقىنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى﴿5﴾. ئاندىن (يەنى تەۋبە قىلغىنىڭلاردىن) كېيىن سىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۈستۈنلۈكۈڭلارنى ئەسلىگە

كەلتۈردۇق (يەنى دۈشمىنىڭلارنى هالاك قىلدۇق، سىلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدۇق)، سىلەرگە نۇرغۇن مال ۋە ئەۋلادلار ئاتا قىلدۇق، سانىڭلارنى كۆپ قىلدۇق﴿6﴾. (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق)﴿7﴾. (ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەهىم قىلىشى مۇهەققەق يېقىندۇر، ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز). جەهەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق﴿8﴾.

## تەۋراتتا يەهۇدىيلارنىڭ ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنىڭ بايان قىلىنغانلىقى

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا چۈشۈرگەن كىتابىدا ئۇلارنىڭ زېمىندا ئىككى قېتىم بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، كىشىلەرگە چوڭچىلىق ۋە هەقسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر بەرگەنلىكى ۋە بىلدۈرگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

## يەهۇدىيلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جازا

**﴿بىرىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقنىڭ (جازاسى) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت كەلگەندە، (سىلەرنى جازالاش ئۈچۈن) سىلەرگە كۈچلۈك بەندىلىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، (ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى﴾** يەنى بىز سىلەرگە بەندىلىرىمىزدىن كۈچلۈك ۋە تەييارلىقى تولۇق ئەسكەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇلار سىلەرنىڭ شەهەرلىرىڭلارغا ئىگە بولدى، ئۆيلىرىڭلارنى ئاختۇردى ۋە بىرىپ - كېلىشتە هېچ كىشىدىن قورقمايدىغان هالەتكە كەلدى، بۇ، چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى.

سەلەپ ۋە خەلەپلەردىن بولغان تەپسىرشۇناس ئالىملار يەهۇدىيلارغا ئەۋەتىلگەن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى هەمدە بۇ هەقتە يەهۇدىيلاردىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر كەلدى. مەن بۇ ئەسەرلەرنى بايان قىلىش بىلەن تەپسىرنى ئۇزارتىۋېتىشنى لايىق كۆرمىدىم. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى يەهۇدىيلارنىڭ دىنىسىزلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان. ئۇنىڭ بەزىلىرى توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىهاجەتمىز. الله تائالاغا هەمدۇسانالار بولسۇن!

الله تائالا قۇرئاندا بايان قىلىپ بەرگەن قىسسىلەر بىزنى قۇرئاندىن باشقا كىتابلاردا كەلگەن قىسسىلەردىن بىهاجەت قىلدۇ، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزنى يەهۇدىيلارغا هاجەتلىك

قىلىپ قويمىدى، الله تائالا (يەھۇدىيلارغا ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى) ئۇلار ھەققىدە قىسسە بايان قىلىپ كەلتۈردى. يەنى ئۇلار (زېمىندا) بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا ۋە ھەددىدىن ئاشقاندا، الله تائالا ئۇلارنىڭ تولۇق جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى، ئۆيلىرىنى ئاختۇردى، ئۇلارنى خارلىدى ۋە ئەزدى. پەرۋەردىگار بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر، چۈنكى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى ھەددىدىن ئاشتى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىملاردىن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئىبنى جەرىر يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ: بابىلنىڭ پادىشاھى بۇختىنەسسەر شامغا كېلىپ، ئەقسا مەسچىتىنى ۋەيران قىلدى ۋە يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈردى، ئاندىن دەمەشققە كەلدى. ئۇ، دەمەشقتە ئەخلەت ـ چاۋارنىڭ ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ، يەھۇدىيلاردىن: بۇ نېمە قان؟ ـ دەپ سورىدى. يەھۇدىيلار: (بىز بىلمەيمىز) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ شۇنداق ئىكەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. قاچانكى قاننىڭ ئۈستىگە ئەخلەت تۆكۈلسە، تۆكۈلگەن ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە يەنە قان كۆرۈنۈپ تۇراتتى[1]. بۇختۇنەسسەر شۇ قان ئۈچۈن يەھۇدىيلار ۋە باشقىلاردىن بولۇپ 70 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قاننىڭ چىقىشى توختىدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن قىلىنغان رىۋايەتتۇر. ھەم بۇ، بۇ ھەقتە كەلگەن مەشھۇر رىۋايەتتۇر.

بۇختىنەسسەر يەھۇدىيلارنىڭ ھۆرمەتلىكلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ھەتتا تەۋراتنى يادا ئالغان بىرەر كىشىمۇ قالمىدى. ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئەسىر ئالدى. ئەسىر ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەرنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىدى. (بۇلاردىن باشقا) بايانى تولىمۇ ئۇزۇن نۇرغۇنلىغان ئىشلار ۋە ۋەقەلىكلەر يۈز بەردى. ئەگەر بىز توغرا ياكى توغرىغا يېقىن رىۋايەتلەرنى تاپساق، ئۇنى كىتابقا يازىمىز ۋە بايان قىلىمىز. الله تائالا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

**﴿(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى!) ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن، زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر﴾[2].

## ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىقى

**﴿ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق)﴾** يەنى سىلەر ئىككىنچى قېتىم بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا، سىلەرنى خارلاش ۋە ئېزىش ئۈچۈن ئەقسا مەسچىتىگە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىش، غەلىبە قىلىپ قولغا ئالغان يەرلەرنى ۋەيران ۋە خاراب قىلىش ئۈچۈن

(1) رىۋايەتلەردە كېلىشچە، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېنىدۇر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۈشمەنلىرىڭلار كەلدى.

**﴿(ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە رەھىم قىلىشى مۇھەققەق يېقىندۇر﴾** يەنى (ئەگەر سىلەر تەۋبە قىلساڭلار) الله تائالا ئۇلارنى سىلەردىن قايتۇرۇۋېتىدۇ.

**﴿ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز)﴾** يەنى سىلەر قاچان بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قايتساڭلار، بىزمۇ سىلەرنى دۇنيادا جازالاشقا قايتىمىز. بۇنىڭدىن سىرت، بىز سىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئازابلارنى ساقلاپ قويىمىز.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿جەھەننەمنى كاپىرلار ئۈچۈن زىندان قىلدۇق﴾**. قەتادە: بەنى ئىسرائىل بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قايتقان ئىدى. الله تائالا ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلار ئۇلارغا بويسۇنۇپ، خار ھالدا جىزيە تۆلىدى.

* * * * * * *

إِنَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَهْدِى لِلَّتِى هِىَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا ﴿٩﴾ وَأَنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٠﴾

بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴿9﴾. (يەنە مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدۇكى) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴿10﴾.

## قۇرئاننى مەدھىيىلەش

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىنى (قۇرئاننى) مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: **﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ﴾** قىيامەت كۈنى **﴿چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾**.

**﴿(يەنە مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدۇكى) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾** يەنى قۇرئان ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا ئۇلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب تەييارلىغانلىقىمىزدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1].

* * * * * * *

وَيَدْعُ ٱلْإِنسَٰنُ بِٱلشَّرِّ دُعَآءَهُۥ بِٱلْخَيْرِ ۖ وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا ﴿١١﴾

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

ئىنسان (ئۆزىگە ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا) خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەددۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر﴿11﴾.

## ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇ ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىگە بەددۇئا قىلىپ قالىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنساننىڭ ئالدىراڭغۇ ئىكەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ بەزى چاغلاردا ئۈمۈم كېلىش، ھالاك بولۇش، ۋەيران بولۇش ياكى لەنەت ئېيتىشتەك تىلەكلەر بىلەن ئۆزىگە ياكى بالا ـ چاقىلىرىغا ۋە ياكى مال ـ مۈلكىگە بەددۇئا قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەگەر الله تائالا ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلسا، ئەلۋەتتە، ئۇ ھالاك بولاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر الله كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى)﴾[1]. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەر ئۆزلىرىڭلارغا ۋە مال ـ مۈلكۈڭلارغا بەددۇئا قىلماڭلار، ئەگەر دۇئا الله تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا، الله تائالا ئۇنى ئىجابەت قىلىۋېتىدۇ (يەنى دۇئادا تىلىگىنىڭلاردەك قىلىۋېتىدۇ)».

ئىنساننى شۇنداق دۇئالارنى قىلىشقا ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىشلىرى، ئالدىراڭغۇلۇقى ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر**﴾.

سالمان فارسى ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ (الله تائالا ئۇنىڭغا دەسلەپ جان كىرگۈزگەن چاغدا) جان تېخى پۇتىغا بېرىپ بولغۇچە ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جاننىڭ پۈۋلىنىشى (ئۇنىڭ) باش تەرىپىدىن بولىدۇ. جان ئۇنىڭ دىمىقىغا كەلگەندە، ئۇ چۈشكۈرۈپ: «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەيدۇ، الله تائالا: ئى ئادەم! پەرۋەردىگارىڭ ساڭا رەھمەت قىلىدۇ،ـ دەيدۇ. جان ئۇنىڭ كۆزىگە كەلگەندە، ئۇ كۆزىنى ئاچىدۇ. جان ئۇنىڭ ئەزالىرىغا ۋە تەنلىرىگە ماڭغاندا، ئۇ تەنلىرىگە قاراشقا ۋە ھەيران قېلىشقا باشلاپ، جان پۇتىغا كېلىپ بولغۇچە ئورنىدىن تۇرماقچى بولىدۇ. ئورنىدىن تۇرالماي: ئى پەرۋەردىگارىم! تېزرەك بولۇپ، كېچە كىرىشتىن بۇرۇن جاننى كىرگۈزۈپ بولساڭچۇ!ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

وَجَعَلْنَا ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ءَايَتَيْنِ فَمَحَوْنَآ ءَايَةَ ٱلَّيْلِ وَجَعَلْنَآ ءَايَةَ ٱلنَّهَارِ مُبْصِرَةً لِّتَبْتَغُوا۟ فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ وَلِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ وَكُلَّ شَىْءٍ فَصَّلْنَٰهُ تَفْصِيلًا ﴿١٢﴾

كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق،

(1) يۇنۇس سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىزدەش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق﴾﴿12﴾.

## كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ كاتتا قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى

الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) كاتتا ئالامەتلىرى بىلەن نېمەت ئاتا قىلدى. الله تائالانىڭ كېچىدە دەم ئېلىش، كۈندۈزدە تىرىكچىلىك، ھۈنەر قىلىش، ئىشلەش ۋە سەپەر قىلىش، كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار، يىللارنىڭ سانىنى بىلىش، قەرزلەرنى تۆلەش ۋاقتىنى، ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتىنى، ئىجارە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ ئايرىشى شۇ ئالامەتلەردىندۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىزدەش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق**﴾ ئەگەر جاھان ئوخشاش بىر رەڭ ۋە ئوخشاش بىر شەكىلدە بولغان بولسا، بۇ ئىشلار تونۇلمىغان بولاتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر الله كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇزۇن سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟» دېگىن، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر الله كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېگىن، سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى الله نىڭ رەھمىتىدىندۇر﴾[1].

﴿ئاسماندا بۇرۇجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، الله (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴾[2]، ﴿كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[3]، ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى

(1) قەسەس سۈرىسى 71 ـــ 73 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 61 ـ 62 ـ ئايەتلەر.
(3) مۆئمىنۇن سۈرىسى 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېچىگە كىرگۈزىدۇ، اللە كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى اللە ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿اللە سۇبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، اللە كېچىنى (سىلەر ئۇچۇن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۇچۇن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾[2]، ﴿ئۇلارغا (اللە نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز ـ دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز ـ دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ، كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللە نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾[3] يەنى اللە تائالا كېچىنىڭ تۈتۈلىشى ئۈچۈن بىر ئالامەتنى قىلدى، ئۇ (جاھاننىڭ) قاراڭغۇلىشىشى ۋە ئاينىڭ ئاشكارا بولۇپ چىقىشىدۇر، كۈندۈز ئۈچۈن تۈنۈلىدىغان بىر ئالامەتنى قىلدى، ئۇ (جاھاننى) يورۇقلۇقنىڭ قاپلىشى ۋە كۈننىڭ چىقىشىدۇر.

اللە تائالا قايسىسىنىڭ ئاي ۋە قايسىسىنىڭ كۈن ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ، ئاي بىلەن كۈننىڭ نۇرىنى پەرقلىق قىلدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اللە قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى. اللە ئۇلارنى بىكار ياراتقىنى يوق (بەلكى بۈيۈك ھېكمەت ۋە زور پايدىلىق ئۈچۈن ياراتتى)، اللە ئايەتلىرىنى (قۇدرىتى ئىلاھىينى) بىلىدىغان (ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پىكىر قىلىدىغان) قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، اللە ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (اللە دىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ھەقىقەتەن، (اللە نىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[4]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر»﴾[5].

**﴿كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشىڭلار (يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئيى ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن، (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق﴾.**

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جۇرەيج ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىرنىڭ: (كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالامىتى بولسا) كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى ۋە كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جۇرەيج مۇجاھىدنىڭ: كۈن كۈندۈزنىڭ، ئاي كېچىنىڭ ئالامىتىدۇر. اللە

(1) زۇمەر سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 96 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى 37 ـ 38 ـ ئايەتلەر.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 5 ــ 6 ـ ئايەتلەر.
(5) بەقەرە سۈرىسى 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائالانىڭ: ﴿**كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: ئايدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆتۈرۈۋەتتۇق دېگەنلىكتۇر، ئەسلىدە الله تائالا ئاينى قاراڭغۇراق قىلىپ ياراتقان، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى.

﴿**كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئىككى ئالامەت قىلدۇق**﴾ ئىبنى ئەبۇنۇجەيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: يەنى كېچە بىلەن كۈندۈزنى قىلدى، الله تائالا ئۇ ئىككىسىنى ئاشۇنداق ياراتتى، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى.

*******

وَكُلَّ إِنسَٰنٍ أَلْزَمْنَٰهُ طَٰٓئِرَهُۥ فِى عُنُقِهِۦ ۖ وَنُخْرِجُ لَهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ كِتَٰبًا يَلْقَىٰهُ مَنشُورًا ﴿١٣﴾ ٱقْرَأْ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفْسِكَ ٱلْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا ﴿١٤﴾

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرستىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ﴿13﴾. (ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۇگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴿14﴾.

## ھەر بىر ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قىلمىشلىرى يېزىلغان دەپتەرنىڭ بىللە بولىدىغانلىقى

الله تائالا ۋاقىتلارنى ۋە ئىنساننىڭ شۇ ۋاقىتلاردا قىلىدىغان ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز ۋە شۇنىڭغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1]، ﴿ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾[2]، ﴿ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا

(1) زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
(2) قاف سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر.

سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار، ئۇلار (الله نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار) نى يېزىپ تۇرىدۇ، ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، مۆمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ، كاپىرلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ﴾[1]، ﴿سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر﴾[2] يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ئىشلىرى مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز، ئەتىگەن ـ ئاخشام يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدۇ.

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ﴾** يەنى ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى (قىيامەت كۈنى ئۇ بەختلىك بولسا، ئوڭ تەرىپىدىن، بەختسىز بولسا، سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) بىر دەپتەرگە توپلاپ قويىمىز. دەپتەر ئوچۇق بولۇپ، ئۇ ۋە باشقىلار دەپتەرنى ئوقۇيدۇ. دەپتەردە ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلغان ھەممە ئىشلىرى يېزىلغان. الله تائالا (قىيامەت كۈنى ئىنسانلارغا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېدى: ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ، بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[3].

**﴿(ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴾** يەنى سەن ئۆزەڭگە زۇلۇم قىلىنمىغانلىقىنى، پەقەت قىلغان ئىشلىرىڭدىن باشقىسىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن. چۈنكى، سەن ئۆزەڭ قىلغان ھەممە قىلمىشلىرىڭنى ئەسلىدىڭ. بىر كىشى ئۆزى قىلغان قىلمىشلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ساۋاتلىقى بولسۇن ۋە ساۋاتسىزى بولسۇن، ھەممە كىشى (ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن) دەپتەرنى ئوقۇيالايدۇ ۋە ئوقۇيدۇ.

**﴿ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)﴾** يەنى الله تائالا ئىنساننىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى دېدى. چۈنكى، بويۇن دېگەن ئىنساننىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئوخشىشى يوق بىر ئەزادۇر. كىمكى بىر نەرسىنى بوينىغا ئالسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. **﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ﴾**.

مۇئەممەر ھەسەنبەسرىنىڭ: ﴿ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار﴾[4] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئى ئىنسان! مەن سېنىڭ دەپتىرىڭنى ئاچتىم، ساڭا ھۆرمەتلىك ئىككى پەرىشتە بىرى ئوڭ تەرىپىڭگە، يەنە بىرى سول تەرىپىڭگە ۋەكىل قىلىندى. ئوڭ تەرىپىڭدىكى (پەرىشتە) قىلغان ياخشى

(1) ئىنفىتار سۈرىسى 10 ـ 14 ـ ئايەتكىچە.
(2) تەھرىم سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قىيامەت سۈرىسى 13 ـ 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.
(4) قاف سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

ئىشلىرىڭنى يازىدۇ، سول تەرىپىڭدىكى (پەرىشتە) قىلغان يامان ئىشلىرىڭنى يازىدۇ، (ساڭا ئۆلۈم كېلىپ بولغۇچە) خالىغىنىڭنى قىل، قىلمىشلىرىڭنى ئازايتقىن ياكى كۆپەيتكىن، سەن ئۆلگەن چاغدا، دەپتىرىڭنى يىغىپ، بوينۇڭغا ئېسىپ، قەبرەڭدە سەن بىلەن بىللە قىلىمەن. قىيامەت بولۇپ (قەبرەڭدىن) چىققان چېغىڭدا دەپتىرىڭنى كۆرسىتىمەن، سەن ئۇنى ئوچۇق كۆرۈسەن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿(ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە » دېيىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى بولسا: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى ئىنسان!) الله تائالا ئۆزەڭگە ئۆزەڭنى گۇۋاھچى قىلىپ ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلدى، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى. الله تائالا ھەسەنبەسرىگە رەھمەت قىلسۇن!

*******

مَّنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ ۗ وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّىٰ نَبْعَثَ رَسُولًا ﴿١٥﴾

كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴿15﴾.

## بىرى يەنە بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدىغانلىقى

الله تائالا: كىمكى ھىدايەت تاپسا، ھەقكە ئەگەشسە ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئەگىشىپ ماڭسا، بۇنىڭ ياخشى ئاقىۋىتى ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ھەق ۋە توغرا يولدىن ئېغىپ كەتسە، ئۆزىگە جىنايەت يۈكلىۋالغان بولىدۇ ۋە بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئۆزى ئۈچۈندۇر، ـ دەپ بايان قىلىپ بولۇپ، يەنە مۇنداق دېدى: ﴿**بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ**﴾ بىرى يەنە بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كۆتەرمەيدۇ. جاۋابكارلىق جىنايەتچىگىلا خاستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾[1] بۇ ئايەت بىلەن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق قارمۇ قارشىلىق يوقتۇر: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان

(1) فاتىر سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۆزلەرنى قىلدى)﴾[1] چۈنكى، يامان يوللارغا چاقىرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ۋە ئۆزلىرى ئازدۇرۇۋەتكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالىدۇ. لېكىن (بۇنداق قىلىش بىلەن) ئېزىپ كەتكۈچىلەرگە (ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) بېرىشكە تېگىشلىك بولغان گۇناھلىرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ، اللّٰه تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئادىللىق ۋە رەھمەت قىلىشىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەۋەتىلمەي تۇرۇپ ھېچ بىر ئادەمنىڭ ئازابلانمايدىغانلىقى

﴿**پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق**﴾ يەنى اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئادىللىقىدىن ھېچ كىشىنى (ئۇنىڭغا) پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق پاكىت تۇرغۇزماي تۇرۇپ ئازابلىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹اللّٰه (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا› دېدۇق» دەيدۇ﴾[2]، ﴿كاپىرلار جەھەننەمگە توپ- توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلار بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: «شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازابقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى» دەيدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ، (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (اللّٰه ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق»﴾[4] بۇ ئايەتلەردىن باشقا، اللّٰه تائالانىڭ ھېچ ئادەمنى (ئۇنىڭغا) پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ دوزاخقا كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار.

## ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللارنىڭ ھۆكمى

كاپىرلانىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللىرىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان مەسىلىدۇر. شۇنىڭدەك، ئېلىشىپ قالغانلارنىڭ،

(1) نەھل سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇلك سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
(3) زۇمەر سۈرىسى 71 ـ ئايەت.
(4) فاتىر سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

گاسلارنىڭ، قىرىلىقتىن ئەقلىدىن كېتىپ قالغان كىشىنىڭ ۋە پەيغەمبەر دەۋىتى يەتمىگەن ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىمۇ ئوخشاشلا ئىختىلاپ قىلىشىپ قىلىنغان مەسىلىلەردىندۇر. بۇلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلدى، مەن بۇلارنى الله تائالانىڭ ياردىمى ۋە ئۇتۇقلۇق بېرىشى بىلەن بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىمەن.

بىرىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد ئەسۋەد ئىبنى سەرىئدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمايدىغان گاس، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ئادەم، قېرى ئادەم ۋە (دەۋەت يەتمىگەن) ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىدىن ئىبارەت) قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ئاقلاپ پاكىت كەلتۈرىدىغان تۆت تۈرلۈك كىشى بار. گاس: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى، (لېكىن) مەن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمىدىم، ـ دەيدۇ. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس كىشى: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى، (ئەمما) كىچىك بالىلار ماڭا (ئەقلى ھوشۇم جايىدا ئەمەسلىكىدىن) تېزەكلەرنى ئېتىشاتتى، ـ دەيدۇ. قېرى كىشى: پەرۋەردىگارىم! ئىسلام ھەقىقەتەن كەلدى، (لېكىن) مەن ھېچ نەرسە چۈشىنەلمەيتتىم، ـ دەيدۇ. ئارىلىقتا ئۆلۈپ قالغان كىشى: پەرۋەردىگارىم! ماڭا سېنىڭ تەرىپىڭدىن ھېچ پەيغەمبەر كەلمىدى، ـ دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ الله تائالاغا بويسۇنۇشى ئۈچۈن ۋەدىلەر ئېلىۋالىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى ئوتقا كىرگۈزۈڭلار دەپ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرسە، ئەلۋەتتە، ئوت ئۇلارغا سالقىن ۋە خاتىرجەملىك (بېرىدىغان بولۇپ) بېرىدۇ».

قەتادەمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى. لېكىن ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىسنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلدى: «كىمكى ئوتقا كىرسە، ئوت ئۇنىڭغا سالقىن ۋە خاتىرجەملىك (بېرىدىغان بولۇپ) بېرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا كىرمىسە، ئۇنىڭغا سۆرەپ كىرگۈزۈلىدۇ». ئىسھاق ئىبنى راھىيە بۇ ھەدىسنى مۇئاز ئىبنى ھىشامدىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى، ئىبنى جەرىرمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە: خالىساڭلار، الله تائالانىڭ: **﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى. مۇئەممەرمۇ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

ئىككىنچى ھەدىس: ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇددى ھەر قانداق ھايۋان بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا، ئەزالىرى ساق ـ سالامەت، ئەيىبسىز تۇغۇلغىنىدەك، ھەر قانداق بالا (باشقا بىر ئاڭ بولمىغان) ھەق دىنىنى تونۇش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇ بالىنى يا يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان ۋەياكى مەجۇسى (ئوت پەرەس) قىلىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە ساھابىلەر: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! (بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن) كىچىك بالىلارنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا ئۇلارنىڭ (چوڭ بولسا) نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈچىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك باللىرى جەننەتتە بولىدۇ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېپىل بولىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھامماددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دېدى: مەن بەندىلىرىمنى ھەق تەرەپدارى قىلىپ ياراتتىم». يەنە بىر رىۋايەتتە: «مۇسۇلمان قىلىپ (ياراتتىم)» دەپ كەلدى.

ئۈچىنچى ھەدىس: ئەبۇرىجا ئەتارىدى ئەبۇسەمەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بارلىق بالىلار ئىسلامنى تونۇش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ» دېگەن ئىدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشرىكلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمۇ شۇنداق (تۇغۇلىدۇ)» دېدى.

تەبرانى سەمەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشرىكلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى توغرۇلۇق سوئال سورىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار جەننەتتىكى كىشلەرنىڭ خىزمەتچىلىرى بولىدۇ» دېدى.

تۆتىنچى ھەدىس: ئىمام ئەھمەد مۇئاۋىيەنىڭ قىزى ھەسنادىن ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! كىم جەننەتتە بولىدۇ؟ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەيغەمبەر، شېھىت، كىچىك بالا ۋە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزلار جەننەتتە بولىدۇ» دېدى.

## بۇ مەسىلە توغرىسىدا گەپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى

بۇ مەسىلىدە گەپ قىلىش توغرا دەلىل ـ پاكىتلارغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، بەزى كىشىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستىن ھېچقانداق پاكىتى يوق گەپ قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كۆپ قىسىم ئالىملار بۇ مەسىلىدە گەپ قىلىشنى ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ، بۇنداق قارايدىغانلار بولسا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە ۋە باشقا ئالىملاردۇر.

ئىبنى ھاببان جەرىر ئىبنى هازىمدىن ئەبۇرىجا ئەتارىدىنىڭ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشى كىچىك بالىلار ۋە قازايى ـ قەدەر ھەققىدە سۆز قىلمىسىلا (بىرى ـ بىرىگە) يېقىن بولىدۇ (يەنى ئارىلىقىدا ئىختىلاپ بولمايدۇ)» دېگەن ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى ھاببان: «ئۇلار (كىچىك بالىلار بولسا) مۇشرىكلارنىڭ كىچىك باللىرىدۇر» دەيدۇ.

ئەبۇبەكرىمۇ بۇ ھەدىسنى جەرىر ئىبنى هازىمدىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى. بىر تۈركۈم ئالىملار ئەبۇرىجادىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

*******

وَإِذَآ أَرَدۡنَآ أَن نُّهۡلِكَ قَرۡيَةً أَمَرۡنَا مُتۡرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيۡهَا ٱلۡقَوۡلُ فَدَمَّرۡنَٰهَا تَدۡمِيرٗا ﴿١٦﴾

بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى - پاسات قىلىدۇ - دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴿16﴾.

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بەزىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى قەدەردە شۇنداق پىتنە - پاسات قىلىشقا بۇيرۇيمىز دېگەنلىكتۇر. چۈنكى، الله تائالا: پىتنە - پاساتلارنى قىل!- دەپ بۇيرۇق بەرمەيدۇ،- دېدى. بەزىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالا ئۇلارنى پىتنە - پاساتلارنى قىلىشقا ئۆگىتىپ قويىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ،- دېدى. ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز ئۇلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيمىز، ئاندىن ئۇلار پىتنە - پاساتلارنى قىلىدۇ - دە، جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ دېگەنلىكتۇر،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەيرمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز ئۇ شەھەرگە ئۇنىڭ ئەسكىلىرىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇق، ئۇلار شەھەرلەردە يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلار شۇ ئىشلارنى قىلغان ھامان الله تائالا ئۇلارنى ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە - مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە يانىدۇ (يەنى ئۇلار شۇ ھىيلە - مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ﴾[1].

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد ۋە رەبىئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز (يامان ئىش قىلىدىغانلارنىڭ) سانىنى ئاۋۇتتۇق دېگەنلىكتۇر،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە، ھەسەن، زەھھاك، قەتادە ۋە زۆھرىلارمۇ شۇنداق دېدى.

* * * * * * *

وَكَمۡ أَهۡلَكۡنَا مِنَ ٱلۡقُرُونِ مِنۢ بَعۡدِ نُوحٍۗ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ بِذُنُوبِ عِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿١٧﴾

نۇھتىن كېيىن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر﴿17﴾.

## قۇرەيشلەر ئۈچۈن قىلىنغان تەھدىت

الله تائالا ئۆزىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان نۇرغۇنلىغان

(1) ئەنئام سۈرىسى 123 - ئايەت.

قەۋملەرنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان قۇرەيش كاپىرلىرىغا تەھدىت سالدى. بۇ ئايەت ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدىكى ئون ئەسىردە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئىدى. ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغۇچىلار! سىلەر الله تائالاغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن ھۆرمەتلىك ئەمەس. سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىنى ئىنكار قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر جازالىنىشقا ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ ھەقلىقتۇرسىلەر.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرۇشتا، كۆرۈپ تۇرۇشتا يېتەرلىكتۇر﴾** يەنى الله تائالا بەندىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، الله تائالاغا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن مەخپىي بولىدىغىنى يوقتۇر.

*******

مَّن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُۥ فِيهَا مَا نَشَآءُ لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُۥ جَهَنَّمَ يَصْلَىٰهَا مَذْمُومًا
مَّدْحُورًا ﴿١٨﴾ وَمَنْ أَرَادَ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَسَعَىٰ لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ كَانَ سَعْيُهُم
مَّشْكُورًا ﴿١٩﴾

بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ﴿18﴾. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴿19﴾.

## دۇنيانىلا كۆزلىگەن كىشىنىڭ جازاسى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلىگەن كىشىنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە: دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نازۇنېمەتلەر ئۇلارنى ئارزۇ قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان كىشىلەرگە كېلىدۇ، ـ دەپ خەۋەر بەردى. الله تائالا بۇلاردىن خالىغان كىشىگە خالىغان مىقداردا بېرىدۇ. بۇ ئايەت مۇشۇ مەزمۇندا كەلگەن باشقا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نېمەتلەر الله تائالا خالىغان كىشىگە ۋە ئۇلاردىن الله تائالانىڭ خالىغىنى كېلىدۇ دەپ خاسلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز﴾**.

**﴿ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ﴾** يەنى ئۇ، يوقىلىپ كېتىدىغان دۇنيانى مەڭگۈ قالىدىغان

ئاخىرەتتىن ئەلا بىلىپ، ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن، **الله** تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغان ۋە خارلانغان ھالەتتە جەھەننەمگە كىرىدۇ.

**﴿كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن﴾** يەنى كىمكى ئاخىرەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇ نېمەتلەرنى كۆزلەيدىكەن، ساۋاب ۋە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆز يولى بىلەن ئىزلەيدىكەن، ئۇنىڭ يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يولىدۇر، **﴿مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾**.

* * * * * * *

كُلًّا نُّمِدُّ هَٰٓؤُلَآءِ وَهَٰٓؤُلَآءِ مِنْ عَطَآءِ رَبِّكَ ۚ وَمَا كَانَ عَطَآءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا ﴿٢٠﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ وَلَلْءَاخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَٰتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلًا ﴿٢١﴾

بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ﴿20﴾. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴿21﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە: دۇنيانى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلىگەنلەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭ بەرگەن نەرسىدىن بېرىمىز، ـ دەپ خەۋەر بەردى. پەرۋەردىگار بولسا خالىغىنىنى قىلغۇچى، زۇلۇم قىلماي ھۆكۈم قىلغۇچى زاتتۇر. شۇڭا، ھەر ئىككى گۇرۇھقا ئۇ ئىككى گۇرۇھ ئۈچۈن ھەقلىق بولغان بەختلىك ۋە بەختسىزلىكنى بەرگۈچىدۇر. **الله** تائالانىڭ ھۆكمىنى ھېچ كىشى قايتۇرالمايدۇ. **الله** تائالانىڭ بەرگىنىگە ھېچ كىشى ئارىلىشالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ خالىغىنىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭا، **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ﴾** يەنى ھېچ كىشى توسۇۋالالمايدۇ ۋە قايتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. قەتادە: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن نەرسىسى كەم بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن﴾** يەنى دۇنيادا شۇنداق قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بايلارمۇ، پېقىرلارمۇ، (بايلىقتا) ئوتتۇرا ھاللارمۇ، چىرايلىقلارمۇ، سەتلەرمۇ، (چىرايدا) ئوتتۇرا ھاللارمۇ، كىچىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ، قېرىغىچە ياشاپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ، ئوتتۇرا ياشتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار.

**﴿ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾** يەنى ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىغان پەرق ئۇلارنىڭ دۇنيادا بولغان پەرقىدىن تولىمۇ چوڭدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەھەننەمنىڭ تۆۋەن قاتلىرىدا، ئۇنىڭ زەنجىر ـ ئىسكەنجىلىرىدە بولىدىغانلارمۇ، جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىلەردە، ئۇنىڭ نازۇ نېمەتلىرىدە بولىدىغانلارمۇ بار. جەھەننەمگە كىرگەنلەرنىڭ ۋە جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا پەرق بار. چۈنكى، جەننەتتە يۈز دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ

ئارىسى ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، يۇقىرى دەرىجىنىڭ ئىگىلىرى بولغان كىشىلەر ئۆزلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلەرنى خۇددى سىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارنى كۆرگىنىڭلاردەك كۆرىدۇ».

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۇستۇنلۇك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر**﴾.

*******

لَّا تَجْعَلْ مَعَ ٱللَّهِ إِلَـٰهًا ءَاخَرَ فَتَقْعُدَ مَذْمُومًا مَّخْذُولًا ﴿٢٢﴾

**الله** غا باشقا مەبۇدنى (شېرىك) قىلمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ **الله** نىڭ دەرگاھىدا) ئەيىبلەنگەن، (**الله** نىڭ ياردىمىدىن) مەھرۇم بولغان ھالدا (دوزاختا ھەمىشە) قالىسەن﴿22﴾.

﴿**الله غا باشقا مەبۇدنى (شېرىك) قىلمىغىن**﴾ **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلغان كىشىلەر بولسا (بالاغەتكە يېتىش، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولۇشتەك شەرتلەرگە توشۇپ) ئىبادەتكە بۇيرۇلغان كىشىلەردۇر. يەنى، ئى ئىبادەتكە بۇيرۇلغان كىشى! سەن قىلغان ئىبادەتلىرىڭدە پەرۋەردىگارىڭغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، ﴿**(ئۇنداق قىلساڭ الله نىڭ دەرگاھىدا) ئەيىبلەنگەن، (الله نىڭ ياردىمىدىن) مەھرۇم بولغان ھالدا (دوزاختا ھەمىشە) قالىسەن**﴾ بۇنداق قىلساڭ، پەرۋەردىگار ساڭا ياردەم بەرمەستىن، ئەكسىچە سېنى سەن ئىبادەت قىلغان نەرسىگە تاشلاپ قويىدۇ. ئۇ نەرسە ساڭا زىيان ۋە پايدا يەتكۈزۈشكە ئىگە ئەمەستۇر. چۈنكى، زىيان ۋە پايدىنىڭ ئىگىسى شېرىكى يوق **الله** تائالادۇر.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىرەر نەرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ قېلىپ ھاجىتىنىڭ (راۋا بولۇشىنى) كىشىلەردىن ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولمايدۇ، كىمكى ھاجىتىنىڭ (راۋا بولۇشىنى) پەقەت **الله** تائالادىن ئۈمىد قىلسا، **الله** تائالا ئۇنىڭغا بىھاجەتلىكنى (مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ياكى تېزلا) بېرىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

*******

۞ وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَـٰنًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ ٱلْكِبَرَ أَحَدُهُمَآ
أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا ﴿٢٣﴾ وَٱخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ
ٱلذُّلِّ مِنَ ٱلرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ٱرْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِى صَغِيرًا ﴿٢٤﴾

پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ

ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴿23﴾. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴿24﴾.

## الله تائالانى بىردەپ بىلىش ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش

شېرىكى يوق الله تائالا كىشىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[1]. ﴿**ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)**﴾ يەنى سەن ئۇ ئىككىسىگە قاتتىق گەپ قىلما، ھەتتا قاتتىق گەپكە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاددىيسى بولغان ئوھوي دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن.

﴿**ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن**﴾ يەنى سەندىن ئۇلارغا قارىتا يىر قوپال ھەرىكەتمۇ بولۇپ قالمىسۇن. ئەتا ئىبنى رەباھ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن ئۇ ئىككىسىگە قولۇڭنى سىلكىگەندەك بىر ھەرىكەتنىمۇ قىلما، ـ دېدى. الله تائالا يۇقىرىدا ئاتا ـ ئانىغا قاتتىق گەپ قىلىشتىن ۋە يامان ئىش قىلىپ قويۇشتىن توستى. ئاندىن بۇ يەردە ئۇلارغا ياخشى گەپ قىلىشقا ۋە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن**﴾ يەنى سەن ھۆرمەت ۋە ئەدەب بىلەن يۇمشاق ۋە چىرايلىق گەپ قىلغىن.

﴿**ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن**﴾ يەنى سەن كەمتەرلىكىڭنى ئەمەلىيىتىڭدە كۆرسەتكىن. ﴿**ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن**﴾ يەنى ئۇلار ياشتا چوڭ بولغاندا ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: الله تائالا بۇ ئايەتتىن كېيىن: ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى

بىز تۆۋەندە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ بولۇپ، ئاندىن: «ئامىن، ئامىن، ئامىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله تائالانىڭ

(1) لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 113 ـ ئايەت.

پەيغەمبىرى! نېمىگە ئامىن دەيسەن؟ ـ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جىبرىئىل كېلىپ: ئى مۇھەممەد! قېشىدا ئىسمىڭ چىقىپ ساڭا دۇرۇت ئېيتمىغان كىشى خار بولسۇن دەپ، ئامىن دېگىن! ـ دېدى. مەن: "ئامىن" دېدىم. جىبرىئىل: رامىزان ئېيى كىرىپ، ئاندىن ئۇ ئاي چىقىپ كەتكەنگە قەدەر گۇناھى مەغپىرەت قىلىنماي قالغان كىشى خار بولسۇن دەپ، ئامىن دېگىن! ـ دېدى. مەن: "ئامىن" دېدىم. جىبرىئىل: ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىككىسىنى ياكى بىرىنى كۆرەلىگەن، ئاندىن ئۇلار ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزەلمىگەن[1] كىشى خار بولسۇن دەپ، ئامىن دېگىن! ـ دېدى. مەن: "ئامىن" دېدىم» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ئىككىسىنىڭ قېرىغانلىقىنى كۆرۈپ، جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى خار بولسۇن، خار بولسۇن، خار بولسۇن». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن مەسلىھەت سالغىلى قېشىڭغا كەلدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ بارمۇ؟» دېدى. مەن: ھەئە بار، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بولغىن. چۈنكى، جەننەت ئاناڭنىڭ قەدىمى ئاستىدا» دېدى. ئاندىن مەن باشقا ئۇرۇشلارغا چىقماقچى بولۇپ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندىمۇ شۇنداق جاۋابنى ئالدىم. بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد مىقدام ئىبنى مەئدى كەرۇبەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سىلەرگە دادىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سىلەرگە ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سىلەرگە ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سىلەرگە ئانىلىرىڭلارغا (ياخشىلىق قىلىشىڭلارغا) تەۋسىيە قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سىلەرگە (ئاتا ـ ئاناڭلاردىن قالسا) يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، بۇلاردىن كېيىنكى يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد يەربۇئ جەمەتىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ كىشىلەرگە سۆزلەۋېتىپ: «بەرگۈچى قولۇڭنى ئاۋۋال ئاناڭغا، داداڭغا، ھەمشىرەڭگە، قېرىنداشىڭغا، ئاندىن يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، بۇلاردىن كېيىنكى يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا ئاچسەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

* * * * * *

(1) ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى خىزمىتىنى قىلماي (ئۇلارنى) تاشلىۋەتكەن گۇناھى سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى خار بولسۇن.

رَّبُّكُمۡ أَعۡلَمُ بِمَا فِي نُفُوسِكُمۡۚ إِن تَكُونُواْ صَٰلِحِينَ فَإِنَّهُۥ كَانَ لِلۡأَوَّٰبِينَ غَفُورٗا ﴿٢٥﴾

پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، الله سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ). الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿25﴾.

## بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقىنىڭ (ئۇنىڭ) الله تائالاغا تەۋبە قىلىشى بىلەن كەچۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى

سەئىد ئىبنى جۇبەير: ﴿**پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر**﴾ دېگەن ئايەتتىكى كىشىدىن نىيىتىدە ۋە دىلىدا بىر نېمە بولماس دەپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئاچچىقلاپ قالغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ: (ئاتا ـ ئانىسىغا) ياخشىلىقنى كۆزلەپ شۇنداق قىلىپ سالغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

﴿**پەرۋەردىگارىڭلار دىلىڭلاردىكىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئەگەر سىلەر ياخشى بولساڭلار (يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارنى قاخشاتقۇچى بولمىساڭلار، الله سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى كەچۈرىدۇ)**﴾.

﴿**الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلىپ تۇرغۇچىلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇلار ناماز ئوقۇيدىغانلارغا بويسۇنغۇچىلاردۇر، ـ دېدى. شەئبى يەھيا ئىبنى سەئىددىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار گۇناھ قىلىپ تەۋبە قىلىدىغان، يەنە گۇناھ قىلىپ يەنە تەۋبە قىلىدىغان كىشىلەردۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەتا، ئىبنى ياسىر، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە مۇجاھىدلار: ئۇلار ياخشىلىققا قايتقان كىشىلەردۇر، ـ دېدى.

مۇجاھىد ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيرەنىڭ: ئۇ، گۇناھلىرى مەخپىي يەردە كۆرسىتىلسە، الله تائالادىن گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەيدىغان كىشىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. مۇجاھىدمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلدى.

ئىبنى جەرىر: ئۇ، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان، يامان ئىش قىلىشتىن ياخشى ئىش قىلىشقا ۋە الله تائالا يامان كۆرىدىغان ئىشتىن الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشقا قايتقان كىشىلەردۇر دېگەن كىشىنىڭ كۆز قارىشى بۇ قاراشلارنىڭ ئەڭ توغرىسىدۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَءَاتِ ذَا ٱلۡقُرۡبَىٰ حَقَّهُۥ وَٱلۡمِسۡكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرۡ تَبۡذِيرًا ﴿٢٦﴾ إِنَّ ٱلۡمُبَذِّرِينَ كَانُوٓاْ إِخۡوَٰنَ
ٱلشَّيَٰطِينِۖ وَكَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لِرَبِّهِۦ كَفُورٗا ﴿٢٧﴾ وَإِمَّا تُعۡرِضَنَّ عَنۡهُمُ ٱبۡتِغَآءَ رَحۡمَةٖ مِّن رَّبِّكَ تَرۡجُوهَا فَقُل
لَّهُمۡ قَوۡلٗا مَّيۡسُورٗا ﴿٢٨﴾

تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن﴿26﴾. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى﴿27﴾. ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن﴿28﴾.

## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز يەرگە ئىسراپ قىلىشتىن توسۇش

الله تائالا يۇقىرىدا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا بۇيرىدى. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «(بەرگۈچى) قولۇڭنى ئاۋۋال ئاناڭغا، ئاتاڭغا، ھەمشىرەڭگە، قېرىندىشىڭغا، ئاندىن يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا، ئاندىن كېيىنكى يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا ئاچىسەن». ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن».

**﴿(پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن﴾** الله تائالا يۇقىرىدا ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە پۇل ـ ماللىرىنى ئۇلارغا خەجلەپ بېرىشكە بۇيرىغان ئىدى. بۇ يەردە مۇشۇنداق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن توستى ۋە ئوتتۇرا ھال بولۇشقا بۇيرىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ﴾[1].

ئاندىن الله تائالا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ۋە ئىسراپ قىلىشتىن يىرگەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾** يەنى شەيتاننىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. ئىبنى مەسئۇد: بۇ ئايەتتىكى ئىسراپ قىلغۇچىلاردىن ماللىرىنى خاتا يەرلەرگە خەجلىگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى.

مۇجاھىد: ئىنسان بارلىق ماللىرىنى ھەق يولغا ئىشلەتكەن بولسا، (بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان) ئىسراپخورلاردىن بولمايدۇ. ئەگەر كىچىككىنە نەرسىنى خاتا يولغا ئىشلەتكەن بولسا، ئىسراپ قىلغان بولىدۇ، ـ دېدى. قەتادە: مال ـ دۇنيانى الله تائالا چەكلىگەن يامان يوللارغا، ئورۇنسىز يەرلەرگە ۋە يامان ئىشلارغا ئىشلىتىش ئىسراپخورلۇقتۇر، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەمىم جەمەتىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن مال ـ دۇنياسى جىق، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىم ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم كۆپ ئادەممەن، ماڭا



(1) فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

ماللىرىمنى قانداق ئىشلىتىشىمنى بىلدۈرۈپ قويغان بولساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ زاكىتىنى بەرگەيسەن. چۈنكى، زاكات دېگەن سېنى پاكلايدىغان نەرسىدۇر. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا ياخشىلىق قىلغايسەن، (مال ـ دۇنيالىرىڭدا) تىلەمچىلەرنىڭ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئۇنۇتمىغايسەن» دېدى. ئۇ: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا (ئاز قىلىپ) ئىخچاملاپ سۆزلەپ بەرسەڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **الله** تائالانىڭ: ﴿**تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇ: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن زاكاتنى سەن (زاكات يىغىش ئۈچۈن) ئەۋەتكەن ئادەملەرگە بەرسەم، **الله** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان يول بىلەن ئادا قىلغان بولامدىمەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. زاكاتنى مەن ئەۋەتكەن ئادەملەرگە بەرسەڭ، زاكاتنى ئادا قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭ ساۋابى ساڭا بولىدۇ ۋە گۇناھى (زاكاتنى ھەقسىز يولغا ئىشلىتىپ ئۇ ئىشلىتىلىدىغان ئورۇننى) ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئادەمگە بولىدۇ» دېدى.

﴿**ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر**﴾ يەنى شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى ئىسراپخور، ئەخمەق كېلىدۇ، **الله** تائالاغا بويسۇنۇشنى تاشلايدۇ ۋە **الله** تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى**﴾ چۈنكى، ئۇ **الله** تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىدىن تاندى. **الله** تائالاغا بويسۇنماستىن ئەكسىچە، **الله** تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا ۋە **الله** تائالاغا قارشى تۇرۇشقا يۈزلەندى.

﴿**ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن**﴾ يەنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ ۋە بىز سېنى پۇل ـ ماللىرىڭنى خەجلەپ بېرىشكە بۇيرىغان كىشىلەر سەندىن بىر نەرسە سوراپ كەلسە، قېشىڭدا ئۇلارغا بەرگىدەك نەرسە بولماي ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولساڭ: ئەگەر **الله** تائالا ماڭا پۇل بېرىپ قالسا، مەن سىلەرگە (**الله** تائالا خالىسا) ياردەم قىلىمەن دەپ، ئۇلارغا چىرايلىق ۋەدە بەرگىن.

﴿**ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن**﴾ مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلار: ئايەتتىكى چىرايلىق گەپتىن ئۇلارغا چىرايلىق ۋەدە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَلَا تَجۡعَلۡ يَدَكَ مَغۡلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبۡسُطۡهَا كُلَّ ٱلۡبَسۡطِ فَتَقۡعُدَ مَلُومٗا مَّحۡسُورًا ﴿٢٩﴾ إِنَّ رَبَّكَ
يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ وَيَقۡدِرُۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرَۢا بَصِيرٗا ﴿٣٠﴾

قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴿29﴾. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ،

خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، **الله** ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى، مەنپەئىتىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿30﴾.

## تۇرمۇشتا ئوتتۇرا ھال بولۇش

**الله** تائالا بېخىللىقنى ئەيىبلەپ، ئىسراپخورلۇقتىن توسۇپ ۋە تۇرمۇشتا ئوتتۇرا ھال بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)**﴾ يەنى ھېچ كىمگە بىر نەرسە بەرمەيدىغان بېخىلمۇ بولىۋالمىغىن، ﴿**قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)**﴾ يەنى تېپىشىڭدىن كۆپ بېرىدىغان ۋە كىرىمىڭدىن جىق خەجلەيدىغان ئىسراپخورمۇ بولۇپ كەتمىگىن.

﴿**(ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن**﴾ يەنى ئەگەر بېخىللىق قىلساڭ، كىشىلەر ساڭا مالامەت قىلىدۇ، سېنى ئەيىبلەيدۇ ۋە سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەگەر سەن قاچانىكى، قولۇڭنى ئۆز كۈچۈڭدىن ئارتۇق ئېچىۋەتسەڭ (يەنى تاپقىنىڭدىن ئارتۇق خەجلىسەڭ)، قولۇڭدا خەجلىگىلى ھېچ نېمە يوق بولۇپ قېلىپ، خۇددى ئاجىزلىقتىن يولنى داۋاملاشتۇرالمىغان ئۇلاغدەك (تۇرمۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرالماي) قالىسەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەن، قەتادە، ئىبنى جۇرەيج، ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە چەكلىنىپ كەلگەن ئىشلار، بېخىللىق قىلىش بىلەن ئىسراپچىلىق قىلىشتۇر، ـ دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بېخىل بىلەن سېخىنىڭ مىسالى مەيدىسىدىن گېلىغا كەلگۈدەك تۆمۈر كىيىم كىيگەن ئىككى كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. سېخى (مال ـ مۈلكىنى تېگىشلىك يەرلەرگە) ئىشلەتكەنسېرى، كىيىمى ئۇزىراپ ھەتتا بارماقلىرىنى يۆگىگىدەك ۋە ئىزلىرىنى ئۆچۈرگىدەك بولىدۇ. ئەمما بېخىل (مال ـ مۈلكىدىن تېگىشلىك يەرلەرگە) كىچىككىنىمۇ ئىشلىتىشنى خالىمىغانسېرى، تۆمۈر كىيىمىنىڭ ھەر بىر ھالقىسى ئۆز جايىدا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ، كىيىمنى كېڭەيتمەكچى بولىدىيۇ، (لېكىن)، ئۇ كېڭەيمەيدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « بەندىلەرنىڭ قېشىغا ئاسماندىن ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرى: ئى **الله** ! مال ـ مۈلكىنى (تېگىشلىك يەرلەرگە) ئىشلەتكۈچىلەرگە (مال ـ مۈلكىنىڭ) ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرسەڭ، ـ دەيدۇ. يەنە بىرى: مال ـ مۈلكىنى (تېگىشلىك يەرلەرگە) ئىشلەتمىگەنلەرگە (مېلىغا) يوقۇلۇشنى بەرسەڭ، ـ دەيدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەدىقە قىلىش بىلەن مال ـ دۇنيا كېمىيىپ كەتمەيدۇ. **الله** تائالا مال ـ مۈلكىنى (تېگىشلىك يەرلەرگە) ئىشلەتكەن بەندىنى ئەزىز قىلىدۇ. كىمكى **الله** تائالا ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلسا، **الله** تائالا ئۇنىڭ ئورنىنى يۈكسەك قىلىدۇ.

ئەبۇكەسىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنى ھالاك قىلدى، بېخىللىق

ئۇلارنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلار بېخىللىق قىلدى. بېخىللىق ئۇلارنى (ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى) ئۈزۈشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇلار مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، بېخىللىق ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلار يامان ئىشلارنى قىلدى.

**﴿شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ﴾** **الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ رىزىق بەرگۈچى، رىزىقنى تار ياكى كەڭ قىلغۇچى، مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە خالىغىنى بىلەن ئىش كۆرگۈچى، ھېكمەت بىلەن خالىغان كىشىنى باي ۋە خالىغان كىشىنى نامرات قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**الله** تائالا كىشىنى ھېكمەت بىلەن باي ياكى نامرات قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق دېدى: **﴿الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى، مەنپەئىتىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى **الله** تائالا كىمنىڭ بايلىققا ۋە كىمنىڭ نامراتلىققا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بايلىق بەزى كىشىلەرنى ئاستا ـ ئاستا گۇمراھلىققا باشلاپ قويۇشى مۇمكىن، نامراتلىقمۇ بەزى كىشىلەر ئۈچۈن جازا بولۇشى مۇمكىن. بىز **الله** تائالاغا سېغىنىپ، بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدىن پاناھ تىلەيمىز.

* * * * * * *

وَلَا تَقۡتُلُوٓاْ أَوۡلَٰدَكُمۡ خَشۡيَةَ إِمۡلَٰقٖۖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُهُمۡ وَإِيَّاكُمۡۚ إِنَّ قَتۡلَهُمۡ كَانَ خِطۡـٔٗا كَبِيرٗا ﴿٣١﴾

كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴿31﴾.

## بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

بۇ ئايەت **الله** تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىنمۇ بەك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، **الله** تائالا بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توستى ۋە بالىلىرىغا مىراس بېرىشنى ئاتىلارغا تاپىلىدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە كىشىلەر قىزلىرىغا مىراس بەرمەيتتى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پېقىرلىقتىن قىزلىرىنى قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. **الله** تائالا ئۇلارنى بۇ ئىشتىن چەكلەپ مۇنداق دېدى: **﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾** يەنى كەلگۈسىدە پېقىر بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، شۇڭا **الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارغا رىزىق بېرىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ: **﴿ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز﴾** دەپ، ئۇلارنى باشتا كەلتۈرۈپ بايان قىلدى.

ئەمما **الله** تائالانىڭ ئەنئام سۈرىسىدىكى: **﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى: سىلەر ھازىر سىلەردە كۆرۈلۋاتقان پېقىرلىقتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا ئۇ ئايەتتە: ﴿بىز سىلەرگە ۋە ئۇلارغا رىزىق بېرىمىز﴾[1] دەپ،

(1) ئەنئام سۈرىسى 151 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باللاردىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلارنى كەلتۈردى.

**﴿ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾** ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىنچۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن (يەنى ئۇنىڭ تاماق يېيىشى بىلەن يېقىر بولۇپ قېلىشىڭدىن) قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دېدى. مەن: ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دېدى.

* * * * * * *

وَلَا تَقْرَبُوا۟ ٱلزِّنَىٰٓ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ فَـٰحِشَةً وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٣٢﴾

زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴿32﴾.

## زىنا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇش

**الله** تائالا بەندىلىرىنى زىنا قىلىشتىن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە ئارىلىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: **﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر﴾** يەنى چوڭ گۇناھدۇر **﴿يامان يولدۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئۇمامىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ياش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ زىنا قىلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇنى (گەپ قىلىشتىن) توسۇپ: بولدى قىل، بولدى قىل! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «يېقىن كەل» دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئولتۇر!» دېدى. ئۇ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن زىنانى ئاناڭغا راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: **الله** نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، **الله** تائالا مېنى سەن ئۈچۈن پىدا قىلسۇن! راۋا كۆرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا كىشىلەرمۇ زىنانى ئانىلىرىغا راۋا كۆرمەيدۇ. سەن زىنانى قىزىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! **الله** نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، **الله** تائالا مېنى سەن ئۈچۈن پىدا قىلسۇن! راۋا كۆرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا كىشىلەرمۇ زىنانى قىزلىرىغا راۋا كۆرمەيدۇ. سەن زىنانى ھەمشىرەڭگە راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، **الله** تائالا مېنى سەن ئۈچۈن پىدا قىلسۇن! راۋا كۆرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا كىشىلەرمۇ زىنانى ھەمشىرىلىرىگە راۋا كۆرمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن زىنانى داداڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، **الله** تائالا مېنى سەن ئۈچۈن پىدا قىلسۇن! راۋا كۆرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا كىشىلەرمۇ

زىنانى ئاتىلىرىنىڭ ھەمشىرىلىرىگە راۋا كۆرمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن زىنانى ئاناڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا مېنى سەن ئۈچۈن پىدا قىلسۇن! راۋا كۆرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقا كىشىلەرمۇ زىنانى ئانىلىرىنىڭ ھەمشىرىلىرىگە راۋا كۆرمەيدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇپ: «ئى الله ! بۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسەڭ، دىلىنى پاك قىلساڭ ۋە ئەۋرىتىنى (زىنادىن) ساقلىساڭ» دەپ دۇئا قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ياش زىناغا مۇناسىۋەتلىك كىچىككىنە نەرسىگىمۇ قارىمايدىغان بولدى.

*******

وَلَا تَقْتُلُوا۟ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۗ وَمَن قُتِلَ مَظْلُومًا فَقَدْ جَعَلْنَا لِوَلِيِّهِۦ سُلْطَـٰنًا فَلَا يُسْرِف فِّى ٱلْقَتْلِ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ مَنصُورًا ﴿٣٣﴾

ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، الله (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە الله ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر﴿33﴾.

## ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش

الله تائالا بۇ ئايەتتە شەرىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۆلتۈرسە بولمايدىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقانلار ئىچىدە تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. ئۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى: تۇرمۇشقا چىقىپ بولۇپ زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىدۇر».

تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ ئالدىدا دۇنيانى يوق قىلىۋېتىش بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ئاددىي ھېسابلىنىدۇ».

**﴿كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق﴾** يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئالىدۇ، خالىسا (قىساس ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ) دىيەت ئالىدۇ. خالىسا بىر نېمە تەلەپ قىلماي كەچۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر ھەدىستە بايان قىلىندى. ئىبنى ئابباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇئاۋىيەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ھۆكۈمىنى چىقاردى. مۇئاۋىيە بۇ ھوقۇقتا ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەلىيسىدۇر. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. ئاخىرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھۆكۈم چىقارغاندەك ھەم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى دېگەندەك، ئىش ۋە قىساس تەلەپ قىلىش ھوقۇقى مۇئاۋىيەنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىش ھەيران قالارلىق بىر ئىشتۇر.

**﴿ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)﴾، ﴿(ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە الله ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر﴾** يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئۈستىدىن شەرئىيتىنىمۇ، (كىشىلەر ئارىسىدىكى) ئورنى تەرىپىدىنمۇ ياردەمگە ئېرىشىدۇ.

* * * * * * *

وَلَا تَقۡرَبُواْ مَالَ ٱلۡيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ حَتَّىٰ يَبۡلُغَ أَشُدَّهُۥۚ وَأَوۡفُواْ بِٱلۡعَهۡدِۖ إِنَّ ٱلۡعَهۡدَ كَانَ مَسۡـُٔولٗا ﴿٣٤﴾ وَأَوۡفُواْ ٱلۡكَيۡلَ إِذَا كِلۡتُمۡ وَزِنُواْ بِٱلۡقِسۡطَاسِ ٱلۡمُسۡتَقِيمِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلٗا ﴿٣٥﴾

يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴿34﴾. سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر﴿35﴾.

## يېتىملارنىڭ ماللىرىدا ياخشى يولنى تۇتۇش، ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولۇش

**﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾ الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾[1].

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەرگە: «ئى ئەبۇزەر! مەن سېنى ئاجىز كۆرىمەن، سەن ئىككى كىشىگىمۇ باش بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگىدارچىلىق قىلمىغىن» دېدى.

(1) نىسا سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار**﴾ يەنى سىلەر كىشىلەر بىلەن قىلىشقان ۋەدىلەرگە ۋە سودا ـ سېتىقتا تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى، ۋەدە قىلىشقان ۋە كېلىشىم تۈزۈشكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىلىرىگە ۋە كېلىشىملىرىگە ۋاپا قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقى توغرىسىدا سورىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**(قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر**﴾.

﴿**سىلەر (باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار**﴾ يەنى كېمەيتىۋەتمەستىن ئۆلچەڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار.

﴿**ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار**﴾ يەنى مايماق تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ۋە ئېگىز ـ پەس بولۇپ قالمايدىغان تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار.

﴿**بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر**﴾ يەنى دۇنيالىقىڭلار ۋە ئاخىرەتلىكىڭلارغا ياخشىدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر**﴾.

﴿**بۇنداق قىلىش (سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر**﴾ سەئىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇنداق قىلىش) ساۋاپ ۋە ئاقىۋەت تەرەپتىن ياخشىدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئى (ئۆلچەم بىلەن تارازىنى) تۇتقۇچىلار گۇرۇھى! سىلەر سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئۆلچەم ۋە تارازىدىن ئىبارەت شۇ ئىككى نەرسىنى قولۇڭلارغا ئالدىڭلار، ـ دەپ تۇراتتى.

*******

وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ ۚ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُو۟لَٰٓئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْـُٔولًا ﴿٣٦﴾

بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴿36﴾.

## بىلمىگەن نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەسلىك

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىلمەيدىغان نەرسەڭنى دېمە دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەۋفي: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بىلمەي تۇرۇپ بىرسىگە قارا چاپلىما دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە: بۇ ئايەتتىن يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن كۆرمەي تۇرۇپ كۆردۈم، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدىم، بىلمەي تۇرۇپ بىلدىم دېمە. چۈنكى، الله تائالا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەندىن سورىغۇچىدۇر، ـ دېدى. يەنى الله تائالا بىلمەي تۇرۇپ ياكى گۇمان بىلەن سۆزلەشتىن توستى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر﴾[1] بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەر گۇماندىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر».

ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئاساسى بولمىغان سۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشى نېمە دېگەن يامان!».

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئەڭ چوڭ بوھتان بولسا، بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ كۆزى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆرسىتىشتۇر».

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى كۆرگەن بولۇۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككى دانە ئېرىقنى باغلاشقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇ ئۇلارنى ھەرگىز باغلىيالمايدۇ». **﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾**.

* * * * * * *

وَلَا تَمْشِ فِي ٱلْأَرْضِ مَرَحًا ۖ إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ ٱلْأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ ٱلْجِبَالَ طُولًا ﴿٣٧﴾ كُلُّ ذَٰلِكَ كَانَ سَيِّئُهُۥ عِندَ رَبِّكَ مَكْرُوهًا ﴿٣٨﴾

سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴿37﴾. يۇقىرىقى (ئىش) لارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر﴿38﴾.

## ھاكاۋۇرلارچە مېڭىشنى ئەيىبلەش

الله تائالا بەندىلىرىنى ماڭغاندا ھاكاۋۇرلارچە مېڭىشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: **﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن﴾** يەنى زالىملاردەك كېرىلىپ، ھاكاۋۇرلارچە ماڭمىغىن. **﴿(ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن﴾** يەنى سەن شۇنداق مېڭىشىڭ بىلەن زېمىننى پارچىلىۋېتەلمەيسەن. بۇ، ئىبنى جەرىرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

**﴿(ھەرقانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴾** يەنى سەن كېرىلىشىڭ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىڭ ۋە ئۆزەڭدىن مەغرۇرلىنىشىڭ بىلەن **﴿ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴾** بەلكى مۇنداق قىلغان كىشى كۆزلىگەن نىشانىنىڭ ئەكسىچە جازالىنىدۇ.

بۇ ھەقتىكى ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن بىرى ئىككى توننى كىيىپ (ئۇنىڭ ئىچىدە) ھاكاۋۇرلارچە مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، توساتتىن ئۇنى زېمىن

(1) ھۇجرات سۈرىسى 12 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇتۇپ كەتتى، ئۇ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە زېمىننىڭ ئىچىدە ئۆرۈلۈپ ـ سۇقۇلۇپ يۈرىدۇ». 

شۇنىڭدەك، الله تائالا قارۇندىن خەۋەر بېرىپ: قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئۇنى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزىۋەتتى، ـ دېدى.

﴿**يۇقىرىقى (ئىش) لارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئىككى خىل ئوقۇلۇش بار بولۇپ، بىر خىل ئوقۇلۇشى بويىچە ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿**كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتىن تارتىپ، الله تائالا چەكلەپ كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى جازاغا تارتىلىدىغان، الله تائالا ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە رازى بولمايدىغان يامان ئىشلاردۇر، ـ دېگەنلىكتۇر.

يەنە بىر خىل ئوقۇلۇشى بويىچە ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[1] دېگەن ئايەتتىن باشلاپ بايان قىلىنىپ كەلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياقتۇرۇلمايدىغان يامان ئىشلاردۇر، ـ دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىككى خىل ئوقۇلۇشنىڭ ئارىسىدىكى بۇ پەرقنى ئىبنى جەرىر شۇنداق بايان قىلغان.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ مِمَّآ أَوۡحَىٰٓ إِلَيۡكَ رَبُّكَ مِنَ ٱلۡحِكۡمَةِۗ وَلَا تَجۡعَلۡ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ فَتُلۡقَىٰ فِي جَهَنَّمَ مَلُومٗا مَّدۡحُورًا ﴿٣٩﴾

بۇلار پەرۋەردىگارىڭ ساڭا ۋەھيى قىلغان ھېكمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر، الله غا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن﴿39﴾.

## يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەھيى ۋە ھېكمەت ئىكەنلىكى

ئى مۇھەممەد! سېنى قىلىشقا بۇيرۇغان بۇ ياخشى ئەخلاقلار ۋە (قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن) توسقان ناچار سۈپەتلەر بولسا، كىشىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا ۋەھيى قىلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

﴿**الله غا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلمىغىن، بولمىسا مالامەت قىلىنغان، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن**﴾ يەنى سەن ئۆزەڭ، الله تائالا ۋە مەخلۇقاتلار مالامەت قىلغان ۋە بارلىق ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان ھالدا جەھەننەمگە تاشلىنىسەن. بۇ بۇيرۇقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئوخشاش گۇناھلارنى قىلىپ سېلىشتىن پاكتۇر.

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

أَفَأَصۡفَىٰكُمۡ رَبُّكُم بِٱلۡبَنِينَ وَٱتَّخَذَ مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنَٰثًاۚ إِنَّكُمۡ لَتَقُولُونَ قَوۡلًا عَظِيمٗا ﴿٤٠﴾

ئەجەبا الله سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەر چوڭ سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر﴿40﴾.

## "پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ قىزلىرىدۇر" دەپ گۇمان قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا بۇ يەردە پەرىشتىلەرنى الله تائالانىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلغان، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى ئايال دەپ قارىدى، ئاندىن ئۇلار پەرىشتىلەرنى الله تائالانىڭ قىزلىرى دەپ دەۋا قىلدى. ئاندىن ئۇلار پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلدى. ئۇلار مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسىدە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى تەنقىدلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەجەبا الله سىلەرگە ئوغۇللارنى خاس قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ قىزلىرى قىلىۋالغانمۇ؟**﴾ يەنى گۇمانىڭلارچە ئۆزىگە قىزنى تاللىغانمىدۇ؟

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا تېخىمۇ قاتتىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھەقىقەتەن سىلەر چوڭ سۆزنى قىلىۋاتىسىلەر**﴾ يەنى گۇمانىڭلارچە الله تائالانىڭ بالىسى بار دەيسىلەر. ئاندىن ئۆزەڭلارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن قاچىدىغان، ھەتتا تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان قىزلارنى الله تائالانىڭ بالىسى دەپ قارايسىلەر، ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار، بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى، بالىسى بولۇش الله غا لايىق ئەمەستۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا فِي هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لِيَذَّكَّرُواْ وَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا نُفُورٗا ﴿٤١﴾

ئۇلارنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ (ۋەز ـ نەسىھەتنى) قۇرئاندا تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق،

(1) مەريەم سۈرىسى 88 ـــ 95 ـ ئايەتكىچە.

(بۇنىڭ بىلەن) ئۇلار (ھەقىقەتتىن) تېخىمۇ يىراقلاشماقتا﴿41﴾.

ئۇلارنى قۇرئاندىكى ھۆججەت ـ پاكىتلار ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، **الله** تائالاغا كەلتۈرۈۋاتقان شېرىكلىرىدىن، قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىدىن ۋە بوھتانلىرىدىن قايتسۇن دەپ، بىز قۇرئاندا تەھدىتلەرنى بايان قىلدۇق. **﴿(بۇنىڭ بىلەن) ئۇلار (ھەقىقەتتىن) تېخىمۇ يىراقلاشماقتا﴾**.

* * * * * * *

قُل لَّوۡ كَانَ مَعَهُۥٓ ءَالِهَةٞ كَمَا يَقُولُونَ إِذٗا لَّٱبۡتَغَوۡاْ إِلَىٰ ذِي ٱلۡعَرۡشِ سَبِيلٗا ﴿٤٢﴾ سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَقُولُونَ عُلُوّٗا كَبِيرٗا ﴿٤٣﴾

مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، **الله** بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (**الله** ئۈستىدىن) غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى﴿42﴾. **الله** پاكتۇر، ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر﴿43﴾.

ئى مۇھەممەد! **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن شېرىكى بار دەپ گۇمان قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى **الله** تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ، **الله** تائالاغا قوشۇپ باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارغا ئېيتقىن. ئەگەر ئىش سىلەر دېگەندەك بولسا ۋە پەرەز قىلغىنىڭلاردەك **الله** تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە **الله** تائالانىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالايدىغان، **الله** تائالا بىلەن بىللە ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇ ئىلاھلار **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلاتتى، **الله** تائالاغا يېقىنلىشاتتى ۋە **الله** تائالاغا (يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن) يول ۋە ۋاسىتىلارنى ئىزلەيتتى. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر خۇددى سىلەر ئىبادەت قىلغان ئىلاھلار **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلغاندەك ئىبادەتنى **الله** تائالاغىلا قىلىڭلار، ئۆزەڭلار بىلەن **الله** تائالانىڭ ئارىسىدا ئىلاھى ۋاستە قىلىشىڭلارنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى، **الله** تائالا ئۇنداق قىلىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. **الله** تائالا ئۇنداق قىلىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە قوبۇل قىلمايدۇ[1].

**الله** تائالا بەندىلىرىنى بارلىق پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋىتى ئارقىلىق بۇنداق قىلىشتىن توستى. ئاندىن **الله** تائالا ئۆزىنى پاكلاپ مۇنداق دېدى: **﴿الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر﴾** يەنى **الله** تائالا، **الله** بىلەن باشقا ئىلاھلار بار دەپ قىلغان گۇمانىدا ھەقسىز بولغان ئۇ مۇشرىكلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، كاتتىدۇر ۋە ئۈستۈندۇر. **الله** تائالا بولسا بىردۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، **الله** بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ بىر مەخلۇقات ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

* * * * * * *



(1) تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتكە ئىككى خىل مەنە بېرىشىدۇ. بىرى، ئايەتنىڭ تەرجىمىسىدە بايان قىلىنغاندەك، ئىلاھلارنىڭ **الله** تائالا ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يول ئىزدىشىدۇر. يەنە بىر خىل مەنىسى، بىز بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىلاھلارنىڭ **الله** تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن يول ئىزدىشىدىغانلىقىدۇر. بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى خىل مەنىسىنى كۈچلۈك دەپ قارىسا، بەزى ئالىملار ئىككىنچى خىل مەنىسىنى كۈچلۈك دەپ قارايدۇ.

تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبْعُ وَٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ ۚ وَإِن مِّن شَىْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ ۗ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤٤﴾

يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿44﴾.

## ھەممە نەرسىلەرنىڭ الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى

يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله تائالانى مۇشرىكلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن پاك دەپ بىلىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ، كاتتىلايدۇ، ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىق ۋە ئىلاھلىق سۈپىتىدە بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق يىر بېيىت بار:

ھەر نەرسىدە باردۇر ئۇنىڭ ئالامىتى،
بىر ئىلاھلىق ئۇلۇغ سۈپەت كارامىتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى﴾[1].

**﴿(كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)﴾** يەنى ھەممە مەخلۇقاتلار الله تائالانى مەدھىيىلەش بىلەن (الله تائالاغا) تەسبىھ ئېيتىدۇ.

**﴿لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر﴾** يەنى: ئى ئىنسانلار! سىلەر تىلىڭلار باشقا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېيتقان تەسبىھلىرىنى چۈشەنمەيسىلەر. بۇلارنىڭ ئىچىگە جانلىقلار، جانسىزلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر كىرىدۇ. بۇ سۆز بولسا، بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ئىككى خىل كۆزقاراشنىڭ مەشھۇرراقىدۇر.

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز يېيىلىۋاتقان تاماقنىڭ تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق.

ئىمام ئەھمەد مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغلىرىنىڭ قېشىدا تۇرغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىغا

(1) مەريەم سۈرىسى 90 ــ 91 ـ ئايەتلەر.

كېلىپ: «سىلەر ئۇلاغلارغا ئۇلار ساق بولغان ھالەتتە مىنىڭلار، ئۇلارنى ئۇلار ساق بولغان ھالەتتە قويۇڭلار، يوللاردا ۋە بازارلاردا (ئۇستىلىرىدە ئولتۇرۇپ) پاراڭلىشىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنى ئورۇندۇقتەك قىلىۋالماڭلار. كۆپلىگەن مىنىلىدىغان ئۇلاغلار مىنگۈچى كىشىدىن ياخشىدۇر ۋە الله تائالانى كۆپ زىكرى قىلغۇچىدۇر» دېدى.

نەسەئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پاقىنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى.

**﴿الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەي، بەلكى ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىرلىقىدا ۋە تەرسالىقىدا داۋاملىشىۋەرسە، الله تائالا ئۇنى غالىب، قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇتىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ. ناۋادا الله تائالا ئۇنى تۇتسا، ئۇنى قويۇپ بەرمەيدۇ» دەپ، ئاندىن الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى ئوقۇدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[1]، ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم (ئۇلار بۇ مۆھلەتكە مەغرۇر بولۇپ كەتتى)، ئاندىن (يەنى ئۇلارغا ئۇزاق مۇددەت مۆھلەت بەرگىنىمدىن كېيىن) ئۇلارنى جازالىدىم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر (يەنى ئاخىر ھەممىسى ماڭا كېلىدۇ)﴾[2]، ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان﴾[3].

كىمكى ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىدىن ياكى ئاسىيلىقىدىن قول ئۈزۈپ (تەۋبە قىلىپ)، الله تائالا تەرەپكە قايتسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[4].

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇففارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،

---

(1) ھۇد سۈرىسى 102 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(3) ھەج سۈرىسى 45 ـ ئايەت.
(4) نىسا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.

ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلسە، ھەر قانداق ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى، (بۇنداق بولۇشى) ئۇلارنىڭ زېمىندا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلىرى ۋە ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكەنلىكلىرىدىندۇر. ھىيلە - مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە قوللىنىلغان (الله نىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولنىلا كۈتىدۇ، الله نىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن، ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى ھالاك بولغان ئۈممەتلەر) نىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) بۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە الله نى ئىلاجسىز قالدۇرالمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر، ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى ۋە لېكىن الله ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر قىلىدۇ، ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش) نىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە (ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ جازا بېرىدۇ)، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَإِذَا قَرَأْتَ ٱلْقُرْءَانَ جَعَلْنَا بَيْنَكَ وَبَيْنَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِٱلْءَاخِرَةِ حِجَابًا مَّسْتُورًا ﴿٤٥﴾ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِذَا ذَكَرْتَ رَبَّكَ فِى ٱلْقُرْءَانِ وَحْدَهُۥ وَلَّوْا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَٰرِهِمْ نُفُورًا ﴿٤٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق﴿45﴾. قۇرئاننى چۈشەنمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، قۇرئاندا يالغۇز پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ﴿46﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىنىڭ پەردىلەنگەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! سەن مۇشرىكلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگەن چېغىڭدا، ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق، - دەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى

(1) فاتىر سۈرىسى 41 ــــ 45 - ئايەتكىچە.

قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)» دەيدۇ﴾[1].

هافىز ئەبۇيەئلا مەۋسىلى ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەببەت سۈرىسى چۈشكەندە، ئالغاي ئۇممۇ جەمىل قولىدا تاش كۆتەرگىنىچە: ساگا ۋاي! ئەيىبلەنگۈچىنىڭ قېشىغا كەلدۇق، دىنىنى تاشلىدۇق، بۇيرۇقىغا ئاسيلىق قىلدۇق، ـ دەپ ۋارقىرىغىنىچە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ خوتۇن كەلدى، مەن ئۇنىڭ سېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، مېنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيدۇ» دەپ، بىر نەچچە ئايەتنى ئوقۇپ، شۇ ئايەتلەر بىلەن ئۆزىنى ساقلىدى.

بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى الله تائالانىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان (مۇشرىكلارغا) قۇرئاننى ئوقۇغان چېغىڭدا ئۇلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا يوشۇرۇن پەردە پەيدا قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىدۇر. ئۇ خوتۇن ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىدى. ئەبۇبەكرىگە: ئى ئەبۇبەكرى! ھەمراھىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) مېنى سۆكۈپتىمىش، ـ دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق، بۇ ئۆيىنىڭ (يەنى كەبىنىڭ) پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سېنى سۆكمىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خوتۇن: قۇرەيشلىكلەر مېنىڭ قۇرەيشنىڭ كاتتىسىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، ـ دېگىنىچە قايتىپ كەتتى.

﴿**قۇرئاننى چۈشەنمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق**﴾ بۇ، ئۇلارنى قۇرئاننى ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن، توغرا يول تاپىدىغان دەرىجىدە تىڭشاشتىن توسۇپ قويىدىغان ئېغىرلىقتۇر.

﴿**قۇرئاندا يالغۇز پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالساڭ**﴾ يەنى سەن قۇرئاننى ئوقۇغان ۋاقتىڭدا الله تائالانىڭ شېرىكى يوق، يالغۇز زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سۆزنى، يەنى "لائىلاھە ئىللەللاھ" نى تىلغا ئالساڭ، ﴿**ئۇلار ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. الله دىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ﴾[2].

﴿**قۇرئاندا يالغۇز پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالساڭ، ئۇلار ئۈركۈپ قېچىپ كېتىدۇ**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مۇسۇلمانلار "لائىلاھە ئىللەللاھ" دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان ئىدى، مۇشرىكلار بۇ سۆزنى ئىنكار قىلدى. بۇ، مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. بۇ سۆزگە ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇش ئاچتى. (لېكىن) الله تائالا بۇ سۆزنى ئۈستۈن قىلدى، بۇ سۆزگە ياردەم بەردى ۋە (بۇ سۆزنى) ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى. شەكسىز بۇ، بۇنىڭ تەرەپدارى بولۇپ مۇنازىرىلەشكەن ئادەم غەلىبە قىلىدىغان، ئۇنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

قىلغان ئادەم يالغۇز يازغۇچىنىڭ يۈزتۆت بېرىشىدىغان سۆزدۇر. بۇ، پەقەت ئۇلاغلىق بىر كىشى بىر نەچچە كۈنلا ماڭسا، كېسىپ ئۆتۈپ بولىدىغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلار بىر ئاڭلاپلا چۈشىنەلەيدىغان، شۇ ئۇلاغلىق كىشى زامانلارغىچە كېزىپ بولالمايدىغان، زېمىن ئەھلى بىر ئاڭلاشتىلا چۈشىنەلمەيدىغان ۋە ئىقرار قىلمايدىغان سۆزدۇر[1].

*******

﴿نَّحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَسْتَمِعُونَ بِهِۦٓ إِذْ يَسْتَمِعُونَ إِلَيْكَ وَإِذْ هُمْ نَجْوَىٰٓ إِذْ يَقُولُ ٱلظَّـٰلِمُونَ إِن تَتَّبِعُونَ إِلَّا رَجُلًا مَّسْحُورًا ﴿٤٧﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ ضَرَبُوا۟ لَكَ ٱلْأَمْثَالَ فَضَلُّوا۟ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ سَبِيلًا ﴿٤٨﴾﴾

تىلاۋەتنىڭگە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن (يەنى مەسخىرە ئۈچۈن) قۇلاق سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار قىرائىتىڭنى تىڭشىغان چاغلىرىدا (سېنىڭ توغراڭدا) پىچىرلىشىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا زالىملار (مۆمىنلەرگە): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن ئادەمگىلا ئەگىشىۋاتىسىلەر» دەيدۇ﴿47﴾. ئۇلارنىڭ سېنىڭ توغراڭدا (بىردەم سېھىرگەر، بىردەم شائىر ۋە بىردەم مەجنۇن دېگەندەك) نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار (مۇشۇنداق بوھتانلارنى چاپلاش بىلەن) ئازدى، ئۇلار (ھىدايەتكە) يول تاپالمايدۇ﴿48﴾.

## قۇرەيشلىكلەرنىڭ قۇرئاننى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆزئارا پىچىرلىشىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە پەيغەمبىرگە قۇرەيشنىڭ چوكىلىرىدىن بەزىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرلەنگەن كىشى، بەزىسىنىڭ شائىر، بەزىسىنىڭ داخان، بەزىسىنىڭ جىن چاپلىشىۋالغان ۋە بەزىسىنىڭ سېھىرگەر دەپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇۋغان قۇرئاننى قەۋمىدىن يوشۇرۇن ئاڭلىغىلى كەلگەندە، ئۆزئارا مەخپىي قىلىشقان پاراڭلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ سېنىڭ توغراڭدا (بىردەم سېھىرگەر، بىردەم شائىر ۋە بىردەم مەجنۇن دېگەندەك) نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار (مۇشۇنداق بوھتانلارنى چاپلاش بىلەن) ئازدى، ئۇلار (ھىدايەتكە) يول تاپالمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەققە يېتەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يول تاپالمايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كېچىسى ئەبۇسۇفيان، ئەبۇجەھل ۋە ئەخنەس ئىبنى شەرىق قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كېچىدە) ئۆيىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوقۇۋغان قۇرئاننى تىڭشاش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە كېلىپ (ھەر بىرى بىر يەردە) ئولتۇردى. لېكىن، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلار تاكى تاڭ ئاتقۇچە قۇرئان تىڭشىدى. تاڭ ئاتقاندا، ئۆيلىرىگە قايتىش يولىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىشتى. ئاندىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە: بۇ يەرگە قايتا كەلمەيلى، ئەگەر بىز

(1) بۇ سۆزنى ئەرەبلەرنىڭ تېز چۈشىنەلىشىدىكى سەۋەب، سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ شۇ مەنىنى بىۋاستە ئوقتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ يەرگە قايتا كەلسەك ، بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئىچىمىزدىكى ئەخمەقلەر كۆرۈپ قالسا ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا (مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەققىدە) بىر نەرسە سېلىپ قويغۇدەكمىز (شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇھەممەدكە ئەگىشىپ كېتىدۇ)، ـ دەپ (ئۆيلىرىگە) قايتىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى كېچىسى، ئۇلار يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ، كېچىچە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنى) تىڭشاپ چىقتى. (تاڭ ئاتقاندا) ئۇلار قايتىش يولىدا يەنە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرىنچى كۈنى بىر ـ بىرىگە دېيىشكەن گەپلىرىنى دېيىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئۇلار يەنە بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ، كېچىچە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنى) تىڭشاپ چىقتى. تاڭ ئاتقاند ،ا ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە: بىز بۇ يەرگە (ھەرگىز) قايتا كەلمەسلىككە ۋەدە قىلىشمىغۇچە بۇ يەردىن قايتمايمىز، ـ دېيىشىپ (بۇ يەرگە قايتا كەلمەسلىككە) ۋەدە قىلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئەخنەس ئىبنى شەرىق ھاسىسىغا تايىنىپ ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ: ئى ئەبۇسۇفيان! سەن بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان نەرسە ھەققىدە قانداق قارايدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بەرگىن!ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان: ئى ئەخنەس! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىن مەن بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرنى، شۇنداقلا مەن بىلەلمەيدىغان ۋە نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئەخنەس: مەندىمۇ سەن قەسەم ئىچىپ دېگەن سۆزلەردىكى ئەھۋال يۈز بەردى، ـ دېدى.

ئاندىن ئۇ ئەبۇسۇفيانىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، ئەبۇجەھلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇجەھل! سەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان نەرسىلىرىڭ ئۈستىدە قانداق قارايدىغانلىقىڭنى دەپ بەرسەڭ، ـ دېدى. ئەبۇجەھل: نېمىنى ئاڭلايتتىم. بىز ۋە ئابدۇمەناف جەمەتى ئۆزئارا ئابروي تالىشاتتۇق. ئۇلار كىشىلەرگە تائام بەرسە، بىزمۇ بەردۇق. ئۇلار جەڭگە ئاتلانسا، بىزمۇ ئاتلاندۇق. ئۇلار كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسە، بىزمۇ بەردۇق. ھەتتا بىز مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزگە قارمۇ قارشى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا، خۇددى گۆرۈگە قويۇلغان ئىككى ئاتقا ئوخشاش بولاتتۇق. ئۇلار: بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئاسماندىن ۋەھيي چۈشىدىغان بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. بۇنى قاچانمۇ كۆرەرمىز؟ـ دەيتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەخنەس ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

* * * * * *

وَقَالُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ خَلۡقًا جَدِيدًا ﴿٤٩﴾ ۞ قُلۡ كُونُواْ حِجَارَةً أَوۡ حَدِيدًا ﴿٥٠﴾
أَوۡ خَلۡقًا مِّمَّا يَكۡبُرُ فِي صُدُورِكُمۡۚ فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَاۖ قُلِ ٱلَّذِي فَطَرَكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٖۚ فَسَيُنۡغِضُونَ
إِلَيۡكَ رُءُوسَهُمۡ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هُوَۖ قُلۡ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَرِيبٗا ﴿٥١﴾ يَوۡمَ يَدۡعُوكُمۡ فَتَسۡتَجِيبُونَ
بِحَمۡدِهِۦ وَتَظُنُّونَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٥٢﴾

مۇشرىكلار: «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ﴿49﴾. سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ) ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان الله تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن، ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: «ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ، (سەن) «ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن﴿51 ـ 50﴾. شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴿52﴾.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمىگەنلەرگە بېرىلگەن رەددىيە

الله تائالا قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق دەپ قارىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ چاڭ ـ توزاڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

﴿**چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟»**﴾ يەنى بىز چىرىپ تىلغا ئېلىنمايدىغان نەرسىدەك يوق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟ الله تائالا بۇلار توغرىسىدا باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: «راستلا بىز ئاۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇق؟)، ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟»، ئۇلار ئېيتتى: «ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) زىيانلىق قايتىشتۇر (يەنى بىز ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغان بولساق، دوزاخ ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زىيان تارتقۇچىلارمىز)»﴾[1]، ﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى، ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر»﴾[2].

الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا بۇ جاۋابنى بېرىشكە بۇيرىدى: ﴿**سىلەر تاش ياكى تۆمۈر**﴾ يەنى سىلەر يارىتىلىشى قۇرۇپ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەردىنمۇ تەس بولغان، تاش ياكى تۆمۈرگە ئوخشاش نەرسە بولساڭلارمۇ الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

﴿**ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ)**﴾ ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئەبۇنۇجەيھدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىدىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇ نەرسە ئۆلۈمدۇر (يەنى ئۆلۈپ

(1) نازىئات سۈرىسى 10 ـــ 12 ـ ئايەتكىچە.
(2) ياسىن سۈرىسى 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر.

كەتسەڭلارمۇ الله تائالا سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ)، ـ دېدى.

ئەتىيە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەگەر سىلەر ئۆلۈك بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، ئەلۋەتتە، مەن سىلەرنى تىرىلدۈرىمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسالىھ، ھەسەن، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى. يەنى ئەگەر سىلەرنىڭ ھاياتلىقنىڭ قارشىسى بولغان ئۆلۈمگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىڭلار پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، الله تائالا خالىسا، سىلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرىدۇ. چۈنكى، الله تائالا بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر ئاسمان، زېمىن ۋە تاغلار بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۆزەڭلار خالىغان بىر نېمە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ) الله تائالا سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ﴾** يەنى بىز تاش ياكى تۆمۈر ۋە ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان باشقا بىر نەرسە بولۇپ كەتسەك، بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟

**﴿«سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان الله تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن﴾** يەنى ئەسلىدە تىلغا ئالغۇدەك نەرسە بولمىغان سىلەرنى يارىتىپ، (زېمىنغا) تارقىلىدىغان ئادەم قىلغان الله تائالا سىلەر (چىرىپ) شۇ ھالەتكە يەتسەڭلەرمۇ، سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە يەنە قادىردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) الله غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر﴾[1].

**﴿ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار مازاق قىلىش يۈزىسىدىن باشلىرىنى لىڭشىتىپ: **﴿«ئۇ قاچان بولىدۇ؟» دېيىشىدۇ﴾** يەنى بۇ، ئۇلارنىڭ قايتا تىرىلىشنى يىراق كۆرگەنلىكىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ﴾[2]، ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ﴾[3].

**﴿(سەن) «ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ» دېگىن﴾** يەنى سىلەر ئۇنىڭدىن سەگەك تۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئۇ شەكسىز سىلەرگە كېلىدۇ. كېلىۋاتقان ھەرقانداق نەرسە ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ.

**﴿شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن الله

(1) رۇم سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(3) شۇرا سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر﴾[1] يەنى الله تائالا سىلەرنى قەبرىدىن چىقىشقا بۇيرۇسا، سىلەر دەرھال چىقىسىلەر. چۈنكى، الله تائالا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسىتىلمەيدىغان زاتتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى بولساق) بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، (ئۇ) كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا (ئورۇنلىنىدۇ)﴾[2]، ﴿بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دەيمىز ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ﴾[3]، ﴿بىر سەيھە (يەنى ئىسراپىلنىڭ سۇر چېلىشى) بىلەنلا ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ﴾[4] يەنى ئۇ، پەقەت مېڭىشقا بېرىلىدىغان بىر بۇيرۇقتۇركى، شۇنىڭ بىلەن، بارلىق كىشىلەر زېمىننىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىدۇ.

**﴿شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر﴾** يەنى ھەممىڭلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ۋە ئۇنىڭ خالىشىغا بويسۇنغان ھالەتتە (قەبرىلىرىڭلاردىن) تۇرىسىلەر.

**﴿ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر﴾** يەنى قەبرىلىرىڭلاردىن تۇرغان ۋاقتىتا، دۇنيادا پەقەت ئاز مۇددەت تۇرغاندەك گۇمان قىلىسىلەر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾[5]، ﴿بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز، (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى: «سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾[6]، ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە مۇشرىكلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى﴾[7]، ﴿الله (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ، ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي ـ كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى پەرىشتە دىن سورىغىن» دەيدۇ (ئۇلار دوزاختا چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ)، الله «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇردۇڭلار» دەيدۇ﴾[8].

* * * * * * *

(1) رۇم سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(4) نازىئات سۈرىسى 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.
(5) نازىئات سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(6) تاھا سۈرىسى 102 ـ 104 ـ ئايەتكىچە.
(7) رۇم سۈرىسى 55 ـ ئايەت.
(8) مۆئمىنۇن سۈرىسى 112 ــــ 114 ـ ئايەتكىچە.

وَقُل لِّعِبَادِى يَقُولُوا۟ ٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَـٰنَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَـٰنَ كَانَ لِلْإِنسَـٰنِ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿٥٣﴾

بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴿53﴾.

## سۆز قىلغاندا ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئەدەب بىلەن سۆزلەش كېرەكلىكى

الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىدە ۋە مۇنازىرىلىرىدە چىرايلىق ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا چاقىرىشقا بۇيرىدى. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلمىسا، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە سالىدۇ. پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. پاراڭنى ئۇرۇشۇشقا ئايلاندۇرىدۇ ۋە ئارىغا يامانلىق، دۈشمەنلىك سالىدۇ. چۈنكى، شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا (ئۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقاندىن باشلاپ) دۈشمەندۇر ۋە ئۆچمەنلىكى ئوچۇقتۇر، شۇڭا بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا تۆمۈرنى تەڭلەشتىن توسۇلدى. چۈنكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىغا پىتنە سالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قولىنى كۆتەرگۈچى تۆمۈرنى ئېتىپ سېلىشى مۇمكىن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال (يەنى بىسلىق نەرسىلەر) بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن. چۈنكى ئۇ، شەيتاننىڭ ئۇنىڭ قولىغا پىتنە سېلىپ قويۇپ، شۇ سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ دوزاخنىڭ ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىشىنى بىلمەيدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملارمۇ رىۋايەت قىلدى.

*******

رَّبُّكُمْ أَعْلَمُ بِكُمْ ۖ إِن يَشَأْ يَرْحَمْكُمْ أَوْ إِن يَشَأْ يُعَذِّبْكُمْ ۚ وَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ عَلَيْهِمْ وَكِيلًا ﴿٥٤﴾ وَرَبُّكَ
أَعْلَمُ بِمَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ عَلَىٰ بَعْضٍ ۖ وَءَاتَيْنَا دَاوُۥدَ زَبُورًا ﴿٥٥﴾

الله سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ، خالىسا سىلەرنى ئازابلايدۇ، سېنى ئۇلار (يەنى كاپىرلار) غا ھامىي قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق﴿54﴾. پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴿55﴾.

**﴿الله سىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** يەنى ئى ئىنسانلار! الله تائالا ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ ھىدايەتكە ھەقلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**﴿خالىسا سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالا خالىسا، سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلەرگە ۋە تەۋبە قىلىشقا ئۇتۇق بېرىشى بىلەن رەھىم قىلىدۇ.

**﴿خالىسا سىلەرنى ئازابلايدۇ، سېنى ئۇلار (يەنى كاپىرلار) غا ھامىي قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق﴾**

يەنى ئى مۇھەممەد! بىز سېنى پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. كىمكى، ساڭا بويسۇنسا جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى ساڭا بويسۇنمىسا دوزاخقا كىرىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بويسۇنۇشتا ۋە بويسۇنماسلىقتا بولغان دەرىجىلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىدىن ئارتۇق قىلىنغانلىقى

**﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ الله ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى﴾[1] بۇ ئايەتلەر ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەرلەرنى بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن بىلمەڭلار» دېگەن ھەدىسكە زىت كەلمەيدۇ.

ھەدىستە كەلگەن بۇ ئىش ھېچ قانداق دەلىل ـ پاكىتسىز، پەقەت بىرسىگە يان بېسىپلا پەيدا قىلغان ئۈستۈنلۈكتۇر. ئەگەر دەلىل ـ پاكىت ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، دەلىل ـ پاكىتقا ئەگىشىش لازىم. كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ھېچ قانداق ئىختىلاپ يوقتۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ كاتتا ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەر ھەممە پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈندۇر. ئۇ كاتتا ئىرادىلىك بەش پەيغەمبەر الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە ئىسمىلىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەردۇر: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، الله (قىيامەت كۈنى) راستچىللاردىن راستچىللىقى توغرۇلۇق سورايدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزگەنلىكىنى سورايدۇ)، الله كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى﴾[2].

﴿الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار﴾[3] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىدە ھېچ قانداق ئىختىلاپ يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن قالسا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن قالسا (مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن) ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈستۈندۇر. بىز بۇ مەسىلىنى باشقا يەردە دەلىل ـ پاكىتلىرى بىلەن بايان قىلدۇق. الله تائالا ئۇتۇق بەرگۈچىدۇر.

**﴿داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾** بۇ ئايەتتە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىك

(1) بەقەرە سۈرىسى 253 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
(3) شۇرا سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئان (يەنى زەبۇر) داۋۇدقا يەڭگىل قىلىنىپ بېرىلدى. ئۇ، ئۇلىغىنى توقۇشقا بۇيرۇيتتى، ئۇلاغ توقۇلۇپ بولۇشتىن بۇرۇن قۇرئاننى ئوقۇپ بولاتتى».

*******

قُلِ ٱدْعُوا۟ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُم مِّن دُونِهِۦ فَلَا يَمْلِكُونَ كَشْفَ ٱلضُّرِّ عَنكُمْ وَلَا تَحْوِيلًا ﴿٥٦﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَىٰ رَبِّهِمُ ٱلْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُۥ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُۥٓ ۚ إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُورًا ﴿٥٧﴾

سىلەر اللّٰه نى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ﴿56﴾. ئۇلار (اللّٰه نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللّٰه غا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر﴿57﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه تائالاغا يېقىنلىششتا ۋاستە تەلەپ قىلىدىغانلىقى

اللّٰه تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى اللّٰه تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**سىلەر اللّٰه نى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار**﴾ يەنى سىلەر بۇتلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار.

﴿**ئۇلارنىڭ قولىدىن سىلەردىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشمۇ ۋە ئۇنى (باشقىلارغا) يۆتكەپ قويۇشمۇ كەلمەيدۇ**﴾ يەنى بۇنداق قىلىشقا قادىر بولىدىغىنى پەقەتلا يارىتىش ۋە بۇيرۇق قىلىش قۇدرىتى ئۆز ئىلكىدە بولغان شېرىكى يوق، يالغۇز اللّٰه تائالادۇر.

﴿**سىلەر اللّٰه نى قويۇپ (خۇدا) دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار**﴾ ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ پەرىشتىلەرگە، ئىسا ۋە ئۇزەيرە ئەلەيھىسسالاملارغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. چاقىرىلىدىغانلار بولسا پەرىشتىلەر، ئىسا ۋە ئۆزەيرە ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

﴿**ئۇلار (اللّٰه نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق اللّٰه غا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)**﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھنىڭ: بىر تۈركۈم جىنلار (باشقىلار تەرىپىدىن) ئىبادەت قىلىناتتى، ئاندىن ئۇ جىنلار

ئىسلامغا كىردى (يەنە بىر رىۋايەتتە: بىر تۈركۈم كىشىلەر بىر گۇرۇھ جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى، جىنلار مۇسۇلمان بولدى) (ئەمما) ئۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىۋەردى دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ**﴾ يەنى ئىبادەت قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش بىلەن تولۇقلىنىدۇ. قورقۇش بىلەن يامان ئىشلاردىن يانىدۇ، ئۈمىد قىلىش بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىدۇ.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ۋە ئازابىنىڭ چۈشۈشىدىن قورقۇش لازىمدۇر. بىز الله تائالاغا سىغىنىپ، ئۇ ئازابتىن پاناھ تىلەيمىز!

* * * * * * *

وَإِن مِّن قَرۡيَةٍ إِلَّا نَحۡنُ مُهۡلِكُوهَا قَبۡلَ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَوۡ مُعَذِّبُوهَا عَذَابٗا شَدِيدٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٥٨﴾

(الله غا ئاسىيلىق قىلغان) قانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ھالاك قىلىمىز ياكى ئۇنى قاتتىق ئازابلايمىز، بۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن (ھۆكۈم) دۇر﴿58﴾.

## كاپىرلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن گۇمران قىلىنىدىغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلار خاتىرىلەنگەن تاختىغا قانداقلا شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى ياكى ئۇنىڭ ئادەملىرىنى پەقەت يوقىتىۋېتىش بىلەن ھالاك قىلىدىغانلىقىنى ياكى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىش بىلەن ياكى ئۆزى خالىغان بىر بالا بېرىش بىلەن ئازابلايدىغانلىقىنى پۈتۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ۋە خاتالىقلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى﴾[1]، ﴿نۇرغۇن شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىدىن باش تارتتى، ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدۇق ۋە ئۇلارنى قاتتىق جازالىدۇق، ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ ۋابالىنى تېتىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان تارتىشتىن ئىبارەت بولدى﴾[2].

(1) ھۇد سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) تالاق سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.

*******

وَمَا مَنَعَنَآ أَن نُّرۡسِلَ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّآ أَن كَذَّبَ بِهَا ٱلۡأَوَّلُونَۚ وَءَاتَيۡنَا ثَمُودَ ٱلنَّاقَةَ مُبۡصِرَةٗ فَظَلَمُواْ بِهَاۚ وَمَا نُرۡسِلُ بِٱلۡأٓيَٰتِ إِلَّا تَخۡوِيفٗا ﴿٥٩﴾

(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر، بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۆجىزە) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز﴿59﴾.

## مۆجىزىلەرنى ئەۋەتمەسلىكنىڭ سەۋەبى

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دېدى: مۇشرىكلار: ئى مۇھەممەد! سەن، ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە شامال بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلدى ۋە بەزىسىگە ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان قۇدرەت بېرىلدى دەپ قارايسەن. ئەگەر بىزنىڭ ساڭا ئىمان كەلتۈرۈشىمىز ۋە ساڭا ئىشىنىشىمىز سېنى خۇرسەن قىلىدىغان بولسا، پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن. ئۇ بىزگە سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسۇن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: مەن ئۇلارنىڭ ساڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم، ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ بېرىمىز. ئەگەر ئۇلار (يەنە) ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدۇ. چۈنكى، مۆجىزە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنازىرە بولمايدۇ. ئەگەر قەۋمىڭگە مۆھلەت بېرىشىمىزنى خالىساڭ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، ـ دەپ ۋەھيي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلارغا مۆھلەت بەرگىن» دېدى. بۇ ھەقتە قەتادە، ئىبنى جۇرەيىر ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋە زىرائەت تېرىشلىرى ئۈچۈن (مەككىنىڭ قېشىدىكى) تاغلارنى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ئەگەر خالىساڭ ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمىز. خالىساڭ، ئۇلارغا تەلەپ قىلغانلىرىنى قىلىپ بېرىمىز. ئەگەر ئۇلار (تەلەپ قىلغانلىرىغا ئېرىشىپ بولۇپ) يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلار خۇددى ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ھالاك قىلىنغاندەك ھالاك قىلىنىدۇ، ـ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ياق، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلسۇن» دېدى.

ئاندىن **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر**﴾ بۇنى نەسەئىمۇ ئىبنى جەرىرنىڭ ھەدىسىدىن رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن. ئۇ، بىزگە سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «راست

ئىمان ئېيتامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا دۇئا قىلدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: پەرۋەردىگارىڭ ساڭا سالام دېدى. پەرۋەردىگارىڭ ساڭا: ئەگەر خالىساڭ، سەفا تېغىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىمەن، كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن. ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارغا تەۋبە ۋە رەھمەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىمەن دەيدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(مەن) تەۋبە ۋە رەھمەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىشىنى خالايمەن» دېدى.

﴿بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا كىشىلەرنى ئىبرەت ئالسۇن، (ﷲ تائالانى) ئەسلىسۇن ۋە (ﷲ تائالا تەرەپكە) قايتسۇن دەپ، خالىغان مۆجىزىلىرى بىلەن كىشىلەرنى قورقىتىدۇ. بىزگە (ئىبنى مەسئۇدنىڭ زامانىدا كۇفە قاتتىق بىر تىترىگەن ۋاقتىدا) ئىبنى مەسئۇدنىڭ: ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ رازى قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى رازى قىلىڭلار دېگەنلىكى بايان قىلىندى، ـ دېدى.

شۇنىڭدەك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مەدىنىدىمۇ نەچچە قېتىم يەر تەۋرىگەنلىكى، ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: سىلەر يوق ئىشلارنى پەيدا قىلدىڭلار، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر يەر يەنە تەۋرىسە، ئەلۋەتتە، مەن ماۋۇ، ماۋۇ ئىشلارنى قىلىمەن، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن كۈن ۋە ئاي ﷲ تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىككىسىدۇر. ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ياكى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىگە تۇتۇلمايدۇ. لېكىن، ﷲ تائالا ئۇلار بىلەن بەندىلىرىنى قورقۇتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلەر، ﷲ تائالانى ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ﷲ تائالانىڭ قۇلىنىڭ ياكى ئۇنىڭ چۆرىسىنىڭ (يەنى ﷲ تائالانىڭ ئەر ـ ئايال بەندىلىرىنىڭ) زىنا قىلىپ قېلىشىغا ﷲ تائالادىن بەك كۈندەشلىك قىلىدىغان بىرسى يوقتۇر. ئى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى! ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلايتتىڭلار».

* * * * * * *

وَإِذۡ قُلۡنَا لَكَ إِنَّ رَبَّكَ أَحَاطَ بِٱلنَّاسِۚ وَمَا جَعَلۡنَا ٱلرُّءۡيَا ٱلَّتِيٓ أَرَيۡنَٰكَ إِلَّا فِتۡنَةٗ لِّلنَّاسِ وَٱلشَّجَرَةَ ٱلۡمَلۡعُونَةَ فِي ٱلۡقُرۡءَانِۚ وَنُخَوِّفُهُمۡ فَمَا يَزِيدُهُمۡ إِلَّا طُغۡيَٰنٗا كَبِيرٗا ﴿٦٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ (ئەھۋالى) نى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق، بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان

زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق، بىز ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) قورقۇتىمىز. بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ﴿60﴾.

## الله تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن نەرسىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن سىناق قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يامانلىق يەتكۈزۈشىدىن ساقلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارغا قارىتا خالىغىنىنى قىلىشقا قادىردۇر. ئۇلار الله تائالانىڭ چاڭگىلىدا، الله تائالانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە كۈچى ئاستىدىدۇر.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ (ئەھۋالى) نى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق﴾** مۇجاھىد، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ھەسەن، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالا سېنى كىشىلەردىن ساقلىدى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق﴾** ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: (الله تائالا كۆرسەتكەن كۆرۈنۈش بولسا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) كۆرسىتىلگەن نەرسىلەردۇر، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ بولسا، زەققۇم دەرىخىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئابدۇررازاق ۋە باشقىلارمۇ رىۋايەت قىلدى. ئەۋفىيمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، مەسرۇق، ئىبراھىم، قەتادە، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە باشقىلارمۇ: بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسى بولغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

الله تائالاغا ھەمدۇساناlar بولسۇن! بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەر سۈرىنىڭ بېشىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ۋە ئەقىللىرى بۇ ئىشنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقلىرى، كۆتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن (چۈشەنمەستىن ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ھەق دىنغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن) دىنلىرىدىن يېنىۋالغانلىقى، الله تائالا بۇ ئىشنى يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلارنى مۇستەھكەملىككە ۋە قاتتىق ئىشىنىشكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسە قىلغانلىقىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق﴾** يەنى بۇ ئىش الله تائالانىڭ سىنىقىدۇر.

قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ بولسا، زەققۇم دەرىخىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە جەننەتنى، دوزاخنى ۋە زەققۇم دەرىخىنى كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندە، ئۇلار

بۇنىمۇ ئىنكار قىلدى، ھەتتا ئەبۇجەھلنىڭ (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!): خورما بىلەن سۈزمە ئېلىپ كېلىڭلار (ئۇلار كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن يەپ بېقىپ)، بۇنى زەققۇم (دەرىخىنىڭ) مېۋىسى قىلىڭلار، بىز بۇنىڭدىن باشقا زەققۇمنى بىلمەيمىز، - دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. بۇنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مەسرۇق، ئەبۇمالىك، ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلدى.

بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقسا مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەن كېچىسى بولغان ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن بارلىق ئالىملار: قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ بولسا، زەققۇم دەرىخىدۇر، - دېدى.

﴿**بىز ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) قورقۇتىمىز**﴾ يەنى بىز ئۇلارنى تەھدىت ۋە ئازاب بىلەن قورقۇتىمىز.

﴿**بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز ئۇلارنىڭ يولسىزلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ**﴾ يەنى (بىزنىڭ قورقۇتۇشىمىز) ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىنى ۋە ئازغۇنلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ، ﷲ تائالانىڭ ئۇلارنى مات قىلىشىدىن بولغاندۇر.

* * * * * * *

وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ قَالَ ءَأَسْجُدُ لِمَنْ خَلَقْتَ طِينًا ﴿٦١﴾ قَالَ
أَرَءَيْتَكَ هَٰذَا ٱلَّذِى كَرَّمْتَ عَلَىَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُۥٓ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٦٢﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار!» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى﴿61﴾. ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)» دېدى﴿62﴾.

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى



ﷲ تائالا ئىبلىسنىڭ (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا تۇتقان ئاداۋىتىنى ۋە بۇ ئاداۋەتنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپلا پەيدا بولغان كونا ئاداۋەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ﷲ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتىپ، سەجدە قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلدى ۋە باش تارتتى. ﷲ تائالا ئىبلىسنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئىبلىس: «سەن لايدىن ياراتقانغا سەجدە قىلامدىمەن؟» دېدى**﴾. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس: «مەن

ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى﴾[1].

ئىبلىس پەرۋەردىگارغا ئەدەبسىزلىك ۋە كاپىرلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)»**﴾ پەرۋەردىگار ئۇنى ئازابلاشقا ئالدىرىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئادەم بالىلىرىدىن ئازغىنىسىدىن باشقىسىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ مەنىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. يەنى ئىبلىس: ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ھۆرمەتلىك ۋە ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى ئازدۇرىمەن، ـ دېدى.

* * * * * * *

قَالَ ٱذۡهَبۡ فَمَن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَآؤُكُمۡ جَزَآءٗ مَّوۡفُورٗا ﴿٦٣﴾ وَٱسۡتَفۡزِزۡ مَنِ ٱسۡتَطَعۡتَ مِنۡهُم
بِصَوۡتِكَ وَأَجۡلِبۡ عَلَيۡهِم بِخَيۡلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكۡهُمۡ فِي ٱلۡأَمۡوَٰلِ وَٱلۡأَوۡلَٰدِ وَعِدۡهُمۡۚ وَمَا يَعِدُهُمُ
ٱلشَّيۡطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿٦٤﴾ إِنَّ عِبَادِي لَيۡسَ لَكَ عَلَيۡهِمۡ سُلۡطَٰنٞۚ وَكَفَىٰ بِرَبِّكَ وَكِيلٗا ﴿٦٥﴾

الله (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگەشسىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر﴿63﴾. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىقىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن ـ شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر﴿64﴾. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر»﴿65﴾.

ئىبلىس الله تائالادىن مۆھلەت بېرىشنى سورىغان ئىدى، الله تائالا ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«جەزمەن ساڭا مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ»﴾[2] ئاندىن الله تائالا ئىبلىسقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەمنىڭ بالىلىرىغا جەھەننەمنى بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگەشسىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر**﴾ يەنى سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلار ئۈچۈن (بېرىلگەن) تولۇق جازادۇر. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ

(1) ساد سۈرىسى 76 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 80 ـ 81 ـ ئايەتلەر.

مەنىسى ھەققىدە: (جەھەننەم) سىلەرگە بېرىلگەن تولۇق جازادۇر، ئۇنىڭدىن كىچىككىنىمۇ نەرسە كېمىيىپ كەتمەيدۇ دېگەنلىكتۇر، ــ دېدى.

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمگىنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن﴾ بەزى ئالىملار: ئاۋازدىن ناخشا ـ مۇزىكا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ــ دەيدۇ. مۇجاھىد: ئاۋازدىن ئويۇن ـ تاماشا ۋە ناخشا ـ مۇزىكا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ــ دېدى. يەنى سەن ئۇلارنى مۇشۇ ئىشلار بىلەن قوزغاتقىن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: (ئاۋازدىن) الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا چاقىرىدىغان بارلىق نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ــ دېدى. بۇ ھەقتە قەتادەمۇ شۇنداق دېدى. ئىبنى جەرىر بۇنى توغرا دەپ قارىدى.

﴿ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن﴾ يەنى سەن قولۇڭدىن كېلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىل. شەيتانىڭ شۇنداق قىلىشى بۇرۇندىن پۈتۈلۈپ كەتكەن ئىشتۇر، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىزنىڭ شەيتانلارنى كاپىرلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى (يەنى مۇسەللەت قىلغانلىقىمىزنى) بىلمەمسەن؟ شەيتانلار ئۇلارنى (گۇناھلارغا) قىزىقتۇرىدۇ﴾[1] يەنى شەيتانلار ئۇلارنى گۇناھلارغا ھەيدەيدۇ ۋە ئىتتىرىدۇ.

﴿ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: بۇنىڭدىن الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا بارلىق ئۇلاغلىقلار ۋە پىيادىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ــ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: شەيتانىڭ (ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان) جىنىدىن ۋە ئىنساندىن بولغان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرى باردۇر، ــ دېدى.

﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: شەيتانىڭ ئىنسانلارنىڭ ماللىرىغا شېرىك بولغىنى شەيتانىڭ ئۇلارنى ماللىرىنى يامان يەرلەرگە ۋە گۇناھ ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر، ــ دېدى. ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە زەھھاكلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتان شېرىك بولغان باللار بولسا، ھارامدىن تېپىلغان باللاردۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتانىڭ ئىنسانلارنىڭ بالىلىرىغا شېرىك بولغانلىقى ئىنسانلارنىڭ ھاماقەتلىك ۋە نادانلىق قىلىپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇر.

قەتادە ھەسەنبەسرىنىڭ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەيتان ئىنسانلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار بالىلىرىنى ئوتپەرەس، يەھۇدىي، خىرىستىئان ۋە دىنسىز قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى ۋە ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى شەيتانىڭ يوللىرى ئۈچۈن ئايرىدى، ــ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. قەتادەمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى.

ئىبنى جەرىر: ﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن﴾ دېگەن ئايەتتە الله تائالا شېرىكچىلىكنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەن بىر مەنىگە قارىتىۋالمىدى. شۇڭا، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان ياكى شەيتانىڭ دېگىنى ئورۇندالغان، بالا ۋە پۇل ـ مالغا مۇناسىۋەتلىك

(1) مەريەم سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

ھەر قانداق ئىش بولسا، شۇ ئىشتا شەيتاننىڭ شېرىكلىكى بار ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا ھەدىس قۇددىسىدا: ھەقىقەتەن مەن بەندىلىرىمنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم، ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنلىرىدىن ئازدۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ھارام سانايدىغان قىلىۋەتتى، ـ دەيدۇ.» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئايالى بىلەن بىللە بولماقچى بولسا، ئۇ: اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى اللە! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، شەيتاننى بىزگە بەرگەن نېمىتىڭدىن يىراق قىلغىن، ـ دېسە، شۇ قېتىمقى بىللە بولۇشتىن اللە پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا، شەيتان ئۇ بالىغا زىيان سالالمايدۇ».

**﴿ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن ـ شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر﴾** اللە تائالا قىيامەت كۈنى ھەق ئايدىڭلاشقاندا شەيتاننىڭ دەيدىغان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «اللە ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق، دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر (دەيدۇ)﴾[1].

**﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن﴾** بۇ، اللە تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنى قوغلاندى شەيتاندىن ساقلايدىغانلىقىدىن ۋە قوغدايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشىدۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر»﴾** يەنى ساقلىغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچى بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.

* * * * * * *

رَّبُّكُمُ ٱلَّذِى يُزْجِى لَكُمُ ٱلْفُلْكَ فِى ٱلْبَحْرِ لِتَبْتَغُوا۟ مِن فَضْلِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ﴿٦٦﴾

پەرۋەردىگارىڭلار، سىلەرنى پەزلىنى (يەنى پەزلىدىن بولغان رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلسۇن دەپ، كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿66﴾.

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## كېمىنىڭ ﷲ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە كېمىنى دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ، ﷲ تائالانىڭ رىزقىنى تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن كېمىنى ئۇلارنىڭ پايدىسىغا كۆندۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئۇلارغا قىلغان مېھرىبانلىقىدىن ۋە رەھمىتىدىن خەۋەر بەردى. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ يەنى ﷲ تائالا پەقەت سىلەرگە مەرھەمەت قىلىپ ۋە رەھمەت قىلىپ كېمىنى ماڭدۇرۇپ بەردى.

*******

وَإِذَا مَسَّكُمُ ٱلضُّرُّ فِي ٱلۡبَحۡرِ ضَلَّ مَن تَدۡعُونَ إِلَّآ إِيَّاهُۖ فَلَمَّا نَجَّىٰكُمۡ إِلَى ٱلۡبَرِّ أَعۡرَضۡتُمۡۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ كَفُورًا ﴿٦٧﴾

سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ﷲ لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ﷲ دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، ﷲ سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى ﷲ نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)﴿67﴾.

## كاپىرلارنىڭ ﷲ تائالانى پەقەت ئاپەتكە يولۇققاندىلا ياد ئېتىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ بالايى ـ ئاپەت يەتكەندە، ﷲ تائالاغا تەۋبە قىلغان ۋە ﷲ تائالاغا ئىبادەتنى خالىس قىلغان ھالدا، پەقەت ﷲ تائالانىلا ياد ئېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت ﷲ لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا ﷲ دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)**﴾ يەنى ﷲ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلغان ئىلاھلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى دىللىرىڭلاردىن يوقىلىدۇ.

﴿**ﷲ سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر)**﴾ يەنى سىلەر دېڭىزدا تونۇپ يەتكەن ﷲ تائالاغا بولغان ئىخلاسىڭلارنى ئۇنتۇدۇڭلار، شېرىكى يوق ﷲ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن يۈز ئۆرىدىڭلار.

﴿**ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى ﷲ نىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)**﴾ يەنى بۇنداق قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر، ﷲ تائالا ساقلاپ قالغان كىشىلەردىن باشقىسى نېمەتلەرنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

*******

أَفَأَمِنتُمۡ أَن يَخۡسِفَ بِكُمۡ جَانِبَ ٱلۡبَرِّ أَوۡ يُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ حَاصِبٗا ثُمَّ لَا تَجِدُواْ لَكُمۡ وَكِيلًا ﴿٦٨﴾

(دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) **الله** نىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (**الله** نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسىلەر؟﴿68﴾.

مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەر قۇرۇقلۇققا ساق ـ سالامەت چىقىۋالغانلىقىڭلار بىلەن **الله** نىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىپ ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ئارىلاش يامغۇر ياغدۇرۇپ ئىنتىقام ئېلىشىدىن ۋە ئازابلىشىدىن خاتىرجەم بولدۇق دەپ ئويلامسىلەر؟ ـ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**الله** تائالا كاپىرلارنى مۇشۇ ئازابلار بىلەن ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى تاش ياغدۇرۇپ (ھالاك قىلدۇق)، پەقەت لۇتنىڭ تەۋەلىرى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر. ئۇلارنى نېمىتىمىز يۈزىسىدىن سەھەردە قۇتۇلدۇردۇق﴾[1]، ﴿ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (يامغۇردەك) ساپال تاش ياغدۇردۇق﴾[2]، ﴿(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقماسىلەر؟ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقماسىلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر﴾[3].

**﴿ئاندىن سىلەرنى (الله نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسىلەر؟﴾** يەنى سىلەرنى شۇ ئازابلاردىن قۇغداپ قالىدىغان ۋە قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ھېچ ياردەمچىنى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسىلەر؟

* * * * * * *

أَمۡ أَمِنتُمۡ أَن يُعِيدَكُمۡ فِيهِ تَارَةً أُخۡرَىٰ فَيُرۡسِلَ عَلَيۡكُمۡ قَاصِفٗا مِّنَ ٱلرِّيحِ فَيُغۡرِقَكُم بِمَا كَفَرۡتُمۡ ثُمَّ لَا
تَجِدُواْ لَكُمۡ عَلَيۡنَا بِهِۦ تَبِيعٗا ﴿٦٩﴾

ياكى **الله** نىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەرگە بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسىلەر؟﴿69﴾

## ئەگەر الله تائالا خالىسا، ئۇلارنى قايتىدىن دېڭىزغا قايتۇرىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە: ئى خالايىق! (دېڭىزدا بىزگە ئىخلاس قىلىپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ بىزدىن يۈز ئۆرىگەن) سىلەرنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار ۋە بىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، **﴿دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) قارا بوران چىقىرىپ﴾** چۆكتۈرىۋېتىمىز، ـ دېدى. ئىبنى

(1) قەمەر سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) ھىجر سۈرىسى 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇلك سۈرىسى 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: بۇ، كېمىلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ سۇغا چۆكتۈرۈۋاتىدىغان بوراندۇر.

﴿سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەرگە بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسلەر﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ياردەمچى تاپالماسلىقتىن قورقماسلەر؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇجاھىدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ بىرىنى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسلەر؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ. قەتادە: ﴿ئاندىن سىلەرگە بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسلەر؟﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز (سىلەرنىڭ دېڭىزدا چۆكۈپ كەتكەنلىكىڭلارنى) بىرسىنىڭ سۈرۈشتە قىلىشىدىن قورقمايمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلْنَٰهُمْ فِي ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا ﴿٧٠﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴿70﴾.

## ئىنسانلارنىڭ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلارنى چىرايلىق ۋە مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇلارنى شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئىنساننى شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق﴾[1] يەنى ئىنسان بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ يەيدۇ، ئىنسانلاردىن باشقا ھايۋانلار بولسا، تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ. نەرسىنى ئېغىزىدا (تۇتۇپ) يەيدۇ. الله تائالا نەرسىلەرنى چۈشەنسۇن، ئۇلاردىن پايدىلانسۇن، نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدىكى پايدا ـ زىيىنىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىسۇن ۋە تونۇسۇن دەپ ئىنسانلارغا قۇلاق، كۆز ۋە دىل بەردى.

﴿ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق﴾ يەنى تۆگە، ئات ۋە قېچىرلارغا مىندۇردۇق. ﴿دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق﴾ يەنى چوڭ ۋە كىچىك كېمىلەرگە چىقاردۇق.

﴿ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق﴾ يەنى ئۇلارنى مېۋە، گۆش، سۈت، ئۈنىڭدىن باشقا خىلمۇ خىل، رەڭگا ـ رەڭ تاماقلار بىلەن، چىرايلىق مەنزىرىلەر بىلەن، ئۆزلىرى تىككەن ياكى باشقا يەرلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۇرلىرى، رەڭلىرى ۋە شەكىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئېسىل كىيىملەر بىلەن مەنپەئەتلەندۈردۇق.

(1) تىن سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

**﴿ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾** يەنى ئۇلارنى ھايۋانلار ۋە باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلدۇق. "ئىنسان تىپى پەرىشتە تىپىدىن ئۈستۈن" دەيدىغان ئالىملار بۇ ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

*******

يَوْمَ نَدْعُوا۟ كُلَّ أُنَاسٍۭ بِإِمَـٰمِهِمْ ۖ فَمَنْ أُوتِىَ كِتَـٰبَهُۥ بِيَمِينِهِۦ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ يَقْرَءُونَ كِتَـٰبَهُمْ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧١﴾ وَمَن كَانَ فِى هَـٰذِهِۦٓ أَعْمَىٰ فَهُوَ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ أَعْمَىٰ وَأَضَلُّ سَبِيلًا ﴿٧٢﴾

بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭدا تۇتقىن)، نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿71﴾. بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ﴿72﴾.

## ھەر بىر ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ يول باشلامچىسى بىلەن بىرگە چاقىرىلىدىغانلىقى

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدىن خەۋەر بېرىپ: ئۇ كۈندە ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ يول باشلامچىسى بىلەن ھېساب ئېلىنىدۇ، ـ دېدى. ئالىملار بۇ يول باشلامچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

مۇجاھىد ۋە قەتادە: بۇ، ھەر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزى سەلەپ ئالىملىرى: بۇ سۆز ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن كاتتا شەرەپتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يول باشلامچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دېدى.

ئىبنى زەيد: بۇ، ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىگە (ئۇ ئۈممەتنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىنى ئېلىپ) چۈشكەن كىتابتۇر، ـ دېدى. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى. ئىبنى جەرىر يەنە ئىبنى ئەبۇنۇجەيھتىن مۇجاھىدنىڭ: ئۇ، ھەر بىر ئۈممەتنىڭ كىتابلىرىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر بۇ سۆزى ئارقىلىق ھەر بىر ئۈممەتنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىنى ئېلىپ چۈشكەن كىتابىنى كۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: بۇ، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلىگەن كىتابتۇر (يەنى دەپتەردۇر)، ـ دەپ بايان قىلغان رىۋايەتتە دېيىلگەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشلىرىنى خاتىرىلىگەن كىتابتۇر (يەنى دەپتەردۇر)، ـ دېگەن سۆزى يۇقىرىدىكى ئايەتكە بېرىلگەن مەنالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرىسىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇئالىيە، ھەسەن ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى.

بۇ سۆزنىڭ ئەڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز﴾[1]، ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2]، ﴿ھەر ئۈممەتنى (قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نامە ـ ئەمالغا چاقىرىلىدۇ، (ئۇلارغا) «بۈگۈن قىلمىشىڭلارغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر ياكى جازاغا ئۇچرايسىلەر» (دېيىلىدۇ)، بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز (يەنى نامە ـ ئەمال) سىلەرگە ھەق بىلەن سۆزلەيدۇ، بىز قىلمىشىڭلارنى يازدۇرۇپ تۇرغان ئىدۇق (يەنى پەرىشتىلەرنى ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتۇق)﴾[3].

بۇ ھەرگىزمۇ الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۈممىتى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتكە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ئۈممىتىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا گۇۋاھچى بولۇپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئەمما يۇقىرىدىكى ئايەتتىن ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلغان قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەر (يەنى نامە ـ ئەمالى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**﴿بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭدا تۇتقىن)، نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئوقۇيدۇ﴾** يەنى قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەرلىرى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر دەپتىرىدە ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن ئۇنى ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار» دېيىلىدۇ. نامە ـ ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، «ماڭا نامە ـ ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ! ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم!﴾[4]، **﴿ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾**.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەززار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ: **﴿بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭدا تۇتقىن)، نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئوقۇيدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ

(1) ياسىن سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەت.
(3) جاسىيە سۈرىسى 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر.
(4) ھاققە سۈرىسى 19 ـ 26 ـ ئايەتكىچە.

مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئىنسان كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا قىلمىشلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەر ئوڭ قولىدىن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، يۈزى ئاق قىلىنىدۇ، بېشىغا پارقىراپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتىن تاج كىيدۈرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ماڭىدۇ، ھەمراھلىرى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ: ئى **الله** ! بىزگىمۇ مۇشۇنىڭدەك بەرسەڭ ۋە بىزگە مۇشۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلساڭ، ـ دەيدۇ. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ھەر بىرىڭلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاشقا ئېرىشىسىلەر، ـ دەيدۇ. ئەمما كاپىر بولسا، يۈزى قارا، بويى ئۇزۇن قىلىنىدۇ. ھەمراھلىرى ئۇنى كۆرۈپ: بىز **الله** تائالاغا سېغىنىپ بۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى **الله** ! بۇنى قېشىمىزغا كەلتۈرمىسەڭ، ـ دەيدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئۇلار: ئى **الله** ! بۇنى رەسۋا قىلساڭ، ـ دەيدۇ. ئۇ: **الله** تائالا سىلەرنى (رەھمىتىدىن) يىراق قىلسۇن، ھەر بىرىڭلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاشقا ئېرىشىسىلەر، ـ دەيدۇ».

**﴿بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كىمكى مۇشۇ دۇنيادا **الله** تائالانىڭ كەلتۈرگەن ھۆججەت ـ پاكىتلىرى ۋە مۆجىزىلىرىدىن كور بولسا، ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. بىز **الله** تائالاغا سېغىنىپ بۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز!

* * * * * * *

وَإِن كَادُواْ لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ ٱلَّذِيٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ لِتَفْتَرِيَ عَلَيْنَا غَيْرَهُۥۖ وَإِذٗا لَّٱتَّخَذُوكَ
خَلِيلٗا ﴿٧٣﴾ وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـٔٗا قَلِيلًا ﴿٧٤﴾ إِذٗا لَّأَذَقْنَٰكَ
ضِعْفَ ٱلْحَيَوٰةِ وَضِعْفَ ٱلْمَمَاتِ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ عَلَيْنَا نَصِيرٗا ﴿٧٥﴾

ئۇلار سېنى بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزگە قۇرئاندىن غەيرىينى ئېپتىرا قىلدۇرۇشقا تاس قالدى، (ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلغىنىڭدا) ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى (ئۆزلىرىگە) دوست قىلىۋالاتتى﴿73﴾. سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ﴿74﴾. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بەرگەن بولاتتۇق، ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم تاپالمايتتىڭ﴿75﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنىڭ بەزى ۋەھيىنى ئۆزگەرتىش تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ قالغىنىدا، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنىڭ بولىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلغانلىقىدىن،

ئۇنى (ھەقىقەتتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلغانلىقىدىن ۋە ئۇنى يامانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەسكىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىغا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئىگە بولغۇچىدۇر ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ ئىگە بولۇشىغا تاشلاپ قويماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزى ئىگە بولغۇچى، ساقلىغۇچى، ياردەم بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنىنى مەيلى زېمىننىڭ شەرقىدە ياكى غەربىدە بولسۇن، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك ۋە قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرغۇچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالانىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى بولسۇن!

* * * * * * *

وَإِن كَادُوا۟ لَيَسْتَفِزُّونَكَ مِنَ ٱلْأَرْضِ لِيُخْرِجُوكَ مِنْهَا ۖ وَإِذًا لَّا يَلْبَثُونَ خِلَٰفَكَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٧٦﴾ سُنَّةَ مَن قَدْ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِن رُّسُلِنَا ۖ وَلَا تَجِدُ لِسُنَّتِنَا تَحْوِيلًا ﴿٧٧﴾

(يەھۇدىيلار) سېنى (مەدىنە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزماسلىققا تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايتتى (يەنى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى)﴿76﴾. (بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان ھەرقانداق ئۈممەتنى ھالاك قىلىش الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە تۇتقان يولىدۇر)، تۇتقان يولىمىزدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴿77﴾.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

بۇ ئايەت قۇرەيشلەر ھەققىدە نازىل قىلىندى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئارىسىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندا، الله تائالا ئۇلارغا بۇ ئايەت بىلەن تەھدىت سالدى. يەنى ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىۋەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەككىدە ئۇزۇن تۇرالمايدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلاردىن كېلىدىغان ئەزىيەت ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تاشلاپ (ھىجرەت قىلىپ) چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارىلىقتا پەقەت بىر يېرىم يىل ئۆتتى ـ دە، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇلارنى بەدرىدە ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىشقا كېلىشىم تۈزمەستىن ئۇچراشتۇردى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاردىن ئۈچىنى ئېلىپ بەردى، ئۇنى ئۇلارغا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلدى ۋە (ئۇلارغا قارشى) ئۇنىڭغا ياردەم ئاتا قىلدى.



شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىكلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە بالىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان**

**ھەرقانداق ئۈممەتنى ھالاك قىلىش اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە تۇتقان يولىدۇر)﴾** ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھمەت پەيغەمبىرى بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا دۇنيادا ھېچ كىمگە كېلىپ باقمىغان ئازابلار كېلەتتى. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[1].

* * * * * * *

أَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ لِدُلُوكِ ٱلشَّمۡسِ إِلَىٰ غَسَقِ ٱلَّيۡلِ وَقُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِۖ إِنَّ قُرۡءَانَ ٱلۡفَجۡرِ كَانَ مَشۡهُودٗا ﴿٧٨﴾ وَمِنَ ٱلَّيۡلِ فَتَهَجَّدۡ بِهِۦ نَافِلَةٗ لَّكَ عَسَىٰٓ أَن يَبۡعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامٗا مَّحۡمُودٗا ﴿٧٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ﴿78﴾. ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!(پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر﴿79﴾.

## نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرز نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن**﴾ بۇ ئايەت بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، اللە تائالانىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن**﴾ دېگەن ئايىتىدىن پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى ئېلىنىدى، اللە تائالانىڭ: ﴿**بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن**﴾ دېگەن ئايىتىدىن بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئېلىنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمەلىيتى ۋە سۆزى ئارقىلىق نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈنگىچە ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىدەك تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇنى كېيىنكىلەر ئىلگىرىكىلەردىن ۋە بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادتىن شۇنداق قوبۇل قىلىپ كەلدى.

## پەرىشتىلەرنىڭ بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىدا توپلىنىدىغانلىقى

﴿**(كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ**﴾ ئىبنى مەسئۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىغا كېلىدۇ.

(1) ئەنفال سۈرىسى 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش دەرىجە ئارتۇقتۇر، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىدا بىر يەرگە كېلىدۇ». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر خالىساڭلار، الله تائالانىڭ: **﴿بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىغا كېلىدۇ». بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كېچىنىڭ ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىر يەرگە توپلىشىدۇ، ئاندىن كېچىدە سىلەر بىلەن بىللە بولغان پەرىشتىلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. پەرۋەردىگار سىلەرنىڭ (ئەھۋالىڭلارنى) ئوبدان بىلسىمۇ، ئۇلاردىن: بەندىلىرىمنى قانداق ھالدا تاشلاپ قويۇپ چىقتىڭلار؟ ـ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ قايتىپ چىققاندىمۇ ناماز ئوقۇپ قالدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ». ئىبنى مەسئۇد: قوغدىغۇچى پەرىشتىلەر بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىر يەرگە توپلىشىدۇ، ئۇلار مۇشۇ نامازلاردا ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبراھىم نەخەئى، مۇجاھىد، قەتادە ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

## كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرز نامازدىن باشقا، كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: پەرز نامازدىن كېيىن قايسى نامازنىڭ (ساۋابى) ئارتۇق؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېچىدە قوپۇپ ئوقۇغان ناماز» دەپ جاۋاب بەردى. شۇڭا الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرز نامازدىن باشقا، كېچىدە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئائىشە ۋە باشقا ساھابىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە (ئۇخلاپ) قوپۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن!

ھەسەنبەسرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇشقا بۇيرۇلغان ناماز بولسا، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان نامازدۇر، ـ دېدى. ھەسەنبەسرىنىڭ بۇ سۆزىمۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە (ئۇخلاپ) قوپۇپ ئوقۇغان نامىزىغا قارىتىلىدۇ.

مۇجاھىد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىنى (ئۇخلاپ) قوپۇپ ئوقۇغان نامىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن پەقەت نەپلە ئىبادەت بولۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈپ كەتكەن. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ كىيىمىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيىدۇ، ـ دېدى. بۇ ھەقتە ئەبۇئەمامە باھىلىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق دېدى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر﴾** يەنى قىيامەت كۈنى بىز سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا تۇرغۇزۇشىمىز ئۈچۈن، سەن مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغىن. بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله تائالا ئۇ ئورۇندا ساڭا مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: كۆپلىگەن تەئۋىل ئالىملىرى: ئۇ ئورۇن (بولسا) قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ كىشىلەرنى شۇ كۈننىڭ ئېغىرلىقلىرىدىن راھەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن تۇرىدىغان ئورۇندۇر، ـ دەيدۇ.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بارلىق كىشىلەر ئۇلارنى چاقىرغۇچى (ئاۋازىنى) ئاڭلىتالايدىغان ۋە قارىغۇچى كۆرەلەيدىغان، خۇددى ئۇلار (دەسلەپ) يارىتىلغان ۋاقتىدىكىدەك يالاڭ ئاياق، كىيىمسىز ھالەتتە تۈپتۈز بىر مەيدانغا توپلىنىپ تۇرىشىدۇ. الله تائالانىڭ ئىزنىسىز بىر ئادەممۇ گەپ قىلمايدۇ. الله تائالا: ئى مۇھەممەد!ـ دەپ چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاقىرىقىڭغا چىن دىلىمدىن رازىلىق بىلەن كېلىمەن، ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدا، يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، توغرا يول تاپقان كىشى سەن ھىدايەت قىلغان كىشىدۇر، بەندەڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، (بارلىق ئىشلار) سەندىندۇر ۋە ساڭا قايتىدۇ، قۇتۇلۇش ۋە پاناھلىنىش ئورنى پەقەت سەن تەرەپتىدۇر، سەن كاتتا ۋە ئۈستۈندۇرسەن، ئى كەبىنىڭ پەرۋەردىگارى! سېنى ھەممە كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز» دەيدۇ. بۇ بولسا، الله تائالا بايان قىلغان، مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇندۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇن بولسا، شاپائەت قىلىش ئورنىدۇر،ـ دېدى. ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ مۇجاھىدنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەسەنبەسرىمۇ شۇنداق دېدى.

قەتادە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى زېمىن تۇنجى يېرىلىپ بېرىدىغان (يەنى قەبرىدىن ئاۋۋال قوپۇرۇلىدىغان) ۋە ئەڭ دەسلەپتە شاپائەت قىلىدىغان كىشىدۇر، ـ دېدى. ئالىملار: ئۇ، الله تائالا: **﴿(ئى مۇھەممەد!(پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر﴾** دېگەن ئايەتتە بايان قىلغان مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇندۇر، ـ دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنى ھېچقانداق ئادەم شېرىك بولمايدىغان ۋە ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭدا بىللە بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئىلتىپاتلار بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زېمىن تۇنجى يېرىلىپ بېرىلىدىغان (يەنى قەبرىدىن ئاۋۋال قوپۇرۇلىدىغان) كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپلىنىش مەيدانىغا ئۇلاغ بىلەن بارىدۇ، ئۇنىڭ قارا بايرىقى بولۇپ، كىشىلەر ئۇ بايراقنىڭ ئاستىدا

بولىدۇ. ئادەم ئەڭ كۆپ يىغلىدىغان كۆل ئۇنىڭغا شۇ ئورۇندا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلىدۇ.

كىشىلەر (دەسلىپىدە شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ) ئادەم، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى: «مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن شۇنداق قىلىمەن، مەن شۇنداق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا) ئۆز ئورنىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوزاختا ھۆكۈم قىلىنغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى دوزاختىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەردىن ئۈممەتلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان پەيغەمبەردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئۈممىتى بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش رۇخستى ئەڭ باشتا بېرىلىدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە شاپائەت قىلىدىغانلارنىڭ ئاۋۋالقىسىدۇر.

سۈر ھەققىدە كەلگەن ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: بارلىق مۆمىنلەر جەننەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىشى بىلەن كىرىدۇ. ئۇ جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋىلىدۇر. ئۇنىڭ ئۈممىتى باشقا ئۈممەتلەردىن بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ. ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئېخى كۆتۈرۈلۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ، جەننەتتىكى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا لايىق بولىدىغان، ئەڭ كاتتا مەرتىۋە بولغان ۋەسىلەنىڭ ئىگىسىدۇر. الله تائالا گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلىش رۇخستىنى بەرگەن ۋاقىتتا، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە مۆمىنلەرمۇ شاپائەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سانىنى الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدۇ، شاپائەت قىلىشتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

مەن بۇ مەسىلىنى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى" دېگەن كىتابىمنىڭ ئاخىرىسىدىكى "خۇسۇسىيەتلەر" دېگەن بابتا تەپسىلىي بايان قىلدىم. الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن!

ھازىر بىز مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇن ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز. الله تائالانىڭ شۇ ياردىمى بىزلەرگە بولسۇن!



ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەر تىزلانغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ، ھەر بىر ئۈممەت پەيغەمبىرىگە ئەگىشىدۇ. ئۇلار: ئى پالانى! شاپائەت قىلغىن، ئى پالانى! شاپائەت قىلغىن، ـ دەيدۇ. ئاخىرى شاپائەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدۇ. مانا بۇ، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا تۇرغۇزىدىغان كۈندۇر.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(قىيامەت كۈنى) قۇياش ناھايىتى يېقىن قىلىنىدۇ. ھەتتا تەرلەردىن

ھاسىل بولغان سۇ قۇلاقلارغىچە يېتىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سورايدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: مەن بۇ ياردەمنى قىلالايدىغان ئادەم ئەمەسمەن، ـ دەيدۇ. ئاندىن (ئۇلار) مۇسادىن ياردەم سورايدۇ، مۇسامۇ شۇنداق دەيدۇ. ئاندىن (ئۇلار) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سورايدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شاپائەت تىلەش ئۈچۈن بېرىپ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ھالقىسنى تۇتىدۇ. شۇ كۈنى **الله** تائالا ئۇنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا تۇرغۇزىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى. لېكىن: «شۇ كۈنى **الله** تائالا ئۇنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا تۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭغا شۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەر مەدھىيە ئېيتىدۇ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ئەبۇداۋۇد تايالىسى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام (شاپائەت قىلىش ئۈچۈن) تۇرىدۇ. ئارقىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرىدۇ، ئارقىدىن ئىسا ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرىدۇ، ئەبۇزەئرا: مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم، ـ دېدى. ئاندىن تۆتىنچىسىدە پەيغەمبىرىڭلار تۇرۇپ شاپائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇ شاپائەت قىلغاندەك كۆپ شاپائەت قىلمايدۇ. بۇ، **الله** تائالا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!(پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغان مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇندۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەكلىپ قىلغان زىياپەتتە بىللە ئىدۇق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قوينىڭ (ئالدى) قولى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ (ئالدى) قول گۆشىنى يېيىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ بىر چىشلەم يېگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى، مەن ئىنسانىيەتنىڭ يولباشچىسى بولىمەن، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ **الله** بۇرۇن ۋە كېيىن ياشىغان بارلىق ئىنسانلارنى بىر ئورۇنغا يىغىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كۆرەلەيدۇ ۋە ئاڭلىيالايدۇ. قۇياش ئىنسانغا ناھايىتى يېقىن قىلىنىدۇ، ئىنسانىنى قاتتىق غەم باسقانلىقتىن بىر ـ بىرىگە: سەن ئۆزەڭنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭغا قارىمامسەن؟ **الله** نىڭ ئالدىدا ساڭا شاپائەت قىلىدىغان بىرەر كىشىنى تاپمامسەن؟ ـ دېيىشىپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر: سىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شاپائەت تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن بولساڭ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، **الله** سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ساڭا ئۆزى جان كىرگۈزگەن ۋە پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلدۇرغان، شۇڭا سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلغىن. بىزگە كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى. **الله** مېنى (جەننەتتىكى) بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توسقان ئىدى. مەن (ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەپ) ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدىم. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن (دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم دەپ)، سىلەر نۇھنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ـ دەيدۇ.

ئۇلار نۇھنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى نۇھ! سەن زېمىنغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى، ھەقىقەتەن **الله** سېنى ”شۈكرى قىلغۇچى بەندە“ دەپ ئاتىدى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە

شاپائەت تەلەپ قىلغىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. نۇھ: ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى. مېنىڭ ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر دۇئايىم بار ئىدى. مەن ئۇ دۇئا بىلەن قەۋمىمنىڭ يوقىلىشىغا دۇئا قىلىپ بولدۇم. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن (دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم دەپ)، سىلەر ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، - دەيدۇ.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى ئىبراھىم! سەن بولساڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە دوستى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلغىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى (دەپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۈچ ئېغىز يالغان سۆز قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم دەپ)، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، - دەيدۇ.

ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى مۇسا! سەن بولساڭ الله بىۋاستە سۆز قىلغان ۋە تەۋرات نازىل قىلىنغان پەيغەمبەرسەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلغىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى، ئۇقۇشماسلىقتىن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىمدىن قاتتىق خىجىلمەن. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن (دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم دەپ)، سىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، - دەيدۇ.

ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى ئىيسا! سەن بولساڭ، الله نىڭ ھەزرىتى مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسىدۇرسەن (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، الله نىڭ: "ۋۇجۇدقا كەل" دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇرسەن)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇرسەن، بوۋاق چېغىڭدا بۆشۈكتە سۆزلىگەن پەيغەمبەرسەن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلغىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئاچچىقلانمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىقلاندى (دەپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تىلغا ئالماي، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ھالى بىلەن دېگەن گەپنى ئۈچ قېتىم دەپ)، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، - دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بولساڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى الله كەچۈرگەن بەندە، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت تەلەپ قىلغىن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئەرشنىڭ ئاستىغا بارىمەن. الله تائالاغا (شۇ يەردە) سەجدە قىلىمەن. الله ماڭا ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇسانالارنى بىلدۈرىدۇ (مەن شۇلار بىلەن الله غا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن). سەجدىدە الله خالىغان چاغقىچە تۇرىمەن. ئاندىن الله : بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سورىغىنىڭنى بېرىمەن، شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن، - دەيدۇ. بېشىمنى سەجدىدىن كۆتۈرىمەن. ئاندىن: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممىتىم. ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممىتىم. ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممىتىم، - دەيمەن. الله تائالا: ئى مۇھەممەد! سەن ئۈممىتىڭنىڭ ئىچىدىن سوئال - سوراق

قىلىنمايدىغانلارنى جەننەتكە ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگۈزگىن، قالغان ئىشىكلەردىن كىرىشكە ئۇممىتىڭگە باشقا ئۇممەتلەرمۇ شېرىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.» ئەڭ ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، جەننەتنىڭ ئىككى ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى، مەككە بىلەن (بەھرەيندىكى) ھەجەر دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ. (يەنە بىر رىۋايەتتە: مەككە بىلەن سۈرىيەدىكى بۇسرا دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر دېيىلگەن» دېدى.

* * * * * * *

وَقُل رَّبِّ أَدۡخِلۡنِي مُدۡخَلَ صِدۡقٖ وَأَخۡرِجۡنِي مُخۡرَجَ صِدۡقٖ وَٱجۡعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلۡطَٰنٗا نَّصِيرٗا ﴿٨٠﴾
وَقُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَزَهَقَ ٱلۡبَٰطِلُۚ إِنَّ ٱلۡبَٰطِلَ كَانَ زَهُوقٗا ﴿٨١﴾

«پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن﴿80﴾. «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ» دېگىن﴿81﴾.

## ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىدى، الله تائالا ئۇنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! مېنى ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن**﴾.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: مەككىنىڭ كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش ۋەياكى ئۇنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكەندە، الله تائالا ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! مېنى ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن**﴾.

قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! مېنى ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەنى مەدىنىگە كىرگۈزگىن؛ ﴿**ئوڭۇشلۇق چىقارغىن (دېگىن)**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەككىدىن چىقارغىن دېگەن بولىدۇ، ـ دېدى. بۇ ھەقتە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەممۇ شۇنداق دېدى.

﴿**ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەنبەسرى: الله تائالا (بۇ ئايەتتە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پارىسنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىززىتىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشكە، رۇمنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىززىتىنىمۇ ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ـ دېدى.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپشۇرۇلغان بۇيرۇقنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن بېرىلىدىغان قۇۋۋەت بولمايدىغان بولسا، ئۆزىدە يېتەرلىك قۇۋۋەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەنىدىن كېيىن، الله تائالادىن قۇرئاننى، الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىنى، ئۇنىڭ پەرزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەقكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت بېرىشنى سورايدۇ. چۈنكى، بۇ قۇۋۋەت الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا قىلغان رەھمىتىدۇر، ناۋادا مۇشۇ قۇۋۋەت بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە بەزىلەر بەزىلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى ۋە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ كەتكەن بولاتتى، ـ دېدى.

ھەقىقەت بىلەن يەنە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغان ۋە قارشى چىققان كىشىلەرگە قۇۋۋەتتىنمۇ ئىشلىتىدىغان ئادەم بولۇش لازىمدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق.[1] (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، الله نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) الله غا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2].

## قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا قىلىنغان تەھدىت

**﴿«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ» دېگىن﴾** بۇ، قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا قىلىنغان تەھدىتتۇر. چۈنكى، ئۇلارغا الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتىلگەن قۇرئان، ئىمان ۋە پايدىلىق ئىلىمدىن ئىبارەت شەك بولمىغان ۋە ئۇلارغا بۇرۇن كېلىپ باقمىغان ھەقىقەت كەلدى، ھەقسىزلىك يوقالدى. چۈنكى، ھەقسىزلىك ھەقىقەتنىڭ قېشىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ﴾[3].

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە، كەبىنىڭ ئىچىدە 360 دانە بۇت بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇلارنى نوقۇپ: «ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ» دېدى.

---

(1) يەنى الله تائالا ھەقىقەت ۋە مۆجىزىلەر بىلەن بىللە ئۇلارنى كۈچ بىلەن قوغداش ئۈچۈن تۆمۈرلەرنىمۇ چۈشۈردى. قولىدا تۆمۈر بولمىسا، شۇنداق پاكىت ـ ئىسپاتلىق، توغرىلىقى قۇياشتەك روشەن ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۇنى دەۋا قىلىپ ئاقتۇرغىلى بولمايدۇ.
(2) ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

وَنُنَزِّلُ مِنَ ٱلْقُرْءَانِ مَا هُوَ شِفَآءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ۙ وَلَا يَزِيدُ ٱلظَّٰلِمِينَ إِلَّا خَسَارًا ﴿٨٢﴾

﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾ 82.

## قۇرئاننىڭ شىپا ۋە رەھمەت ئىكەنلىكى

الله تائالا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، (قۇرئاندىن ئىبارەت) پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىدىن خەۋەر بېرىپ: شەكسىز ئۇ مۆمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئاندۇر، ـ دېدى. يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى شەك، مۇناپىقلىق، شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت كېسەللەرنى ساقايتىدۇ، قۇرئان مۇشۇ كېسەللەرنىڭ ھەممىسىگە شىپادۇر. ئۇ يەنە ئىچىدە ئىمان، ھېكمەت، ياخشىلىقنى ئىزلەش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش بار بولغان رەھمەتتۇر. قۇرئان پەقەت ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان، ئىشەنگەن ۋە ئەگەشكەن كىشىلەر ئۈچۈنلا رەھمەت ۋە شىپادۇر. ئەمما ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان كاپىرلار بولسا، قۇرئاننى ئاڭلىغانسېرى (قۇرئاندىن) تېخىمۇ يىراقلىشىدۇ ۋە كاپىرلىقىغا تېخىمۇ پاتىدۇ، كاپىرنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى كاپىرلىقىدىن چىققاندۇر. ھەرگىز قۇرئاندىن ئەمەستۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[1]، ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار) غا كېلىدىغان بولساق، بۇ (سۈرە) ئۇلارنىڭ كۇفرىغا كۇفرى قوشتى (يەنى ئۇلار مۇناپىقلىقتا تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى، تېخىمۇ گۇمراھلاشتى)، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى﴾[2]. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 124 ـ 125 ـ ئايەتلەر.

ناھايىتى كۆپتۇر.

**﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مۆمىن قۇرئاننى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇنى يادا ئالىدۇ ۋە ئۇنى چۈشىنىدۇ. ئەمما كاپىر قۇرئاننى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدۇ، ئۇنى يادقا ئالمايدۇ ۋە ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، الله تائالا بۇ قۇرئاننى پەقەت مۆمىنلەر ئۈچۈنلا شىپا ۋە رەھمەت قىلىپ بەردى، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَإِذَآ أَنْعَمْنَا عَلَى ٱلْإِنسَٰنِ أَعْرَضَ وَنَـَٔا بِجَانِبِهِۦ ۖ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ كَانَ يَـُٔوسًا ﴿٨٣﴾ قُلْ كُلٌّ يَعْمَلُ عَلَىٰ شَاكِلَتِهِۦ فَرَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَنْ هُوَ أَهْدَىٰ سَبِيلًا ﴿٨٤﴾

ئىنسانغا (تۈرلۈك نېمەتلەرنى) بەرسەك (پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ﴿83﴾. ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ﴿84﴾.

## ئىنساننىڭ خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكتىكى مىجەز ئادىتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە (ئۆزى ساقلاپ قالغان ئادەمدىن باشقا) ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك ۋاقىتلىرىدا كۆرىلىدىغان كەمچىلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيا، سالامەتلىك، شەھەرلەرنى ئىستىلاھ قىلىش، رىزىق بېرىش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇندىن باشقا ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنى بېرىشتەك نېمەتلەرنى بەرسە، ئۇ الله تائالاغا بويسۇنۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە (چوڭچىلىق قىلىپ) پەرۋەردىگارىدىن يىراقلىشىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ﴾[1]، ﴿الله سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر)﴾[2].

**﴿ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، (الله نىڭ رەھمىتىدىن) مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ﴾** يەنى

(1) يۇنۇس سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت ۋە كېلىشمەسلىك كەلسە، ئۇ ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ياخشىلىق كەلمىگۈدەك دەپ مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر بىز بىرەر ئىنسانغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق (يەنى نېمىتىمىزنى بەرسەك)، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالساق، ئۇ چوقۇم (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ، كۇفرانى نېمەت قىلىدۇ، ئەگەر بىز (پېقىرلىق، كېسەللىك، قاتتىقچىلىق قاتارلىق) بالالارغا مۇپتىلا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇ چوقۇم: «مەندىن بالالار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى (ئەمدى كەلمەيدۇ)» دەپ شەك ـ شۈبھىسىز خۇشاللىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ، پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋر قىلغان، (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر (ياخشىلاردۇر). ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[1].

﴿ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. مۇجاھىد: ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. قەتادە: ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز نىيىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئىبنى زەيد: ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز دىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. بۇ ئايەتكە بېرىلگەن بۇ مەنىلەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. بۇ ئايەت مۇشرىكلارغا قىلىنغان تەھدىتتۇر. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى، سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»﴾[2].

﴿ھەر ئادەم (ھىدايەت ۋە گۇمراھلىقتا) ئۆز يولى بويىچە ئىش قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭلار كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ يەنى بىزنىڭ ياكى سىلەرنىڭمۇ توغرا يولدا ئەمەسلىكىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىلغان قىلمىشلىرىغا قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. چۈنكى، الله تائالاغا ھېچ نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ.

*******

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِ ۖ قُلِ ٱلرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّى وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٨٥﴾

ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن﴿85﴾.

(1) ھۇد سۈرىسى 9 ـ 11 ـ ئايەتكىچە.
(2) ھۇد سۈرىسى 121 ــــ 122 ـ ئايەتلەر.

## روھ توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئېتىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنىڭ شېخىغا تايىنىۋالغان ئىدى. بىر گۇرۇھ يەھۇدىي قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ـ بىرىگە: ئۇنىڭدىن روھ ھەققىدە سوئال سوراڭلار، ـ دېدى. بەزىسى: بۇ سوئالنى سوراشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ ـ دېدى. بەزىسى: ئۇ سىلەرگە سىلەر يامان كۆرىدىغان جاۋابنى بەرمەيدۇ، ـ دېدى. بەزىسى يەنىلا: ئۇنىڭدىن سوئال سوراڭلار، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روھ ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھېچ قانداق جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم، مەنمۇ ئورنۇمدا جىم تۇرىۋەردىم. ۋەھيي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن**﴾.

گەرچە بۇ سۈرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە چۈشكەن بولسىمۇ، بىر قاراشتىلا بۇ بايان بۇ ئايەتنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكىنى ۋە يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روھ توغرىسىدا سوئال سورىغاندا چۈشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، بۇ ئايەت خۇددى مەككىدە چۈشكىنىدەك، ئىككىنچى قېتىم مەدىنىدە چۈشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن روھ ھەققىدە سوئال سورىغاندا چۈشكەن ۋەھيي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سورىغان شۇ سوئاللىرىغا بۇرۇن (مەككىدە) چۈشكەن: ﴿**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن**﴾ دېگەن ئايەت بىلەن جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇپ چۈشكەن ۋەھيي بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئىبنى جەرىر ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىتاب بېرىلگەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روھ توغرىسىدا سوئال سورىدى. ئاندىن **الله** تائالا: ﴿**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. يەھۇدىيلار: سەن بىزگە ئازغىنا ئىلىم بېرىلدى دەپ ئويلامسەن؟ بىزگە تەۋرات بېرىلدى، تەۋرات دېگەن ھېكمەتتۇر. كىمگە ھېكمەت بېرىلسە، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق بېرىلگەن بولىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن **الله** تائالا: ﴿يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ **الله** نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالا (سەۋەبى بىلەن) سىلەرنى دوزاختىن قۇتقۇزىدىغان، سىلەرگە بېرىلگەن ئىلىم ناھايىتى كۆپ ۋە ياخشى بولسىمۇ، ئۇ ئىلىم **الله** تائالانىڭ ئىلمىگە قارىغاندا ئازدۇر» دېدى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىزگە روھتىن ۋە تەندىكى روھنىڭ قانداق ئازابلىنىدىغانلىقىنى دەپ بەرگىن، ـ دېدى. روھ بولسا، **الله** تائالانىڭ ئىلمىدىكى ئىش بولۇپ،

(1) لوقمان سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا روھ ھەققىدە ۋەھيي چۈشمىگەن ئىدى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئەلىم بېرىلگەن**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئۇلار: بۇنى ساڭا كىم ئېلىپ كەلدى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا بۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلدى» دېدى. يەھۇدىيلار: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا بۇنى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز دەپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (الله غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى، ئۇ (يەنى جىبرىئىل) الله نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾[1].

## روھ بىلەن جاننىڭ بايانى

سۈھەيل ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بولغان: روھ جاننىڭ ئۆزىمۇ ياكى روھ باشقا، جان باشقا بىر نەرسىمۇ دېگەن ئىختىلاپىنى بايان قىلىپ، روھ توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ئۇ مەيىن ھاۋاغا ئوخشاش نەرسىدۇر. ئۇ تەندە خۇددى سۇ دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىدا ماڭغاندەك ماڭىدۇ. پەرىشتە كىچىك بالىغا پۈۋدەيدىغان روھ تەنگە كىرگەن ھامان جان ھېسابلىنىدۇ. روھ ئۆزى مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان تەننىڭ قىلغان قىلمىشلىرىغا قاراپ ياخشى ياكى يامان سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، يەنى ئارام تاپقۇچى جان ياكى (تېنىنى) يامانلىققا بۇيرىغۇچى جان دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى دەرەخنىڭ ھاياتلىقى سۇ بىلەن بولىدۇ، سۇ دەرەخكە سىڭگەندىن كېيىن يەنە سۇ دەپ ئاتالماي باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈزۈمگە يەتكەن سۇ، ئۈزۈم سىقىلغاندىن كېيىن مەست قىلغۇچى سۇ ياكى ھاراق دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇ چاغدا سۇ دەپ ئاتالمايدۇ. ئەگەر ھاراقنى سۇ دەپ ئاتىغان تەقدىردە، ھاراق (بۇ چاغدا) ئۆز ئىسمى بىلەن ئەمەس، كۆچمە ئىسىم بىلەن ئاتالغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك (تەندىكى) جاننى روھ دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان ۋاقتىمىزدا، جاننى كۆچمە ئىسىم بىلەن ئاتىغان بولىمىز. روھ تەنگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن جان دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى: روھ جاننىڭ ئەسلى ۋە ئۇنىڭ ماددىسىدۇر. جان روھتىن ۋە روھنىڭ تەنگە كىرىشىدىن تەركىپ تاپقاندۇر. جان ھەممە تەرەپتىن ئەمەس، پەقەت بىر تەرەپتىنلا روھ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، روھ ھەققىدە دېيىلگەن ياخشى مەنىدۇر.

روھنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامى ھەققىدە كۆپلىگەن ئالىملار پىكىر بايان قىلدى ۋە كىتابلار يېزىشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە (بۇ مەسىلىدە) ئەڭ ياخشى كىتاب يېزىپ قالدۇرغۇچى ھافىز ئىبنى مەندەھ دېگەن كىشىدۇر.

* * * * * * *

(1) بەقەرە سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

وَلَئِن شِئۡنَا لَنَذۡهَبَنَّ بِٱلَّذِيٓ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ بِهِۦ عَلَيۡنَا وَكِيلًا ﴿٨٦﴾ إِلَّا رَحۡمَةٗ مِّن
رَّبِّكَۚ إِنَّ فَضۡلَهُۥ كَانَ عَلَيۡكَ كَبِيرٗا ﴿٨٧﴾ قُل لَّئِنِ ٱجۡتَمَعَتِ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِمِثۡلِ
هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لَا يَأۡتُونَ بِمِثۡلِهِۦ وَلَوۡ كَانَ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٖ ظَهِيرٗا ﴿٨٨﴾ وَلَقَدۡ صَرَّفۡنَا لِلنَّاسِ فِي هَٰذَا
ٱلۡقُرۡءَانِ مِن كُلِّ مَثَلٖ فَأَبَىٰٓ أَكۡثَرُ ٱلنَّاسِ إِلَّا كُفُورٗا ﴿٨٩﴾

ئەگەر بىز خالىساق ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئاننى ئەلۋەتتە (دىللاردىن ۋە مۇسھەپلەردىن) كۆتۈرۈۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىزگە قارشى ھېچقانداق ھامىي تاپالمايتتىڭ﴿86﴾. پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى كۆتۈرۈۋەتمىدى. **الله** نىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى﴿87﴾. ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴿88﴾. بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مەسەللەرنى خىلمۇخىل شەكىلدە بايان قىلدۇق، (روشەن پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي) ئىنسانلارنىڭ تولىسى پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ﴿89﴾.

## ئەگەر الله تائالا خالىسا، قۇرئاننى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق **الله** تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئۇلۇغ قۇرئاننى ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىگە قىلغان نېمىتىنى ۋە كاتتا مەرھەمىتىنى ئەسلىتىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاخىر زامان بولغاندا، كىشىلەرنى شام تەرەپتىن كەلگەن قىزىل شامال ئۇرىدۇ ـ دە، بىر ئادەمنىڭ قۇرئاندا ياكى ئۇنىڭ دىلىدا بىرمۇ ئايەت قېلىپ قالمايدۇ دەپ، ئاندىن **الله** تائالانىڭ: **﴿ئەگەر بىز خالىساق ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئاننى ئەلۋەتتە (دىللاردىن ۋە مۇسھەپلەردىن) كۆتۈرۈۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىزگە قارشى ھېچقانداق ھامىي تاپالمايتتىڭ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.

## الله تائالانىڭ قۇرئان بىلەن جەڭ ئېلان قىلغانلىقى

**الله** تائالا بۇ يەردە بۇ كاتتا قۇرئاننىڭ ھۆرمىتىگە دىققەتنى تارتىپ: ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار ھەممىسى بىر يەرگە توپلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزئارا ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ، قانداقمۇ مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزى ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوق **الله** تائالانىڭ سۆزىگە ئوخشىسۇن؟ ـ دېگەن مەقسەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

**﴿بۇ قۇرئاندا ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك مەسەللەرنى خىلمۇ ـ خىل شەكىلدە بايان قىلدۇق﴾**

يەنى بىز ئۇلارغا كەسكىن ھۆججەتلەرنى ۋە پاكىتلارنى بايان قىلىپ بەردۇق ۋە ئۇلارغا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردۇق ۋە روشەنلەشتۈرۈپ بەردۇق، ﴿**روشەن پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي) ئىنسانلارنىڭ تولىسى پەقەت (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلىدۇ**﴾ يەنى ھەقىقەتتىن تانغۇچى ۋە تونۇغرىسىنى قايتۇرغۇچىدۇر.

*******

وَقَالُوا۟ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ تَفْجُرَ لَنَا مِنَ ٱلْأَرْضِ يَنۢبُوعًا ﴿٩٠﴾ أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِّن نَّخِيلٍ
وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ ٱلْأَنْهَـٰرَ خِلَـٰلَهَا تَفْجِيرًا ﴿٩١﴾ أَوْ تُسْقِطَ ٱلسَّمَآءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا أَوْ
تَأْتِىَ بِٱللَّهِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةِ قَبِيلًا ﴿٩٢﴾ أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِّن زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَىٰ فِى ٱلسَّمَآءِ وَلَن نُّؤْمِنَ
لِرُقِيِّكَ حَتَّىٰ تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَـٰبًا نَّقْرَؤُهُۥ ۗ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّى هَلْ كُنتُ إِلَّا بَشَرًا رَّسُولًا ﴿٩٣﴾

ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴿90﴾. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تالىلىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن﴿91﴾. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ اللّٰه نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن﴿92﴾. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (اللّٰه تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «اللّٰه پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (اللّٰه نىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»﴿93﴾.

## قۇرەيشلەرنىڭ مۇئەييەن مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: رەبىيئەنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۇتبە ۋە شەيبە، ئەبۇسۇفيان، ئابدۇددار جەمەتىدىن بىر كىشى، ئەبۇبۇختەرى، ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىب، زەمئە ئىبنى ئەسەد، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ئەبۇجەھل، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ، ئاس ئىبنى ۋائىل، ھاججاجنىڭ ئوغۇللىرىدىن نەبىھە ۋە مۇنەببەھەلەر كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن كەبىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يىغىلىپ، بىر ـ بىرىگە: سىلەر مۇھەممەدكە ئادەم ئەۋەتىڭلار، تاكى ئۇ بىزگە ئۆزرە ئېيتقۇچىلىك ئۇنىڭغا گەپ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا: قەۋمىڭنىڭ كاتتىلىرى ساڭا گەپ قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاندى، ـ دەپ خەۋەر بېرىشكە ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئۇلار توغرا يولغا ماڭماقچى بولغان ئوخشايدۇ دەپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى، ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىشىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا يول تاپماسلىقى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، ئۇلار: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ بىزگە ئۆزرە ئېيتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئادەم ئەۋەتتۇق. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، سەن ئۆز قەۋمىڭگە ئېلىپ كىرگەن نەرسىنى بىز ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ ئۆز قەۋمىگە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. سەن ئەجدادلارنى تىللىدىڭ، دىنىمىزنى سۆكتۈڭ. بىزنى ئەخمەققە چىقاردىڭ، ئىلاھلارنى تىللىدىڭ، بىرلىكنى بۇزدۇڭ، سەن يامان ئىشلا بولسا، ئارىمىزدا پەيدا قىلدىڭ. ئەگەر سەن مۇشۇ گەپلىرىڭ بىلەن مال ـ دۇنيا توپلاشنى كۆزلىمەكچى بولساڭ، ساڭا بىز ماللىرىمىزدىن يىغىش قىلىپ بېرەيلى. سەن ئىچىمىزدىكى مال ـ دۇنياسى ئەڭ كۆپ كىشى بولغىن. ئەگەر سەن (مۇشۇ گەپلىرىڭ بىلەن) ئىچىمىزدە ھۆرمەتلىك ئادەم بولۇشنى كۆزلىسەڭ، بىز سېنى ئۆزىمىزگە باشلىق قىلايلى، ئەگەر سەن (مۇشۇ گەپلىرىڭ بىلەن) پادىشاھ بولۇشنى كۆزلىسەڭ، بىز سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى. ئەگەر بۇ ساڭا چاپلىشىۋالغان جىنىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش بولسا (شۇنداق بولۇشى مۇمكىن)، بىز پۇل ـ مال چىقىرىپ، دوختۇر چاقىرتىپ داۋالىتايلى. سەن ساقىيىپ قالارسەن ياكى (ساقايتالماي) بىز ساڭا ئۆزرە ئېيتارمىز، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندە سىلەر دېگەن ئىش يوق، مەن بۇ ھەقىقەتنى سىلەرنىڭ مال ـ دۇنيالىرىڭلارنى ياكى ئىچىڭلاردا ھۆرمەتلىك ئادەم بولۇشنى ۋە ياكى سىلەرگە پادىشاھ بولۇشنى كۆزلەپ ئېلىپ كەلمىدىم. الله تائالا مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ماڭا كىتابنى چۈشۈردى ۋە مېنى سىلەرگە خۇش ـ بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشۇمغا بۇيرۇدى. مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن. ئەگەر سىلەر مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نېسىۋەڭلاردۇر، ئەگەر سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلمىساڭلار، تاكى الله تائالا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقارغۇچە، مەن الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا سەۋر قىلىمەن» دېدى.

ئاندىن ئۇلار: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن تەلەپلىرىمىزنى قوبۇل قىلمىساڭ، سەن بىلىسەن، بىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدە شەھىرى ئەڭ تار، مال ـ دۇنياسى ئەڭ ئاز ۋە تۇرمۇشتا ئەڭ قىينىلىپ ياشايدىغان كىشىلەرمىز. شۇڭا سەن سېنى مۇشۇ ھەقىقەت بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلساڭ، بىزنى قىستاپ تۇرغان بۇ تاغلارنى باشقا يەرگە ئېلىپ كەتسۇن، شەھىرىمىزنى كەڭرى قىلىپ بەرسۇن، شەھەردە شام ۋە ئىراقنىڭ دەريالىرىدەك دەريالارنى پەيدا قىلىپ بەرسۇن، بىزگە ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن ۋە تىرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قۇسەي ئىبنى كىلابمۇ بولسۇن. چۈنكى، ئۇ راستچىل بوۋاي ئىدى. بىز ئۇلاردىن گەپلىرىڭنىڭ ھەق ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپ باقىمىز. ئەگەر سەن بىز دېگەن ئىشنى قىلساڭ، ئۇلار ساڭا ئىشەنسە، بىزمۇ ساڭا ئىشىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن، سېنىڭ الله تائالانىڭ ئالدىدىكى ئورنۇڭنى ۋە ئۆزەڭ دېگەندەك الله تائالانىڭ سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىم، مەن سىلەرگە الله تائالا تەرىپىدىن ئۇ مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋەزىپىنى (يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا) كەلدىم. مەن سىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولغان ۋەزىپەمنى يەتكۈزدۈم. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلساڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نېسىۋەڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلمىساڭلار، تاكى الله تائالا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقارغۇچە، مەن الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا سەۋر قىلىمەن» دېدى.

ئۇلار: ئەگەر سەن بۇنىمۇ قىلمىساڭ (بۇنىڭغىمۇ) مەيلى، سەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن. سەن دېگەن گەپلەردە ساڭا ئىشىنىدىغان ۋە سەن توغرۇلۇق بىز بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان پەرىشتە ئەۋەتسۇن. ساڭا باغلارنى، خەزىنىلەرنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن چوڭ سارايلارنى قىلىپ بەرسۇن. سېنى ئۇ نەرسىلەر بىلەن بىز سەندە كۆرۈۋاتقان ھازىرقى ھالىتىڭدىن بىھاجەت قىلسۇن. چۈنكى، خۇددى بىز بازارلاردا تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى قىلىۋاتقاندەك، سەنمۇ تىرىكچىلىك يولىنى قىلىۋاتىسەن، ئەگەر سەن ئۆزەڭ گۇمان قىلغىنىڭدەك پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدىكى سېنىڭ ھۆرمىتىڭنى بىلەيلى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن بۇنى قىلالمايمەن. مەن پەرۋەردىگارىدىن بۇلارنى سورايدىغان كىشىلەردىن ئەمەس، مەن سىلەرگە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتىلمىدىم. بەلكى الله تائالا مېنى سىلەرگە خۇش ـ بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەگەر سىلەر مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلساڭلار، ئۇ، سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نېسىۋەڭلار، ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلمىساڭلار، تاكى الله تائالا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقارغۇچە، مەن الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا سەۋر قىلىمەن» دېدى.

ئۇلار يەنە: سەن ئويلىغاندەك، پەرۋەردىگارىڭ خالىغاننى قىلىدىغان بولسا، بىزگە ئاسماننى (پارچە ـ پارچە قىلىپ) چۈشۈرگىن، ئەگەر سەن بۇنى قىلمىساڭ، بىز ساڭا ھەرگىزمۇ ئىمان ئېيتمايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ، الله تائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، الله تائالا خالىسا بۇنى سىلەرگە قىلىپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇلار: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بىزنىڭ سەن بىلەن ئولتۇرىدىغانلىقىمىزنى، بىز ھازىر سەندىن سورىغان سوئاللارنى سەندىن سورايدىغانلىقىمىزنى ۋە ساڭا قويغان تەلەپلىرىمىزنى بىلمەمدۇ؟ ئۇ قېشىڭغا كېلىپ، ساڭا بىز بىلەن مۇنازىرىلىشىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويسا، ئەگەر بىز سەن بىزگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمىغان ۋاقتىمىزدا بىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسا بولمامدۇ؟ بىز بۇلارنى ساڭا يەمامەدىكى رەھمان ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز ھەرگىزمۇ ئۇ رەھمانغا ئىشەنمەيمىز. ئى مۇھەممەد! ساڭا ئۆزرە ئېيتىمىز. بىلگىنكى، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز سېنى ۋە سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيمىز. يا بىز سېنى يوقىتىمىز ياكى سەن بىزنى يوقىتىسەن، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى: بىز الله تائالانىڭ قىزلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىمىز، ـ دېدى. بەزىسى: تاكى سەن الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرمىگىچە، بىز ساڭا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز، ـ دېدى.

ئۇلار بۇ سۆزنى قىلغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىدىن تۇرۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ھاما ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييەمۇ بىللە تۇرۇپ: ئى مۇھەممەد! سەن قەۋمىڭنىڭ تەلەپ قىلغان تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىدىڭ، كېيىن ئۇلار سېنىڭ الله تائالانىڭ ئالدىدىكى ئورنۇڭنى بىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە خىل ئىشلارنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىمۇ قىلمىدىڭ، ئاندىن كېيىن ئۇلار سەندىن سەن داۋاملىق ئۇلارنى قورقۇتىدىغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلدى (ئۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدىڭ). الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن قاراپ تۇرىمەن، تاكى سەن ئاسمانغا شوتا قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئاسمانغا چىقىپ، الله تەرىپىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە ۋە (گۇمان قىلغىنىڭدەك ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھچى بولىدىغان) تۆت پەرىشتە سەن بىلەن بىللە چۈشمىگىچە، مەن ھەرگىزمۇ ساڭا ئىشەنمەيمەن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن مۇشۇلارنى قىلساڭمۇ، مەن ئويلايمەنكى يەنە

مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمى ئۆزىنى چاقىرتقان ۋاقىتدا، ئۇلاردىن كۆتكەن ئارزۇسىنىڭ يوققا چىققانلىقىدىن ۋە قەۋمىنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ۋە ئۇلارغا ئېچىنغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

## مۇشرىكلارنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى

ئەگەر مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يەرگە كەلگەن شۇ يىغىلىشتا ھەقىقەتنى تونۇش مەقستى بىلەن شۇ سوئاللارنى سورىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلار سورىغان سوئاللىرىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلار ئۇ سوئاللارنى كاپىرلىق ۋە تەرسالىق قىلىش يۈزىسىدىن سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا تەرىپىدىن: ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى بىرەيلى. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنى شۇنداق ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن. ئەگەر خالىساڭ، ئۇلارغا تەۋبە ۋە رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرەي،- دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا تەۋبە ۋە رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگىن» دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر، بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۆجىزە) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز﴾[1]، ﴿مۇشرىكلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ) ئېيتتى: «بازارلاردا (بىز تاماق يېگەندەك) تاماق يەيدىغان، (بىز ماڭغاندەك) مېڭىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن الله ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى، يا ئۇنىڭغا بىر خەزىنە بېرىلمىدى، يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىر باغ بېرىلمىدى؟» زالىملار (يەنى كاپىرلار): «سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر» دېدى، مۇشرىكلارنىڭ سېنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلار ئازدى، توغرا يول تاپالمايدۇ، الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇركى، ئەگەر ئۇ خالىسا ساڭا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىنمۇ ياخشى، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان باغلارنى ۋە چوڭ سارايلارنى ئاتا قىلاتتى، ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق﴾[2].

**﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زېمىنلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە سۈيى تاتلىق بۇلاقنى ئاقتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر الله تائالا قىلىپ بېرىشنى خالىغان بولسا ئىدى، بۇنداق قىلىپ بېرىش الله تائالاغا بەكمۇ ئاسان ئىدى ۋە الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرەتتى. لېكىن، الله تائالا (ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بەرگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا) ئۇلارنىڭ توغرا يول تاپمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 59 - ئايەت.

(2) فۇرقان سۈرىسى 7 - ئايەتتىن 11 - ئايەتكىچە.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1]، ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2].

**﴿ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن﴾** يەنى سەن: قىيامەت بولغاندا ئاسمان يېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى چۈشۈپ كېتىدۇ، ـ دەپ ۋەدىلەرنى قىلىسەن. سەن شۇنى بىزگە ھازىر كۆرسەتكىن ۋە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تەلەپلەرنى قويىدىغانلىقى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[3].

شۇنىڭدەك، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇنداق تەلەپنى قويغان ئىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ قويغان تەلىپىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴾[4] شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى. ئۇ ھەقىقەتەن كاتتا كۈننىڭ ئازابى ئىدى. ئەمما پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن رەھمەت ۋە تەۋبە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشنى (الله تائالادىن) تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. يۇقىرىدا ئىسمىلىرى كەلگەن كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن كېيىنچە ياخشى مۇسۇلمان بولغانلارمۇ بولدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن مۇشۇ ـ مۇشۇ ئىشلارنى قىلساڭمۇ، مەن ئويلايمەنكى، مەن يەنە ساڭا ئىشەنمەيمەن، ـ دېگەن سۆزنى قىلغان ھاما ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئۇمەييەمۇ الله تائالاغا تەۋبە قىلىپ كامىل مۇسۇلمان بولدى.

**﴿ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن﴾** يەنى بىز قاراپ تۇرىمىز، سەن شوتا بىلەن ئاسمانغا چىققىن. **﴿تاكى (الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەر بىرىمىزگە بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىغە الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابدۇر دەپ يېزىلغان ۋە تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن (ھەر بىرىمىزنىڭ) بېشىغا قويۇلغان كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز دېدى، ـ دېيىلگەن.



(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 111 ـ ئايەت.
(3) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(4) شۇئەرا سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (الله نىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»﴾ يەنى ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىگىدارچىلىقى ئاستىدىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشقا قەدەم قويۇشىدىن الله تائالا كاتتىدۇر ۋە ئۈستۈندۇر، الله تائالا خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر، ئەگەر خالىسا تەلەپلىرىڭلارغا جاۋاب بېرىدۇ، ئەگەر خالىسا جاۋاب بەرمەيدۇ. مەن پەقەت سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن ھەم شۇنداق قىلدىم. ئەمما سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارغا جاۋاب بېرىش الله تائالانىڭ ئىشىدۇر.

* * * * * * *

وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤۡمِنُوٓاْ إِذۡ جَآءَهُمُ ٱلۡهُدَىٰٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَبَعَثَ ٱللَّهُ بَشَرٗا رَّسُولٗا ﴿٩٤﴾ قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا ﴿٩٥﴾

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۇزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «الله ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴿94﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴿95﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن رەددىيە

﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۇزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «الله ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾[1]، ﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن ئىدى، ئۇلار: «ئىنسان بىزنى ھىدايەت قىلالامدۇ؟» دېدى. (پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى. الله (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەستۇر، الله (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[2].



الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «بىزگە ئوخشاش ئىككى ئادەم ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى

(1) يۇنۇس سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى﴾[1].

ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرمۇ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق دېگەن ئىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان (بۇتلار) غا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولىسىلەر، (راستلىقىڭلار ئۈچۈن) بىزگە ئېنىق پاكىت كۆرسىتىڭلار» دېدى﴾[2] مۇشۇ مەزمۇندا كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بىلەن سۆزلىشەلىسۇن ۋە ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ (دىنىنى) چۈشەنسۇن ۋە بىلسۇن دەپ، پەيغەمبەرنى ئۇلارنىڭ تىپىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر الله تائالا پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن ئەۋەتكەن بولسا، ئۇلار ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله مۆمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[3]، ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[4]، ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىني ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يادا ئېتىڭلار، (مىنى يادا ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) يادا ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾[5].

شۇڭا الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴾** يەنى پەيغەمبەرنى ئۇلارنىڭ ئۆز تىپىدىن چۈشۈرەتتۇق، سىلەر ئىنسان بولغاچقا، بىز سىلەرگە رەھمەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ پەيغەمبەرنى سىلەرنىڭ تىپىڭلار بولغان ئادەمدىن ئەۋەتتۇق.

* * * * * * *

قُلْ كَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًۢا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْۚ إِنَّهُۥ كَانَ بِعِبَادِهِۦ خَبِيرًۢا بَصِيرًا ﴿٩٦﴾

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەت.
(4) تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت.
(5) بەقەرە سۈرىسى 151 ـ 152 ـ ئايەتلەر.

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مېنىڭ راستلىقىمغا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر، الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»﴿96﴾.

الله تائالا پەيغەمبىرىگە ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتە راستچىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇلارغا پاكىت تۇرغۇزۇشنى كۆرسىتىپ، ئۇنى: الله تائالا ماڭا ۋە سىلەرگە گۇۋاھچىدۇر، ئۇ، مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى بىلگۈچىدۇر، ئەگەر مەن الله تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتقان بولسام، ئەلۋەتتە، الله تائالا مەندىن قاتتىق ئۆچىنى ئالاتتى، ـ دېيىشكە بۇيرىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق﴾[1].

**﴿الله ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ياخشىلىققا ۋە ھىدايەتكە، كىمنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىققا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

*******

وَمَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِ ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُمْ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِهِۦ ۖ وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ عَلَىٰ
وُجُوهِهِمْ عُمْيًا وَبُكْمًا وَصُمًّا ۖ مَّأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ ۖ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَٰهُمْ سَعِيرًا ﴿٩٧﴾

كىمكى الله ھىدايەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە الله دىن باشقا (ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز﴿97﴾.

## توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇۋېتىشنىڭ الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە قىلىدىغان ئىشلىرىدىن، ئۇلارغا ھۆكۈمنى يۈرگۈزىدىغانلىقىدىن ۋە ھۆكۈمىگە ھېچ كىشىنىڭ قارشى تۇرالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿كىمكى الله ھىدايەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە الله دىن باشقا (ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن﴾** يەنى ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغان ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى الله ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) الله ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا

[1] ھاققە سۈرىسى 44 ـ 46 ـ ئايەتكىچە.

يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾[1].

## ئازغۇنلۇقتىكى كىشىلەرنىڭ جازاسى

﴿**قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز**﴾ ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! (قىيامەت كۈنى) كىشىلەر دۈم ياتقۇزۇلۇپ قانداق يىغىلىدۇ؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنى پۇتلىرىچە ماڭدۇرغان زات، ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ ماڭدۇرۇشقىمۇ قادىردۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئۇلارنىڭ (قىيامەت كۈنى) كور، گاچا، گاس ھالدا كەلتۈرۈلۈشى ئۇلار دۇنيادا ھەقىقەتنى (كۆرۈشتىن) كور، (ئۇنى سۆزلەشتىن) گاچا، (ئۇنى ئاڭلاشتىن) گاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. ئۇلار ھەممە كىشىلەر توپلانغان مەيداندا (كۆزلىرىگە، قۇلاقلىرىغا ۋە تىللىرىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا) مۇشۇ جازا بىلەن جازا بېرىلدى.

﴿**ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كۆيۈشى توختاپ قالسا، ـ دېدى. مۇجاھىد: ئۆچۈپ قالسا، ـ دېدى. ﴿**ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز**﴾. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇلارغا ئېيتىمىزكى) «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە قىلىمىز»﴾[2].

*******

﴿ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُم بِأَنَّهُمْ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالُوٓاْ أَءِذَا كُنَّا عِظَٰمًا وَرُفَٰتًا أَءِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا ﴿٩٨﴾ ۞
أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ ٱللَّهَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ وَجَعَلَ لَهُمْ أَجَلًا لَّا رَيْبَ فِيهِ
فَأَبَى ٱلظَّٰلِمُونَ إِلَّا كُفُورًا ﴿٩٩﴾

ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە «چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستىلا قايتىدىن تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ئەنە شۇدۇر﴿98﴾. ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان **الله** نىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ **الله** ئۇلارنىڭ (ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئۈچۈن) شەك ـ شۈبھىسىز مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى، كاپىرلار پەقەت كۇفرىنىلا ئۇنايدۇ﴿99﴾.

يەنى ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارنى گاس، گاچا، كور قىلىپ قوپۇشتەك ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزغا لايىق بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ھۆججەت ـ پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى، قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ: ﴿**«چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستىلا قايتىدىن تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟»**﴾ يەنى بىز چىرىپ، تىتما ـ تىتما بولۇپ توپىغا ئايلىنىپ،

---

(1) كەھف سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەبە سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قايتا تىرىلەمدىكەنمىز؟ ـ دېدى.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا پاكىت كەلتۈردى. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان الله ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2]، ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، الله ماھىر ياراتقۇچىدۇر. ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. الله پاكتۇركى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدىدۇر. (ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[3].

الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دېدى: **﴿ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان الله نىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟﴾** يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى قايتۇرالايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى بۇرۇن ياراتقاندەك قايتا يارىتالايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

**﴿الله ئۇلارنىڭ (ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئۈچۈن) شەك ـ شۈبھىسىز مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى قايتا يارىتىپ قەبرىلىرىدىن چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز﴾[4].

**﴿كاپىرلار پەقەت كۇفرىغىلا ئۇنايدۇ﴾** يەنى كاپىرلار ئۆزلىرىگە پاكىتلار كۆرسىتىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھلىقىدا ۋە ئازغۇنلۇقىدا چوڭقۇرلىششقىلا ئۇنايدۇ.

*******

قُل لَّوۡ أَنتُمۡ تَمۡلِكُونَ خَزَآئِنَ رَحۡمَةِ رَبِّيٓ إِذٗا لَّأَمۡسَكۡتُمۡ خَشۡيَةَ ٱلۡإِنفَاقِۚ وَكَانَ ٱلۡإِنسَٰنُ قَتُورٗا ﴿١٠٠﴾

«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار، ئىنسان بېخىل كېلىدۇ» دېگىن﴿100﴾.

(1) مۆمىن سۈرىسى 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەھقاف سۈرىسى 33 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى 81 ـ 83 ـ ئايەتكىچە.
(4) ھۇد سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

# بېخىللىق قىلىشنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرىنى كىشىلەرگە مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار**﴾ يەنى ئۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن قورقۇپ بېخىللىق قىلاتتىڭلار. چۈنكى، بېخىللىق قىلىش سىلەرنىڭ تەبىئىتىڭلاردۇر، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئىنسان بېخىل كېلىدۇ»**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ﴾[1] يەنى ئەگەر ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ پادىشاھلىقىدا نېسىۋىسى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلار (قاتتىق بېخىللىقىدىن) ھېچ كىشىگە قىلچىلىكمۇ نەرسە بەرمەيتتى. الله تائالا ئىنساننى ئىنسانلىق تەرىپىدىن سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى، بېخىللىق، زارلىنىش ۋە چىدامسىزلىقلار بولسا، ئىنساننىڭ سۈپەتلىرىدۇر. لېكىن، الله تائالا ئۇتۇقلۇق بەرگەن ۋە توغرا يولغا باشلىغان كىشى ئۇنداق بولمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر، بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر...﴾[2] قۇرئاندا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار. بۇ، الله تائالانىڭ سېخى ۋە كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ قولى (لىق) توشۇقتۇر، ئۇنى (مەخلۇقاتلىرىغا) بەرگەن نەرسىلىرى ئازايتالمايدۇ، (الله تائالا) كېچە ـ كۈندۈز توختىماي بەرگۈچىدۇر. الله تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋاقتىدىن باشلاپ بەرگەن نەرسىلىرىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇ ھەتتا الله تائالانىڭ ئوڭ قولىدىكى نەرسىنىمۇ ئازايتالمىدى».

* * * * * * *

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَىٰ تِسْعَ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍۢ ۖ فَسْـَٔلْ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ إِذْ جَآءَهُمْ فَقَالَ لَهُۥ فِرْعَوْنُ إِنِّى لَأَظُنُّكَ
يَٰمُوسَىٰ مَسْحُورًا ﴿١٠١﴾ قَالَ لَقَدْ عَلِمْتَ مَآ أَنزَلَ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ بَصَآئِرَ وَإِنِّى
لَأَظُنُّكَ يَٰفِرْعَوْنُ مَثْبُورًا ﴿١٠٢﴾ فَأَرَادَ أَن يَسْتَفِزَّهُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ فَأَغْرَقْنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ جَمِيعًا ﴿١٠٣﴾
وَقُلْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ لِبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱسْكُنُوا۟ ٱلْأَرْضَ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ ٱلْءَاخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفًا ﴿١٠٤﴾

(1) نىسا سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) مەئارىج سۈرىسى 19 ـ 22 ـ ئايەتكىچە.

بىز مۇساغا ھەقىقەتەن توققۇز روشەن مۆجىزە ئاتا قىلدۇق، مۇسا پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە كەلگەن چاغدا (بىز مۇساغا): «(ئۇلاردىن) ئىسرائىل ئەۋلادىنى (قويۇۋېتىشنى) سورىغىن» (دېدۇق). پىرئەۋن ئۇنىڭغا: «ئى مۇسا! سېنى مەن چوقۇم جادۇ قىلىنغان دەپ ئويلايمەن» دېدى﴿101﴾. مۇسا: «(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنى، ئى پىرئەۋن! ھەقىقەتەن، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن» دېدى﴿102﴾. پىرئەن ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدى، بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى ـ ھەممىسىنى (دېڭىز) غا غەرق قىلىۋەتتۇق﴿103﴾. پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق﴿104﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز مۆجىزە

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا توققۇز مۆجىزە بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ مۆجىزىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پىرئەۋنگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەسكىن پاكىتلاردۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: توققۇز مۆجىزە بولسا، روشەن مۆجىزىلەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ھاسا، قول (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقارغاندا قولىنىڭ ئاق بولۇپ چىقىشى)، قەھەتچىلىك، دېڭىزنىڭ يېرىلىشى، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا ۋە قان ئايەتلىرىدۇر» دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب: توققۇز مۆجىزىلەر بولسا، (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) قولى، ھاسا، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان ئايەتلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ سۈرىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە تاشتىن سۇنىڭ چىقىشى قاتارلىقلاردۇر، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، شەئبى ۋە قەتادە قاتارلىقلار: توققۇز مۆجىزىلەر بولسا (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) قولى، ھاسا، قەھەتچىلىك، مېۋىلەرنىڭ ھوسۇلىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان ئايەتلىرىدۇر، ـ دېدى.

﴿(الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى﴾[1] يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، چوڭلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىمان ئېيتمىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق

(1) ئەئراف سۈرىسى 133 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾[1] يەنى ئۇ مۆجىزىلەر ئۇلارغا تەسىر قىلمىدى. شۇنىڭدەك، قۇرەيشلەرنىڭ سەندىن تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى كەلتۈرۈپ بەرسەڭمۇ، ئۇلار يەنە سېنىڭ دەۋىتىڭگە (الله تائالا خالىغانلىرىدىن باشقىسى) جاۋاب قايتۇرمايدۇ ۋە ساڭا ئىمان ئېيتمايدۇ. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالام كەلتۈرگەن مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿«**ئى مۇسا! سېنى مەن چوقۇم جادۇ قىلىنغان دەپ ئويلايمەن**»﴾.

﴿**بىز مۇساغا ھەقىقەتەن توققۇز روشەن مۆجىزە ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى بۇ ئايەتتىكى مۆجىزىلەردىن ئالىملار يۇقىرىدا بايان قىلغان توققۇز مۆجىزە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ توققۇز مۆجىزە الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان: ﴿«ھاساڭنى تاشلىغىن!» مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چېكىندى. كەينىگە (يەنى قورققىنىدىن ئەجدىھاغا) قارىيالمىدى. (الله ئېيتتى) «ئى مۇسا! قورقمىغىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا پەيغەمبەرلەر ئەلۋەتتە قورقمايدۇ. لېكىن كىمكى (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلسا، ئاندىن يامان ئەمەللىرىنى ياخشى ئەمەلگە ئۆزگەرتسە، مەن (ئۇنىڭغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇر، قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ. (بۇ) مېنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بەرگەن توققۇز مۆجىزەمنىڭ ئىچىدىدۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ھاسا بىلەن قولنىلا بايان قىلدى. قالغان مۆجىزىلەر بولسا، ئەئراف سۈرىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇلاردىن باشقا يەنە مۆجىزىلەر بېرىلدى. بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرغاندا، ئۇنىڭدىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، بۇلۇتلارنىڭ سايىۋەن قىلىنىپ بېرىلىشى، تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنىڭ چۈشۈرۈلۈپ بېرىلىشى ۋە ئۇلاردىن باشقا ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن بېرىلگەن مۆجىزىلەردۇر. لېكىن، بۇ يەردە بايان قىلىنغان توققۇزى بولسا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ مىسىرلىقتىن بولغان قەۋمى كۆرگەنلىرىدۇر. الله تائالا بۇ مۆجىزىلەرنى ئۇلارغا پاكىت ئاساسىدا كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلار مۆجىزىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتتى، كاپىرلىق قىلدى ۋە ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن (ئىمان ئېيتىشتىن) تەرسالىق قىلدى.

شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى: ﴿«**(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنى، ئى پىرئەۋن! ھەقىقەتەن، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلايمەن**»﴾.

## پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى

﴿**پىرئەن ئۇلارنى (مىسىر) زېمىنىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولدى**﴾ يەنى پىرئەۋن ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدىن يوقاتماقچى بولغان ئىدى. ﴿**بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى**

(1) نەمل سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) نەمل سۈرىسى 10 ـ 12 ـ ئايەتكىچە.

**- ھەممىسىنى (دېڭىز) غا غەرق قىلىۋەتتۇق، پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، (دېدۇق)﴾** بۇ سۈرە ھىجرەتتىن بۇرۇن مەككىدە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىپ بېرىلىدىغانلىقىغا بېشارەت بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. چۈنكى، مەككىلىك كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغان ئىدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(يەھۇدىيلار) سېنى (مەدىنە) زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردە سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزماسلىققا تاس قالدى، شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايتتى (يەنى ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى). (بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر (يەنى پەيغەمبەرلىرىنى ئارىسىدىن ھەيدەپ چىقارغان ھەرقانداق ئۈممەتنى ھالاك قىلىش **الله** نىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە تۇتقان يولىدۇر)، تۇتقان يولىمىزدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن﴾[1] شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە مىراسخور قىلدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر رىۋايەتكە ئاساسەن) مەككىگە كۈچ بىلەن كىرىپ، مەككىلىكلەرنى كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن ئېغىر - بېسىقلىق ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى قويىۋەتكەن.

شۇنىڭدەك، **الله** تائالا بوزەك قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان قەۋمنى زېمىننىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە مىراسخور قىلدى. ھەمدە ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ شەھىرىگە، ماللىرىغا، زىرائەتلىرىگە، مېۋىلىرىگە ۋە خەزىنىلىرىگە مىراسخور قىلدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى بەنى ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ بەردۇق﴾[2].

**﴿پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق﴾** يەنى سىلەرنى ۋە دۈشمىنىڭلارنى بىللە ئېلىپ كېلىمىز. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھەممىڭلارنى ئېلىپ كېلىمىز دېگەنلىكتۇر، - دېدى.

* * * * * * *

وَبِٱلْحَقِّ أَنزَلْنَٰهُ وَبِٱلْحَقِّ نَزَلَ ۗ وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا مُبَشِّرًا وَنَذِيرًا ﴿١٠٥﴾ وَقُرْءَانًا فَرَقْنَٰهُ لِتَقْرَأَهُۥ عَلَى ٱلنَّاسِ عَلَىٰ
مُكْثٍ وَنَزَّلْنَٰهُ تَنزِيلًا ﴿١٠٦﴾

قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، سېنى بىز پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴿105﴾. قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە - دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ - بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق﴿106﴾.



(1) ئىسرا سۈرىسى 76 - 77 - ئايەتلەر.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 59 - ئايەت.

# قۇرئاننىڭ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ چۈشكەنلىكى

الله تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئاندىن خەۋەر بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى﴾[1] يەنى قۇرئان الله تائالا ساڭا بىلدۈرمەكچى بولغان ھۆكۈملىرى، بۇيرۇقلىرى ۋە توسقان چەكلىمىلىرىدىن ئىبارەت الله تائالانىڭ ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا چۈشتى.

**﴿قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! قۇرئان ياخشى قوغدالغانلىقتىن ساڭا ساختا نەرسە ئارىلىشىپ قالمىغان ۋە كەم ـ زىيادە بولمىغان ھالدا چۈشۈرۈلدى. يەنى قۇرئان ھەق ئاساستا ساڭا يېتىپ كەلدى. چۈنكى، قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۈچلۈك، ئىشەنچلىك، مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان پەرىشتە (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) ئېلىپ چۈشتى.

ئى مۇھەممەد! **﴿سېنى بىز پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾** يەنى ساڭا بويسۇنغان مۆمىنلەرگە خۇش بېشارەتچى ۋە ساڭا ئاسىيلىق قىلغان كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.

**﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجى نازىل قىلدۇق﴾** بۇ ئايەتتە ئىككى خىل قىرائەت بولۇپ، بىرىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز قۇرئاننى ھەممە نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن تاختا (لەۋھۇلمەھفۇز) دىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى بىرىنچى ئاسماندىكى ”بەيتۇلئىززە“ دېگەن ئۆيگە چۈشۈردۇق. ئاندىن قۇرئان ئۇ يەردىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ جەريانىغا قارىتا بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ 23 يىل ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىنى ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلدى.

ئىككىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: قۇرئاننى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشۈڭ ۋە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ، مەنىسى ئوچۇق، ئايەتمۇ ئايەت قىلىپ چۈشۈردۇق. ئۇنى بىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن (پارچە ـ پارچە قىلىپ) چۈشۈردۇق دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدى.

* * * * * * *

قُلْ ءَامِنُوا۟ بِهِۦٓ أَوْ لَا تُؤْمِنُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ مِن قَبْلِهِۦٓ إِذَا يُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ يَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ سُجَّدًا ﴿١٠٧﴾ وَيَقُولُونَ
سُبْحَٰنَ رَبِّنَآ إِن كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولًا ﴿١٠٨﴾ وَيَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا ۩ ﴿١٠٩﴾

(1) نىسا سۈرىسى 166 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى، ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نوقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ﴿107﴾. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴿108﴾. ئۇلار يىغلىغان هالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار الله غا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴿109﴾.

## ئىلگىرىكى ئۇممەتلەردىن بولغان ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ قۇرئاننىڭ هەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئۆزىنىڭ مۇشۇ كاتتا قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن كاپىرلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى، ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نۇقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن**﴾ يەنى سىلەر قۇرئانغا ئىمان ئېيتىڭلار ياكى ئېيتماڭلار بەرىبىر، ئۇ، **الله** تائالا چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى بۇرۇنقى زاماندىن باشلاپ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن كىتابلىرىدا تونۇشتۇرۇپ كەلگەن هەقىقەتتۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ**﴾ يەنى ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن كىتابلىرىنى چىڭ تۇتقانلارغا، كىتابىنىڭ (هۆكۈملىرىنى) ئالماشتۇرۇۋەتمەستىن ۋە ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئەمەل قىلغانلارغا بۇ قۇرئان ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئۆزلىرىگە مۇشۇ قۇرئان چۈشكەن پەيغەمبەرنى كۆرۈش نېمىتىنى بەرگەنلىكىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن دەرھال **الله** تائالاغا سەجدە قىلىشقا بارىدۇ.

﴿«**پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالانىڭ كامالەتكە يەتكەن قۇدرىتىنى ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشكە بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمىغانلىقىنى ئۇلۇغلاپ ۋە هۆرمەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ»**﴾.

﴿**ئۇلار يىغلىغان هالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا يالۋۇرغان، ئۇنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىشەنگەن هالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ.

﴿**(قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار الله غا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ**﴾ يەنى (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن) ئۇلارنىڭ **الله** غا بولغان ئىمانى ۋە بويسۇنۇشى تېخىمۇ ئاشىدۇ. **الله** تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دېدى: ﴿هىدايەت تاپقانلارنى **الله** تېخىمۇ هىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

(1) مۇهەممەد سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

قُلِ ٱدْعُوا۟ ٱللَّهَ أَوِ ٱدْعُوا۟ ٱلرَّحْمَـٰنَ ۖ أَيًّا مَّا تَدْعُوا۟ فَلَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا
وَٱبْتَغِ بَيْنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ﴿١١٠﴾ وَقُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٌ فِى ٱلْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ
وَلِىٌّ مِّنَ ٱلذُّلِّ ۖ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًۢا ﴿١١١﴾

«الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى، الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۆمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن﴿110﴾. ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) الله غا خاستۇر! الله نى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»﴿111﴾.

## الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار ئىكەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرىنى الله تائالانىڭ رەھمەت سۈپىتىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە الله تائالانى "راھمان" دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاشنى چەكلىگەن كاپىرلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**«الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى، الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن**﴾ يەنى الله تائالانى الله دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالا چىرايلىق ئىسىملىرى بار زاتتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر، الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر. (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

مەكھۇل مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىدە تۇرۇپ: «ئى رەھمان! ئى رەھىم!» دەپ تىلەك تىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: بۇ ئىككى زاتنى چاقىرىپ تۇرۇپ بىر زاتنى چاقىرىمەن دەپ گۇمان قىلىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿**الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر).**

---
(1) ھەشر سۈرىسى 22 ـــ 24 ـ ئايەتكىچە.

**چۈنكى، ﷲ نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن﴾** دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق رىۋايەت قىلىندى. بۇ ئىككى رىۋايەتنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

## قىرائەتنى ئوتتۇرا ھال ئاۋاز بىلەن قىلىش كېرەكلىكى

**﴿نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۆمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾**

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقىتدا چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ناماز ئوقۇپ بەرگەندە، قۇرئاننى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيتتى. مۇشرىكلار قۇرئاننى ئاڭلاپ قالسا، قۇرئاننى، ئۇنى چۈشۈرگەن زاتنى ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى تىللايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېدى: **﴿نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۆمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن﴾**. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەقتە زەھھاكمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائەتنى خالىغانچە ئوقۇيدىغان بولدى، ـ دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا (تۈرۈپ) قۇرئاننى ئاۋازلىق ئوقۇسا، كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن كېتىشەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاشقا ئۇنىمايتتى. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا (تۈرۈپ) ئوقۇغان قۇرئاننى ئاڭلىماقچى بولسا، ئۇلاردىن يوشۇرۇن كېلىپ ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتى. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرئان ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن قورقۇپ (قۇرئاننى تىڭشىماي) كېتىپ قالاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازنى پەس قىلىۋالسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىماقچى بولغانلار ئاڭلىيالماي قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ﷲ تائالا: **﴿نامىزىڭدا (قىرائەتنى) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾** يەنى (ئۇنداق قىلساڭ) مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ قېشىڭدىن كېتىپ قالمىسۇن. **﴿پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾** يەنى (ئۇنداق قىلساڭ) ئۇلاردىن قىرائىتىڭنى ئوغرىلىقچە تىڭشىماقچى بولغانلار ئاڭلىيالماي قالمىسۇن. (پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇمىغانلىقىڭ) سەۋەبىدىن ئۇلار قۇرئاننى تىڭشاپ، بەزى گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭدىن يېنىشى مۇمكىن. **﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن﴾**.

ئىكرىمە ۋە ھەسەنبەسرىمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دېدى. قەتادە: بۇ ئايەت ناماز ئوقۇغاندا قىلىدىغان قىرائەت توغرىسىدا چۈشكەن، ـ دېدى. ئىبنى مەسئۇد: **﴿پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن﴾** دېگەن

ئايەتنىڭ مەنىسى، تىڭشىماقچى بولغان كىشى ئۇچۇن قۇرئاننى پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

## الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىنىڭ بايانى

**الله** تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئىسىملىرى بارلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى، بۇ يەردە ئۆزىنى ھەممە كەمچىلىكلەردىن پاكلاپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان (الله غا خاستۇر)**﴾ **الله** تائالا مۇنداق زاتتۇر: ئۇ بىردۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

﴿**(جىمى ھەمدۇسانا) خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) الله غا خاستۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا دوستقا ياكى ۋەزىرگە ۋەياكى مەسلىھەتچىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالىدىغان ھاجەتمەن ئەمەستۇر. ئەكسىچە، **الله** تائالا ھەممە نەرسىلەرنى شېرىكسىز، ئۆزى يالغۇزلا ياراتقان، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە شېرىكسىز، ئۆزىنىڭ يالغۇز خاھىشى بىلەنلا تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن زاتتۇر. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: **الله** تائالا ھېچ كىشى بىلەن ئەھدە تۈزۈشمىدى ۋە ھېچ كىشىنىڭ ياردىمىنىمۇ تەلەپ قىلمىدى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**الله نى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»**﴾ يەنى ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار ۋە ھەقتىن ھالقىپ كەتكۈچىلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن **الله** تائالانى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن ۋە كاتتا بىلگىن.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قۇرەزىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار **الله** تائالانىڭ بالىسى بار دەيتتى. ئەرەبلەر: چاقىرىقىڭغا چىن دىلىمدىن رازىلىق بىلەن كېلىمەن، ئى **الله** ! سېنىڭ سەن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىر شېرىكىڭدىن باشقا شېرىكىڭ يوق، ـ دەيتتى. پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ۋە ئوتپەرەسلەر: ئەگەر **الله** تائالانىڭ دوستلىرى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە **الله** تائالا خار بولاتتى، ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا: ﴿**ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) الله غا خاستۇر! الله نى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

**الله** تائالاغا مىڭلارچە شۈكرىلەر بولسۇن! ئىسرا سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# كەھف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 110 ئايەت

## كەھف سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ بېشىدىكى ئون ئايەت، ئايىغىدىكى ئون ئايەتنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ سۈرىنىڭ دەججالدىن ساقلايدىغانلىقى

ئىمام ئەھمەد بەرائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى سۈرە كەھفنى ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قورۇسىدىكى ئۇلاغ ئۈركۈشكە باشلىدى. ئۇ كىشى قارىغۇدەك بولسا، بۇلۇت ئۆزىنى ئورىۋاپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى پالانى! (قۇرئاننى) ئوقۇۋەرگەن بولساڭ بولاتتى. چۈنكى، ئۇ بۇلۇت قۇرئان ئوقۇلغاندا چۈشىدىغان ھۇزۇرى خاتىرجەملىكتۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىسمى ئۇسەيد ئىبنى ھەزىردۇر. قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ شۇ ئادەم ئىكەنلىكى بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇدارداdىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئون ئايەت يادلىسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە تىرمىزىلەرمۇ رىۋايەت قىلدى. تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «كىمكى كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئۈچ ئايەت يادلىسا» دەپ كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇدارداdىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كەھف سۈرىسىنىڭ ئايىغىدىن ئون ئايەت ئوقۇسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ھاكىم ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جۈمە كۈنى كەھف سۈرىسىنى ئوقۇسا،

ئۇ سۈرە يەنە بىر جۈمە كۈنى بولغىچە ئارىلىقتا ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ھاپىز ئەبۇبەكرى بەيھەقىمۇ ھاكىمدىن شۇنداق رىۋايەت قىلدى. ئىمام بەيھەقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كەھف سۈرىسىنى (ئۆزگەرتىۋەتمەي) خۇددى ئۇ چۈشكەندىكىدەك ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ».

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبْدِهِ ٱلْكِتَٰبَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُۥ عِوَجَا ۜ ﴿١﴾ قَيِّمًا لِّيُنذِرَ بَأْسًا شَدِيدًا مِّن
لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا حَسَنًا ﴿٢﴾ مَّٰكِثِينَ فِيهِ
أَبَدًا ﴿٣﴾ وَيُنذِرَ ٱلَّذِينَ قَالُوا۟ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدًا ﴿٤﴾ مَّا لَهُم بِهِۦ مِنْ عِلْمٍ وَلَا لِءَابَآئِهِمْ ۚ كَبُرَتْ
كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَٰهِهِمْ ۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا ﴿٥﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، (اللە ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴿1. 2﴾. ئۇلار (يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەر) جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ﴿3﴾. اللە نىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ﴿4﴾. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴿5﴾.

## قۇرئاننىڭ خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەنلىكى

يۇقىرىدا اللە تائالانىڭ ئىشلارنىڭ بېشىدا ۋە ئايىغىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى. اللە تائالا ھەممە ۋاقىتتا مەدھىيىلىنگۈچىدۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەمدۇسانالار اللە تائالاغا خاستۇر، شۇڭا اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلۇغ كىتابى بولغان (قۇرئاننى) چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز زاتىغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. چۈنكى، قۇرئان يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە اللە تائالا بەرگەن چوڭ نېمەتتۇر. چۈنكى، قۇرئان كىشىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقاردى. اللە تائالا قۇرئاننى ھېچقانداق قىڭغىرلىقى ۋە ئەگرى ـ توقايلىقى يوق، توغرا كىتاب قىلدى. قۇرئان كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە مۆمىنلەرگە خۇش بېشارەت بەرگۈچى بولغان ھالدا ناھايىتى توغرا، روشەن يولغا باشلايدۇ.

اللە تائالا قۇرئاننى ئۆزىگە قارشىلىق قىلغان، ئۆزىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئىشەنمىگەنلەرنى، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كېلىدىغان، ھېچكىم ئۆزى جازالىغاندەك جازالىيالمايدىغان ۋە ئۆزى باغلىغاندەك باغلىيالمايدىغان، ئۆزى تەرىپىدىن بولىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، مۇشۇ قۇرئانغا ئىمان

ئېيتىپ، ئىمانىنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئىسپاتلىغان مۆمىنلەرگە ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى (ئۇنىڭدا تۇرۇش مەڭگۈ بولىدىغان) جەننەتتىن ئىبارەت ئوبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا قىڭغىرلىق ۋە ئەگرى ـ توقايلىق بار كىتاب قىلماستىن، بەلكى ھىدايەت ۋە توغرا يول بار كىتاب قىلىپ چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿جىمى ھەمدۇسانا اللە غا خاستۇركى، (اللە ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن بولغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەرگە ئوبدان مۇكاپات (يەنى جەننەت) بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾.

﴿اللە نىڭ بالىسى بار دېگۈچىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېدى: بۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇشرىكلاردۇر. ئۇلار: بىز اللە تائالانىڭ قىزلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىمىز، ـ دەيتتى.

﴿ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس﴾ يەنى بۇلار ۋە بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى توقۇغان بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. اللە تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بوھتانلىرىنى ئەيىبلەپ ۋە ئۇنىڭ چوڭ بوھتان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدىگەن چوڭ!»﴾ يەنى بۇ ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەستۇر، بۇ پەقەت يالغان ۋە بوھتاندىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾.

## بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلىكلەر نەزىر ئىبنى ھارىس بىلەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيتنى مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا: سىلەر بېرىپ ئۇ ئالىملاردىن مۇھەممەد توغرىسىدا سوئال سوراڭلار. مۇھەممەدنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇلارغا دەپ بېرىڭلار ۋە ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار. چۈنكى، ئۇلار كىتاب بېرىلگەن كىشىلەردۇر. پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا بىز بىلمىگەن بىلىملەرنى ئۇلار بىلىدۇ، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى مەدىنىگە كېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا سوئاللار سورىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە دېگەن بەزى سۆزلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارغا: سىلەر تەۋرات بېرىلگەن كىشىلەرسىلەر، سىلەرنىڭ بىزگە ھەمراھىمىز (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) توغرىسىدا بىر نەرسە دەپ بېرىشىڭلار ئۈچۈن قېشىڭلارغا كەلدۇق، ـ دېدى.

يەھۇدىيلار: سىلەر ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى، يەنى بۇرۇنقى زاماندا غارغا كىرگەن يىگىتلەرنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقىنى سوراڭلار؟ چۈنكى، ئۇلار توغرىسىدا قىزىقارلىق سۆز ـ چۆچەكلەر بار. زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگىچە بارغان كىشىنىڭ خەۋىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ۋە روھ توغرىسىدا سوراڭلار؟ ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئۇلارنى بايان قىلىپ بەرەلىسە، ئۇ،

ھەقىقىي پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار. ئەگەر بايان قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇ، (اللە تائالانىڭ نامىدىن) گەپ توقۇغان كىشى بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى قانداق قىلاي دېسەڭلەر، شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ، ـ دېدى.

نەزىر ئىبنى ھارىس بىلەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيت قۇرەيشلىكلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ: ئى قۇرەيشلىكلەر گۇرۇھى! بىز سىلەرگە سىلەرنىڭ مۇھەممەد ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن دەلىل بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى بىزگە ئۇنىڭدىن ماۋۇ، ماۋۇ ئىشلاردىن سورىشىمىزغا بۇيرىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! بىزگە ماۋۇ، ماۋۇ ئىشلاردىن خەۋەر بەرگىن دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى سوراشقا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ بۇ سوئاللىرىڭلارغا ئەتە جاۋاب بېرەي» دېدى، ئەمما: «اللە تائالا خالىسا،» دېمىدى. قۇرەيشلىكلەر قايتىپ كەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 15 كۈن ساقلىدى. اللە تائالا ۋەھيي چۈشۈرمىدى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ كەلمىدى. ھەتتا مەككىلىكلەر: مۇھەممەد بىزگە ئەتە (جاۋاب بېرەي دەپ) ۋەدە قىلغانىدى، بۈگۈن ئون بەش كۈن توشتى، سوئاللىرىمىزنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى، ـ دەپ گەپ تارقاتقىلى تۇردى. ۋەھيينىڭ چۈشمىگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەندىشىگە سالدى. مەككىلىكلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىلىكلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتكەنلىكىگە كايىغانلىقىنى ۋە ئۇلار سورىغان يىگىتلەرنىڭ ۋە زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگىچە بارغان كىشىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەھف سۈرىسىنى ۋە اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن﴾[1] دېگەن ئايىتىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئېلىپ چۈشتى.

* * * * * * *

فَلَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمۡ إِن لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَسَفًا ﴿٦﴾ إِنَّا جَعَلۡنَا مَا عَلَى
ٱلۡأَرۡضِ زِينَةٗ لَّهَا لِنَبۡلُوَهُمۡ أَيُّهُمۡ أَحۡسَنُ عَمَلٗا ﴿٧﴾ وَإِنَّا لَجَٰعِلُونَ مَا عَلَيۡهَا صَعِيدٗا جُرُزًا ﴿٨﴾

ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴿6﴾. ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴿7﴾. بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل ـ دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز﴿8﴾.

(1) ئىسرا سۈرىسى 85 ـ ئايەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قارىتا ئەپسۇسلانماسلىقىغا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىماندىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ كەتكەنلىكىگە تەسەللى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ). شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾[3] يەنى سەن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا قايغۇرۇپ، ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.

**﴿ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سەن (ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە) ئاچچىغلاپ ۋە قايغۇرۇپ، ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن دېگەنلىكتۇر. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سەن (ئۇلارنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە) بىئارام بولۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇنى ئۆزئارا يېقىندۇر. يەنى سەن ئۇلارغا قايغۇرماستىن، بەلكى الله تائالانىڭ (ساڭا) تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئۇلارغا يەتكۈزگىن. كىمكى توغرا يولنى تاپسا، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تاپىدۇ. كىمكى ئېزىپ كەتسە، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ، ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن.

## بۇ دۇنيانىڭ سىناق مەيدانى ئىكەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ دۇنيانى يوقلىپ كېتىدىغان جاي ۋە تۈگەيدىغان زىننەت بىلەن زىننەتلەنگەن ئورۇن قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ، يەنى الله تائالا دۇنيانى مەڭگۈلۈك تۇرۇش ئورنى قىلماي، پەقەت سىناق ئورنى قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾**.

ئەبۇمۇسلىمە ئەبۇسەئىددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۇنيا شېرىن ۋە رەڭگا رەڭدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنى ئۇنىڭدا ئورۇن باسار قىلدى. سىلەرنىڭ ئۇنىڭدا نېمە ئىش قىلىشىڭلارغا قاراپ

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەمل سۈرىسى 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا سىلەر دۇنياغا بەك بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار ۋە ئاياللار توغرىسىدا **الله** تائالادىن قورقۇڭلار. چۈنكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ يۈز بەرگەن پىتنە ئاياللار توغرىسىدا ئىدى»

ئاندىن **الله** تائالا دۇنيانىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈ قالماي (تۈگەپ) خاراب بولۇپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿بىز چوقۇم يەر يۈزىدىكى (دەل - دەرەخ، تاغ ۋە بىنا قاتارلىق) نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز﴾** يەنى بىز يەر يۈزىنى مۇشۇنداق رەڭدارلىقتىن خارابىلىققا ۋە ۋەيرانىلىققا ئايلاندۇرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى يوقىتىپ، ئۇنى نەرسە ئۈنمەيدىغان ۋە پايدىلانغىلى بولمايدىغان تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.

ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەر يوقىلىدۇ.

* * * * * * *

أَمْ حَسِبْتَ أَنَّ أَصْحَٰبَ ٱلْكَهْفِ وَٱلرَّقِيمِ كَانُوا۟ مِنْ ءَايَٰتِنَا عَجَبًا ﴿٩﴾ إِذْ أَوَى ٱلْفِتْيَةُ إِلَى
ٱلْكَهْفِ فَقَالُوا۟ رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا ﴿١٠﴾ فَضَرَبْنَا عَلَىٰٓ ءَاذَانِهِمْ
فِى ٱلْكَهْفِ سِنِينَ عَدَدًا ﴿١١﴾ ثُمَّ بَعَثْنَٰهُمْ لِنَعْلَمَ أَىُّ ٱلْحِزْبَيْنِ أَحْصَىٰ لِمَا لَبِثُوٓا۟ أَمَدًا ﴿١٢﴾

ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟﴿9﴾ ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلىۋالدى، ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى﴿10﴾. ئۇلارنى بىز غاردا ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق﴿11﴾. ئاندىن ئىككى گۇرۇھ (يەنى ئەسھابۇلكەھف ئىچىدىكى قانچىلىك ئۇخلىغانلىقلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان ئىككى گۇرۇھ) تىن قايسىسىنىڭ غاردا قانچىلىك ئۇزۇن تۇرۇشقانلىرىنى ئىنچىكە ھېسابلايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق﴿12﴾.

## ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسى

**الله** تائالا ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسىنى دەسلەپتە يىغىنچاق ۋە قىسقا بايان قىلىپ، ئاندىن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. **الله** تائالا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىشى بىزنىڭ قۇدرىتىمىزگە ۋە ھۆكۈمرانلىقىمىزغا قارىغاندا ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى يارىتىش، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئايلاندۇرۇش، بۇلاردىن باشقا **الله** تائالانىڭ قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ ھەممە

نەرسىنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ھېچنەرسە ئاجىز قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەرنى يارىتىش ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ خەۋەرلىرىدىنمۇ ھەيران قالارلىقتۇر.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ: بىزنىڭ (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىمىزنىڭ ئىچىدە بۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيران قالارلىقى باردۇر دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەن ساڭا بەرگەن ئىلىم، ھەدىس ۋە قۇرئان ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ۋە (ئۇلارنىڭ) ئىسملىرى يېزىلغان تاختىدىن ئارتۇقتۇر دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مېنىڭ بەندىلىرىمگە كۆرسەتكەن ھۆججەت ـ پاكىتلىرىم ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن ھەيران قالارلىقتۇر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

كەھف بولسا، ھېلىقى يىگىتلەر كىرىۋالغان تاغدىكى ئۆڭكۈردۇر، رەقىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئۇ ئەيلەگە يېقىن يەردىكى جىلغىنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ ھەقتە ئەتىيە ئەۋفىيى ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دېدى. زەھھاك: كەھف جىلغىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىسمى، رەقىم بولسا جىلغىنىڭ ئىسمىدۇر، ـ دېدى. مۇجاھىد: ئۇ، ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ (ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىغا) سالغان تېمىنىڭ ئىسمىدۇر، ـ دېدى. بەزى ئالىملار: ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرى بار جىلغىنىڭ ئىسمىدۇر، ـ دېدى.

ئابدۇرازاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەقتە: كەئب ئۇنى بىر كەنتنىڭ ئىسمى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇ بولسا، ئۆڭكۈر بار تاغنىڭ ئىسمىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: ئۇ بولسا، ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسى يېزىلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىشكى ئالدىدا قويۇپ قويۇلغان تاش تاختىدۇر، ـ دېدى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ جاي قىلىۋالدى، ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى توزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى﴾** يەنى الله تائالا، قەۋمىنىڭ ئۆزلىرىنى دىنىدىن ئازدۇرۇۋەتمىسۇن دەپ، (دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن) ئۇلاردىن قېچىپ ۋە ئۇلاردىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان يىگىتلەردىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئۇلار الله تائالادىن ئۇنىڭ رەھمىتىنى ۋە مەرھەمىتىنى سورىغاندا مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن﴾** يەنى سەن بىزگە ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن رەھمەت قىلساڭ ۋە بىزنى قەۋمىمىزدىن ساقلىساڭ.

**﴿بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى توزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن»﴾** يەنى سەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ھىدايەتلىك قىلساڭ. (بۇ ھەقتە) ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «بىزگە بېكىتكەن ئىشىڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ھىدايەتلىك قىلساڭ».

**﴿ئۇلارنى بىز غاردا ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق﴾** يەنى ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىرگەندە، ئۇلارغا ئۇيقۇ بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇزۇن يىللار ئۇخلىدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى ئۇيقۇلىرىدىن ئويغاتتى. ئۇلارنىڭ يېيىشلىرى ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) بىرى تاماق ئېلىپ كىرىشكە سىرتقا چىقتى. بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاندىن ئىككى گۇرۇھ (يەنى ئەسھابۇلكەھف ئىچىدىكى قانچىلىك ئۇخلىغانلىقلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان ئىككى گۇرۇھ) تىن قايسىسىنىڭ غاردا قانچىلىك ئۇزۇن تۇرۇشقانلىرىنى ئېنىچكە ھېسابلايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق﴾**.

* * * * * * *

نَّحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُم بِٱلْحَقِّ ۚ إِنَّهُمْ فِتْيَةٌ ءَامَنُوا۟ بِرَبِّهِمْ وَزِدْنَٰهُمْ هُدًى ﴿١٣﴾ وَرَبَطْنَا عَلَىٰ
قُلُوبِهِمْ إِذْ قَامُوا۟ فَقَالُوا۟ رَبُّنَا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَن نَّدْعُوَا۟ مِن دُونِهِۦٓ إِلَٰهًا ۖ لَّقَدْ قُلْنَآ إِذًا
شَطَطًا ﴿١٤﴾ هَٰٓؤُلَآءِ قَوْمُنَا ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً ۖ لَّوْلَا يَأْتُونَ عَلَيْهِم بِسُلْطَٰنٍۭ بَيِّنٍ ۖ
فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ﴿١٥﴾ وَإِذِ ٱعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ فَأْوُۥٓا۟ إِلَى
ٱلْكَهْفِ يَنشُرْ لَكُمْ رَبُّكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ وَيُهَيِّئْ لَكُم مِّنْ أَمْرِكُم مِّرْفَقًا ﴿١٦﴾

بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر﴿13﴾. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز (الله نىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز﴿14﴾. بىزنىڭ قەۋمىمىز الله نى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، الله غا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟»﴿15﴾. (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ، الله سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴿16﴾.

## ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقى ۋە قەۋمىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى

الله تائالا بۇ يەردىن باشلاپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا باشلاپ: ئۇلار خاتا دىنغا چوكۇپ كەتكەن قېرىلارنىڭ ئىچىدىن ھەقكە يۈزلەنگەن ۋە توغرا يولغا ماڭغان يىگىتلەردۇر، ـ دېدى. شۇڭا (قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ) الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى يىگىتلەر بولدى. ئەمما قۇرەيشلىكلەرنىڭ قېرىلىرىنىڭ ئاز قىسمىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا كىرمەي، ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىدا قالدى.

الله تائالا بۇ يەردىمۇ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ ياش يىگىتلەر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

مۇجاھىد مۇنداق دېدى: مەن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدا مۇنچاق باركەن دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) ھىدايەت بېرىپ، ئۇلارغا تەقۋالىق ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار الله تائالانىڭ بىر ۋە بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە الله تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان ئېيتتى.

**﴿ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر﴾** ئىمام بۇخارى ۋە باشقا ئالىملار بۇ ئايەتنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى ئىماننىڭ كەم ۋە ئارتۇق بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ھىدايەت تاپقانلارنى الله تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ﴾[1]، ﴿مۆمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴾[2]، ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى﴾[3] بۇ مەزمۇن توغرىسىدا بۇلاردىن باشقا ئايەتلەرمۇ بار.

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىدى دەپ رىۋايەت قىلىنىدى. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. لېكىن بۇ يەردە ئېنىق بولغىنى، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكى ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن بولغان. چۈنكى، ئەگەر ئۇلار خىرىستىئان دىنىدا (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا) بولغان بولسا ئىدى، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى يادا ئالمايتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەرگىز كۆڭۈل بەرمەيتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىدىكى رىۋايىتىدە قۇرەيشلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدىغان بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىنىڭ ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ خەۋەرلىرى، (زېمىننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگىچە) بارغان كىشىنىڭ خەۋىرى ۋە روھ توغرىسىدا سوئال سوراشقا بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى. بۇ رىۋايەت بۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدا بارلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ خىرىستىئان دىنى كېلىشتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾** يەنى بىز ئۇلارغا قەۋملىرىدىن، شەھەرلىرىدىن ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان باياشات،



(1) مۇھەممەد سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فەتھ سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشتىن ۋە نازۇنېمەتلەردىن ئايرىلىپ ياشاشقا سەۋر ئاتا قىلدۇق.

كۆپلىگەن سەلەپ ۋە خەلەپ تەپسىرشۇناس ئالىملىرى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇلار رۇمنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ۋە كاتتا دۆلەتمەن كىشىلىرىنىڭ باللىرى ئىدى. ئۇلار بىر كۈنى قەۋمىنىڭ بايراملىرىنىڭ بىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن چىقتى. ئۇلارنىڭ شەھەر سىرتىدا ھەر يىلى توپلىنىدىغان مەيدانى بار ئىدى. ئۇلار (شۇ مەيداندا) بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە بۇتلارغا ئاتاپ ماللارنى بوغۇزلىشاتتى. ئۇلارنىڭ دەقيانۇس ئىسىملىك زالىم، تەرسا بىر پادىشاسى بار بولۇپ، بۇ پادىشاھ كىشىلەرنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ماللارنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇيتتى ۋە دەۋەت قىلاتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يىگىتلەر دادىلىرى بىلەن مەيدانغا كەلدى. يىگىتلەر قەۋمىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا باش ئۇرۇۋاتقان ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ماللارنى بوغۇزلاۋاتقان بۇ ئىشلىرىنىڭ پەقەت ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان الله تائالاغىلا لايىق بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، قەۋملىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ـ بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بىر تەرەپكە ئايرىلدى. يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن قەۋمىدىن بىرىنچى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان بىرى كېلىپ بىر دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇردى. ئاندىن ئىككىنچىسىمۇ دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىغا كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۈچىنچىسى كېلىپ ئولتۇردى. تۆتىنچىسى، بەشىنچىسى، ئالتىنچىسى، ئاندىن يەتتىنچىسى كېلىپ ئولتۇردى. يىگىتلەر بىر ـ بىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. يىگىتلەرنى پەقەت ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىمانغا توپلىغان نەرسىلا بۇ يەرگە توپلىغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «روھلار روھىي دۇنيادا تۈر ـ تۈرى بىلەن ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا تونۇشقانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ ئۈلپەتلىشىپ، چىقىشىپ بىللە ئۆتىدۇ. روھلاردىن شۇ چاغدا چىقىشمىغانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ قارشىلىشىپ ئۆتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەمما كىشىلەر: كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشىپ بىر يەرگە توپلىشىپ ياشىيالىشىنىڭ سەۋەبى بىر ئىرقتىن بولۇشى دەپ قارايدۇ (لېكىن ئەمەلىيەت بولسا، ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەكتۇر). يەنى يىگىتلەرنىڭ ھەر بىرى قېشىدىكىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەي (ھەمراھىدىن قورقۇپ)، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇردى ۋە ئاخىرىدا يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى: ئى يىگىتلەر! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنى قەۋمىڭلاردىن پەقەت بىر نەرسىلا ئايرىپ ئېلىپ چىقتى، ھەر بىرىمىز شۇ نەرسىنى ئاشكارىلايلى! ـ دېدى. يىگىتلەردىن بىرى: ماڭا كەلسەك، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن قەۋمىمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ئەسلىدە ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان الله تائالا شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىدى، ـ دېدى. يەنە بىرى: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەنمۇ شۇنداق تونۇپ يەتكەن ئىدىم، ـ دېدى. يەنە بىرسىمۇ شۇنداق دېدى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى بىر يەردىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار راستچىل قېرىنداشلارغا ئايلاندى. ئۆزلىرىگە (الله

تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) ئىبادەتخانا تەييارلىدى. بۇنى يىگىتلەرنىڭ قەۋمى بىلىپ قېلىپ، (يىگىتلەرنىڭ ئىشلىرىنى) پادىشاھىغا يەتكۈزدى. پادىشاھ يىگىتلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. يىگىتلەر پادىشاھقا راستىنى ئېيتىپ، پادىشاھنىمۇ الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى.

شۇڭا الله تائالا يىگىتلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز﴾** يەنى ئەگەر بىز شۇنداق قىلساق، ئۇ چاغدا خاتالاشقان بولىمىز. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر بىز (الله نىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز﴾**.

**﴿بىزنىڭ قەۋمىمىز الله نى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، الله غا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟»﴾** يەنى بەلكى بۇلار زالىملاردۇر ۋە يالغانچىلاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يىگىتلەر پادىشاھنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان ۋاقتىدا، پادىشاھ بۇنىڭغا ئۇنىماي يىگىتلەرگە تەھدىت سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنى دىنلىرىدىن قايتىپ قالار دەپ، بىر نەچچە كۈن مۆھلەت بېرىدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار مۆھلەت بېرىلگەن بۇ مۇددەت ئىچىدە دىنلىرىنى پىتنىدىن ساقلاش ئۈچۈن چىقىپ كېتىۋالىدۇ. كىشىلەر ئىچىدە پىتنە يۈز بەرگەندە، (دىنىنى ساقلىيالماسلىقىدىن قورققان) مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشى دۇرۇس ئىشتۇر.

ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق كەلدى: «بىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى مېلى قوي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ كىشى دىنىنى پىتنىلەردىن ئېلىپ قېچىپ، قويلارنى ھەيدەپ تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا ۋە سۇ بار يەرلەرگە كېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، ئەھمەد ۋە ئەبۇيەئلا قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە يۈز بەرگەن چاغدىلا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا چىقىپ كېتىش ئومۇمدىن ئايرىلىش ۋە بىرلىكنى پارچىلاش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇنداق قىلىش) دۇرۇس بولمايدۇ. يىگىتلەر قەۋمىدىن قېچىپ چىقىپ (باشقا يەرلەرگە) كەتمەكچى بولغان ئىدى. الله تائالامۇ ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى تاللىدى.

**﴿(ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر﴾** يەنى سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ دىنى بىلەن ئۇلارنىڭ الله دىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، ئۇلاردىن يەنە تەنلىرىڭلار بىلەن ئايرىلىپ، **﴿غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەخمەت قىلىدۇ﴾** يەنى الله تائالا سىلەرگە رەھمىتىنى كەڭ يېيىپ، سىلەرنى قەۋمىڭلاردىن ساقلاپ قالىدۇ.

**﴿الله سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴾** يەنى ئۇلار الله تائالا (ئۇلارغا) ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا، قەۋمىنىڭ ئىچىدىن قېچىپ چىقىپ ئۆڭكۈرگە

كىرىۋالدى. قەۋمى يىگىتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن يوقالغانلىقىنى بىلدى. پادىشاھ ئۇلارنى ئىزلىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، پادىشاھ ئۇلارنى تاپالمىغان. الله تائالا پادىشاھقا ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلدۇرمىگەن. الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ھەمراھى بولغان ئەبۇبەكرى سىددىقلار سەۋر ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالغاندىمۇ، (الله تائالا) بۇلارنىڭ خەۋىرىنى (بۇلارنى) قوغلاپ كەلگەن قۇرەيشنىڭ مۇشرىكلىرىغا بىلدۇرمىگەن. شۇڭا مۇشرىكلار سەۋر ئۆڭكۈرىنىڭ ئەتراپىنى قانچە قېتىم ئايلانغان بولسىمۇ، بۇلار بار يەرنى تاپالمىدى. (مۇشرىكلار ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىدا) ئەبۇبەكرى ئەندىشە قىلىپ: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلاردىن بىرى ناۋادا دەسسەپ تۇرغان يېرىگە قاراپ قالسا، ئەلۋەتتە، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىگە: «ئى ئەبۇبەكرى! الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان ئىككى كىشىگە قارىتا قانداق قارايسەن؟» دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، الله ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، الله نىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىسى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان يىگىتلەرنىڭ قىسسىسىدىن كاتتا، شەرەپلىك ۋە ھەيران قالارلىقتۇر.

* * * * * * *

﴿ وَتَرَى ٱلشَّمْسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَٰوَرُ عَن كَهْفِهِمْ ذَاتَ ٱلْيَمِينِ وَإِذَا غَرَبَت تَّقْرِضُهُمْ ذَاتَ ٱلشِّمَالِ وَهُمْ فِى فَجْوَةٍ مِّنْهُ ۚ ذَٰلِكَ مِنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ ۗ مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِ ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ وَلِيًّا مُّرْشِدًا ﴿١٧﴾

كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن (يەنى غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، الله ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققاندىمۇ، پاتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ)، ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتىدۇر، بۇ الله نىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر، كىمكى الله ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) الله ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴿17﴾.

(1) تەۋبە سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

# ئۆڭكۈرنىڭ ئورنى

بۇ ئايەتتە ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىنىڭ شىمال تەرەپتە ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ پاكىت باردۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن**﴾ يەنى كۈن چىقىپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلگەنسېرى، كۈننىڭ نۇرى يىغىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈش بولغاندا ئۆڭكۈردە كۈننىڭ ھېچ نۇرى قالمايدۇ. كۈن پاتقاندا ئۆڭكۈر شەرق تەرەپتە بولۇپ، كۈن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ شىمال تەرىپىدىن كىرىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ، بىز يۇقىرىدا ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە دېگەن سۆزىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر.

بۇ گەپنىڭ توغرا ئىكەنلىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش ئىشلىرىنى بىلىدىغان ۋە بۇ توغرىدا بىلىمى بار كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئايدىڭدۇر. يەنى ئەگەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپتە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كۈن نۇرى كۈن ئولتۇرغاندا كىرمەيتتى. ئەگەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپتە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كۈن نۇرى كۈن چىققاندا ۋە كۈن ئولتۇرغاندا كىرمەيتتى ۋە كۈننىڭ سايىسى ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئېگىلمەيتتى. ئەگەر ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى غەرب تەرەپتە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كۈن نۇرى كۈن چىققاندا ئەمەس، بەلكى كۈن ئېگىلگەندە كىرىپ، كۈن كىرىپ كەتكۈچىلا داۋاملىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال بۇنداق بولمىغاندىكىن، بىزنىڭ يۇقىرىدا دېگەن گېپىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن!

الله تائالا بىزنى چۈشەنسۇن ۋە ئويلانسۇن دەپ، پەقەت مۇشۇ ئىشلارنىلا خەۋەر بەردى، بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئورنىنىڭ قايسى شەھەردە ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرمىدى. چۈنكى، بۇنىڭ ئورنىنىڭ قايسى شەھەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش بىزگە ھېچقانداق دىنىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ناۋادا بۇنى بىلىش دىندا مەنپەئەتى بار ئىش بولىدىغان بولسا، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەلۋەتتە بۇنى بىزگە بىلدۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان كىچىككىنىمۇ نەرسىنى قويماي، ئۇنى سىلەرگە چوقۇم ئۆگەتتىم».

الله تائالا بىزلەرگە ئۆڭكۈرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەي مۇنداق دېدى: ﴿**كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتىدۇر**﴾.



ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بوشلۇقتىدۇر. ئەگەر كۈن نۇرى ئۇلارغا چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە كۈن نۇرى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى قىزىتىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

الله تائالانىڭ ئۇلارنى مۇشۇ ئۆڭكۈرگە باشلاپ، ئۇلارنى ئۇ يەردە (نەچچە يۈز يىل) تىرىك ساقلىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەنلىرىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇشى ئۈچۈن كۈن نۇرى ۋە شامالنىڭ

ئۇلارنىڭ قېشىلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان قىلغانلىقى بولسا، **الله** تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەردىندۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بۇ الله نىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر﴾**.

**﴿كىمكى الله ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) الله ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾** يەنى **الله** تائالا ئاشۇ يىگىتلەرنى قەۋملىرى ئىچىدىن ھىدايەتكە باشلىدى. چۈنكى، كىمنىكى **الله** تائالا ھىدايەتكە ئىگە قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى **الله** ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى بولمايدۇ.

*******

وَتَحۡسَبُهُمۡ أَيۡقَاظٗا وَهُمۡ رُقُودٞۚ وَنُقَلِّبُهُمۡ ذَاتَ ٱلۡيَمِينِ وَذَاتَ ٱلشِّمَالِۖ وَكَلۡبُهُم بَٰسِطٞ ذِرَاعَيۡهِ
بِٱلۡوَصِيدِۚ لَوِ ٱطَّلَعۡتَ عَلَيۡهِمۡ لَوَلَّيۡتَ مِنۡهُمۡ فِرَارٗا وَلَمُلِئۡتَ مِنۡهُمۡ رُعۡبٗا ﴿١٨﴾

(مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقتىن) ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقىدىدۇر، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى (غار) نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ﴿18﴾.

## يىگىتلەرنىڭ ئۆڭكۈردە ئۇيقۇدا ياتقانلىقى

بەزى ئالىملار: **الله** تائالا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇيقۇنى سالغاندا، تېزلا چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆزلىرى يۇمۇلمىدى. كۆزلىرى يۇمۇلماي ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرسا، كۆز چىرىپ كەتمەي ساق ساقلىنىپ قالىدۇ، دېدى. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: **﴿(مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقتىن) ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقىدىدۇر﴾** بىر ئەسەردە تۈلكىنىڭ بىر كۆزىنى يۇمۇپ، بىر كۆزىنى ئېچىپ ئۇخلايدىغانلىقى، ئاندىن ئۇخلاپ تۇرۇپ يۇمۇقلۇق كۆزىنى ئاچىدىغانلىقى ۋە ئېچىقلىق كۆزىنى يۇمىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**﴿ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئەگەر ئۇلار (ئوڭ ۋە سول تەرەپكە) ئۆرۈلۈپ تۇرمىسا، زېمىن ئۇلارنىڭ يەرگە بېسىپ ياتقان تەرىپىنى سېستىۋەتكەن بولاتتى.

**﴿ئۇلارنىڭ ئىتى (غار) نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىتىمۇ ئادەتتە ئىتلار ياتىدىغاندەك غارنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتاتتى.

ئىبنى جەرىر: ئىت ئۇلارغا ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىنى ساقلاپ بېرەتتى، ـ دېدى. ئىتنىڭ خۇددى

ئۇلارنى ساقلاۋاتقاندەك غارنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ يېتىشى ئىتنىڭ تەبىئىتىدۇر. ئىتنىڭ تۇرغان ئورنى ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىنىڭ تېشىدا ئىدى. چۈنكى، ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، پەرىشتىلەر ئىت، سۈرەت، جۇنۇب كىشى ۋە كاپىر بار ئۆيگە كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەرىكىتىمۇ ئىتقا يەتتى. ئىتنىمۇ ئۇلارنى باسقان ئۇيقا باستى. ئىتمۇ شۇ ھالىتى بىلەن ئۇخلىدى. مانا بۇ، ياخشى كىشىلەرگە ھەمراھ بولغانلىقنىڭ خاسىيىتىدۇر. چۈنكى، ئىت توغرىسىدىمۇ خەۋەر ۋە بايانلار بايان قىلىنىپ كەلدى. ئىت ئۇ يىگىتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئوۋ ئىتى ئىدى دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. پادىشاھنىڭ ئاشپىزىنىڭ ئىتى بولۇپ، ئاشپەزمۇ يىگىتلەرنىڭ دىنىغا كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن، ئىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

**﴿ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ﴾** يەنى تاكى ئۇلارنىڭ (ئۆڭكۈردە تۇرۇش مۇددىتى) تۈگىگەنگە قەدەر (يەنى الله تائالا ئۇلارغا خالىغان ئۇيقۇ ئاياغلاشقانغا قەدەر)، بىرەر قولنى ئۇلارنى تۇتۇپ سالمىسۇن ۋە بىرەر كىشى ئۇلارغا يېقىنلاشمىسۇن دەپ، الله تائالا ئۇلارغا (قارىغان كىشى قورققۇدەك دەرىجىدە) ھەيۋەت ئاتا قىلدى. بۇنداق قىلىشتا الله تائالانىڭ چوڭ ھېكمىتى ۋە كەڭ رەھمىتى بار.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ بَعَثْنَٰهُمْ لِيَتَسَآءَلُوا۟ بَيْنَهُمْ ۚ قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ كَمْ لَبِثْتُمْ ۖ قَالُوا۟ لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ
يَوْمٍ ۚ قَالُوا۟ رَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثْتُمْ فَٱبْعَثُوٓا۟ أَحَدَكُم بِوَرِقِكُمْ هَٰذِهِۦٓ إِلَى ٱلْمَدِينَةِ فَلْيَنظُرْ أَيُّهَآ
أَزْكَىٰ طَعَامًا فَلْيَأْتِكُم بِرِزْقٍ مِّنْهُ وَلْيَتَلَطَّفْ وَلَا يُشْعِرَنَّ بِكُمْ أَحَدًا ﴿١٩﴾ إِنَّهُمْ إِن
يَظْهَرُوا۟ عَلَيْكُمْ يَرْجُمُوكُمْ أَوْ يُعِيدُوكُمْ فِى مِلَّتِهِمْ وَلَن تُفْلِحُوٓا۟ إِذًا أَبَدًا ﴿٢٠﴾

ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، (غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئۇيقۇدىن) ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرى «(بۇ غاردا) قانچە ئۇزۇن تۇردۇڭلار؟» دېدى. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ (بەزىسى) دېدىكى، «قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ (بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق، بىز ھازىر ئاچ)، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن﴿19﴾. ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، مۇنداقتا ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر»﴿20﴾.

## يىگىتلەرنىڭ ئويغانغانلىقى ۋە تاماق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتكەنلىكى

يەنى بىز يىگىتلەرنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، ئۇلارنى تەنلىرى، تۈكلىرى ۋە تېرىلىرى ساق ـ سالامەت ھالدا ئويغاتتۇق. يىگىتلەر ئۈچ يۈز توققۇز يىلدىن كېيىن ئويغىنىپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى

ھالىتىدىن ۋە شەكلىدىن ئازراقمۇ ئۆزگەرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن بۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى سوراشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، (غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى) ئۆز ـ ئارا سوراشسۇن دەپ (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئۇيقۇدىن) ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرى «(بۇ غاردا) قانچە ئۇزۇن تۇردۇڭلار؟» دېدى**﴾ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرگەن ۋاقتى چۈشتىن بۇرۇن بولۇپ، ئويغانغان ۋاقتى چۈشتىن كېيىن ئىدى.

شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى، ئۇلارنىڭ (بەزىسى) دېدىكى، «قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ، (بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق)**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى الله تائالا ئوبدان بىلىدۇ. يىگىتلەر جىق ئۇخلىغانلىقتىن (قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيىشكە) بىر ئاز ئىككىلىنىش پەيدا بولدى. شۇڭا ئۇلار: (قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىڭلارنى) پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن ئۇلار شۇ چاغدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە ئۆتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسىگە بولغان ئېھتىياجى ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۆيلىرىدىن تەڭگىلەر ئېلىۋالغان بولۇپ، تەڭگىلەردىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلغان، ئاز بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار بىرىنى شۇ تەڭگىنى ئېلىپ بېرىپ تاماق ئېلىپ كېلىشكە، تاماقنى ئالغاندا پاكىزىسىنى تاللاپ ئېلىشقا، چىقىپ كىرگەندە ۋە تاماق سېتىۋالغاندا، بەك ئېھتىيات قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**(بىز ھازىر ئاچ)، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن**﴾.

﴿**ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا**﴾ يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئورنىڭلارنى بىلىپ قالسا، ﴿**سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ**﴾ يەنى يىگىتلەر بۇ كىشىلەردىن دەقيانۇسنىڭ ئادەملىرىنى دېمەكچىدۇر. يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئەگەر ئۇلار يىگىتلەرنىڭ ئورنىنى بىلىپ قالسا، يىگىتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا قايتۇرغانغا قەدەر ياكى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەنگە قەدەر ئازابلايتتى. ئەگەر يىگىتلەر ئۇلارنىڭ دىنىغا قايتىشقا قوشۇلسا، ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپالمايتتى. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېدى: ﴿**مۇنداقتا ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر»**﴾.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ أَعۡثَرۡنَا عَلَيۡهِمۡ لِيَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ لَا رَيۡبَ فِيهَآ إِذۡ يَتَنَٰزَعُونَ
بَيۡنَهُمۡ أَمۡرَهُمۡۖ فَقَالُواْ ٱبۡنُواْ عَلَيۡهِم بُنۡيَٰنٗاۖ رَّبُّهُمۡ أَعۡلَمُ بِهِمۡۚ قَالَ ٱلَّذِينَ غَلَبُواْ عَلَىٰٓ أَمۡرِهِمۡ لَنَتَّخِذَنَّ
عَلَيۡهِم مَّسۡجِدٗا ﴿٢١﴾

ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئويغاتقىنىمىزدەك، كىشىلەرگە الله نىڭ (قايتا تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى)

ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئەسھابۇلكەھف قەبرىگە ياكى ئەسھابۇلكەھف ئىشى) روھ قىلىنغاندىن كېيىن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىشى ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى، بەزى كىشىلەر: «(ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېچ كىشىنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكىگە) بىر تام ئېتىڭلار» دېدى، الله ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، گېپى ئۆتىدىغان باشلىقلار (يەنى پادىشاھ ۋە شەھەر كاتتىباشلىرى): «غارنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا) ئەلۋەتتە بىر مەسچىت سالايلى» دېدى﴿21﴾.

## شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئۇلارنى تاپقانلىقى ۋە ئەسلىمە يۈزىسىدىن ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بىر نەرسە سالغانلىقى

**﴿ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئويغاتقىنىمىزدەك، كىشىلەرگە الله نىڭ (قايتا تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى) ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق﴾** كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار: شۇ زاماننىڭ ئادەملىرىدە قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەتنىڭ قائىم بولۇش ئىشلىرىغا شەك قىلىش پەيدا بولغان ئىدى، ـ دەيدۇ.

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: بىر گۇرۇھ كىشىلەر: روھلار قايتا تۇرغۇزۇلىدۇ، (ئەمما) تەنلەر قايتا تىرىلدۈرۈلمەيدۇ، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا (تەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا) دەلىل ـ پاكىت ۋە ھۆججەت قىلىپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنى (بىر نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئۇيقىسىدىن ئويغىتىپ) قايتا تۇرغۇزدى.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى (يېيىش ئۈچۈن) تاماق سېتىۋالماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىققاندا، شەكلىنى ئۆزگەرتتى. تاكى دەقيۇس ئىسىملىك شەھەرگە كىرگۈچە رەسمىي چوڭ يولدا ماڭمىدى. ئۇ، ئۆزىنى شەھەرنى ياخشى تونۇيمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن كىشىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئۆزگەرگەن، شەھەر ۋە شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇ، شەھەرنىڭ (بۇرۇن) تونۇيدىغان يەرلىرىدىن بىرنىمۇ تاپالمىغىلى تۇردى. شەھەرنىڭ ئادەملىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنى تونۇمىدى. ئۇمۇ ھېچبىر كىشىنى تونۇمىدى. ئۇ، (ھەيران قېلىپ) ئىچىدە: مەن ئېلىشىپ قالدىمۇ ياكى جىن چاپلىشىۋالدىمۇ ۋە ياكى مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟ ـ دېدى. ئاندىن: ماڭا بىر ئىش بولغىنى يوق. مەن تېخى تۈنۈگۈن كەچ بۇ شەھەردە بولغان ۋاقتىمدا (بۇ شەھەر) بۇنداق ئەمەس ئىدى، مېنىڭ بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كەتكىنىم ياخشىدەك قىلىدۇ دېدى ـ دە، تاماق ساتىدىغان بىرسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، يېنىدىكى تەڭگىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تاماق سېتىپ بېرىشنى سورىدى. تاماق ساتىدىغان كىشى تەڭگىنى كۆرۈپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ (قايسى ۋاقىتتا) سوقۇلغان تەڭگە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئاندىن ئۇ، تەڭگىنى قېشىدىكى كىشىگە بەردى. كىشىلەر تەڭگىنى قولدىن قولغا ئېلىشىپ: بۇ كىشى خەزىنە تېپىۋاپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنىڭ بىرەر خەزىنە تېپىۋالغان ـ تېپىۋالمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، بۇ تەڭگىنىڭ

ئۇنىڭغا قەيەردىن كەلگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە سورىدى.

ئۇ: مەن مۇشۇ شەھەرلىك، مەن بۇ شەھەرنى تاكى تۈنۈگۈن ئاخشامغىچە بىلەتتىم، بۇ شەھەردە دەقيانۇس بار ئىدى، ـ دېدى. كىشىلەر ئۇنى ساراڭ بولۇپ قېلىپتۇ دەپ، شۇ يەرگە مەسئۇل كىشىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. مەسئۇل ئۇنىڭدىن كىملىكىنى ۋە ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ، كىشىلەرگە بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مەسئۇل ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ھەيران قالدى. ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، (شۇ ۋاقىتتىكى) شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋە خەلقلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆڭكۈرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆڭكۈرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ كىشىلەرگە: سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەردىن ئىلگىرى كىرىپ ھەمراھلىرىمغا خەۋەر قىلىۋالاي دېدى ـ دە، كىرىپ كەتتى.

يەنە بىر قىسىم بەزى رىۋايەتلەردە: كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق كېتىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان، الله تائالا كىشىلەرگە يىگىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلدۈرمىگەن دەپ بايان قىلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: كىشىلەر يىگىتلەرنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇلارنى كۆرگەن، پادىشاھ ئۇلارغا سالام قىلغان ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ باغرىغا باسقان، پادىشاھ مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى يەندۇسىس ئىدى، شۇنىڭ بىلەن، يىگىتلەر پادىشاھتىن قاتتىق خۇرسەن بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان. ئاندىن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇشقان ۋە الله تائالا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالغان، دەپ بايان قىلىنىدۇ. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿**ئۇلارنى ئۇخلىتىپ ئويغاتقىنىمىزدەك، كىشىلەرگە الله نىڭ (قايتا تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى) ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئەسھابۇلكەھفنى قەبرى روھ قىلىنغاندىن كېيىن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىشى ئۈستىدە دەتالاش قىلىشتى**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قىيامەتنى بولىدۇ دەيدىغانلارمۇ، بولمايدۇ دەيدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئاندىن الله تائالا كىشىلەرگە ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلغانلىقىنى كىشىلەر ئۈچۈن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت قىلدى.

﴿**بەزى كىشىلەر: «(ئۇلارنىڭ يېنىغا ھېچ كىشىنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن) ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكىگە) بىر تام ئېتىڭلار» دېدى، الله ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ قېشىغا بىرەرسىنىڭ كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىنى (تام سوقۇپ) ئېتىۋېتىڭلار ۋە ئۇلارنى ئۆز ھالى بىلەن قويۇپ قويۇڭلار.

﴿**گېپى ئۆتىدىغان باشلىقلار (يەنى پادىشاھ ۋە شەھەر كاتتىباشلىرى): «غارنىڭ ئەتراپىغا (يەنى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا) ئەلۋەتتە بىر مەسچىت سالايلى» دېدى**﴾ بۇلارنى بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ماختاشقا تېگىشلىكمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، كەسكىن بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋە ياخشى كىشىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى» دەپ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇراتتى.

706

مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتا دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاپقاندا، ئۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەي مەخپىي تۇتۇشقا، دانىيال بىلەن بىللە تېپىۋالغان قىسسە ۋە شۇنىڭدەك باشقا نەرسىلەر يېزىلغان تېرە پارچىسىنىمۇ كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

* * * * * * *

سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٌ رَّابِعُهُمْ كَلْبُهُمْ وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ رَجْمًا بِٱلْغَيْبِ ۖ وَيَقُولُونَ سَبْعَةٌ وَثَامِنُهُمْ كَلْبُهُمْ ۚ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ بِعِدَّتِهِم مَّا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا قَلِيلٌ ۗ فَلَا تُمَارِ فِيهِمْ إِلَّا مِرَآءً ظَٰهِرًا وَلَا تَسْتَفْتِ فِيهِم مِّنْهُمْ أَحَدًا ﴿٢٢﴾

ئۇلار (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ناسارالار): «ئۇلار (يەنى ئەسھابۇلكەھف) ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ پۇتۇنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)، يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ». ئۇلار توغرىسىدا (ناسارالار بىلەن) پەقەت يۈزەكىنە مۇنازىرىلەشكىن (يەنى بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنى تەستىقمۇ قىلمايدىغان، يالغانغىمۇ چىقارمايدىغان دەرىجىدە مۇنازىرىلەشكىن). ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى سورىمىغىن﴿22﴾.

## يىگىتلەرنىڭ سانى

الله تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ سانى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئۈچ خىل قاراشتا ئىكەنلىكىنى، تۆتىنچى خىل قاراشنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا ئۆزىنىڭ: ﴿**بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيتىلغان سۆزدۇر)**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشنى ئاجىز قاراشقا چىقاردى. ئاندىن ئۈچىنچى قاراشنى بايان قىلىپ ئۆزىنىڭ: ﴿**سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە توختىدى[2]. بۇ، بۇ قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىش شۇنداقتۇر.

(1) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشى كىشىلەرنى قەبرىگە بېرىپ شېرىك ئىشلارنى قىلىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىدىندۇر.

(2) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتلەردە، الله تائالانىڭ: ﴿**تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ**﴾ ۋە ﴿**ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئايەتلەر ئارىلىقىدا "ۋە" يوقتۇر، ئەمما الله تائالا ئۈچىنچى خىل قاراشنى بايان قىلىپ كەلگەن: ﴿**سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئايەتنىڭ ئارىلىقىدا "ۋە" باردۇر. "توختىدى" دېگەنلىك، شۇ "ۋە كەلدى" دېگەنلىكتۇر.

﴿ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ﴾ **الله** تائالانىڭ بۇ ئايىتى (مۇشۇنداق ئورۇندا) بۇ ئىشنى **الله** تائالانىڭ بىلىمىگە تاپشۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە باشلايدۇ. چۈنكى، مۇشۇنىڭدەك ئاساسسىز مەسىلىلەرگە چۆكۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقتۇر. **الله** تائالا بىزلەرگە بىر مەسىلىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇ توغرىسىدا سۆز ئاچىمىز، ئەگەر بىلدۈرمىگەن بولسا، ئۇ توغرىسىدا سۆز ئاچمايمىز.

**﴿ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ»﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەن (**الله** تائالا: **﴿ئۇنىدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ﴾** دەپ بايان قىلغان) ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىدىغان ئاشۇ ئازغىنا كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇرمەن، يىگىتلەرنىڭ سانى يەتتىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى جۇرەيجمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەتائى خۇراسانىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەن (**الله** تائالا: **﴿ئۇنىدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ﴾** دەپ بايان قىلغان) ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىدىغان ئازغىنا كىشىلەرنىڭ قاتارىدىندۇرمەن، يىگىتلەرنىڭ سانى يەتتىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۇلارنىڭ سانىنى يەتتە دېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ يۇقىرىدا دېگەن سۆزىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**﴿ئۇلار توغرىسىدا (ناسارالار بىلەن) پەقەت يۈزەكىنە مۇنازىرىلەشكىن (يەنى بۇ ھەقتە مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنى تەستىقمۇ قىلمايدىغان، يالغانغىمۇ چىقارمايدىغان دەرىجىدە مۇنازىرىلەشكىن)﴾** چۈنكى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قىلىشقان مۇنازىرىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقتۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى سورىمىغىن﴾** چۈنكى، خىرىستىئانلاردا ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلار توغرۇلۇق ھېچقانداق بىلىم يوقتۇر. ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئاساسقا تايانماستىنلا ئىچىدىن چىقىرىپ سۆزلەيدۇ. ئى مۇھەممەد! **الله** تائالا ساڭا ھېچ شەك ۋە شۈبھى يوق ھەقىقەتنى بەردى. بۇ ھەقىقەت بۇرۇن چۈشكەن كىتابلاردىن ۋە دېيىلگەن سۆزلەردىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

* * * * * * *

وَلَا تَقُولَنَّ لِشَاْيْءٍ إِنِّي فَاعِلٌ ذَٰلِكَ غَدًا ﴿٢٣﴾ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُۚ وَٱذْكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ وَقُلْ
عَسَىٰٓ أَن يَهْدِيَنِ رَبِّي لِأَقْرَبَ مِنْ هَٰذَا رَشَدًا ﴿٢٤﴾

سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي﴿23﴾. «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە

ئېيتقىن) ھەمدە: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن﴿24﴾.

## بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا "اللە تائالا خالىسا" دېيىش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىگە ئەدەب ئۆگىتىپ، بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۇنى ئىشنىڭ بۇرۇن بولغىنىنى، كەلگۈسىدە بولىدىغىنىنى، بولمايدىغىنىنى، بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان اللە تائالانىڭ خالىشىغا تاپشۇرۇپ: "اللە تائالا خالىسا" دېيىشكە بۇيرۇدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: مەن كېچىچە يەتمىش (بىر رىۋايەتتە توقسان، يەنە بىر رىۋايەتتە يۈز) ئايال بىلەن بىللە بولىمەنكى، بۇلارنىڭ ھەر بىرى اللە تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىردىن يىگىت تۇغىدۇ، ـ دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: اللە تائالا خالىسا دېگىن، ـ دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنداق دېمىدى. ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام (كېچىسى) ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولدى. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇغماي، پەقەت بىرسىلا ناكا بالىدىن بىرنى تۇغدى» دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سۇلايمان: "اللە تائالا خالىسا" دېگەن بولسا، مۇرادىغا يەتكەن ۋە مەقسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتى (يەنە بىر رىۋايەتتە: (تۇغۇلغان) ھەممە باللار اللە تائالانىڭ يولىدا باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلغان بولاتتى)» دېدى.

بىز بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلغان ۋاقتىمىزدا، قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆڭكۆرگە كىرىۋالغانلارنىڭ قىسسىسى ھەققىدە سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەتە جاۋاب بېرەي» دەپ، "اللە تائالا خالىسا" دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەھيىنىڭ ئون بەش كۈن كېچىكىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇڭا بۇنى بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

﴿(خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن)﴾ ھۇشەيم ئەئمەشتىن، ئەئمەش مۇجاھىدتىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قەسەم ئىچكەن كىشى توغرىسىدا: ئەگەر قەسەم ئىچكەن ۋاقتىدا اللە تائالا خالىسا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، بىر يىلدىن كېيىن بولسىمۇ، اللە تائالا خالىسا دېيىشى لازىمدۇر دەپ، بۇنىڭغا پاكىت قىلىپ اللە تائالانىڭ: ﴿(خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن)﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەئمەشتىن: سەن بۇنى مۇجاھىدتىن راست ئاڭلىغانمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ماڭا بۇنى لەيس ئىبنى ئەبۇسۇلەيم دەپ بەرگەن ئىدى، زەھەب كىسائىمۇ شۇنداق قارايدىكەن، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بىر يىلدىن كېيىن بولسىمۇ الله تائالا خالىسا دېيىشى لازىمدۇر، ـ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: قەسەم ئىچكەن ياكى بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى الله تائالا خالىسا دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنى بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ الله تائالا خالىسا دېيىشى سۈننەتتۇر. ئەگەر قەسەم ئىچكەن كىشى قەسىمنى بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ الله تائالا خالىسا دېيىشى سۈننەتتۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغان ۋە قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ (قەسەم ئىچكەندە) الله تائالا خالىسا دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئېسىگە ئالغان ۋاقتىدا الله تائالا خالىسا دېيىشى قەسىمنى بۇزۇۋەتكەنلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە (قەسىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن تۆلەيدىغان) ئۇستىدىكى كاپپارەتنى بىكار قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، الله تائالا خالىسا دېيىش سۈننىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئىزاھاتنى ئىبنى جەرىر بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ شۇنى تېكىست قىلىپ يېزىپ قالدۇرغان. ئىبنى جەرىرنىڭ بۇ سۆزى توغرا سۆزدۇر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزىگە بېرىلگەن ئەڭ مۇناسىپ ئىزاھاتتۇر.

تەبرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي، «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن)**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئېسىڭگە كەلگەندە) الله تائالا خالىسا دېگەننى دېگىن، ـ دېگەنلىكىنى ۋە: ﴿**ھەمدە: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن بىلمەيدىغان بىرەر نەرسە ھەققىدە سورالساڭ، ئۇنى الله تائالادىن سورىغىن. الله تائالانىڭ سېنى شۇ نەرسىدە توغرىسىنى ۋە ھەقنى تېپىشقا ئۇتۇقلۇق ئاتا قىلىشىغا، الله تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن يۈزلەنگىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

وَلَبِثُواْ فِي كَهْفِهِمْ ثَلَٰثَ مِاْئَةٍ سِنِينَ وَٱزْدَادُواْ تِسْعًا ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثُواْ لَهُۥ غَيْبُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَبْصِرْ بِهِۦ وَأَسْمِعْ مَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِيٍّ وَلَا يُشْرِكُ فِي حُكْمِهِۦٓ
أَحَدًا ﴿٢٦﴾

ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز توققۇز يىل تۇردى﴿25﴾. ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيبنى (بىلىش) الله غا خاستۇر. الله نىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! الله نىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا الله دىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ»﴿26﴾.

## يىگىتلەرنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبىرىگە ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغانلارنىڭ (ئۇلارنى الله تائالا ئۆڭكۈردە ئۇخلىتىپ قويغاندىن باشلاپ ئويغاتقانغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كىشىلەرگە بىلدۈرگەنگە قەدەر) ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتىدىن خەۋەر بېرىپ: ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتى (قەمەرىيە يىلى بويىچە) 309 يىلدۇر، ـ دەيدۇ. بۇ، شەمسىيە يىلى بويىچە 300 يىلغا باراۋەر كېلىدۇ. چۈنكى، قەمەرىيە يىلى بىلەن شەمسىيە يىلىنىڭ ئارىلىقىدا ھەر 100 يىلدا ئۈچ يىل پەرق بار. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز توققۇز يىل تۇردى**﴾.

﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى الله ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى سەندە ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ۋە الله تائالانىڭ بۇ ھەقتە ساڭا كۆرسەتمىسى بولمىغاندا، سەن ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرغانلىقىدىن سورالساڭ، بۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماستىن مۇنداق دېگىن: ﴿**«ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيبنى (بىلىش) الله غا خاستۇر**﴾ يەنى بۇنى الله تائالانىڭ ئۆزى ۋە مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن بۇنى بىلدۈرگەن كىشىلا بىلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى مۇجاھىد ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كۆپلىگەن سەلەپ ۋە خەلەپ تەپسىرشۇناس ئالىملىرى بايان قىلدى.

قەتادە الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز يىل تۇردى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردەك) كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ دېگەن سۆزى بولۇپ، الله تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى الله ئوبدان بىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن رەددىيە بەرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ئايەتنى كىشىلەر: ئۇلار ئۆز غارىدا 309 يىل تۇردى دەيدۇ، ـ دېگەن مەنىنى بېرىدىغان قىرائەت بىلەن ئوقۇغان ۋە بۇ ھەقتە مۇتەررەپ ئىبنى ئابدۇللاھمۇ: بۇ سۆزنى كىشىلەر دېگەن دەيدۇ)[1]، ـ دېدى. قەتادەنىڭ بۇ سۆزى توغرۇلۇق ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ قولىدىكى كىتابلاردا توققۇز يىلى بولماي، ئۇلار ئۆز غارىدا 309 يىل تۇردى دېيىلگەن بولسا، ئۇلار بۇنىڭدىن شەمسىيە يىلىنى كۆزدە تۇتقاندۇر. ئەگەر الله تائالا ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ كەلتۈرگەن بولسا، (كىتاب بېرىلگەنلەر ئۇلارنى 300 يىل تۇردى دېگەن بولغاچقا، كىتاب بېرىلگەنلەر ئۇلارنى 300 يىل تۇردى دېدى دەپلا كەلتۈرەتتى) ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا توققۇز يىلنى قوشۇپ قويمايتتى. توغرىسى، الله تائالانىڭ كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىشى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان ۋاقتىدىن خەۋەر بېرىشىدۇر. ئىبنى جەرىرمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى توغرا دەپ قارىدى. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

﴿**الله نىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! الله نىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل!**﴾

(1) يەنى بۇ سۆزنى ئەسلىدە كىشىلەر دېگەن بولۇپ، الله تائالا ئۇنى كىشىلەر مۇشۇنداق دەيدۇ دەپ ھېكايە قىلىپ كەلگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئابدۇ للاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ئايەتنى ئوقۇغان قىرائىتىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

يەنى **الله** تائالا ئۇلارنىڭ (قىلمىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ (سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇغۇرچىدۇر. ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەت **الله** تائالانى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەش مەنىسىدىدۇر، بۇ ئايەت **الله** تائالا نېمىدېگەن كۆرگۈچى ۋە نېمىدېگەن ئاڭلىغۇچى دېگەن مەنىدىدۇر. يەنى **الله** تائالانىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنى كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل ۋە بارلىق ئاڭلىنىلىدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل، بۇلاردىن كىچىككىنە نەرسىمۇ **الله** تائالاغا يوشۇرۇن ئەمەس، ـ دېگەنلىكتۇر.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھېچ بىر كىشى **الله** تائالادىن بەك كۆرگۈچى ۋە بەك ئاڭلىغۇچى ئەمەس، ـ دېدى.

﴿**ئۇلارغا الله دىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ»**﴾ يەنى يارىتىش ۋە بۇيرۇش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر. **الله** تائالانىڭ چىقارغان ھۆكمىگە ھېچبىر قارشى تۇرغۇچى يوقتۇر. **الله** تائالانىڭ ۋەزىرى، ياردەمچىسى، شېرىكى ۋە مەسلىھەتچىسى يوقتۇر. **الله** تائالا كاتتىدۇر ۋە پاكتۇر.

*******

وَٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن كِتَابِ رَبِّكَۖ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَن تَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلۡتَحَدٗا ٢٧
وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ وَلَا تَعۡدُ عَيۡنَاكَ عَنۡهُمۡ
تُرِيدُ زِينَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا ٢٨

(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغاننى ئوقۇغىن، **الله** نىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، سەن ھەرگىزمۇ **الله** دىن بۆلەك ئىلتىجاگاھ تاپالمايسەن﴿27﴾. سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴿28﴾.

## قۇرئاننى ئوقۇشقا ۋە مۆمىنلەر بىلەن سەۋرچان ھالدا بىللە بولۇشنىڭ بۇيرۇلىشى

**الله** تائالا پەيغەمبىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىنى ئوقۇشقا ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيى قىلىنغاننى ئوقۇغىن، الله نىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ ۋە (مۇناسىپ كەلمەيدىغان باشقا مەنىگە) ئالماشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ.

﴿**سەن ھەرگىزمۇ الله دىن بۆلەك ئىلتىجاگاھ تاپالمايسەن**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى

ھەققىدە: سەن (الله تائالادىن باشقا ساڭا) ئىگە بولغۇچى ۋە يېقىن بىرىنى تاپالمايسەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىنى ئوقۇمىساڭ، الله تائالادىن ئۆزەڭگە پاناھگاھ تاپالمايسەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملار نىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾[1]، ﴿ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ﴾[2] يەنى ساڭا يەتكۈزۈشنى پەرز قىلغان ۋەزىپىدىن ئەلۋەتتە سورايدۇ.

**﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن﴾** يەنى مەيلى ئۇلار پېقىر ياكى باي بولسۇن، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن، سەن الله تائالاغا "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دەپ زىكىر، ھەمدۇسانا، تەسبىھ ئېيتىپ ۋە ئەتىگەن ـ كەچتە الله تائالادىن تىلەكلىرىنى تىلەپ تۇرىدىغان بەندىلىرى بىلەن بىللە بولغىن!

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئايەت قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى توغرىسىدا چۈشكەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇشىنى، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، سورۇنلىرىغا بىلال، ئاممار، سۇھەيل، خەبباب ۋە ئىبنى مەسئۇدلاردەك ساھابىلەرنىڭ ئاجىزلىرىنى قوشماسلىقىنى ۋە بۇ ئاجىز ساھابىلەرگە ئايرىم سورۇن تۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ: ﴿الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾[3] دېدى.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن﴾**.

ئىمام مۇسلىم سەئد ئىبنى ۋاققاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن، ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال ۋە ئىككى ئادەم بولۇپ (ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بۇلارنى قېشىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، بۇلار بىز بار يەرگە كەلمىسە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىگە الله تائالا خالىغان نەرسىلەر كەچتى ۋە (مۇشۇنداق قىلىشنى) ئىچىدە ئويلاپ قالدى بولغاي، الله تائالا: ﴿الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾[4] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

(1) مائىدە سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەسەس سۈرىسى 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنئام سۈرىسى 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿هاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سەن ئۇلارنى تاشلاپ، باشقىسى بىلەن بولۇپ كەتمىگىن دېگەنلىكتۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە باي كىشىلەرنى ئىزدىمىگىن.

﴿بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾ يەنى سەن دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىپ دىنىدىن ۋە پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشتىن بىخوت يۈرگەن، قىلغان قىلمىشلىرىدا ئەخمەقلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقان ۋە پايدىسىز ئادەملەرگە بويسۇنمىغىن. ئۇلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى ئېتىبارغا ئالما ۋە ئۇلارنىڭ باياشات ھالىغا كۆز قىرىڭنى سالما!

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَقُلِ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَن شَآءَ فَلۡيُؤۡمِن وَمَن شَآءَ فَلۡيَكۡفُرۡۚ إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمۡ سُرَادِقُهَاۚ
وَإِن يَسۡتَغِيثُواْ يُغَاثُواْ بِمَآءٖ كَٱلۡمُهۡلِ يَشۡوِي ٱلۡوُجُوهَۚ بِئۡسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتۡ مُرۡتَفَقًا ﴿٢٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن، بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴿29﴾

## ھەق قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ جازاسى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە: مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرئان بولسا، شەك ـ شۈبھىسى يوق بولغان ھەقتۇر، ـ دېيىشىنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿«(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى﴾.

﴿خالىغا ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن»﴾ بۇ الله تائالانىڭ قاتتىق تەھدىتىدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن﴾ يەنى الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە كىتابلىرىغا ئىشەنمىگەنلەر ئۈچۈن ﴿تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق﴾ ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە

(1) تاھا سۈرىسى 131 ـ ئايەت.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تۇتۇنلىرى ئۇلارنى ئورىۋالغان ئوتنى تەييارلىدۇق دېگەنلىكتۇر.

﴿**ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ**﴾. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇلارغا رەڭگى ماينىڭ لېيىغا ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ناھايىتى قىزىق قويۇق سۇيۇقلۇق بېرىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارغا قان ۋە يىرىڭلارغا ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان، ناھايىتى قىزىق سۇيۇقلۇق بېرىلىدۇ، ـ دېدى. ئىكرىمە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارغا قىززىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرىغا چىققان سۇ بېرىلىدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارغا تۆمۈر ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئېرىتىلگەن قىززىق سۇيۇقلۇق بېرىلىدۇ، ـ دېدى. زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: جەھەننەمنىڭ سۈيى قارىدۇر. جەھەننەممۇ قارىدۇر ۋە ئۇنىڭغا كىرگەن ئادەملەرمۇ قارىدۇر. بۇ ئايەتتە بېرىلگەن بۇ مەنىلەر بىر ـ بىرىگە قارشى كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان سۇيۇقلۇق قارا، سېسىق، قويۇق ۋە يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قىززىقتۇر. يەنى كاپىر ئۇنى ئىچمەكچى بولۇپ ئاغزىغا يېقىن ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ، ئۇنىڭ يۈزىنى چاۋارتىۋېتىدۇ، ھەتتا يۈزىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ سۇيۇقلۇققا چۈشىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير: دوزاختا كىرگەنلەر قورساقلىرى ئاچقاندا، يېگۈدەك نەرسە تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن يەيدۇ ـ دە، يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى سويۇلۇپ چۈشىدۇ. ناۋادا ئۇلارنى تونۇيدىغان بىرەرسى دوزاختا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرىنى تونۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ئۇسسۇزلۇق يېتىدۇ. ئۇلار ئىچكىدەك نەرسە تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا قىززىقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرىغا چىققان سۇ بېرىلىدۇ. ئۇلار سۇنى ئىچەي دەپ ئاغزىغا يېقىن ئېلىپ كەلگەندە، سۇنىڭ قىززىقلىقىدىن تېرىسى چۈشۈپ كېتىپ، يۈزىدە قالغان گۆش قورۇلۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

شۇڭا **الله** تائالا ئۇلارغا بېرىلىدىغان سۇنى (شۇنداق سۈپەتلەر بىلەن) سۈپەتلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب!**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان، قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾[1]، ﴿(سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلار دوزاخ بىلەن قايناقسۇ ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ (يەنى گاھىدا ئوت بىلەن، گاھىدا قايناقسۇ بىلەن ئازابلىنىدۇ﴾[3].

﴿**جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾ يەنى دوزاخ نېمىدېگەن يامان ئورۇن ۋە قارار گاھ ـ ھە! **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»﴾[4].

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) غاشىيە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(3) راھمان سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(4) فۇرقان سۈرىسى 66 ـ ئايەت.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجۡرَ مَنۡ أَحۡسَنَ عَمَلًا ﴿٣٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ وَيَلۡبَسُونَ ثِيَابًا خُضۡرٗا مِّن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِۚ نِعۡمَ ٱلثَّوَابُ وَحَسُنَتۡ مُرۡتَفَقٗا ﴿٣١﴾

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴿30﴾. ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴿31﴾

## ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا يۇقىرىدا بەد بەختلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندى، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا بۇ يەردە الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنگەن ۋە ئۇلار بۇيرۇغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان بەخت ـ سائادەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئۇلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار تۇرغان ئۆيلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان (ئۇلار دائىم تۇرىدىغان) جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

﴿**جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بۇيۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ﴾[1] الله تائالا بۇ يىپەكنىڭ قانداق يىپەك ئىكەنلىكىنى بۇ ئايەتتە تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ**﴾.

﴿**(ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بولۇپ، بىرى: (ئۇلار تەختلەرگە) يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ـ دېگەن كۆزقاراشتۇر. يەنە بىرى: (ئۇلار تەختلەردە) بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشتۇر.

﴿**بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!**﴾ يەنى جەننەت ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن نېمىدىگەن ياخشى مۇكاپات! نېمىدىگەن ياخشى ئورۇن ۋە ياخشى جاي! الله تائالا دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلغاندا، ئۇلارغا تەييارلانغان جازانى بايان قىلىپ: ﴿بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان

(1) ھەج سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

جاي!﴾[1] دېگىنىدەك، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانىدىن كېيىن، ئۇلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!**﴾ الله تائالا يەنە بىر ئورۇندىمۇ دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىلىقىدا مۇشۇنداق سېلىشتۇرما قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»﴾[2] ئاندىن جەننەت توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل قارارگاھ! نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾[3].

*******

﴿وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلًا رَّجُلَيْنِ جَعَلْنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيْنِ مِنْ أَعْنَٰبٍ وَحَفَفْنَٰهُمَا بِنَخْلٍ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمَا زَرْعًا
﴿٣٢﴾ كِلْتَا ٱلْجَنَّتَيْنِ ءَاتَتْ أُكُلَهَا وَلَمْ تَظْلِم مِّنْهُ شَيْـًٔا وَفَجَّرْنَا خِلَٰلَهُمَا نَهَرًا ﴿٣٣﴾ وَكَانَ لَهُۥ ثَمَرٌ
فَقَالَ لِصَٰحِبِهِۦ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَنَا۠ أَكْثَرُ مِنكَ مَالًا وَأَعَزُّ نَفَرًا ﴿٣٤﴾ وَدَخَلَ جَنَّتَهُۥ وَهُوَ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ
قَالَ مَآ أَظُنُّ أَن تَبِيدَ هَٰذِهِۦٓ أَبَدًا ﴿٣٥﴾ وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّى لَأَجِدَنَّ خَيْرًا
مِّنْهَا مُنقَلَبًا ﴿٣٦﴾

ئۇلار (يەنى كەمبەغەللەرنى يېنىڭدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان كاپىرلار)غا مۇنداق (بىرى مۆمىن، بىرى كاپىر بولغان) ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇلارنىڭ بىرىگە (يەنى كاپىرغا) بىز ئەتراپى خورمىزارلىق، (ئىككى باغنىڭ) ئوتتۇرىسى ئېكىنزارلىق بولغان تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلدۇق﴿32﴾. ھەر ئىككىلىسى كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق﴿33﴾. ئۇ (يەنى باغ ئىگىسى) نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى، ئۇ بۇرادىرىگە پەخىرلىنىپ: «مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم (يەنى خىزمەتچىلىرىم، بالىلىرىم، ياردەمچىلىرىم) سېنىڭكىدىن كۆپ» دېدى﴿34﴾. ئۇ (مۆمىن بۇرادىرىنى يېتىلەپ) بېغىغا كىرىپ (كۇفرىلىق قىلىش بىلەن) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھالدا ئېيتتى: «بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن﴿35﴾. شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن»﴿36﴾.

## باي كاپىر بىلەن پېقىر مۇسۇلماننىڭ مىسالى

الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىرى ۋە پېقىرلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن چوڭچىلىق قىلغان، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان

(1) كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فۇرقان سۈرىسى 66 ـ ئايەت.
(3) فۇرقان سۈرىسى 75 ـــ 76 ـ ئايەتلەر.

قىلىپ بولغاندىن كېيىن، **الله** تائالا مۇشرىكلارغا (بىرىگە يەنى كاپىرغا) ئەتراپى خورمىزارلىق، ئىككى باغنىڭ ئەتراپى ۋە ئوتتۇرىسى ئېكىنزارلىق بولغان، (باغلاردىكى) ھەر بىر تۈپ مېۋە دەرىخى ۋە زىرائەتلەر كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان، تاللىق ئىككى باغ قىلىپ بەرگەن ئىككى كىشىنىڭ مىسالىنى كەلتۈرۈپ بەردى.

باغلاردىكى ھەر بىر تۈپ مېۋە دەرىخى ۋە زىرائەتلەرنىڭ كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ھەر ئىككىلىسى كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق**﴾ يەنى باغلارنىڭ ئارىسىدا ئۆستەڭلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئېقىپ تۇرىدۇ.

﴿**ئۇ (يەنى باغ ئىگىسى) نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆزقاراش بولۇپ، بىرى: باغ ئىگىسى نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى دېگەن قاراشتۇر. يەنە بىرى: باغ ئىگىسى نۇرغۇنلىغان مېۋىلەرگە ئىگە ئىدى دېگەن قاراشتۇر. بۇ يەردە ئىككىنچى قاراش كۈچلۈكرەكتۇر. بۇ قاراشنى ھەم بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر خىل قىرائىتىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

﴿**ئۇ بۇرادىرىگە پەخىرلىنىپ**﴾ يەنى ئۇ بۇرادىرى بىلەن جېدەللىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ، پەخىرلىنىپ ۋە ئۆزىنى باي ھېسابلاپ: ﴿«**مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم (يەنى خىزمەتچىلىرىم، باللىرىم، ياردەمچىلىرىم) سېنىڭكىدىن كۆپ» دېدى**﴾ قەتادە: مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئادەملىرىنىڭ جىق بولۇشى كاپىرلارنىڭ ئارزۇسىدۇر، ـ دېدى.

﴿**ئۇ (مۆمىن بۇرادىرىنى يېتىلەپ) بېغىغا كىرىپ (كۇفرىلىق قىلىش بىلەن) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھالدا ئېيتتى**﴾ يەنى ئۇ كاپىرلىق، ئۆز بېشىمچىلىق، چوڭچىلىق ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن ئېيتتى: ﴿«**بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن**﴾ يەنى ئۇ باغلاردىكى زىرائەتلەرنى، مېۋىلەرنى، دەرەخلەرنى ۋە باغلارنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەرنى كۆرۈپ گوللىنىپ كېتىپ، باغلارنى يوقالمايدۇ، قۇرۇقدىلىنىپ قالمايدۇ ۋە بىرەر ئاپەتكە ئۇچرىمايدۇ دەپ گۇمان قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكىدىن، **الله** تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ ساختا زىننەتلىرىگە گوللىنىپ كەتكەنلىكىدىن ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەنلىكىدىن بولغاندۇر.

شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: ﴿**شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن»**﴾ يەنى: ئەگەر قىيامەت قايىم بولىدۇ ۋە **الله** تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىش بولىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەردە يەنە (پەرۋەردىگارىمنىڭ يېنىدا) ماڭا بۇ نېسىۋىدىن ياخشىراق نېسىۋە باردۇر، مەن **الله** تائالانىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولمايدىغان بولسام، **الله** تائالا ماڭا بۇلارنى بەرمەيتتى، ـ دېدى.

**الله** تائالا مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ دەيدىغان سۆزىنى باشقا بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مۇبادا (قىيامەت بولۇپ) مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ دەرگاھىدا چوقۇم

جەننەتكە ئېرىشىمەن» دەيدۇ﴾[1]، ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟﴾[2] يەنى اللە تائالا ئاخىرەتتە ئەلۋەتتە ماڭا مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىدۇ دەپ، چىڭ تۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇ ئايەت ئاس ئىبنى ۋائىل توغرىسىدا چۈشكەن. بۇنىڭ تەپسىلاتى (اللە تائالا خالىسا) مەريەم سۈرىسىدە كېلىدۇ. اللە تائالا بىزنىڭ ئىشەنچ باغلايدىغان ۋە ھەممە ئىشلىرىمىزدا يۆلىنىدىغان ئىگىمىزدۇر.

* * * * * * *

قَالَ لَهُۥ صَاحِبُهُۥ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَكَفَرْتَ بِٱلَّذِى خَلَقَكَ مِن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّىٰكَ رَجُلًا ﴿٣٧﴾ لَّٰكِنَّا۠ هُوَ ٱللَّهُ رَبِّى وَلَآ أُشْرِكُ بِرَبِّىٓ أَحَدًا ﴿٣٨﴾ وَلَوْلَآ إِذْ دَخَلْتَ جَنَّتَكَ قُلْتَ مَا شَآءَ ٱللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ إِن تَرَنِ أَنَا۠ أَقَلَّ مِنكَ مَالًا وَوَلَدًا ﴿٣٩﴾ فَعَسَىٰ رَبِّىٓ أَن يُؤْتِيَنِ خَيْرًا مِّن جَنَّتِكَ وَيُرْسِلَ عَلَيْهَا حُسْبَانًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَتُصْبِحَ صَعِيدًا زَلَقًا ﴿٤٠﴾ أَوْ يُصْبِحَ مَآؤُهَا غَوْرًا فَلَن تَسْتَطِيعَ لَهُۥ طَلَبًا ﴿٤١﴾

ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى: «سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟﴿37﴾ لېكىن مەن پەرۋەردىگارىم بولغان ئۇ اللە نى (ئېتراپ قىلىمەن)، پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن﴿38﴾. سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: اللە نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، اللە نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ؛ دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ﴿39﴾. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلغاي، بېغىڭغا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۇزلەندۇرۇش بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي﴿40﴾. ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ ئۇنى ئىزدەش (يەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ»﴿41﴾.

## پېقىر مۇسۇلماننىڭ جاۋابى

اللە تائالا كاپىرنىڭ ھەمراھى بولغان پېقىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان، ئۇنى اللە تائالاغا ئىشەنمىگەنلىكىدىن ۋە دۇنياغا گوللىنىپ كەتكەنلىكىدىن توسقان ئاساستا كاپىرغا بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**«سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟**﴾ يەنى بۇ مۆمىننىڭ كاپىرنىڭ ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن يارىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئابمەنىدىن ياراتقان پەرۋەردىگارىغا قىلغان ئىنكارىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشىدۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿اللە نى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اللە سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابمەنى ئىدىڭلار)،

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 77 ـ ئايەت.

كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) الله جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۇرىدۇ﴾[1] يەنى سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەر؟ سىلەرگە ئۇنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر ناھايىتى ئوچۇقتۇر. ھەر بىر ئىنسان كۆڭلىدە ھەر بىر مەخلۇقاتنىڭ ئەسلىدە يوق ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ـ ئۆزىنى پەيدا قىلمىغانلىقىنى ياكى ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇقاتلارنىڭ بىرەرسى پەيدا قىلمىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق بولغان زات، ئۆزىنى ۋە بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى بولغان الله تائالا تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

شۇڭا مۆمىن مۇنداق دېدى: ﴿لېكىن مەن پەرۋەردىگارىم بولغان ئۇ الله نى (ئېتىراپ قىلىمەن)﴾ يەنى مەن سەن دېگەندەك دېمەيمەن، مەن الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، ئۇنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ﴿پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن﴾ يەنى ئۇ بولسا، شېرىك كەلتۈرۈلمەي ئىبادەت قىلىنىدىغان الله تائالادۇر.

**﴿سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: الله نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ؛ دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ﴾** يەنى بۇ ئۇنى شۇنداق دېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. يەنى سەن بېغىڭغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىغاندا (ئۇ ساڭا يېقىملىق كۆرۈنگەن ۋاقىتتا)، الله تائالانىڭ ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى، ساڭا باشقا بىرسىگە بەرمىگەن مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقىلارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتساڭچۇ! ۋە: الله نىڭ ياردىمى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ـ دېسەڭچۇ! شۇڭا بەزى سەلەپ ئالىملىرى: كىمگە ئۆزىنىڭ ھالى ياكى مال ـ مۈلكى ۋە ياكى بالا ـ چاقىلىرى ياخشى كۆرۈنۈپ ئۇنى خۇرسەن قىلدۇرسا، ئۇ: "الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ" دېسۇن، ـ دېدى. بۇ الله تائالانىڭ: **﴿سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: الله نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. دېسەڭچۇ!﴾** دېگەن ئايىتىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەن سېنى جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىرىگە باشلاپ قويايمۇ؟ (ئۇ بولسىمۇ) الله نىڭ ياردىمى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش ۋە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. (دېيىشتۇر)» دېدى[2].

**﴿ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلغاي﴾** يەنى ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارىم ماڭا بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلغاي! سەن مەڭگۈ يوق بولۇپ كەتمەيدۇ دەپ ئويلىغان دۇنيادىكى **﴿بېغىڭغا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۈزلەندۈرۈش بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما، زەھھاك، قەتادە قاتارلىقلار (ۋە مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە زۆھرى): ئاسماندىن بىر ئازابنى يۈزلەندۈرۈش بىلەن، ـ دېدى. توغرىسى، ئاسماندىن چۈشكىنى باغنىڭ مېۋىلىرىنى ۋە دەرەخلىرىنى يۇلۇپ تاشلايدىغان قاتتىق يامغۇردۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يەنى: "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى" نى دېيىشتۇر.

شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: ﴿**بېغىڭ تۇپتۇز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي**﴾ يەنى ئادەمنىڭ ئىزىمۇ چۈشمەيدىغان سىلىق، تۇپتۇز، قاقاس تۇپراقلىق يەرگە ئايلىنىپ قالغاي. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھېچنېمە ئۈندۈرمەيدىغان گىياھسىز زېمىنغا ئايلىنىپ قالغاي دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ ئۇنى ئىزدەش (يەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ»**﴾ يەنى ئۇنىڭ سۈيى زېمىنغا سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى قايتا چىقىرىۋېلىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۇيۇڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن﴾[1].

* * * * * * *

وَأُحِيطَ بِثَمَرِهِۦ فَأَصۡبَحَ يُقَلِّبُ كَفَّيۡهِ عَلَىٰ مَآ أَنفَقَ فِيهَا وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَيَقُولُ يَٰلَيۡتَنِي لَمۡ أُشۡرِكۡ بِرَبِّيٓ أَحَدٗا ﴿٤٢﴾ وَلَمۡ تَكُن لَّهُۥ فِئَةٞ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مُنتَصِرًا ﴿٤٣﴾ هُنَالِكَ ٱلۡوَلَٰيَةُ لِلَّهِ ٱلۡحَقِّۚ هُوَ خَيۡرٞ ثَوَابٗا وَخَيۡرٌ عُقۡبٗا ﴿٤٤﴾

ئۇنىڭ مېۋىلىرى (يەنى بېغى) ۋەيران بولدى، تېلىنىڭ بىدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىنى تۇردى ھەمدە ئۇ: «مەن پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمىسەمچۇ» دېدى﴿42﴾. ئۇنىڭغا الله دىن باشقا ياردەم قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭدىن بۇ بالانى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ جامائە بولمىدى، ئۆزىگىمۇ ئۆزى ياردەم قىلالمىدى (يەنى بالانى ئۆزىدىن دەپئى قىلالمىدى)﴿43﴾. بۇ يەردە (يەنى مۇنداق ھالەتتە) مەدەتكار بولۇش پەقەت بەرھەق الله غا خاستۇر، الله (ئۆزىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، (ئۇنىڭغا يۈلەنگەن ۋە ئۇنى ئۈمىد قىلغانلارنىڭ) ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغۇچىدۇر﴿44﴾.

## كاپىرلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى

﴿**ئۇنىڭ مېۋىلىرى (يەنى بېغى) ۋەيران بولدى**﴾ يەنى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى. (يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن) ئۇنىڭ مېۋىلىرى ۋەيران بولدى. يەنى كاپىرنىڭ ئۆزىنى گوللىغان ۋە الله تائالانى تونۇشتىن توسقان بېغىغا مۆمىن ھەمراھى قورقۇتقان ۋە ئۆزىمۇ ئەنسىرىگەن ئازاب كەلدى. ﴿**تېلىنىڭ بىدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىنى تۇردى ھەمدە ئۇ: «مەن پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمىسەمچۇ» دېدى**﴾.

﴿**ئۇنىڭغا الله دىن باشقا ياردەم قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭدىن بۇ بالانى دەپئى قىلىدىغان) ھېچ جامائە بولمىدى، ئۆزىگىمۇ ئۆزى ياردەم قىلالمىدى (يەنى بالانى ئۆزىدىن دەپئى قىلالمىدى)**﴾ يەنى ئۇ پەخىرلەنگەندىكىدەك ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى بولمىدى.

(1) مۇلك سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

**﴿بۇ يەردە (يەنى مۇنداق ھالەتتە) مەدەتكار بولۇش پەقەت بەرھەق اللە غا خاستۇر﴾** بۇ ئايەتتە ئىككى خىل قىرائەت بولۇپ، بىرىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇنداق ھالەتتە يېقىنلىشىش اللە تائالاغا خاستۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى ئازاب كەلگەندە مۆمىن ياكى كاپىر بولسۇن، ھەر بىر كىشى اللە تائالا تەرىپىگە قايتىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باش ئېگىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر اللە غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (اللە غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى﴾[1] اللە تائالا پىرئەۋندىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى، (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى) «(ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى اللە غا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ﴾[2].

ئىككىنچى خىل قىرائەتكە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇشۇنداق ھالەتتە ھۆكۈم چىقىرىش، مەدەتكار بولۇش بەرھەق اللە تائالاغا خاستۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿اللە (ئۆزىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، (ئۇنىڭغا يۆلەنگەن ۋە ئۇنى ئۈمىد قىلغانلارنىڭ) ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغۇچىدۇر﴾**. بۇ ئايەتنى ئەرەب تىلىدا ئىككى خىل گىراماتىكىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بىر خىل گىراماتىكىلىق ئۇسۇلغا ئاساسەن تەپسىر قىلىنغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: اللە تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان ئىشلارنىڭ مۇكاپاتى ياخشىدۇر، ئاقىۋىتى مەدھىيىلەنگۈچىدۇر ۋە ياخشىدۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

* * * * * * *

وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ فَأَصْبَحَ
هَشِيمًا تَذْرُوهُ ٱلرِّيَٰحُ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ مُّقْتَدِرًا ﴿٤٥﴾ ٱلْمَالُ وَٱلْبَنُونَ زِينَةُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ
ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا ﴿٤٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿45﴾.ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر﴿46﴾.

(1) مۆمىن سۈرىسى 84 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 90 ـــ 91 ـ ئايەتلەر.

# بۇ دۇنيانىڭ مىسالى

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرگە دۇنيا ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن**﴾. ئۇ يوقاپ كېتىشتە ۋە تۈگەشتە ﴿**(شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى**﴾ يەنى زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى چىرايلىق ئۆستى، ئۆسۈملۈكلەرنى چېچەكلەر ۋە يېشىلچىلىقلار قاپلاپ كەتتى. ﴿**كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ - تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا كۆكەرتىشكىمۇ ۋە ئۇنى قۇرۇتۇۋېتىشكىمۇ قادىردۇر. **الله** تائالا كۆپ ھاللاردا دۇنياغا مۇشۇ مىسالنى كەلتۈرىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ھاياتىي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىرى - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى - دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾[1].

﴿سەن بىلمەمسەنكى، **الله** بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن **الله** ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن **الله** ئۇنى شاخ - شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (**الله** نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار﴾[2]، ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل - مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) **الله** نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾[3]

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دۇنيا شېرىن ۋە رەڭگا - رەڭدۇر».

(1) يۇنۇس سۈرىسى 24 - ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى 21 - ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 20 - ئايەت.

# ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مال ـ دۇنيا تۇپلىغاندىن ۋە بالا ـ چاقىلاردىن ياخشى ئىكەنلىكى

﴿**ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر**﴾ **ﷲ** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ **ﷲ** نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك﴾[1]، ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە **ﷲ** تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، **ﷲ** نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار﴾[2] يەنى سىلەرنىڭ **ﷲ** تائالاغا يۈزلىنىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭلار، بالىۋاقاڭلار بىلەن، ئۇلارغا مال ـ دۇنيا توپلاش ۋە ئۇلارغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈپ كېتىشىڭلاردىن ياخشىدۇر. شۇڭا **ﷲ** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرى: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن بەش ۋاخ ناماز كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

ئەتا، ئىبنى ئەبۇرباھە ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، لا ئىلاھە ئىللاللاھ، ئەللاھۇ ئەكبەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر قايسىلار؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر بولسا: "لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم" لەردۇر، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئازادگەردىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تارازىدا ئەڭ ئېغىر ئولتۇرىدىغان "لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر، سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ" ۋە ياخشى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭدىن ئەجىر كۈتۈپ قىلىنغان سەۋردىن ئىبارەت بەش ئىش نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! **ﷲ** تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ بارلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ۋە ھېسابنىڭ بارلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ھالدا (ئۆلۈپ كېتىپ)، **ﷲ** تائالا بىلەن ئۇچراشقان كىشى كىرىدىغان (يۇقىرىدىكى) ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!»

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر**﴾ دېگەن ئايەتتىن: "ﷲ تائالانى زىكرى قىلىش، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر، سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، تەبارەكەللاھۇ، لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ، ئەستەغفىرۇللاھ" دېيىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش، سەدىقە بېرىش، قۇل ئازاد قىلىش، ﷲ تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋە بۇلاردىن باشقا بارلىق ياخشى ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار بولسا، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەردۇركى، ئاسمان - زېمىنلا بولىدىكەن، ئىگىسىگە جەننەتتە باقى قىلىنىپ ساقلىنىپ تۇرىدۇ، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر بولسا ياخشى سۆزدۇر، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمە: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن بارلىق ياخشى ئەمەل كۆزدە تۇتۇلىدۇ، - دېدى. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر توغرا دەپ قارىدى.

* * * * * * *

وَيَوْمَ نُسَيِّرُ ٱلْجِبَالَ وَتَرَى ٱلْأَرْضَ بَارِزَةً وَحَشَرْنَٰهُمْ فَلَمْ نُغَادِرْ مِنْهُمْ أَحَدًا ﴿٤٧﴾ وَعُرِضُوا۟ عَلَىٰ رَبِّكَ صَفًّا لَّقَدْ جِئْتُمُونَا كَمَا خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍۭ بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّن نَّجْعَلَ لَكُم مَّوْعِدًا ﴿٤٨﴾ وَوُضِعَ ٱلْكِتَٰبُ فَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلْكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحْصَىٰهَا ۚ وَوَجَدُوا۟ مَا عَمِلُوا۟ حَاضِرًا ۗ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا ﴿٤٩﴾

ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴿47﴾. ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ - سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساپ بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)» دەيمىز﴿48﴾. كىشىلەرنىڭ نامە - ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە - ئەمالغا چوڭ - كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە - ئەمالىغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴿49﴾.

## قىيامەت بولغاندا يۈز بېرىدىغان قورقۇنچلۇق چوڭ ئىشلار

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئىشلىرىدىن ۋە قىيامەت بولغاندا بولىدىغان كاتتا ئىشلاردىن خەۋەر بەردى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق

تەۋرەيدۇ، تاغلار قاتتىق سەير قىلىدۇ (يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن توزۇپ يوقىلىپ كېتىدۇ)﴾[1] يەنى تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن باشقا تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە توزۇتىۋېتىلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ﴾[2]، ﴿تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار سەندىن تاغلار توغرۇلۇق (يەنى تاغنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئۇلارنى كۇكۇم تالقان قىلىپ (ئاندىن شامالنى ئەۋەتىپ ئۇنى سورۇيدۇ)، ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ يەرلەردە نە چوڭقۇرلۇقنى، نە ئېگىزلىكنى كۆرمەيسەن﴾[4] يەنى **الله** تائالا ئۆزىنىڭ تاغلارنى ئېلىپ كېتىپ يوقىتىدىغانلىقىدىن، زېمىن يۈزىنىڭ تەپتەكشى بولىدىغانلىقىدىن ۋە زېمىنىنىڭ ئۈستىدە نە چوڭقۇرلۇقتىكى جىلغا، نە ئېگىزلىكتىكى تاغ قالماي تۈپتۈز بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**﴿زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)﴾** يەنى زېمىننى ھېچ كىشىگە نىشان بولمىغان ۋە كىشىنى توسۇۋالىدىغان بىرەر يەر بولمىغان، ئوچۇق ھالدا كۆرىسەن. (ئۇ كۈندە) بارلىق مەخلۇقاتلار پەرۋەردىگارىغا ئوپئوچۇق ھالدا كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە **الله** تائالاغا يوشۇرۇن بولۇپ قالىدىغىنى يوقتۇر. مۇجاھىد ۋە قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: زېمىندا (كىشىلەرنى كۆرۈشتىن) توسالغۇ بولۇۋالىدىغان توسالغۇ ۋە (كىشىلەرنى) يوشۇرۇۋالىدىغان نەرسە قالمايدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: زېمىندا (كىشىلەرنى كۆرۈشتىن توسالغۇ بولغۇدەك) بىنا ۋە دەل ـ دەرەخلەرمۇ قالمايدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾** يەنى ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى بىر يەرگە توپلايمىز، ئۇلاردىن مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾[5]، ﴿ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر﴾[6].

**﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. ئۇنىڭ بىرى: بارلىق كىشىلەر **الله** تائالانىڭ ئالدىدا بىر سەپ بولۇپ تۇرىدۇ، ـ دېگەن كۆزقاراشتۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)، ئۇلار (نىڭ ئارىسىدا) مېھرىبان **الله** نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ ئەھەدىنىڭ سۆز قىلىشىغا بولمايدۇ﴾[7].

(1) تۇر سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
(2) نەمل سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قارىئە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(4) تاھا سۈرىسى 105 ـ 107 ـ ئايەتكىچە.
(5) ۋاقىئە سۈرىسى 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.
(6) ھۇد سۈرىسى 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) نەبە سۈرىسى 38 ـ ئايەت.

يەنە بىرى بولسا: كىشىلەر الله تائالانىڭ ئالدىدا سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرىدۇ، ـ دېگەن كۆزقاراشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا﴾[1].

**﴿(كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار (دەيمىز)﴾** يەنى بۇ، قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلارغا قىلىنغان قاتتىق تەنقىد ۋە ئۇلارنى گۇۋاھچىلارنىڭ قېشىدا مات قىلىشتۇر.

شۇڭا الله تائالا ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساپ بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)»﴾** يەنى سىلەر قىيامەت يۈز بېرىدۇ ۋە ئۇ چوقۇم بولىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتىڭلار.

**﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ﴾** يەنى كىشىلەرنىڭ كاتتا ياكى ئاددىي، كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھەممە ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن دەپتەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. **﴿گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن﴾** يەنى گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەنگەن گۇناھ ئىشلىرىدىن ۋە يامان قىلمىشلىرىدىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار (دۇنيادا) ھاياتىغا سەل قاراپ، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟»﴾.

**﴿ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾** يەنى (ئۇلار) ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەممە قىلمىشلىرىنى دەپتەردە كۆرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[2]، ﴿بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ﴾[3]، ﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە﴾[4] يەنى قىيامەت كۈنىدە يوشۇرۇن سىرلار ۋە مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشكارا بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ھەر بىر خىيانەتچى ئۈچۈن (ئۇنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن) بايراق تىكلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلدى: «(قىيامەت كۈنى) خىيانەت قىلغان ئىنسانلارنىڭ

(1) فەجر سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قىيامەت سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
(4) تارىق سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

قىلغان خىيانىتىگە قاراپ ساغرىسىغا بىر بايراق تىكىلىنىپ: بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ خىيانىتىدۇر، ـ دېيىلىدۇ»

﴿**پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا بەندىلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلاردىن بىرەرسىگىمۇ ئۇۋال قىلمايدۇ. ئەكسىچە، **الله** تائالا ئۇلارنى كەچۈرىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ. خالىغان كىشىنى قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە ئادىللىقى بىلەن ئازابلايدۇ. دوزاخنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلار بىلەن توشقۇزىدۇ. ئاندىن دوزاختىن گۇناھكارلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، دوزاختا پەقەت كاپىرلارنى مەڭگۈ قويۇپ قويىدۇ. **الله** تائالا ھېچ كىشىگە ئۇۋال قىلماي ھۆكۈم چىقارغۇچى زاتتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**الله** ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، **الله** ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[1]، ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[2] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇقەيلدىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس ئاڭلىغان بىر كىشىنىڭ خەۋىرى يەتتى. مەن (ئۇ كىشىدىن شۇ ھەدىسنى ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن) بىر تۆگە سېتىۋېلىپ (ئۇنىڭغا يۈك ـ تاقلىرىمنى ئارتىپ) سەپەرگە چىقتىم. بىر ئايچە يول يۈرگەندىن كېيىن شامغا، يەنى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ كىشى بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس ئىكەن. مەن ئىشىك باقارغا: ئۇنىڭغا جابىر ئىشىك ئالدىدا قالدى دېگىن، ـ دېدىم. ئۇ: (ئۆيدە تۇرۇپ) جابىر ئىبنى ئابدۇللاھمۇ؟ ـ دېدى. مەن: ھەئە، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چاپىنىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ مېنى قۇچاقلىدى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدىم (يەنى بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق). مەن: ماڭا سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىساس ھەققىدە بىر ھەدىس ئاڭلىغانلىقىڭنىڭ خەۋىرى يەتتى، مەن ئۇ ھەدىسنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن يا سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن ياكى مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورققان ئىدىم، ـ دېدىم. ئۇ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «**الله** تائالا قىيامەت كۈنى كىشىلەرنى يالىڭاچ، خەتنىسىز ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ھېچ نەرسە بولمىغان ھالدا بىر يەرگە توپلايدۇ. ئاندىن ئۇلارنى يىراقتىكى ئادەممۇ خۇددى يېقىندىكى ئادەم ئاڭلىغاندەك ئاڭلايدىغان ئاۋاز بىلەن چاقىرىپ: مەن پادىشاھدۇرمەن، مەن ھېساب ئالغۇچىدۇرمەن، جەننەتتى بولغان بىر كىشىدە دوزىخى بولغان بىر كىشىنىڭ ئاددىيسى بىر كاچات سالغانچىلىك ھەققى بار بولسا، مەن جەننەتتى بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ شۇ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئۇ دوزاخقا كىرىپ كەتمەيدۇ. دوزىخى بولغان بىر كىشىدە جەننەتتى بولغان بىر كىشىنىڭ ئاددىيسى بىر كاچات سالغانچىلىك ھەققى بار بولسا، مەن دوزىخى بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ شۇ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگىچە، ئۇ

(1) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

جەننەتكە كىرىپ كەتمەيدۇ دەيدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىز: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ چاغدا، بىز الله تائالانىڭ ئالدىغا يالىڭاچ، خەتنىسىز ۋە ئۆزلىرىمىز بىلەن ھېچ نەرسە بولمىغان ھالدا كېلىدىغان تۇرساق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھەققىنى قايسى ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىدۇ؟ ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرىنىڭ ياخشى ئەمەلىنى ئېلىپ بېرىش ياكى يامان ئەمەلىنى يۈكلەپ قويۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىدۇ» دېدى[1].

شۆئبە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزى يوق ھايۋانلارغا مۈڭگۈزى بار ھايۋانلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ بالىسى ئابدۇللاھمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَـٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِـَٔادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ ٱلْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِۦٓ ۗ أَفَتَتَّخِذُونَهُۥ وَذُرِّيَّتَهُۥٓ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِى وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّۢ ۚ بِئْسَ لِلظَّـٰلِمِينَ بَدَلًا ﴿٥٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى الله غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)﴿50﴾

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىسنىڭ قىسسىسى

الله تائالا ئىبلىسنىڭ ئىنسانلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى ۋە بۇرۇن ئۇلارنىڭ دادىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكىنى (ئۇلارغا) ئەسكەرتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن ئىبلىسقا ئەگەشكەن، يوق يەردىن پەيدا قىلىپ ياراتقان، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن رىزىق ۋە ئوزۇقلۇق بەرگەن ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان الله تائالاغا قارشىلىق قىلىپ، ئىبلىس بىلەن دوست بولغان ۋە الله تائالا بىلەن دۈشمەنلەشكەن كىشىنى تەنقىتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق**﴾ يەنى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنغاندەك، (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا كەلگەن) بۇيرۇق ھەممە پەرىشتىلەرگە كەلگەندۇر. بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى چوڭ بىلىش ئۈچۈن قىلىنغان سەجدە ئىدى.

الله تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىللەنگەن كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم



(1) يەنى ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بار كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەققى بار كىشىگە ئېلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، ھەققى بار كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويىدۇ.

ئەلەيهسسالام) نى يارىتىمەن، مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۇرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان هالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار)﴾[1].

﴿**ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى**﴾ يەنى ئىبلىسنى ئۇنىڭ ئەسلى ماددىسى خىيانەت قىلدۇردى. چۈنكى، ئۇ ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان ئىدى. پەرىشتىلەرنىڭ ئەسلى يارىتىلىش ماددىسى نۇردۇر.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. ئىبلىس ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى ۋە ئادەم سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن يارىتىلدى».

ھالقىلىق پەيتتە ھەممە نەرسە ئۆز تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ھالقىلىق چاغدا، ئىبلىسنىمۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى خائىنلىق قىلدۇردى. ئەسلىدە ئىبلىسمۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ، ئۇلارغا ئوخشاش الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئادەم ئەلەيهسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى. لېكىن، ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئاسىيلىق قىلدى. ئاندىن الله تائالا ئۇنىڭ جىندىن ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى[2]. الله تائالا ئىبلىسنىڭ بۇ ھەقتە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى﴾[3].

ھەسەنبەسرى: ئىبلىس ئازغىنا ۋاقىتمۇ پەرىشتىلەردىن بولغان ئەمەس، خۇددى ئادەم ئەلەيهسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەسلى بولغىنىدەك، ئىبلىسمۇ جىنلارنىڭ ئەسلىدۇر، ـ دېدى. بۇنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

﴿**شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى**﴾. ئاندىن الله تائالا ئىبلىسقا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشىلەرنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر**﴾ يەنى ماڭا بويسۇنۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا بويسۇنامسىلەر؟

﴿**ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى الله غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن! يامان)**﴾ بۇ، خۇددى الله تائالانىڭ ياسىن سۈرىسىدە قىيامەت كۈنى بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى، بەختلىك ۋە بەتبەختلەردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ بارىدىغان جايىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگىنىگە ئوخشايدۇ: ﴿(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ)، سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان

(1) ھىجر سۈرىسى 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر.
(2) يەنى ئۇنىڭ تەبىئىتى باشقا بولغاچقا، تەبىئىتىنىڭ ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلدۇرغانلىقىنى ئەسكەرتتى.
(3) ساد سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

سىلەردىن تۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

* * * * * * *

﴿ مَّآ أَشۡهَدتُّهُمۡ خَلۡقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَا خَلۡقَ أَنفُسِهِمۡ وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ ٱلۡمُضِلِّينَ عَضُدٗا ٥١ ﴾

ئۇلار (يەنى شەيتانلار) غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىنىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق (يەنى مەزكۇرلارنى خەلق ئەتكەن چېغىمدا ئۇلارنى ھازىر قىلغىنىم يوق)، (كىشىلەرنى) ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق﴿51﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ بىرەر نەرسىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلغانلىقىنىمۇ كۆرمىگەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر مېنى قويۇپ دوست تۇتقان ئىلاھلىرىڭلار بولسا، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس مەخلۇقاتلاردۇر. مەن ئۇلارغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ يارىتىلغانلىقىنى كۆرسەتمىدىم. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ۋاقىتدا يوق ئىدى. مەن بولسام، ھەممە نەرسىلەرنى يالغۇز ياراتقان، ئۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە (ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى) ئورۇنلاشتۇرغان زاتتۇرمەن. بۇ ئىشلاردا مېنىڭ شېرىكىم، ۋەزىرىم، مەسلىھەتچىم ياكى تەڭتۇشۇم يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر الله نى قويۇپ مەبۇد دەپ قارىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا زەررە چاغلىق نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ (يارىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدا الله غا) ھېچ شېرىكچىلىكى يوق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە الله غا (ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ياردەملەشىدىغان) ھېچ ياردەمچىمۇ يوق»، الله ئىزنى بەرگەن ئادەمدىن باشقىغا الله نىڭ دەرگاھىدا شاپائەت پەيدا بەرمەيدۇ﴾[2] شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق**﴾.

* * * * * * *

﴿ وَيَوۡمَ يَقُولُ نَادُواْ شُرَكَآءِيَ ٱلَّذِينَ زَعَمۡتُمۡ فَدَعَوۡهُمۡ فَلَمۡ يَسۡتَجِيبُواْ لَهُمۡ وَجَعَلۡنَا بَيۡنَهُم مَّوۡبِقٗا ٥٢ وَرَءَا ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٱلنَّارَ فَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مُّوَاقِعُوهَا وَلَمۡ يَجِدُواْ عَنۡهَا مَصۡرِفٗا ٥٣ ﴾

شۇ كۈندە الله (ئۇلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەر مېنىڭ شېرىكلىرىم دەپ ئويلىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار». ئۇلار چاقىرىدۇ، لېكىن ئۇلار (ئىلاھلارنىڭ شېرىكلىرى) ئىجابەت قىلمايدۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئۇلار ئۆتەلمەيدىغان) ھالاكەتلىك جايىنى پەيدا قىلدۇق﴿52﴾. گۇناھكارلار دوزاخنى

(1) ياسىن سۈرىسى 59 ــــ 62 ـ ئايەتكىچە.
(2) سەبە سۈرىسى 22 ــــ 23 ـ ئايەت.

كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزىم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴿53﴾.

## "اللّٰه تائالانىڭ شېرىكلىرى" دەپ قارالغانلارنىڭ جاۋاب قايتۇرالمايدىغانلىقى ۋە گۇناھكارلارنىڭ دوزاخقا كەلتۈرۈلىدىغانلىقى

اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى گۇۋاھچىلارنىڭ بېشىدا مۇشرىكلارنى تەنقىد ۋە مات قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«سىلەر مېنىڭ شېرىكلىرىم دەپ ئويلىغىنىڭلارنى چاقىرىڭلار»**﴾ يەنى سىلەر دۇنيادا اللّٰه تائالانىڭ شېرىكلىرى دەپ ئويلىغىنىڭلارنى بۈگۈن چاقىرىڭلار. ئۇلار سىلەرنى بۇ ھالدىن قۇتقۇزسۇن.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) اللّٰه نىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى﴾[1]. ﴿**ئۇلار چاقىرىدۇ، لېكىن ئۇلار (نىڭ شېرىكلىرى) ئىجابەت قىلمايدۇ**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا: «شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاپىر بولغانلىقلىرىغا نادامەت قىلىپ) (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[2].

﴿اللّٰه نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر، (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئىززەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن (يەنى بۇتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن اللّٰه نىڭ ئالدىدا ئىززەتلىك بولۇشلىرى ئۈچۈن)، اللّٰه نى قويۇپ ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا چوقۇندى، ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ اللّٰه ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[4].

﴿**بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئۇلار ئۆتەلمەيدىغان) ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇ مۇشرىكلار دۇنيادا ئىلاھلىرىمىز دەپ ئويلىغانلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا يول تاپالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قېشىغا بارالمايدۇ. اللّٰه تائالا مۇشرىكلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ. بىرى بىرىنىڭ

(1) ئەنئام سۈرىسى 94 ـ ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 64 ـ ئايەت.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.
(4) مەريەم سۈرىسى 81 ـ 82 ـ ئايەتلەر.

قېشىغا يېتەلمەيدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھالاكەتلىك جاي، قاتتىق قورقۇنچ ۋە كاتتا ئىش باردۇر.

ئەمما ﷲ تائالانىڭ: ﴿بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا﴾ دېگەن ئايىتىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى دېگەندەك مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ﷲ تائالا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە (مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ﴾[1]، ﴿ﷲ تەرىپىدىن كېلىدىغان، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈن (يەنى قىيامەت) كېلىشتىن ئىلگىرى توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، بۇ كۈندە (ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى جەننەتكە، بىر پىرقىسى جەھەننەمگە) ئايرىلىدۇ﴾[2]، ﴿(گۇناھكارلارغا) «ئى گۇناھكارلار! بۈگۈن (بىر تەرەپكە) ئايرىلىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[3]، ﴿شۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دە (مۆمىنلەرنى، كاپىرلارنى) ھەممىسنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (ﷲ غا شېرىك كەلتۈرگەن) بۇتلىرىڭلار بىلەن بىللە، ئورنۇڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار» دەيمىز، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىيمىز، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرى ئېيتىدۇ: «سىلەر بىزگە ئىبادەت قىلمىغان ئىدىڭلار (بەلكى نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلغان ئىدىڭلار)، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ﷲ كۇپايىكى، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنۇشۇڭلاردىن بىز غاپىل ئىدۇق (يەنى بىز كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ھېس قىلمايدىغان جانسىز ئىدۇق)»، بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۈستىدە سىنىلىدۇ (يەنى ياخشىمۇ يامانمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ)، ئۇلار ھەقىقى ئىگىسى ـ ﷲ نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ دەۋا قىلغان بۇتلىرى ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدۇ﴾[4].

﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ﴾ يەنى جەھەننەم 70 مىڭ ئارغامچىسىنىڭ ھەر بىرىنى 70 مىڭ پەرىشتە تۇتۇپ سۆرىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ۋە ئۇلار ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندە، گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ جەھەننەمگە كىرىدىغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ. ﷲ تائالانىڭ ئۇلارغا جەھەننەمنى كۆرستىشى ئۇلارنى غەم ـ قايغۇغا بالدۇرراق سېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئازابنىڭ چۈشىشىنى كۈتۈش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئازابدۇر.

﴿دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾ يەنى ئۇلارغا جەھەننەمدىن قۇتۇلدۇرىلىدىغان يول يوقتۇر. ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشى چوقۇمدۇر.



* * * * * *

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فِي هَٰذَا الْقُرْآنِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٍ ۚ وَكَانَ الْإِنسَانُ أَكْثَرَ شَيْءٍ جَدَلًا ﴿٥٤﴾

(1) رۇم سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(2) رۇم سۈرىسى 43 ـ ئايەت.
(3) ياسىن سۈرىسى 59 ـ ئايەت.
(4) يۇنۇس سۈرىسى 28 ـ 30 ـ ئايەتكىچە.

بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدۇ (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)﴿54﴾.

## قۇرئاندا تۈرلۈك مىساللارنىڭ بايان قىلىنغانلىقى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەرنىڭ ھەقتىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ۋە توغرا يولدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ قۇرئاندا بىز كىشىلەرگە تۈرلۈك مىساللارنى ۋە ئۇلارغا لازىملىق ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردۇق. شۇنداق تۇرسىمۇ، الله تائالا توغرا يولغا باشلىغان ۋە نىجاتلىق يولىنى كۆرسەتكەن كىشىلەردىن باشقىلىرى يەنە كۆپ جېدەللىشىدۇ. ناھەقنى دەپ ھەقكە قارشى چىقىدۇ ۋە (ناھەق تەرەپتە تۇرۇپ) دەۋالىشىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئىشىكنى قېقىپ، مېنى ۋە (قىزى) فاتىمەنى ئويغىتىپ: «ناماز ئوقۇمامسىلەر؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ جېنىمىز الله تائالانىڭ قولىدا، الله تائالا ئەۋەتىشنى خالىغاندا ئەۋەتىدۇ[1]، ـ دېدىم. (مەن شۇ گەپنى قىلغان ۋاقتىمدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېتىپ قايتا كەلمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كېتىۋېتىپ يوتىسىغا ئۇرغاچ الله تائالانىڭ: **﴿ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدۇ (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

* * * * * * *

وَمَا مَنَعَ ٱلنَّاسَ أَن يُؤْمِنُوٓاْ إِذْ جَآءَهُمُ ٱلْهُدَىٰ وَيَسْتَغْفِرُواْ رَبَّهُمْ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمْ سُنَّةُ ٱلْأَوَّلِينَ
أَوْ يَأْتِيَهُمُ ٱلْعَذَابُ قُبُلًا ﴿٥٥﴾ وَمَا نُرْسِلُ ٱلْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَيُجَٰدِلُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بِٱلْبَٰطِلِ لِيُدْحِضُواْ بِهِ ٱلْحَقَّ وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِى وَمَآ أُنذِرُواْ هُزُوًا ﴿٥٦﴾

ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقلىرى ۋە پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلماسلىقلىرى پەقەت (الله نىڭ) بۇرۇنقىلارغا تۇتقان يولىنى (يەنى ھالاك قىلىشنى كۈتىدىغانلىقلىرى) ياكى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى (كۈتىدىغانلىقلىرى) ئۈچۈندۇر﴿55﴾. بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ئىمان ئېيتقۇچىلارغا) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز. كاپىرلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن) ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (يەنى ئويۇنچۇق) قىلىۋالدى﴿56﴾.



(1) يەنى الله تائالا خالىغان ۋاقىتتا بىزگە جېنىمىزنى ئەۋەتىدۇ، بىز شۇ چاغدا ئويغىنىپ قوپۇپ ناماز ئوقۇيمىز دېمەكچى. ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇنىڭ جېنى الله تائالانىڭ قولىدا بولىدۇ.

# كاپىرلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ بايانى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ كاپىرلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ روشەن پاكىتلارنى ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ھەقىقەتكە ئەگەشمەسلىكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشلىرى ئۈچۈن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

ﷲ تائالا كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىگە دېگەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴾[1]، ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ﷲ نىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى﴾[2] ﷲ تائالا قۇرەيشلىكلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[3]، ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن، ئەگەر سەن (مەن رەسۇلۇللاھ دېگەن سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، (پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان) پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسەڭچۇ»؟﴾[4] بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار.

**﴿ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقلىرى ۋە پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلماسلىقلىرى پەقەت (ﷲ نىڭ) بۇرۇنقىلارغا تۇتقان يولىنى (يەنى ھالاك قىلىشنى كۈتىدىغانلىقلىرى) ياكى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى (كۈتىدىغانلىقلىرى) ئۈچۈندۇر﴾.**

**﴿بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ئىمان ئېيتقۇچىلارغا) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز﴾** يەنى بىز پەيغەمبەرلەرنى (ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن) ئۇلارغا ئىشەنگەن ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا خۇش بېشارەتچى، ئۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزلىرىگە قارشىلىق قىلغۇچىلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز.

ئاندىن ﷲ تائالا كاپىرلارنىڭ مۇنازىرىلىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿كاپىرلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن) ھەقىقەتنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە مۇنازىرىلىشىدۇ، (لېكىن) ئۇلار بۇ مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

**﴿ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (يەنى ئويۇنچۇق) قىلىۋالدى﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھۆججەت ـ پاكىتلىرىنى، مۆجىزىلىرىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ۋە ئازابنىڭ كېلىشىدىن قورقۇتۇشلىرىنى مازاق قىلىشتى، بۇ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقىدۇر.

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى 187 ـ ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(4) ھىجر سۈرىسى 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.

* * * * * * *

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِـَٔايَـٰتِ رَبِّهِۦ فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِىَ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ ۚ إِنَّا جَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن
يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۖ وَإِن تَدْعُهُمْ إِلَى ٱلْهُدَىٰ فَلَن يَهْتَدُوٓا۟ إِذًا أَبَدًا ﴿٥٧﴾ وَرَبُّكَ ٱلْغَفُورُ ذُو
ٱلرَّحْمَةِ ۖ لَوْ يُؤَاخِذُهُم بِمَا كَسَبُوا۟ لَعَجَّلَ لَهُمُ ٱلْعَذَابَ ۚ بَل لَّهُم مَّوْعِدٌ لَّن يَجِدُوا۟ مِن دُونِهِۦ مَوْئِلًا
﴿٥٨﴾ وَتِلْكَ ٱلْقُرَىٰٓ أَهْلَكْنَـٰهُمْ لَمَّا ظَلَمُوا۟ وَجَعَلْنَا لِمَهْلِكِهِم مَّوْعِدًا ﴿٥٩﴾

پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ)﴿57﴾. پەرۋەردىگارىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر. ئەگەر الله ئۇلارنى قىلمىشىغا قاراپ جازالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قىلىنىدىغان ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، (ئۇ ۋاقىت كەلگەندە) ئۇلار الله دىن بۆلەك ھېچ پاناگاھ تاپالمايدۇ﴿58﴾. شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (يەنى ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەيب پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىتنى بەلگىلىدۇق﴿59﴾.

## الله تائالانىڭ ئايەتلىرى بىلەن نەسىھەت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق ئۇۋال قىلغان كىشى بولىدىغانلىقى

الله تائالا (الله تائالانىڭ) ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان، كۆڭۈل قويمىغان ۋە ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇتقان كىشىنىڭ بەندىلەر ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق ئۇۋال قىلغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق﴾** يەنى قۇلاقلىرىدا ھەقىقەتنى تىڭشىيالمايدىغان مەنىۋى ئېغىرلىقنى قىلدۇق. **﴿ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ)﴾**.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە كاتتا رەھمەت قىلغۇچىدۇر.

**﴿ئەگەر الله ئۇلارنى قىلمىشىغا قاراپ جازالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قىلىنىدىغان**

**ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى﴾** **اللە** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر **اللە** ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۆمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴾[2]. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئاندىن **اللە** تائالا ئۆزىنىڭ (گۇناھكارلارنى) ئالدىراپ ئازابلىمايدىغانلىقى، گۇناھلارنى يوشۇرىدىغانلىقى ۋە كەچۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. **اللە** تائالا كاپىرلارنىڭ بەزىسىنى گۇمراھلىقتىن توغرا يولغا باشلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمكى ئازغۇنلىقىدا داۋاملىشىۋەرسە، ئۇ جازاسىنى (بەك ئېغىرلىقىدىن) بالىلارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدىغان ۋە ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) تارتىدۇ. شۇڭا **اللە** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**لېكىن ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، (ئۇ ۋاقىت كەلگەندە) ئۇلار اللە دىن بۆلەك ھېچ پاناگاھ تاپالمايدۇ**﴾ يەنى باشقا پاناھلىنىدىغان يەر تاپالمايدۇ.

﴿**شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (يەنى ھۇد، سالىھ، لۇت، شۇئەيب پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۆتكەنكى ئۇممەتلەر) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر ۋە شەھەر كىشىلىرى (**اللە** تائالاغا كاپىرلىق قىلىشى بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە تەرسالىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق.

﴿**ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىتنى بەلگىلىدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئازراقمۇ ئىلگىرى ياكى كېيىن بولۇپ قالمايدىغان مەلۇم ۋە مۇئەييەن بىر ۋاقىتنى بەلگىلىدۇق. ئى قۇرەيش مۇشرىكلىرى! سىلەرمۇ ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ كاتتا پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر بىزگە ئىلگىرى ھالاك قىلىنىپ كەتكەن ئۇممەتلەردىن ئەتىۋارلىقراق ئەمەسسىلەر. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئازابىمدىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىمدىن قورقۇڭلار.

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِفَتَىٰهُ لَآ أَبْرَحُ حَتَّىٰٓ أَبْلُغَ مَجْمَعَ ٱلْبَحْرَيْنِ أَوْ أَمْضِىَ حُقُبًا
﴿٦٠﴾ فَلَمَّا بَلَغَا مَجْمَعَ بَيْنِهِمَا نَسِيَا حُوتَهُمَا فَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ سَرَبًا ﴿٦١﴾ فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ
لِفَتَىٰهُ ءَاتِنَا غَدَآءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَٰذَا نَصَبًا ﴿٦٢﴾ قَالَ أَرَءَيْتَ إِذْ أَوَيْنَآ إِلَى ٱلصَّخْرَةِ فَإِنِّى
نَسِيتُ ٱلْحُوتَ وَمَآ أَنسَىٰنِيهُ إِلَّا ٱلشَّيْطَٰنُ أَنْ أَذْكُرَهُۥ وَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ عَجَبًا ﴿٦٣﴾ قَالَ ذَٰلِكَ
مَا كُنَّا نَبْغِ فَٱرْتَدَّا عَلَىٰٓ ءَاثَارِهِمَا قَصَصًا ﴿٦٤﴾ فَوَجَدَا عَبْدًا مِّنْ عِبَادِنَآ ءَاتَيْنَٰهُ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا
وَعَلَّمْنَٰهُ مِن لَّدُنَّا عِلْمًا ﴿٦٥﴾

(1) فاتىر سۈرىسى 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەئد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن» دېدى﴿60﴾. ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كەتتى﴿61﴾. ئۇلار (ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتكەندە مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى﴿62﴾. ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى﴿63﴾. مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى﴿64﴾. ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبىنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴿65﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ياش خادىمى يۇشە ئىبنى نۇنغا بۇ سۆزنى قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامدا يوق ئىلىم بېرىلگەن بىر بەندە بار ئىكەن، ـ دېگەن بىر خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ، ياش خادىمىغا مۇنداق دېدى: ﴿«ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگىچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن﴾.

﴿(شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن»﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر) توختىماي مېڭىۋېرىمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادە ۋە ئىبنى زەيدمۇ شۇنداق دېدى.

﴿ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇزلانغان بېلىق ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا سەن بېلىقنى قەيەردە يوقىتىپ قويساڭ، سەن ئىزدىگەن ئادەمنى شۇ يەردە تاپىسەن، ـ دېيىلگەن ئىدى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ياش خادىمى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ماڭدى. شۇ يەردە "ھايات بۇلىقى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى. ئۇلار شۇ يەردە ئۇخلىدى. بېلىق يۇشە ئىبنى نۇننىڭ قول سېۋىتىدە ئىدى. بۇلاقتىن چىققان سۇ بېلىققا چاچراپ كەتتى ـ دە، بېلىق بىر سىلكىنىپلا ئۆزىنى سېۋەتتىن دېڭىزغا ئاتتى. يۇشە ئەلەيھىسسالاممۇ ئويغانىدى. لېكىن بۇ چاغدا بېلىق سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بولغان ئىدى. سۇ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماي ئىككى

تەرىپىگە بۆلۈنگىنىچە ئۇ بېلىقنىڭ ئۆزگەن ئىزى قالدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كەتتى**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بېلىقنىڭ سۇدىكى ئىزى خۇددى سۇغا تاش چۈشكەندەك كاۋاك قالدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر يارىتىلىپ تاكى شۇ كۈنگىچە سۇ شۇ بېلىقتىن باشقىسىغا يېرىلىپ بېرىلمىگەن ئىدى. (سۇدا) بېلىق چۈشكەن يەر شۇ پېتى قالدى. سۇ بېلىققا ھاۋادانچىدەك ئېچىلىپ بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن يېرىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿«**بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى**»﴾.

﴿**ئۇلار (ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىدىن) ئۆتكەندە**﴾ يەنى ئۇلار بېلىقنى ئۇنۇتقان يەردىن بىرەر چاقىرىم يول يۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ﴿**مۇسا ياش خادىمىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى. ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ (دېدى)**﴾.

شۇڭا ئۇ مۇنداق دېدى: ﴿**بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى»**﴾، ﴿**مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى**﴾ يەنى كەلگەن ئىزىنى بويلاپ كەينىگە قايتىشتى.

﴿**ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبىنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى**﴾ ئۇ كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: نەۋفەل بۇكالىي خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان مۇسانى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەمەس، دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: الله تائالانىڭ دۈشمىنى بولغان نەۋفەل بۇكالىي يالغان سۆزلەپتۇ. بىزگە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا تەبلىغ قىلدى. ئۇنىڭدىن: كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كىم ئەڭ بىلىملىك؟ ـ دېگەن بىر سوئال سورالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: مەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. الله تائالا ئۇنىڭ: (كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كىم ئەڭ بىلىملىك ئىكەنلىكىنى) الله تائالا ئۆزى بىلىدۇ دېمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىپ، ئۇنىڭغا: ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدە مېنىڭ سەندىن بەكرەك بىلىملىك بەندەم بار، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ـ دەپ ۋەھيي قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۇنى قانداق تاپالايمەن؟ ـ دېدى. الله تائالا: ئۆزەڭ بىلەن بىرگە بىر بېلىقنى قول سېۋىتىڭگە سېلىپ ئېلىۋالغىن،

بېلىقنى قەيەردە يوقىتىپ قويساق، ئۇ شۇ يەردە، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بېلىقنى سېۋەتكە سېلىپ، ئۆزى بىلەن ئېلىۋالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ياش خادىمى يۇشە ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام تاكى قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلگىچىلىك يول يۈردى. ئۇلار قورام تاشنىڭ قېشىغا كېلىپ، باشلىرىنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. بېلىق سېۋەتتىن بىر سىلكىنىپ چىقىپلا، دەرياغا يول ئېلىپ كەتتى. **الله** تائالا بېلىق چۈشكەن يەرنىڭ سۈيىنى يېپىشتۇرماي قالدۇردى. سۇ يېپىشماي ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنۈپلا تۇردى. ئۇلار ئويغاندى. ھەمراھى يۇشە ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېلىقنىڭ ئىشىدىن خەۋەر بېرىشنى ئۇنتۇدى ـ دە، شۇ كۈنىنىڭ قالغىنىنى ۋە بىر كېچە يۈردى.

ئەتىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام ياش خادىمىغا: ﴿**«ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى**﴾ مۇسا ئەلەيھىسسالام **الله** تائالا ئۇنى (خىزىر بىلەن ئۇچرىششقا) بۇيرۇغان يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر چارچىمىغان ئىدى.

﴿**ياش خادىم: «بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا (يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن) خەۋىرىڭ بارمۇ؟ مەن راستلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ (ئاجايىپ ۋەقەسى) نى ساڭا ئېيتىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى**﴾ بېلىق دەرياغا يول ئالغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ياش خادىمى ئۇنىڭدىن ھەيران بولدى.

﴿**مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى**﴾ يەنى ئۇلار كەلگەن ئىزنى بويلاپ كەينىگە قايتىپ، قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يەردە كىيىمگە يۆگىنىۋالغان بىر كىشى بار ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قىلدى. خىزىر: سېنىڭ بۇ زېمىنىڭدا نەدە سالام قىلىشىش بار؟ ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: مەن مۇسادۇرمەن، ـ دېدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام: ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇساسىمۇ؟ ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، مەن **الله** ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشۇڭ ئۈچۈن قېشىڭغا كەلدىم، ـ دېدى.

﴿ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن﴾[1] يەنى ئۇ: ئى مۇسا! مەن سەن بىلمەيدىغان، **الله** تائالا ماڭىلا بىلدۈرگەن بىلىمنى بىلىمەن، سەن **الله** تائالا ساڭا بىلدۈرگەن مەن بىلمەيدىغان بىلىمنى بىلىسەن، ـ دېدى. ﴿مۇسا ئېيتتى: «**الله** خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن» خىزىر ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)»﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە دېڭىزنىڭ بويىدا ماڭدى. بىر كېمە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار كېمىدىكىلەردىن ئۆزلىرىنى كېمىگە ئېلىۋېلىشنى سورىدى. كېمىدىكىلەر

(1) كەھف سۈرىسى 67 ـ ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 69 ـــ 70 ـ ئايەتلەر.

خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ، ئۇلارنى ھەقسىز ئېلىۋالدى. ئۇلار كېمىگە چىقىشى بىلەنلا مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىنىڭ بىر تال شېلىنى پالتا بىلەن قومۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇلار بىزنى ھەقسىز ئېلىۋالغان تۇرسا، سەن كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تېشىش ئۈچۈن كېمىگە چىققانمىدىڭ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ، ـ دېدى.

﴿(خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى، مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما»﴾[1] بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزنى بىرىنچى قېتىم ئۇنتۇپ قېلىشى ئىدى. بىر قۇشقاچ كېلىپ كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە قونۇپ، دېڭىزدىن بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇ چوقۇپ ئالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: مېنىڭ بىلىمىم ۋە سېنىڭ بىلىمىڭ الله تائالانىڭ بىلىمى ئالدىدا مۇشۇ قۇش دېڭىزدىن ئالغان شۇ سۇنىڭ مىقدارىچىلىكلا بىلىمدۇر، ـ دېدى.

ئاندىن ئۇلار كېمىدىن چۈشتى. ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە دېڭىزنىڭ بويىدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتى، خىزىر ئەلەيھىسسالام (باللار بىلەن) ئويناۋاتقان بىر بالىنى كۆردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ قولى بىلەن ئۈزۈپ، بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ﴿«سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» دېدى. (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»﴾[2]. (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ) بۇ قېتىمقى ئېتىرازى بۇرۇنقىدىن قاتتىقراق ئىدى.

﴿مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن»، ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى﴾[3].

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بىز يېنىغا كەلگەن كىشىلەر بىزگە تاماق بەرمەيدىغان ۋە بىزنى مېھمان قىلمايدىغان كىشىلەر بولغان ئىكەن: ﴿«ئەگەر خالىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ»﴾[4] دېدى. ﴿(خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي»﴾[5] ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كاشكى مۇسا سەۋر قىلغان بولسا، چۈنكى الله تائالا بىزگە ئۇ ئىككىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى كۆپرەك بايان قىلىپ بېرەتتى».

(1) كەھف سۈرىسى 72 ـــ 73 ـ ئايەتلەر.
(2) كەھف سۈرىسى 74 ـــ 75 ـ ئايەتلەر.
(3) كەھف سۈرىسى 76 ـــ 77 ـ ئايەتلەر.
(4) كەھف سۈرىسى 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) كەھف سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسكە ئوخشاش يەنە بىر ھەدىس رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ياش خادىمى يۇشە ئىبنى نۇن ئۆزلىرى بىلەن بېلىق ئېلىپ يولغا چىقتى، ئۇلار قۇرام تاشنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ (ئۇنىڭ قېشىدا) ئولتۇردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالدى. قۇرام تاشنىڭ تېگىدە "ھايات" دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى تەگكەنلىكى نەرسە تىرىلىپ ياشىراتتى. بېلىققا شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن چاچراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بېلىق ھەرىكەتكە كېلىپ، قول سېۋىتىدىن دېڭىزغا كىرىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ خادىمىغا: **﴿ئەتىگەنلىك تاماقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن﴾** دېدى. ھەدىسنىڭ داۋامىنى يۇقىرىدىكى ھەدىستەك بايان قىلدى. قۇشقاچ كېلىپ كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە قونۇپ تۇمشۇقىنى دېڭىزغا چۆكۈردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: مېنىڭ بىلىمىم، سېنىڭ بىلىمىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ بىلىمى الله تائالانىڭ بىلىمى ئالدىدا پەقەت مۇشۇ قۇشقاچ (دېڭىزدىن) تۇمشۇقى بىلەن ئالغان سۇنىڭ مىقدارىچىلىككىلا كېلىدۇ، ـ دېدى. ھەدىسنىڭ داۋامى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئوخشايدۇ.

* * * * * * *

قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰ هَلۡ أَتَّبِعُكَ عَلَىٰٓ أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمۡتَ رُشۡدٗا ﴿٦٦﴾ قَالَ إِنَّكَ لَن تَسۡتَطِيعَ مَعِيَ صَبۡرٗا ﴿٦٧﴾
وَكَيۡفَ تَصۡبِرُ عَلَىٰ مَا لَمۡ تُحِطۡ بِهِۦ خُبۡرٗا ﴿٦٨﴾ قَالَ سَتَجِدُنِيٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ صَابِرٗا وَلَآ أَعۡصِي لَكَ أَمۡرٗا ﴿٦٩﴾
قَالَ فَإِنِ ٱتَّبَعۡتَنِي فَلَا تَسۡـَٔلۡنِي عَن شَيۡءٍ حَتَّىٰٓ أُحۡدِثَ لَكَ مِنۡهُ ذِكۡرٗا ﴿٧٠﴾

مۇسا ئۇنىڭغا: «الله ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى﴿66﴾. ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن﴿67﴾. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟»﴿68﴾. مۇسا ئېيتتى: «الله خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن»﴿69﴾. (خىزىر) ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (بولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)»﴿70﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مېڭىشى

خۇددى الله تائالا خىزىر ئەلەيھىسسالامغا بەرمىگەن بىلىمنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگىنىدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلمىگەن بىلىم بېرىلگەن ئالىم كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇسا ئۇنىڭغا: «الله ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ (يەنى سۆھبىتىڭدە بولايمۇ؟)» دېدى﴾** يەنى بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلەن

قويغان تەلىۋى بولۇپ، ھەرگىزمۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىق ئەمەستۇر. شاگىرت ئۇستازدىن سوئال سورىغاندا، مۇشۇنداق ھۆرمەت بىلەن سوراش لازىم. يەنى مەن يېتەرسىزلىكلىرىمنى ئوڭشاپ تولۇقلىۋېلىشىم ئۈچۈن، **الله** تائالا ساڭا بىلدۈرگەن پايدىلىق بىلىم ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمراھ بولايمۇ؟

بۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: **﴿«سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن﴾** دېدى. يەنى مەن **الله** تائالا ساڭا بىلدۈرمىگەن بىلىمنى بىلىدىغان، سەنمۇ **الله** تائالا ماڭا بىلدۈرمىگەن بىلىمنى بىلىدىغان، ھەر بىرىمىز **الله** تائالا تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلارغا بۇيرۇلغان بولغاچقا، سەن مېنىڭ شەرىئىتىڭگە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كۆرىسەن، شۇڭا سەن ماڭا ھەمراھ بولۇپ يۈرۈشكە ۋە مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر- تاقەت قىلالمايسەن.

**﴿سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر- تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟»﴾** يەنى مەن بىلىمەنكى، سەن ئېتىراز بىلدۈرۈشۈڭ ئۆزرىلىك بولغان ئىشلارغا ئېتىراز بىلدۈرىسەن. لېكىن، سەن ئۇ ئىشلارنىڭ مەن بىلگەن ھېكمىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى بىلمەيسەن.

**﴿مۇسا ئېيتتى: «الله خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن﴾** يەنى سەن مېنى سەندىن كۆرىلىدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، **﴿سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن»﴾** يەنى مەن ساڭا بىرەر ئىشتا قارشىلىق كۆرسەتمەيمەن.

بۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇ شەرتنى قويدى: **﴿«ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرگىچە ئۇنىڭدىن سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)»﴾**.

* * * * * * *

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا رَكِبَا فِى ٱلسَّفِينَةِ خَرَقَهَا ۖ قَالَ أَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا إِمْرًا ﴿٧١﴾
قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِىَ صَبْرًا ﴿٧٢﴾ قَالَ لَا تُؤَاخِذْنِى بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِى مِنْ أَمْرِى
عُسْرًا ﴿٧٣﴾

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە چىقىشتى، (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى (يەنى كېمىنىڭ بىر تاختىسىنى سۇغۇرۇۋەتتى)، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ» دېدى﴿71﴾. (خىزىر) سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى﴿72﴾. مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما»﴿73﴾.

## كېمىنى تېشىۋېتىشنىڭ بايانى

ﷲ تائالا بۇ يەردە مۇسا بىلەن ھەمراھى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆزئارا پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاكى ئۆزى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ (بايان قىلىپ) بەرمىگىچە، ئۇنىڭ بىلمىگەن نەرسىسىنى سورىماسلىقىنى شەرت قىلغاندىن كېيىن، بىرلىكتە يولغا (چىقىپ كېمىگە) چىققانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە كېمىدىكىلەرنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۇلارنى ھەقسىز ئېلىۋالغانلىقى بايان قىلىندى. (ئۇلار كېمىگە چىقتى) كېمە ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىپ دولقۇنلۇق يېرىگە بارغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ كېمىنىڭ بىر تال تاختىسىنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ يەرنى ئوڭشاپ قويدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەۋەتتى: ﴿**«كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تەشتىڭمۇ؟ سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچلۇق) چوڭ بىر ئىشنى قىلدىڭ»**﴾.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن ئادەمنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ئىشنى قىلدىڭ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىشنى قىلدىڭ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

بۇ ۋاقىتتا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قويغان شەرتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشتا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»**﴾ يەنى مەن قەستەن قىلىۋاتقان بۇ ئىش سېنىڭ ماڭا ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكىڭگە شەرت قويۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، سەن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيسەن، بۇ ئىشتا سەن بىلمەيدىغان پايدا باردۇر.

﴿**مۇسا ئېيتتى: «ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشتا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما»**﴾ شۇڭا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىرىنچى قېتىملىقى مۇسا ئۇنتۇپ قېلىپ يۈز بەرگەندۇر».

* * * * * * *

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا لَقِيَا غُلَٰمًا فَقَتَلَهُۥ قَالَ أَقَتَلْتَ نَفْسًا زَكِيَّةًۢ بِغَيْرِ نَفْسٍ لَّقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا نُّكْرًا ﴿٧٤﴾ ۞ قَالَ
أَلَمْ أَقُل لَّكَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِىَ صَبْرًا ﴿٧٥﴾ قَالَ إِن سَأَلْتُكَ عَن شَىْءٍۭ بَعْدَهَا فَلَا تُصَٰحِبْنِى ۖ قَدْ بَلَغْتَ مِن
لَّدُنِّى عُذْرًا ﴿٧٦﴾

ئۇ ئىككىسى يەنى بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ» دېدى﴿74﴾. (خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»﴿75﴾. مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە

ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن»﴿76﴾.

## بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى

﴿ئۇ ئىككىسى يەنە بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى﴾ يۇقىرىدا ئۇ بالىنىڭ شەھەردە كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتقانلىقى بايان قىلىندى. ئۇ باللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىقى ۋە چىرايى ئەڭ نۇرلۇقى ئىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ ئىچىدىن شۇنى تاللاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بۇنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكىدىنمۇ قاتتىقراق ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿«سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ﴾ يەنى سەن تېخى ھېچ يامان ۋە گۇناھ ئىش قىلمىغان كىچىك بىر بالىنى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، ﴿سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ»﴾.

﴿(خىزىر) ئېيتتى: «ساڭا مەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر- تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»﴾ يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى قويغان شەرتىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

﴿مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن»﴾ يەنى سەن مېنى ھەمراھ قىلماسلىققا ھەقلىقسەن.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلماقچى بولغاندا، دۇئانى ئۆزىدىن باشلايتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالانىڭ رەھمىتى بىزگە ۋە مۇساغا بولسۇن. ئەگەر ئۇ سەۋر قىلىپ ھەمراھى بىلەن تۇرغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئاجايىب ئىشلارنى كۆرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇ: ﴿«بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقتا) مەزۇرسەن»﴾ دېدى».

* * * * * * *

فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَيَآ أَهۡلَ قَرۡيَةٍ ٱسۡتَطۡعَمَآ أَهۡلَهَا فَأَبَوۡاْ أَن يُضَيِّفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا جِدَارٗا يُرِيدُ أَن يَنقَضَّ فَأَقَامَهُۥۖ قَالَ لَوۡ شِئۡتَ لَتَّخَذۡتَ عَلَيۡهِ أَجۡرٗا ﴿٧٧﴾ قَالَ هَٰذَا فِرَاقُ بَيۡنِي وَبَيۡنِكَۚ سَأُنَبِّئُكَ بِتَأۡوِيلِ مَا لَمۡ تَسۡتَطِع عَّلَيۡهِ صَبۡرًا ﴿٧٨﴾

ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ»﴿77﴾. (خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي﴿78﴾.

## تامنى تۈزەپ قويۇشنىڭ بايانى

ﷲ تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ (مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ) يەنە بىللە ماڭغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى**﴾ ئىبنى جەرىر ئىبنى سىرىننىڭ: ئۇ شەھەر بولسا "ئەيلە" شەھىرىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئۇ ئىككىسى ئادەملىرى بېخىل بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى».

﴿**شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى**﴾ يەنى ئۇنى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەدىستە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ تامنى قولى بىلەن يۆلەپ تۈزەپ قويغانلىقى بايان قىلىندى، بۇ، بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىشتۇر.

بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**«ئەگەر خالىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ»**﴾ يەنى ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بىكاردىن ئىشلەپ بېرىشىڭ لايىق بولمايدۇ.

﴿**(خىزىر) ئېيتتى: «بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز)**﴾ يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: سەن مەن بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋاقتىمدا: بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزەڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، ـ دېگەن شەرتنى قويغان ئىدىڭ. مانا بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىمىز، ﴿**سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي**﴾ دېدى.

* * * * * * *

أَمَّا ٱلسَّفِينَةُ فَكَانَتۡ لِمَسَٰكِينَ يَعۡمَلُونَ فِي ٱلۡبَحۡرِ فَأَرَدتُّ أَنۡ أَعِيبَهَا وَكَانَ وَرَآءَهُم مَّلِكٞ يَأۡخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصۡبٗا ﴿٧٩﴾

كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى،) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان

يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى ﴿79﴾.

## كېمىنى تېشىۋېتىشنىڭ سەۋەبى

بۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالا ئۇنىڭغا تېگىدىكى ھېكمەتلەرنى بىلدۈرگەن، لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەلمەي قالغان ۋە تاشقى كۆرۈنۈشكە قاراپ ئەيىبلىگەن ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىشىدۇر. خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن كېمىنى ئەيىبلىك قىلىشىم ئۈچۈن ئۇنى تېشىۋەتتىم. چۈنكى، ئۇلار ھەر قانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان زالىم بىر پادىشاھنىڭ قېشىدىن ئۆتىدۇ، پادىشاھ كېمىنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى تارتىۋالمىسا، كېمىدىن باشقا پايدىلىنىدىغان نەرسىسى يوق مىسكىنلەر ئۇنىڭدىن داۋاملىق پايدىلانسۇن دەپ، ئۇنى ئەيىبلىك قىلدىم. بەزى رىۋايەتلەردە: كېمىنىڭ ئىگىلىرى يېتىم باللار ئىدى، ـ دېيىلگەن.

* * * * * * *

وَأَمَّا ٱلْغُلَٰمُ فَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ فَخَشِينَآ أَن يُرْهِقَهُمَا طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ﴿٨٠﴾ فَأَرَدْنَآ أَن يُبْدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيْرًا مِّنْهُ زَكَوٰةً وَأَقْرَبَ رُحْمًا ﴿٨١﴾

(ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق ﴿80﴾. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق ﴿81﴾.

## بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ سەۋەبى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇبەي ئىبنى كەئبدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خىزىر ئۆلتۈرۈۋەتكەن بالا (ئۇنىڭ قىلمىشلىرى پۈتۈلگەن كۈندىلا) كاپىرلىققا پۈتۈۋېتىلگەن ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلدى. شۇڭا خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق﴾** يەنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنىڭ ئۇنىڭ كاپىرلىقتا داۋاملىشىۋېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇق.

قەتادە: ئۇ بالا تۇغۇلغان ۋاقىتىدا ئاتا ـ ئانىسى بەك خۇشال بولغان ئىدى، ئۆلتۈرۈلگەندە بەك قايغۇرۇپ كەتتى. مۇبادا ئۇ بالا ھايات قالغان بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولاتتى، شۇڭا ھەرقانداق ئىنسان الله تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشى

لازىمدۇر. چۈنكى، اللە تائالانىڭ مۆمىن كىشى ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىدە چىقارغان ھۆكمى ئۇ ياقتۇرىدىغان نەرسىدە چىقارغان ھۆكمىدىن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «اللە تائالانىڭ مۆمىنگە چىقارغان ھەر قانداق ھۆكمى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر». اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر﴾[1].

**﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا بەك كۆيۈنىدىغان، پاك پەرزەنت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلدۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَأَمَّا ٱلْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَٰمَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِى ٱلْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُۥ كَنزٌ لَّهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَٰلِحًا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَن يَبْلُغَآ أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنزَهُمَا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ ۚ وَمَا فَعَلْتُهُۥ عَنْ أَمْرِى ۚ ذَٰلِكَ تَأْوِيلُ مَا لَمْ تَسْطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا ﴿٨٢﴾

تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى. پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللە نىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»﴿82﴾.

## تامنى ھەقسىز تۈزەپ قويۇشنىڭ سەۋەبى

مەن بۇ تامنى تۈزەپ قويدۇم. چۈنكى، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ تېمى ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى. ئىكرىمە، قەتادە ۋە باشقىلار: تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ كۆمۈپ قويۇلغان مال ـ دۇنياسى بار ئىدى، ـ دېدى. بۇ قاراش ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر. ئىبنى جەرىر بۇنى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) توغرا دەپ قارىدى.

**﴿ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى﴾** يەنى بۇ ئايەتتە ياخشى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىبادىتىنىڭ بەرىكىتى ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغىمۇ يېتىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت بار. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى دۇنيادا خەتەرلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ئاخىرەتتە دادىسى ئۇلارغا شاپائەت قىلالايدۇ ۋە دادىلىرىنى خۇرسەن بولسۇن دەپ، جەننەتتە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى ئەڭ ئالىي دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر باردۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﷲ تائالا (ئىككى يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى) ئۇ ئىككىسىنىڭ دادىسىنىڭ ياخشىلىقى سەۋەبىدىن ساقلاپ قالدى. چۈنكى، ﷲ تائالا ئۇ ئىككىسىنى ياخشى دەپ بايان قىلمىدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى﴾** يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە: "پەرزەنت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلدۇق" ۋە كېمىنى تېشىۋەتكەندە: "ئەيىبناك قىلماقچى بولدۇم" دەپ ئىرادىنى ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن ئىدى. ئەمما بۇ يەردە: "پەرۋەردىگارىڭ ئىرادە قىلدى" دەپ، ئىرادە قىلىشنى ﷲ تائالاغا نىسبەت بەردى. چۈنكى، باللارنى ﷲ تائالادىن باشقىسى چوڭ قىلالمايدۇ. راستىنى ﷲ تائالا بىلگۈچىدۇر.

## خىزىرنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكى

ﷲ تائالانىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن: **﴿بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى ﷲ نىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»﴾** دېگەن ۋە: ﴿ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴾[1] دېگەن ئايىتىدە ئۇنى پەيغەمبەر دەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىت باردۇر.

## خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر (يەنى يېشىل) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خىزىر "يېشىل"[2] دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، ئوت ـ چۆپلەر ئۇنىڭ ئاستىدىن ياپ ـ يېشىل بولۇپ ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى» . بۇ ھەدىسنى ئابدۇررازاقمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارىمۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خىزىر "يېشىل" دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، ئوت ـ چۆپلەر ئۇنىڭ ئاستىدىن ياپ يېشىل بولۇپ ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى» . خىزىرنى (قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئەمەس) تۇپراقتا ئولتۇردى دەيدىغان كۆزقاراشمۇ بار.

**﴿سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ»﴾** مانا بۇ، مەن

(1) كەھف سۈرىسى 65 ـ ئايەت.
(2) خىزىر ئەرەب تىلىدىكى لەۋزى بويىچە يېشىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەقىقەتتىدىن ساڭا خەۋەر بېرىپ بولغىچە، سەن سەۋر قىلالماي تىت - تىت بولۇپ كەتكەن ئىشلارنىڭ بايانىدۇر.

قىسسىنىڭ بېشىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلگەن ياش خادىمنىڭ (گېپى) نىڭ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا يوق بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق: بۇ قىسسىنىڭ بايان قىلىنىشىدىكى مەقسەت، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بولغان ئىشلاردۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلگەن ياش خادىم (نىڭ گېپى چىقمىسىمۇ) مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە باردۇر. ھەدىسلەردە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ يۇشە ئىبنى نۇن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

* * * * * * *

وَيَسْـَٔلُونَكَ عَن ذِى ٱلْقَرْنَيْنِ ۖ قُلْ سَأَتْلُوا۟ عَلَيْكُم مِّنْهُ ذِكْرًا ﴿٨٣﴾ إِنَّا مَكَّنَّا لَهُۥ فِى ٱلْأَرْضِ وَءَاتَيْنَٰهُ
مِن كُلِّ شَىْءٍ سَبَبًا ﴿٨٤﴾

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن﴿83﴾. ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق﴿84﴾..

## زۇلقەرنەيىننىڭ قىسسىسى

ﷲ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەيىن توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن» دېگىن**﴾.

بىز يۇقىرىدا مەككىنىڭ كاپىرلىرىنىڭ يەھۇدىيلارغا ئۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدىغان نەرسە سوراپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى، يەھۇدىيلارنىڭ: سىلەر ئۇنىڭدىن زېمىننى كېزىپ يۈرگەن كىشىدىن، قىلمىشلىرى بىلىنمىگەن يىگىتلەردىن ۋە روھدىن سوراڭلار، - دېگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن، كەھف سۈرىسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

## زۇلقەرنەيىننىڭ كاتتا پادىشاھ ئىكەنلىكى

﴿**ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇنىڭغا پادىشاھلاردا بولىدىغان قۇدرەت، ئەسكەر، ئۇرۇش ۋە قورشاش سايمانلىرى تولۇق بولغان كاتتا پادىشاھلىقنى ئاتا قىلدۇق. شۇڭا ئۇ زېمىننىڭ شەرق ۋە غەربلىرىگىچە پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭغا بارلىق شەھەرلەر بويسۇندى. ھەممە پادىشاھلار باش ئەگدى. مەيلى ئەرەب ياكى باشقا بىر مىللەت بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. شۇڭا بەزى ئالىملار: ئۇ زۇلقەرنەيىن (يەنى قوش مۈڭگۈزلۈك) دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ئۇ قۇياشنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بولغان شەرق بىلەن غەربكە بارغان، - دېدى.

**﴿ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، سۇددى، قەتادە، زەھھاك ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنىڭغا (ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن) پۈتۈن ئىشلاردا ئىلىم بەردۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنىڭغا زېمىننىڭ يوللىرىنى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى بەردۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

الله تائالا بىلقىس توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن﴾[1] يەنى ئۇنىڭغا پادىشاھلارغا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىلەر بېرىلگەن ئىكەن. شۇنىڭدەك الله تائالا زۇلقەرنەيىنگىمۇ ئىقلىملارنى، يېزا ـ قىشلاقلارنى، شەھەرلەرنى ۋە زېمىنلارنى پەتھى قىلىشقا يوللارنى ۋە سەۋەبلەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى. پادىشاھلارنى باش ئەگدۈردى ۋە مۇشرىكلارنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ (پادىشاھلارغا كېرەكلىك بولغان) پۈتۈن يوللىرى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلدى. راستىنى بىلگۈچى الله تائالادۇر.

* * * * * * *

فَأَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٨٥﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَغْرِبَ ٱلشَّمْسِ وَجَدَهَا تَغْرُبُ فِى عَيْنٍ حَمِئَةٍ وَوَجَدَ عِندَهَا قَوْمًا ۗ قُلْنَا يَٰذَا
ٱلْقَرْنَيْنِ إِمَّآ أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّآ أَن تَتَّخِذَ فِيهِمْ حُسْنًا ﴿٨٦﴾ قَالَ أَمَّا مَن ظَلَمَ فَسَوْفَ نُعَذِّبُهُۥ ثُمَّ يُرَدُّ إِلَىٰ رَبِّهِۦ فَيُعَذِّبُهُۥ
عَذَابًا نُّكْرًا ﴿٨٧﴾ وَأَمَّا مَنْ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَهُۥ جَزَآءً ٱلْحُسْنَىٰ ۖ وَسَنَقُولُ لَهُۥ مِنْ أَمْرِنَا يُسْرًا ﴿٨٨﴾

زۇلقەرنەيىن (الله ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى﴿85﴾. ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەيىن! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق﴿86﴾. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ﴿87﴾. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز»﴿88﴾.

## زۇلقەرنەيىننىڭ غەربكە بارغانلىقى

**﴿زۇلقەرنەيىن (الله ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدىكى يولدا ماڭدى، ـ دېدى. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇ زېمىننىڭ يوللىرىدا ۋە ئۇنىڭ نىشانلىرىدا ماڭدى، ـ دېدى.

**﴿ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا﴾** يەنى ئۇ يول يۈرۈپ غەرب تەرەپتە زېمىننىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىگىچە باردى. ئۇ بولسىمۇ، زېمىننىڭ غەربىدۇر. ئەمما ئاسمان تەرەپتىن كۈننىڭ غەربىگە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس. قىسسىچىلەر: زۇلقەرنەيىن زېمىندا بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن، كۈننىڭ كىرىپ

(1) نەمل سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېتىش ئورنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالغان، ـ دەپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئاساسى يوق سۆزدۇر. بۇنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىي، خىرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يالغانچىلىرىنىڭ توقۇپ چىققان ئويدۇرمىلىرىدۇر.

﴿كۈننىڭ قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى﴾ يەنى ئۇ قۇياشنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. دېڭىزنىڭ بويلىرىغا بارغان ھەر قانداق كىشى قۇياشنى خۇددى دېڭىزغا كىرىپ كەتكەندەك كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، قۇياش ئۆزىنىڭ تۆتىنچى مېڭىش ئوربىتىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

﴿ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى﴾ يەنى بۇ قەۋم ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى كاتتا بىر قەۋم ئىدى دەپ بايان قىلىنىدۇ.

﴿بىز: «ئى زۇلقەرنەين! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن» دېدۇق﴾ يەنى الله تائالا زۇلقەرنەيننى ئۇلارغا ھۆكۈمران قىلدى، ئۇلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان قىلدى. ئۇلارغا قارشى ئۇنىڭغا غەلىبە بەردى. الله تائالا ئۇنىڭغا ئەگەر خالىسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بالا ـ چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىش ياكى خالىسا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ئىختىيارىنى بەردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مۆمىنلىكى ۋە ئادىللىقى چىقىپ تۇرىدىغان سۆزىنى قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿«كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا﴾ يەنى كىمكى كاپىرلىقىدا ۋە شېرىكلىكىدە داۋام قىلسا، ﴿بىز ئۇنى جازالايمىز﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، ـ دېدى. ﴿ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ﴾ بۇ ئايەتتە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ يەردە مۇكاپات ۋە جازانىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ پاكىت باردۇر.

﴿كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا﴾ يەنى كىمكى بىزنىڭ شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت چاقىرىقىمىزغا ئەگەشسە، ﴿ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ﴾ يەنى ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (الله تائالانىڭ دەرگاھىدا) ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ. ﴿ئۇنى قولايلىق ئىشقا بۇيرۇيمىز»﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٨٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَطْلِعَ ٱلشَّمْسِ وَجَدَهَا تَطْلُعُ عَلَىٰ قَوْمٍ لَّمْ نَجْعَل لَّهُم مِّن دُونِهَا سِتْرًا ﴿٩٠﴾ 
كَذَٰلِكَ وَقَدْ أَحَطْنَا بِمَا لَدَيْهِ خُبْرًا ﴿٩١﴾

ئاندىن زۇلقەرنەين (الله ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى﴿89﴾. زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق﴿90﴾. ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ

كۆنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق﴿91﴾.

## زۇلقەرنەيننىڭ شەرق تەرەپكە بارغانلىقى

يەنى ئۇ كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا يول ئالدى. ئۇ ھەرقانداق قەۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتسە، ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە ئۇلارنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بويسۇنسا بويسۇندى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇلارنى كۈچ بىلەن بويسۇندۇردى. ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىنى ئالدى ۋە ھەر قەۋمدىن قوشنا ئىقلىمدىكىلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتا ئەسكەرلىرىگە ياردەملىشىپ بېرىدىغان كىشىلەرنى ئالدى. ئۇ زېمىننىڭ كۈنچىقىش يېرىگە بارغاندا، كۈندىن ساقلىنىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق قەۋمنى كۆردى.

**﴿زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلايدىغان بىناسى ۋە ياكى دەل - دەرەخى يوقتۇر. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان يەردە ياشايدىغان ئادەملەرمىش. ئۇلار كۈن چىققان چاغدا، يەر ئاستىغا كىرىۋالىدىكەن. كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن كىرىۋالغان يەرلىرىدىن چىقىپ، ئېتىزلىقلىرىغا ۋە تۇرمۇش يوللىرىغا ماڭىدىكەن، ـ دېدى.

**﴿ئەھۋال شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق﴾** مۇجاھىد ۋە سۇددىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇنىڭ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ قەۋملىرى باشقا - باشقا يەرلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ ۋە ئۇلار بىلەن يەر يېرىلىدىغان بولسىمۇ، بىزگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھېچ نەرسە يوشۇرۇن ئەمەس. چۈنكى، الله تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس﴾[1] بولغان زاتتۇر دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٩٢﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ بَيْنَ ٱلسَّدَّيْنِ وَجَدَ مِن دُونِهِمَا قَوْمًا لَّا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ قَوْلًا ﴿٩٣﴾ قَالُوا۟
يَـٰذَا ٱلْقَرْنَيْنِ إِنَّ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ فَهَلْ نَجْعَلُ لَكَ خَرْجًا عَلَىٰٓ أَن تَجْعَلَ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ سَدًّا ﴿٩٤﴾
قَالَ مَا مَكَّنِّى فِيهِ رَبِّى خَيْرٌ فَأَعِينُونِى بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا ﴿٩٥﴾ ءَاتُونِى زُبَرَ ٱلْحَدِيدِ حَتَّىٰٓ إِذَا سَاوَىٰ
بَيْنَ ٱلصَّدَفَيْنِ قَالَ ٱنفُخُوا۟ حَتَّىٰٓ إِذَا جَعَلَهُۥ نَارًا قَالَ ءَاتُونِىٓ أُفْرِغْ عَلَيْهِ قِطْرًا ﴿٩٦﴾

ئاندىن ئۇ (الله ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى ﴿92﴾. زۇلقەرنەيىن

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى﴿93﴾. ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى﴿94﴾. زۇلقەرنەين ئېيتتى: «الله نىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي﴿95﴾. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى﴿96﴾.

## زۇلقەرنەيننىڭ يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ زېمىنىغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەردە توسما سالغانلىقى

الله تائالا زۇلقەرنەيندىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاندىن ئۇ (الله ئۇنىڭغا قولايلىق قىلىپ بەرگەن) يولغا ماڭدى**﴾ ئاندىن شەرقتىن يولغا چىقىپ ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئارىلىقدا ئازراق ئاراچ (يەنى يوچۇق) بار ئىككى تاغدۇر. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى شۇ ئاراچتىن يەجۇج ـ مەجۇجلار تۈركلەرنىڭ زېمىنىغا چىقىپ، ئۇ يەردە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. زىرائەتلەرنى خانى ـ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ ۋە (ئالدىغا ئۇچرىغان ھايۋانلارنى يەپ تۈگىتىپ) ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

يەجۇج ـ مەجۇجلارمۇ ئادەم نەسلىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا (قىيامەت كۈنى): ئى ئادەم! ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: خوش، پەرۋەردىگارىم! ـ دەيدۇ. الله تائالا: بالىلىرىڭدىن دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان بىر بۆلۈكنى دوزاخقا ئەۋەتكىن! ـ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! دوزاخقا ئەۋەتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ ـ دەيدۇ. الله تائالا: ھەر 1000 كىشىدىن 999 ى دوزاخقا ئەۋەتىلىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ ۋە ياشلار قېرىپ كېتىدۇ. (ئاندىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر يەجۇج ـ مەجۇجدىن ئىبارەت ئىككى مىللەت بىلەن بىللە بولۇسىلەر. بۇ ئىككى مىللەت قېتىلغان تەرەپنىڭ سانى بەك كۆپىيىپ كېتىدۇ، ـ دېدى».

﴿**ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرى تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگىلى بولماسلىقى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ يات بولغانلىقى ۋە كىشىلەردىن يىراق ياشىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

﴿**ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر**

**قىسمى مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى﴾** ئىبنى جۇرەيج ئاتائىدىن ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار بىز ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى ھەققىڭگە تۆلىسەك بولامدۇ دېدى،- دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. يەنى ئۇلار ماللىرىنى توپلاپ، زۇلقەرنەيننىڭ ئۆزلىرى بىلەن يەجۇج - مەجۇج ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىشمەكچى بولدى.

ئەمما زۇلقەرنەين ئىپپەتلىكلىكى، دىيانەتلىكلىكى، ئوڭلۇقلىقى ۋە ياخشىلىقنى كۆزلەيدىغانلىقى بىلەن مۇنداق دېدى: **﴿«الله نىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر﴾**.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق دېگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەلچى سۇلايماننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، سۇلايمان ئېيتتى: «سىلەر ماڭا مال بىلەن ياردەم قىلماقچىمۇ؟ الله نىڭ ماڭا بەرگەنلىرى سىلەرنىڭ بەرگەنلىرىڭلاردىن ياخشىدۇر، بەلكى سىلەر سوۋغاڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىسىلەر﴾[1] يەنى زۇلقەرنەين: الله تائالا ماڭا بەرگەن پادىشاھلىق ۋە كۈچ - قۇدرەت سىلەر بەرمەكچى بولغان مال - دۇنيادىن ياخشىدۇر. سىلەر ماڭا ياردەملىشىڭلار،- دېدى.

**﴿ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي، ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار﴾** يەنى تۆمۈرلەرنىڭ ھەر بىر پارچىسى كېسەكتەك كېلىدۇ.

**﴿(تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا﴾** يەنى تېگىدىن باشلاپ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە توغرىلىقى ئىككى تاغنىڭ چوققىسى بىلەن تەكشى بولغاندا، **﴿كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا﴾** يەنى ئۇ تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ، تۆمۈر گويا ئوتتەك قىزىغاندا: **﴿«ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى﴾**.

*******

فَمَا ٱسْطَٰعُوٓاْ أَن يَظْهَرُوهُ وَمَا ٱسْتَطَٰعُواْ لَهُۥ نَقْبًا ﴿٩٧﴾ قَالَ هَٰذَا رَحْمَةٌ مِّن رَّبِّى ۖ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ رَبِّى جَعَلَهُۥ دَكَّآءَ ۖ
وَكَانَ وَعْدُ رَبِّى حَقًّا ﴿٩٨﴾ ۞ وَتَرَكْنَا بَعْضَهُمْ يَوْمَئِذٍ يَمُوجُ فِى بَعْضٍ ۖ وَنُفِخَ فِى ٱلصُّورِ فَجَمَعْنَٰهُمْ جَمْعًا ﴿٩٩﴾



ئۇلار (يەنى يەجۇج - مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى﴿97﴾. زۇلقەرنەين ئېيتتى: «بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر»﴿98﴾. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە، قىستاڭچىلىقتىن) كىشىلەرنى بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋېتىمىز، سۈر چېلىنىدۇ، ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز﴿99﴾.

(1) يەنى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ سانى بەك جىق بولغاچقا، دوزاخقا كىرىدىغان ھەر 1000 دىن 999 نى ئۇلار ئىگەللەيدۇ، جەننەتكە كىرىدىغان بىر پىرسەنت بىلەن سىلەر جەننەتكە كىرىسىلەر دېگەنلىكتۇر.

# توسمىنىڭ يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ چىقىشىنى توسىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىيامەتكە يېقىن تۈپتۈز قىلىنىپ كېتىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ توسمىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىپ چىقالمايدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئاستىنى تېشەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (يەنى يەجۇج ـ مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى**﴾ بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ توسمىنى تېشىشتەك ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت باردۇر.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى زەينەب بىنتى جەھشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بىر كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن يۈزى قىپقىزىل ھالدا ئويغىنىپ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان يامانلىقتىن ئەرەبكە ۋاي! بۈگۈن يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ توسمىسىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلدى» دەپ چوڭ بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ھالقا شەكلىدە قىلىپ كۆرسەتتى. مەن: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئىچىمىزدە ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ، ھەممىمىز ھالاك قىلىنىپ كېتەمدۇق؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر يامانلىق كۆپىيىپ كەتسە، شۇنداق بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

زۇلقەرنەيىن توسمىنى سېلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**«بۇ (يەنى توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى) پەرۋەردىگارىمنىڭ نېمىتىدۇر**﴾ يەنى ئۇلار بىلەن يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ ئارىسىدا يەجۇج ـ مەجۇجلارنىڭ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىشىدىن توسۇپ تۇرىدىغان توسمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى پەرۋەردىگارىمنىڭ ئۇلارغا بولغان نېمىتىدۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ئىشقا ئاشقاندا**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ ھەق ۋەدىسى يېقىنلاشقاندا، ﴿**ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا ئۇنى زېمىن بىلەن تەڭ بولىدىغان ھالدا تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ. ﴿**پەرۋەردىگارىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر»**﴾ ئۇ شەكسىز شۇنداق بولغۇچىدۇر.

﴿**ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە، قىستاڭچىلىقتىن) كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋېتىمىز**﴾ بۇ، يەجۇج ـ مەجۇجلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا چىققاندا شۇنداق بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن ۋە دەججال چىقىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى (الله تائالا خالىسا) ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 96 ـ 97 ـ ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرىدە كېلىدۇ.

﴿**سۇر چېلىنىدۇ**﴾ بۇ، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام چالىدىغان سۇردۇر. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىندى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئەبۇسەئىد قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قانداقمۇ خۇشاللىنىمەن؟ سۇرنىڭ ئىگىسى سۇرنى ئېغىزىغا ئېلىپ بولغان، بېشىنى ئەگكەن ۋە قۇلىقىنى دىڭ تۇتقان ھالدا بۇيرۇقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان تۇرسا» دېدى. ساھابىلەر: بىز نېمە دەيمىز؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزگە **الله** تائالا يېتەرلىكتۇر، **الله** تائالا نېمىدېگەن ياخشى كېپىل! بىز ئۆزلىرىمىزنى **الله** تائالاغا تاپشۇردۇق، ـ دەڭلار» دېدى.

﴿**ئۇلارنى (ھېساب ئۈچۈن) يىغىمىز**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى،

«ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز﴾[2].

* * * * * * *

وَعَرَضْنَا جَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ لِّلْكَٰفِرِينَ عَرْضًا ﴿١٠٠﴾ ٱلَّذِينَ كَانَتْ أَعْيُنُهُمْ فِى غِطَآءٍ عَن ذِكْرِى وَكَانُوا۟ لَا يَسْتَطِيعُونَ سَمْعًا ﴿١٠١﴾ أَفَحَسِبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَن يَتَّخِذُوا۟ عِبَادِى مِن دُونِىٓ أَوْلِيَآءَ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَٰفِرِينَ نُزُلًا ﴿١٠٢﴾

ئۇ كۈندە كاپىرلارغا جەھەننەمنى ئاشكارا كۆرسىتىمىز﴿100﴾. ئۇلارنىڭ (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا دىللىرىنىڭ) كۆزلىرى مېنى ياد قىلىشتىن پەردىلەنگەن ئىدى، (ئۇلارنىڭ دىللىرىنى زۇلمەت باسقانلىقى ئۈچۈن كالامۇللانى) ئاڭلاشقا قادىر ئەمەس ئىدى﴿101﴾. كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشسا بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ بىز جەھەننەمنى كاپىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق﴿102﴾.

## قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ كاپىرلارغا ئاشكارا كۆرسىتىلىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئازاب ۋە قىيىن - قىستاقلارنى كۆرۈپ، بالدۇرراق غەم - ئەندىشىگە چۈشسۇن دەپ، قىيامەت كۈنى جەھەننەمنى ئۇلارغا ئاشكارا كۆرسىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئىمام مۇسلىم ئىبنى مەسئۇددىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى جەھەننەم 70 مىڭ ئارغامچىسىنىڭ ھەر بىرىنى 70 مىڭ پەرىشتە تۇتقان ھالدا سۆرەپ كېلىنىدۇ».

**﴿ئۇلارنىڭ (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا دىللىرىنىڭ) كۆزلىرى مېنى ياد قىلىشتىن پەردىلەنگەن ئىدى﴾** يەنى ئۇلار ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن ۋە ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن بىخۇت ۋە كور ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى مېھرىبان الله نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ﴾[3].

**﴿(ئۇلارنىڭ دىللىرىنى زۇلمەت باسقانلىقى ئۈچۈن كالامۇللانى) ئاڭلاشقا قادىر ئەمەس ئىدى﴾** يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ.

**﴿كاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشسا بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار بەندىلەرنى شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدۇ ۋە ئۇلاردىن پايدا كېلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. ﴿ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ئەمەس (يەنى بۇتلىرى ئۇلارنىڭ الله ئالدىدا ئىززەت تېپىشلىرىنىڭ سەۋەبى

(1) نەمل سۈرىسى 36 - ئايەت.
(2) ۋاقىئە سۈرىسى 49 - 50 - ئايەتلەر.
(3) كەھف سۈرىسى 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ) چوقۇنۇشىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ﴾[1]. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿بىز جەھەننەمنى كاپىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق﴾**.

* * * * * * *

قُلۡ هَلۡ نُنَبِّئُكُم بِٱلۡأَخۡسَرِينَ أَعۡمَٰلًا ﴿١٠٣﴾ ٱلَّذِينَ ضَلَّ سَعۡيُهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ يَحۡسَبُونَ أَنَّهُمۡ يُحۡسِنُونَ صُنۡعًا ﴿١٠٤﴾
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ وَلِقَآئِهِۦ فَحَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فَلَا نُقِيمُ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَزۡنًا ﴿١٠٥﴾ ذَٰلِكَ جَزَآؤُهُمۡ
جَهَنَّمُ بِمَا كَفَرُواْ وَٱتَّخَذُوٓاْ ءَايَٰتِي وَرُسُلِي هُزُوًا ﴿١٠٦﴾

سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟﴿103﴾ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر﴿104﴾. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴿105﴾. كاپىر بولغانلىقلىرى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر﴿106﴾.

## ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ بايانى

ئىمام بۇخارى ئەمرىدىن مۇسئەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاستىن: **﴿سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟﴾** دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان زىيان تارتقۇچىلاردىن ھەرۇرىيىلەر[2] كۆزدە تۇتۇلامدۇ؟ - دەپ سورىدىم. سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس: ياق، ئۇلار يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلاردۇر. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىدى. خىرىستىئانلار بولسا، جەننەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىدى. ئۇلار: جەننەتتە تاماق ۋە شاراب يوق، - دېدى. ھەرۇرىيىلەر بولسا، الله تائالاغا ۋەدە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەدىسىنى بۇزدى. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى پاسىق دەپ ئاتايتتى، - دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، زەھھاك ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەردىن ھەرۇرىيىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، - دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى: بۇ ئايەت خۇددى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، ھەرۇرىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت يا پەقەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغىلا خاس ياكى ھەرۇرىيىلەرگە خاس چۈشكەن ئەمەس. بۇ ئايەت ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيدۇر. چۈنكى، بۇ ئايەت قۇرئان يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار ئۈستىدە توختىلىشتىن ۋە خاۋارىجلار پەيدا بولۇپ مەيدانغا

(1) مەريەم سۈرىسى 82 - ئايەت.
(2) بۇلار خاۋارىجلارنىڭ بىر پىرقىسىدۇر.

چىقىشتىن بۇرۇن مەككىدە چۈشكەن. بۇ ئايەت ئۆزى خاتا يولدا ۋە قىلغان ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى توغرا يولدا ۋە قىلغان ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىندى دەپ ئويلاپ، الله تائالا رازى بولمايدىغان يوللار بىلەن (الله تائالاغا) ئىبادەت قىلغان ھەممە كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر، ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر، ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ﴾[1]، ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز،)يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز) ﴾[2]، ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ الله نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[3].

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: **﴿سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟﴾** ئاندىن بۇ كىشىلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەپسىلي بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان﴾** يەنى ئۇلار خاتا ئىشلارنى قىلغان، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى خاتا ۋە الله تائالا رازى بولمايدىغان يوللار بىلەن قىلغان، **﴿ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر﴾** يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يول ئۈستىدە ۋە (قىلغان) ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىز قوبۇل قىلىنىدۇ، الله تائالا بىزنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئادەملەردۇر.

**﴿ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان﴾** يەنى ئۇلار دۇنيادا الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پاكىت ـ ھۆججەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن، **﴿نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر﴾**.

**﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴾** يەنى بىز ئۇلارنىڭ تارازىلىرىنى ئېغىر قىلمايمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تارازىلىرى ياخشىلىقتىن قۇرۇقتۇر.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى قاۋۇل، سېمىز بىر ئادەم كېلىدۇ ـ دە، الله تائالانىڭ ئالدىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ئېغىرلىقتا ئولتۇرمايدۇ، خالىساڭلار، الله تائالانىڭ: **﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

**﴿كاپىر بولغانلىقلىرى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر﴾** يەنى بىزنىڭ ئۇلارغا مۇشۇنداق جازانى بېرىشىمىز ئۇلارنىڭ



(1) غاشىيە سۈرىسى 2 ـ 4 ـ ئايەتكىچە.
(2) فۇرقان سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(3) نۇر سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

كاپىر بولغانلىقى، الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مەسخىرە قىلدى ۋە ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق رەۋىشتە ئىنكار قىلدى.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّـٰتُ ٱلْفِرْدَوْسِ نُزُلًا ﴿١٠٧﴾ خَـٰلِدِينَ فِيهَا لَا يَبْغُونَ عَنْهَا حِوَلًا ﴿١٠٨﴾

شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ ﴿107﴾. ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ ﴿108﴾.

## ياخشى مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا بۇ ئايەتتە الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنگەن، بەختلىك كىشىلىرىگە فىردەۋس جەننىتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئەبۇئۇمامە: فىردەۋس جەننىتى جەننەتنىڭ ئالىيسىدۇر، ـ دېدى. قەتادە: فىردەۋس جەننىتى جەننەتنىڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئېسىلى ۋە ئالىيسىدۇر، ـ دېدى.

ئىبنى جەرىر سەمۇرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «فىردەۋس جەننىتى جەننەتنىڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئېسىلى ۋە ئالىيسىدۇر». ئىبنى جەرىر يەنە قەتادەدىن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر الله تائالادىن جەننەت سورىساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار. چۈنكى، فىردەۋس جەننىتى جەننەتنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر ۋە ئەڭ ئېسىلىدۇر، جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى فىردەۋس جەننىتىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ».

**﴿ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار فىردەۋس جەننىتىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇ يەردىن باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەيدۇ، فىردەۋس جەننىتىدىن باشقىسىنى تاللىمايدۇ ۋە خالىمايدۇ.

بىر يەردە داۋاملىق تۇرىۋەرگەن كىشىنىڭ ئۇ يەردىن زېرىكىپ قېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە فىردەۋس جەننىتىگە ئۇلارنىڭ ئىشتىياقىنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشارەت باردۇر. شۇڭا الله تائالا: ئۇلار (فىردەۋس جەننىتىدە) مۇشۇنداق مەڭگۈ تۇرۇۋقلۇق، يەنە ئۇلار فىردەۋس جەننىتىدىن باشقا يەرگە يۆتكىلىشنى، كۆچۈشنى ۋە ئالمىشىشنى خالىمايدۇ، ـ دەپ خەۋەر بەردى.

*******

قُلْ لَّوْ كَانَ ٱلْبَحْرُ مِدَادًا لِّكَلِمَٰتِ رَبِّى لَنَفِدَ ٱلْبَحْرُ قَبْلَ أَن تَنفَدَ كَلِمَٰتُ رَبِّى وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِۦ مَدَدًا ﴿١٠٩﴾

ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ» ﴿109﴾.

## الله تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبىرىگە: ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئەگەر دېڭىز سۈيى الله تائالانىڭ سۆزلىرىنى، ھېكمەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ بىر ۋە بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلىرىنى يازىدىغان قەلەمگە سىياھ بولۇپ بەرسە، بۇلار يېزىلىپ بولماي تۇرۇپ دېڭىز سۈيى چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىدىن بىر نەچچىسى كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇلارنى يازىدىغان قەلەمگە سىياھ بولۇپ بەرگەن دېڭىزنىڭ سۈيى تۈگەپ كېتىپ، الله تائالانىڭ سۆزلىرى تۈگىمەيتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ الله نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

رەبىيئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېدى: بارلىق بەندىلەرنىڭ بىلىمى الله تائالانىڭ بىلىمى ئالدىدا خۇددى پۈتۈن دېڭىزلارنىڭ سۈيى ئالدىدا تۇرغان بىر تامچە سۇغىلا ئوخشايدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿**ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ»**﴾ يەنى مۇبادا الله تائالانىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن بارلىق دېڭىز سۈيى سىياھ ۋە بارلىق دەل ـ دەرەخلەر قەلەم بولسا، (الله تائالانىڭ سۆزلىرىنى يېزىپ بولالماي) قەلەملەر سۇنۇپ ۋە دېڭىز سۈيى تۈگەپ كېتىدۇ، يەنە الله تائالانىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچنەرسە يېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ. چۈنكى، ھېچكىم الله تائالانىڭ قەدرىنى مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. تاكى الله تائالا ئۆزىنى ئۆزى مەدھىيىلىمىگىچە، ھېچكىم الله تائالانى ئۇنىڭغا لايىق رەۋىشتە مەدھىيىلىيەلمەيدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىمىز (ئۆزىنى ـ ئۆزى) سۈپەتلىگەندەكتۇر ۋە بىزنىڭ سۈپەتلىگەن سۈپەتلىرىمىزدىن ئۈستۈندۇر. ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ بارلىق نېمەتلىرىنىڭ مىسالى خۇددى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال قىچىغا ئوخشاشتۇر.

*******

(1) لوقمان سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

قُلْ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَىَّ أَنَّمَآ إِلَـٰهُكُمْ إِلَـٰهٌ وَٰحِدٌ ۖ فَمَن كَانَ يَرْجُوا۟ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَـٰلِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدًۢا ﴿١١٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»﴿110﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ، الله تائالانىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى ئىنكار قىلغان) مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!)ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن»**﴾ يەنى كىمكى مېنى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئۇ مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ باقسۇن. چۈنكى، **الله** تائالا ماڭا بىلدۈرمىگەن بولسا، مەن سىلەرگە خەۋەر بەرگەن، سىلەر مەندىن سورىغان، ئۆتمۈشتە بولغان، ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان يىگىتلەرنىڭ قىسسىسىنى ۋە زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىشنى بىلمەيتتىم. مەن سىلەرگە مۇنداق دەپ خەۋەر بېرىمەن: ﴿**ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر**﴾ يەنى مەن سىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ئىلاھ بولسا شېرىكى يوق بىر ئىلاھتۇر.

﴿**كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلسۇن.

﴿**پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»**﴾ يەنى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شېرىكى يوق، يالغۇز **الله** تائالانىڭ رازىلىقى ئىزلەنگەن بولىدۇ. ئىبادەتنىڭ **الله** تائالاغىلا خالىس بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىش بولسا، قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىككى ئاساستۇر.

ئىمام ئەھمەد مەھمۇد ئىبنى لۇبەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش كىچىك شېرىكتۇر» دېدى. ساھابىلەر: ئى **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(كىچىك شېرىك بولسا) رىيادۇر، **الله** تائالا قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىگە مۇكاپات بەرگەن ۋاقتىدا (رىيا قىلغانلارغا): سىلەر دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى رىيا قىلىپ (كۆزىگە كۆرسەتكەن) كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ قېشىلىرىدا (سىلەرگە بەرگىدەك) مۇكاپات بارمىكىن قاراپ بېقىڭلار! ـ دەيدۇ» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئەنسارىلىق ئەبۇسەئىد ئىبنى ئەبۇپۇزەلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا شەك يوق بولغان كۈن، قىيامەت كۈنىگە ئىلگىرىكىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى توپلىغان چاغدا، بىرى: كىمكى الله تائالا ئۈچۈن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدە باشقىسىنى شېرىك قىلغان بولسا، ئۇ، مۇكاپاتىنى الله تائالانىڭ باشقىسىدىن سورىسۇن. چۈنكى، الله تائالا شېرىكچىلىكتىن بىھاجەتتۇر، ـ دەپ ۋاقىرايدۇ». بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەلەرمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن، كەھف سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. الله تائالاغا مىڭلارچە ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈرلەر بولسۇن!